# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى

9

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
مىللەتلەر نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى

9

مىللەتلەر نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى

تارىختىن بېرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ياد ئېلىنىپ، بۈگۈنكى كۈندە زور قامۇس بولۇپ پۈتۈلگەن بۇ ئاتا مىراس بۈيۈك ئەسەر ماڭا، سىزگە، ھەممىڭىزگە مەڭگۈلۈك يادنامە بولغاي!

ئەل مىراسى ئەلسۆيەرگە مەنسۇپ.

چوچه‌کله‌ر

داستانلار



عه‌پسانه-رئوایه‌تله‌ر

ماقال-ته‌مثیلله‌ر

لایلالار

ئویونلار


قوشاقلار
مەسەللەر
لەتىپە-چاقچاقلار
ئۆرپ-ئادەتلەر
تېپىشماقلار
تۆھپىكارلار


ئۇيغۇر خەلق


ەدەبىياتى قامۇسى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
مىللەتلەر نەشرىياتى

# «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
# تەھرىر ھەيئىتى

**باش مۇھەررىر:** ئابدۇراخمان ئەبەي

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر** (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):

ئابدۇكېرىم راخمان، ئابلىمىت سادىق، ئارسلان ئابدۇللا، ئالىمجان سابىت، ئەخمەت ئىمىن، ئەركىن ئابدۇقادىر، غازى ئەمەت، نىياز كېرىم شەرقى، ئوسمان ئىسمائىل، ياسىن زىلال، ياقۇپ مۇھەممەتروزى

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى** (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):

ئابدۇبەسىر شۇكۇر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇكېرىم راخمان، ئابلىمىت سادىق، ئارسلان ئابدۇللا، ئالىمجان سابىت، ئايشەم ئەخمەت، ئەخەت ھاشىم، ئەخمەت ئىمىن، ئەركىن ئابدۇقادىر، ئەكبەر غۇلام، تۇرسۇن زېرىدىن، تۇرسۇن غازى، تۇنىياز مەتنىياز، راھىلە داۋۇت، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، ساۋۇت سالاھىدىن، شېرىپ خۇشتار، غازى ئەمەت، غەيرەتجان ئوسمان، ماخمۇت مۇھەممەت، مۇھەممەت ئابلىز بۆرىيار، مۇھەممەت رېھىم، مۇھەممەت شاھنىياز، مۇھەممەتئېلى لېتىپ، مۇراددىل ئابىد، نىياز كېرىم شەرقى، ئوسمان ئىسمائىل، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، ئېزىز خۇدابەردى، ئېلى ئىسمائىل، ياسىن زىلال، ياقۇپ مۇھەممەتروزى، يۇسۇپ ئىسھاق

## «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» غا ئىشلىگۈچىلەر:

**«قامۇس»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:**

ئابلىمىت سادىق (نەسرىي قىسمى)، ئابدۇكېرىم راخمان (داستانلار قىسمى)، ياسىن زىلال (چۆچەك ۋە قوشاقلار قىسمى)، ئارسلان ئابدۇللا (ماقال - تەمسىللەر قىسمى)، ئوسمان ئىسمائىل، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، ئابىدە، ئادالەت ئىمىن، (تۆھپىكارلار قىسمى)، نىياز كېرىم شەرقى (گۈزەل سەنئەت قىسمى)

**رەسساملار:** (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):

ئالىمجان مەتقاسىم، ئەسقەر تۇردى، ئەنۋەر ئوسمان، باھىر ياسىن، پەرھات ئەخمەت، پەرھات ئىبراھىم، مەۋلان نىياز، مۇختار مۇزەپپەر، مۇساجان ۋاھاپ، مۇھەممەت ئابدۇرېھىم، مۇھەممەت نەۋبەت، نىجات ھوشۇر، نىياز كېرىم شەرقى، يۇسۇپجان قادىر

**«قامۇس» قا گۈزەل سەنئەت ئەسىرىنى تەقدىم قىلغۇچىلار** (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):

ئابدۇشۈكۈر كېرىم كۆك، ئابدۇقادىر ئىبراھىم، ئابدۇكېرىم نەسىرىدىن، ئابلىكىم باسىت، ئايتىللا، ئابدۇغېنى مەتروزى، ئەنۋەر، بەي كۈنتىڭ، بەي گاڭ، تالىپجان، تەلئەت، تەي جەنشىڭ، تەي يىڭ، تۇردى ئىمىن، جاڭ لېيجىڭ، جاڭ ۋېنپىڭ، جاڭ ۋېي، جاڭ يۇفېڭ، جۇمە يۇسۇپ، چىڭ لىڭشىڭ، چىڭ ۋېنجىڭ، خەن جىڭجۇن، خۇاڭ جيەنشىڭ، خۇاڭ دالەي، خۇرشىدە ئابدۇكېرىم، دىلشات سابىت، دىلمۇرات تۇردى، رۇستەم، زورەم ياسىن، زۇمرەت ماخمۇت، سالام ئابدۇراخمان، سەي شىڭچۇن، سۇپاخۇن، سۇلتان قۇربان، شۈي شۆجى، شۈيىڭۋۇ، شى دېۋىن، غازى ئەمەت، غېنى، فەن دىڭدىڭ، قەيسەر ئەنۋەر، قەيسەر ھېسامىدىن، كاڭ شۇزىڭ، كامىل، گۇەن ۋېيلىڭ، گوياۋجۇن، گۇڭ جەنشىڭ، لو لىشىڭ، لۇڭ چىڭليەن، لېي جۇڭشۇن، لېي خۇا، لى شياۋ، لى ياۋتيەن، ليۇجەنگو، ليۇشىڭجۇ، ماشىيىڭ، مۇتەللىپ، مۇزەپپەر، مۇيەسسەر، مېڭ ئەرخۇ، نۇرمۇھەممەت ئابلىز، ئوسمانجان ئابلا، ۋاڭ جىڭخۇا، ۋاڭ جىڭكەي، ۋاڭ گۇاڭشىڭ، ۋاڭ گۇدې، ۋاڭ يۇڭشىڭ، ۋۇچىفىڭ، ۋىڭ فاكې، ئېلشات تۇردى، ئىمىنجان ئابدۇرەھىم، ئىمىن ھاسىل، يارمۇھەممەت، ياڭ شىڭ، يالقۇن غازى، يالقۇن ھابىل، يۇسۇپجان، يۇۋېنيا

**كومپيۇتېر تېخنىك خادىملىرى:**

ئەكرەم ئايىت، گۈلىستان قۇربانئېلى، مۇھەممەت نەۋبەت

# «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
# توملار ئايرىمىسى


1 - توم ئەپسانە - رىۋايەتلەر

2 - توم چۆچەكلەر

3 - توم چۆچەكلەر

4 - توم چۆچەكلەر

5 - توم چۆچەكلەر

6 - توم لەتىپە - چاقچاقلار

7 - توم ماقال - تەمسىللەر، مەسەللەر

8 - توم داستانلار

9 - توم داستانلار

10 - توم قوشاقلار

11 - توم قوشاقلار، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپ ئويۇنلىرى، تېپىشماقلار، لاپلار

12 - توم ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى، تۆھپىكارلار


9
داستانلار

# مۇندەرىجە


قەھرىمانلىق داستانلىرى ........................................(8 ـ توم) Ⅲ

تارىخىي داستانلار ..............................................(8 ـ توم) 281

تۇرمۇش ـ مەئىشەت داستانلىرى .............................(8 ـ توم) 361

ئىشق ـ مۇھەببەت داستانلىرى ................................(9 ـ توم) Ⅲ




# ئىشق-مۇھەببەت داستانلىرى



ئىشق - مۇھەببەت داستانلىرى

# مۇندەرىجە


پەرھاد ـ شېرىن ........................1
لەيلى ـ مەجنۇن ........................61
يۇسۇپ ـ زىلەيخا ........................98
غېرىب ـ سەنەم ........................191
تاھىر ـ زۆھرە ........................243
ھۆرلىقا ـ ھەمراجان ........................263
قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان ........................286
سەنۇبەر ........................308
شاھزادە نىزامىدىن ۋە مەلىكە رەنا ........................342
بوز يىگىت ........................387
قىزىلگۈل ........................431
بوزكۆرپەش ۋە قاراساچ ئايىم ........................440
كاككۇك بىلەن زەينەپ ........................458

# پەرھاد - شېرىن

رىۋايەتچىلەر بۈيۈك دەريادىن گۆھەر سۈزگەندەك، قايغۇلۇق سىرلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى ھې-كايە قىلىدۇ:

ئەلقىسسە، چىنى ماچىن شەھىرىنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىدى. ئۇ «خاقانى چىن» نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. خاقانىنىڭ مەجنۇن سۈپەتلىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمى پەرھاد ئىدى. ئۇ مەستانە ھالدا بىئىختىيار يۈرەتتى. ئەمما شاھزادە پەرھادنىڭ ھۆسن - جامالى شۇنچىلىك ئۈز ئىدىكى، ھېچ-قانداق گۈزەللىك ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەيتتى. ئۇ كۆزلىرىدىن ھەمىشە ياش تۆكەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ خاقانىنىڭ باغرى كۆيەتتى. خاقانى چىن: «پەرھادقا قورال - ياراغ ئىشلىتىشنى، سىپاھگەرلىكنى ئۆگى-تىڭلار» دەپ ئالتۇن كەمەرلىك يۈز يىگىتنى قوشۇپ قويدى. يىگىتلەر شاھزادىگە كېچە - كۈندۈز ھەمراھ بولدى. لېكىن شاھزادە پەرھادنىڭ ھېچنېمە بىلەن كۆڭلى ئېچىلمىدى. بۇ ئىشتىن مەھرەم يى-گىتلەرنىڭ يۈرىكى قانغا تولدى. بىر كۈنى شاھزادە شىكاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، تاش كېسىۋاتقان تاشچى ئۇستىنى كۆردى. ئۇنىڭ تاشچىلىق ھۈنىرى پەرھادقا يېقىپ قالدى - دە، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ تاشچىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ تاشچىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۇستىغا:

— ماڭا تاش كېسىش ھۈنىرىڭنى ئۆگەتكەيسەن، — دېدى.

شاھزادىدىن قورقۇپ كەتكەن ئۇستىنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچتى. خاقانىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىمىغان پەرھاد بىرقانچە يىل تاشچىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تاش كېسىشنى ئۆگەندى. خاقان بۇنىڭ سىرىنى بىلەل-مەي، كۈن - تۈنلەپ قايغۇرسىمۇ، لېكىن ھېچنېمە قىلالمىدى. پادىشاھلىقىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىدى: «مېنىڭ ئوغلۇم بىر تاشچىنىڭ دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ شۇنداق ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانسا، بۇ قانداق بولغى-نى؟ بۇ نېمىدېگەن كۆڭۈلسىزلىك !» دەپ، تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقاتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يارات-قۇچىنىڭ بۇيرۇقىسىز بولمىغانىدى. بىر كۈنى خاقان پەرھادنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ئەي ئوغلۇم، مۇنداق مۇشەققەتكە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىڭىز قانداق ئەھۋال، بۇ سىزگە نېمە-دېگەن ئازاب؟ ئەي كۆز نۇرۇم، يۈرۈك، مەن سىزنى خەزىنىگە ئېلىپ كىرەي، ئۇ يەرنى تاماشا قىلىڭ، — دەپ پەرھادنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە خەزىنىگە ئەكىردى. خاقانىنىڭ قىرىق خەزىنىسى بار ئىدى. بىر خەزىنىسى لەئەل - مەرۋايىت، بىر خەزىنىسى قىزىل ياقۇت، يەنە بىرىدە مارجان ۋە فىرۇزە، يەنە بىرىدە خەنجەر، ئالماس، يەنە بىرىدە بولسا شەمشەر قاتارلىقلار لىق تولغانىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش قىرىق خەزى-نىنى تاماشا قىلدۇردى، ھەممە بايلىقلارنى كۆرسەتتى. شاھزادە پەرھاد ھېچقانداق نەرسىگە نەزەر كۆزىنى

سالمىدى. ئۇلار بىر خەزىنىگە كىردى. بۇ خەزىنىدە بىر ئالتۇن ھەللىك قۇتا تۇراتتى. بۇ قۇتىنىڭ شو-
لىسى خەزىنە ئىچىنى يورۇتقانىدى. پەرھاد دەرھال بېرىپ قۇتىنى قولىغا ئالدى. خاقان ئالدىراپ پەرھاد-
نىڭ قۇتىنى ئېچىشىنى توستى:
— ئەي كۆز نۇرۇم بالام، بۇ قۇتىنى ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ تۇتۇپ باقمىغان. قۇتىنى ئاچمىغىن، —
دەپ كۆپ يالۋۇردى. ئاچقۇزماسلىققا ئۇرۇندى، ئەمما پەرھاد ئاتىسىنىڭ سۆزىگە ئەسلا ئۇنىمىدى. دەرھال
قۇتىنى ئاچتى. قۇتىنىڭ ئىچىدە تۇرغان «ئىسكەندەر ئەينىكى»[1] گە قارىدى. ئەينەكتىن تۆت ئىقلىم-
دىكى ئاجايىپ - غارايىپلارنى كۆردى. يەنە تاغلار ئارىسىدا بىر گۈمبەز كۆرۈندى. گۈمبەزدە تىلسىم قى-
لىنغان خەزىنىلەرگە كۆزى چۈشتى. بۇ خەزىنىلەردىكى بايلىقلارنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. شۇ
خەزىنىلەرنىڭ بىرىدە جەمشىدنىڭ جامى بار ئىدى. ئۇلاردىكى ھەممە نەرسىلەر پەرھادقا مۇئەييەن كۆ-
رۈندى. پەرھاد ئاتىسىغا:
— مەن ئاشۇ تاغقا چىقىپ، كۆرۈنگەن خەزىنىلەرنى قولغا كەلتۈرىمەن، — دېدى.
خاقان قانچە توسسىمۇ بولمىدى. ئۇ ھەيران قېلىپ: «بۇ يالغۇز بالام تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ تەنھا ئە-
ۋەتەلەيمەن» دەپ ئويلىدى - دە، يۈز مىڭ لەشكەر توپلىدى. لەشكەرلەر پەرھادنى ئېلىپ يولغا چۈشتى.
لەشكەرلەرنىڭ كۆپلۈكى گويا بۈيۈك دەريانىڭ دولقۇنىغا ئوخشايتتى.



شۇ ھالدا كۈنلەپ، ئايلاپ يول يۈرۈپ، ھېلىقى تاغقا يېتىپ كەلدى. تاغقا يەتكۈچە بولغان چەكسىز ئارىلىقتا بىرقانچە پادىشاھلىقلار بار ئىدى. ئۇلار پەرھادقا يول بەرمىدى. پەرھاد باشچىلىقىدىكى ھېسابسىز لەشكەرلەر:

— ئۆز شەھەرلىرىڭلار ئۆزۈڭلارغا نېسىپ بولسۇن، بىز شەھىرىڭلارغا چېقىلمايمىز. تاغلىرىڭلارغا بېرىپ سەيلە - تاماشا قىلغىلى كەلدۇق، — دەپ كۆپلىگەن ۋەدىلەرنى بەردى.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرھاد ئۆزى يالغۇز تاغقا چىقتى. باشقا لەشكەرلەر چىقالمىدى. تاغ ئۈستىدە ئاجايىپ - غارايىپلار بار ئىدى. پەرھاد ئۇلارنى كۆردى. بىر غارنىڭ ئالدىدا مويسىپىت بىر كىشى ئولتۇراتتى. پەرھاد ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى.

— ئەي بالام، بۇ يەرگە قۇش ئۇچۇپ كەلسە، قانىتى كۆيەتتى، سەن بۇ جايغا قانداق كەلدىڭ؟ ئىسمىڭ كىم؟ ماڭا ئەھۋالىنى بايان قىلغىن، — دېدى ھېلىقى مويسىپىت كىشى.

— مەن شاھزادە پەرھاددۇرمەن. خاقانى چىننىڭ كۆز نۇرى — پەرزەنتى بولىمەن. بۇ يەرگە تاماشا قىلغىلى كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى پەرھاد.

ھېلىقى مويسىپىت كىشى:

— ئەي بالام، مەن بەش يۈز يىلدىن بېرى مۇشۇ يەردە سېنى كۈتۈپ يېتىۋاتىمەن، شۈكۈر لىللاھ سېنى كۆردۈم، مەن بىر دورا ياساپ قويغاندىم. ئۇنى پۈتۈن بەدىنىڭگە سۈرتكىن. ئاندىن كېيىن ئۇ خەزىنىلەرگە قەدەم قوي، خەزىنىلەرنى ساقلاپ ياتقان سانسىز ئەجدىھالار بار، ئۇلار ساڭا ئاغزىدىن ئوت چاچىدۇ. بۇ دورىنى بەدىنىڭگە سۈرتۈپ كىرسەڭ ساڭا ئوت كار قىلمايدۇ، بەلكى ئوت ئەجدىھانىڭ ئۆزىدگە يانىدۇ. تەڭرى بۇ يەردىكى خەزىنىلەرنى ساڭا نېسىپ قىلسۇن. ئەمدى تېنىمدىكى ئامانەتنى تەڭرىگە تاپشۇراي، — دەپ كۆزىنى يۇمدى. پەرھاد مويسىپىتنى ئۆز ئورنىغا دەپنە قىلدى.

شاھزادە مويسىپىت بەرگەن دورىنى ئۆزىگە سۈرتۈپ، ئەجدىھانىڭ ئالدىغا قەدەم تاشلىدى. ئەجدىھا چاچقان ئوت ئۆزىگە قايتىپ، كۆيۈپ ئۆلدى. پەرھاد ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر بوستانلىققا كىردى. بوستانلىق ئىچىدە بىر شەيخ ئولتۇراتتى. پەرھاد دەرھال بېرىپ شەيخكە سالام بەردى. شەيخ پەرھادقا قاراپ:

— ئەي بالام، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن، بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ ؟ — دېدى. پەرھاد شەيخنىڭ سوئاللىرىغا مۇۋاپىق جاۋاب بەردى. شەيخ:

— ئەي بالام، مەن مىڭ ياشقا كىردىم. شۇنچە يىللاردىن بېرى سېنى كۈتۈپ كەلگەنىدىم، ئاخىر كەپسەن. بۇ ئامانەتنى ئال، — دەپ، بىر مەجۇننى پەرھادنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ مەجۇننى يېگىن. ھەممە خەزىنىلەر ئەمدى سېنىڭ بولىدۇ.

شەيخ يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، جېنىنى تەڭرىگە تاپشۇردى.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرھاد كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بارلىق خەزىنىلەرنى ئالدى. ئۇ خەزىنىلەرنى شۇ يەردىكى پادىشاھلارغا ۋە ئۆز لەشكەرلىرىگە ئىنئام قىلدى. چۈنكى پەرھاد بۇ خەزىنىلەرگە قىزىقمايتتى. ئۇ ئاجايىپ ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ قايتتى. لەشكەرلەرگە تارقىتىپ بەرگەن ياقۇت، مەرۋايىتلار ھېسابسىز ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىشتىن دوستلار شادلىققا چۆمدى. پەرھاد ۋەتىنى چىنى ماچىنغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇدى. شاھزادە پەرھاد خاقانى چىنغا:

— ئەي مېنىڭ قىبلىگاھىم ئاتام، مەن ئاشۇ ئىسكەندەر ئەينىكىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— ئەي جېنىم ئوغلۇم، بۇ ھەۋەسنى قوي. سەن كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئۇنى كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئۇنى



كۆرۈشۈڭدىن بېشىمغا بالا ياغمىغاي، ــ دېدى خاقان ئۇنى توسۇپ.

لېكىن شاھزادە ئاتىسىنىڭ سۆزىگە ئەسلا پىسەنت قىلمىدى. ئۇ خەزىنىگە كىرىپ ئەينەكنى ئالدى، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىدى. پەرھادنىڭ تۆت ئىقلىمدا كۆرمىگەن يېرى قالمىدى. ئاخىر بىر بۈيۈك شەھەرنى كۆردى. بۇ شەھەر ھەممە شەھەرلەردىن ھەيۋەتلىكرەك ئىدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە سەلتەنەتلىك بىر ئوردىغا كۆزى چۈشتى. شەھەر ئىچىدە يۈز مىڭلىغان لەشكەرلەر ۋە لەشكەرلەر ئوراپ تۇرغان بىر بوستان تۇراتتى. بوستانغا ئالتۇن تەخت قويۇلغان بولۇپ، تەخت ئۈستىدە بىر نازىنىن ئولتۇراتتى. ئۇ نازىنىننىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالىدىن شۇ بوستانغا نۇر چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ نازىنىن قىزنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. گۈزەللىكتە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك بىرەرى تېپىلمايتتى. ئۇنىڭ گۈزەل جامالى بىر بوستانىنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئالەمنى مۇنەۋۋەر قىلىپ تۇراتتى. يۈز مىڭلىغان لەشكەرلەر ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەييار تۇراتتى. ئۇنىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ھوشىدىن جۇدا بولاتتى.

پەرھادنىڭ غەزىلى





ئول نە قىزدۇر، ھۆرى جەننەت ھەم بەرابەر كەلمەگەي،
كاكۇلىگە مۇشكۇ ئەنبەر ھەم بەرابەر كەلمەگەي،
ئول نە لەبدۇر، لەئلى بەدەخشان ھەم بەرابەر كەلمەگەي،
ئول نە يۈزدۇر، ئول قىزىل ھەم بەرابەر كەلمەگەي،
ئول نە كۆزدۇر، ئاھۇيى رۇم ھەم بەرابەر كەلمەگەي،
ئول نە دەنداندۇر، ساڭا گەۋھەر بەرابەر كەلمەگەي،

ئول نە قاشدۇر، خەت ئارا قەلەم بەرابەر كەلمەگەي،
ئول نە سۆزدۇر، سۆز ئارا شەكەر بەرابەر كەلمەگەي،
ئول نە ساچدۇر، باغ ئارا سۇنبۇل بەرابەر كەلمەگەي،
ئول قەددىدۇر، سەرۋى لەرزان ھەم بەرابەر كەلمەگەي،
ئول قولىدۇر، ئاق ئىپەك مالى بەرابەر كەلمەگەي.

بۇلبۇلى گويەندەلەر بىر گۇفتىگۇنىڭ بەندەسى،
ئول قىزىلگۇل ئاي يۈزنى گوييا شەرمەندەسى،
ئول مېھىنبانۇ دېگەن بىر شاھنىڭ ئەرزەندەسى،
بارچە ئالەم خۇبلارى ئول ماھنىڭ فەرۋانەسى،
چۈشتى بۇ پەرھادنىڭ باشىغە ئول دەم سايەسى،
تۈتىئى شېرىن زەبان ئول ماھنى ھەمسايەسى،

بارچە ئالەم ئارادە ئول ياخشىلارنىڭ زۇبدەسى،
ئول كەبى سەرۋى رەۋان ئالەمگە كەلگەي ـ كەلمەگەي.

كىمكى كۆرسە ئاي يۈزىدىن بولغاي ئاڭا بەندى مۇرىد،
ئاچماغە ئەتدى جەفا دەرۋازەسىن بولدى كەلىد،
بول پەرىنى يولىدە بولدى بۇ يەردە ئول فەرىد،
ئول كەبى گەۋھەر ـ سەدەفكە باز تۈشكەي ـ تۈشمەگەي،
كىفرىكى خەنجەرلەرى ئالەمغە كەلگەي ـ كەلمەگەي.

كۆردى ئول ئادەم يۈزىن پەرھاد ـ شېرىن جورەسى،
كىم ئو شۇل خاقانى چىننى شەھرىنى مەھ پارەسى،
نە جەفا كۆرگەيكى ئول دەم پادشاھ ئەرزەندەسى،
زەئفىراندەك سارغىيىپ ئانداق لەتافەت چېھرەسى،
ئول كەبى شەھزادە مۇندە باز كەلگەي ـ كەلمەگەي.

سالدى پەرھاد باشىغە سەۋدايى شېرىن سايەسىن،
كۆردى ئانى بولدى گۈلى نەرگىسدەك ئول ھەزىن،
ئىشق ئېلىغە خۇش كۆرۈنۇر ئۇشبۇ ئاشىقنىڭ غەمىن،
ئەمدى ئايرىلغاي ئۇشۇل شەھزادەدىن ئۇ شەھرى چىن،
ئول كەبى شەھزادە خان ئالەمغە كەلگەي ـ كەلمەگەي.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرھاد ھېلىقى سۈرەتنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، خاقانغا:

— ئەي ئالەمنىڭ پادشاھى، مېنىڭ قىبلىگاھىم، مەن ئاشۇ شەھەرگە بارىمەن. ئۇ شەھەرنى تاماشا قىلىپ كېلىمەن، — دەپ رۇخسەت سوراپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا كۆپ يىغلىدى. ئۇ ئىشق بالاسىغا گىرىپتار بولۇپ، شېرىننىڭ سەۋداسى ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەنىدى. شۇڭا، ئەقلى ـ ھوشىدىن ئاداشتى. ئېلىپتەك قامىتى يادەك ئېگىلدى. قىزىلگۈلدەك يۈزى زەپىراندەك سارغايدى. يۈرىكى، بەلكى جېنىغا ئوت چۈشتى. كېپىنەكتەك كۆزلىرى نەرگىس گۈلدەك سۇزۇلدى. سەۋر ـ تاقىتى قالمىدى. غېرىبلىق يولىغا چۈشۈپ، سەرگەردانلىق جاپاسىنى تارتماقچى بولدى. ئاھۇپىغانى چەكتىن ئاشتى. ئۇ ھال ـ ئەھۋالىنى خاقانغا بايان قىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

پەرھادنىڭ غەزىلى

ۋاي، بۇ باشىمغە تۈشۈبدۇر يۈز تۈمەن سەۋدايى ئىشق،
ۋاي، نېتەي قويماس مېنى ئۇلتۇرغالى غەۋغايى ئىشق،
جانىمە قەست ئەيلەدى بولدۇم مەگەر رەسۋايى ئىشق،
باشىمە سالدى پەلەك جەۋرى بۇ دەم پەيدايى ئىشق،
باغرىمى سەدپارە قىلدى بۇ زەمان مەئۋايى ئىشق.

خەنجەرى ئىشق ئەيلەدى باغرىمنى، بولدۇم چاك ـ چاك،
ھەجرى دەشتىدە يۈرەكىم بولدى بۇ دەم ۋەھىمناك،
كۆيگۈسى ئاھىم شەرارىغە زەمىن ئاستىغە خاك،
مەن كۆيەر بولدۇم ئانىڭ سەۋداسىدىن بىر دەمدە پاك،
قانىمى گۈلگۈن قىلىپدۇر مۇندە بىپەرۋايى ئىشق.

ئاھكىم، جانىمغە قىلدى بىر پەرى رويى ئەسەر،
ئاھ نېتەي، جەبىر ئەتتى جانىمغە بۇ ئەفغانى سەمەر،
باغلارەم ئەمدى بېلىمغە، ۋاي، زەخمەتدىن كەمەر،
ئاختارۇپ چىقسام تاپىلسا، ۋاي، يارىمدىن خەبەر،
كۆكسۈمى سەد پارە قىلدى، ۋايكىم، ئەفغانى ئىشق.

مەستىمەن، مەستانەمەن ھەم گەۋھەرى يەكدانەمەن،
ئول پەرىنى ئاختارۇپ ھەر شەھرى بولسا بارەمەن،
قايسى يەردە بولسا ئول جانانەنى مەن تاپامەن،
تاپماسام ئول مەھلىقانى يولىدە جان بېرەمەن،
جانىمى قەقنۇسدەك بىر دەمدە پاما قىلدى ئىشق.

ئاختارۇپ چىقسام تاپارمەنمۇ ئوشۇل مەھپارەنى،
تاجى زەررىن باشىدە تەخت ئۈزرە ئول ئازۇردەنى،
كىم ئوشۇل شېرىن تەكەللۇم كۆزلەرى خۇنخارەنى،
مەھلىيالار ئىچرەكىم ئول دىلبەرى جانانەنى،
باشىمە سالدى قىلىچ، قىلدى مېنى ئەفگارى ئىشق.

مەن شەھى شەھزادەمەن، ئول يار ئۈچۈن ئەۋۋارەمەن،
مەستۇ مۇستەغرەق ئېرۇرمەن يولىدا پەرمانەمەن،
ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنىپ بۇ يولدە ئاتەشپارەمەن،
ئىزلەبان ئول دىلرەبانى، يولىدە سەدپارەمەن،
مەھزۇنى بىچارەنى بۇ يولدە ھەيران ئەتدى ئىشق.

ئەلقىسسە، پەرھاد خاقانغا يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتىپ، باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ زار ـ زار يىغلىدى.

خاقان ئوغلىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، دەردلىك ئاھ تارتتى. ھېسابسىز قايغۇ ـ ئەندىشىگە دۇچار بولدى. بېشى قېتىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. يۈرىكى پارە ـ پارە بولدى. ئۇ پەرھادقا:



— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ۋاي جېنىم پەرزەنتىم. تۇمەنلىگەن تىللالىرىم سېنىڭ سادىغاڭ بولسۇن. مېنىڭ شاھلىقىم سېنىڭ خۇشاللىقىڭ بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سەن خاپا بولساڭ، ماڭا تاجۇدۆلەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ سەن نەگە بارساڭ مەنمۇ بىللە باراي، — دېدى ـ دە، لەشكەرلەر بىلەن پەرھادنى ئېلىپ، مېھنىبانۇنىڭ شەھىرىگە قاراپ راۋان بولدى. كۆپلىگەن خەزىنە ۋە سەپەر ئەسۋابلىرىنى كېمىلەرگە سېلىپ دەرياغا چۈشتى. سۇ ئۈستىدە كۈنلەپ ـ سائەتلەپ يول يۈرمەكتە ئىدى. بىر كېچىسى بوران چىقىپ ئالەم قاراڭغۇ زۇلمەتكە چۆكتى. سۇنىڭ دولقۇنىدىن كېمىلەر بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ بۇزۇلدى. كېمىلەردىكى يۈز مىڭلىغان لەشكەرلەر ھەر تەرەپكە ئېقىپ كەتتى. خاقانى چىن ئۆز كېمىسى بىلەن بىر تەرەپكە ئاقتى. خاقانى چىن چۈشكەن كېمىدىكلەردىن باشقىلىرى ۋەيران ۋە سەرگەردان بولدى. خاقان شاھزادە پەرھادتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ زار ـ زار يىغلىدى. ئۇ:

— ئەي يالغۇزۇم بالام، نېمە بالا بولدىكى، سەندىن ئايرىلدىم. بۇ بالاغا گىرىپتار بولدۇم. ئەمدى قانداق تاقەت قىلاي؟ — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ۋەھكى، بولدۇم، دوستلار، يالغۇز قۇلۇنۇمدىن جۇدا،
فۇرقەتىدىن گويىيا بولمىش بەدەن جاندىن جۇدا،
ئۈشبۇ رەۋشەنلىك كۈنى بولمىش ماڭا يەلدا تۈنى،
نەيلەيىن بولدۇم ئۇشۇل خۇرشىدى تاباندىن جۇدا،
ئەندەلىبدەك تۈنۈ كۈن فۇرقەت ئوتىدە ئۆرتەنىپ،
بولدۇم ئوخشار بۇ دەمى سەرۋى خىراماندىن جۇدا،
تۈتى دەيىن زار يىغلاپ ئەيلەرەم ئاھۇ فىغان،
ئاھ، نەيلەي بولدۇم ئۇشۇل نازەنىنىمدىن جۇدا،
كۆلبەم ئېردى جەننەتۇل ـ مەئۋا ئۇشۇل شەھزاد ئىلە.
ناگەھان قالدىم ئانىڭدەك نازەنىنىمدىن جۇدا،

تاپمادى يۇسۇف جاھان سۇلتانلىغىدىن راھەتى،
بولدۇم ئوخشار بۇ زەمان مەن پىرى كەنئاندىن جۇدا.
ئەي شەھىم، نېدۇر سەبەب تاشلاپ نەزەردىن بىزلەرى
بولدۇڭ ئوخشار بۇ دىلى سەرگەشتە ھەيراندىن جۇدا.
شاھلىغ ماڭا كۆرۈنمەس زەررەئى خەسچە مەگەر،

سەنسىزىن ئۈشبۇ جەھان بولدى كۆزۈمگە قاپقارا،
تۈتىئى گويا بولۇپدۇر شەككەرىستاندىن جۇدا.
مەھزۇنا، قىلمە شىكايەت ئۈشبۇ فانى دۇنيادە،
بولدۇڭ ئول روزى ئەزەل تەقدىرى يەزداندىن، جۇدا.

ئەلقىسسە، خاقانى چىن يۇقىرىقىلارنى ئېيتىپ يىغلايتتى. ھېسابسىز ھىجرانلىق دەردىگە گىرىپتار بولغانلىقىدىن ئاھۇپىغانى كۆككە يەتتى.

بۇ سۆز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى شاھزادە پەرھادتىن ئاڭلايلى:

ھېلىقى كۈنى شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بىر پارچە تاختا ئۈستىدە ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال دەريادىن چىقتى. ماڭغىنىچە بىر شەھەرگە كېلىپ قالدى. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئۆز خەلقىگە ئوخشىمايتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ۋە جىددىيلىككە چۈشتى:

بۇ قايسى شەھەردۇ؟ مەن نەگە كېلىپ قالدىم؟ ئەي پەرۋەردىگار، ئۆزۈڭ بەندىلەرنى پەرۋىش قىلغۇچى ئۇلۇغ شاھسەن، مەندەك بىچارىگە رەھىم قىلغايسەن، دەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

مەنى شورىدە ھەيرانغە
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.
بۇ ئەھۋالى پەرىشانغە
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

كى بىر مەھۋەشى دەردىدىن
بۇ يەرلەردە بولۇپ ھەيران؛
مېنىڭدەك يوقتۇر سەرگەردان،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

مەنەم شاھزادە خان ئېردىم،
ئېلىمدە مۆئتەبەر ئېردىم،
مۇنىڭدەك ياقىگە كەلدىم،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

بىلۇرسەن ئۈشبۇ ھالىمنى،
بېرۇر بولساڭ مۇرادىمنى،

ئاقۇزۇپ كۆزە ياشىمنى،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

كۆرۈپ ھۇسنۇجەمالىنى،
يەتۈرۈپ كۆككە ئاھىمنى،
تىلەپ ھەقدىن مۇرادىمنى،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

بۇ جاندە قالمادى تاقەت،
يۈرەكدە قالمادى ھالەت،
تاپارمەن دەپ قىلىپ غەيرەت،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

تۈشۈپ باشىمغە بۇ سەۋدا،
قالىپمەن يۈز تۈمەن داغدا،
قىلۇر جان بىرلە تەن غەۋغا،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

ئەلقىسسە، شاهزادە پەرهاد نالە ـ پىغان قىلىپ تۇرغانىدى، بىر يىگىت كېلىپ پەرهادنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ يىگىت پەرهادنىڭ يۈركىدە مۇهەببەت ئوتىنىڭ يالقۇنلاۋاتقانلىقىنى، كۆز يېشىنىڭ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمىشقا مۇنچە دەردلىك ئاھ ئۇرۇپ يىغلايسەن؟

— هەي بۇرادەر، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ نەدىن كەلدىڭىز؟ نەگە بارىسىز؟ مېنىڭ ئەهۋالىمنى سورماقچى بولسىڭىز، ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. دادىمغا پەرۋەردىگارى ئالەمدىن باشقىسى يېتەلمەيدۇ.

— نامىڭىز نېمە؟

— ئۇزۇم يېگۈچى سايپىقىنى سورىمايدۇ.

سوئال سورىغۇچى يىگىت رەسسام شاپۇر ئىدى. شاپۇر پەرهادقا:

— بۇ دۇنيا تۇراقسىز، مادارسىز، زالىم ۋە جاپاكاردۇر. ئۇنىڭ جاپاسىنى تارتمىغان جانمۇ يوق. كۆپ هەسرەت چەكمە، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پەرهاد يىغلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەزم

بولدۇم مەن غېرىبكىم، ئاتدىن جۇدا،
چۇن بۇلبۇلى خەزان زەررە گۇلزاردىن جۇدا.
تاڭ يوق فىراق ئوتىدىن زار يىغلاسام،
قالدىم بۇ يەر ئارادا ئەقلۇهوشۇمدىن جۇدا.
سەبر ئەيلە هەجر ئوتىغە كېرەك بولسە بار،
مەشھۇر بۇ مەسەلكىم: «گۇل ئەمەس خاردىن جۇدا»
ئانداغ كىشىگە بولماغۇسى يار ـ هەمنىشىن
تا بولماسە مۇهەببەتى ئەغياردىن جۇدا.

غەم تاغى هەجر كېمەسىگە ۋەتەن قىلىپ،
بولدۇم بۇ دەمى تەخت ئىلە تاجدىن جۇدا.
ئەۋۋارەئى جەهان بولۇبان مەن دىل هەزىن،
ئول سەلتەنەتى جانۇن جىگەر خاردىن جۇدا.
ئەقل ئولدى هەزىن كەتتى ئۇ كۆز نۇرى ئاقىبان،
ئىشق ياردىن دىلى ئىمان ـ جاندىن جۇدا.
بىلمەم بۇ جاهاندە يار ئۆلۈكمۇ يا تىرىك؟
بالۇ پەرى مەهزۇن دىل ئەفكاردىن جۇدا.

شاهزادە پەرهادنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شاپۇر جاۋابەن بۇ بېيىتنى ئوقۇپ يىغلىدى:

تۇن سەهەر فەرياد ئىلە ئالەم كېزىپ يۈرگەن سەبا،
يارنىڭ پەيغامىنى يارىغە يەتكۈزگەن سەبا.
سۇبهى ۋەقتىدە قەبايى غۇنچەدىن ئاچىپ گىرىھ،
بۇلبۇلى بىدىلنى كۆپ ئەفغانە كەلتۈرگەن سەبا.
هەجر دەردىدىن ئۆلەن ئەفسۇردەلەرنى هەر سەهەر
بۇيى زۇلفى ياردىن هەر لەهزە تىرگۈزگەن سەبا.
شور ئىلە بۇلبۇل فىغاندىن نەغمە ئەيلەپ زىرە دەم،
شەۋقىدىن سەرۋى چەمەننى رەقسى قىلدۇرغان سەبا.

ئەرغەۋانى لالە ئى سەبزىن يۈرەكىن چاك ـ چاك،
سەۋسەن ئۆزرە جامەئى ماتەمنى كىيدۈرگەن سەبا.
شەمئى رۇخساردىن ئول فەرمانەدەك ئەيلەپ سەدا،
بىنەۋا ئەيلەپ فەنا مۇلكىگە يەتكۈزگەن سەبا.
ئاشىقا، يار ئىستەسەڭ هەر سۇبهىدەم بىدار بول،
بىر نەفەس ئويغاقلەرە بۇيىنى يەتكۈزگەن سەبا.
ئىشق دەئۋا ئەيلەگەنلەرنىڭ دىلى پۇرخۇن ئېرۇر،
بۇ دىلى پۇرخۇنلەر كارىنى يەتكۈزگەن سەبا.

ئەلقىسسە، شاپۇر يۇقىرىقى بېيىتلارنى ئوقۇپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە پەرهاد بىلەن بىللە يولغا چۈشتى. ئۇلار بىرقانچە كۈن يۈرۈپ بىر چۆلگە يەتتى. پەرهاد چۆلنى كېزىۋېتىپ، يارىنىڭ پىراقىدا بۇ

بېيتنى ئوقۇپ ياش تۆكتى:

تا گىرىفتارى خەمى زۇلفى پەرىشان ئۆلمىشىم،
غۇنچە گۈلدەك بۇ يۈرەكىم تەھ ـ بەتەھ ئۆلمىشىم.
سائەتى يوقتۇر فىغانۇنالەدىن ئاسايىشىم،
گويىيا باشدىن ئايان فەريادۇ ئەفغان ئۆلمىشىم.
يۇسۇفى مىسرى غەمىدىن كۇلبەئى ئەھزان ئارا
ياش تۆكۈپ تۇفراق ئارا چۈن پىرى كەنئان ئۆلمىشىم.
ئەي تەبىبا، كەل مېنىڭ دەردىمغە دەرمان قويغالى،
كىفرىكى ناۋەكلەرىدىن زەخمى پەيكان ئۆلمىشىم.
گەر مۇيەسسەر بولماسە جەننەت ئارا دىدارى دوست،
بىر گۈلى ئەھمەر كۆزۈمگە نارى سوزان ئۆلمىشىم.
دەۋزەخ ئىچرە گەر مۇيەسسەردۇر داغى دىدارى يار،
نار ئىچرە ۋەسلى بىرلە نۇرى سوزان ئۆلمىشىم.
ۋائىزا، سەئيى ئەتمە كۆپكىم، بەندەلەرگە بەردى داغ،
بىر پەرىنىڭ فۇرقەتىدىن نارى ھىجران ئۆلمىشىم.

ئەلقىسسە، پەرھاد بىلەن شاپۇر ئىككىيلەن بىرقانچە زامان يول يۈرۈپ، ئاخىر ئېرەم شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئېرەم ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە بۈيۈك شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ پادىشاھى مېھىنبانۇ بولۇپ، ئۇ ئۇلۇغ، شان ـ شەۋكەتلىك پادىشاھ ئىدى. مېھىنبانۇنىڭ يۈز مىڭ لەشكىرى بار ئىدى. پەرھاد ئۇلار ـ نىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، ئاجايىپ رەسىم ـ قائىدىلەرگە ھەيران بولدى. پەرھاد شاپۇر بىلەن شەھەر ـ نىڭ بىر يېرىگە ئورۇنلاشتى.



شاھ مېھىنبانۇنىڭ يېنىدا بىر سىڭلى ـ سى بار ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى ـ كى، ئۆزى نازىنىن، يۈرۈشى يارىشىملىق، ئارامى جان، كۆمۈش تەنلىك، نازۇك بەدەن ـ لىك، چاچلىرى سۇمبۇل، كۆزلىرى شەھلا، لېۋى ياقۇتتەك، ئاغزى غۇنچىدەك، چىشلىرى مەرۋايىتتەك، سۆزى شېرىن، سەرپايى گۈل رەڭلىك، يۈرۈشى تۇزدەك بىر مەلىكە ئىدى. مېھىنبانۇ ئۇنى دائىم ئالدىدىن نېرى قىل ـ مايتتى، ئۇنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ بېقىپ قاتارغا قوشقاچقا، مېھرىبانلىقىدىن ئىچى كۆيۈپ «قىزىم، پەرزەنتىم» دەپمۇ ئاتايتتى.

پەرھاد بىلەن شاپۇر ئېرەم شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن مەدىكار بازىرىغا بېرىپ، كۆرۈنۈشتە مەدىكارلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار شىجائەتلىك، باھادىر يىگىتلەردىن ئىدى. بىكار چاغلىرىدا شەھەرنى كېزىپ يۈرەتتى.

مېھنبانۇنىڭ كۆپلىگەن چۆرە ـ كېنىزەكلىرى بار ئىدى. مەلىكە شېرىن شۇ قىزلار بىلەن ئوينايتتى. ئۇلار شۇنداق قىزلار ئىدىكى، ئەگەر ئۇرۇشقا كىرسە رۇستەمدەك جەڭ قىلاتتى، جەڭدە پالۋانلارمۇ قىزلارنىڭ زەربىسىگە چىداشلىق بېرەلمەيتتى. ئەگەر ئۇلار ئويۇنغا چۈشسە، ئەسلا هارمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۈل غۇنچىسىدەك گۈزەل ئىدى. بۇ قىزلار ئوردىدىكى بەدەۋىيلەر بىلەن رۇملۇق خىزمەتچى ـ غۇلاملارنىلا كۆرەلەيتتى.

مېھنبانۇنىڭ لەكمىڭلاپ لەشكىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر ئەتىگىنى سالامغا كېلەتتى. ھەر كەلگىنىدە ئۇلارغا تىللا جامدا قەنت سېلىنغان سۈت بېرىلەتتى. لېكىن ئۇنى ھەممىسىگە يەتكۈزگىلى بولمايتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى شېرىن مۇنداق دېدى:

ــ نەچچە مىڭ يىگىتلىرىمىز بار. بۇلارغا شەربەتنى يەتكۈزگىلى بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا بىر پەرسەخ[2] كەلگۈدەك ئۇزۇنلۇقتا تاشتىن بىر ئېرىق قېزىلسا، ئاخىرىغا تاشتىن كۆل ياسالسا، كۆل ناھايىتى چوڭ بولسا، ئىچىگە قەنت ـ ناۋات سېلىپ قويۇلسا، مىڭ كالا بېقىلسا، ئۇنى قىشلاقنىڭ ئۈزىدىلا سېغىپ، ئېرىققا قۇيسا، سۈت ئېرىقتىن ئېقىپ كېلىپ تاش كۆلگە قۇيۇلۇپ لىق تولسا، يىگىتلەر ئالتۇن جام بىلەن كۆلدىن شەربەتنى ئېلىپ ئىچەلەيدىغان بولسا، بۇنىڭغا كېتەرلىك قانچىلىك دۇنيا بولسا بېرەتتىم.

مەھرەملەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ بازارغا مېڭىشتى. ئۇلار: «تاش چېپىشنى بىلىدىغان ئۇستا بارمۇ؟» دەپ مەدىكار بازىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، پەرھاد بىلەن شاپۇر بازاردا يۈرگەنىدى. مەھرەملەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ھەي ئۇستىلار، ئاراڭلاردا تاش چېپىشنى بىلىدىغان كىشىلەر بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ مېنىڭ بۇ ئىنىم تاش چېپىشنى بىلىدۇ. مەن بولسام ئات باقىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى شاپۇر.

مەھرەملەر: «ئەجەبمۇ كۆزى ئۆتكۈر، چىرايلىق يىگىتلەر ئىكەن» دەپ ئويلىدى ـ دە، سىلەرگە ئىش تېپىپ بېرىمىز، دەپ، پەرھاد بىلەن شاپۇرنى مېھنبانۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. پەرھاد مېھنبانۇنىڭ



شان ـ شەۋكەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك شاھ ئىكەنلىكىنى كۆردى. مېھىنبانۇ:

— كېلىڭلار، ئۇلۇغ ئۇستىلار، مەن سىلەرگە خىزمەت تاپشۇراي، — دېدى.

مېھىنبانۇ بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقىنىدا، مەلىكە شېرىنگە تۈيۇقسىز پەرھادنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى «ئىسكەندەر ئەينىكى»دە كۆرۈنگەن قىزنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، پەرھاد ھوشىدىن كەتتى. شاھ مېھىنبانۇ بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ:

— بۇ ئەقلىدىن ئازغان ساراڭنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگەن كىم؟ ! — دەپ ۋارقىرىدى. شاپۇر مېھىنبانۇغا:

— ئەي پادىشاھىئالەم، بىز بىر بىچارە مەدىكار، سىز بولسىڭىز جاھانغا نىجاتلىق بەرگۈچى يۇقىرى مەرتىۋىلىك شاھ. سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىپ سۆزلىشىش بىز ئۈچۈن ئاسانمۇ؟ بىز سۆزلەشتىن قورقىمىز. شۇڭا ئۇ ھوشىدىن كەتتى، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزىپى بېسىلغان مېھىنبانۇ شاپۇرنىڭ نام ـ ئەمالىنى سورىدى.

— سېنىڭ ئىسمىڭ كىم؟

— مېنىڭ ئىسمىم شاپۇر، ئۇنىڭ نامى پەرھاد، ئۇ تاش كېسىشنى بىلىدۇ. مەن ئات بېقىشنى بىلىمەن، — دېدى شاپۇر.

— ھەي مەدىكار يىگىتلەر، سىلەر تاغقا بېرىپ تاشتىن بىر ئېرىق قېزىڭلار، ئاندىن كېيىن ئوردىمىزغا تاشتىن بىر كۆل ياسايسىلەر، ئېرىقنى كۆلگە تۇتاشتۇرۇپ چىقىسىلەر. ئېرىقتىن ئوردىدىكى كۆلگە سۇ كېلىدىغان بولسۇن. ئېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر پەرسەخ بولۇشى لازىم، — دەپ ھۆكۈم قىلدى مېھىنبانۇ.

پەرھاد ئوردىدىن مەستلەرچە چىقىپ كەتتى. شاپۇر بىلەن ئىككىيلەن تاغقا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئېرىق قېزىش ئۈچۈن مۇۋاپىق تاشلارنى تاللىدى. پەرھاد: «ئېرىق پۈتسە، شېرىن ئېرىقنى كۆرگىلى كەلگەندە ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولارمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆزىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ زار ـ زار يىغلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەن ئەجەب دىۋانەۋەش بولدۇم سېنىڭدەك يار ئۈچۈن،
ھەجر ئوتىغە يانە ـ يانە، كۆل بولۇپ دىلدار ئۈچۈن.
چىنى ماچىنىدىن كېلۇرمەن، نە ئەجەب پەرۋانەمەن،
بۇ سىفەت دىۋانەدۇرمەن، بىر پەرى رۇخسار ئۈچۈن.
شاھ ئېردىم بىر زەمانى، ئەمدى بولدۇم مەردىكار،
رەھم ئېيتىپ، باقغىل يۈزۈمگە، مەن غېرىب ئەفكار ئۈچۈن.
پادىشاھلىق تەختىدىن كەچتىم، ھۈنەر قىلدىم بۇ كۈن،
تاش كېسەرمەن بۇ يەردە، ھۆكمى رەۋان يار ئۈچۈن.
ھەسرەتىڭدە لەختە ـ لەختە بولدى باغرىم، ئاھ ـ ئاھ،
ئۇشبۇ يەرگە ئاختۇرۇپ كەلدىم سېنىڭدەك يار ئۈچۈن.
خىزمەت ئەتكۈمدۇر ساڭا، ئەي دىلبەرىم، جان بارىچە،
جان بېرۇرمەن يولۇڭغە، جانىمغە نازىڭ بار ئۈچۈن.

چۈن قىزىلگۈلدەك يۈزۈم يولۇڭدە بولدى زەئفىران،
بۇ ئەلىف قەددىم ئېگىلدى سەن كەبى شەھباز ئۈچۈن.
مەن گەدادۇرمەن بۇ يەردە، ھەمكى يۈرگەن مەردىكار،
باز قۇۋۋەت تاپارەم سەندەك نىگارىم بار ئۈچۈن.
مەن بىلۇرمەن، مەن گەداغە شاھسەن، ئېرمەس رەۋا،
بولماسام مەنھەم رەۋا كەلدىم يەنە خىزمەت ئۈچۈن.
بولماسام يارىمغە لايىق، خىزمەتىم لايىق ئېرۇر،
جانۇ دىلدە خىزمەت ئەتكۈم، ئەي پەرى، سەن يار ئۈچۈن.
مەن غەرىبى خەستەدۇرمەن، دەردىمە تاپدىم دەۋا،
دەردىمە تاپمام دەۋا دەپ كەلدىم تەبىبىم بار ئۈچۈن.
مەھزۇنا، ئايغىل بۇ سۆز ئول خۇبرونىڭ ھالىغە،
مەن پۈتەرمەن ئۇشبۇ سۆز قەلەم ـ دۇۋەتىم بار ئۈچۈن.

ئەلقىسسە، پەرھاد تاغقا يېتىپ كېلىپ، تاش چېپىشقا تۇتۇش قىلدى. تاش چېپىش ھەۋىسى شاھزادە پەرھادقا گۇل تېرىشتىن ئەۋزەل بىلىندى. خالايىق ئۇنىڭدىن:

— تاش چېپىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىغاندى، پەرھاد:

— ياق، گۇل تېرىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆڭۈل تا ئىشق ئوتىغە كۆيمەيىن شورى شەرەر بەرمەس،
ھەزەر ئەيلەسە ئۇلكىم ئىشقدىن ئاھى سەھەر بەرمەس،
نىگارىم ساڭا دىل فەريادۇ ئەفغانىم ئەسەر بەرمەس،
ماڭا بادى سەبا ئول سەرۋى گۇل رۇخدىن خەبەر بەرمەس،
ئاچىلماس غۇنچە بەختىم، ئەتمەدىم نەخلىيۇ بەر بەرمەس.

ھەقىقەت بەھرەسىن بىلدىم، كۆڭۈل سەئيى غۇبار ئەتمە،
قايۇ بىر دەردىنى مەھرەم قىلىپ ئەفشايى راز ئەتمە،
خەدەڭگىڭ تىيرە پەيكانىڭ نەسىبىن بىزگە ئاز ئەتمە،
كۆزۈمدىن مەسكەن ئەت، خارى مۇرەمدىن ئىھتىراز ئەتمە،
گۇلى خەندانغە سوردۇم، خارە يار ئولماس، مەزار بەرمەس.

جەھان مەھۋەشلەرىن خەيلىدە شېرىن گەۋھەرى يەكتا،
مۇسەلسەل كاكۇلىڭدىن ھەر كىشى باشىغە بىر سەۋدا،
ھەمىشە يىغلايۇپ ۋەسلىڭ تىلەرمەن، ئەي مەلەك سىيما،
تۆكۈپ كۆز ياشىمىز سەنسىز بىلەكىڭ ئىستەرەم، ئەي ماھ،
ئەجەل پەيكىغە سىلى ئەشك گىردابى ئەسەر بەرمەس.

يېتەر ئۆز ھۆسنۇ زاتىڭ، زىينەت ئەتمەككە گۆھەر ئالمە،
بىزى ئۆرتەندۇرۇر ئىشق ئوتىدىن ئەغيار ئىزىن باسمە،
جەھەت تاھىر ئەتمەك ئەيب ئەمەس، ئەي مەھ يولۇم توسمە،
ئەگەر جان ئالماق ئىستەرسەن، تەنىمدىن تىغنى كەسمە،
ئەگەر بىر مۇژدە نىھال بەرمەگۇنچە سۇ سەمەر بەرمەس.

فەلەك ھېچكىم مۇرادىن چېھرەسىن ئاچماس نىقابىدىن،
ئوقۇپ كۆردۇم، ۋەفاسىن كۆرمەدىم ئالەم كىتابىدىن،
خەبەرسىز بولماغىل، كەچكىل بۇ گەردۇنىڭ شىتابىدىن،
قىياس ئەت شەمئىدىن، ۋەھم ئەيلە چەرخىنىڭ ئىنقىلابىدىن،
كىم ئول باش ئالماقە قەسد ئەتمەيىن، تاجىيۇ زەر بەرمەس.

«كېسەرمەن تاش» دېسەم، گويا ماڭا گۇل تەرمەك ئوخشايدۇر،
مەگەر تاش كەسمەگۇنچە ياردىن ماڭا نەزەر بولماس،
قولۇڭدىن بەرمە خەۋفىڭ، بەندەلىكتە ئىش ئەمەس ئاسان،
بۇ ئىشقىنىڭ يولىدە گۇل تەرمەكىمدىن تاش كېسىش ئاسان،

ۋەفايى ئۇمرىدىن بۇ يەردە بۇنىياد ئىشق بىپايان،
ئەگەر مەقسەد تەلەبسەن شەۋق مەھزۇن ئەيلەگىن ئەفغان،
فۇزۇلى، دەھرىدىن كام ئالماغۇنچە ئەيلەدىڭ گىريان،
سەدەف سۇ ئالماغۇنچە ئەبرى نىيساندىن خەبەر بەرمەس.

پەرھاد بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ تاش چېپىشقا باشلىدى. ھەر جۈمە كۈنى ئوردىغا بېرىپ، مېھىنبانۇغا سالام بېرەتتى. شۇنداق چاغلاردا مېھىنبانۇنىڭ قېشىدا تۇرغان شېرىننىڭ جامالىنى كۆرەتتى. شېرىن پەرھادقا چاقچاق قىلىپ، ئۇنى «مەجنۇن ئۇستا» دەپ ئاتايتتى ۋە ئۆز قولى بىلەن بىر جام سۈت بېرەتتى. پەرھاد ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن مەستلەرچە ئىختىيارسىز ھالدا تاغقا قايتاتتى - دە، تاش چېقىشقا كىرىشەتتى.

پەرھاد شاپۇر بىلەن دوست ۋە ئاكا - ئۇكا بولۇپ بىللە ئۆتتى. پەرھادنىڭ كۆز يېشى مەرۋايىتتەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. يۈزىگە چۈشكەن ياشلىرى ئۇنىڭ رۇخسارىغا يارىشاتتى. ھۆسن - جامالى ئالەمنى روشەنلەشتۈرۈپ تۇراتتى. كىمكى پەرھادنى كۆرسە، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىغا ئاشىق بولۇپ قالاتتى. پەرھاد دائىم مەستلەرچە — ئىختىيارىنى يوقاتقان ھالدا يۈرەتتى. چۈنكى، بۇ پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق بۈيۈك چىنى ماچىن پادىشاھىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىنى بىر ساھىبجامال مەلىكىگە گىرىپتار قىلىپ، سەرگەردان مەدىكارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ ئېرەم شەھىرىگە كېلىپ، تاغلاردا تاش چېپىش جاپاسىغا قالدى. بۇ ئىشلار ئەلۋەتتە ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى تەڭرىنىڭ ئەمرىسىز بولغان ئەمەس. پەرھاد

ئۇ جايدا ئاپتاپنىڭ ئىسسىقىدا، چىللىنىڭ سوغۇقىدا، يۈرىكى ئېزىلگەن ھالدا مېھنەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا زار ـ زار يىغلاپ، كۆزلىرىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇ فەلەكنىڭ گەردىشى قىلدى مېنى ھەيرانەلەر،
كۆزلەرىمدىن ئاققۇزۇپ ياش، قىلدى كۆپ گىريانەلەر.
ھەجر ئوتىدە كۆيدى بۇ جانىم، بولۇپ بىريانەلەر،
مۇددەتى ئاباد ئىدىم، بولدۇم بۇ كۈن ۋەيرانەلەر.
ھەجرى بىپايان ئوتىغە قىلدى بىزنى مۇبتەلا،
بۇ سىفەت ھەيرانۇ سەرگەردان بولۇپ ئەفسانەلەر.
بەئزىگە يۇقتۇرمادى قەد سەرۋىدەك ئاباد ئېتىپ،
بەئزىلەرگە بەردى زەۋقىن نالەئى فەريادلەر.
مەن غەرىبنىڭ كۆڭلىنى مېھنەت ئىلە ئاباد ئېتۇپ،
قىلدى رەھۇ دەرد بولدى بۇ ئىشىم ئەفغانەلەر.
ئەي خۇداۋەندا، مېنىڭ ئاتام قانى، ئانام قانى؟
مەن ياتۇرمەن شەھرى ئېرەم تاغىدە ئەفسانەلەر.
كۆردۈمۇ شەيدايى بولدۇم ئول پەرى روھ چېھرەسىن،
قوللارىمدە تاشدىن تېشە چاپارمەن تاشلەر.
ئەي خۇدايا، مەھزۇنى بىچارەنىڭ ئەيىبىن ياشۇر،
بولمايىن ئالەم يۈزىندە شەرمىسار بىچارىلەر.

ئەلقىسسە، پەرھاد تاغدا تاش چېپىش ئىشى بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالدى. شاپۇر بولسا مىراخورلارغا قوشۇلۇپ، ئات بېقىش بىلەن شۇغۇللاندى. بەزى ـ بەزىدە تاغقا بېرىپ پەرھادنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. بىر كۈنى پەرھاد دۇنيادىن ئەپسۇسلىنىپ، شاپۇرغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ۋەھ، قاچان يەتكۈمدۇرۇر ماھپارە ئول ئادىم بىلەن،
قۇمرىيۇ دىۋانە يەڭلىغ سەرۋى ئازادىم بىلەن.
گەھ تۇتۇپ ئەشكىمنى ئوتلۇغ ئاھلار بىرلە باراي،
كەئبە كويى يول ئارا بۇ تۇشەئى زارىم بىلەن.
قان ياشىم ـ لە چەكتىم ئاھۇ نالەئى، تاپغايمۇمەن،
زۇلفى سۇنبۇل، يۈزى گۈل ئول قەددى شەمشادىم بىلەن.
زۇلملارنى ھەجر ئىلكىدىن چېكەرمەن، ئەي كۆڭۈل،
ھۇسنى شاھىغە باراي بۇ دادۇ فەريادىم بىلەن.
كاكۇلىن تارىنى قىلمىش ئاشيان كۆڭۈل قۇشى،
بۇ ئەجەب سەيدىگە كۆزى، گەھ تىرگۈزۈر لەئلى لەبى.
گاھى ئۆلتۈرگەي كۆزى، گەھ تىرگۈزۈر لەئلى لەبى،
كىمكى، ئەنفاسى مەلىھ، ئەنفاسى جەللادىم بىلەن.
رەمزى مەھزۇنىغە دۇنيا كەلسەۋۇ كەتسە نە غەم،
شاھى مۇلكى مۇئىمى تەبئى خۇدا دادىم بىلەن.



پەرھاد تاغدا سۇبھىدىن ـ شامغىچە رىيازەت چېكىپ، كەكىسى بىلەن تاش چاپاتتى. شېرىن ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. پەرھاد ئۆزىنىڭ شاھزادىلىكىنى يوشۇرۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك مېھنەت ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى.

ئەمدى شاپۇرنىڭ ئەھۋالىغا كېلەيلى. شاپۇر بىرقانچە ۋاقىتلارغىچە ئات بېقىپ يۈردى. بىر كۈنى: «پەرھاد جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىشقا گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئەمدى مەنمۇ پەرھادقا ئوخشاش بىرەر بالاغا ئۇچراپ قالماي» دېگەن خىيال كۆڭلىگە كەلدى ـ دە، ئاتلارنى تاشلاپ، ئىرەمدىن يېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇ ماڭغىنىچە بىرقانچە ۋاقىت يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كەلدى.

بۇ شەھەرنىڭ ھورمۇز ئىسىملىك بىر پادشاھى بار ئىدى، ھورمۇز نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئوغلى بو-لۇپ، مەملىكىتىنى ئادالەت بىلەن سوراپ كەلگەنىدى. ئۇ دىيانەت ۋە ئادالەتتە ئاتىسى نۇشىرۋان ئادىل-دىنمۇ ئارتۇق ئىدى. ئۇ: «مېنىڭ لەشكەرلىرىم مۇبادا پۇقرالارغا بىرەر زىيان يەتكۈزۈپ قويسا، زىيان يەتكۈزگۈچىلەرنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىمەن» دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى.

شاھ ھورمۇزنىڭ پەرۋىز ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ھۆسن ـ جامالى ۋە قەددى ـ قامىتى تو-لىمۇ كېلىشكەن شاھزادە ئىدى. شاھزادە پەرۋىزنىڭ تاللانغان تۆت يۈز يىگىتى ۋە ئاجايىپ شوخ، گۈزەل قىرىق كېنىزىكى بار ئىدى. شاھزادە شۇلار بىلەن بىللە ئويناپ ـ كۈلەتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھزادە پەرۋىز تۆت يۈز يىگىتى ۋە قىرىق كېنىزىكىنى ئېلىپ شىكارغا چىقتى. كۆپلىگەن ھايۋان ۋە جانىۋارلارنى ئوۋلاپ، شاراب ئىچىپ، بەزمە قىلىشتى. ئاخىر مەست ھالدا شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتقى-نىدا، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقتىن بىر باينىڭ بېغىغا كىرىپ يېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى باغدىكى





بېدىلەرنى يەپ - چەيلەپ ئاياغ ئاستى قىلىۋەتتى. شاھزادە تېخى ئويغانمىغانىدى. باي دەرھال ئوردىغا بېرىپ، پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، شاھزادە بۇ كېچە بىزنىڭ بېغىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتتى، دادىمغا يەتكەيسىز ! — دەپ ئەرز قىلدى.

— جاللات ! — دېدى غەزەپكە كەلگەن پادىشاھ ھورمۇز، — دەرھال بېرىپ شاھزادىنى تۇتۇڭلار، تۆت يۈز يىگىتنىڭ قۇلاق - بۇرنىنى كېسىپ، قىرىق كېنىزەكنى تارقىتىۋېتىڭلار. بۇ باشقىلارغا ئىبرەت بولۇپ قالسۇن !

جاللاتلار پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە دەرھال باينىڭ بېغىغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا شاھزادە باشلىق تۆت يۈز يىگىت مەست ھالەتتە يېتىشقانىدى. جاللاتلار ئالتۇن كەمەرلىك تۆت يۈز مەھرەم يىگىتنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. قىرىق كېنىزەكنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقاردى. شاھزادىنىڭ قولىنى زەنجىر بىلەن باغلاپ شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئوغلىنى كۆرگەن پادىشاھ جاللاتلارغا:

— بۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرمىدىڭلار؟ ئەڭ ئاۋۋال بۇنى ئۆلتۈرمەك لازىم ئىدى. دەرھال زىندانغا تاشلاڭلار ! — دەپ ئەمر قىلدى.

جاللاتلار شاھزادىنى زىندانغا تاشلىدى. ئالتۇن كەمەرلىك تۆت يۈز مەھرەمنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقاردى. شاھزادە زىنداندا سۇبھىدىن - شامغىچە تىنماي يىغلايتتى. پادىشاھ غەزىپىدىن قايتقىنىدىن كېيىن، ئوغلىغا چىقىرىلغان ھۆكۈمنى بىكار قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي قالدى. ئۇ بارغانسېرى قايغۇرۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. شۇ ئەھۋالدا ئارىدىن بىرقانچە زامان ئۆتتى. بىر كۈنى پادىشاھ مۇلازىملىرىغا مۇنداق دېدى:

— شاھزادىگە باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ قالغان مۇساپىر يىگىتلەردىن بىرىنى ھەمراھ قىلىپ قويۇڭلار، ئەمما شەھىرىمىزنىڭ يىگىتلىرىنى ئۇنىڭ يېنىغا يولاتماڭلار.

— ئەي شاھىم، — دېدى مۇلازىملاردىن بىرى، — باشقا يۇرتتىن ئەقىللىك ھەم كېلىشكەن بىر يىگىت كەلدى. ئۇ ئات باقىمەن دەيدۇ. شۇنى شاھزادىگە ھەمراھ قىلىپ قويساق، ئۇنىڭ بىلەن سىرداش بولۇپ قالار.

پادىشاھ مۇلازىمنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلدى. مۇلازىملار دەرھال بېرىپ شاپۇرنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنى شاھزادە پەرۋىزگە قوشۇپ قويدى. شاھزادە شاپۇرنىڭ قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ئوچۇق - يورۇق ۋە دەۋرىنىڭ بىر يېگانىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. ئىككىيلەن ئۆزئارا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. شاپۇر شاھزادىنىڭ بەزى - بەزىدە ئۆزىچە يىغلاپ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي شاھزادە، نېمىشقا مۇنداق يىغلايسىز؟ — دېدى.

— مېنىڭ بىر ياخشى كېنىزىكىم بار ئىدى، — دېدى شاھزادە، — ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنىڭ ئىشق ئوتى يۈرەك - باغرىمنى كۆيدۈردى، پىراقى جېنىمنى ئۆرتىدى. شۇڭا يىغلايمەن.

— ئەي شاھزادە، بىر كېنىزەك ئۈچۈنمۇ يىغلامسىز؟ ئەگەر ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ ئادەم بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا كۆيسىڭىز بولاتتى. سىزگە مۇناسىپ ۋە لايىق بىرى بار، ئۇ ئېرەم شەھرىنىڭ پادىشاھى مېھىنبانۇنىڭ سىڭلىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىسمى شېرىن بولۇپ، ئۇنداق نازىنىن دىلبەر تېخى جاھانغا كەلگىنى يوق. سىزگە ئاشۇ شېرىن مۇۋاپىق، — دېدى شاپۇر ۋە شېرىننى تەرىپلەپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

دېدى شاپۇر: «ئانىڭدۇر ئاتى شېرىن،
شەكەر تامغاي ئانىڭ شەكەر لەبىدىن.
ئەجەب ھۆسنى رەسا سەرۋى رەۋانى،
ئارا سەرۋى رەۋانلار نازەنىنى.
قەدى سەرۋى رەۋان، سەرۋى سەنەۋبەر،
كۆزى شەھلا، يۈزى رەئنا ئۇ دىلبەر.
ئېرۇر گۈلدەستەئى سەرۋى خىرامان،
ئۇ شۇنداق نازەنىن ئول سەرۋى بوستان.
يۈزى ئايدۇر، لەبىدۇر لەئلى ئەھمەر،
تىشى دۇر، ئەقلى گەۋھەر، نازەنىن تەر.
ئانىڭدەك قامەتە سەرۋ ئېردى بەندە،
ئانىڭدەك يۈزلەرە گۈل ئېردى بەندە.
ئانىڭ لەبلەرىغە لەئل ئېردى بەندە،
ئانىڭ تىشلارىغە دۇر ئېردى بەندە.
قاشىغە ئېردى گويا ياي بەندە،
كۆزىگە ئېردى گويا ئاھۇ بەندە.
ئەگەر كۈلسە بولۇر ھەر كەسكى بەندە،
يۈرۈمەككە بولۇر ئول ماھ بەندە.
قىزىلگۈلدىن زىيادە ئېردى دىلبەر،
ئۇشۇل شېرىن لەب ھەم ماھ پەيكەر.
يانىدە قىرىق كەنىز مانەندى رىزۋان،
تۇرۇرلار كېچە ـ كۈندۈز بەزم ئېتىبان.
ئوتۇرۇپ ھەر كېچە ئىچسە شەرابلار،
بولۇپ مەستانە ـ مەستانە ياتارلار.
يەنە ئەرتە تۇرۇپ ئاۋغە بارۇرلەر،
يۈرۈپ ئاۋلاپ، جاھاننى سەير ئېتۇرلەر.»
دەبان تەئرىف قىلدى ئول زەمانى،
كى كۆيدى شول زەمان شاھزادە جانى.
دېدى: «ئانى نەچۈك قىلساق تاپارمىز؟
نەچۈك بائىس بىلە ئاڭا يېتەرمىز؟»
دېدى شاپۇر: «كۆڭۈلنى شاد قىلىڭىز،
ئۇشۇل قىزنى قولىڭىزغە ئالىڭىز.»
دەبان شاھزادىنى كۆپ شاد قىلدى،
ئۇشۇل شېرىن شەمايىل ياد قىلدى.



شاھزادە پەرۋىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەردلىك ئاھ تارتتى. يۈرىكى دولقۇنلاندى. شېرىن جېنىغا ئوت چۈشۈپ، پىراق ئوتىدا ئۆرتەندى. ئۇ شاپۇرغا دېدى:

— بۇ ئىشقا قانداق ئىلاج قىلىسەن؟

— ھەي شاھزادە، ئەسلا غەم يېمەڭ، خۇدا خالىسا شېرىن سىزگە نېسىپ بولىدۇ.

— مەن ساڭا ئىشەندىم، بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى ئۆزۈڭ قىل، — دەپ شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆرمەيىن ھەجرىڭدە كۆيدۇم، يارى جانىم، قايدەسەن؟
فۇرقەتىڭدە زار بولدۇم، مېھرىبانىم، قايدەسەن؟
مەن ئۆزۈم كۆيگەن ئىدىم، يارىمدىن ئايرىلغان ئىدىم،
غايىبانە ساڭا كۆيدۇم، سەرۋى نازىم، قايدەسەن؟
سەن ئۆزۈڭ غايىبسەنۇ بويىنۇمغە تۈشتى رەنجىرىڭ،
ئەي مېنىڭ جانىمغە كەلگەن ئاپەتى جان قايدەسەن؟
غايىبانە نامىڭ ئاڭلاپ، بولدى باغرىم چاك ـ چاك،
ئەي مېنىڭ تۈنۈمنى رەۋشەن ئەيلەگەن ئاي، قايدەسەن؟
ئېشىتىپ مەن ئاي يۈزۈڭ تەئرىف ـ تەۋسىفلەر بىلەن،
بىخۇد ئولدۇم ئۇشبۇ يەردە، ماھى تابانىم، قايدەسەن؟
ئۇندا سەن ئىشقىڭغا مەغرۇر، مۇندا مەن زىندان ئارا،
ماھى مەن سەرۋى خىرامان گۈلىستانىم، قايدەسەن؟
قايسى كۈن بولغايكى ئاستانىڭغە ئۇرسام باشىمە،
ئۆزى يوقتۇر مېھرى چوغ، ئەي سەرۋى نازىم، قايدەسەن؟
مەن قاچان كۆرگەيمەن ئەمدى ئاي يۈزۈڭنىڭ شەمئىنى،
شۇم رەقىبلەر ئىچرە، ئەي شەمئى شەبىستان، قايدەسەن؟
ھېچ ئىلاج بارمۇ ساڭا يەتمەككە، ئەي ھۆرۈپەرى،
مۇندا مەن فۇرقەتتە يۈتتۇم دەم ـ بەدەم قان، قايدەسەن؟
كۆرسەمۇ ئەرز ئەيلەسەم بۇ دادۇ پەريادىم بىلەن،
ھەسرەتىڭدە مەن قالىپمەن دىلىستانىم قايدەسەن؟
مەھزۇنى ئەفگار يىغلاپ خۇب رولار ھالىغە،
ئەي سۇرۇرى سەرۋەرىم، ئارامى جانىم، قايدەسەن؟

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرۋىزنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ماڭغۇدەك ماجالى قالمىدى.

— ھەي شاپۇر، مەندە تاقەت قالمىدى. بىر ئىلاجىنى قىلغايسەن، — دېدى شاھزادە پەرۋىز.

شاپۇر پادشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي پادشاھىم، شاھزادە غەم شارابىنى ئىچىپتۇ، ئۇنداق قىلماي، بىرنەچچە كېنىزەكنى شاھزادىنىڭ خىزمىتىگە قويسىڭىز، ئۇنىڭ قايغۇرۇپ يۈرۈشى مۇۋاپىق ئەمەس، شاھلىقىڭىز شاھزادە بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى.

پادشاھ شاپۇرنىڭ سۆزىنى مۇۋاپىق تېپىپ دەرھال بىر باغنىڭ ئىچىگە ئايۋان ساراي بىنا قىلىپ، شاھزادىنى زىنداندىن ئاشۇ باغقا ئاپاردى. كۆپلىگەن كېنىزەكلەر بىلەن شاھزادىنى شۇ باغقا ئورۇنلاشتۇردى. شاپۇرمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. لېكىن شۇنچە گۈل - گۈلىستان، چىمەنزار ۋە ئۇ جايدىكى كېنىزەكلەر شاھزادىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ دائىم كۆزىدىن ياش تۆكەتتى.

شاپۇر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي غەم قايىنىمىغا چۆكۈپ قالدى. بىر كۈنى شاپۇر شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادە، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، مەن ئېرەم شەھىرىگە باراي، شېرىننى ئېلىپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلاي، — دېدى.

شاھزادە:



— ھەي شاپۇر، ئەگەر بۇندىن كەتسەڭ قاچان كېلىسەن؟ — دېدى.

— مەن ئېرەم شەھىرىگە بېرىپ، شېرىننىڭ خىزمىتىدە بولىمەن. نەچچە كۈن كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما خۇدا خالىسا، قىرىق كۈن ئىچىدە شېرىننى ئېلىپ كېلىمەن. ئەگەر ئېلىپ كېلەلمىسەم، ئۆزۈم كېلىمەن ياكى شېرىننىڭ ئۆزىنى ئەۋەتىمەن. ئەي شاھزادە، سىز ياقۇت قادالغان تون، ياقۇت قادالغان كەش كىيىڭ، ئېتىڭىزغا ياقۇت كۆز قويۇلغان ئېگەر - جابدۇق ياستىڭ، ياقۇت قويۇلغان كەمەر باغلاڭ، ياقۇت قادالغان سەللە ئوراڭ، باشتىن - ئاياغ ياقۇت بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىم كىيىڭ. مۇبادا ئۆزۈم كېلەلمەي شېرىننى ئەۋەتسەم، ئۇ سىزنى ئاشۇ كىيىملىرىڭىزدىن تونۇۋالسۇن، — دەپ، شاپۇر شاھزادە

بىلەن خوشلىشىپ ئېرەم تەرەپكە راۋان بولدى.

شاپۇر ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئاخىر ئېرەم شەھرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى گۈزەل شېرىننىڭ ھەشەمەت بىلەن ئۇۋ ئوۋلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. شاپۇر شاھزادە پەرھادنى ئىزدەپ باردى. بۇ چاغدا پەرھادنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ چىگىشلىشىپ گەدىنىگە چۈشكەنىدى. ئۇزى مەستلەرچە ئىختىيارسىز تاغقا پالتا ئۇرۇپ، تاشتىن ئېرىق قېزىشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. نېمە دېگەنلىكىنى ئۆزى بىلمەيتتى. پەرھاد تاش چېپىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇۋاتاتتى:

«تاش كېسەر» دەرلەر مېنى، مەنكىم قىزىلگۈل تىرەمەن،
ئەجەب ئۈمىتارلار خەلق، مەنكىم گۆھەر ئاختارەمەن،
يار - يار دەپ دائىما مەن يارىمى ئاختارەمەن،
يار ئەگەر تاپىلماسە، پەرۋانە يەڭلىغ يانەمەن،
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شېرىنمەن، پەرھادمەن.

لەيلى بولدۇم مەن بۇ كۈن، ئول سەرۋى رۇخسارىم قانى؟
بىر قەدەھ سۇ بەرگىلى ئول كۆزى چولپانىم قانى؟
ھالىمە سورسە بۇ كۈن لەئلى شەكەر بارىم قانى؟
ساچى سۇنبۇل، يۈزى گۈل ئول باشى تاجدارىم قانى؟
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شېرىنمەن، پەرھادمەن.

تاش كېسىش ماڭا كۆرۈنمەس بەرگى گۈل تەرگەنچە،
مەن جەفا - جەبىر چېكەرمەن ياكى جانىم بارىچە،
بارچە ئاشىقلار ئىچىندە ياكى جانىم بارىچە،
سۆزلەنۇر بولسە نىگارىم تىللارىدۇر ھەم كېچە،
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شېرىنمەن، پەرھادمەن.

سەرەتان ئافتابى ماڭا نەۋبەھار ئەييامىدۇر،
مېھنەتى مۇنچە ماڭا گويا گۈلىستان ئىچرەدۇر،
قىلمىشىم، مېھنەتلىرىم گويا گۈلىستان ئىچرەدۇر،

بۇ شېرىننىڭ يولىدا پەرھادخان دىۋانەدۇر،
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شېرىنمەن، پەرھادمەن.

مەن ئېرۇرمەن شەھرى چىن خاقانىنىڭ ئەرزەندەسى،
شەھرى رۇمۇ شەھرى چىن پادشاھى ئىچرە زۇبدەسى،
پادشاھلار ئىچرە ئۇلكىم ياخشىسى، ئازادەسى،
......
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شېرىنمەن، پەرھادمەن.

ئول شەھى شاھزادە ئېردىم، مۇندە مەردىكارمەن،
ئىشق ئوتىغە كۆيەدۇرمەن ئەخكەرى ئەفگارمەن.
كىم غەرىبى بىنەۋا بولسە يانىغە بارەمەن،
قايدە شېرىن بار ئىسە جانىم ئىلەمەن بارەمەن.
لەيلىمەن، مەجنۇنمەن، شېرىنمەن، پەرھادمەن.

لەيلى دەرمەن، لەيلى دەرمەن، ئول مېنىڭ لەيلىم قانى؟
ئاھ مەجنۇن، ئاھ مەجنۇن، ئاھ مەجنۇنۇم قانى؟
ئاھ شېرىن، ئاھ شېرىن، ئاھ شېرىنىم قانى؟
ئاھ پەرھاد، ئاھ پەرھاد، ئاھ پەرھادىم قانى؟
لەيلى دەپ مەجنۇن دەپ، يالغۇز خۇداغا بارەمەن،
مەھزۇنى بىچارە مەن، نەيلەي خۇدا، ئاختارەمەن.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرھاد مەجنۇندەك ئاشىقانە بېيىتلارنى ئېيتىپ تاش چاپاتتى. شاپۇر پەرھادنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، پەلەكتىن شىكايەت قىلىپ جىگىرىدىن ئاھ تارتتى. ئۇ ياش تۆككەن ھالدا: «ئاھ، بۇ نازىنىن شۇنداق يىگىتلەرگە جاپا قىلدى. ئۇنىڭ قولىدىن يەنە نېمە ئىش كېلەر؟» دەپ كۆپ قايغۇردى.

شاپۇر مىراخورلارنىڭ ئالدىغا باردى. مىراخورلار ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قاياقتىن كەلدىڭ؟

— ئات باققۇچىمەن، ئاتلارنى ياخشى باقىمەن.

— ئارىمىزدىكى ئات باققۇچىلاردىن بىرى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنداق بولسا، سەن شۇنىڭ ئورنىدا ئىشلە. سېنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ قويايلى.

— ماقۇل، — دېدى شاپۇر ۋە مىراخورلارغا قوشۇلدى. ئۇ بىرقانچە كۈن خىزمەت قىلىپ، ئات باققۇچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى. بارا - بارا شىرىنغا يېقىنلىششقا باشلىدى.

بىر كۈنى شىرىن باغقا چىقىپ سەيلە قىلماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان شاپۇر دەرھال شاھزادە پەرۋىزنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ شىرىننىڭ باغدا ئولتۇرىدىغان جايىغا قويۇپ قويدى. شىرىن باغقا يېتىپ كېلىپ بۇ قەغەزنى يەردىن ئالدى. شىرىننىڭ كېنىزەكلىرى ئىچىدە ناھايىتى زېرەك بىر قىز بار ئىدى. شىرىن ھېلىقى سۈرەتنى ئاچاي دەپ تۇرۇشغا، ھېلىقى كېنىزەك شىرىننىڭ قولىدىن سۈرەتنى تارتىۋالدى. شىرىن بۇ ئىشقا ھەيران قالدى:

— بۇ خەتنى نېمىشقا قولۇمدىن تارتىۋالىسەن؟

— ئەي ئاي يۈزلۈك ئارامجان، بۇنداق كېرەكسىز خەتلەرنى كۆرۈش سىزگە لايىق ئەمەس، — دېدى ھېلىقى زېرەك كېنىزەك ۋە ئۆزى بۇ قەغەزنى ئېچىپ كۆردى. قەغەزگە ياش بىر شاھزادىنىڭ سۈرىتى



سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالى ئالەمنى روشەنلەشتۈرۈپ تۇراتتى. كېنىزەك: «بۇ قانداق ئادەمنىڭ سۈرىتىدۇر، نېمىشقا بۇ سۈرەتنى مەلىكىگە كۆرسەتمەكچى بولغاندۇر، ھېلىمۇ ياخشى مەلىكە كۆرمەي قالدى» دەپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

شېرىن باغدا كېنىزەكلىرى بىلەن راسا ئوينىدى. مەيلەرنى ئىچتى. ئاخىر سەلتەنەتلىك ئوردىسىغا قايتتى. ئاردىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ، يەنە باغدا سەيلە قىلماقچى بولدى. شاپۇر دەرھال سۈرەت سىزىپ شېرىن ئولتۇرىدىغان جايغا قويدى. مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن باغقا يېتىپ كېلىپ ھېلىقى قەغەزنى قولىغا ئالدى. ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا ئەقىللىق قىز كېلىپ مەلىكىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. شېرىنىنىڭ قاتتىق غەزىپى كەلدى ـ دە، كېنىزەككە ۋارقىرىدى:

— ھەي بەتبەخت، نېمىشقا قولۇمدىن قەغەزنى تارتىۋالىسەن! — دېگىنىچە قەغەزنى كېنىزەكنىڭ قولىدىن ئېلىپ كۆرمەكچى بولدى. ئەقىللىق قىز:

— ئەي مەلىكەم، مەن سىزنىڭ دوستىڭىز. قەغەزدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ، سىزنى بىرەر بالاغا قالمىسۇن دېدىم. بۇ قەغەزنىڭ بىرەر بالاسى باردەك تۇرىدۇ، شۇڭا قولىڭىزدىن تارتىۋالغانىدىم. كۆرەي دېسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. ئۇنىڭدا گۈزەل بىر يىگىتنىڭ سۈرىتى بار. ئۇ يىگىت سەرۋى قامەت بولۇپ، ھۆسن ـ جامالى ئالەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ، — دەپ سۈرەتنى تەرىپلەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يىگىتكى، نازەنىندۇر، نازەنىنى،    يۈزى گۈل، غۇنچە لەب، قاشى يادۇر،
ئاجايىپ مەھلىقايى خۇشەچىنى.    كۆزى شەھلا، تىشى دۇر، ئول دىلاۋۇر.



مىيانە قەد ئىدى ئۇل يارى خۇش خۇي،
سۇخەندان ئۇل گۈزەل، ئۇل ماھى دىلجوي.
تونى لەئل، كەمەرى لەئل، سەللەسى لەئل،
كۆينەك لەئل، ئېگەرى لەئل، تاجىسى لەئل.
بىدۇ ئاتلار مىنگەن ئۇشۇل يار،
ئەجايىپ سۇرەت ئۇلكىم، شاھى شەھىيار.
ئۇشۇل دەم يەرگە باقتى قالمادى ھوش،
بۇ سۇرەتنى كۆرۈپ قىز بولدى بىھوش.
ئانىڭ بوينىغە ھەم جەفا تاقىلدى،
ئانىڭ جانىغە ھەم ئوتلار ياقىلدى.
يۇرەكى كۆيدىيۇ، باغرى ئېزىلدى،
كۆزىنىڭ ياشلارى ئۇل دەم تۆكۈلدى.
چىرايى بولدى ئۇل دەم زەئفىرانى،
قىزىلگۈلدەك يۈزى بولدى خەزانى.
ئەلىفدەك قامەتى يادەك ئېگىلدى،
يۇرەك ـ باغرى كۆيۈبان زار بولدى.
كىشىگە باققۇدەك قالمادى ھالى،
يۇرەرگە قالمادى ئەسلا مەجالى.
جەھان ـ ئالەم قاراڭغۇ بولدى ئاڭا،
ئانىڭ ھالى ئەجايىپ قالدى تاڭا.
ئۇ يەردە قويدى باشىن رويى سولغۇن،
تۆكەردى كۆزلەردىن ئەشكى گۈلگۈن.
ئۇ سۇرەتكە باقىپ يىغلار ئىدىلار،
بۇلاردى دائىما ئاشۇفتە دىللار.
ئانىڭ ئەقلۇھوشى كۆپ لال بولدى،
يۇرەكى چاك ئۇرۇپ بىھال بولدى.
گەرەڭ بولدى، تۇرارغە تاقەتى تاق،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ ھېچ ھالەتى يوق.
چىرايى بولدى ئۇل دەم زەئفىرانى،
ئاچىلۇر ۋەقتىدە بولسە خەزانى.





ئوتۇرۇپ يىغلار ئىردى گۇلى تەر،
كى ئانداغ سارغارىپ رەڭگى چۇ زەئفەر.

ئانىڭدەك هال ئىلە ئول يىغلادى زار،
ئۇ سۇرەت يولىدە بولدى دىلئەفگار.

ئەلقىسسە، مەلىكە شىرىن قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ، هوشىدىن كەتتى. يۇرىكىدىكى ھەسرىتىنى كىشىگە ئېيتالمىدى. ئۇ يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىق ھېس قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاه نەچۇك سۇرەت ئىدى جانىمنى شەيدا ئەيلەگەن،
ئەندەلىبى هەجر ئوتىدە بىزنى رەسۋا ئەيلەگەن،
كۆيدۇرۇپ خاكىستەرىمنى مۇندە بىجان ئەيلەگەن،
بۇ مېنىڭ باشىم ئۇزە يۇزمىڭتە غەۋغا ئەيلەگەن،
كۆڭلىمە ۋەيران ئېتىپ، ئەقلىمنى هەيران ئەيلەگەن.

ۋاي، يۇزمىڭ ۋاي، بولدۇم بۇ غەم ئىچىدە مۇبتەلا،
ئۇشبۇ سۇرەتنى كۆرۈپ بولدۇم جەھاندىن ماسەۋا،
ۋاي، يۇزمىڭ ۋايكىم، بولدۇم جەھاندا مۇبتەلا،
ئۇشبۇ سۇرەتنى كۆرۈپ بولدۇم جەھاندىن مەن ئەدا،
قالمادى جانىمدە تاقەت، ئەيلەدىمەن ئاهۇ ۋاھ.

مەن ئىدىم بۇ شەھرى ئىرەم چەمەنىنىڭ بۇلبۇلى،
ئول مېھىنبانۇ مەلىكەنىڭ گۇلىستانىن گۇلى،
تۆت يۇز مىڭ قىزنىڭ ئاراسىندە ئەجايىپ مەشئەلى،
پادىشاهى زادەلەر ئىچرە مەن ئىردىم سەيقەلى،
ئەقلىمى هەيران ئېتىپ، كۆنۇمنى رەۋشەن ئەيلەگەن.

ئاه، نەيلەي، كىردىم ئەمما ئىشقىنىڭ بازارىغە،
تۇشتى ئەمما بول پەرىنىڭ ئوت، نېتەي، گۇلزارىغە،
كۆرمەسە بۇ سۇرەت ئەھلىن نە قىلۇر خۇمارىغە،
ئايتىپ ـ ئايتىپ يىغلاغاي شىرىن بۇ سۆزنى يارىغە،
يۇرەكىمنى چاك ئېتىپ، ئەقلىمنى هەيران ئەيلەگەن.

تاپماسەم ئول دىلرەبانى ئەمدى قايدە بارەمەن،
هەجر ئوتىدە ئۆرتەنىپ، ئىشق ئوتى ئىچرە يانەمەن،
يارىمى كويىدە ئەمدى گويىيا پەرۋانەمەن،
گويىيا قەقنۇسدەك مەن ئۆز ئوتۇمدا يانامەن،
ئەقلىمى هەيران ئېتىپ، كۆنۇمنى ۋەيران ئەيلەگەن.

هېچ غەم يوق ئىردى مەندە شادمان ئوينار ئىدىم،
دەۋرۇدەرۋانلار سۇرۇپ، گۇللارنى مەن ئوۋلار ئىدىم،
باشىمە تاجىم قويۇپ، ئالتۇن كەمەر باغلار ئىدىم،
مەي ئىچىپ، مەستان بولۇپ، خوبلار ئۇچۇن خۇمار ئىدىم،
ئەقلىمى هەيران ئېتىپ، كۆڭلۇمنى ۋەيران ئەيلەگەن.

مەھزۇن، ئەمدى سۆزلەگىل، سەن كۆرمەگەنىڭ بارمۇكىن؟
خاهى خوبۇ، خاهى ناخوب كۆرمەگەن تۇن بارمۇكىن؟
ئۇشبۇ دۇنيا غەملەرىدىن هېچ بىرۇن بارمۇكىن؟
سەن كەبى ئالەم غەمىدىن هېچ مەجنۇن بارمۇكىن؟
ئۇشبۇ دۇنيا ئىچرە جانىم، ۋاي، نەلەر كۆرمەگەن.

مەلىكە شىرىن يۇقىرىقى بېيىتنى ئوقۇپ، يىغلىدى. بۇ ۋاقىتتا شاپۇر مەلىكىگە ئۆزىنى يېقىن تۇتۇپ يۇردى. بىر كۇنى شىرىن كېنىزەكلىرىنى ھەر تەرەپكە خىزمەتكە بۇيرۇپ، ئۆيىنى خالىي قىلدى، ئاندىن كېيىن شاپۇرنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— هەي شاپۇر، سەن ئەقىللىك، زېرەك ئادەمسەن، مېنىڭ قولۇمغا بىر سۇرەت چۈشتى. ئۇنى كىشىگە كۆرسەتكىنىم يوق. پەقەت ساڭىلا كۆرسىتىۋاتىمەن. بۇنىڭغا ئۆزۈڭ بىر چارە قىلارسەن.

— قېنى، ئۇ سۇرەتنى ماڭا كۆرسىتىڭ، مەن بىر تەدبىر كۆرەي.

— بۇ سۇرەتنى كۆرسەڭ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالىسەن، — دەپ شىرىن بۇ سۇرەتنى شاپۇرغا ئۇزاتتى. شاپۇر سۇرەتنى كۆرۈپ:

— بۇ سۇرەت شاھ هورمۇزنىڭ ئوغلى شاهزادە پەرۋىزنىڭ سۇرىتىدۇر. ئۇنى مەن تونۇيمەن، — دېدى.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكنىڭ چارىسى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى مەلىكە.

— ئەلۋەتتە چارىسى بار. بۇنچە قايغۇرۇپ كەتمەڭ، مەن سىزنى شاھزادە پەرۋىزنىڭ قېشىغا يەتكۈزىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى شاپۇر. مەلىكە شېرىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆپ خۇشال بولدى. شېرىنىنىڭ كۈنى سۇبھىدىن شامغىچە ئاھ ئۇرۇش، پىغان چېكىش بىلەن ئۆتتى. شاپۇر بىر كۈنى مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكە، مەن بېرىپ شاھزادە پەرۋىزنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى.

— ئۆزۈم بېرىشىمنىڭ ئامالى يوقمۇ؟ — دېدى شېرىن. شاپۇر:

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ قېشىغا قانداق بارغىلى بولىدۇ؟ — دېدى مەلىكە. شاپۇر مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— سىز شىكارغا چىقىڭ، ئەمما مېھىنبانۇنىڭ قارا ئېتىنى تىلەپ ئېلىڭ. ئۇنىڭغا قامچا ئۇرسىڭىز سىزنى كۈتكەن يېرىڭىزگە ئېلىپ بارىدۇ. شاھزادە پەرۋىزمۇ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرىدۇ. سىزنى تونۇيدۇ. يولدىلا ئۇچرىشىسىلەر، بىر - بىرىڭلارنى تونۇيسىلەر.

شېرىن مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا كىردى:



— مەن شكارغا چىقىمەن، ماڭا سىزنىڭ قارا ئېتىڭىزنى ئېگەرلەپ بەرسۇن، — دەپ تەلەپ قىلدى. مېھىنبانۇ شېرىنگە:

— ئەي شېرىن، شېكەر سىڭلىم، بىر بالاغا ئۇچراپ قالما، قارا ئاتنى مىنسەڭ ئۇ سېنى ئېلىپ قاچىدۇ. ئۇ بەك چاپقۇر ئات. ئۇنى مىنمىگىنىڭ ياخشى، — دېدى. شېرىن زار - زار يىغلاپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇردى. ئاخىر مېھىنبانۇ ئاچچىقلىنىپ:

— مەيلى، ئەمما سەن تېخى ياش، ناھايىتى ئېھتىيات قىلغىن، — دەپ رۇخسەت بەردى.

شېرىن تۇنجى قېتىم مېھىنبانۇدىن ئايرىلىپ تۆت يۈز يىگىت بىلەن شكارغا چىقتى. شۇ كۈنى كەچكىچە ئوينىدى. شېرىن شاپۇرغا مۇنداق دېدى:

— ئەمدى كەتسەم بولامدۇ، شاھزادىنى نەدىن تاپىمەن؟

— غەربكە قاراپ ماڭسىڭىز يولدىن تاپىسىز. يولدىن تاپالمىسىڭىز، ئۆز شەھىرىدىن تاپىسىز، — دېدى شاپۇر ۋە شاھزادىنىڭ بەلگىسىنى ئېيتىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تونى لەئل، كەمەرى لەئل، تۆپىسى لەئل، بەلباغى لەئل،
باشى لەئل، ئاياغى لەئل، ئېگەرى لەئل، قامچىسى لەئل،
ئۆزىدۇر بىر قارچىغاي سەرۋى رەۋان ئارامجان،

شاھزادەئى ئەۋۋەل ئۆزى، باز ئول شەھى ھۆكمى رەۋان،
فۇرقەتىڭ ئوتى ئانى ھەم زارۇ نالان ئەيلەگەن،
ھەجرىڭ ئوتىدە يەنە ئۆرتەنگەن ئول سەرۋى رەۋان.

ئەلقىسسە، شېرىن يۇقىرىقى تەرىپلەردىن شاھزادە پەرۋىزنىڭ بەلگىلىرىنى بىلىۋالدى. مەلىكە شېرىن قىزلار بىلەن شكار قىلىۋېتىپ بىر تەدبىر ئويلاپ تاپتى. ئۇ ئويناپ كېتىۋېتىپ قارا ئاتقا قاتتىق بىر قامچا ئۇردى. قارا ئات ھېلىغىچە مۇنداق قاتتىق قامچا يەپ باقمىغانىدى. ئۇ بىر قامچا بىلەن شۇ چاپقىنىچە ئۈچ ئاي ئۈچ كۈنلۈك يەرگە بېرىپ توختىدى. گوياكى قۇش قانات قاققاندەك ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ يەردە قالغان تۆت يۈز يىگىت بىلەن كېنىزەكلەرمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، يىغلاشقىنىچە مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار:

— مەلىكە شېرىن قارا ئاتقا بىر قامچا ئۇرۇش بىلەن كۆزدىن غايىب بولدى، — دەپ پەرياد ئۇرۇپ يىغلاشتى. بەزىلىرى ھوشىدىن كەتتى. گوياكى بېشىغا ماتەم چۈشكەن كىشىلەرگە ئوخشاش ھەسرەت چېكىشتى.

مېھىنبانۇ تەڭداشسىز قايغۇغا چۆمۈپ، كۆزىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكتى. ئۇ زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى، ئەي ماھى گۈلخانىم، قايان كەتتىڭ؟
يۈزى گۈل، ساچى سۇنبۇل، چەشىم بادامىم، قايان كەتتىڭ؟
مېنىڭ بۇ لەشكەرىم ئىچرە سەرەنجامىم، قايان كەتتىڭ؟
ئايا شېرىن شەمايىل، لالە رۇخسارىم، قايان كەتتىڭ؟

بۇ باغۇ گۈل - گۈلىستانىمدىن ئايرىلدىم، نە ئەيلەرمەن؟
مېنىڭ باشىمغە غەم تۈشتى، بۇ دەۋران ئۆتتى، نەيلەرمەن؟
لەتافەتلىك، نەزاكەتلىك، سۇخەندانىمدىن ئايرىلدىم.

نېتەرمەن، بۇ قولۇمدىن بۇلبۇلۇم ئۇچتى، نە ئەيلەرمەن؟
يۈرەك - باغرىم ئېزىلدى، ۋاي گۈل رويۇم، نە ئەيلەرمەن؟

سېنىڭ ھۆسنۇ جەمالىڭ ئافتابى خاۋەرى ئېردى،
كى ھەربىر كاكۇلىڭ جانىم خىراجى مەملەكەت ئېردى،
كى بىر دانە قارا خالىڭ يۈزۈڭدە مۇشتەرى ئېردى،

كى يۈزمىڭ لەشكەرىمنىڭ ئىچىدە ئول گەۋھەرى ئېردى،
ئۇ شۇنداغ نازەنىن، ئول دىلبەرى ماھىمدىن ئايرىلدىم.

قەدىڭ سەرۋى خىرامانۇر، ئۆزۈڭ بىر دىلبەرى رەئنا،
يۈزۈڭنىڭ شۇئلەسى ئېردى جەھانغە تۇرفە بىر شاھا،
بۇ تەختىم ئىگەسى، باشىمدە تاجىم ئېردى ئول رەئنا،
كى يۈزمىڭ لەشكەرىم ئىچرە ئىدىڭ سەن گەۋھەرى يەكتا،
سېنىڭدەك نازەنىنى بىر شوخى ئەييارىمدىن ئايرىلدىم.

مەن ئەمدى نەقىلارمەن شەھرى ئېرەم تەختۇ تاجىنى،
بىر ئىقلىمدىن ئالار ئېردىم خەلايىق ئىچرە باجىنى،
فەلەك ئۇردى مېنىڭ يۈزۈمگە، نەيلەي، ئەمدى كاجىنى،
خۇدايا، سەن ئۆزۈڭ بەرگىل بۇ ئىشلارنىڭ رەۋاجىنى،
سېنىڭدەك دىلرەباۋۇ نازەنىن جانىمدىن ئايرىلدىم.

ئايا جانىم، نېتەرمەن باغ ئىلە بوستانلارىڭ قالدى،
گۇلىستانلار ئىچىدە كۆشەكۇ ئەيۋانلارىڭ قالدى،
سەيەسلەر قولىدە نەچچە ئەجايىپ ئانلارىڭ قالدى،
يەنە سەر ھەۋز ئىچىندە كۆشەكۇ ئەيۋانلارىڭ قالدى،
ئۆزى شېرىن، سۆزى شەككەر، سۇخەندانىمدىن ئايرىلدىم.

قالىپ تۆت يۈز كەنىزىڭ مۇندە باشىمغە بەلايى جان،
يەنە بۇ شەھرى ئېرەم خەلقى بارچە بولدىلار ھەيران،
كى بىر ئىقلىمدەكى لەشكەر بولۇپدۇر بارچە سەرگەردان،
سېنىڭ يولۇڭدە، ئەي جانىم، بولۇپدۇر كۆزلەرىم گىريان،
كى ئەمدى مەن سېنىڭدەك يارۇ دىلدارىمدىن ئايرىلدىم.

جىگەرىم، سەن مېنىڭ ئالدىمدە شەمئى ئەنۋەرىم ئېردىڭ،
ئاتامدىن يادىگار قالغان جىگەرىم، دىلبەرىم ئېردىڭ،
ئۇلارنىڭ يادىگارى زۇلمەت ئارا رەۋشەنىم ئېردىڭ،
لەبىم چاڭقاپ يارىلغاندا ئابۇ كەۋسەرىم ئېردىڭ،
سېنىڭدەك دىلبەرىم ھەم نازەنىن جانىمدىن ئايرىلدىم.

كى مەن ئۆلسەم بۇ تەختىم ئىگەسى ئېرمەسمۇدىڭ، جانىم،
كى يۈزمىڭ لەشكەرىمنىڭ ئىگەسى ئېرمەسمۇدىڭ، جانىم،



باشىم ئۆزرە بۇ تاجىم ئىگەسى ئېرمەسمۇدىڭ، جانىم،
يەنە ئالتۇن مۆھۈرنىڭ ئىگەسى ئېرمەسمۇدىڭ، جانىم،
بۇ تەختىم ئىگەسى، ئول ھەمدەمى جانىمدىن ئايرىلدىم.

ئەگەر ئۆلسەم يەنە بۇ تەختى جايىم كىملەرە قالغاي؟
بۇ ئېرەم شەھرىغە سەندىن بۆلەك كىم پادىشاھ بولغاي؟
بۇ فەرھاد ئاشىقىڭنىڭ باشىغە كىم سايەبان بولغاي؟
مۇنىڭدەك جەبرى چەككەنلەرغە كىملەر پاسىبان بولغاي؟
سېنىڭدەك مەھرەمى رازىم، گۇلىستانىمدىن ئايرىلدىم.

ئايا مەھزۇن، مۇنىڭدەك سۆز بىلە ئۇمرۇڭ ئەدا بولدى،
بۇ ياخشىلاردىن ئايرىلىپ، يۈرەك ـ باغرىمدە قان قالدى،
بۇ فانى دۇنيەدە قالمادى، باقىغە رەۋان بولدى،
كى ئون سەككىزمىڭ ئالەم ئۇشبۇ ئالەمدىن فەنا بولدى،
نېتەي، نەيلەي، جەھاندە بارچە خۇبانلاردىن ئايرىلدىم.

ئەلقىسسە، مېھنبانۇ يۇقىرىقى بېيىتنى ئوقۇپ، يىغا ـ زار قىلىشقا باشلىدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى ماتەمگە چۈشتى. بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى مەلىكە شېرىندىن ئاڭلايلى:

شېرىن شۇ ماڭغىنىچە قارا ئات بىلەن نەچچە كۈنلۈك يولنى باستى. ئاخىر بىر جايغا يېتىپ كەلدى. بۇ جايدا بوستانلار، گۈلىستانلار بار ئىدى. شېرىن چارچاپ قالغانلىقتىن، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى تال ـ تال يېيىلىپ، ئەتراپقا ئالتۇن چاچقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ سۇنىڭ يۈزىدە گوياكى بۇلۇت ئارىسىدىن ئايتاپ كۆرۈنگەندەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇ سۇدىن راھەتلەندى. شېرىن بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى پەرۋىزدىن ئاڭلايلى:

شاھزادە پەرۋىز قىرىق كۈنگىچە شاپۇرنىڭ يولىغا قارىدى، لېكىن شاپۇر كەلمىدى. ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ئاخىر ئۆزى يولغا چىقماقچى بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن باشتىن ـ ئاياغقىچە ياقۇت بىلەن بېزەلگەن كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ، ئېتىنىڭ ئېگەرلىرىنىمۇ ياقۇت بىلەن زىننەتلىدى، ئاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئېتىنى مىنىپ يولغا چىقتى. ئۇ كەپتەردەك پەرۋاز قىلىپ نەچچە كۈن، نەچچە سائەتلەپ يول يۈرۈپ، ئاخىر باغۇبوستانلىق، بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرغان بىر جايغا يېتىپ كەلدى، قارىسا، بىر قىز بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپ تۇراتتى. قىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى سۇدا يېيىلىپ تۇرغان، گوياكى بۇلاقتىن ئايتاپ چىققاندەك، جامالىدىن نۇر چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ بىر نازىنىن، دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى گۈزەل قىز ئىدى. شاھزادە پەرۋىز ئاتتىن چۈشۈپ، قورال ـ ياراغلىرىنى يەرگە قويۇپ، كۆڭلىدە: «مەن ئىزدەۋاتقان گۈزەل شۇ بولۇپ قالمىسۇن، ئەگەر ئالدىغا بارسام ھاياسىزلىق قىلغان بولۇپ قالماي، ئۇ قىزمۇ خىجالەتچىلىك تارتمىسۇن، سۇدىن چىققاندىن كېيىن سۆزلىشەي» دېگەنلەرنى ئويلاپ خىلۋەترەك بىر جايدا ئېتىغا يۆلىنىپ تۇردى ـ دە، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:



كويى نىگار يەڭلىغ باغى بەھار يوقتۇر،
ھەم سۇنبۇلى بىنەفشە چۇن زۇلفى يار يوقتۇر.
چۇن قامەتى بەلەندى يوق سەرۋى قەددى ئەرئەر،
كەيگەن لىباسى گۇلگۇن لالە ئۇزار يوقتۇر.
خۇرشىدۇ ماھى گەردۇن يوقتۇر يۈزىگە مانەند،
ئول نەۋئى باجەلالەت ھېچ تاجىدار يوقتۇر.
ئەي شوخى دىلرەبايى، خۇرشىدى دىل فەزايى،
ئاشىقلارىڭ سەفىدە مەندەك فىگار يوقتۇر.
ئايدىكى پىرى: نادان، بۇ ئىشنى تۇتما ئاسان،
بۇ ئالەم ئىچرە سەندەك بىر بىقەرار يوقتۇر.
ئەي شوخى دىل مىزاجىم، نەچۈك بولۇر ئىلاجىم،
ئايدىكى ئىيدى راھىم، غەيرى ۋىقار يوقتۇر،
ئەي ئاشىقى دىل ئەفگار، يولۇڭدە يىغلادىم زار.
ئىشق ئەھلىغە، ئا يايار، سەبرى - قەرار يوقتۇر.
كەلدىم سىېنى كۆرەي دەپ، بۇ يەرلەرە ئاختارىپ،
زار ئولغان ھەسرەتىڭدە مەندەك بىئار يوقتۇر.
ئەي ماھ روي كىمسەن، مىېنىڭ يارىمدۇرمۇسەن؟
سىېنىڭ ئۇچۇن ئۆرتەنگەن مەندەك فىگار يوقتۇر.
نەچە كۈندۇر يۈرۈپمەن، قانۇ زەرداب يۇتۇپمەن،
يولۇڭدە، ئەي نىگارىم، نامۇسۇ ئار يوقتۇر.
ئەي مەھزۇنا، سۆزلەگىل، سۆزۈڭدىن ئوت چىقارغىل،
غەددار بۇ دۇنيەدە سەندەك فىگار يوقتۇر.

ئەلقىسسە، مەلىكە شىرىن كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغانىدى، شاپۇر ئېيتىپ بەرگەن بەلگىدىكى بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇ پەرۋىزنى تونۇپ، ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى. شىرىن «ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسەم، ئۇ: مەن بىلەن سۆزلەشتى، باشقىلار بىلەنمۇ سۆزلەشكەندۇ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، كەينىمدىن ئىزدەپ بارار» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى - دە، دەرھال سۇدىن چىقىپ كىيىمىنى كىيدى. ئېتىغا مىنىپ، بىر قامچا ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە پەرۋىزنىڭ شەھىرىگە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

شاھزادە ھوشىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن، شىرىننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ھوشىغا كەلدى. بۇلاق بېشىدا قىزنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، نەگە بېرىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى، ئاخىر ئېرەم شەھىرىگە قايتتى.

ۋاقتىكى، شىرىن ئېرەم شەھىرىگە كېلىپ شاھزادە پەرۋىزنىڭ بېغىغا چۈشتى. باغدا شاھزادىنىڭ قىرىق كېنىزىكى بار ئىدى. ئۇلار شىرىننى كۆرۈپ، بېشىدىن تۇتۇن ئۆرلىدى. ئۇلار: بۇ قىز شاھزادىمىزگە ئاشىق بولۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، شىرىننى تۇتۇپ قالدى. ئېتىنى بىر جايغا يوشۇرۇپ قويدى. قىرىق كېنىزەك ھەر كۈنى بىر - بىرلەپ ئۇنى ئازابلايتتى. شىرىن كۆپ ئازاب تارتتى. ئۇ تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ يىغلىدى. «بۇ ئاشىق - مەشۇقلۇقنىڭ جاپاسى ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ، قايغۇ - ھەسرەت بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئول يار كەتتى مېنى ھەيران قىلىپ،
گىرىفتارى بۇ نەۋ ئىچرە ھىجران قىلىپ.
خۇمار ئىلە روز - شەب قان يىغلاتىپ،
فىراقىدە قۇمرىئى نالان ئېتىپ.
ئۇ ئىشق ئاتەشى باغرىمنى تىلىپ،
كۆكسۈمنى مەجرۇھ، سوزان قىلىپ.
كېلىپ مەن سىېنى ئاختارىپ، يارى جان،
ھەر سەھەرلەردە ئاھۇئەفغان ئېتىپ.
نە بولغاي دىلىمنى شاد قىلساڭ دەمى،
جەمالىڭ بىلە ماڭا ئېھسان ئېتىپ.
كىبرەك ئەمەسمۇ ساڭا سەۋابى ئەزىم،
كى بۇ مۇشكىلىمنى ئاسان ئېتىپ.
ئوشاتىپ شان ئىلە شەۋكەتىم،
مېنى دوست - دۇشمەنگە رەسۋا ئېتىپ.
نە قىلدىم، نە ئەتتىم، نە ئىشلار بۇدۇر،
جەھان خەيلىغە مېنى ئايان ئېتىپ.
قانى يارىم، قانى ھالىم، قانى قۇۋۋەتىم؟
يۈرەكىم ئەلەمدە گىريان ئېتىپ.
ئەزەلدىن، فەلەكدىن، مەلەكدىنمۇكىن؟
رەقىب قولىدە مېنى گىريان ئېتىپ.

ئەلقىسسە، شېرىن شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى شاھزادە پەرۋىزدىن ئاڭلايلى:

شاھزادە پەرۋىز دىلغا ئارام بەرگۈچى ئايىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ، زار ـ زار يىغلاپ تەڭرىگە مۇنداق مۇناجات قىلدى:

دوستلار، ھېچكىم مېنىڭدەك زارۇ ھەيران ئولماسۇن،
بىر پەرى سەۋداسىدە بىسەرۇ سامان ئولماسۇن.
دەم بەدەم يۇسۇف كەبى ھىجرانىدە كۆپ يىغلابان،
كۇلبەئى ئەھزان ئارا چۇن پىرى كەنئان ئولماسۇن.
ساز ئېتىپ شورى ئەلالا كوچەئى بازار ئارا
مەن كەبى سەرگەشتەئى رەسۋايى دەۋران ئولماسۇن.
خابگاھى دەۋزەخى بالىن ـ بىستەر ئاتەشىن،
شەربەتى زەھرىيۇ زەققۇم، تۇئمەسى قان ئولماسۇن.
نەيلەيىن، ئەي ھۇرنۇەش، سەنسىز جەھان ئىشرەتلەرىن،
سەن بولۇپ بۇ دەھر ھەرگىز راھەتى جان ئولماسۇن.
ۋەئدەئى دىيدار ئىلە ئىشق ئەھلى نەيرەڭ ئولماسۇن،
سەن كەبى مەككارەئى ۋەزئى پۇشەيمان ئولماسۇن.
رەمزەئى ئۇششاق ئارا مەن يەڭلىغ بىر زارۇ زەلىل،
خۇش گىرىفتارى غەنى زۇلفى پەرىشان ئولماسۇن.
بىر بۇتى نامېھرىبان بىزنى غەمىدىن مەن كەبى،
جىسمى بىمارى سەراسەر زەخمى پەيكان ئولماسۇن.
كۆزلەرىدىن تىنمايىن بىر سائەتى سىلابى ئەشك،
شەۋقى مەھزۇن مەن كەبى بۇ كۆڭلى ۋەيران ئولماسۇن.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرۋىز ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئېتىغا قامچا ئۇرغىنىچە ئېرەم شەھىرىگە كىردى. قارىسا، شەھەر غوۋغاغا تولۇپ، ھەممە كىشىلەر سەرگەردانلاردەك يۈرەتتى. بۇ جايدا بىر مەلىكە يوقىلىپ، كىشىلەر ئۇنى شەھەرمۇشەھەر ئىزدەپ يۈرۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار ھەيرانلىق ۋە ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئاھۇپىغان چېكىشەتتى. شاھزادە بىر كىشىدىن سورىدى:

— بۇ نېمە ئالامەت؟



— شەھىرىمىزدە شىرىن ئاتلىق بىر قىز بار ئىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ قارا ئېتىنى مىنىپ شىكارغا چىقىپ كەتكەنىدى. شىكار قىلىپ يۈرگىنىدە ئات ئېلىپ قاچقان ئىمىش. ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەر خەلقى غوۋغا قىلىشىۋاتىدۇ.

پەرۋىز ئەھۋالنى چۈشەندى. ئۇ بىر جايدا تۇراتتى، دەل شۇ چاغدا شاپۇرنىڭ سېپىسلار بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ شاپۇرغا غەزەپ كۆزى بىلەن قارىدى. شاپۇر كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. كەچتە شاھزادىنى ئىزدەپ كەلدى. لېكىن شاھزادە شاپۇرغا غەزەپلىنىپ:

— يالغانچى ئادەم ئىكەنسەن، مېنى شۇنچە سەرگەردان قىلىۋەتتىڭ، — دېدى.

— نېمانچە ئەخمەق شاھزادىسىز، مەلىكىنى سىزگە ئەۋەتىۋېتىپ، قىرىق كۈندىن بۇيان بىر ئىمقەلىمنى غوۋغاغا سېلىپ قويىدۇم. ئۆزۈممۇ بۇ مالامەتلەر ئىچىدە يۈرۈۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب قايتۇردى شاپۇر.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە يولدا كېلىۋېتىپ بوستانلىقتىكى بۇلاق بېشىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى شاپۇرغا سۆزلەپ بەردى. شاپۇر:

— ئۇنداق بولسا، مەلىكە ئۆتۈپ كېتىپ قاپتۇ. بىلمەي قاپسىز، — دېدى.

— بۇنىڭغا ئىلاج بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى شاھزادە. شاپۇر شاھزادىگە قاراپ:

— سىز مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا بېرىڭ. ئۇ سىزگە كۆپ مېھرىبانلىق قىلىدۇ. سىز شۇ يەردە تۇرۇڭ. قالغان ئىشنى كېيىن ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپ يولغا سالدى.

شاھزادە شاپۇرنىڭ سۆزى بويىچە مېھىنبانۇنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى. مېھىنبانۇ ۋەزىرلىرىگە قاراپ:

— شۇنداق ئالىي سۈپەت بىلەن يەنە مېنىڭ خىزمىتىمگە كەپتۇ، — دېدى. ۋەزىرلەر مېھىنبانۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن مۇنداق دېدى:

— ئەي شاھىم، بۇ يىگىت شاھزادە بولۇشى ئېھتىمال، چۈنكى گۈزەللىكتە شىرىنىنىڭ نامى جاھانغا پۇر كەتكەن، بۇ شاھزادىمۇ شىرىنىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بەلكى بۇ بىرەر شەھەرنىڭ ئەركىن ئۆسكەن ئارزۇلۇق يىگىتلىرىدىن بىرىدۇر. بەلكىم، بۇ يىگىتمۇ بىرەر ئىقلىمغا ئوت چېچىپ كەلگەندۇر. شۇڭا ئۇنى بىرقانچە ۋاقىت تۇتۇپ قالساق، شىرىنمۇ بىرەر جايدىن تېپىلىپ قايتىپ كېلەر.

ۋەزىرلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى مېھىنبانۇغا مۇۋاپىق تۇيۇلدى:

— ئېيتقىنىڭلاردەك، ئۇ شىرىن ئۈچۈن دىيارىمىزغا كەلگەن بولسا، شىرىنىنىڭ مېھمانخانىسىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى مېھىنبانۇ.

ۋەزىرلەر پەرۋىزنى شىرىنىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلدى. شاھزادە پەرۋىز ئاھ تارتىپ نالە - زار قىلدى. ئۇ يىغلاپ ئولتۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

فۇرقەتىڭدە، ئەي نىگارا، جىسمۇ جانىم ئۆرتەنۇر،
سەبزەلەر ئاتەش بولۇپ، خاكىستەرىم ھەم ئۆرتەنۇر.
جان نە بولغاي، بەلكى بىدادى نىھانىم ئۆرتەنۇر.
گەردى بادى بىنەۋادەك سائەتى تاپمام قەرار،
ھەر سەھەر ئەفغان چېكەر بولسام فىراقىڭ دەردىدىن،
نەيلەيىن جان ئارا جىسمى ناتەۋانىم ئۆرتەنۇر.
دىل نە بولغاي، تەندە مەغزى ئۇستىخانىم ئۆرتەنۇر.
شەمئى رۇخسارىڭ فىراقىدە، ئايا شىرىن سۇخەن،
سەنسىزىن باقسام، ئايا، يارىم، گۈلىستانلار ئارا،
چۈن پەرى پەرۋانە جىسمىم ئىچرە جانىم ئۆرتەنۇر.

لالەدىن سوردۇم: «نېدۇر دەشت ئۈزرە بۇ باغىڭدە داغ»
ئايدى: «جىسمىم ئىشق ئوتىدە كۆيدى، جانىم ئۆرتەنۇر»
ساقىيا، مەھزۇننى سەن قىلمە شىكايەتدىن شېرىن،
ئەيلەبان مىڭ شىۋە، خەللاقى جەھانىم، ئۆرتەنۇر.

ئەلقىسسە، شاھزادە بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ، زار ـ زار يىغلاپ، كۆزىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكتى. شاپۇر بۇنى كۆرۈپ، شاھزادە پەرۋىزگە نەسىھەت قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئىشق دەئۋا ئەيلەگەنلەرنىڭ دىلى پۇرخۇن ئېرۇر،
رەڭگى زەئفەر ئاھى سەرسەر، كۆز ياشى جەيھۇن ئېرۇر،
لەۋھى دىلنى پاك ئېتىپ، نەقشى سەۋادىن جۇز ئەلف،
كوھ ئارا فەرھادنى كۆر، يار ئىشقىدىن مەجنۇن ئېرۇر.
گەر ئاڭا بولسە مۇيەسسەر دۇر داغى دىدارى يار،
بولماغاي خۇشنۇد ئەگەرچە جەننەتۇل ـ مەئۋا ئېرۇر.
ئەي بەرادەر، گەر تىلەر بولساڭ نىشانى ئىشقدىن،
سىنە پۇر ئاتەش، ئىكى كۆزلەرى كۆپ پۇر خۇن ئېرۇر.
بولماغاي خۇش ئولكى سەبزە لالەئى باغچەمەن
بەلكى غەم ئۈزرە غەمى، دەرد ئۈزرە دەرد ئەفزۇن ئېرۇر.
بۇلھەۋەسلىك بىرلە ئېرمەسدۇر مۇيەسسەر بولسە يار،
تا جۇدا بولماي بۇ جان، ئاندىن قاچان مەجنۇن ئېرۇر.
ھەر كىشىدە ئىشق يوقتۇر، فەرقى يوق ھايۋاندىن،
بەلكى ئول فەسلى بەھارىم خەيلىدىن ھەم دۇن ئېرۇر.
نە دېدىم، ئەي سامىئا، پەندىمگە كىرسەڭ سەن ئەگەر،
غافىل ئولسە ئىشق ئەتۋارىدە بۇ قانۇن ئېرۇر.
ساقىيا، كۆپ سۆزلەمە، مەھزۇن ئۆزى دىلخەستەدۇر،
ئىشق ئېلى بىر ھەرفىدىن ئەھۋالى دىگەرگۇن ئېرۇر.

ئەلقىسسە، شاپۇر شاھزادە پەرۋىزگە:

— ئەي شاھزادە، قايغۇرما، مەن سېنىڭ دىيارىڭغا باراي، ئىنشائاللا مۇرادىڭغا يېتىسەن، — دېدى.

شاپۇر ھىيلە ـ تەدبىر ئىشلىتىپ يولغا راۋان بولدى. كۈنلەپ ـ سائەتلەپ يول يۈرۈپ، پەرۋىزنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى ۋە پەرۋىزنىڭ بېغىغا چۈشتى. شاپۇر كېنىزەكلەرگە:

— سىلەر باغدىكى بۇ سارايدىن چىقىپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ بۇ يەردە ئىشىم بار، — دېدى.

كېنىزەكلەر باغقا چىقىپ كېتىشتى.

شاپۇر دەرھال سارايىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئاخىر شېرىننى بىر چوڭقۇر زىنداندىن تاپتى. شېرىن شاپۇرنى كۆرۈپ كۆپ خۇشال بولدى، ئاندىن كېيىن شاپۇر مەلىكە شېرىننى پەرۋىزنىڭ خەزىنىسىگە باشلاپ كىرىپ تاماشا قىلدۇردى. ئۇنىڭغا خىلمۇخىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدۈردى ۋە ئۇنىڭغا:

— سىزنى ئاشىقىڭىز ئېرەم شەھىرىگە ئىزدەپ بېرىپ خانىڭىزدا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. كۆزى يولىڭىزغا ئىنتىزار، پىراقىڭىزنىڭ ئوتىدا يانغان جېنىنى يولىڭىزغا نىسار قىلىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى ۋە پەرۋىزدىن نىشانە سۆزلەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

باردى ئالدىڭغا ئۇ كۈن ھورمۇز شاھ ئەرزەندەسى،
ئول بولۇپتۇر سەن كەبى شېرىن دىلجۇ بەندەسى،
ئاھ ئوتى، ھىجران غەمى، ھەسرەت ئانىڭ سەرمايەسى،
تۇتقان ئېردى تۆرت ئىقلىمنى ئانىڭ ئاۋازەسى،
ئول بولۇپتۇر سەن كەبى دىلبەرنىڭىم ئەۋۋارەسى.
باربان كۆرسەڭ ئانىڭىم، بىر يىگىت كۆرمەگى بار،
تونى لەئلى، لەئلىدىنكىم باشى ئۈزرە تاجى بار،
لەئلىدىن كەش ئاياغىدە، لەئلىدىن قامچاسى بار،
ئولتۇپدۇر گويا ئېرەم شەھرىدە ئول شەھسەۋار،
ئول بولۇپتۇر سەن كەبى شېرىن زەبانىنىڭ بەندەسى.

ئۇل شەھى شەھزادەدۇر باغرى بولۇپتۇر چاك ـ چاك،
سەن كەبى گۇلرۇخ ئۈچۈن يولۇڭدە بولدى دەرد ناك،
ئۆزى ئېرۇر بارچە شاھ، شاھزادەلەردىن خۇبراق،
گويىيا يولۇڭدە بولدى قامەتى خەم زەھرناك،
ئۇلتۇرۇپدۇر ئۇل يىگىت سەندەك پەرىنىڭ بەندەسى.

سەن گۇلىكىم، بۇلبۇلۇڭ بولسە ياراشۇر، ئەي سەنەم،
ئاشىقۇمەئشۇق ئىكەۋ بولساڭ ياراشۇر، ئەي سەنەم،
بىر ـ بىرىڭغە رازى دىل ئېيتساڭ ياراشۇر، ئەي سەنەم،
بىر ـ بىرىڭغە ھەم ۋەفا قىلساڭ ياراشۇر، ئەي سەنەم،
ئۇل يىگىت بولغان سېنىڭدەك ماھنىڭ پەرۋانەسى.

ئەي پەرى، ئۇل ساڭا لايىق، سەن ئاڭا لايىقدۇرسەن،
ئىككىڭىز بىر ـ بىرىگە لايىق، تۇرفە بىر ـ بىر ئاتەسەن.
سەن بۇگۇن يا تاڭلا كۇن ئالدىغە ئانىڭ بارەسەن،
ياخشى ئىززەتلەر قىلىپ ئانى مېھمان قىلاسەن،
ئۇل يىگىت بولغان سېنىڭدەك ماھنىڭ پەرۋانەسى.

ئەمدى، مەھزۇن، سۆزلەگىل خوبلار سۆزى ھېچ قالماسۇن،
ئۇل پەرىلەردىن سېنىڭ كۇنىڭدە ئەرمان قالماسۇن،
ئايتىپ ـ ئايتىپ ئۆتەسەن، تۆك كۆز ياشىڭ ھېچ قالماسۇن،
بۇ كىتابىمنى ئوقۇغان كۆڭلىدە غەش قالماسۇن.
ئۇل شەھى شەھزادە بولمىش، سەن پەرى ئاۋارەسى.

ئەلقىسسە، شېرىن كۆپ خۇشال بولدى. ئىككىيلەن قارا ئاتنى مىنىپ يولغا چىقتى. بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، ئېرەم شەھىرىگە يېتىپ باردى. شەھەر سىرتىدا بۇلاق سۈيىگە چۈشۈپ تاھارەت ئالدى، ئاندىن كېيىن ئۆزىنى زىننەتلەپ ئاتقا مىندى ـ دە، شەھەرگە كىردى. ئۇنىڭ شەھەرگە كىرىشى گوياكى ئېرەم شەھىرىدە ئاپتاپ چىققاندەك بولدى. بۇ چاغدا مېھىنبانۇ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى. تۇيۇقسىز كۆڭۈلگە تەسەللى بەرگۈچى شېرىننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، تەختتىن چۈشتى. شېرىنمۇ ئۆزىنى ئاتتىن تاشلاپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ مېھىنبانۇنى قۇچاقلىدى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ خۇشاللىققا چۆمۈلدى. مېھىنبانۇ شېرىنغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:



شۈكرى لىللاھ، كەلدىڭىز بۈل دەم كۆزۈمنىڭ قارەسى،
ئۆرگىلەي باشىڭدىن، ئەي مەھ، يۈرەكىم سەد پارەسى،
شەھرى ئىرەم ئىچرە يەكتا گەۋھەرى ئەللامەسى،
قايدە كەتتىڭ، ئەي مەھىم، ھەم تەختۇتاجىم ئىگەسى،
بىر نەچە ئەرزەندە شەھزادە چىر ايىڭ بەندەسى.

يوقاتىپ سىزنى نەچە كۈن، بولدى باغرىم تولا خۇن،
مۇنچە لەشكەر، مۇنچە ئەسكەر باشى بولدى سەرنىگۈن،
ھەسرەتىڭدە قالمادى كۆڭلۈم ئاراسىندە پۈتۈن،
قالمادى تاقەت ماڭا بولدىكى ياشىم لالەگۈن،
بولدىلار شەھرى ئىرەمدە سەن پەرى دىۋانەسى.

بىر نەچە شەھزادەلەر بولدى بۇ يەردە خارۇ زار،
ھەسرەتىڭدە زار يىغلاپ ئولتۇرۇرلار بىقەرار،
سەن كەبى دىلبەر ئۈچۈن باغرىدە ئانىڭ داغى بار،
مىسلى قەقنۇسدەك ئانىڭ جانىدە ئوت گۈلزارى بار،
ئول كەبى شەھزادە سەندەك مەھلىقانىڭ بەندەسى.

شاھدۇر، شەھزادەدۇر، ئىشق ئوتىدە يانغان ئىكەن،
سۈرەتىڭغە قاي كۈنى شەھلا كۆزى تۈشكەن ئىكەن،
ھەسرەتىڭدە مىسلى بۇلبۇل بىنەۋا بولغان ئىكەن،
مەستى مۇستەغرەق بولۇپ ئەقلى ـ ھوشى ئۇچقان ئىكەن،
ئول كەبى مەھپارە سەندەك دىلرەبانىڭ بەندەسى.

قامەتى يايدەك ئىگىلمىشكىم ئوشۇل جانانەنىڭ،
كۆزى ياشى قان بولمىش سەرۋى رەۋان ئازادەنىڭ،
ھالىغە قان يىغلادىمكىم، يۈرەكى سەد پارەنىڭ،
يولۇڭە سەد جان فىدا قىلمىش، بىل، ئول پەرۋانەنىڭ،
بىر نەچە شەھزادەلەر بۇ يەرنىكىم زى بەندەسى.

ئەي بالام، ھەجرىڭدە تاش كەسمەككە فەرھاد مۇبتەلا،
ئىشق ئوتىغە ئۆرتەنىپ يانغايكى بۇلبۇل بىنەۋا،
مەستى مۇستەغرەق بولۇپ، يولۇڭدە بولدى بىر گەدا،
تۈن ـ سەھەرلەر ياتماغاي ئەيلەپ خۇداغە ئاھۇ ۋاھ،
ئول كەبى شەھزادەلەر بولمىش بۇ دەرد ئەۋۋارەسى.

سۆزلە شىرىن سۆزلەرىن، مەھزۇن، مىسالى بۇلبۇلى،
شىرىن ئىردى گۈيياكى شەھرى ئىرەم سۈنبۈلى،
شاھى ئىرەم ھەم گۈلىستانىن چەمەنى بىر گۈلى،
مەھزۇنى ئەفگار بولدىلاركى سۆزلەر سەيقەلى،
بولدىلار نەچچە رەسالار بۇ شىرىنىنىڭ بەندەسى.



ئەلقىسسە، بۇ بېيتلارنى ئوقۇپ خۇشاللىقتا چۆمگەن مېهىنبانۇ شېرىنىنىڭ تېپىلىش شەرىپىگە قىرىق كۈن توي ـ تاماشا قىلىپ بەردى.

ۋاقتىكى، شاهزادە پەرۋىز شېرىنىنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولدى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلىشەلمىسىمۇ، لېكىن قاش ـ كۆزلىرىنى ئەلچى قىلىپ سۆزلىشەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، بىر يەردە بىللە ئولتۇرۇپ سۆهبەتلىشىش، بىر پىيالە شاراب ئىچىشكە پۇرسەت تاپالمىدى.

ئەلقىسسە، كۈنلەردىن بىر كۈنى شېرىن مېهىنبانۇغا مۇنداق دېدى:

ـــ ئەي بۇزرۇكۋارىم، بۇ شاهزادە ناهايىتى يىراق يەردىن بىزگە مېهمان بولۇپ كەپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئىززىتىنى بەجا كەلتۈرۈشىمىز، ياخشى مىهمان قىلىشىمىز، شىكار ۋە دەشت ـ سەهرالاردا تاماشا قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ـــ ئەي كۆز نۇرۇم بولغان پەرزەنتىم، ـــ دېدى مېهىنبانۇ، ـــ سىز تېخى بىر قىز، بىزگە هايا لازىم. ئۇ شاهزادە سىزگە ئاشىق بولۇپ كەپتۇ. يىگىتلەر نېمە قىلسا ئانچىمۇ ئەيىب هېسابلانمايدۇ، ئەمما قىزلارغا ئەيىب سانىلىدۇ. شۇنچە لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىڭىزنى مالامەتكە يېقىنلاشتۇرۇپ قويماڭ. كىشىلەر سىزنى ئەيىبلەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدۇ. سىز ئاددىي كىشى ئەمەس، بەلكى بىر مەلىكە. ئۆزىڭىزگە هېزى بولۇڭ. مېنىڭ بېشىمغىمۇ مالامەت ياغدۇرماڭ.

ـــ ئەي كەبەگاهى، ئەلهەمدۇلىللاه، ئەقلىم ئۆزۈم بىلەن بىللەدۇر. مەن سىزدەك بىر شاهنىڭ جانجىگەر پەرزەنتىمەن، مەندىن قىلچە ئەيىبلىك ئىش سادىر بولمايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى مېهماندارچىلىقتۇر. مېهماندارچىلىق بىزنىڭ سەلتەنەتلىك شاهلىقىمىز ۋە دۆلەت ئاساسىمىزغا مۇۋاپىق. شاهلار ئارا بېرىش ـ كېلىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش دوستلۇقنىڭ بەلگىسى، پادشاهلىقنىڭ زىننىتى هەم شەۋكىتى. ئەلۋەتتە قۇرمىساقلاردەك ئولتۇرغىلى بولماس، ـــ دېدى مەلىكە شېرىن. مېهىنبانۇ شېرىننىڭ سۆزىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، شاهزادە پەرۋىزنى مىهمان قىلدى.

ئۇشبۇ دۇنيا زىننىتى ئېرمىشكى مىهماندارلىق،
هەم خۇدانىڭ رەهمەتى ئېرمىشكى مىهماندارلىق،
باز جانىنىڭ راهەتى ئېرمىشكى مىهماندارلىق،
دەۋرۇ دەۋران هۆرمەتى ئېرمىشكى مىهماندارلىق،
بۇل جەهاننىڭ خۇشلۇقى ئېرمىشكى مىهماندارلىق.

مىهمانغە لازىم ئېرمىش خانەئى نەقشىنلەر،
هەم يەنە زەررىن گىلەمۇ تەھ ـ بەتەھ كىمخابلار،
هەم يەنە تۈرلۈك تەئامۇ قەند قۇرسى قەنچىلەر،
دۇنيانىڭ هەم هۆرمەتى هەم زىننەتىدۇر گەنجلەر،
بۇ جەهاننىڭ گۈلشەنى ئابادى مىهماندارلىق.

مېهمان كەلگەن يەرە ياغمىش ئېرۇر هەق رەهمەتى،
كۆتەرىلگەي ئول زەمانكىم ئانى مىهنەت ئافەتى،
كۆرگۈسى مىهمان چاقىرغان تاڭلا مەهشەر راهەتى،
كۆرمەگەي ئول بەندە هەرگىز بۇ جەهاندە كۈلفەتى،
بۇ جەهان خۇرسەندلىكى ئېرمىشكى مىهماندارلىق.

مىهمان كەلسە كېرەكدۇر ئىززەتۇ ئىكراملار،
ئەيش ئىلە ئىشرەت بىلە تۆر تۇتۇپ ئادابلار،
هەم ئويۇن هەنگامەئى مەي شىشەئى مەي شادلار،
ئويناسە بەزمى تەرەب ئەيلەپ نەچە ئازادەلەر،
ئۇشبۇ ئالەم شادماندۇركى مىهماندارلىق.

هەركىمى مىهمان چاقىرسە كۆڭلى رەۋشەن بولغۇسى،
باز بارسە تار لەهەتكە گورى رەۋشەن بولغۇسى،
مىهمان كەلگەن يېرى ئەلبەتتە گۈلشەن بولغۇسى،
مىهماننىڭ هۆرمەتىدىن خەتتى ئازاد بولغۇسى،
بۇ جەهانۇ ئول جەهان ئابادى مىهماندارلىق.

ئول خۇدا ئۇلۇغ ياراتتى مىهماننى دۇنيەدە،
ئول تۇفەيلى رەهمەت ئەتكەي مىزباننى دۇنيەدە،
مىهمان قىلغان كىشى بولغاي خۇدانىڭ ئەمرىدە،
مىهماننىڭ ئەجرىنى كۆرگەي بەقانىڭ ئۆيىدە،
ئۇشبۇ ئالەم شادماندۇركى مىهماندارلىق.

ھەركىمى مېھمان سۆيەر ئاسان بولۇر جان بەرمەكى،
ھەم يەنە ئاسان بولۇر شەيتان بىلە جەڭ قىلماقى،
ھەم گۇلىستانى ئېرەم بولغاي لەھەدكە كىرمەكى،
مەھزۇنى ئەفگار كۆپ كۆردىكى مېھماندارلىق،
ئىككى ئالەم ئابرويىدۇركى مېھماندارلىق.

ئەلقىسسە، شېرىن مېھىنبانۇغا شاھزادە پەرۋىز توغرۇلۇق كۆپ سۆزلىدى. مېھىنبانۇمۇ شېرىنگە بىرنەچچە قېتىم نەسىھەت قىلىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي بالام، سەن ھەزل بىلمە، ئىشقبازلىق كۆپ قىيىن،
ئەي بالام، سەن ھەزل بىلمە، دەمسازلىق كۆپ قىيىن،
ئەي بالام، سەن ھەزل بىلمە، رۇھبازلىق كۆپ قىيىن،
ئىشق ئارا ئۆرتەنسە جانىم، تاقەت ئەتمەك كۆپ قىيىن،
بۇ جەھاندا ھەممەدىن يەتمەك ۋىسالغا، بەك قىيىن.

ئىشقبازى ئەيلەمەك ــــ ئەجدەر بىلە جەڭ ئەيلەمەك،
مەردى مەيدان، دەۋران بىرلە مۇلاقات ئەيلەمەك،
ئۆرتەنىپ ئىشق ئوتىغە بىردەم فەراغەت ئەيلەمەك،
ئاشىقى خەستە كۆڭۈلنى شادە خۇرەم ئەيلەمەك،
ئىشق ئارا تۇشكەنگە، جانىم، سەبر قىلماق كۆپ قىيىن.

ھەر كىشىدە ئىشق بولسە لەشكەرى ھەسرەت بولۇر،
ئورداسى ئېرمەس مەلامەت سەلتەنەسى غەم بولۇر،
باغۇ راغى، گۇلشەنۇ، خابگاھىكىم فۇرقەت ئېرۇر،
ئۆزنى بىلمەي يۈرگەن ئەلگە ئۇشبۇ ئىش مىھنەت ئېرۇر،
ئىشق ئارا تۇشكەنگە، جانىم، سەبر قىلماق كۆپ قىيىن.

شەھزادە يات يىگىتتۇر، سەن ئۆزۈڭ ئالدۇرماغىل،
مۇنچە لەشكەر ئاراسىدە، سەن ئۆزۈڭ سۆز قىلماغىل،
ئەي پەرى رويۇم بالام، ئۆزنى مەلامەت قىلماغىل،
پادىشاھلىقدە مېنى ھەم بىر سەرى قان ئەتمەگىل،
ئىشق ئارا تۇشكەنگە، جانىم، سەبر قىلماق كۆپ قىيىن.

ئىشق غالىبلىق قىلىپ كەلمىش ئۇشۇل شەھزادەئى،
ھەسرەتىڭدە ئۆرتەنىپ جانىم ئانى فەرزانەئى،
بىرسى تاغنى كېسەردۇر، بولۇبان دىۋانەئى،
بولدىلار بۇ يولدە نەچچە ياخشىلار ئەفسانەئى،
ئىشق ئارا تۇشكەنگە، جانىم، سەبر قىلماق كۆپ قىيىن.



ئىشق ئوتى، ئەي نۇرى دىيدەم، دەۋزەخ ئوتىن ئۈچۈرۈر،
ھەركىمى بۇ يولغە تۇشسە تاج ـ تەختىدىن كۆچۈرۈر،
ئۇشبۇ يولدە نەچچە سۇلتانلار جەھان ئەۋۋارەدۇر،
تاجۇ تەختىن ئايرىلىپ مەقامى پەست پەگادەدرۇ،
ئىشق ئارا تۇشكەنگە، جانىم، تاقەت ئەتمەك كۆپ قىيىن.

ئوينىغىل زىنھار ـ زىنھار شاھغە كۆز ئاچماغىل،
كىم مۇبادا كۆزنى ئەلچى ئەيلەبان قاش قاقماغىل،
بۇ مەلامەتنى، بالام، ئەسلا باشىڭغە ئالماغىل،
يۇرت ـ ئالەم ئىچرە سەن تەئنە سۆزىغە قالماغىل،
ئانداغىن ئىشق ئوتىغە ھەم تاقەت ئەتمەك كۆپ قىيىن.

سەن ئۆزۈڭ شەھزادە سەن، شەھزادەگە لايىق قىل ئىش،
باقماغىل كۆز ئۇچىدىن ئەمما ئۆزىغە قىل رەۋىش،
كىم ساڭا ھەم تەگسە ئىشقىدىن چۇنان قىلمە خۇرىش،
جۇملە ئالەم ساڭا ئەيلەرلەر تۇمەنمىڭ سەرزەنىش،
ئىشق ئوتى دىگەنگە، جانىم، سەبر قىلماق كۆپ قىيىن.

سەن بىلە سۆزلەمەگەن ئىشق ئېلىدىن كۆز قالدىمۇ؟
ئىشق ئوتى تەگكەنگە، جانىم، تاقەت ئەتمەك كۆپ قىيىن.

ئەلقىسسە، مېھىنبانۇ رۇخسەت قىلدى، ئاندىن مەلىكە شېرىن لەشكەرلىرىگە ئەمر قىلىپ دېدى:
— بۈگۈن مۇساپىر شاھزادىنى پالانى باغقا چاقىرىمىز.
مەلىكىنىڭ ئەمرى بويىچە لەشكەرلەر ۋە مەھرەملەر باغ بەزمىسىگە جىددىي تۇتۇش قىلدى. باغنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىنى تەييارلىدى. شۇ كۈنى ئېرەم شەھرىدىكى سازەندە قىز ـ چوكانلار، گۈزەل ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەممىسىنى ھازىرلىدى. ئۇلار شۇنداق داغدۇغا بىلەن باغ سەيلىسىگە راۋان بولدى. باغقا كىرىپ بىرقانچە كۈن بەزمە تۈزدى. قەدەھلەردە شارابلار تارتىلدى. شۇ تەرىقىدە ئويۇنغا چۈشتى. بەزمە ئەھلى كەيپ بولۇشقا باشلىغاندا، شاھزادە پەرۋىز شېرىن بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ شېرىنگە ئاستا بىر سۆز تاشلىدى. شېرىن دەرھال پەردە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شاھزادىنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچتى. ئۇ ھەيران بولۇپ، شېرىننىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ قالدى. باشقا چارىمۇ تاپالمىدى.
ئەتىسى شېرىننىڭ پەرمانى بىلەن سازەندىلەر سازلىرىنى تەڭشەپ، نەغمە ئاۋازىنى پەلەككە يەتكۈزدى. يەنە ئويۇن باشلاندى. شۇ تەرزدە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئوينىدى.
بەزمە ئاخىرلىشىپ، شاھزادە بىلەن شېرىن مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. مېھىنبانۇ شېرىن بىلەن شاھزادىگە كۆپتىن ـ كۆپ مېھرىبانلىق يەتكۈزۈپ، خىلمۇخىل تونلارنى تەقدىم قىلدى. ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى.
ئەلقىسسە، كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى شېرىن مېھىنبانۇ بىلەن سۆزلەشتى:
— ئەي قىبلىگاھىم، مەن سەھراغا چىقىپ تاماشا قىلىپ كەلسەم.
— شاھزادىمۇ بارامدۇ؟
— بۇنى ئۆزىڭىز بىلىڭ.
— ئېلىپ بارغىن، يالغۇز زېرىكىپ قالمىسۇن.
بۇنى ئاڭلاپ شېرىن خۇشال بولدى ۋە مەھرەملەرگە كىشى ئەۋەتتى. ئۇ كىشى مەھرەملەرگە:
— بۈگۈن مەلىكەم سەھراغا تاماشاغا چىقماقچى، سىلەرمۇ بېرىڭلار، — دەپ شېرىننىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى.
شېرىن شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھۆرمەت بىلەن دېدى:
— ئەي شاھزادە، سىزمۇ بېرىڭ.
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دىلى ئېزىلگەن شاھزادىنىڭ پىراق ئوتى قايتىۋاشتىن يالقۇنلىنىپ ئاھ تارتتى. دەرھال مەلىكە بىلەن ئاتلىنىپ، سەھراغا چىقىشقا تەييارلاندى. سازەندىلەر، سۆزمەنلەر ۋە قىزىقچىلارنى

توپلاپ سەھراغا راۋان بولدى. سەھرادا بىرقانچە كۈن ئويۇن تۈزدى. ئوينىمىغان ئويۇنمۇ قالمىدى. شاھزادە بىلەن شېرىن «دەستە ـ توپ» ئوينىدى. بۇ جەرياندا شېرىن شاھزادىگە مۇتلەق ئىلتىپات قىلمىدى. شاھزادە كۆپ تاقەتسىزلىنەتتى، لېكىن شاپۇر يىراقتىن كۆز ئىشارىتى بىلەن ئۇنى جىمىلەيتتى. ئۇلار كېچىسى بەزمە تۈزۈپ، كۈندۈزى «دەستە ـ توپ» ئوينايتتى. بىر كۈنى شاھزادە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مەلىكىگە سۆز تاشلىدى، مەلىكە جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

شاھزادە:
سادىغاڭ بولاي، گۈزەل يارىم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
سۇ بولۇپ ئاقتى جىگەرىم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
يادەك ئېگىلدى بۇ قەددىم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
زەرداب بولدى يۈرەك ـ باغرىم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
ئۆلەرگە يەتتى بۇ جانىم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
شېرىن:
قۇربان بولايىن، يارىم، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
مەن ئۈچۈن كەلگەن، شەھبازىم، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
كۆككە يېتەر مېنىڭ ئاھىم، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
بولدى قان ھەم كۆزدە ياشىم، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
قانداق قىلاي، ئەي شاھزادەم، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر.
شاھزادە:
شەھزاد ئايدى: قان يىغلادىم، يادەك يولۇڭدە ئېگىلدىم،
دەۋام يولۇڭدە تەرمۇلدۇم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
قىزىلگۈل ئېردىم، سولدۇم، ساماندەك سارغىيىپ قالدىم،
ئىشىكىڭدە گەدا بولدۇم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
چىقارغا يەتتى بۇ جانىم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
شېرىن :
پەرۋانە بولساڭ يانۇرسەن شۇ ئەلفازدە كۈن كۆرەرسەن،
شۇڭا ھەم شۇكر ئەيلەرسەن سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
قىزىلگۈل بولساڭ سولارسەن، ئەندەلىبدەك زار ئولارسەن،
ھەجرىمدە نېلەر كۆرەرسەن، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
قانداق قىلاي، ھەي شاھزادە، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر.
شاھزادە:
شەھزادە ئېردۇم، قۇل بولدۇم تاج ـ تەختىمدىن ئايرىلدىم،
ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلدىم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
ئولكان لەشكەردىن ئايرىلدىم، غېرىب بولۇپ مۇندا كەلدىم،
چوخ مىھنەتلەر مۇندە كۆردۇم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
جانىم چىقار ۋەقتى بولدى، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟

شېرىن:
شاھزادە بولساڭ نە ئىشىم بار، سېنىڭدەك نەچچە ئاشىقىم بار،
ياتۇر يولۇمدە خارە ـ زار، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر،
مەن يۈرەرمەن ئۆز ئېلىمدە، ھۆكۈمەتىم ئۆز قولۇمدە،
ئېتىبارىم بار سۆزۈمدە، سىزگە باقار فۇرسەت يوقتۇر.
شاھزادە:
شەھزاد ئايدى: بىر سېنى دەپ، ئەل ـ خەلقىمدىن ئايرىلىپ،
قالدىم بۇ يولدە سارغىيىپ، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
ئىشقىڭدە تاكى كۆيەرمەن ھىجرىڭدە ئۆرتەنەرمەن،
مۇنداق كۈنلەر مەن كۆرەرمەن، نېچۈن بىزگە قارامايسەن؟
چىقارغە يەتتى بۇ جانىم، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
شېرىن:
ئەي شاھزادە، چاقىردىممۇ، بۇنداغچە بولغۇن دېدىممۇ؟
بىئابروي يۈرگىن دېدىممۇ، باقارغە فۇرسەتىم يوقتۇر،
ئۆزۈڭ گەدا قىل دېدىممۇ، باقارغە فۇرسەتىم يوقتۇر،
كىمەرسە سايە بول دېدى، باقارغە فۇرسەتىم يوقتۇر،
ئەي شاھزادە، كۆپ سۆزلەمەڭ، باقارغە فۇرسەتىم يوقتۇر.
شاھزادە:
سېنى دېدىم، بولدۇم ھەيران، چۆللەردە بولدۇم سەرگەردان،
كۆز ياشىم بولدى قاراقان، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
يۈرەك باغرىم ئېزىلدى، كۆزدە ياشىم قانغا تولدى،
جىسمىمدە جانىم ئۆرتەندى، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
گۈلگە تەشنا بۇلبۇلۇڭمەن، نېچۈن ماڭا قارامايسەن؟
شېرىن:
شاھزادە سەن، لەشكەرلەرىڭ يوق، لەشكەر ئارا ھۆكۈمەتىڭ يوق،
يانىڭدە خۇش ۋەزىرىڭ يوق، بىر قارارغە فۇرسەتىم يوق،
زەر كەمەرلى مەھرەملەر يوق، بىر قارارغە فۇرسەتىم يوق،
ئەي شاھزادە، كۈلۈپ سۆزلەرسىز، سىزگە سۆزلەر سۆزۈم يوق.
مەن نە قىلاي، ئەي شاھزادە، سىزگە قارارغە فۇرسەتىم يوق.

36

شاھزادە:

شاھزادە دەر: ئەي نازاكەت، قالمادى مەندە ھېچ تاقەت،
جانىمدە يوقتۇر فەراغەت، نېچۈن ماڭا قاراميسەن؟
ئەي ئېرەم شەھرىن چەمەنى، گۈلىستانىن گۈلشەنى،
ھۆسن باغىنىنىڭ خىرمەنى، نېچۈن ماڭا قاراميسەن؟
جانىم چىقارغە يېتىپدۇر نېچۈن ماڭا قاراميسەن؟

شېرىن:

ئەي شاھى ھورمۇز نىھالى، ئۆز شەھرىنىڭ بەدىئۇلجامالى،
سۆزلەيسەن نەچچە سۇئالى، جاۋاب بېرۇر فۇرسەت يوقتۇر.
شەھزادەئى سەرۋى رەۋان، بىھۇدە سۆزلەر كۆپ ھەمان،
پادىشاھلىقدە ئەنجامىڭ يوق، خۇش ياراغۇ جابدۇق ھامان،
كۆپ سۆزلـەمەڭ، ئارامى جان، جاۋاب بېرۇر فـۇرسەت يوقتۇر.

ئەلقىسسە، شاھزادە ئېرەم شەھرىدە تۆت يىل تۇردى. قانچە كۈنلەر ئويۇن - بەزمىلەر بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى شېرىن شاھزادىگە ھىيلە ئىشلىتىپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي شاھزادە، سىزدە شاھزادىلىقنىڭ نىشانىسى يوق ئىكەن. بىر ئىقلىمغا شاھ بولغان كىشىنىڭ ئوغلى تۇرۇپمۇ بىر يۇرتقا بېرىپ، قىمارۋازدەك يۇرۇشنىڭ ئۆزى نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىك، شاھزادە دېگەن ھەرقانداق ئىشنى ئۆزىگە لايىق تۈگىتىشى كېرەك.

شېرىنىنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب: «بۇ شاھزادە مەن بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئاشىق - مەشۇق ئويناپ يۈرىدۇ. ئەگەر راستىنىلا شاھنىڭ ئوغلى بولسا، ئاتىسىغا ئېيتىپ توي قىلسا بولمامدۇ؟» دەپ خاپا بولغانلىقىدىن ئىدى. شاھزادىمۇ شېرىنىنىڭ بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىغانلىقىدىن رەنجىپ قالغاندى. شۇڭا، شاھزادە شېرىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەلىكىدىن رەنجىگەن پېتى ئۆز شەھرىگە قايتىپ كەتتى. مەلىكە قالدى. گويا جان تەندىن ئايرىلدى. ھاياتى كەتتى، شېرىن جېنى قالدى. شاھزادە باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ، سەھرالاردا زار - زار يىغلاپ كېتىۋېتىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يار قالدى، دوستلار، ئەمدى كېتەرمەن نائىلاج،
بالا قۇشتەك تەلفۇنۇپ ھەيرانۇ گىريان نائىلاج،
ئۆرتەنىپ قەقنۇسدەك ئەخگەر بولارمەن نائىلاج،
تاغۇ تاشلارنى كېزىپ ياشىم تۆكەرمەن نائىلاج،
بۇلبۇلى نالان بولۇپ سايراپ ئۆتەرمەن نائىلاج.

تۆرت يىل بولدى نىگارىم، ئاي يۈزىنى كۆرمەدىم،
بۇ رەقىبلەر ئاراسىدە بىر كۈلۈپ سۆزلەشمەدىم،
بىر قۇچۇپ نازۇك بېلىدىن كۆكسىدە جان بەرمەدىم،
شادۇ شادمانلىق ئىلە مەن دەۋرۇ دەۋران سۈرمەدىم،
يۈز تۈمەن مىڭ غەم بىلەن ئەمدى كېتەرمەن نائىلاج.

قايدا قالدى نەيلەيىن شېرىن دىلجۇ - دىلرەبا،
يىغلارەم چۈن ئەندەلىبدەك مەن غەرىبى بىنەۋا،
ئىشق ئوتىغە مەن بولۇپمەن، ئاھ نەيلەي مۇبتەلا،
ئەمدى بولدۇم بۇ زەمان ئۇشبۇ جەھاندىن ماسەۋا،
ئاھۇ ۋەيلا، بۇ زەمان مەن بۇ جەھاندىن نائىلاج.

تۆرت يىل بولدى مۇھەببەت ئوتىدە مەن يانەمەن،
ئاتا - ئانامدىن جۇدا بولۇپ يۈرگەن بەندەمەن،
بىر پەرى سەۋداسىدە بولغان جەھان ئەۋۋارەمەن،
شەھرىمە ئەمدى بۇ ھالىم بىرلە نېچۈك بارەمەن،
مەن كېتەرمەن بۇ سىفەت ھەيرانۇ نالان نائىلاج.

تۆرت يىل بولدى زەمانى يار ئىلە سۆزلەشمەدىم،
بىر دەمى ئۇشلاپ قولىن ھەسرەتلەرىمنى ئېيتمادىم،
غەملەرىم ئايتىپ، يۈرەكىم زەرەئى بوشاتمادىم،
ھەسرەتۇ ئەرمان ئىلە ئەمدى كېتەرمەن نائىلاج.

ھەركىمى ئىشق ئىچرە كىرسە بىسەرۇ سامان ئېرۇر،
جانى نالان، ئەقلى ھەيران ھەم كۆڭۈل ۋەيران ئېرۇر،
مەستۇ مۇستەغرەق يەنە ھەم كۆزلەرى گىريان ئېرۇر،
تۈنۇ كۈن ئىشق ئوتىدە جىسمى ھەم لەرزان ئېرۇر،

مەن كېتەرمەن بۇ سىفەت ھەيرانۇ گىريان نائىلاج.
مەھزۇنا، سەندەك جەھاندە بىسەرۇ سامان يەنە،
ياخشىلاردىن ئايرىلىپ باغرىم ـ يۈرەكىم قان يەنە،

سەن كەبى بارمۇ جەھاندە باز بىر كۆيگەن يەنە،
بۇ فىراق ئەندۇھدە باغرىم ـ يۈرەكىم قان يەنە،
ئاھۇ ۋاۋەيلا، ئۆتەرمەن بۇ جەھاندىن نائىلاج.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرۋىز يوللارنى بېسىپ، چۆللەرنى كېزىپ، كۈنلەپ ـ سائەتلەپ يول يۈرۈپ بىر جايغا يەتتى. بۇ يەردە ئېگىز تاغلار، يېشىللىقلار بولۇپ، گۈللەر ئېچىلغان، بۇلاق سۇلىرى ھەر تەرەپلەرگە ئېقىپ تۇرغان، بۇلبۇللار، تۇتىلار، قۇمرىلار يېقىملىق ئاۋازى بىلەن سايرىشىۋاتقانىدى. شاھزادە بۇ جايغا چۈشتى ۋە بۇ يەرنى تاماشا قىلدى. شاھزادە: «ئۇ سەرۋى بويلۇق رەنا، قىزىلگۈل رەڭلىك، سۆزى شېرىن، نازۇك بەدەن يارىم بۇ يەردە بولسا ئىدى، ئۇ ئاي يۈزلۈك بىلەن مۇشۇ يەردە بىر سائەت سەيلە قىلغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى» دەپ زار ـ زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قەنى يارىم، قەنى يارىم، سەيرگاھقە خىرام قىلسە،
قەنى يارىم، قەنى يارىم، چەشمەلەردە يۈزىن يۇۋسە،
قەنى يارىم، قەنى يارىم، بۇ گۈللەردىن ئالىپ تاقسە،
قەنى يارىم، قەنى يارىم، مېنىڭ بىرلە شەراب ئىچسە.
قەنى يارىم، قەنى يارىم، يولىغە گۈللار پايەنداز،

قەنى يارىم، قەنى يارىم، بۇ يەر ئويۇنارغە كۆپدۇر ساز.
قەنى يارىم، قەنى يارىم، قولىغە ئالسالار بىر ساز،
قەنى يارىم، قەنى يارىم، بۇ يەردە ئەيلەسەك بىر ساز،
يارىم قالدى ئىشرەت بىلەن، مەن كېتەرمەن ھەسرەت بىلەن،
يۈزىمىڭ غەمۇغۇربەت بىلەن، مەھزۇن ئۆزى سەرگەرداندۇر.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرۋىز شۇ ماڭغىنىچە رۇم شەھرىگە يېتىپ باردى. شۇ ھامان «بىر شاھزادە كېلىپ پالانى جايغا چۈشتى» دەپ رۇم پادىشاھىغا خەۋەر يەتتى. رۇم شاھى شاھزادىنى ئوردىغا چاقىرتتى. پەرۋىزنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سەلتەنەتلىك ئوردىسىغا چۈشۈردى. ئۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالىدەك كۆرۈشتى. پەرۋىز رۇم شاھىغا ياراپ قالدى. رۇم پادىشاھىنىڭ مەلىكە مەريەم ئىسىملىك ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىدى. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ مەلىكە مەريەمنى شاھزادە پەرۋىزگە نىكاھلاپ قويدى. شاھزادە ئۇ قىز بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، شۇ ۋاقىتتا باشقا بىر شەھەرنىڭ پادىشاھى ھورمۇز شاھنىڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، پەرۋىزنىڭ ئاتىسى ھورمۇز شاھنى ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە پەرۋىز رۇم پادىشاھىغا ئەرز قىلدى. رۇم پادىشاھى پەرۋىزگە كۆپ لەشكەر ئاجرىتىپ بەردى. پەرۋىز بۇ لەشكەرلەر بىلەن بېرىپ بىرقانچە كۈن جەڭ قىلىپ، ئۆز شەھرىنى قايتۇرۇۋالدى. ئاتىسىنىڭ ئورنىغا شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن مەلىكە مەريەمنى ئۆز شەھرىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئاتا تەختىگە ئولتۇرغانلىقىدىن ناھايىتى كۆپ سۆيۈندى. ئۆز شەھرىدە مەلىكە مەريەم ئۈچۈن توي قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شاھلىق سەلتەنىتىنى سۈرۈپ، دەۋرى ـ دەۋران بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. شۇنداقتىمۇ پەرۋىز يەنىلا شېرىن يولىدا ئۆرتىنەتتى.

بۇ سۆز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى شېرىندىن ئاڭلايلى:

شېرىن پەرۋىزنىڭ مەريەمنى ئالغانلىقى، ئۆز شەھرىگە پادىشاھ بولۇپ ئاتا تەختىگە ئولتۇرغانلىقى، ئەيش ـ ئىشرەتكە چۈشۈپ، دەۋران سۈرۈۋاتقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن خەۋەر تېپىپ كۆپ خاپا بولدى. پىراق ئوتىدا ئۆرتەندى. شېرىن باشتا پەرۋىزگە: «مەن بىلەن ئويناپ بىكار يۈرۈۋەرمەي، يۇرتىغا بېرىپ توي تەييارلىقىنى قىلسۇن» دېگەن مەقسەتتە سۆزلىگەنىدى. لېكىن، پەرۋىزنىڭ مەريەمنى ئېلىپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە چۈشۈشىنى كىم بىلسۇن؟

ۋاقتىكى، پەرھاد تاغلاردا ئاھۇپىغان چېكىپ، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن تاش كېسىپ ئېرىق ياساپ
ۋە تاشتىن كۆل چېپىپ ئىشنى پۈتتۈردى. شېرىن ئېرىق ئارقىلىق كۆلگە سۈت ئاققۇزۇپ كەلدى. ئۇ ـ
نىڭغا قەنت ـ ناۋات تاشلاپ، يىگىتلىرىگە ياقۇت چىنىلەردە كۆلدىن شاراب ئۇسسۇپ بېرىشكە باشلىدى.
شېرىن بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. شۇ خۇشاللىقىدا پەرھادقا:

— ئەي مەردانە يىگىت، تەلىپىڭنى ئېيت، خەزىنىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، بايلىقلاردىن خالىغانچە
ئال، — دېدى.

— ئەي مەلىكەم، — دېدى پەرھاد، — ماڭا مال ـ دۇنيا، باغ ـ بوستان، چىمەن ـ گۈلزار كېرەك
ئەمەس. پەقەت سېنىڭ سالامەتلىكىڭلا ماڭا كۇپايە. بۇ بىۋاپا دۇنيادا بايلىقنى، ئالتۇننى نېمە قىلىمەن؟

پەرھاد بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋېتىپ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكتى. شېرىن شۇ چاغدىلا پەرھاد ـ
نىڭ ئۆزىگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ دەرھال ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ، قۇلىقىدىكى ھالقىسىنى
ئېلىپ چىقتى. بۇ ھالقا بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە تەڭ كېلەتتى. ئۇ ھالقىنى پەرھادقا تۇتتى. پەر ـ
ھاد ھالقىنى قولىغا ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى ـ دە، ھوشىدىن كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ،
ھالقىنى شېرىنىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۆزى يىغان تارتىپ تاغقا چىقىپ كەتتى. كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلغۇچى
شېرىن پەرھادنىڭ بۇ ئەھۋا ـ
لىغا قاراپ شۇ يەردىلا يىغلاپ
تاشلىدى. پەرھاد بولسا، تاغ ـ
باياۋانلاردا ھەسرەت چېكىپ
يۈرەتتى. بەزى ـ بەزىدە شې ـ
رىن پەرھادنى چاقىرتىپ
كېلىپ، ئۇنىڭغا بەزمە قۇرۇپ
بېرەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ
ئۆز يېنىدىكى تىللا ئورۇن ـ
دۇققا تەكلىپ قىلىپ، بۈيۈك
ۋەزىر ۋە سەركەردىلەر قاتا ـ
رىدىن ئورۇن بېرەتتى، ئاز ـ
دىن ئۆز قولى بىلەن پەر ـ
ھادقا ياقۇت قەدەھتە شاراب
تۇتۇپ: «كېلىڭ، ئەي پالۋان،
ساھىبقىران، بۇ قەدەھنى
ئېلىڭ» دەيتتى. پەرھاد
مۇنداق چاغلاردا ئۆزىنى يو ـ
قاتقان ھالدا يەنە تاغ ـ با ـ
ياۋانلارغا چىقىپ كېتەتتى.
شېرىن: «شاھ پەرۋىزنىڭ
مەريەمى بولسا، مېنىڭمۇ



پەرھادىم بولسا» دەپ ئويلاشقا باشلىدى. شۇڭا ھەر ھەپتىدە بىر كېچە پەرھادنى بەزمىگە چاقىراتتى، پەرھاد يەنە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا باياۋانغا كېتىپ قالاتتى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە شېرىن پەرۋىزگە تۆۋەندىكىچە مەكتۇپ يازدى: «ئەي شاھزادە، سېنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭ بىھۇدە ئىشلار ئىكەن. مەن سېنى ئاشىق دەپ ئويلاپتىمەن. ئەمما سەن مەريەمنىڭ گاداسى ئىكەنسەن. سەن بىلەن يۈرگەن كۆنلىرىمگە ئىسىت!» شېرىن بۇ مەكتۇپنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ بېيىتنىمۇ مەكتۇپقا قوشۇپ پەرۋىزگە ئەۋەتتى.

بېيىت:

شېرىن دېدى: نەجانىسەن، ئايا ئادەمى بىھوش، بىر يار يانىپسەن.
جاندىن ھەم ئەزىز يارنى قويۇپ، مەريەمنى تاپىپسەن.
ئاھ دىل سوردىڭ بوشاتىپدۇر، ئەي ئاقىبەتى يوق،
نېدىن سېنى پاكىز دىلىڭ بولدى مۇشەۋۋەش، نە ئېتىپسەن؟
باغرىڭ ئېزىلىپ، ھەلقىڭ قۇرۇپ، ئاغزىڭ تولا
زەرداپ، قانلىغ جىگەرىڭ بار،
مەريەم قولىدىن بادە ئىچىپ، مەست ئىلە مەغرۇر،
ئەقلىڭ ئۇنتۇپسەن.
مەريەمدۇر نىگارىڭ يۈرەكىڭگە سالىپ ئاتەش، ئەي ئاشىقى بىكا،
ئايغىل ماڭا كىم دەردى دىلىڭ ئەمدى بىلەيىن كۆڭلۈڭدە نېلەر بار؟
مەريەم بىلە بىزنى تۇتادۇرسەن، قانى ئەقلىڭ؟
ئەي ئەقلى يوق، بىئەقىل ئاشىق سەن ئېرۇرسەن، ئالەمە بىئار.
مەريەمنى خىيالىي بىلە ئالەم ئۇنۇتۇپسەن، جىسمىڭدۇر ئاتەش،
مۇنچە جەھاندىن خەبەرىڭ يوق، نەدۇر ساڭا بۇ ھال؟
مەريەم ئوتىدە ئۆرتەنىبان كۆيدۈڭ ئەجەب، مۇنچە خەراب.
ھېچ كىم سېنىڭ ھالىڭە تاقەت قىلايالماس، ئەي
سەرۋەرى ئالەم.

ئاشىقلىق ئىشى مۇنداغ ئەمەس، ئەي يارىببەھرە،
كۆرۈنمەدى ئالەم كۆزىڭە دانەئى خەشخاش كويى ھەۋادە.
ئەي بىخەبەر، ئاشىقدۇرسەن، ئالەمنى يولىدە،
شەھزادە بولۇپ يويلە نېچۈك شاھ بولۇرسەن، ئەي
شاھى ئالەم،
مەن مۇندە كۆزۈم تەلمۈرۈبان ياشى قاراقان، ئەي
ۋەئدەسى يالغان.
كۆڭلۈڭدە بار ئىكەن ئارزۇ ـ ھەۋەس مۇنچە، مەن
بىلمەدىم ئەسلا.
يۈز ھەيفكى يۈز ھەيف، ساڭا ئۇشبۇ جەھاندە، ئەي
مەردى دىلئارا،
بۇ ئىشلارىڭە بولدى بۇ كۈن، ئەي شەھى ئالەم، كۈ-
نۈمدە مۇسەففا.
مەھزۇن سۆزى ئەل ئىچرە ئەگەر بولماسە مەنزۇر،
ئۈز، سۆزىنى ئۆزگىل،
ئۆزى بىلەدۇر ئۆز سۆزىنى گەۋھەرى يەكتا، ئەي
بارچەئى ئالەم.

شېرىن بۇ مەكتۇپنى خۇسرەۋ[3] پەرۋىزگە ئەۋەتتى. خۇسرەۋ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا يېزىلغان يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئوقۇپ چىقتى. بۇ سۆزلەرنىڭ ئاچچىقتىن ئېيتىلغانلىقىنى بىلىپ، بۇ بېيىتنى مەكتۇپ قىلىپ يازدى:

ئەي نىگارىم، كايىماڭ، بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى،
بۇ جۇدالىغ يەتكەنى، بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى،
بۇ ستەملەر يەتكەنى، بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى،
بۇ باشىمنىڭ قاتقانى، بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى،
مۇندايىن بولغانىمىز، بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى،
بۇ جەفالار چەككەنىم، بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى.

ھۇرى جەننەت بولسە، يارىم، سىزغە ئەسلا ئوخشاماس،
ماھى تەلئەت بولسە، يارىم، سىزغە ئەسلا ئوخشاماس،
ئۇدۇ ئەنبەر بولسە، يارىم، سىزغە ئەسلا ئوخشاماس،
شەمسۇ قەمەر بولسە، يارىم، سىزغە ئەسلا ئوخشاماس،
تەقدىرى ئەللاھدۇركىم، بۇ فەلەكنىڭ گەردىشى.

ئولكى بىر مەريەم ئېرۇر يۈز مىڭتە مەريەم بولسەمۇ،
جەننەتۇل ـ مەئۋا ئىچىندە ھۇرى جەننەت بولسەمۇ،
كوھىقاف ئىچرە پەرىلەر شاھى خۇررەم بولسەمۇ،
ھۇر ئەينلەر ئىچىندە ئارتۇق مەھرەم بولسەمۇ،
تەقدىرى ئەللاھدۇر، بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى.

سىز ئېرۇرسىز ئەي نىگارىم، ھۇسن ئېلىگە پادىشاھ،
بەخت ماڭا كۆرۈنمەس، ۋاي، ئىشىمدۇر ئاھۇ ۋاھ،
كۆپ غەزەب قىلماڭ، بىزى يار، بىزدە يوقتۇر ھېچ گۇناھ،
ھەسرەتىڭدە دائىما بىزلەر ئېرۇرمىز غەمزەداھ،
كايىماڭ بىزدىن، يارىم، بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى.

ئۇشبۇ دۇنيا نازەنىنى تارى مۇيىڭ سەدقەسى،
بۇلبۇلى گويەندەلەر بىر گۇفتىگويىڭ سەدقەسى،
گۇلشەن ئىچرە كۆپ چەمەنلەر ئاي يۈزۈڭنىڭ سەدقەسى،
خەنجەرى خۇنرىزلەر بىر كىفرىككىڭنىڭ سەدقەسى،
كايىماڭ، جانىم، بۇ ئىش بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى.

سەن قاچان بولدۇڭ مۇيەسسەر، مەن فىدا جان قىلمادىم،
باشىڭىزدىن دەم بەدەم لەئلۇ زەبەرجەد ساچمادىم،
باغلابان بەلگە كەمەر خىزمەتدە دائىم تۇرمادىم،
نە ھۇكۇمەت ئەتتىڭىز جان بىرلە ئانى قىلمادىم،
كايىماڭ، جانىم، بۇ ئىش بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى.

خىزمەتىڭدە نەچچە كۈنلەر قۇل بولۇپ تۇردۇم بارىپ،
ئولتۇرۇر ئېردۇم غۇلاملارنىڭ قاتىدە سارغارىپ،
چۈن غۇلاملارنىڭ ساڭا ئېردى يەقىن، مەن بىر غەرىب.
ئولتۇراردىم زار يىغلاپ خەلق ئىچىندە مۇزتەرىب،
كايىماڭ، جانىم، بۇ ئىش بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى.

ئۆزىڭىز ھۆكم ئەتتىڭىز: كەتكىل، بۇ يەردە يۈرمەگىل،
شاھ سەن، بىر مەن ئۇچۇن گەدا سىفەتلەر يۈرمەگىل،
سەن گەداسەن، شاھدۇرمەن، ۋەسل ئۇمىدى ئەتمەگىل،
بار، كەتكىل يۇرتىڭە، قەقنۇس يەڭلىغ ئۆرتەگىل،
كايىماڭ، يارىم، بۇ ئىش بارچە فەلەكنىڭ گەردىشى؟

مەھزۇنا، كۆپ سۆزلەمە، فەلەكدە نە ھەد باردۇر،
ئاشىقى بىچارىلەرگە ھەق ئۆزى، بىل، باردۇر،
ھەق ئۆزى يار ئولماسە، ئالەم بارى بىكاردۇر،
بارچە ئالەم ئەھلىغە ئاخىرى ئەجەل باردۇر،
بۇ فەلەكتىن كۆرمەگىز، بارچە خۇدايىمنىڭ ئىشى.



ئەلقىسسە، شاھ خۇسرەۋ بۇ مەكتۇپنى شىرىنگە ئەۋەتتى. شىرىن مەكتۇپتىكى سۆزلەرگە ئىشەنمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەمدىكى ئاشىقى پەرھاد ئىدى. شىرىن: «سىنىڭ مەريەمىڭ بولسا، مېنىڭ ئاشىقىم پەرھاد بار» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يېزىپ خۇسرەۋ پەرۋىزگە ئەۋەتتى. مەكتۇپقا يازغان بېيىتى تۆۋەندىكىچە:

ئەگەر مەريەمنى ئالساڭ، پەرھادى ساھىبقىرانىم بار،
ساڭا مەريەم تاپىلسە، چىنى خاقان ئاشىقانىم بار،
كى مەندىن سەن كېچەر بولساڭ، مېنىڭ ئول پەھلىۋانىم بار،
ساڭا مەھبۇب تاپىلسە، چىنى خاقان ئاشىقانىم بار،
ساڭا تاپىلسە بىر مەھبۇب، مېنىڭ ئول شەھسەۋارىم بار،
كۆڭۈل خۇشھال بولغاي، ئول شەھى سەرۋى رەۋانىم بار.

مېنىڭ ئۇچۇن كېلىپ چىن شەھرىدىن ئەفسانە بولمىش ئول،
تاپالماي ۋەسلىمى ھىجران ئارا ئەۋۋارە بولمىش ئول،
ئاڭا مەريەم تاپىلسە مەيلىكى، پەرھاد جانىم بول،
مېنىڭ داغى فىراقىمدە يەنە دىۋانە بولمىش ئول،
كېزىبان تاغۇ چۆللەرنى يەنە دىۋانە بولمىش ئول،
ئالارنىڭ مەريەمى بولسە، چىنى خاقان ئاشىقانىم بار.

مېنىڭ ئۇچۇن غېرىب بولۇپ كېلىپدۇر چىنى خاقاندىن،
ئانىڭ باشىغە تۈشمىش سەۋدا ئانداغ ئاھۇ ئەفغاندىن،
كى بولمىش يارىمە ھەمراھ بولمىش ئاھۇيى مۇشكىن،

ئانىڭ باشىدە چەرخ ئۇرمىش نەچە ھەق كەۋكەبۇ تەردىن،
ئاڭا مەئشۇق تاپىلسە، چىنى خاقان ئاشىقانىم بار،
ئالار مەريەمنى تاپسە مەيلىكى، پەرھاد خانىم بار.

مېنىڭ ئۇچۇن غەرىب بولمىش فىدا جانۇجەھان ئاڭا،
ئانىڭ ئۇچۇن فىدا بولدۇم تۆكۈپ يولىغە قان ئاڭا،
فىدا قىلدىم ئاڭا مەن بولسە يۈز سەرۋى رەۋان ئاڭا،
قىلۇرمەن كۆكسۈمى باسماققە بىر گۈلىستان ئاڭا،
ئالار مەريەمنى تاپسە مەيلىگەكىم، ئاشىقانىم بار.

بۇ سۆزلەرنى بىتەر مەھزۇن، ئالار رۇھىنى شاد ئەيلەر،
ئالارنىڭ ھەسرەتىدە ھەر زەمانى ئاھ ئۇرۇپ يىغلار،
دۇۋەت بىرلە قەلەم ئالىپ بۇ يولدە بېلىنى باغلار،
تىلەپ مەدەد ئالاردىن ئول زەمانى ئىلتىجا ئەيلەر،
ئالار مەريەمنى تاپسە مەيلىگە، ساھىبقىرانىم بار،
ئالارغە يار تاپىلسە مەيلىگە، پەرھاد خانىم بار.

ئەلقىسسە، شاھ خۇسرەۋ بۇ مەكتۇپنى  ئوقۇپ پىراق ئوتى ئۇلغىيىپ، زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

جەھان، جانا، جەمالىڭگە تەسەددۇق،
دىلۇ جان ماھى رويىڭگە تەسەددۇق،
چەمەندە سەرۋى شەمشادى سەنەۋبەر،
سىنىڭ مەۋزۇن نىھالىڭگە تەسەددۇق.
كۆرەرمەن تەن ئارا جانىن كەرامى،
بولۇر ھەر كۈن ۋىسالىڭگە تەسەددۇق.
لەبىڭ سەر چەشمەسى ئابىھەياتدۇر،
خىزىر خەتتى خەيالىڭگە تەسەددۇق.
قالىپ ئېردى ۋۇجۇدىمدىن خەيالى،
جەھان جاھى جەلالىڭگە تەسەددۇق.

لەبىڭ ھەجرىدە زەھرى غەم يۇتارمەن.
يۈزۈڭ سەھنىدە خالىڭگە تەسەددۇق.
كۆڭۈل ئايىنەسىدە جۇش ھەسرەت،
جەمالى بىزەۋالىڭگە تەسەددۇق.
ئېرۇرسەن ھۆسن مۈلكىنىڭ ئەمرى،
بۇ ھۆسنىڭگە مېنىڭ جانىم تەسەددۇق.
سىنى دەپ بىۋەفالاردىن كېچەرمەن،
جەمالىڭ شەمئىگە جانىم تەسەددۇق.
بۇ مەھزۇن سۆزلەرىدۇر شىرى شەككەر،
شىرىن جانىم جەمالىڭگە تەسەددۇق.

ئەلقىسسە، خۇسرەۋ پەرۋىز ئوقۇغان بۇ بېيىتنى مەريەم ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ: «جاۋابىمنى بەر» دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:





ئايا شەهزادە، مەنزۇر بولماسام، بول دەم جەۋابىم بەر،
كى راهەت كۆرمەسەم سەندىن، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر،
كى ئىشرەت تۇزمەسەم سەندىن، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر،
بەرابەر بولماسام ساڭا، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر،
ئايا شەهزادەئى گۇمنام، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر.

كى مەن خانىم دېسەم سېنى، كى خانىڭ بار ئىكەن بىلمەم،
كى مەن يارىم دېسەم سېنى، كى يارىڭ بار ئىكەن، بىلمەم،
كىم مەن جانىم دېسەم سېنى، كى جانىڭ بار ئىكەن، بىلمەم،
كى سۇلتانىم دېسەم سېنى، كى خانىڭ بار ئىكەن، بىلمەم،
ئايا شەهزادەئى گۇمنام، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر.

ئاتام رۇم پادشاهىدۇر، كى سەندىن كەملىغىم بارمۇ؟
يەنە ئەركانى دەۋلەتدەكى سەندىن كەملىغىم بارمۇ؟
ۋە يا هۇسنى مەلاهەتدەكى سەندىن كەملىغىم بارمۇ؟
ئايا شەهزادەئى گۇمنام، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر.

يەمەن شەهزادەسىدۇرسەن، كى رۇم شەهزادەسىدۇرمەن،
كى رۇمنىڭ تۇتىسى بولساڭ، ئېرەمنىڭ بۇلبۇلىدۇرمەن،
كى رۇمنىڭ زۇبدەسى بولساڭ، يەمەن ئەرزەندەسىدۇرمەن،
كى رۇمنىڭ ياخشىسى بولساڭ، ئېرەمنىڭ سەرۋەرىدۇرمەن،
ئايا شەهزادەئى گۇمنام، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر.

كى رۇمنىڭ سەن گۇلى بولساڭ، ئېرەمنىڭ چەمەنىدۇرمەن،
يەمەنىنىڭ گۇلشەنى بولساڭ، خوتەنىنىڭ نافەسىدۇرمەن،
هورمۇز شاه گەۋهەرى بولساڭ، بىرەۋنىڭ ئەركەسىدۇرمەن،
ئايا شەهزادەئى گۇمنام، مېنىڭ بول دەم جەۋابىم بەر.

كى مەهزۇن سۆزلەرى ئولدۇر: داۋام روهلارنى شاد ئەتسەم،
كۆزۈمنىڭ نۇرىنى خەرج ئەيلەبان دەفتەرلەرىن بىتسەم،
كى جانىم بىلە دائىم ئالارنىڭ يادىنى قىلسەم،
مەدەد ئەيلەپ پىرىم مەۋلەۋى جامىدىن قەلەم تارتسەم،
جەهانى بىۋەفايىدىن ئۇمىدىم بار، جەۋابىم بەر.
قالىپ يوللاردە مەن هەيران باغدا ئەر جەۋابىم بەر.

ئەلقىسسە، خۇسرەۋ مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، نە شاھۇ نە گەدالىغ بار؟
بۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، نە گۇل ھەم گۇلئىزارلىغ بار؟
بۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، غەرىبى ناتەۋانلىغ بار؟
ئۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، نە ئەيبۇ نە ئۇياتلىغ بار؟
بۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، غەم ئىلە مۇبتەلالىغ بار؟

بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە ھۇسنۇ نە مەلاھەتنى،
بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە ياخشى، نە يامانلىقنى،
بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە خوردۇ نە كەلانلىقنى،
بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە غۇربەت، ئاشنالىقنى،
بۇ ئىشق بازارىدە خانىم، نە ئەيبۇ نە ئۇياتىم بار؟

بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە ئەقلۇ بىئەقىللىقنى،
بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە ياشۇ نە قەرىلىقنى،
بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر چىرايلىق نە چىرايلىقنى،
بۇ ئىشق بازارى بىلمەيدۇر نە ياخشى، نە يامانلىقنى،
بۇ ئىشق بازارىدە، خانىم، نە ئەيبۇ نە ئۇياتىم بار؟

بۇ ئىشقىنىڭ يولىدە نەچچە شەھەنشاھلار گەدا بولدى،
بۇ ئىشقىنىڭ يولىدە نەچچە ئەزىزلەر خارۇ زار بولدى،
ئۇ ئىشقىنىڭ يولىدە نەچچە گەدارلار پادىشاھ بولدى،

ئۇ ئىشقىنىڭ يولىدە ئول شەيخ سەنئان خوكبان ئولدى،
بۇ ئىشقىنىڭ يولىدە ھەم ياخشىلىق بار، ھەم يامانى بار.

بۇ مەھزۇن بىنەۋادۇر ئول ئۆزى خوبلارە يار ئولدى،
جاھاننى ئاختارىپ تاپماي، يولىدە ئىنتىزار ئولدى،
تاپارمەن دەپ بۇ يولنى كېچە ـ كۈندۈز دىلفىگار ئولدى،
بۇ ئىشقىنىڭ يولىدە نەچچە بۇ مەھزۇن ئاھۇزارى بار.

ئىسىز ساھىبقىران تاغ ئىچرە يەرگە ئاشنا بولدى،
ئانىڭ نەرگىس كۆزى سۇزۇلدى ئول دەم جاننى بەردى،
ئەجەلنىڭ دەستىدە پەرھاد خان ئاندا غەرىب ئولدى،
ئۇ ئىشق ئوتى بىلە ياندى ئۇشۇل يەردە شەھىد ئولدى،
ئانىڭ مېھنەتلى جانى ئول زەمان ئەرشى ئەلا كەتتى.

خۇدانىڭ ئاشىقى ئېرىدىكى يار ۋەسلىگە ئول يەتتى،
ئۇ شۇنداق شاھى پەرھاد قالدى ھەيۋانلار ئاراسىندە،
بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپ كەتتى رەقىبلەرنىڭ جەفاسىندە،
ئەزىز ئۆمرى ئەدا بولدى بۇ ئىشقىنىڭ ماجراسىندە،
ئۇشۇل شەھزادە چىن قالدىكى تاغلارنىڭ ئاراسىندە،
ئانىڭ مېھنەتلى جانى ئول زەمان ئەرشى ئەلا كەتتى.

شاھ خۇسرەۋ يۇقىرىقى بېيىت بىلەن مەلىكىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەردى.

ئەمدى پەرھادتىن سۆز ئاڭلايلى: ئەلقىسسە، پەرھاد تاغۇ تاشلار ئارىسىدا ئاھۇ پىغان چېكىپ يۈرەتتى. ھەر جۇمە كۈنى شېرىننىڭ ئوردىسىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بەزمىسىگە قاتنىشىپ يەنە ھوشىدىن ئايرىلغان



هالدا تاغلارغا چىقىپ كېتەتتى. خۇسرەۋ بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ: «پەرھادنى ئۆلتۈرۈپ، شېرىننىڭ شې-خىنى سۇندۇرىمەن» دەپ قەسەم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ۋەزىرلەر خۇسرەۋگە مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— مۇنداق دېيىشىڭىز بولماس، ناھەق قان تۆكۈش ئىنساپتىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ بىر ئاشىق، ئۇنىڭ-غا جاپا سالسا بولماس.

خۇسرەۋ سورىدى:

— بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟

— پەرھادنى ئېلىپ كېلىش لازىم، ئۇنى بىر قىيىن ئىشقا سېلىپ ھىيلە ئىشلىتىش كېرەك.

— ئۇ كېلەرمۇ؟

— شېرىننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كەلسەڭ، دەپ چاقىرساق كېلىدۇ.

خۇسرەۋ ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە پەرھادنى چاقىرىپ كېلىشكە دەرھال ئادەم ئەۋەتتى. بۇ ئا-دەم ۋەزىرلەرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە شېرىننىڭ نامىنى ئاتىغانىدى، پەرھاد بۇ نامنى ئاڭلىغان ھامان يۈزى تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ، ئىختىيارسىز يولغا چۈشتى. بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، خۇسرەۋ شاھنىڭ ئوردىسىغا يەتتى. پەرھاد ھەقىقىي ئاشىق ئىدى. شېرىن دېسە، ئاغزىدىن پۇتۇن چىقاتتى.

خۇسرەۋ پەرھادنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى. پەرھاد جاۋاب بەردى:

— ئەي پەرھاد، ئالدىمغا كېلىپ ياخشى قىلدىڭ. ئەمدى سېنى ئۆلتۈرىمەن.

— ھەقىقىي ئاشىقنىڭ ئارزۇسى ئۆلۈمدۇر.

— سېنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرىمەن.

— مەن دائىم ئوت ئىچىدە كۆيۈپ يۈرىمەن.

— سېنى زىندانغا تاشلايمەن.

— ئاشىقنىڭ جېنى زىنداندا.

— سېنى زەنجىر بىلەن باغلايمەن.

— يارنىڭ چېچى زەنجىر بولۇپ بوينۇمنى باغلىغان.

— سېنى دەرياغا تاشلاپ سۇغا غەرق قىلىمەن.

— ئۆزۈممۇ ئىشق دەرياسىغا غەرق بولغان.

— بېشىڭنى كېسىمەن.

— بېشىم شېرىننىڭ يولىغا كېسىلىك، غانجۇغىسىغا ئېسىقلىق.

— قېنىڭنى تۆكىمەن.



ـــ قېنىم يار يولىغا چېچىلغان.
بۇ مۇنازىرىنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەر:
ـــ شاھ بىلەن مەجنۇن تەڭ ئەمەس، ئەي شاھ، سۆزنى قىسقارتىڭ، پەرھادنى بىرەر خىزمەتكە سېلىپ، تاماشا قىلىڭ، ـــ دېدى.
خۇسرەۋ پەرھادقا قاراپ:
ـــ ئەي پەرھاد، شېرىننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سەندىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، بۇ جايدا بىر تاغ بار، تاغنىڭ ئارقىسى دەريادۇر. شەھىرىمىزدە بولسا سۇ كەمچىل، ئاشۇ تاغنى كېسىپ دەريا سۈيىنى شەھىرىمىزگە باشلاپ بەرسەڭ، ـــ دېدى.
پەرھاد «شېرىننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال مېتىن، كەكە ۋە پالتىلارنى ياسىدى. ھەربىر سايمىنى نەچچە پاتمان كېلەتتى. ئۇ سايمانلارنى ئېلىپ تاغقا راۋان بولدى. تاغقا يېتىپ بېرىپ، دەرھال ئىشقا كىرىشتى. تاغقا ھەربىر كەكە چاپقىنىدا تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاشلار لايدەك كېسىلەتتى. تومۇزنىڭ ئاپتىپىدا، چىللىنىڭ سوغۇقىدا جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ تاغنى چېپىشقا



مەشغۇل بولدى.

خۇسرەۋ كۆڭلىدە: «پەرھادنى جاپاغا سېلىپ، شېرىننىڭ شېخىنى سۇندۇردۇم» دەپ خۇشال بولدى.

ئەمدى گەپنى شېرىندىن ئاڭلايلى: پەرھادنىڭ رۇم شەھىرىدىن ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن شېرىن ئەتراپىدىكىلەرگە:

— پەرھادىم كەلمىدى، ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇر؟ — دېدى.

— پەرھادنى خۇسرەۋ تاغ كەسكىلى سالدى، پەرھاد خۇسرەۋنىڭ شەھىرىگە سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن تاغنى چېپىۋاتقۇدەكمىش، — دېدى ئەتراپىدىكىلەر. بۇ سۆز شېرىنگە قاتتىق تەسىر قىلىپ:

— مەن بېرىپ پەرھادىمنى كۆرۈپ كېلەي، ئېتىمنى تەييارلاڭلار، — دېدى. خىزمەتچىلەر قارا ئاتنى ئېگەرلىدى. مەلىكە شېرىن قويىنىغا بىر شېشە شارابنى سېلىپ، دەرھال ئاتقا مىندى. بىرمۇنچە لەشكەرلەر شېرىن بىلەن بىللە يولغا چۈشتى. شېرىن رۇم شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ پەرھادنىڭ رىيازەت چېكىۋاتقانلىقىنى، شېرىننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئاھ تارتىپ تاغقا پالتا سېلىۋاتقانلىقىنى، تاغنى لايدەك كېسىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پەرھادنىڭ تاشلارغا ئۇرغان مېتىنىدىن چاچراپ چىققان تاش پارچىلىرى ئەتراپقا تولۇپ كەتكەنىدى. شېرىن ئاشۇ تاش پارچىلىرى ئۈستىدىن كېلىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ پۇتلىرى تاش پارچىلىرىغا پېتىپ قالدى.

پەرھاد ئارقىسىغا قاراپ، ئۆز مەشۇقىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئېتىنىڭ پۇتلىرى شېغىل تاشقا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ پالتىسىنى تاشلاپ، دەرھال شېرىننىڭ ئالدىغا چاپتى. پەرھاد شېرىنگە تەزىم بەجا كەلتۈردى. شېرىن:

— ئەي پالۋان، بۇ شارابنى ئىچكىن، — دەپ قويىنىدىن شىشىنى چىقىرىپ پەرھادقا سۇندى. پەرھاد شارابنى ئىچىپ، ئىختىيارىنى يوقاتتى. ئۇ شېرىننى ئېتى بىلەن يەلكىسىگە ئالدى -دە، تاغنىڭ نېرىسىغا ئېلىپ چىقتى. چېپىلغان ئۈستەڭنى كۆرسىتىپ، شېرىننى تاماشا قىلدۇردى. بۇنى كۆرۈپ شېرىننىڭ پەرھادقا بولغان مۇھەببىتى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپەيدى. ئاندىن كېيىن شېرىن قايتماقچى بولدى. ئۇ پەرھادقا: «ئەمدى خوش قېلىڭ، باھادىر» دەپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي مېنىڭ باھادىرىم، ساھىبقىرانىم، ياخشى قال،
رۇستەمى داستانىم، پەھلىۋانىم، ياخشى قال،
جانىم ئىچرە جاي بولان، ئەي ماھتابىم، ياخشى قال،
شاھزادەئى چىنى خاقان سۇلتانىم، ياخشى قال،
ئاشىقىم ھەم لايىقىم، ھەم گۈلىستانىم، ياخشى قال.

كاشكى بولساڭ ئىدىڭ سەن شاھ، مەن بولسام كەنىز،
بۇ فەلەكنىڭ گەردىشىدۇركىم، ئايا ساھىب تەمىز،
ئىككىمىزنىڭ ئۆمرىمىزكىم بولدى ئاخىر كۆپ ئىسىز،
بۇ سىفەت بىرلە يۈرۈپ شاھىم نە يەرگە يېتەمىز،
ئەي ئەزىزىم، شاھۇ سۇلتان، شەھسەۋارىم، ياخشى قال.

مەن ئۈچۈن تاشلاپ كېلىپ سەن چىنى خاقان تەختىنى،
باشىغە قويغان خۇدايىم ئېردى شاھلىق تاجىنى،
كۆرمەدىڭ ئۆز شەھرىڭ ئىچرە دەۋرى - دەۋران مەۋجىنى،
ئالار ئېردىڭ مەملەكەتلەر، بەندەلەردىن باجىنى،
شاھ ئىدىڭ، ئاخىر گەدا بولغان نىگارىم، ياخشى قال.

ئېردىڭىز شاھزادەسىز، بۇ يەردە خار ئولماق نېچۈن،
پادشاھلىق تەختىنى تاشلاپ گەدا بولماق نېچۈن،
شاھى خاقان زۇبدەسى بۇ يەردە تاش كەسمەك نېچۈن،
چىن شاھى ئەرزەندەسى مۇنداغ جەفا كۆرمەك نېچۈن،
ئەي ئەزىزىم، ئالىي جاھىم، سۇلتانىم، ياخشى قال.

سەن كەبى كەلمەس جەھانغە باز بىر ساھىبقىران،
مىڭ فىدا بولسۇن ساڭا جانۇ جاھەنىم بۇ زەمان،
بىلمەگەيلەر ئىككىمىزنىڭ ھالىمىز، كۆپ ئاقىلان،
يار بولسۇن سىزگە يارىم ئول خۇدايى مۇستەئان،
پادشاھىم نامدارىم، غەمگۇزارىم، ياخشى قال.

ئايدى مەھزۇن: دوستلار، ئەقلىم مېنىڭ ھەيران ئېرۇر،
شەھرى چىن بۇ شەھرى ئىچرە نە سەبەب سەرسانەدۇر،
بۇ شېرىن دىلجو ئۈچۈن بۇ ئىككىمىز گىريانەدۇر،
ئۇ ئەزىزلەر فۇرقەتىدە تەندە جانىم يانەدۇر،
مەن كېتەرمەن بۇ جاھاندىن، ئاشنالار، ياخشى قال.

ئەلقىسسە، پەرھاد بۇ بېيىتنى ئىشتىپ تاقەتسىزلەندى. كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان تۆكتى. شېرىن لەشكەرلەر بىلەن ئۆز يولىغا راۋان بولدى. پەرھاد پىغان قىلغاندى. ئۇنىڭ پىغانىغا جانىۋارلارمۇ قوشۇلۇپ يىغلاشتى. پەرھاد خوشلىشىپ، شېرىنگە قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەن نېچۈك تاقەت قىلاي، شېرىنى شەككەر، ياخشى بار،
ئۆرتەدى جىسمىمدە جانىم، ماھى پەيكەر، ياخشى بار،
ئەي مېنىڭ جانىمغا قويدۇڭ، بولدۇم ئەخگەر، ياخشى بار،
نازىنىنلەر ئىچىدە، ئەي نازىنىنىم، ياخشى بار،
ئەي گۈلۈمنىڭ بۇلبۇلى ھەم ماھتابىم، ياخشى بار.

گەر سېنى شېرىن دېسەم ئاڭا شەكەرى جانچە بار،
سەن ئۈچۈن چەكسەم جەفا جەننەت ئىچرە يۈرگەنچە بار،
مېھنەت ئەتسەم سەن ئۈچۈن گۈلشەن ئارا كەزگەنچە بار،
بويۇران ئەمرىڭ ماڭا دۇررى گۆھەر تەرگەنچە بار،
ئەي ئەزىزىم، دىلبەرىم، سەرۋى رەۋانىم، ياخشى بار.

ئەي نىگارا، سەن كېتەرسەن، باز بىر كۆرگەيمۇ مەن،
بۇ لەتافەتلىك يۈزۈڭگە باز بىر تويغانمۇ مەن،
ئالدىڭغە بارىپ يەنە خىزمەت قىلىپ يۈرگەيمۇ مەن،

بۇ سەفەر كۆردۇم، نىگارا، كۆرمەيىن ئۆلگەيمۇ مەن،
ئەي كۆڭۈل ئارايىشى سەرۋى رەۋانىم ياخشى بار.

ئەي شېرىن شەككەر قىلىپسەن يۈرەكىمنى چاك ـ چاك،
ئافتابى خاۋەرسەن، بىزنى قىلدىڭ دەردناك،
رۇستەم ئېردىم، ھەسرەتىڭدە بولدۇم ئەمدى ۋەھىمناك،
بۇ سىتەملەر بىرلە بولدۇم، يارىم، ئەمدى مەن ھەلاك،
ئەي مېنىڭ جانىم ئارادە گۈل ئۈزارىم، ياخشى بار.

بولدى نامىم فەرھاد ھەمراھ ماڭا پەريادەدۇر،
بۇ كېلىپ كەتكەنىڭ، ئەي يارىم، كى خەيرى بادەدۇر،
ھەر كىمى ئايدى بۇ سۆزلەرنىكى كۆڭلى شادەدۇر،
ئىككىمىزنىڭ ھالىمىز بولدى مەگەر بەربادەدۇر،
مەھزۇنى بىچارە ئايتۇر: يارى جانلار، ياخشى بار.

ئەلقىسسە، پەرھاد بۇ بېيىتنى ئوقۇپ، شېرىنىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغىنىچە كۆزلىرىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكتى. ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن جۇدا بولدى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشى دوزاخ ئوتىدا كۆيگەندىنمۇ ئېغىر چۈشتى. پەرھاد مۇھەببەت ساقىيسى تىللا قەدەھتە تۇتقان شارابنى ئىچىپ مەست بولغىنىنى شەرھلەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئىشق ساقىيسى كېلىپ بەردى بۇ كۈن جام ماڭا،
غۇنچەئى دەردى ئەلەمدىن نەچچە پەيغام ماڭا،
چەرخدىن يەتتى زەھەر سۇبھى بىلە شام ماڭا،
شىر ئورنىغە بېرىپدۇر زەھرى كام ماڭا،
ۋەھشەتى كۆڭلۈمە نە سەبرى، نېدۇر ئارام ماڭا.

زەررەدەك جىسمىمنى ياندۇرماق ئۈچۈن ماھ غەددار،
ئاچتى ياز ۋەئدە بېرىپ، ۋەئدەسى ئول خام ماڭا.

ئىشقىدىن مۇنچەكى ئافەتزەدە بولدۇم نە قىلاي،
ياشلىقىمدىن سىررى مېھنەتزەدە بولدۇم نە قىلاي،
يۇتقانىم قاندۇر، مەن ئىللەتزەدە بولدۇم نە قىلاي،
ئەقلىدىن قالمادى زەررە بىر سەرى ئەنجام ماڭا.

بۇ نېچۈك ئوتكى، ئورار سۇ ئىلە توفراقغە شەرار،
تاش ئەگەر ئېرۇركى يار مۇنچە كۆيدۈرمەكى بار،



ناگەھان بىر بۇتى نەۋرەستەغە چۈشتى گۆزەرىم،
پايىبەند ئولدىكى ئاندىن ئۆتەلمەي نەزەرىم،
رام جىسمىمدىن ئاچىپ چەشمەئى خۇن جىگەرىم،
بەس بەرابەر كۆرۈنۈر كىچەيۇكۇندۇز ماڭا.

بەردىلەر ئۇستادى تەر ماڭا تەئلىمى ۋەفا،
خاب ـ خور ھاجەت ئەمەس خۇنى جىگەرلەرغە رەۋا،
يەتكۈرۈرمۇ بۇ سۆزۈم يارى ئەزىزىمگە سەبا،
دىسە جانىمكى ئوشۇل مەھزۇنى ئەفگار ماڭا.

مەھزۇن سەن ئىرۇرسەن بۇ جەھان غەمزەدەسىدىن،
كۆردۈڭ نە ئەجەب دۇنيەنى كۆپ دەغدەغەسىدىن،
بول كۈن ئۇچار ئولسە بۇ جانىڭ قەفەسىدىن،
بۇ سۆز ھەمەسى ھەزرەتى ئىشىن نەفەسىن،
ۋاي، ۋاي، بۇ ئالەم ھەمەسى بىھۇدە ماڭا.

ئەلقىسسە، پەرھاد بۇ بېيىتلەرنى ئوقۇپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ تاقىتى ـ تاق بولغانىدى. ئۇ شېرىنىنىڭ نامىنى يادلاپ تاش چېـپىشنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

پەرھاد جۇدا بولغالى شېرىن ھەرەمىڭدىن،
ھەر يان يۈگۈرۈر چۈن سېنىڭ سەۋدايى غەمىڭدىن،
ئۈمىد ئېتىبان ۋەسلىڭە لۇتفى كەرەمىڭدىن،
سەرگەشتە كېزەر ئېردى سەر ئەلتاف خەمىڭدىن،
تاغلار كېسەدۇر پەرھاد، سېنىڭ ئەلەمىڭدىن.

بىلمەس كىشىلەر ئانى قاي تەرىقە گۇزەر گاھ،
بەس سايەسىدۇر مەھرەمى غەم، ھەمدەمىدۇر ئاھ،
كىم قايسى گۆرىستانغە تىكىلدى ئاڭا خىر گاھ،
نە تۇشە ئالىپدۇر، نە تون راھىلەئى راھ،
تاشلار كېسەدۇر پەرھاد، سېنىڭ ئەلەمىڭدىن.

ئەۋۋارە بولۇپدۇر فەرھاد سېنىڭ ئەلەمىڭدىن، پەرھاد ئەلەمكەش،
ئىشق پەردەسىن ئاچتى كۆزىدىن، كەتتى ھەياسى، پەرھاد جەفاكەش،
جانىغە توشۇپ ئول كۇنى ئالەمنىڭ بەلاسى، پەرھاد بەلاكەش،
قايدا يېتەدۇر، بىلمەدىم فەرھاد نەۋاسى، پەرھاد ھەياكەش،
باشىدە ئانىڭ مۇرغى بەيابان ئۇياسى، پەرھاد بەلاكەش.

بىر نەچچە زەمان ئېردى نالەئى ئەفغان، پەرھاد بەلاكەش،
جانلار ئېزىلىپ غۇسسە بىلەن ۋالەئى ھەيران، پەرھاد جەفاكەش،
باغرىدە جەراھەت، كۆزى گىريان، ئۆزى نالان، پەرھاد ستەمكەش،
نە ئاتا ۋۇ نە ئانا ئانىڭ دەردىغە دەرمان، پەرھاد ئەلەمكەش،

ئالىم دېدى: ئاشىق ئېلى بىر دەم تۇرائالماس،
كىم قايدا قالىپدۇر، ئانى ھېچكىم بىلەئالماس،
تاقەت كەلتۇرۇپ سەبر ئىلە ئارام ئالائالماس،
بۇ ھەسرەتى ئوت كۆكسىدە مەھزۇنى بەلاكەش.

ئەلقىسسە، پەرھاد شېرىنىنىڭ نامىنى ئېيتىپ تاغقا پالتا ئۇراتتى. ئۆزىنىڭ مۇھەببەت كۈچى بىلەن تاغنى گوياكى ئوتۇن يارغاندەك ياراتتى. تاغدىكى كېيىكلەر، شىر ـ قاپلانلار پەرھادنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشىپ يۈرەتتى. كەپتەرلەر ئۇنلەپ، بېشىنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچاتتى. ئۇنىڭ تاشنى لاي كەسكەندەك كېسىشى تەڭرىنىڭ قۇدرىتىدىن ئىدى. پەرھادنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتى قەلبىدە جۇشقۇنلىنىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كېلىڭ، ئاھۇ غەزالىيلەر، بولايلۇق بۇ زەمان ئۇلفەت،
كى يار يۈزىنى كۆرمەكدىن بۆلەك ھېچ بارمۇكىن راھەت،
يېتەرنى ئارزۇ قىلسام، يېتەدۇر شول زەمان كۇلفەت،
مېنى ئەۋۋارەلەر قىلدى بۇ شېرىن يولىدە فۇرقەت،
ئەگەر سەن بەرمەسەڭ فۇرسەت، كى مەندە يوقتۇرۇر قۇربەت.

شېرىن دەرمەن، شېرىن دەرمەن، تىلەكىمدۇر سېنىڭ ۋەسلىڭ،
ئەگەر يۈزمىڭ مىڭ جەفا بەرسەڭ بۇتەرمەن مەن سېنىڭ ئەمرىڭ،
كى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقان بىر سېنىڭ ھۆكمىڭ،
بىزنىڭدەك مۇرى ـ لەڭنى شىر قىلغان بۇ سېنىڭ ئىشقىڭ،
ئىلاھا، ساڭا ئەرزىم شول ـ قىلۇرمۇسەن مېنى رەھمەت.

خۇداۋەندا، شېرىن دەرمەن سېنىڭ نامىڭ ماڭا شېرىن،
تاپارمەنمۇ شېرىن ۋەسلىنى بۇ كۆڭلۈم تولا مەھزۇن،
كى شېرىن ھەسرەتىدە بۇ ئەلىف قەددىم بولۇپدۇر نۇن،
شېرىن دېسەم، شېرىن دېسەم، تاپارمەنمۇ ئاخىر مەھبۇن،
كۆرەرمەنمۇ، خۇداۋەندا، ۋىسالىنى تاپىپ فۇرسەت.

كى تەقدىرى خۇدا بولسە ئانى ئەسلا بۇزۇپ بولماس،
قەلەمدە كەتكەن ئىشلارنى بۇزۇپ ئۆزگە قىلىپ بولماس،
ئەگەر سەن تۇزمەسەڭ يولنى بۆلەك ھېچكىم تۇزۇپ بولماس،
كى سەن ئەمر ئەتكەن ئىشلارنى كىشى ئەسلا قىلىپ بولماس،
خۇدايا، سەن بۇ مەھزۇن ھالىغە كىم ئەيلەگىل رەھمەت.

ئەلقىسسە، پەرھاد بىر قانچە ۋاقىت تاش كەستى. بۇ جەرياندا كۆزىدىن ياش ئورنىغا دولقۇنلاپ قان ئاقتى. ئۇ ھەربىر تاشقا «شېرىن» دەپ پالتا ئۇراتتى. ئەتراپتىكى كىشىلەردىن بىر قانچىسى كېلىپ پەرھادنىڭ تاش كېسىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار: «پەرھاد ساراڭ بولمىسا، بۇ ئىشنى قىلارمىدى» دەپ كۈلۈشتى. پەرھاد ئۇلارغا قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

رەمىدە قىلدىلار ھاكىم كۆرۈپ بىگانە ئورنىدىن،
ئەگەر سۇ دامەنىن تۇتتۇم، رەۋان قايتاردى يۈزىدىن،
كۆڭۈل ھەم تۇتماغىل ئەمدى سەرەنجام ئىچرە كۆزىدىن،
دېمەڭ، ئەي ناسىھ ئەھلى، بەخت ـ ئىقبالىمدە سۆزىدىن.

ئۇنۇتدى تىيرە ئەقلىم، گەر دېدى ناسىھ يۈزىن يۈز گەز،
ئويانماي خابىدىن بەختىم تەۋاف ئەتمەي يۈزىن يۈز گەز،
ماڭا كەلتۇردى گەردۇن تىيرە بەختىم يۇلدۇزىن يۈز گەز،
جەھاندە قالمادى مەندىنمۇ كۆپ جەبرى ـ جەفا، مەندىن.

ماڭا ھېچ قالمادى گەردۇن جەفاسىن جورمىنى كەم ـ كەم،
كۆڭۈل دەردىگە سوردۇم، يەتمەدى ئەھبابدىن مەرھەم،
غەمىم شەرھىگە ئىزدەپ تاپمادىم بىر مۇنىسى ھەمدەم،
مۇكەددەر خاتىرىمدىن قالمادى ھېچكىمسە دەفئى غەم،
بۇ نە جەبرۇ جەفادۇركىم، يارانلار، سورماغىز مەندىن.

كىشى باشىغە تۇشكەن بولسا ئىشق ئاندىن دەۋا سورماق،
نەچە تۇرلۇك سۇخەن بىرلەن ھەرگىز ئىزا بەرمەك،
فەلەكنىڭ چەرخىدىن كەلگەن جەفادۇر، ئاڭا رەڭ بەرمەك،
ئەدا بولدى نىگارىنى يولىدە ئاندىن رەڭ بەرمەك،
كىمىكى سوردى سۆز، ئەمما ئىزلار كۆردى ئول مەندىن.

سورارغە ئەھلى دىل يوق بۇ جەزا بىر ئەھلى ئالەمدىن،
ۋەفالىق يارى ھەمدەم تاپمادىم ئەۋلادى ئادەمدىن،
زەھەرگە دوندى ئالەم شەۋق ئىلە پەريادۇ نالەمدىن،
يارانلار، ئەيىب قىلماڭ يۈز ياشۇرسام ئەھلى ئالەمدىن،
نەدىن، كىمدىن جەفا كۆردۇم ۋەفالار كۆردى ئول مەندىن.

كى مەھزۇن مۇنچە سۆزلەدىڭ، كى فەرھاد قايدادۇر ھالا،
ئانىڭ رۇھىغە ئاشىق ئەيلەدى رۇھىمنى ئول مەۋلا،
ئانى ئىشقىدىن ئەتمىش بۇ دىماغىم ئىچرە ئەنبەرسا،
مەدەد ئىزدەپ يېتەرمەن سۆزلەرىن مەن، ئەي گۈلى رەئنا،
كىمىكى ئاشنا بولدى، ۋەفاسىن كۆرمەدى ئەسلا.

پەرھاد يەنە شىرىننىڭ پىراقىدا زار ـ زار يىغلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قاچانكىم ئەيلەدى ئىشقى ـ مۇھەببەت دىلرەبالەرگە،
فىراق ئىچرە قالىپ مۇڭلۇغ باشىم يۈز مىڭ بەلالەرگە،
قىلۇر ئېردى ئالار چىن ئەھلى دەپ ئەھد ئىلە پەيمان،
پەيامىم ئايت، سەبا، ئول ئەھدى يالغان ئاشنالەرگە،
ئېرۇرسەن پادشاھى ھۇسن، لۇتفى ئەت، بولدى ئاسارى،
كى ۋاجىبدۇر كەرەم ئەھلى سارى بۇ بىنەۋالەرگە.
كى مۇنداغ باشىمە تۇشتى مۇشكىن زۇلفى سەۋداسى،
قالىپدۇر جانۇ كۆڭۈللەر تۈگەنمەس ماجەرالەرگە.
دېدىم: سۇرسەم يۈزۈم خاكى تەرىڭگە، تەگمەسۇن ئافەت،
دېدى: مۇمكىن ئەمەس يەتمەك مۇنىڭدەك مۇددەئالەرگە،
ھەلاكىمدۇر ئەجەل سەئيى ئەتتى تەڭرى ئەيلەمىش تەقدىر،
قىزارغان كۆزلەرى قان ئەتتى كۆڭلۈمنى نەۋالەرگە.
جەھان رەئنالەرىغە بۇ كۆڭۈلنى بەرمەڭىز ئەسلا،
غەم ئەندۇھى ئاراده مەن سىفەت بىر مۇبتەلالەرگە.

پەرھاد شىرىننى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بىرەۋكىم رەشك ئېلتۇرمەن، كەچۇرمەكلىك خەيال ئىچرە،
نە كەچكەي كۆڭلۈمە گەر ئەل بىلە كۆرسەم خەيال ئىچرە.
باغىردە يۈز بەلا نىشى، يۈرەكدە مىڭ فىراق ئوتى،
كىشىنى سالماغىل ئىشق ئوتىغە، يا رەب، بۇ ھال ئىچرە.
كۆڭۈل ھەر لەھزە بىداد ئېتەردىن بىر زەمان تىنماس،
زەمانى يار بىپەرۋالىغىدىن مىڭ مەلال ئىچرە.
تەنىمدە كىسرەتى پەيكان تىغىنى يار ياندۇردى،
ھەم ئول دەمدىن ئېرۇر تىغى يۈزىدىن ئىنفىئال ئىچرە.
تاپىلماس كام ئىلە كۆڭلۈم، غەمىڭدىن ياندى ئانداغكىم،
ئىسكەندەر ئابى ھەيۋاندىن تىنماي مەھال ئىچرە.
تۈن ئاخشام ئۈيلەكىم بولغاي بۇلۇت ئىچرە قۇياش پىنھان،
كىرەر ئول شام ئۇ گۇلچېھرە شاھى ۋىجدان ئال ئىچرە.
تىلۇ ئاغزىڭ خەيالىدىن گەرچە لال ئولۇر تۇتى،
جەدەل ئەھلى مەسەللىك ئۆتتى ئۆمرۈم قىيلۇ قال ئىچرە.

شاھزادە پەرھاد شىرىننىڭ پىراقىدە يىغلاپ تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ، يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دەر ئېردى ئەندەكى پەرھاد: ۋاي شىرىن، ۋاي شىرىن،
ھەجرىڭدە قىلۇرمەن پەرياد، ۋاي شىرىن، ۋاي شىرىن.
«شىرىن» ئاتىڭنىڭ سەدقەسى، ۋاي، مېنىڭ ئىزىز باشىم،
كاشكى تۆكۈلسە يولۇڭدە، ۋاي، مېنىڭ قىزىل قانىم،

ئۇرمادى دىلۇجانىم ئاھكى ماھى ئەنۋەرىم.
تاش كىسىبان قاپارچىدى، ۋاي، مېنىڭ ئىلىكلەرىم،

ئۆرتەدى شىرىن ئوتىدە، ئاھ، مېنىڭ يۈرەكلەرىم،
قان تامادۇر زەمان ـ زەمان، ۋاي، مېنىڭ جىگەرلەرىم.
مىسلى تېرەكدەك تىترەشۇر، ۋاي، مېنىڭ يۈرەكلەرىم،

ئۆرتەدى جانۇ دىلىم ھەجرىڭدە ئەي تاجى سەرىم.
ئاھ، نېتەي قىزىل يۈزۈم يولىدە بولدى كەھرەبا،
قايدا ئىكەن، قايدا تۇرار شىرىن دىلجو ـ دىلرەبا،

شېرىن دېدىم، شېرىن دېدىم، يولىدە بولدى ئۆمر ئەدا،
يارنىڭ يولىغە قىلۇر بولدۇم بۇ دەم جانىم فىدا،
ئۆرتەدى بۇ جان ـ دىلىمنى، ئاھكى، ماھى ئەنۋەرىم.
ياركى شېرىن ـ شەكەر بولدۇم يولۇڭدە ئەخكەر،

شامۇ سەبا، تۇنۇ سەھەر بارمۇ مېنىڭدەك بىسەر،
مەھزۇن ئېرۇرسەن بىخەبەر، تاپىدىڭ خۇدادىن سەن ئەجر،
تەڭرى بەرسۇن ساڭا، ئەي مەھزۇنى ھەيران، بىر خەبەر،
ئۆرتەدى جانۇ دىلىم ھەجرىڭدە، ئەي تاجى سەرىم.

پەرھاد يۇقىرىقى بېيىتنى ئوقۇپ يىغلىدى. ئۇنىڭ نالە ـ زارى پەلەككە يېتىپ، يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي خۇدايا، مەن كەبى ئەفتادەلەرگە رەھم قىل،
باشى قاتقان ئەقلى يوق بىبادەلەرگە رەھم قىل،
ئۈستىگە تاغلار يىقىلغان دىلپارەلەرگە رەھم قىل،
ياكى جاندىن جۇدا غەم بادەلەرگە رەھم قىل،
مەن كەبى ھەم يۈرەكى سەدپارەلەرگە رەھم قىل.

بۇ جەھانى بىۋەفاغە ھېچكىم بولماس ئاشنا،
دوست قويماڭ بۇ جەھانغە ئەقلىڭىز بولسە بەنا،

قويماڭىزلار ئاغزىڭىزدىن دائىما ھەمدۇ سەنا،
كەلمەگەيسىز دۇنيەغە بىر ئايلانىپ كەلمەس يانا،
يىغلاسۇن مەھزۇن يەنە بىبادەلەرگە رەھم قىل.

ۋاي، يۈزمىڭ ۋايكىم، بولدى يۈرەكىم چاك ـ چاك،
خوب ـ خوبانلار كېتىپ بولدۇم بۇ يەردە ۋەھىمناك،
بۇ ستەم بولدى ماڭا ئاشۇ ناندەك ھەم خوراك،
يىغلاسۇن مەھزۇن يەنە، بىچارەلەرگە رەھم قىل.

ئەلقىسسە، پەرھاد تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ يىغلايتتى. جان ـ جانىۋارلارمۇ پەرھادنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يىغلايتتى. پەرھاد جانىۋارلارغا قاراپ: «سىلەرمۇ شېرىنگە ئاشىقمۇ، نېمىشقا مۇنچىلا يىغلايسىلەر؟» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:



دەر ئىدى پەرھاد: نېچۈن يىغلايسىلەر ئاھۇلىرىم؟
سەنلەرەم ئول ئاشىقى شېرىن دىلجودۇرمۇسەن؟
شىرۇ قاپلان مۇنچە يىغلاپ ئاھۇئەفغان ئېتەسەن،
سەنلەرەم ئاھۇيدەك شېرىنگە ئاشىقدۇرمۇسەن؟
تۇرنەۋۇ غازلار نېچۈن يىغلايسىلەر، ئاھۇلىرىم،
سەنلەرەم ئول دىلرەبا، رەئناغە ئاشىقدۇرمۇسەن؟
ئەي كەبۇتەر تارتادۇرسەن كېچەلەر تىنماي فىغان،
سەن ھەمان ئول گەۋھەرى يەكتاغە ئاشىقدۇرمۇسەن؟
دەر ئىدى: كىبكى خىرامان مۇنچە قەھ ـ قەھ قىلاسەن،
سەن ھەمان ئول رويى ئەنقاغە ئاشىقدۇرمۇسەن؟
مەن بولۇپ ئاشىقى شېرىن دەشتۇ سەھرا كېزەمەن،
سەن ھەمان ھىجرانىدە كۆيگەن بىر دىلى ئەفگارمۇسەن؟
كىمكى كۆرسە بۇ شېرىن دىلجونى، بولغاي ۋەھىمناك،

سەنلەرەم كۆرۈپ ئانى بۇ يەردە باغرى قانمۇسەن؟
باز شېرىن فۇرقەتى ماڭا ئېرۇر قەندۇ ئەسەل،
سەن ھەمان بۇ زەھرىنى قەندۇ ئەسەل بىلگەيمۇسەن؟
مەنكى بىر ئاشىقى شېرىن، بىر بەلاغە ئۇچرادىم،
مىڭ بەلا، يۈزمىڭ بەلاغە، بىر جەفاغە ئۇچرادىم،
ئول بەلا ئېرمىش ۋەلى ھەم ماسىۋاغە ئۇچرادىم،
بۇلبۇلى گويا بولۇپ ھەم گۈلستانغە ئۇچرادىم،
سەن ھەمان ئول شېرىنى شەيداغە ئاشىقدۇرمۇسەن؟

ئۆزىنىڭ ھۆسنىنى مەن ھۆرلاردىن ئەئلا كۆرەرەم،
بۇ جەفاۋۇ جەبرىنى جەننەتدىن ئەئلا كۆرەرەم،
كاكۇلىن جەننەت ئارا سۇنبۇلدىن ئەئلا كۆرەرەم،
ئايدى مەھزۇن: سەن ھەمان شېرىنغە ئاشىقدۇرمۇسەن؟

ئەلقىسسە، خۇسرەۋ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن پەرھادنى يوقاتماقچى بولۇپ، بىر كەمپىرنى تاپتى. بۇ كەمپىر پېشانىسى پۈرۈشكەن، بىلى يادەك ئېگىلگەن بىر مەككار ئىدى. خۇسرەۋ ئۇنىڭغا مەقسىتىنى ئېيتتى. كەمپىر خۇسرەۋگە:

ـــ پەرھاد بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، ـــ دەپ ۋەدە بەردى. ئۇ قارا كىيىم كىيدى، بېشىغا قارا ياغلىق ئارتتى. بىر ھاسىنى ئالدى ـ دە، پەرھاد ئىشلەۋاتقان تاغقا يېتىپ باردى. پەرھادقا يېقىنراق بىر جايغا ئورۇنلىشىپ، ئۆزىنى يەرگە ئاتتى ۋە نالە ـ پەرياد كۆتۈردى.

پەرھاد كەمپىرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، «بۇ يەردە نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەندۇ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقاي» دەپ ئويلاپ كەمپىرنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ قارا كىيىم كىيگەن، چاچلىرىنى يېيىپ، يۈزىنى تىرناپ، ئۆزىنى تاشلارغا ئۇرۇپ يىغلاۋاتقان بىر كەمپىرنى كۆردى. پەرھاد كەمپىردىن:

ـــ ئەي ئانا، نېمىشقا مۇنچە يىغان چېكىسىز، سىزگە قانداق زۇلۇمنىڭ ئوقى تەگدى؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ بالام، مەندىن گەپ سورىما، ساڭا جاۋاب بەرگۈدەك ھالىم يوق، ـــ دېدى كەمپىر.

پەرھاد كەمپىرگە كۆپ ئىلتىجا قىلغىنىدىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـــ ئەي بالام، مەن ئېرەم شەھىرىدىن كەلدىم. بىزنىڭ شەھىرىمىزدە شىرىن ئىسىملىك بىر مەلىكە بولۇپ، ئۇنىڭ پەرھاد ناملىق ئاشىقى بار ئىدى. ئاشىق پەرھاد خۇسرەۋ شاھنىڭ ئېلىدە يەتتە يىلدىن بېرى تاغ كېسىپ، سۇ باشلاش ئىشى بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇ تاغنى كېسىپ بولۇشقا ئازلا قالغانىمىش. ئەگەر شۇ تاغنى كېسىپ بولسا، شىرىننى ئەمرىگە ئالماقچىدى. لېكىن بىر كېچىسى شىرىن تۇيۇقسىز كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. بۇ ئەھۋالنى پەرھاد ئاڭلاپ قالمىسۇن، دەپ شىرىننى شۇ كېچىسىلا يەرلىكگە دەپنە قىلىۋەتتى. مەن پەرھاد ئىشىنى تۈگىتىپ، ئۈمىد بىلەن كەلسە شۇنچە تارتقان رىيازىتى بىكار كەتمەمدۇ، دەپ يىغلاۋاتىمەن. بۇنداق قايغۇ ـ ئەلەم ھېچكىمگە كەلمىسۇن.

پەرھاد بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق بىر ئاھ تارتتى. قولى-





دىكى پالتىنى تاغقا كۈچەپ ئۇرغانىدى. تاغدىن يالقۇن چىقىپ، شۇ يالقۇندا كۆيۈپ كەتتى. تاغدىكى كىيىك، كەپتەر، غاز، تۇرنا، شىر، قاپلانلار پەرھادنىڭ جەسىتىنى ھالقا شەكلىدە ئوراپ، كۆزىدىن قانلىق ياش تۆكۈشتى. شۇ ھالدا ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. بۇ خەۋەر شىرىنگە يەتتى. شىرىن: «بىر شەھەر ئىقلىمىنىڭ شاھزادىسى شۇ ئەھۋالدا دۇنيادىن كېتەمدۇ؟ پەلەكتىن مىڭلارچە داد!» دەپ زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يىغلادى شىرىن دەبان: ئەي چىنى خاقان زۇبدەسى،
چىنى خاقان پادىشاھنىڭ زۇبدەسى - ئازادەسى،
ۋاي، باشىڭدىن ئۆرگىلەي، مەندەك يېتىم فەرزانەسى،
يىغلايىن بول دەم ساڭا، ئەي ھەقنى سۆيگەن بەندەسى.

ئەي ئەزىزىم، ئىشق ئارا شەھزادەلىك تەرك ئەيلەدىڭ،
بىر مەن ئۈچۈن نېتەيىن مىسلى قەقنۇس ئۆرتەدىڭ،
يەتتە يىل بولدى بۇ تاش كەسمەكنى ئادەت ئەيلەدىڭ،
ئاخىرى ۋەقتىڭدە مۇنداق تاغۇ تاشدە يۈزلەدىڭ،
يىغلايىن سىزگە، ئايا ئەي ھەقنى سۆيگەن بەندەسى.

ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنىپ بۇ يەردە تاپدىڭىز جەفا،
سەندە ھەم بار ئېردى ئاندا چىنى خانىمدەك ئانا،
نامىڭىز شاھزادە پەرھاد ئېردى، قەددىڭىز دۇتا،
بۇ ئەجەل ئوقى تېگىپ بولدى يۈرەك - باغرىڭ ئادا،
يىغلايىن سىزگە ئايا، شەھزادەلەرنىڭ زۇبدەسى.

قىلدىڭۇ، مېھنەتنى ئەمما، مەقسۇدىڭگە يەتمەدىڭ،
بۇ شىرىن دىلجۇ ئۈچۈن باغرىڭ قارا قان ئەيلەدىڭ،
تەرمۇلۇپ يار يولىغە ئەقلىڭنى ھەيران ئەيلەدىڭ،
يىغلايىن سىزگە بۇ دەم، خاقانى چىن شەھزادەسى.

كېلىبان شەھرى ئېرەمگە نە جەفالەر كۆردىڭىز،
يار ۋەسلىگە يېتەلمەي نەچچە كۈن زار ئولدىڭىز،
«ھۇ» دەبان سەھرا ئارا يۈز سىرە تاغنى كەستىڭىز،
ھەسرەتۇ ئەرمان بىلە ئاخىر جەھاندىن ئۆتتىڭىز،
يىغلايىن مەن سىزگە، ئەي چىن شەھرىنىڭ شەھزادەسى.

ئىشق ئوتى بىرلە چىقىپ تاغدا ۋەتەنلەر قىلدىڭىز،
ئاھۇ، قاپلان، شىرۇ ئارسلانلارغە ھەمدەم بولدىڭىز،
غازۇ تۇرنە، سۇخسۇرۇ ئۆردەكنى مەھرەم قىلدىڭىز،
مۇنچە قايغە لاچىن، كەبۇتەرنى ھەمدەم قىلدىڭىز،
يىغلايىن سىزگە، ئايا شەھزادەلەرنىڭ زۇبدەسى.

سەن مۇنىڭدەك بولغانىڭدە ئاھۇ ۋايىڭىز قانى،
تاغ ئارا قالغانىڭىزدە چىن شەھرىڭىز قانى،
سىزنى تۇغقان چىنى خانىمدەك شۇ ئاناڭىز قانى،
يىغلايىن سىزگە، ئايا شاھىم غەرىبلەر زۇبدەسى.

بۇ شىرىن ئول كۈنى چەندان يىغلادى، كىيدى قارا،
مۇنچە لەشكەر بارچەسىنى ئەيلەدى جامە سىياھ،
ھەسرەتى غەملەرگە بولۇپ مەھزۇن، بۇ يەردە مۇبتەلا،
ۋايكىم، مەھزۇن ئانىڭدەك شاھلار خۇن خوردەسى.

ئەلقىسسە، شىرىن:

— مېنىڭ ئاشىقىم پەرھاددۇر. ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. ئەمدى لەشكەرلەر بىلەن بېرىپ پەرھادنىڭ جەسىتىنى تەتىللا بىلەن ئوراپ، تىللا تاۋۇتقا سېلىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلسۇن. يولدا تاۋۇتنى ئۈستىدىن تەڭگە چېچىپ ماڭسۇن، — دەپ لەشكەرلەرگە ئەمر قىلدى.

لەشكەرلەر شىرىننىڭ پەرمانى بويىچە تاغقا يېتىپ باردى. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ پەرھادنى چۆرىدەپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پىغان تارتىپ يىغلاشتى. ئاشىق پەرھادنىڭ جەسىتىنى تىللا تاۋۇتقا سېلىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئېلىپ كەلدى. شىرىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تاۋۇتنى خىزىنىنىڭ ئىچىگە قويدى.

كەچ كىردى. شىرىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، كېنىزەكلەرگە:

— ئۆزۈم يالغۇز كىرىپ ئاشىقىمنى كۆرەي، ئۇنىڭ جاھاننى زىننەتلىگۈ-
چى جامالىغا تويااي، چۈنكى ئۇ، مېنىڭ پىراقىمدا كۆيۈپ سۇلتان بېشى گاداي
بولدى ۋە ئەزىز جېنىدىن جۇدا بولدى، ئۆمرى ئادا بولدى، پاكىز جىسمى پىرا-
قىمدا قانغا مىلەندى، تىرىكلىكىدە يۈزۈمگە باقالمىدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭ جا-
مالىغا تويۇۋالاي، سىلەر كەينىمدىن كىرىپ يۈرمەڭلار، مەن يالغۇز كىرىپ
پەرھادىم بىلەن سۆزلىشىۋالاي، — دېدى.

شېرىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتتى - دە، ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىرىپ
كەتتى. ئۇ خىلمۇخىل كىيىملەرنى كىيىپ ئۆزىگە زىننەت بەردى. ئاندىن كې-
يىن چاچلىرىنى تاراپ يايدى ۋە تەرەت ئالدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە مىڭ ھەس-
سە گۈزەللىك قوشۇلدى. ئۇ گوياكى جەننەتنىڭ ھۆرلىرىگە ئوخشاپ قالدى.
چۈنكى بۇ شېرىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى ئىدى. شېرىن
تەييارلىقىنى تۈگىتىپ، خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. شېرىن
توي ۋاقتىدا ئۆز يىگىتىنىڭ ئالدىغا كىرگەن قىزلاردەك پەرھاد-
نىڭ تاۋۇتى ئالدىغا كېلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي فەلەك، بولماس جەفايىڭ دەستىدىن بۇ جان ئەمان،
ئۇشبۇ ئالەم جەبرىگىزدىن ئەيلەدى ئاھۇفىغان.
ئانچۇنان ئولدى قەدى، ئەي مەھى، بائىس نەدۇر،
خاھى شاھۇ خاھ گەدا، خاھى قارى، خاھى جەۋان.



ئۆتتىلەر گەز نالەۋۇ ئەفغان بىلە بارچە ئەمان،
كىمدىن ئۆرگەندىڭ بۇ تەئلىمى جەفانى ئانچۇنان.
بۇل مەھۇخۇرشىدۇ شەمئىنى خامۇش ئەيلەدىڭ،
باغرىمى سەدپارە قىلدى، كۆزلەرىمدىن خۇن رەۋان.
ساڭا دائىم بۇ جەفاۋۇ جەبرىلەر سەرمايەدۇر،

بۇ جەھان ستەم پىشەدىن ھېچكىم تاپماس ئەمان.
بارچە خۇبلار كەتكەي ئاخىر ئەيلەبان ئاھۇ فىغان.
مەھزۇنا سەن مۇنچە خەلق ئەھۋالىغە ھەيراندۇسەن،
قاي كۇنى ئېركىڭ سېنىڭ ئۇستىڭگە ھەم تارتىلسە جان.

شېرىن بۇ بېيىتنى تاماملاپ، خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىدى. ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرغان كېنىزەكلىرىگە:

— ئۆزۈم چىقمەن، مەن چىقمىغۇچە ئىشىكنى ئاچماڭلار، — دېدى. ئۇ تاۋۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ يوپۇقنى ئاچتى. ئاشىقى تىللا تاۋۇت ئىچىدە نۇرلۇق قۇياشتەك ياتقانىدى. ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى تاۋۇت ئىچىگە يېيىلغان بولۇپ، يۈزىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. گوياكى ئېسىل بىر تال گۆھەر تاۋۇت ئىچىدە ياتقانىدى. شېرىن دىلى ئېزىلگەن ئاشىقىنى قۇچاقلاپ، جان ـ دىل بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي، كاشكى ئانادىن تۇغماغاي ئىدىم،
تۇغقان جاھاندە قالماغاي ئىدىم.
تۇتدى ئەجەل ياقامدىن ئالىپ،
قىلدىم نە ئىش جەھاندە قالىپ.
كۆردۈك جەھان غەمىنى دائىم،

بولماغايكى سېنىڭ يولۇڭدە قايىم.
ئەي يار، بۇ كۇن كۆرەي يۈزۈڭنى،
ئول ئاھۇيى رەم خۇمار كۆزۈڭنى.
چۇن يەتتە يىل ئۆتتى ئورتەدىن، ئەي يار،
ئىشقىمدە مېنىڭ بولۇپ ئىدىڭ خار.



گوياكى تەنىمدە جانىم ئېردىڭ،
ھەم جانىم ھەم ئىمانىم ئېردىڭ.
گۈل يۈزۈڭنى كۆرەي بۇ سائەت،
جانىمدە مېنىڭ تولا فەساھەت.
سۈنبۈلستان ساقال ساڭا ياراشقان،
سۈلتانلىغىن، نىتەي، ئاداشقان.
ئەي، سەدقەئى رۇھىڭىز بولايىن.
ۋاي، غەرىب جانىڭىز بولايىن.
ئەي، يۈزىگە خاللار ياراشقان،
ۋاي، زەررىن ئەنبەر ياراشقان.
ئەي يار، سەرۋى قەدى يەكتاۋۇ زىبا،
ئەي يار، نازىنىن، سەرۋى رەئنا.
جانىمنى ساڭا فىدا قىلايىن،
يولۇڭغە مەنەم جانىم بېرەيىن.
كەلسۇن بۇ دەمى ئەجەل ماڭا ھەم،
مەنەھەم بولايىن بۇ دەمدە بەرھەم.
ئەي يارى ئەزىز مېھرىبانىم،
ئايلانسۇن سەندىن ئەفگار جانىم.

يۈز مىڭ جانىم فىدا ساڭا،
بىر باق كۆرەيىن نىگار ماڭا.
سەنسىز بۇ جەھاندە نە قىلۇرمەن،
ھەسرەت ئوتىدا مەگەر يانۇرمەن.
ئەمدى بۇ ئۆمرۇ ھەرەم ماڭا،
جانىمنى فىدا قىلاي ساڭا.
كۈن ماڭا كۈن ئەمەس، نىگارىم،
تۈن ماڭا تۈن ئەمەس، نىگارىم.
بىزارمەن بۇ ھەياتلىغىمدىن،
زۇلمەت ئارا بۇ خارلىغىمدىن.
سەن جان ئىدىڭ، مەن بىر تەن ئىدىم،
مەن جان ئىدىم، تېنىم سەن ئىدىڭ.
ياق، ياق، ئىكەۋ بىر جان ئېردۇك.
ياق، ياق، ئىكەۋ بىر تەن ئېردۇك،
مەنەھەم يانىڭغە ئەجەب ياراشقۇم،
يانىڭدە بىر مۇرادىغە يەتكۈم.
نەيلەي، بۇ جەھان شەھلىغىنى،
دەۋلەت ئاراسىندە مەھلىغىنى.

ئەلقىسسە، بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى مېھىنبانۇدىن ئاڭلايلى: مېھىنبانۇ شېرىننىڭ خەزىنىدىن قايتىپ چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

— شېرىن نېمىشقا ھېلىغىچە چىقمايدۇ؟ — دېدى.

— كەچ كىرىپ قالغاندى، مەلىكە شېرىن: «خەزىنىدىن ئۆزۈم چىقمىغۇچە سىلەر كىرمەڭلار» دەپ تاپىلىدى، ئەمما ھازىرغىچە چىقمايۋاتىدۇ. بىز بۇ يەردە مەلىكەمنى ساقلاپ ئولتۇرماقتىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى كېنىزەكلەر.

مېھىنبانۇ خەزىنە ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تالاي قېتىم چاقىردى. بىراق، خەزىنە ئىچىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. ئاخىر مېھىنبانۇ خەزىنە ئىشىكىنى چېقىشقا بۇيرۇق بەردى. خىزمەتكارلار ئىشىكنى ئاچتى. مېھىنبانۇ خەزىنە ئىچىگە كىرىپ قارىدى. شېرىن پەرھادنىڭ يۈزىگە يۈزىنى قويۇپ، جېنىنى تەڭرىگە تاپشۇرغانىدى. ئىككىيلەن بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ، گوياكى ئاي بىلەن كۈندەك نۇر چېچىپ ياتقانىدى. مېھىنبانۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئارقىدىن پىغان كۆتۈردى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك پىغانىغا تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ نالە - پەريادى بارغانسېرى كۈچەيدى. بۇنى ئاڭلىغان پۈتۈن لەشكەرلەر پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ ھالى - ئەھۋالىغا يىغلاپ نالە - پىغانغا چۈشتى. مېھىنبانۇ بولسا، پەرھادنىڭ يەتتە يىل چەككەن جاپاسىنى شۇ بىر سائەتتىلا تارتتى. ئۇ ھېسابسىز قايغۇ - ئەلەمگە گىرىپتار بولدى. چۈنكى، مېھىنبانۇنىڭ شېرىندىن باشقا تەخت ۋارىسى يوق ئىدى. پەقەت شېرىنلا ئۇنىڭ ۋەلىئەھدى ئىدى. ئوردىدىكى بارلىق كىشىلەر مېھىنبانۇغا قوشۇلۇپ يىغا - زار

قىلىشتى، ئۇلارنىڭ ماتەملىك يىغىسى كۆككە يەتتى. مېھىنبانۇ ھەسرەتلىك يىغا ـ زار ئىچىدە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يىغلايىن سىزلەرگە مەن، پەرھادۇشىرىنىم بالام،
ئىشق ئوتىدە باغرى كۆيگەن كۆڭلى مەھزۇنىم بالام،
ھەم غەرىبۇ دىل شىكەستە بار، سۇلتانىم بالام،
ئىشق بازارى ئىچىندە مەۋج ئۇرغانىم بالام،
بىر ـ بىرىغە تويمايىن ئۇمرى ئەدا بولغان بالام.

ۋاي شىرىن شەككەر بالام، باغرىڭنى داغىڭ بىلمەدىم،
شاھزادە پەرھاد ئۇچۇن جان بېرەرىڭ بىلمەدىم،
ئىككىڭىز بىر نەئىش ئارا جا بۇلارىڭ بىلمەدىم،
ئىشق ئوتىغە ئۆرتەنىپ، ئاخىر ئۆلەرىڭ بىلمەدىم،
نۇرى دىيدەم، بەرگۇزىدەم، دۇررى نايابىم بالام.

بىرىڭىز بۇ شەھرى ئەرمەن گۇلىستانىنىڭ گۇلى،
بىرىڭىز ئول شەھرى چىن گۇلزارىنىڭ ھەم بۇلبۇلى،
ئىككىڭىز ئاشىق ۋە مەشۇق تەڭرىنىڭ سۆيگەن قۇلى،
ئىككى ئىقلىم شەھرىنىڭ يانغان چىراغى ـ مەشئىلى.
ھەسرەتۇ ئەرمان بىلە ئالەمدىن ئۆتكەنىم بالام.

كەلسەلەر خاقانى چىنكىم دېسە: «پەرھادىم قانى؟
يۈزى گۇل، ساقالى سۇنبۇل، ماھى ئەنۋارىم قانى؟
يالغۇزۇم، ئۇمرۇم گۇلى ئول شەمئى ئەنۋارىم قانى؟
تەختۇ تاجىم ئىگەسى، جانىم شەھەنشاھىم قانى؟»
ۋاي، يۈزمىڭ ۋايكىم، شەھرىمنىڭ ئابادى بالام.

ۋاي غەرىبۇ ۋاي يېتىمۇ ۋاي شاھزادەم بالام،
ساچى سۇنبۇل يۈزى گۇل ئەي سەرۋى ئازادەم بالام،
شاھ قىزى، شاھزادە ئۆزى ھۆر تەننازىم بالام،
بىر تۇمەن لەشكەر ئارا دەۋلەتلۇ سۇلتانىم بالام،
شاھلىغدا كەيمەگەي شاھى، دىل ئەفگارىم بالام.

شەھرى ئېرەم قالدى سىزدىن ئەمدى كىملەر خان بولۇر؟
يۈز تۇمەن لەشكەرىڭىزگە ھەسرەتۇ ئەرمان بولۇر،
شەھرى چىن ھەم شەھرى ئېرەم بارچەسى ۋەيران بولۇر،
كەتتىڭىز دارۇل ـ فەنادىن ئورنىڭىزگە كىم بولۇر؟
ۋاي، يۈزمىڭ ۋايكىم، ئىشق ئوتىدا يانغان بالام.

ۋاي پەرھاد، سىزنى مەن شاھزادە خان دېسەممۇكىن،
ياكى بىر غەرىبى مۇزتەر، ناتەۋان دېسەممۇكىن،
ياكى ئىشق ئوتىدە كۆيگەن باغرى قان دېسەممۇكىن،
شەھرى چىننىڭ زۇبدەسى، ئارامى جان دېسەممۇكىن،
ۋاي پەرھاد، ۋاي شىرىن، دۇررى ئەفشانىم بالام.

مەھزۇنا، كۆرگەنمۇسەن شەھلەر ئارا شاھزادەنى،
شىرىنۇ فەرھاددەك قالغان نەچە خانزادەنى،
ھەسرەتۇ ئەرماندە ئۆتكەن بىرنەچە ئازادەنى،
سەرۋى بوستان، غۇنچە لەرزان، كۆزلەرى مەستانەنى،
ۋاي، يۈزمىڭ ۋايكىم، ھەجر ئوتىدە كۆيگەن بالام.

ئەلقىسسە، مېھىنبانۇ بۇ بېيىتنى ئوقۇپ بولۇپ قاتتىق بىر پىغان چەكتى ـ دە، جېنىنى تەڭرىگە تاپشۇردى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، سەردارلار ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى ماتەم تۇتۇپ زار ـ زار يىغلاشتى.

بېيىت

يىغلادى ئەركانى دەۋلەت بارچەسى ئەفغان ئېتىپ،
شىرىنۇ پەرھاد ھەجرىدە يۈرەكىن قان ئېتىپ،
مەھزۇنى ھىجران ئارا قالغان ئەجەب ئەفغان ئېتىپ،
ئاشىقۇ مەشۇق ئاراسىندە ئۆزىن ھەيران ئېتىپ،
ئاخىرى جەننەت ئىچىدىن ئالدىلار جاي ئىككى گۇل.

ئەلقىسسە، ئۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى خەزىنىدىن ئاچىقىپ بىر تاۋۇتقا سالدى ۋە بىر لەھەتكە قويۇپ دەپنە قىلدى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئېرەم شەھىرىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرقانچىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە جەننەتتە
مەرۋايىتتىن پۈتكەن بىر ھەيۋەتلىك ئوردا ئىچىدە پەرھاد بىلەن شىرىن ئويناپ يۈرگۈدەكمىش، ئۇلارنىڭ
يېنىدا مېھىنبانۇ بار ئىمىش. ئاقساقاللاردىن بىرى پەرھادتىن:
— سىز پانىي دۇنيادا قىلغان قانداق ساۋابلىق ئىشىڭىز بەدىلىگە بۇ راھەتلەرگە ئېرىشتىڭىز؟ — دەپ
سوراپتۇ. پەرھاد:
— ئەي يارانلار، مەن پانىي دۇنيادىكى ئۆمرۈمنى پاك مۇھەببەت بىلەن ئۆتكۈزدۇم. شۇ يولدا كۆپ
جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتتىم. شۇنىڭ سەۋەبىدىن ماڭا بۇ راھەت - پاراغەت نېسىپ بولدى. مېنىڭ تۆپەي-
لىمدىن شىرىن بىلەن مېھىنبانۇغىمۇ جەننەت نېسىپ بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇدەكمىش.
بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى خاقانى چىندىن ئاڭلايلى: پەرھاد - شىرىننىڭ ئالەم-
دىن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزلەر خاقانى چىنغا يەتتى. خاقان تۈمەن مىڭ لەشكەر بىلەن پەرھادنى ئىز-
دەپ يولغا چىقتى. كۈنلەپ، سائەتلەپ يول يۈرۈپ ئاخىر ئېرەم شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. پەرھاد - شىرىن ۋە
مېھىنبانۇنىڭ ھەقىقەتەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆردى. خاقان بىرنەچچە كىشىدىن ھال - ئەھۋالنى سو-
رىدى. ئۇلار پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان
خاقانى چىن زار - زار يىغلاپ، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:



ئايدىلار خاقانى چىن: ئەي ۋاي، سۇلتانىم بالام،
تەختۇ تاجىم ئىگەسى، ئەي ۋاي، نايابىم بالام،
لەشكەرىم سەردارى بولغان گەۋھەرى كانىم بالام،
كەتتىڭىز قايسى تەرەفكە ماھى گۇلفامىم بالام،
يالغۇزۇم، كۆز رەۋشەنىم، دەردىمغە دەرمانىم بالام.

سىزدىن ئۆزگە، ئەي بالام، بىر نۇرى چەشمىم بارمىدى؟
دۇنيادە بىر سىز كەبى سەرۋى رەۋانىم بارمىدى؟
ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، سەندىن ئۆزگە جانىم بارمىدى؟
جانىم ئىچرە جان ئىدىڭ، ئۆزگە يەنە جان بارمىدى؟
يالغۇزۇم، كۆز رەۋشەنىم، تەختىمنىڭ سۇلتانى بالام.

يەتتە يىل بولدى، جۇدا بولدۇم جەمالىڭ شەمئىدىن،
ئايرىلىپ قالدىم سېنىڭدەك يۈرەكىمنىڭ قاتىدىن،
ئاختارىپ كەلدىم سېنى مەن چىنى ماچىن شەھرىدىن،
تاپمادىم مەن ئىزلەبان بول دەمدە ئېرەم شەھرىدىن،
ئەي مېنىڭ جانىم ئارا بىر گەۋھەرى كانىم بالام.

سىز ئىدىڭىز نۇرى دىدەم، جىسمى جانىم گۇلشەنى،
باشىمى تاجى، كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى، گۇل خىرمەنى،
ئەي بالام، ئەي نۇرى دىدەم، ۋاي كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى،
.........

يالغۇزۇم، ئەي گەۋھەرىم، جانىمنىڭ جانانى بالام.
ئاختارىپ كەلدىم مەن ئەمدى سىزنى قايدىن تاپەمەن؟
تاپمايىن سىزنى بۇ يەردىن ئەمدى قانداغ قايتەمەن؟
چىنى ماچىن تەختىنى مەن بۇ جەھاندە نېتەمەن؟
فۇرقەتىڭ ئوتىدە جانىم، زار يىغلاپ ئۆتەمەن،
يالغۇزۇم، ئەي گەۋھەرىم، شاھزادەئى خانىم بالام.

كاشكى بولساڭ ھايات شېرىن ھەمان بولسە ئىدى،
توي ـ تاماشالار قىلىپ يوللارغە زەر ساچسام ئىدى،
سىز بىلە شېرىننى ئالىپ شەھرىمە كەتسەم ئىدى،
ئاپارىپ سىزنى يەنە تەختىمگە ئوتقۇزسام ئىدى،
يالغۇزۇم، ئەي شەب چىراغىم، دۇررى نايابىم بالام.

دېدىلەركىم سىزنى: پەرھاد ئاشىقى ئەللاھ، بالام،
دۇنيەدىن سىز ئۆتتىڭىز، ئەي ۋاي، شەيئىلىللاھ، بالام،
ئاشىقۇمەئشۇق بولۇپ بىئىختىيار ئۆلگەن بالام،
دۇنيەنىڭ بىھەد جەفاسىن كۆرۈبان ئۆتكەن بالام،
يالغۇزۇم، ئەي نۇرى چەشمىم، ۋاي غەرىب ئۆلگەن بالام.

ۋاي فەرھادىم بالام، ئول شەھرىمى جانانەسى،
ۋاي فەرھادىم بالام، چىن شەھرىنىڭ شاھزادەسى،
ۋاي فەرھادىم بالام، لەشكەرلەرىم سەرمايەسى،
ۋاي فەرھادىم بالام، بۇ شەھرى ئېرەم زۇبدەسى،
يالغۇزۇم، ئەي سەرۋەرىم، ئەي دۇررى يەكتايىم بالام.

ئەلقىسسە، خاقانى چىن زار ـ زار يىغلاپ ھازا تۇتتى. ھازىدىن توختىغاندىن كېيىن، ئېرەم شەھىرىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ياساتقۇزدى. ئېرەم شەھرىگە كەلگەن بارلىق زىياننى شاھزادە پەرۋىزدىن تۆلىتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن خاقانى چىن چىن شەھرىگە راۋان بولدى. شاھزادە پەرۋىزمۇ ئۆز شەھرىگە قايتتى.



# لەيلى-مەجنۇن

**مەجنۇننىڭ ئانىسىدىن تۇغۇلغانلىقى، ئاتىسى ئۇنىڭغا قەيس دەپ ئات قويغانلىقى، قەيسنى مەكتەپكە بەرگەنلىكى، قەيس مەكتەپتە لەيلىنى كۆرۈپ، جانۇ دىلى بىلەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە ئۇ سەۋدايى بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەجنۇن دەپ لەقەم سىڭگەنلىكىنىڭ ھېكايىسى**

ۆزمەنلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەرەب دىيارىدا بىر پادىشاھ بار ئىدى. نۇرغۇن ئەرەب تاجدارلىرى ئۇنىڭغا پەرمانبەردار ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئادىل ۋە سېخىي، ئالىم ۋە دانا ئىدى. خەزىنە، مالۇدۇنياسى ھەددىدىن زىيادە بولۇپ، ھەمىشە داستىخان يېيىپ مېھماندارچىلىق ۋە خەير - ساخاۋەت قىلاتتى. لېكىن، پادىشاھنىڭ بىرەرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن پادىشاھ تولىدىن - تولا غەمناك بولۇپ، ئاللادىن پەرزەنت تىلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى زار - مۇناجاتلىرى ھەددىدىن ئاشقاندا، ئاللا ئۇنىڭغا بىر پەرزەنت ئاتا قىلدى. يۈزى ئاپتاپتەك چىرايلىق بۇ بالىنىڭ تەن - ۋۇجۇدىدىن ئىشق - مۇھەببەتنىڭ جىلۋىسى كېلىپ تۇراتتى. پادىشاھ ئاللاغا شۈكۈر قىلىپ نەزىر - نەيازلار ئەيلەپ، مىسكىنلەرگە ساخاۋەت قىلدى. بالىغا قەيس دەپ ئات قويدى. چۈنكى، پادىشاھنىڭ ئاتىسىنىڭ ئېتى قەيس ئىدى. ئۇنى ئىنىكئانىغا تاپشۇردى. پادىشاھ ئوغلىنى كۆزىنىڭ قارىسىدەك ساقلايتتى. ئاتا - ئانىسى گوياكى ئاشىقلار مەشۇقلىرىنى ئايلانغاندەك ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئايلىناتتى. بالا بەش ياشقا كىردى. ئاتىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن ياخشى ئالىم ئىزدىدى ۋە ئاخىر تاپتى. شۇنداق بىر ئالىمنى تاپتىكى، ئۇ ھەممە پەندە كامىل ئىدى. ئۇ ياخشىلىقتا، شەپقەتچىلىكتە يېگانە ئۇستاز ئىدى. ئۇنىڭ مەكتىپىدە كۆپلىگەن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئوغلانلىرى بار ئىدى ۋە ئاي يۈزلۈك قىزلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇ قىزلار ئارىسىدا بىر قىز بار ئىدىكى، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولۇپ، قەددى - سەرۋى سۈۋادانىدەك، چېچى سۇمبۇلدەك، يۈزى ئون تۆتىنچى كېچە پارلىغان تولۇن ئايدەك، ئىككى رۇخسارى قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك، لەۋلىرى لەئەلدەك، ئاغزى پىستىدەك، چىشلىرى مەرۋايىتتەك، قاشلىرى يادەك، كىرپىكلىرى يا ئوقىدەك ئىدى. ئۇنىڭ سۈلكەت - سالاپەتلىرى ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. بۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ئىسمى لەيلى ئىدى.

ئەلقىسسە، قەيسنى ئاتىسى مۇشۇ مەكتەپكە ئوقۇغىلى بەردى. ئۇستاز ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگىتەتتى. قانچىكى دەرس بەرسە ئۇ بىمالال ئۆگىنىۋالاتتى، ئىككىنچى رەت ئۆگىتىش ھاجەتسىز ئىدى. ساۋاقداشلىرى قەيسنىڭ مۇنداق تېز، ئاسان ئۆگىنىۋالىدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن

سالاتتى. بىر كۈنى قەيس مەكتەپكە كەلدى. لەيلى قەيسنى بىر كۆرۈش بىلەن ئاشىق بولۇپ ئاغرىپ قالدى. دىماغلىرى پۇتۇپ، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ، بىماردەك قىزىپ رەنج تارتتى. لەيلىنىڭ ئاتىسى ھەي قەبىلىسىگە پادىشاھ ئىدى. ھەممە ھۆكۈما، تېۋىپ - ھەكىملەرنى يىغىپ ئول ئاي يۈزلۈكنىڭ بېشىدا ھازىر قىلدى. تېۋىپلار ئۇنىڭ رەڭگىگە قاراپ دورا قىلدى. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئاغرىقنىڭ ئىلاجى بولۇپ، لەيلى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ تەندۇرۇس بولدى. كۈندە ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۆڭلى تۇتۇلۇپ زېرىكتى. مەكتەپكە بارماقنى ئىختىيار قىلدى. ئۆزىنى يۈزمىڭ زىبۇزىننەتلەر بىلەن بېزەپ، كېنىزەكلەرنىڭ ئارىسىدا مەكتەپكە كەلدى. ئۇستازى لەيلىنىڭ ساقايغانلىقىغا تولىمۇ خۇشال بولۇپ، ھەممە قىز - ئوغۇللارنى مەكتەپتىن ئازاد قىلىپ، «لەيلى بىلەن سەھراغا بېرىپ بوستان - گۈلىستانلارنى سەيلە قىلىڭلار !» دەپ، قويۇپ بەردى. ھەممە قىز - ئوغۇللار لەيلىگە ئىكرام ۋە ئېھتىرام بىلدۇرۇپ شاد بولدى. ئۇنى ھەممە قىزلارنىڭ يۇقىرىسىغا ئولتۇرغۇزدى. شۇ چاغدا قەيس لەيلىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ بويى تال ياپرىقىدەك تىترىدى. يۈزى زەپىرانىدەك سارغايدى. تامام ئەزالىرىغا ئىشق ئوتى تۇتاشتى. ئەس - ھوشىدىن ئايرىلدى. ئۆزىنى بىر خىل تۇتۇشقا كۆپ تىرىشىپ باقتى. قەيس شۇ ھالدا تۇرغاندا لەيلى ھەم ئۇنى كۆردى - دە، كۆڭلىگە ئوت چۈشۈپ بىتاقەت بولدى. ئۇنىڭ ئەسلى - ۋەسلىنى سوراشقا ئىنتىزار بولدىيۇ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى ھېچ كىشى بىلمىدى. ئۇنىڭ بىتاقەتلىكى ئاشتى. ئەمما قەيس بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇشقا ئىمكان بولمىدى. ئۇ باغ تەرەپكە يۈزلەندى. ھەممە قىز - ئوغۇللار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ لەيلىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. لەيلى غۇنچىدەك ئاغزىنى ئېچىپ، ساۋاقداشلىرىغا: «مەكتەپتىكى ھەممە قىز - ئوغۇللار بۈگۈن بىزنىڭ باغقا بارسۇن» دېدى. قەيس بۇ سۆزنى ئاڭلاپ لەيلىنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. بۇ باغ شۇنداق بىر باغ ئىدىكى، گويا بېھىشنىڭ ئۆزى ئىدى. باغ ئىچىدە بۇلبۇل، تۇتى، قۇمرىلار سايرىشاتتى. رەڭگارەڭ مېۋىلەر پىشىپ تۆۋىگە چۈشكەندى. بىرىنچى بوستاندا بىر گۈلىستان بار ئىدى. تاغ ئېتىكىدىن بىر بۇلاق چىقىپ ئول باغقا ئاقاتتى. قىزلار باغقا كىرىپ بۇ ئاجايىپ گۈللەرنى تاماشا قىلدى، ئەمما لەيلى بىلەن قەيستىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاشىقنىڭ كۆڭۈللىرى گۈل - غۇنچىلارنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلدى. بىر - بىرىنىڭ ئىشقىدا كۆيەتتى. گەرچە چىرايلىرى ئىشقنى پىنھان تۇتقان بىلەن كۆزلىرى ئاشكارىلايتتى. قەيس باغ ئىچىدە باھار يامغۇرىدەك يىغلاپ گاھى ھوشىدىن كېتىپ، گاھى ھوشىغا كېلىپ يۈردى. ھەر لەھزە لەيلىگە نەزەر سالاتتى - دە، ئىشقى ئوتى ئۆرلەپ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ قىزىرىپ كېتەتتى. بىچارە ئاشىقلار نە تۇرغىلى تاقىتى يوق ۋە نە يانغىلى پۇتى بارماي يىراقتىن كۆز ئۇچىدا قارىشاتتى. ئاھىنىڭ ئوتى باغ ئىچىنى قىزارتاتتى. ناگاھ ئول ئاي يۈزلۈك قەيسنىڭ ئۆزىگە بۇ قەدەر ئاشىقلىقىنى بىلىپ، كۆزىنى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىپ بىر نەزەر قىلدى. قەيس بۇنى كۆرۈپ يىغلاپ، يىلاندەك تولغاندى. قەيسنىڭ بۇنداق بولغانلىقىنى بىلگەن لەيلىنىڭ ئىچىگە ئوت تۇتاشتى. لەيلى بىردەم قىزلارنى غاپىل قىلىشنى ئويلىدى. ئۇ بىر پۇرسەت تېپىپ قەيسنىڭ قېشىغا بېرىشنى، ئۇنىڭ ھالىنى سوراپ جانسىز بەدەنگە جان كىرگۈزۈشنى ئويلايتتى.

ئوغۇللار ھەر تەرەپتە ئويۇن بىلەن مەشغۇل بولدى. لەيلىمۇ سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرەتتى. بىر گۈلزارلىققا يەتتى. بۇ گۈلزارلىقنىڭ تۆت تەرىپىنى گۈللەر چىرمىغان بولۇپ، ھېچ تەرەپتىن ئادەم كۆرۈنمەيتتى. لەيلى كۆردىكى، قەيس بۇ يەردە گۈللەرنىڭ ئارىسىدا گۈل يەڭلىغ ياشلىرىنى تۆكۈپ زار - زار يىغلاپ، ياقىسىنى چاك، يۈزلىرىنى خاك ئېتىپ ئاشىقانە غەزەللەر ئوقۇپ، بۇلبۇلدەك پەرياد - پىغان

قىلىپ يېتىپتۇ. لەيلى بۇنى كۆرۈپ بىتاقەت بولدى. سۆزلىگۈدەك ماجالى قالمىدى. يۈزمىڭ خىجىللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەي يىگىت، ھالىڭىز نېچۈك؟ نېمە غېمىڭىز بار؟ نېمە ئۈچۈن باشقىلاردەك خۇشال ۋاقتىڭىز يوق؟ يارانلىرىڭىز باغۇبوستانلارنى خۇشال ـ خۇرام تاماشا قىلىشىۋاتىدۇ. سىز نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە غەمكىن ۋە پەرىشان ئولتۇرىسىز؟ قاراڭ، باھار شامىلىدا گۈللەر ئېچىلىپ، خۇش پۇراقلار چېچىلىۋاتىدۇ. سىز نېمە ئۈچۈن بەتھال ۋە غەمناك ئولتۇرىسىز، مۇشۇنداق خۇشال ۋاقىتلاردا بەتھاللىقىڭىز نېمە ئۈچۈن، گۈلگە ئوخشاش قان يىغلىغانلىقىڭىزغا نېمە سەۋەب، بۇنداق بولۇشىڭىزغا كىم سەۋەب بولدى؟

قەيس مەشۇقىدىن مۇنداق شېرىن ۋە مەرھەمەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ بۇ قەدەر مېھرىبانلىقىنى كۆرۈپ، جېنى تېنىدىن پەرۋاز قىلغىلى تاس قالدى. ئۇ ھەيران ـ لال بولۇپ، كۆزلىرىدىن جىگەرىنىڭ سۈيىدەك ياش ئاققۇزدى. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:



— مېنىڭ يۈرەك – باغرىمغا ۋە دىل – جانىمغا ئىشق ئوتىنى سېلىپ ئۆرتىگەن، بىرنەزەردە كۆڭلۈمنى ئالغان، ۋۇجۇدۇمنى مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق قىلغان، ئارزۇلۇقلارنى ئەتىۋارسىز قىلغان، كۆزلىرىمنى قارا قىلغان ئەي خېنىم، مېنى ئىشق – مۇھەببەت ئوتىدا ئۆزىڭىز كۆيدۈرۈپ، كۆلۈمنى كۆككە سورۇپ، ئالەمدە رەسۋا قىلىپ بولۇپ يەنە ئۆزىڭىز سوراۋاتامسىز، بىلىپ تۇرۇپ بىلمىگەن بولۇۋالامسىز، سىز شېرىن زابانلىق قىلىپ جېنىمنى ئالالايسىز، كۆڭلۈمنى ئوغرىلاپ ئۆزىڭىز تونۇمايۋاتامسىز، بۇ هال ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقانلىق، داغ ئۈستىگە داغ سالغانلىق بولماسمۇ؟ — قەيس شۇنداق دەپ بىر ئاھ تارتىپ سەۋدايىدەك بىهوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ تۇپراق ئۈستىگە يىقىلىپ، ئۆلگەن كىشىدەك ياتتى. لەيلى تىترىشىۋىدى، ئۇنىڭدىن نەپەس كەلدى. بۇ هالنى كۆرگەن لەيلىنىڭ بىر ئىشقى مەڭ بولۇپ، باهار يامغۇرىدەك زار – زار يىغلاپ، قەيسنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆزلىرىدىن جىگىرىنىڭ خۇننى ياش قىلىپ ئاققۇزدى. بۇ ياشلار قەيسنىڭ يۈز – كۆزىگە ئاقتى. لەيلى ئۆزىنىڭ قىلغان سۆزلىرىگە پۇشايمان يەپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئىككى قىز ئۇنى ئىزدەپ كەلدى، كەلگەنلەر لەيلىنىڭ كېنىزەكلىرى ئىدى. كېنىزەكلەر كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ، پادىشاھتىن قورقۇپ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇلار:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېيىشتى. لەيلى ئۇلارنى كۆرۈپ يەرنى سۆيدى. ئۇ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، كۆڭلىدىكى سىرىنى ئاشكارىلاپ، بىچارىلىكىنى ئايان قىلىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. بۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى ھەم ئىشق – مۇھەببەتلىك قىز ئىدى. ئۇ دەرھال:

— ئەي ئاي يۈزلۈك خېنىم، هېچ غەم يېمەڭكى، ئىشققا گىرىپتار بولمىغان كىشى يوقتۇر، بۇ ھەممىگە ئايان. سىز ئارامگاھىڭىزغا بېرىڭ، بۇ يىگىتنى بىزگە تاپشۇرۇڭ، ئۆزىمىز بىر چارە قىلايلى. بۇ سىردىن هېچ كىشى خەۋەردار بولمىغاي، — دېدى.

ئاي يۈزلۈك زار – زار يىغلاپ، كۆڭۈل مەھبۇبىنى شۇ يەردە قويۇپ ئۆز ئۆيىگە ياندى. ھېلىقى قىزلار قەيسنى ئۆز كىشىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ياندى. قەيس گۈلىستان ئىچىدە لەيلىنىڭ جامالى ۋە شېرىن كالامىدىن بىهوش ياتاتتى. كۈن ئۆتۈپ يېرىم كېچە بولغاندا هوشىغا كەلدى. ئۆزىنى بىر گۈلىستان ئىچىدە كۆردى. ھەر تەرەپتە گۈللەر ئېچىلىپ خۇش پۇراقلار چېچىلىپتۇ، بۇلبۇل ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ سايراۋېتىپتۇ. رەڭگارەڭ گۈللەر باش ئېگىپتۇ. گۈللەر بۇ ئىشق ئەھلىنىڭ كۆكسىدىكى داغىنى كۆرۈپ باغرىنى چاك ئېتىپتۇ. ئاسمان بۇ ئىشقتا ئۆلگەن سەۋدايىنىڭ ماتىمىدە قارا لىباس كېيىپتۇ. گوياكى ئاقار سۇلار ئۇنىڭ ماتىمىدە ئاۋاز سېلىپ يىغلاپ ئېقىپتۇ.... قەيس ئۆزىگە كېلىپ ، ھەر تەرەپكە قاراپ يارنى تاپالماي بېشىغا غەم تېغى يىقىلدى. ئوت يەنە بەدەن – بەدىنىگە تۇتاشتى. ياقىسىنى تارتىپ چاك – چاك قىلدى. ئاھ چەكتى، ئاغزىدىن ئوت – شولا چىقىپ ئالەمدىن قارار تاپتى. ئۆزىنى ئۆزى يەرگە ئۇرۇپ، گاهى كۈلۈپ – گاهى يىغلاپ زەپىرانىدەك يۈزىگە كاچاتلاپ، گاهى ئىككى قولىغا ئىككى تاش ئېلىپ كۆكسىگە ئۇرۇپ، پەرياد – پىغانلار كۆتۈرۈپ زار – زار يىغلايتتى.

تاڭ ئېتىپ ئالەم يورۇدى. قەيس يورۇق جاهاننى كۆردى. گۈلىستان ئىچىدە ئەپغان چېكىپ ھەربىر گۈلگە يۈزىنى سۈركەپ، لەيلىنى ياد قىلىپ يىغلىدى. ھەربىر غۇنچىگە قاراپ لەيلىنى يادلىدى. گۈل نەرگىسنى كۆرۈپ ئول ئاي يۈزلۈكنىڭ كۆزلىرىنى سېغىنىپ نالە قىلدى. يەرگە قاراپ لەيلىنىڭ ئىزىنى تېپىپ كۆزلىرىگە سۈردى. سۇغا قاراپ لەيلىنىڭ يۈزىنىڭ ئەكسىنى سۇدا كۆرگەنلىكىنى يادىغا ئالدى. كۆزلىرىدىن ئېرىق سۈيىدەك ياش ئاققۇزدى. بۇلبۇلنىڭ سايراشلىرىغا قوشۇلۇپ پەرياد بىلەن ئېيتتى-

كى: «ئەي بۇلبۇل، ئەي نائىنساپ، ئىنساپ قىلمايسەن، ئۆز مەشۇقۇڭنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرسەنۇ، يەنە
شام ـ سەھەر پەرياد قىلىسەن، ئەي بىئىنساپ بۇلبۇل، ئاشىقلار ساڭا ئۆز ئىشقىنى مىسال تۇتماس. نې ـ
مە ئۈچۈنكى، سەن مەشۇقۇڭغا قوشۇلۇپسەن، شۇڭا پىراق شىكايىتىدىن دەم ئۇرما. مېنىڭدەك پىراق ئو ـ
تىدا كۆيگەن كىشىدىن پىراقتىن گەپ سورىما. بۇلبۇل، مەن دىۋانىگە قارىغىن، مىسكىندۇرمەن. مېنىڭ
جانسىز بەدىنىمنى كۆرگىن، مەن مەشۇقۇم ــ جانىمدىن ئايرىلدىم، تامغا تارتقان جانسىز سۈرەتكە
ئوخشىدىم. ئەي بۇلبۇل، بۇ پەرياد ـ پىغانلارغا كېچە ـ كۈندۈز يىغلاشقا لايىقمەن. سېنىڭ ئالدىڭدا باغ
تۇرۇپتۇ، مېنىڭ باغرىمدا داغ. سېنىڭ يېنىڭدا گۈل باردۇر، مېنىڭ كۆڭلۈمدە جۇدالىق خارى باردۇر».
قەيس شۇنداق دەپ يىغلاپ هوشىدىن كەتتى ـ دە، ئۆلگەن كىشىدەك يىقىلدى. كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى
كۆرۈپ تۇردى. ئۇلار ئۆز قەبىلىسىگە بېرىپ ئوردىغا يەتتى. ئوردىدا، قەيس كەلمىدى دەپ ھەر تەرەپكە
ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئىزدەشمەكتە ئىدى. كەلگەنلەر قەيسنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردى. ئاتا ـ ئانىسى
بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ بەتهال بولۇپ يىغلاشتى. قەبىلە كىشىلىرى: «لەيلىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن تىلىمەك كې ـ
رەك، بۇ بىچارە ئاشىقنى مەشۇقىغا قوشۇپ قويماق كېرەك» دېيىشتى. ئۇلار قەيس ياتقان باغقا كەلدى.
كۆردىكى، قەيس كۆكسىنى پارە ـ پارە، بېشىنى يارا قىلىپ تۇپراقتا بىهوش يېتىپتۇ. پادىشاھ ھەم
خالايىقلار بۇ هالغا پەرياد ـ پىغان قىلدى. قەيسنى مەپىگە سېلىپ ئەكېلىپ ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىپ ياتـ ـ



قوزدى. ئۇ بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ بولغان ئەھۋاللارنى بىلمەيتتى. قەيس كۆزىنى ئېچىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىدا زار - زار يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئاتىسى ئۇنىڭ ماڭلىيىغا سۆيدى. مېھرىبان ئانىسى بېشىدىن ئۆرگەلدى. قەيس ئاتا - ئانىسىدىن ئۇيىلىپ بەدىنى سۇ بولۇپ كەتتى، يەردىن ئۇستۇن قارىمىدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى ئۆپۈپ، ئەھۋال سوراپ مېھرىبانلىق قىلدى. قەيس خىجىل بولۇپ جاۋاب بەرمىدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھالاك بولۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، سىرنى ئاشكارىلاشنى تىلىدى. خالايىقلار ئەھۋالنى بىلەلمەي ھەيران قېلىشتى. بەزىلەر سەۋدايى بوپتۇ، دېيىشتى. ھەرقايسىسى ئۆز ئۆيلىرىگە كەتتى. قەيس غەم ھۇجرىسىدا قالدى، ئۆز ئەھۋالىغا يىغلىدى. ئىشق ۋەجىدىن باياۋانغا كېتىشنى خىيال قىلدى، ئەمما ئاتا - ئانىسىنىڭ مەنئى قىلىشىنى بىلىپ ئاخشامغىچە نالە - زار ۋە ئىنتىزارلىقتا ئۆتتى.

كېچە بولدى، ئىشق زىيادە بولدى. ئىشق ئوتى بېشىغا ئۇرۇلۇپ، ۋۇجۇدىنى نابۇت قىلاي دېدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن ۋە پىيادە ئۆيدىن چىقتى - دە، لەيلى تەرەپكە راۋان بولدى، ئەمما قەيەرگە بېرىشىنى بىلەلمەس ئىدى. ئۇ گاھى يىقىلىپ - گاھى يۈگۈرۈپ مەست كىشىدەك ماڭدى. قاراڭغۇ كېچىدە لەيلىنىڭ قەبىلىسى تەرەپتە ئوت يورۇقى كۆرۈندى. قەيس ئاھ تارتىپ، بىقارار ۋە بىئارام ھالەتتە ئوتقا قاراپ ئېيتتىكى: «ئەي جۇدالىق كېچىسىنىڭ روشەن يۇلتۇزى، ئىشق - مۇھەببەت گۆھىرىنىڭ شولىسى، غەمناكلارنىڭ يول چىرىغى، مەھبۇبلارنىڭ ئەلچىسى، بۇ غەم باياۋىنىدا قولۇمنى تۇتتۇڭ، پىراق كېچىسىدە يولۇمنى كۆرسەتتىڭ، سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى قانداقمۇ ئېيتىپ بولارمەن؟ ئاي بىلەن كۈن ساڭا نېسىپ بولسۇن، مەندەك ئاشىقلار ساڭا ئوتۇن بولسۇن.» ئۇ ئاخىر ئوتنىڭ قېشىغا كەلدى. قەيس ئۆزىنى باسالماي لەيلىنىڭ ئىشقىدا ئاشىقانە بېيىت - غەزەللەرنى ئوقۇپ، لەيلىگە غايىبانە شۇنداق خىتاب قىلاتتى: «ئەي جانۇ جاھانىم، جانىمنىڭ ھەمراھى، سېنىڭ ۋەسلىڭ — مېنىڭ خىيالىم.» شۇ چاغدا ئۇ لەيلىنىڭ ئىتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە دېدىكى: «ئەي ئىت، سەن مەندىن بەختلىكسەن، غەمكىنلەرگە ۋاپا كۆرسەتكەن، ئاداشقانلارغا رەھنەمالىق قىلغان، كېچىدىكى تولۇن ئايدەك يارىمنىڭ ئىزىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ، بېشىدىن ئۆرگەلسەم دەپ يىغلاپ يۈرگەن مەندەك بىچارە ئاشىققا ساڭا ئوخشاش ساقچىلىق قىلىش مۇيەسسەر بولمىدى. سەن ھەمىشە يارىمنىڭ ئىشىكىدە خۇشال، مەن ھىجرى باياۋاندا بەتھال يۈرىمەن ۋە مەن ھىجر - جۇدالىق سەھراسىدا ھەيران ۋە سەرگەرداندۇرمەن، سەن ۋاپا كويىدا شاد - خۇرامسەن. شۈكرىكىم، سېنى مەھبۇب ئىشىكىدە باش قويدۇرۇپ، مېنى ئىشق دەشتىدە سەھرانى ئايلاندۇرۇپدۇر.»

قەيس گاھى يىغلاپ - گاھى قوپۇپ، ھەي قەبىلىسىگە يېقىن باردى. ئۇ ھەربىر قەدەمدە بىھوش بولۇپ، يەنە ھوشىغا كېلىپ قوپۇپ يۈگۈرەيتتى.

ئەلقىسسە، لەيلى ھەم قەيسنىڭ پىراقىدا زار - زار يىغلاپ، بىقارار بولۇپ، غىزادىن قالدى ۋە ئۇيقۇنى تاشلىدى. يىلاندەك تولغىنىپ زارلىدى. ھەممە خالايىق ئۇخلاۋاتاتتى، لېكىن لەيلى ئىشق ئوتىدا كۆيەتتى. ئىنىكئانىسى بۇ ھالدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ ھەم قەيسكە مېھرىبان ئىدى. بۇلار مەكتەپتە ئوقۇغاندا بۇ ئايال ئۇلارغا ئانىسىدەك مېھرىبانلىق قىلاتتى. لەيلى بۇ كېچە تولىمۇ بىتاقەت بولدى. قاراڭغۇ كېچىدە ئورنىدىن قوپۇپ تالاغا چىقتى - دە، يولغا راۋان بولدى.

ئىنىكئانىسىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. لەيلى مېڭىپ - مېڭىپ قەيسنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئاشىقلار بىر - بىرىنى كۆرۈپ زارلاشتى ۋە ھەر ئىككىسى تاقەت قىلىپ تۇرالماي بىھوش بولۇپ

يىقىلدى. لەيلىنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئايال بۇ ھالنى كۆردى، ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنى كۆرمەك بولۇپ، تاقىتى قالماي ھەيران ـ لال بولدى. لەيلىنىڭ ئىنىكئانىسى پىنھان ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھالىغا زار ـ زار يىغلىدى ۋە قورقتى. مۇبادا بۇلار ھوشىغا كەلگۈچە خالايىق خەۋەر تېپىپ قالسا ياخشى بولماس دەپ ئويلاپ، لەيلىنى يۇدۇپ ئۆيىگە ئەكېلىپ ياتقۇزدى. ئاندىن يېنىپ بېرىپ قەيسنى كۆتۈردى ـ دە، ئادەملەر گۇمان قىلمايدىغان جايغا ئاپىرىپ قويدى ۋە يېنىپ كېلىپ لەيلىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ياتتى. بۇ ھالدىن ھېچكىم خەۋەرسىز ئىدى.

ئەلقىسسە، قەيس ئاشۇ يەردە ياتتى. ئەتىسى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى تاپالماي پەرياد ـ پىغان قىلدى. قەيسنى ئىزدەشكە ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتتى. ئىزدىگۈچىلەر لەيلىنىڭ قەبىلىسى تەرەپكە بېرىپ قەيسنى تاپتى. ئۇلار كۆردىكى، لەيلىنىڭ قەبىلىسىدىن ئىككى ئايال كىشىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ كەتكەن ئىزلىرى تۇراتتى. ئىككىيلەن بۇ يەردە يىقىلىپتۇ. يىقىلغانلارنىڭ بىرى لەيلى، بىرىنىڭ قەيس ئىكەنلىكى ئۇلارغا مەلۇم بولدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى ھېس قىلىپ پەرياد چەكتى. قەيس بىھوش ھالەتتە ئىدى. شامال قۇم ـ تۇپراقلارنى ئۇنىڭ ئۇستىگە باشتىن ـ ئاياغ تۆككەن بولۇپ، خۇددى ئۆلگەن كىشىدەكلا ياتاتتى. ئۇلار قەيسنى نەپەس ئۈزدىمىكىن دەپ ئويلاپ پەرياد كۆتۈرۈشتى. بىرى ئاغزى ۋە قوللىرىنى ئۇنىڭ دىمىغىغا يېقىنلاتقاندى، قەيسنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى بىلىندى. ئۇلار خۇدايىتائالاغا شۈكۈرلەر ئېيتىپ، ۋەيران كۆڭلىنى ئاباد قىلىپ، قەيسنى كۆتۈرۈپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئاتا ـ ئانىسى قەيسنى بۇ ھالدا كۆرۈپ پەرياد كۆتۈردى. قەيس ھوشىغا كەلدى. ئاتا ـ ئانىسى قەيسكە بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلدى. قەيس بېشىنى سېلىپ خامۇش ئولتۇردى. تۇرغانلارنىڭ بىرى مۇنداق دېدى: «ئەي شاھزادە، بۇ ساڭا نىمە ھەۋەس؟» يەنە بىرى مۇنداق دېدى: «بۇ ئىشنىڭ بىئەقىللىقتۇر، بۇنى تاشلىغىن، ھوشيار بول!» تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھەر خىل نە-



سهەتلەرنى قىلدى. بۇ نەسىھەتلەر قەيىس ئىچارىگە گويا خەنجەر ۋە نەشتەر بولۇپ تېيۇلاتتى. ئۇ
يىغلايتتىيۇ، ھېچنېمە دېمەيتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچقانداق سۆز كىرمەيتتى. يەنە كېچە بولدى، ھەممە
كۆزلەرنى ئۇيقۇ ئەسىر قىلدى. قەيىس ئىشق ئوتىدا بىقارار بولۇپ چاچراپ قوپتى ـ دە، لەيلى تەرەپكە
قاراپ يۈگۈردى.

ئەتىسى يەنە شۇنداق قىلدى. باياۋانلاردا يۈرۈپ، ئىلگىرىكىدىنمۇ زىيادە غەمكىن بولدى.

ئەلقىسسە، قەيىسنىڭ ئەھۋالى ھەر كېچە شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ ئىشقى ـ سەۋدالىقى كۈندىن ـ
كۈنگە زىيادە بولدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا بىرەر ئىلاج قىلماققا ئاجىز كەلدى. خالايىقلارمۇ تەڭ ـ
لىكتە قالدى. ئادەملەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «تەلۋە ـ ساراڭ» دەپ چاقىرىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنىڭغا
مەجنۇن دەپ ئىسىم قويدى. مەجنۇن ھەمىشە: «ئاھ لەيلى، ئاھ لەيلى !» دەپ پىرقىراپ، قۇيۇندەك
يۈگۈرەيتتى. ئۇ لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە بېرىپ: «كاشكى، قېنىم مۇشۇ يەردە تۆكۈلسە، جېنىم سەدى ـ
قە بولسا ئىدى» دەپ ئاھلار چېكەتتى، ئاندىن باياۋان تەرەپكە بېرىپ، كۆزلىرىدىن ئېرىق سۈيىدەك
ياشلار تۆكۈپ سەرگەردان بولاتتى.

پەسلى داستان، مەجنۇننىڭ بىھوشانە ئاشىقلىقىدىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خەۋەر تېپىپ لەيلىنىڭ
ئاتا ـ ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى، مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەجنۇننى زەنجىر بىلەن باغلاپ قويغان ـ
لىقى، ئىشقى ئوتىدا كۆيگەن مەجنۇننى چىرمىغان زەنجىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ياڭغان ھارارەتتە ئېرىپ سۇ
بولۇپ كەتكەنلىكى، مەجنۇن زەنجىردىن خالاس بولۇپ باياۋان تەرەپكە قەدەم قويغانلىقى، لەيلى گۈلىستاند ـ
ىن ئۆيىگە كەلگۈچە ئىبنى سالام كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، لەيلىنى نىكاھىغا ئالماقچى بولغانلىقى

مەجنۇننىڭ تەلۋىلىكى ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭ مەجنۇنلۇقى مەشھۇر بولدى. چوڭ ـ كىچىك جى ـ
مىكى كىشى ئۇنىڭ لەيلىنىڭ ئىشقىدا سەۋدايى بولغانلىقىنى بىلدى ۋە بۇ خەۋەر لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ
قۇلىقىغا يەتتى. خالايىقلار پادىشاھقا: «ئامىر قەبىلىسى ئۇلۇغىنىڭ ئوغلى قەيىس بۇ قەبىلىگە كېلىپ
تەلىم ئېلىپ ناھايىتى ئاقىل ۋە ياخشى ئالىم بولغانىدى. ئەلھال، سەۋدايى بولۇپ ئەقىل ـ ھوشىدىن
كەتكەنىمىش، دەشت ـ باياۋاننى كېزەر ئىمىش، كېچە ـ كۈندۈز پەرياد ـ پىغان چېكەر ئىمىش، خەلق
ئارىسىدا شۇنداق بىر سۆز پەيدا بوپتۇكى، بىر ئاي يۈزلۈككە ئاشىق بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز غەم بالا ـ
سىدا ياتار ئىمىش» دېدى.

لەيلىنىڭ ئاتىسى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ غەمناك ۋە پەرىشان بولۇپ، قولىنى قولىغا ئۇرۇپ: «پەقىر كە ـ
مىنىمۇ ئۇنىڭ تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. بىچارىگە كۆپ كىشىنىڭ كۆزى تەگدىمىكىن، تولىمۇ قابىل
ۋە خۇشخۇي يىگىت ئىدى. ئاقىل، كامىل ۋە شېرىن سۆز ئىدى. بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە تولا مەقبۇل كې ـ
لەتتى. ئەگەر ئۇ يىگىت شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغاندۇ،
ئىسىت، بۇ يىگىتنىڭ كۆڭلىنى كىمنىڭ ئوتى كۆيدۈردىكىن ۋە قايسى مەھبۇب گۈلرۇخ مۇھەببەت ئو ـ
تىنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سالدىكىن؟ !» دەپ كۆپ پەرىشان بولدى.

شۇ چاغدا ۋەزىر پادىشاھقا: «شاھىم، ئۆزلىرى ئوبدان سورىدىلا، ئەمدى ماڭا سۆزلەشكە پۇرسەت
بولدى. ئۇنىڭ ئىشقىنى ھەممە خالايىقلار بىزنىڭ قەبىلىگە باغلاۋاتىدۇ. تولاراق گۇمان لەيلىدە ئىمىش،
بۇ يەردە قەبىلىلەر كۆپ، ئەمما قەيىس ھېچقايسى قەبىلىگە مايىل ئەمەس ئىمىش، ئۇ دائىم بىزنىڭ بۇ





قەبىلنى ئايلىنىپ يۈرەر ئىمىش، جانجان قەبىلىسى بىزنىڭ مۇشۇ قەبىلە ئىمىش. چۈنكى بىزنىڭ قە-
بىلىمىز شۇنداق پاككى، ئۇنىڭغا پاكلىق شامىلىدىن باشقا ھېچ نەرسە تەگمەس، قەبىلىمىزنىڭ ئەتراپىد-
مۇ ناھايىتى مۇستەھكەم، ئەمما ئاشىقنىڭ ئاھى ئەل ئارىسىدا پەلەككە يەتكۈسىدۇر. قەيس ئۆزىنىڭ
پەرياد ـ پىغانلىرىدىن بىخەۋەر ئىمىش. ھەمىشە ئۆز سىرلىرىنى ئاشكارا قىلار ئىمىش، ئۇ ناھايىتى
شېرىن زەبان بولۇپ، ھەر بارە نەزمە ئوقۇسا ئادەملەر ئوتتا كۆيەر ئىمىش، بۇنى جانابلىرىغا مەلۇم قىل-
ماي بولمىدى. بۇ ھەقتە بىر كېڭەش قىلماق لازىمدۇر» دېدى. لەيلىنىڭ ئاتىسى بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ
گويا يىلاندەك تولغاندى. خېلى بىر ۋاقىتقىچە بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋەزىرگە
مۇنداق دېدى: «سەن ھازىر ئامىر قەبىلىسىگە بارغىن، ئۇلارغا دېگىنكى، ھەر ئىككىمىزگە مۇنداق نام
مۇناسىپ ئەمەس. بۇ گەپ خالايىقلار ئارىسىدا تارقىلىپتۇ. قەيس بۇ ھالغا چۈشۈپ، ئىش خالايىققا تار-
قالغۇچە بىر چارە قىلماق لازىم ئىدى. ئەگەر مەجنۇن شۇ قەدەر ئىشق دىۋانىسى بولغان بولسا، ئۇنى
زەنجىرلەپ بەند قىلماق لازىمدۇر. ئەگەر ئۇلار ئوغلىنى باشقۇرمايدىكەن، ئوغلىغا ھەرقانداق ئىشنى قى-
لىشتىن يانماسمەن. ھالا، بولغۇلۇق بولۇپ شۇ يەرگە يېتىپتۇ. ئۇلار ئۆز ئوغلىنى بەند قىلىپ ئوبدان
ساقلىسۇن، ئەگەر بۇ ئىش يەنە سادىر بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ باياۋانغا كۆمگەيمەن !» دېدى.

ئەلقىسسە، ئەلچى بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا يەتكۈزدى. مەجنۇننىڭ ئاتا ـ
ئانىسى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئەقلى ھەيران، كۆزى گىريان بولدى. ئاخىر ئامالسىز ئوغلىنى بەند
قىلماققا پەرمان بەردى. ئەلچىلەر ياندى. خالايىقلار پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە مەجنۇننى باياۋاندىن تې-
پىپ، شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

پادىشاھنىڭ پەرمانى بەجا كەلتۈرۈلۈپ، مەجنۇن زەنجىرلىنىپ بىر ئۆيگە قاماپ قويۇلدى.

مەجنۇن كېچە - كۈندۈز نالە - پىغان قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن داۋاملىق ياش ئېقىپ، ئازراقمۇ ئۇخلىيالمىدى. قەلبى گۈلخاندەك كۆيەتتى. بىچارە مەجنۇن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى. غەم خەنجىرى بىلەن كۆكسىنى يۈز پارە قىلاتتى. ئاتا - ئانىسى ھېچ ئىلاج قىلالماي، ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپلارنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئىشقىدىن بىخەۋەر ھەكىملەر ھەر خىل دورىلارنى تەييارلاپ بېرەتتى ۋە ئۇنىڭغا تۈرلۈك نەسىھەت قىلاتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا يىغلاشنى بەس قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ كۆزلىرىدىن قان تۆكەتتى. ئۆزىگە نەشتەر ئۇرۇپ، ئۆزىنى چاك ۋە زەخمىناك قىلاتتى. قانچە كېچىلەر ئەھۋالى شۇ تەرىقىدە ئۆتتى، ئۇنىڭغا ئالەم تۈندەك قاراڭغۇ ۋە دوزاختەك دەھشەت بىلىنەتتى. مەجنۇن ئىشق دەستىدىن زارلاپ مۇنداق دەيتتى: «دەرىخا! كاشكى، ئانامدىن تۇغۇلمىغان بولسام بۇ ئىشقى بالانى كۆرمەس، جېنىمنى خەستە قىلماس ئىدىم. ناۋادا، تۇغۇلغان ھامان ئۆلگەن بولسام، ئۆلۈكۈمنى ئىتلارغا بەرگەن بولسا، جېنىم بۇ زەنجىردىن خالاس بولار ئىدى. ئەگەر ئىتلار مېنىڭ تېنىمنى تالىشىپ، قانلىرىمنى يالاشقان بولسا، مېنىڭ ناپاك تەن ۋە قانلىرىم ئۇلارنى قوتۇر قىلغان بولاتتى. خالايىقلار تېنىمنى يېگەن ئىتلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۆككە سورىغان بولسا، ئاسمان قارا بولۇپ، ئالەم دىۋانە ۋە سەرگەردان بولار ئىدى. ئاھ، ئاھ، ئۇنداق بولمىدى، جېنىم تەندىن چىقمىدى. كاشكى، كۆزۈم كور بولغان بولسا، بۇ جاھاننى ۋە لەيلىنى كۆرمەس ئىدىم ۋە دىۋانىلىقىمنى ئىزھار قىلىپ ئىشىكلەردە يىغلاپ يۈرمەس ئىدىم. كوچا - كوچىلاردا يىغلاپ، پالاكەت دەشتىدە ئەنسىز مۇشەققەتلەرنى تارتمىغان ۋە بۇ بالالارنى كۆرمىگەن بولاتتىم. كۆزۈم مېنى مۇشۇ رەنجكە سالدى. چۈنكى كۆزۈم بولمىغان بولسا، لەيلىنىڭ جامالىنى كۆرمەيتتىم - دە، ئىشق ئوتى باغرىمغا تۇتاشماس ئىدى. دەرىخ، دەرىخ، نەزەرىم ئۇنىڭغا چۈشۈپ، جانىمغا بالا چىرماشتى. ئەگەر شامال كېلىپ ئۇنىڭ نىقابىنى ئاچسا، ئۇنىڭ جامالىدىن پارلىغان ئاپتاپتىن جاھانغا ئوت چۈشۈپ توققۇز ئاسمانغا تۇتىشار ئىدى. ئۇ ئوتنىڭ شولىسى ئالدىدا قۇياش گوياكى بىر پېتىر ناندەك، ئاي بولسا كۆيۈك قارا توقاچتەك بولغان بولاتتى. ئاھ، مۇنچە بالا ۋە ئوتقا يەر - ئاسمان، بەلكى توققۇز پەلەكمۇ تاقەت قىلالماس ئىدى. مەن بىچارىگە بۇ ئوت تۇتىشىپ، كۆرمىگەن دەرد - ئەلەمنى كۆرسەتتى. ئىشق ئوتىنىڭ چاقماقلىرىدا سامانىنىڭ بەرگى نېمە تاقەت قىلالىسۇن؟! مەن ئاجىزنىڭ بويىنىغا ئۇ مەھبۇبەمنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى چىرماشسا قانداق قىيامەت بولاتتىكىن؟! مۇنچە بالا - قازا مېنىڭ بېشىمدا تۇرسىمۇ يەنە مېنى تۇتقۇن قىلدى ۋە قاراڭغۇ زىندانغا سالماقچى بولۇشتى. ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك تېنىمنى جاراھەتلەندۈرۈپ، ئاندىن دەرد تارتىپ باقمىغان ھەكىملەرنى بېشىمغا كەلتۈردى. ئۇلار خەستە جېنىمنى پارە - پارە قىلىپ، زەئىپ بەدىنىمنى نەشتەر بىلەن ياردى ۋە بىھۇدە نەسىھەتلەر بىلەن جاراھەتلىرىمگە تۇز سۇيى قۇيدى. ئىسىت، ئىسىت، بۇنداق ئىشلاردىن يەنە يۈزمىڭلاپ بولدى. كاشكى، باياۋانلاردا يالاڭ ئاياغ، يالاڭۋاش يۈرگەن بولسام، تاغ - دېڭىزلار ئارىسىدا نالە - پىغان چەككەن بولسام، ئۆز يارىمدىن باشقا كىشىنى ھەر دائىم خالىمىغان بولسام ئىدى! ئاھ، ئىسىت، ئۇلار بىلىشمەيدۇكى، بىر ئۆيگە ئوت تۇتاشسا، ئۇ ئۆينىڭ ئىشىك - تۈڭلۈكىنى ھەرقانچە چىڭ ئېتىۋەتسىمۇ ئوت يەنىلا ھەر تەرەپتىن كۆيدۈرۈپ ئۇنى ۋەيران قىلىدۇ، بەلكى ئۇلىدىن تارتىپ يىقىتىپ تاشلايدۇ. دەرد مېنىڭ كۆڭلۈم ئۆيىنى قايغۇ زىندانى قىلدى. يەنە كېلىپ ئۇلار مېنىڭ بەدىنىمنىمۇ قاراڭغۇ زىندانغا تاشلاشتى. بەدەن زىندانىمنىڭمۇ ئىشىك - تۈڭلۈكى ئېتىلگەن. كۆڭلۈم قېتىدا ئىشق - مۇھەببەت ئوتى يانماقتا. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سۆيگۈ - مۇھەببەت



ئوتى شولا تارتىپ، ئەلەڭگۈ ئۇرۇپ، ئاھىم ئوتى ئاسمانغا ئۆرلەپ، بۇ قاراڭغۇ ھۇجرىنى بۇزسا نە ئە-
جەب؟ ! بۇ ئوتتىن بەلكى يەتتە ئاسمان، توققۇز پەلەك لەرزىگە كېلىپ، ئۇنىڭ شوقىدىن چاك - چاك
يېرىلغۇسى. دەرىخا، ئەتراپىممۇ ئوت، جېنىممۇ ئوت ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى قېنىممۇ ئوت بولدى. مۇنداق
قاتمۇقات ئوت ئىچىگە ھەرقانداق ئادەمنى تاشلىغاندا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ پۇت - قولىدىن كىشەنلەرنى ئېلى-
ۋەتكەنىدى. مېنىڭ گۇناھىم شۇ قەدەر ئېغىر بولغاچقىمىكىن، مېنى ئوتقىمۇ كىشەن بىلەنلا سالدى. يە-
نە تېخى قۇرۇق نەسىھەتلەر بىلەن ماڭا يول كۆرسىتىشمەكتە !» شۇنداق نالە - پەرياد قىلىپ ئاھ تارت-
تىكى، بەدەنلەردىكى زەنجىرلەر ھالقا - ھالقىلىرىدىن گوياكى سۇدەك ئېرىپ، قول - پۇتلىرىدىكى ياغاچ
كىشەنلەر پارە - پارە بولۇپ يېرىلىپ چۈشتى. مەجنۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جانابىي ھەققە شۈكۈر -
سانالار ئېيتىپ، يۈزىنى تۇپراققا سۈردى. زارلاپ يىغلاپ كۆزلىرىدىن قان - ياشلىرىنى ئاققۇزدى. شا-
مالدەك يۈگۈرگەن پېتى قوۋۇقنى ئېچىپ باياۋان تەرەپكە كەتتى. بۇ ئىش ھەر ئىككى قەبىلىنىڭ گۇماـ
لىرىدىن يىراق ئىدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز ئاھۇپىغانلار چېكىپ، قۇيۇندەك ئايلىنىپ، بېشىغا تۇپراقلارنى
چاچقان ھالدا دەشت - باياۋانغا كىرىپ كەتتى...

ئەلقىسسە، ئەمدى لەيلىنىڭ ئەھۋالىغا كېلەيلى:

شۇ چاغدا لەيلىگە ئۇستازى رۇخسەت بېرىپ باغ - بوستانلىققا ئەۋەتتى. لەيلى باغقا بېرىپ مەجنۇننى گۇللەر ئارىسىدا قويۇپ، ئۆزى يۇزمىڭ زىبۇزىننەتلەر بىلەن ياسىنىپ، ھەربىر قويغان قەدەمدە لاتاپەتلەر پەيدا قىلىپ، جاھان ئىچىگە ئوتلارنى سېلىپ، گاھ جامالىنى قىزىلگۇلدەك قىزارتىپ، لېكىن، كۆزلىرىدىن ياش ئۇنچىلىرىنى تۆكۈپ، كۆڭلىدە مەجنۇننى ياد ئېتىپ، گاھ ئۇنىڭ پىراقىدا چىرايىنى سارغايتىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنى بىر ياش يىگىت كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئېتى بەخت ئىبنى سالام ئىدى. ئۇ بەنى ئەسەد ھاكىمىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ مال - دۇنيا، خەزىنە - دەپىنىسى ھېسابسىز ئىدى. بەخت ئىبنى سالام لەيلىنىڭ قۇياشتەك جامالىنى بىر كۆرۈش بىلەنلا مىڭ جان بىلەن ئاشىق بولدى - دە، دەرھال ئۆز قەبىلىسىگە باردى. ھەر خىل ياخشى تۆھپىلەر ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ، لەيلىنىڭ ئاتىسىغا بىرقانچە دانىشمەندىن ئەۋەتىپ، لەيلىنى ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولدى. ئۇ دانىشمەنلەر تۆھپە ۋە خەزىنىلەرنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، ھەي قەبىلىسىگە قاراپ راۋان بولدى.

لەيلىنىڭ ئاتىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى ۋە كەلگەنلەرنى كۆپ ئەزىزلىدى. چۈنكى، ئۇ ئىبنى سالامنى تونۇيتتى. ئۇنىڭ ئاقىل، دانىشمەن، خۇش پېئىل، پەملىكلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا مېھمانلارغا كۆپ ئېھتىراملارنى بىلدۈرۈپ، ياخشى سۆزلەر بىلەن مېھمان قىلدى. كەلگەنلەر سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىلىپ، مەقسەتلىرىنى زاھىر قىلدى. ئاندىن كېيىن ئەلچىلەر ئەدەپ بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جاۋاب كۈتتى. لەيلىنىڭ ئاتىسى كەلگەنلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «ئەگەر خۇدايىتائالا ياخشىلىق ئاتا قىلىپ، ئۇ ئىبنى سالام ماڭا ئوغۇل بولۇشنى تىلىگەن بولسا، مەنمۇ ھەم ئۇنىڭغا ئاتا بولۇشنى خالايمەن. بۇ دۇردانىنى ئۇنىڭ تاجىغا تاقايمەن ۋە ئۇنىڭ بىساتىنى بۇ گۆھەر بىلەن يورۇتقايمەن. لېكىن بىرقانچە ۋاقىت سەبرە قىلسۇن، چۈنكى، ھازىر بۇ كۆڭلۇمنىڭ شېخى شىكەستىرەك، ئۇ تېخى كامالىغا يەتمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر مەزگىل كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلىگە غەم ۋە ئازراق مالاللىق يېتىپتۇر. ئۇ شۇ مالاللىقلاردىن قۇتۇلسۇن ۋە ئېسىگە كەلسۇن. شۇ چاغدا ئول مۇبارەك ئوغلۇم مېنىڭ قولۇمدىن ئۆز مەھسۇلىنى ئالسۇن» دەپ جاۋاب بەردى. ئەلچىلەر بۇنىڭدىن خۇشال - خۇرام بولۇپ ئۆز ئۆيلىرىگە كەتتى. لەيلى قەيسىنى باغدا قويۇپ قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئاشىق بولۇپ يىمەك - ئىچمەكتىن قالغان، توزۇغان غۇنچىدەك پارە - پارە بولغان، كۇندىن - كۇنگە ناتىۋانلاشقانىدى. ئۇنىڭ قېشىدىكىلەر بۇ ھالدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلاتتى. بەخت ئىبنى سالامنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى لەيلىگە ئېيتماس ئىدى. ئۇلار بىلەتتىكى، ئەگەر بۇ ئەھۋالنى لەيلى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ، پىراقى ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى.

بىر كۇنى ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى لەيلىنى كۆرگىلى كەلدى. ھەرقايسىسى لەيلىنىڭ كۆڭلىنى خۇش بولار دەپ تۇرلۇك سۆزلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر موماي بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەقلى كەمرەك بولۇپ، تەدبىرسىزلىكى چىقىپ تۇراتتى، قىلغان سۆزلىرى ھامان خاتا بولاتتى. بۇ موماي لەيلىنى خۇش قىلماق ئۈچۈن: «ئەي ئاي يۈزلۈك، ھېچقانداق غەم قىلماڭكى، كۆڭلىڭىزنى ھەمىشە خۇش تۇتۇڭ، تاڭلا ياخشى بولسىڭىز بەختىڭىز كەلگۇسىدۇر، ھەممە مۇرادىڭىز ھاسىل بولغۇسىدۇر. يارىڭىز بەخت ئىبنى سالام تولىمۇ خۇشخۇي ۋە ئەقىللىق يىگىتتۇر. خۇداغا شۇكۇر، ناھايىتى ياخشى ئىش بولغۇدەك ...» دەپ جىمىكى گەپنى ئېيتىۋەتتى. لەيلى بۇ سۆزلەرنى ئول كەمپىردىن ئاڭلاپ، ئەھۋالنىڭ شۇ يەرگە بارغانلىقىنى بىلدى. جاھان - ئالەم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇ بولدى. بويىغا يامان تىترەك

چۇشۇپ، ئاھ تارتىپ بىھوش يىقىلدى. بىردەمدىن كېيىن نەپسى جايىغا چۈشۈپ نالە ـ زار قىلدى. لەي-لىنىڭ تاقىتى جىسمىدىن ئۇچتى. جىگەر قانلىرىنى كۆزىدىن ئاققۇزدى.

ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە مەجرۇھلىشىپ كەتتى. ئىشق ئوتىنىڭ غالىبلىقى ئۇنى ئۆلۈمگە يېقىنلاشتۇر-دى. ئۇ بۇنىڭدىن زىيادە ئىشق ئوتىدا كۆيسە، ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئىنىكئانىسىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىچارىلەرچە مۇنداق دېدى: «ئەي، غەمدە غەمدىشىم، مۇڭدا مۇڭدىشىم ئانام! مېنىڭ سىرلىرىم ساڭا ئاشكارىدۇر. ھەرقانداق يوشۇرۇن ئىشىم بولسىمۇ سەندىن يوشۇرماي كەلگەنىدىم. ھازىر بىر سۆز ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ شولىسىدىن دىماغلىرىم كۆيدى. گۇمانىمچە، بۇ ئىشتىن سىنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار. لېكىن، سەن بۇنى ماڭا دېمەي كەلدىڭ. ساڭا ھاجىتىم شۇلدۇركى، سەن ئىشىككە چىقىپ بىر سائەت كۆزەتچىلىك قىلساڭ، ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمىسەڭ، چۈنكى كۆڭلۈم ناھايىتى پەرىشان. ئادەملەرنىڭ غەلۋىسىدىن زېرىكتىم. كىرگەنلەرنى ئۇزىتىپ قوي، ئۆز ھالىمغا قويسۇن» دېدى. ئىنىكئانا قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ «خۇش، بولغاي» دەپ تاشقىرىغا چىقتى. ئىشىكنى ئەتتى. ھەممە كېنىزەك ۋە نۆكەرلەرنى ئىشىكتىن يىراق قوغلىدى. لەيلى ئۆزى خالىي قالغاندىن كېيىن ئۆزىنى يەرگە ئۇردى. يىغلاپ توپا چې-چىپ، كۆكسىگە تاش ئۇرۇپ، يۈزلىرىنى تىرمىلىدى. ياشلىرىنىڭ رەڭگى يۈزىنى قىزارتتى. پەريادى پە-لەككە يەتتى. ئەپغانلار قىلىپ شۇنداق خىتاب قىلدىكى: «ئەي سىتەمكار پەلەك، بۇ مەن بىچارىگە كەلگەن نېمانچە تۈگمەس دەرد ـ ئەلەم. مېنى بۇ بالا ئوتىغا سېلىپ، مەھبۇبەمدىن يىراق قىلدىڭ. خۇشاللىقىم



گۇل ئاچقاندا، مۇرادىمنىڭ مېۋىسى بىشىمغا چېچىلغاندا مېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلدىڭ. جۇدالىقنىڭ
زەھىرىنى ئاغزىمغا قۇيدۇڭ. ئەي بىۋاپا چەرخ، ئول غېرىب زارىمنى پىراق باياۋانىدا ئاۋارە قىلدىڭ ۋە
ساپ كۆڭلىنى يۈز پارە قىلدىڭ. ئۇنى باشتىن - ئايىغىغىچە ئىشق خەنجىرى بىلەن يارا قىلدىڭ. ئول
بىچارىنى شۇنداق سەرگەردان ۋە پاراكەندە قىلدىڭكى، بۇنىڭغا تېخى قانائەت قىلماي، ئۇنىڭ جىسمىنى
كۆيدۈرمەك قەستىدە دوزاخقا سالدىڭ. ھازىر ئاڭلىغان بۇ خەۋەر يەنە بىر دوزاخكى، ئۇنىڭ يالقۇنى جىر-
نىمغا تۇتاشتى. ھەسرەت دەرياسى مېنى غەرق قىلدى. ماڭا تۇتاشقان بۇ ئوت پەلەككە تۇتاشقۇسى ۋە بەل-
كى تەتۈر پەلەكنى كۆيدۈرگۈسى. دەرىخ! مەن بۇ بالالار ئىچىدەمەن. ئەمما مېنىڭ ئول زار ئەسىرىم نې-
چۇك ھالدىكىن؟! مېنىڭ ئىشقىمنىڭ ئوتىدا مېنى يادلامدىكىن ۋە پىراقىم غېمىدە چاك - چاكمىكىن!
ئاشۇ غەملەرنى مېنىڭ پىراقىم سەۋەبى بىلەن تارتماقتا. ئۇ يۈزۈمنىڭ پىراقىدا يۈزلىرىنى قان - ياش
بىلەن قىزارتار، قېشىمنىڭ خىيالى يادىغا كەلسە، قەددىنى يادەك ئېگەر، چاچلىرىمنى پىكىر قىلسا،
تەنلىرى يىلاندەك تولغىنار، غەمزە - نازىمنى ئويلىسا، تەنلىرىگە نەشتەر سانجىلۇر ۋە يۈزۈمدىكى
خالىمنىڭ دەردىنى تارتار. توۋا، مەن پەرياد - پەريادلار ئىلكىدە ئۆلۈكدۈرمەن» دەپ سەۋدايىدەك ئاھ تار-
تىپ چاچلىرىنى يۇلدى. ئىنىكئانىسى ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپ لەيلىنىڭ مۇنداق زارلانغانلىقىنى
ئاڭلاپ، تولغىنىپ يىغلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، لەيلى ھەمىشە كېچە - كۈندۈز پەرياد قىلماقنى ئۆزىگە
ھەمراھ قىلدى.

مەجنۇننىڭ ئاتىسى مەجنۇننى كەبىگە تاۋابقا ئاپىرىپ مۇناجات قىلغانلىقى، مەجنۇن ئىنسانلاردىن
ئايرىلىپ دەشت - باياۋانغا يۈزلەنگەنلىكى، سەھرادا كېيىكلەر، شىرلارغا قوشۇلغانلىقى، نەۋپەل
پادىشاھ شىكارغا چىقىپ مەجنۇننى كېيىكلەر ئارىسىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانلىقى ۋە لەيلىنى
ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرمەك ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ كېلىپ لەيلىنىڭ ئاتىسى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

مەجنۇن قاراڭغۇ كېچىدە زەنجىر - كىشەنلەردىن خالاس بولۇپ قاچتى. ئەتىسى ئاتا - ئانىسى ئىز-
دەپ تاپالمىدى. ھەر تەرەپكە ئاتلىق ۋە پىيادىلەرنى ئەۋەتىپمۇ تاپالمىدى. مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغ-
لىنىڭ غېمىدە زار - زار يىغلاشتى. ھەر خىل نەسىھەتلەرنى قىلىپ كۆردىيۇ، ئاخىر ھەممىدىن ئۈمىدىنى
ئۈزۈپ، خۇدانىڭ تەقدىرىگە رازىلىق بىلدۈرۈشتى ھەم ئىككى ئاشىق - مەشۇققا ئاللادىن مەدەت تىلەپ
دۇئا قىلدى. ئۇلار كۆپ دۇئالار قىلدى. بۇ كەبىگە بارىدىغان ۋاقىت ئىدى. ئۇلار سەپەر جابدۇقىنى قىلدى
ۋە نەچچە كۈن ئىزدەپ يۈرۈپ مەجنۇننى بىر باياۋاندىن تېپىپ كەلدى. مەجنۇنغا ئاتىسى كەبىگە بىللە
بېرىشنى ئېيتتى. مەجنۇن بۇ ئىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا جان - دىل بىلەن قوبۇل قىلدى.
مەجنۇننىڭ ئاتىسى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى - دە، مەجنۇننى مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ سەپەرگە راۋان
بولدى. سەھرا، مەنزىللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاخىر كەبەتۇللاغا يەتتى. مەجنۇن كەبىنى مۇھەببەت بى-
لەن كۆردى. ئىشق ئوتى كۆڭلىدىن جۇش ئۇردى. كۆزلىرىدىن ئېرىقنىڭ سۈيىدەك ياش تۆكۈلدى. دەرد-
كە تولغان كۆڭلىدىن ئاھلار تارقىتىپ، كەبىنى چۆرۈلۈپ تاۋاب قىلدى ۋە زار - زار يىغلاپ يۈزىنى
تۇپراققا سۈرۈپ، كەبىنىڭ ھالقىسىغا ئېسىلدى. پەرياد - پىغان قىلىپ شۇنداق مۇناجات ئوقۇدىكى: «ئەي
دانا ۋە ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، سەرۋەرى جاھان، ئىشق ئوتىنى جاھانغا تارقاتقان ۋە مەن بىچارىنىڭ جېنى-
نى كۆيدۈرگەن، مۇھەببەت ئوتىنى جېنىمغا سالغان، نەسىھەتنى ئاچچىق ۋە پىراق زەنجىرىنى قاتتىق

قىلغان ئىلاھىم، مەن شىكەستىلەندىم. بۈگۈن دەرگاھىڭغا كەلدىم. مەن ئىشق زەنجىرىدە باغلاقلىق.
جېنىمنىڭ رىشتىسى ئىشق ھالقىسىغا چىگىكلىكتۇر. ئىشق ئوتىدىن تەنلىرىم كۆل بولۇپ، جان -
ئۇستىخانلىرىم يانجىلىپ كەتتى. ئاھ، بۇ ئىشق ئوتىنى بايان قىلىۋاتىمەن. ناھايىتى ھالاكەتلىك غې -
مىمنى ئاشكارىلاۋاتىمەن. ئەي خۇدايىم، سەندىن خۇشال بولماقنى تىلەيمەنكى، مۇھەببەت - ئىشقتىن
خالاس بولماقنى تىلەيمەن. بىلگىنكى، سېنىڭدىن تىلەيدىغىنىم — كۆڭلۈمنى ئىشقنىڭ مەيدانىغا تاش -
لىغىن، جانىمغا ئىشق ئوتىنى پىدا قىلغىن. ئىشقنىڭ ئارىسىدىن دىلىمنى ئايرىما. ئىشقنىڭ ئوتىدا
يۈزۈمنى رەڭدار قىل. بۇ ئىشق ئوتىنى تېنىمدا تېخىمۇ زىيادە قىلغىن. كۆزلىرىمگە ئىشق تۇتىياسىنى
سۈرگىن. كۆڭلۈمگە ئىشقنىڭ كىمياسىنى سالغىن. دىلىمغا ئىشقنىڭ ھەرپلىرىنى پۈتكىن! كۆڭلۈم ۋە
باشىم ئۇزرە ئىشقنىڭ يۈكىنى يۈكلىگىن، جېنىمنى شۇ يولدا شېھىت ئەيلىگىن... ئىشقنى ماڭا يەنە
بىر ھەسسە بەرگىن. ئاڭا ھەم شۇنداق قىلغىن. ئىسىت، ئىسىت، ئەي پەرۋەردىگارىم، مەن تەلۋىنىڭ
جامىغا مۇھەببەت شارابىنى تولدىن - تولا قۇيغىن ۋە ماڭا توختىماي قۇيۇۋەر. لەيلىنىڭ ئىشقى تې -
نىمدە جان ئورنىدا بولسۇن. لەيلىنىڭ يالقۇنى تومۇرۇمدا قان بولسۇن، ئىشقى يوق كىشىدىن مېنى
يىراق قىلغىن. ئى ئاللا، ھەمىشە خىيالىم يارىمنىڭ يادى بىلەن بولسۇنكى، جېنىمغا ئۇنىڭ ۋىسالىنى
نېسىپ قىلغىن. تا تىرىك بولسام ئۇنى يادلاپ ئۆتەي، جېنىمنى ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن تېنىمدىن چىقار -
غىن، تاكى قىيامەت قايىم بولسا ھەممە ئادەم تىرىلگەندە لەيلىنىڭ كوچىسىدىن ئۆتۈپ كەلگەن شامال
مېنى تىرىلدۈرسۇن. مېنى دوزاختىا سالساڭ ئىشق ئوتىدا كۆيدۈر، بېھىشكە سالساڭ، مەھبۇبەمگە
قوشۇلماقنى نېسىپ ئەت. تاكى بۇ دۇنيادا تىرىك ياشىسام لەيلىنىڭ غېمىنى باتىنىمدىن بىردەم يىراق
قىلمىغىن. لەيلىسىز قالسام مېنى
نابۇت قىلغىن!...» مەجنۇننىڭ
پەقىر ئانىسى بۇ مۇناجاتلارنى



ئاڭلاپ گاھى بىخۇد بولۇپ، گاھى
ئۆزىگە كەلدى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى
ھەيران بولدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ
ھەممىسى مەجنۇندىن ئۈمىدىنى
ئۈزدى. مەجنۇن مۇناجاتنى تاماملاپ
بولۇپ ئاھ تارتىپ يىقىلدى. بىر -
نەچچە كىشى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۇلار -
نىڭ تۈرار جايىغا ئەكېلىپ ياتـ -
قۇزدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ھەر -
كىمنىڭ كۆڭلىگە ئىشق ئوتى
چۈشسە، نەسىھەتنىڭ سۈيى ئاڭا ياغ
بولىدۇ - دە.

ئەلقىسسە، ھەج تاۋابىدا مەج -
نۇننىڭ ئىشقى يەنە زىيادە بولدى.
ھاجىلارنىڭ ھەممىسى مەككە

مۇقەددەستىن ياندى. مەجنۇننىڭ ئاتىسى ھەم ھەيران، ھەم پەرىشان بولۇپ، نالە چېكىپ، ئوغلىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ھەم زار - زار يىغلاپ ياندى.

مەجنۇن ئاتىسىدىن ئايرىلىپ دەشت - باياۋانلاردا يۈردى. ئۇنىڭ بارار - تۇرار قارارى يوق ئىدى ۋە قاياققا يۈرۈش ھەققىدىمۇ نىشانسىز ئىدى. «لەيلى» دېگەن سۆزدىن بۆلەك گەپ قىلماس ئىدى. ھەر تەرەپكە قاراپ لەيلىنىڭ جامالىنى كۆرەتتى. گۈل كۆرسە لەيلىنىڭ رۇخسارىنى، سەرۋە كۆرسە قەددىنى ئەسلەپ ئۇلارغا يۈزلىرىنى سۈرەتتى. ئاشىقانە غەزەللەرنى ئوقۇيتتى. گاھى قاھ - قاھ سېلىپ كۈلۈپ، گاھى يىغلاپ، يۈزلىرىگە كاچاتلاپ، كۆكسىگە تاش ئۇراتتى. گاھى شامالدەك يۈگۈرۈپ، گاھى قۇم - تۇپراق ئۈستىدە قۇرۇغان ياغاچتەك يېتىپ نالە قىلاتتى. سەھرالاردىكى كېيىكلەر ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ قەيەرگە بارسا ئەگىشىپ يۈرەتتى. كېيىكلەر مەجنۇننى ئارىسىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ نالىسىنى تاماشا قىلاتتى. مەجنۇن گاھى كېيىكلەرنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ قوياتتى، گاھى سىلاپ قوياتتى. شۇنداق قىلىپ ھەممە جانىۋارلار ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالدى.

ئەلقىسسە، ئەرەب مەملىكىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى نەۋپەل بولۇپ، ناھايىتى ئاقىل ۋە پەھلىۋان ئىدى. ئۇنىڭ نامى يىراق - يېقىندا مەشھۇر ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ مەجنۇن يۈرگەن سەھراغا كەلدى. مەجنۇن ئۇنىڭ چېرىكلىرى ئارىسىدا قالدى. مەجنۇننىڭ ئەتراپىنى كېيىكلەر ئورىۋالغانىدى. كېيىكلەر قورشاپ كەلگەن سىپاھلارنى كۆرۈپ، مەجنۇننىڭ يېنىدا تۇردى. پادىشاھ كېلىۋېتىپ كېيىكلەر ئارىسىدا بىر ئاي يۈزلۈك يىگىتنى كۆردى. ئۇنىڭ باش - ئاياغلىرى يالاڭ ئىدى. شاھ بۇ ئاجايىباتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە ھەمراھلىرىغا قاراپ:

— بۇ يىگىت ماڭىلا كۆرۈنەمدۇ ياكى سىلەرگىمۇ كۆرۈندىمۇ؟ بۇ ھالدىن كۆڭلۈمگە قورقۇنچ چۈشتى، — دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى:

— بىزگىمۇ كۆرۈندى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ مەجنۇننىڭ ۋەقەسىنى ئاڭلىغانلىقىنى پادىشاھقا سۆزلەپ بەردى. پادىشاھ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلاپ، مەجنۇنغا ئىچى ئاغرىپ باغرى كۆيدى. شىكارنى توختاتتى ۋە مۇنداق دېدى:

— مۇشكۈل بالاغا گىرىپتار بولۇپتۇ. ئىشق بالاسى ئاجايىپ ھېكمەتتۇر. ھەركىمگە ئىشق ئوتى يېقىلسا مۇشۇنداق باياۋاندىكى جانىۋارلارغا قوشۇلغاي، قازارا ئىشقتىن ۋۇجۇدى نابۇت بولسا، جانىۋارلار ئاڭا مۇسىبەت تۇتقاي، — پادىشاھ پەرياد قىلدى ۋە، — ھەممىڭلار شىكارنى توختىتىڭلار، ئوقيانى يىغىڭلار، ئاتلارنى باغلاڭلار ! — دېدى.

پادىشاھ مەجنۇن تەرەپكە ئات قويدى. كېيىكلەر ئۇنى كۆرۈپ قاچتى، ئەمما شاھنىڭ كەلگەنلىكى مەجنۇنغا خۇش ھال بىلىندى.

— سالام ! — دېدى شاھ خۇش چىراي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دېدى مەجنۇن ئىكرام بىلەن.

پادىشاھ ھەم ئىززەت - ئىكرام بىلەن سۆزلىدى:

— ئاي يۈزلۈك يىگىت، دىدارىڭدا ۋاپانىڭ نۇرى، پېشانەڭدە كۆڭلۈڭنىڭ ساپلىقى جىلۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە يۈرگىنىڭ مېنى ئەجەبلەندۈردى. كۆزۈمگە غەيرىي كۆرۈندى.

— ئەي پادىشاھ — دېدى مەجنۇن، — ماڭىمۇ سېنىڭ ستەمكارلىقىڭ ئەجەب تۇيۇلماقتا. نېمىشقا جانىۋارلارغا غاپىللارغا ئوخشاش جاپا قىلىسەن؟ ئەلۋەتتە سېنىڭ بۇ جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈپ يېمەككە

76

ھاجىتىڭ يوق. خۇدا سېنى ئۇلاردىن بىھاجەت قىلغان. نېمىشقا ئاللانىڭ مەخلۇقلىرىغا ئازار بېرىسەن؟ ئۇلارنىڭ قانلىرىنى تۆككىلى لەشكەر باشلاپ كېلىپ، زالىملارچە بىھۇدە قان تۆكىسەن؟ جانىۋارلارنىڭ گۆشى ساڭا قانداق غىزا بولدى؟ ساڭا بۇ ئىش قانداقمۇ راۋا كەلدى؟ ناۋادا سېنىڭ پۇتۇڭغا بىر تال تىكەن كىرسە، كۆڭلۈڭ قانداق رەنج سېزەر، بەدىنىڭ قانچىلىك تولغىنار، ئەزىز جېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنار ـ ھە ! ئۇنداقتا بۇ نېچۇك زالىملىق؟ قولۇڭغا ئوقيانى ئېلىپسەن، جانىۋارلارنى ئاتماقچىسەن، ئاللا ئۇلارغىمۇ ئەزىز جان بەرگەن، ئۇلارنىڭ جېنىمۇ سېنىڭ جېنىڭغا ئوخشاش تاتلىق. ئۆزۈڭنىڭ جېنىغا ئازار يېتىپ قېلىشىنى ئويلاپ، جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈشتىن كەچكىن !

شاھ بۇ شېرىن نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ، يەرنى ئۆپۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پەرىشتە خۇيلۇق يىگىت، بۇ نەسىھەتلىك سۆزلىرىڭنى قوبۇل قىلدىم. سۆزلىرىڭنى كۆڭلۈم قېتىدا ساقلايمەن. ئۆزۈمنىڭ جېنىغا تىغ ئۇرۇشنى راۋا كۆرىمەنكى، بۇ جانىۋارلارغا زىيان يەتكۈزۈشنى راۋا كۆرمىگەيمەن. ئەمدى سېنىڭ نەسىھەت سۆزلىرىڭنى قۇلىقىمغا ئالدىم. مېنىڭمۇ ساڭا بىر ئېغىز سۆزۈم بار. قوبۇل قىلغايسەن.

مەجنۇن خامۇش ھالدا بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن:

— قېنى، سۆزلەپ باق ! — دېدى.

— ئەي خۇش تەلەت يىگىت، ئاۋۋال سەندىن شۇنى سوراي: سەن مېنى بۇ باياۋاندا جانىۋارلارغا ئازار بېرىشتىن توستۇڭ، ئۆزۈڭ بۇ جانىۋارلار بىلەن ئۈلپەت بولۇپسەن، ئادەم ھەممە مەخلۇقلارنىڭ ئۇلۇغى، سەن نېمىشقا ئۇلاردىن قېچىپ ھايۋانلارغا قوشۇلىسەن؟ بۇ ئىش كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. ئاڭلىشىمچە، بىر ئاي يۈزلۈك گۈلرۇخ سېنىڭ يۈرىكىڭگە ئوت ساپتۇ. ئوت سېنى قاتتىق ئۆرتەپتۇ. ئەگەر خالىساڭ



مەن بىلەن شەھەرگە بارغىن، بىرنەچچە كۈن خۇشاللىق پەيزىنى سۈرەيلى، ئۇل مەھبۇبەڭنى ساڭا قوشۇش ئۈچۈن ئىلاج قىلاي. قانچىلىك پۇل - مال كېرەك بولسا سەرپ قىلاي، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ئىشىڭنى ئوڭشىيالىسام بەك ياخشى بولغىنى، ئوڭشىيالمىسام ئەتراپتىن لەشكەر يىغىپ، جەڭ قىلىپ بولسىمۇ لەيلىنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن. ئەگەر پۇل - مال ۋە جەڭ بىلەن لەيلىنى ساڭا ئېلىپ بېرەلمىسەم، ئۆزۈمنىڭ بىر قىزى بار، ئۇنى ساڭا بېرىمەن، سېنى ئۆز ئوغلۇم كۆرۈپ، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسرايمەن. تەختىمگە ۋارىس قىلغايمەن. شۇڭا بۇ كېيىكلەردىن ئايرىلىپ بىزگە قوشۇلغايسەن. ئادەملەر ھايۋانلار بىلەن بىر جىنس ئەمەس، — دېدى پادىشاھ.

مەجنۇن لەيلىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ جانسىز تەنگە جان كىرگەندەك، ئۆلۈك تىرىلگەندەك بولدى ۋە خۇشاللىقتىن جىسمى لەرزىگە كېلىپ، ھەيران - لال بولدى. مەجنۇن زارلاپ يىغلاپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھ، بايا سورىغان سوئاللىرىڭغا بېرىدىغان جاۋابىم بار ئىدى، ئەمما لەيلىگە قوشۇلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ بارلىق جاۋابلىرىمنى ئۇنتۇدۇم. ئەگەر قىلغان ئەھدەڭگە ۋاپا قىلساڭ، يۈزۈمنى مىنگەن ئېتىڭنىڭ تۇياقلىرىغا سۈركەيمەن. كېچە - كۈندۈز ئارقاڭدىن يۈگۈرەيمەن.

پادىشاھ خۇشال بولۇپ، مەجنۇنغا شاھانە لىباسلارنى كىيدۈرۈپ ياخشى ئاتقا مىندۈردى - دە، ئۇنى



خۇش سۆھبەتلەر بىلەن ئۆيگە ئاپاردى. پادىشاھ مەجنۇننىڭ ناھايىتى ئىززىتىنى قىلدى ۋە پەرمان چۇ-
شۇرۇپ، بىرقانچە دانىشمەننى چاقىرتتى ـ دە، ئۇلارغا مەجنۇننىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلدى. ئۇلارنى لەي-
لىنىڭ ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتمەكچى بولدى. ئۇلار لەيلىنىڭ ئاتىسىغا مۇنداق سۆز ئېيت-
تى: «ئەي، ھەي قەبىلىسىنىڭ ھاكىمى، ساڭا بەخت ـ تەلەي يۇزلەنسۇن. ساڭا دەيدىغان سۆز شۇكى، ئا-
مىر قەبىلىسىنىڭ ھاكىمىنىڭ ئوغلى قەيس ئىلىم ـ ھېكمەتتە تەڭداشسىزدۇر. ئۇ لەيلىنىڭ ئىشقىغا
گىرىپتار بوپتۇ. ئۆز ھالىنى باشقىلارغا ئېيتىشتىن ئۇيىلىپ، ئىشق غالىبلىقىدىن باياۋانلاردا يۈرۈپتۇ.
ئۇنىڭ نامىمۇ مەجنۇن ئاتالدى. ئۇ ئىلگىرى سىنىڭ قەبىلەڭدە مەكتەپتە ئوقۇپ، ئالىملاردىن ئىلىم
ئۆگىنىپ ئالىم بولغانىكەن. سەنمۇ ئۇنى ياقتۇرار ئىكەنسەن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ماختىغان ئىكەنسەن، ئۇ
ئىشققا گىرىپتار بولغاندا ئۇنىڭ ئانىسى قانچىلىك ئازابلانغاندۇ، ئوغلىغا قاراپ قانچىلىك ياش تۆكتى-
كىن؟! ئەمما، سەن ئۇنىڭغا تاش يۈرەكلىك قىپسەن. سەندىن ئۈمىد شۇكى، بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق-
نىڭ دەردىگە چەك قويماق كېرەكتۇر. بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى پىراق دوزىخىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ۋى-
سال جەننىتىگە مۇشەررەپ قىلماق تولا زۆرۈردۇر. بۇ بىچارە ئاشىققا ئىچىڭ ئاغرىغاي، ناۋادا خاھىشىڭغا
خوپ كەلسە، ئەلچىلەردىن خەۋەر بەرگەيسەن. ياخشى سائەتتە بۇ ئىككى بىغۇبارنىڭ مۇقەددەس ئىشىنى
ئادا قىلغايمىز.»

ئەلچىلەر نەۋپەل شاھنىڭ سالام ـ سوۋغىلىرىنى لەيلىنىڭ ئاتىسىغا يەتكۈزدى. لەيلىنىڭ ئاتىسى
قاتتىق غەزەپلەندى. ئەلچىلەرنى قوغلاپ چىقاردى. ئەلچىلەر نائۈمىد نەۋپەل شاھنىڭ ئالدىغا كەلدى.
ئۇلارنىڭ روھى تولىمۇ چۈشكۈن ئىدى. ئۇلار لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆزلىرىنى قوغلاپ چىقارغانلىقىنى
ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ نەۋپەل شاھ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە لەشكىرى ئەزىم توپلاشقا پەرمان قىلدى. ئۇنىڭ
پەرمانى دەرھال بەجا كەلتۈرۈلۈپ، ھېسابسىز لەشكەر توپلاندى.

غەزىپىنى باسالمىغان نەۋپەل شاھ لەشكىرى ئەزىمنى باشلاپ ھەي قەبىلىسىگە يۈرۈش قىلدى. ھەي
قەبىلىسى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. نەۋپەلنىڭ لەشكىرى غالىبلىق بابىدا لەيلىنىڭ ئاتىسىنى لال قىلدى.

لەيلىنىڭ ئاتىسى بۇ غوۋغانى بۇنىڭغا سەۋەبچى بولغان لەيلىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتمەكچى بولدى،
چۈنكى لەيلى كۆزدىن يوقالسا ھەممە تۈگەيتتى.

بۇ ئەھۋال مەجنۇننىڭ چۈشىگە ئەينەن ئايان بولدى. مەجنۇن بۇ چۈشتىن ناھايىتى قورقۇپ، نەۋپەل
شاھقا باشتىن ـ ئاياغ بايان قىلدى. نەۋپەل ناھايىتى غەمكىن بولدى. ئۇمۇ مەجنۇننىڭ چۈشى بەرھەق
دەپ قارىدى. ئەتىسى تاڭ ئاتتى. راست دېگەندەك لەيلىنى ئۆلتۈرىدىغان خەۋەر ھەممە ئادەمگە مەلۇم بول-
دى. مەجنۇننىڭ چۈشىنىڭ راستلىقىنى ھەممەيلەن پەملىدى. نەۋپەل ئول خەۋەرنى ئاڭلاپ لەيلىگە بىر
ئايەت يېتىپ، بىچارە مەجنۇنغا يامان بولمىغاي دەپ ئويلاپ، جەڭنى توختىتىپ ئۆز شەھىرىگە ياندى.
بىچارە مەجنۇن لەشكەرلەردىن ئايرىلىپ باياۋان تەرەپكە ئات سالدى.

مەجنۇن نەۋپەلدىن ئايرىلىپ باياۋان مەنزىلىدە زەيتكە ئۇچرىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئات ۋە جابدۇقلىرىنى بەرگەن-
لىكى ۋە ئاشىقانە نامە پۈتۈپ لەيلىگە ئەۋەتكەنلىكى، لەيلىمۇ مەجنۇننىڭ نامىسىگە جاۋاب بەرگەنلىكى، مەج-
نۇننىڭ ھوشىغا كېلىپ ئاتا ـ ئانىسى قېشىغا بارغانلىقى، بۇ خەۋەر تارقىلىپ، نەۋپەل مەجنۇننى يوقلاپ
كەلگەنلىكى، مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى نەۋپەلگە مېھماندارلىق قىلىپ ئۆزئارا دوست بولۇشقانلىقى،

**مەجنۇن يەنە باياۋانغا بېرىپ، لەيلىنىڭ قويچىسىغا ئۇچراپ، قويچى ئۇنى قوي تېرىسىگە يۆگەپ ئاپىرىپ
لەيلىنى كۆرسەتكەنلىكى، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنى كۆرۈپ بىھوش بولۇپ يىقىلغانلىقى، مەجنۇننىڭ
ئاتىسى ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ، نەۋپەلنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭ قىزىنى نىكاھلاپ
بەرگەنلىكى، مەجنۇن ئۇ قىز بىلەن سۆزلىشىپ، ھەر ئىككىسى ئۆز ئارزۇ يوللىرىغا راۋان بولغانلىقى**

ئەلقىسسە، نەۋپەل لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۆز جايىغا قايتقاندىن كېيىن، لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ
لەشكەرلىرىگە ئەندىشە چۈشتى. ئۇلار نەۋپەلنىڭ شۇنچە غالىب تۇرۇپ چېكىنگەنلىكىدە بىر غەرىزى
بارمۇ - قانداق دەپ ئويلاپ قورقۇشتى. شۇڭا ئۇلار بۇ يەردىن باشقا يەرگە قېچىشنى قەستلەپ، تۆگـ-
لەرگە نەرسە - كېرەكلەرنى يۈكلەپ باشقا بىر مەنزىلگە بېرىپ چۈشتى.

مەجنۇن بىر يەردە كېتىۋاتاتتى. ناگاھ بىر كىشىگە ئۇچرىدى. ئۇ ئادەم يالاڭئاياغ، يالاڭباش،
ھەيران ۋە سەرگەردان ئىدى. مەجنۇن ئۇنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ سورىدى:

— ئەي غېرىب ئاۋارە، ئېيتقىن ھالىڭ قانداق؟ نېمە ئۈچۈن غەمكىن ۋە سولغۇن يۈرىسەن؟

ئۇ كىشى جاۋاب بەردى:

— مەن بىر غېرىب بىچارە، لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ كىشىلىرىدىن بولىمەن. مەن لەيلىنىڭ كوچىـ-
سىدا ئولتۇرىمەن. مېنى زەيت دەپ ئاتايدۇ. ئېسىڭدە بولسا كېرەك. جانغا جاپا سالغۇچى نەۋپەل مەجنۇنغا
يار - يۆلەك بولۇپ، لەيلىنىڭ ئاتىسى بىلەن جەڭ قىلدى ۋە ئۇرۇشنى تاساددىپىي ئاخىرلاشتۇردى. لەيـ-
لىنىڭ ئاتىسىنىڭ لەشكەرلىرى تۇيۇقسىز قىرغىن بولۇشتىن قورقۇپ، خوپراق بىر يەرگە كۆچمەكچى
بولۇپ ماڭدى. كېچە بولغاچقا، مەن ئۇلار بىلەن كېتىۋېتىپ ئادىشىپ قالدىم. بىر يەرگە كېلىپ قاپتىـ-
مەن. سەھەر بولۇپ ئالەم يورۇدى. ئىككى تۆگىلىك كىشى ماڭا ئۇچرىغانىدى، ئۇلاردىن قېچىپ يوشۇ-
رۇندۇم، لېكىن ئۇلار كۆرۈپ قېلىپ ئوزۇقۇم بىلەن بىرنەچچە دەرەم پۇلۇمنى ئەكەتتى. ئۇنىڭغا قانماي،
يەنە يوقمۇ دەپ قاتتىق ئۇرۇپ قىينىدى. پۇلۇڭنى كۆمگەن يەرنى كۆرسىتىپ بەر، دەپ باش - كۆزۈمنى
ياردى. مەن ئۇلاردىن قېچىپ مۇشۇ تەرەپكە كەلدىم. ئەي يىگىت، سىزمۇ ئاشۇلاردىن بولامسىز؟ مەندە
ھېچنېمە قالمىدى. پەقەت قۇرۇق جېنىم بىلەن ئادەملىك سىياقىملا قالدى.

مەجنۇن بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ ئاتتىن چاچراپ چۈشۈپ، ئۇنى قۇچاقلىدى.

— ئەي دوست، جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن، غەم قىلما ۋە ئاگاھ بولغىنكى، نەۋپەلنىڭ لەشكەر تار-
تىپ كېلىپ سىلەر بىلەن جەڭ قىلىشىنىڭ سەۋەبچىسى مەندۇرمەن. قولۇڭغا بۇ تىغنى ئالغىن، كۆڭلۈڭ
خالىغانچە تېنىمنى پارە - پارە قىلغىن. مەن پېقىرنى ئىشق ئاپىتىدىن قۇتقۇزغىنكى، مەندىن ھېچقانداق
ئەندىشە قىلما. مەن جان - دىلىم بىلەن سەندىن رازى. ناۋادا مېنى ھالاك قىلىشنى خالىمىساڭ، ئېتىڭـ-
نىڭ ئورنىغا بۇ ئاتنى ئالغىن. قولۇڭدىن چىقىپ كەتكەن مېلىڭ ئۈچۈن ئۈستۈمدىكى كىيىملەرنى
ئال، — مەجنۇن شۇنداق دەپ ئۈستىدىكى شاھانە كىيىملەرنى سېلىپ ئۇنى ئات ۋە ئوقيالىرى بىلەن
قوشۇپ زەيتكە بەردى. يەنە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ ئاياغلىرىنى ئۆپتى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي زەيت، ئەگەر لەيلىنىڭ بارگاھىغا بارساڭ، مەندىن ئۇنىڭغا يۈزمىڭلاپ سالام يەتكۈزگەيسەن
ۋە ئۇنىڭغا ئېيتقايسەنكى، مەن شەرمەندەدۇرمەن، ئۇنىڭغا سۆزلىگىلى تىلىم يوقتۇر. ئەلۋەتتە، ئول ئاي
يۈزلۈككە ئۇچراشساڭ ساڭا بەختتۇر. ئۇ قاياققا بار دېسە بارغايسەن. ئۆزۈڭنى لەيلىنىڭ كوچىسىدا
خاكسار قىلغايسەن. دەرىخا، ئۇنىڭ كوچىسىنىڭ تۇپرىقىدا جېنىمنى بېرىشكە كۆڭۈل ئارزۇيۇم بار

ئىدى، لېكىن ماڭا نېسىپ بولمىدى.

زەيت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران ـ لال بولدى. ئۇنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يەرنى سۆيۈپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈردى ۋە مۇنداق دېدى:

ــ ئەي ئىشق ئەھلىنىڭ سەرۋەرى، لەيلى ھەم سېنىڭ ئىشقىڭدا كېچە ـ كۈندۈز ھەيران ۋە بىقارار دۇر. ئۇنىڭ ئاغزىدا ھەمىشە سېنىڭ يادىڭ، كۆڭلىدە سېنىڭ خىيالىڭ. ئەگەر ئۇ يەرگە بارسام، سېنىڭ سالىمىڭنى يەتكۈزگەيمەن، بۇ ئاڭا جېنىدىنمۇ قىممەتلىك. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ماڭا كاتتا ئىلتىپاتلارنى قىلغۇسى. گېپىڭنى ئۇنىڭغا ئېيتقايمەن. ئۇ سېنىڭ خەۋىرىڭنى ئاپارغانلىقىم ئۇچۇن ھېسابسىز مال بەرگۈسىدۇر. ھەرقانداق سۆزۈڭنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىمەن ۋە ئۇنىڭ ھەر نېچۈك پەرمانلىرىنى ساڭا ئېلىپ كەلگەيمەن. ئىككى ئاشىق مەقسىتىگە يەتسە، ئارىدا مەنمۇ پايدا كۆرىمەن ـ دە.

ــ ئەي زەيت، پەملىدىمكى، سېنىڭ سۆزلىرىڭ جاراھىتىمگە مەلھەم بولدى. مەھبۇبەمنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ تىلىم لال بولۇپ، سۆزلىگىلى ماجالسىز قالدىم. جامالىمنى كۆردۈڭ ۋە مېنىڭ ئېتىمنىمۇ بىلدىڭ. يارىمغا كۆرگەنلىرىڭنى ئېيتقايسەن. بۇنىڭدىن زىيادە سۆز قىلماققا تاقىتىم يوق. ئەمدى بارغىن، خۇدايىتائالا يار بولسۇن، ــ دېدى مەجنۇن.

زەيت مەجنۇننىڭ شامالدەك يۈگۈرۈك ئېتىغا مىنىپ، لەيلى تەرەپكە راۋان بولدى. مەجنۇن ھەم زار ـ زار يىغلاپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ لەشكەرلىرى چۈشكەن مەنزىلگە ياندى. زەيت لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە يەتتى. بىر پۇرسەتنى تاپتى ـ دە، ئاي يۈزلۈككە كۆرۈندى. ئىشىكنىڭ



ئالدىدا تۇرۇپ مەجنۇننىڭ سالاملىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان لەيلىنىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، بويىغا ئوت تۇتاشتى. ئاھى كۆككە يالقۇن تارتتى. دىمىغىغا تۈتۈنلەر ئۇرۇلدى. ئۆزى سۇمبۇل چاچلىرىدەك تولغاندى. ئەرزلەر ئېيتىپ، زەيتكە قاراپ كۆزلىرىدىن قەترە - قەترە ياش تۆكتى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي مۇبارەك قەدەم، سۆزلىرىڭ جانسىز بەدىنىمگە جان كىرگۈزدى. ئۆلۈك تېنىمنى تىرىلدۇردى. سەن ماڭا گوياكى غايىب پەرىشتىدەك كۆرۈنۈۋاتىسەن. سەن ماڭا مېھرىبان يارىمدىن خەۋەر بەردىڭ. سېنى گەنج - خەزىنە، پۇل بىلەن رازى قىلغايمەن، ماڭا يەنە بىر ئىلتىپات قىلغايسەنكى، مەن يارىمغا بىر پارچە نامە يېزىپ بېرەي، ئۇنى يەتكۈزۈپ جاۋابىنى ئەكەلگەيسەن.

— ئەي ئاي يۈزلۈك، — دېدى زەيت، — ھەر نېچۈك نامە بولسا يەتكۈزگەيمەن ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى ئەكېلىشكە جېنىمنى پىدا قىلغايمەن. ئەي ئاي يۈزلۈك، تېزرەك نامە يازغايسەن. ئۇل بىچارە ساڭا ئىنتىزاردۇر. كۆزلىرى سېنىڭ يولۇڭدىدۇر. ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە ئۇنىڭغا ئۆلۈم قورقۇنچىسى چۈشكەي.

لەيلى قولىغا دۈۋەت - قەلەم ئالدى. رەقىبلەر بىلىپ قالمىسۇن دەپ يوشۇرۇپ نامەنى پۈتكۈزدى ۋە ئۇنى زەيتكە بەردى. زەيت ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئۇل بىچارە غېرىب تەرەپكە راۋان بولدى.

مەجنۇن لەيلىنىڭ نامەسىنى كۆرۈپ ئاھ تارتىپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ھايالدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ نامەنى ئېچىپ ئوقۇدى. نامە مۇنداق يېزىلغانىدى: «ئاللا كۆڭۈللەرگە ئىشقتىن نۇر بېرىپتۇ. مۇھەببەت شارابىنى يارىتىپتۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاشۇ مەيدىن بىر قەترە ئىچمەك بىلەن مەست بولۇپ بىھوش بولغانىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھەممە ئادەم باللىرىغا مۇھەببەت مېيىگە مۇشتاق بولۇش نېسىپ بولۇپتۇ. ئاللا جۇدالىق تارتقانلارغا ئاخىر قوشۇلۇش نېسىپ قىلار ئىمىش. بۇلبۇلنى كۆرگىنكى، گۈلنىڭ ئىشقىدا زار ۋە غەمناكتۇر، گۈلنى ھەم كۆرگىنكى، باغرىنى ئىشتىياقتىن چاك قىلدى. پەرۋانە ئىشق ئوتىدىن كۆيسە، شام ئىشتىياق دەردىدە يالقۇنجايدۇ. بۇ نامەم بىر بىچارە شىكەستىدىن ئۇل غەمكىن دىلخەستىگە، يەنى مەن زەئىپ زاردىن، ئۇل ئىشق ۋە پىراق ئوتىدا كۆيگەن ۋاپادارىمغا تەگكەي. ئەي خازان جىسمىم، ئەي يارىم، نېچۈكسىز؟ ئەي ئىشقى غالىبلىقىدىن بىھوش بولغان، قوشۇلماقنى تاپالمىغان، پىراقىمدا قارا كۈنلەرنى كۆرگەن، مۇڭلارنى تارتقان، ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولغان، غەم نەشتىرىنى جېنىغا ئۇرغان، ئىشقىمدا تەلۋىلىك زەنجىرىنى بوينىغا سالغان يارىم، ھالىڭىز نېچۈك ۋە خىيالىڭىز نېمىدۇر؟ پىراقىمدا ئۆزىڭىزنى كۆيدۈرۈپ، جۇدالىق تاشلىرىنى بېشىڭىزغا ياغدۇرۇپ، بېشىڭىزنى يارىسىڭىز، يارىلىرىڭىزنى كىم مەلھەملەپ تاڭغاي؟! يۈزلىرىڭىزگە خورلۇق تۇپرىقى قونسا، ئۇنى كىم سۈرتكەي؟! ئايىغىڭىزغا مېھنەت تىكىنى سانجىلسا، ئۇنى كىم كىرپىكى بىلەن ئالسۇن؟! ئاھ! ئاھ! ھەر تەرەپكە ماڭغاندا يەكتاسىز، سايىڭىزدىن باشقا ھەمراھىڭىز يوق. كاشكى، بۇ پەلەك ماڭا سىزگە ھەمراھ بولۇشنى نېسىپ قىلغان بولسا، ھەر قەيەردە سىزگە ئەگىشەر ئىدىم. بەدىنىڭىز قويىنۇمدا، قولىڭىز بوينۇمدا، يۈزىڭىز يۈزۈمدە، ئاغزىڭىز قۇلىقىمدا بولغان بولاتتى. يۈزىڭىزنى كۆزۈمگە سۈرگەن بولاتتىم. ئاھ، قانداق قىلاي، بۇ بىۋاپا پەلەك مۇرادىمغا يەتكۈزمىدى، سىز قانچىلىك غەم تېگىدە قالسىڭىزمۇ ئەر كىشىسىز، سىزگە ئانچە ئەمەس. چۈنكى ھەر تەرەپكە يۈرەلەيسىز، كۆڭلىڭىز خالىغان يەرگە بارالايسىز، سىزنىڭ ئايىغىڭىزنى باياۋاننىڭ تىكىنىدىن توسقۇچى يوقتۇر. پۇتىڭىزدا ئۆتۈكۈڭىزدىن باشقا بەند يوقتۇر، لېكىن مەن زەئىپ شىكەستىنىڭ نە ئۆيدە ئولتۇرغىلى قارارىم، نە تاشقىرى چىققىلى قۇدرىتىم يوق. يۈزۈمىڭ غەم ۋە ئەلەم بىلەن زىنداندىكى مەھبۇسلاردەك ئۆيدە ناھايىتى مۇشكۈللۈك

ئىچىدە ئۆلتۇرىمەن. مەزلۇم كىشىگە ھايا زىنىنەتتۇر. ئەمما، مەن ئىشقى ئوتىڭىزدا ھەممە نومۇسنى تاش-
لىدىم. سىزسىز مەن بىر لەھزە غەمدىن خالىي ئەمەس. مەن تارتقان پىراق بالاسى سىز تارتقان پىراق
بالاسىدىن ئارتۇق بولسا ئارتۇق، كەم ئەمەس. سىز قانچىلىك ئاھ تارتسىڭىز تارتالايسىز، مەن بېغىرلى-
رىم كۆيۈپ كەتسىمۇ ئاھ دەپ ئۈنلۈك ئىسمىنى چىقىرالمايمەن. نەۋپەل بىلەن لەشكەر تارتىپ كېلىۋىدى-
ڭىز، ئېلىمدىكى ھەممە جانغا قورقۇنچ چۈشتى. ئاتام مېنى ئۆلتۈرمەككە قەست قىلدى. مەن ئۇنى ئاڭلاپ
شۇنچە بالالار ئىچىدە خۇشال بولدۇم. ئەگەر يارۇغېرىبىمنىڭ يولىدا بولسا، مىڭ جېنىم پىدا بولسۇن
دېدىم. ئاڭلىدىمكى، سىز نەۋپەلنىڭ ھەرەمخانىسىغا كۆز تاشلاپ، ئۇنىڭ قىزىنى ئالماقچى بولۇپسىز،
سىزگە بەخت ـ دۆلەت يار بولسۇن، ماڭا بۇ ئىش مۇيەسسەر بولمىدى. سىزنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىڭىز شۇ
بوپتۇ، چۈنكى سىزنىڭ مۇرادىڭىز مېنىڭ ھەم مۇرادىمدۇر. بىر كۈنى باغقا سەيلىگە بارغان چېغىمدا ئۇ
قىزنى كۆرگەنىدىم. ناھايىتى خوپ ۋە مېھرىبان، ئۆز ئېلىگە سادىق قىزدەك قىلاتتى، شۇنداقلا پاكىز،
چىرايلىق قىز ئىكەن. ئەگەر بۇ ئىش راست بولسا ئاللا يار بولسۇن، تويىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، ئەمما
ئۇ گۈل چىراي بىلەن خۇشال ـ خۇرام بولغىنىڭىزدا، مەندەك بىچارە دىلخەستىنى ياد ئېتىپ قويارسىز.
ئىنساپ قىلىپ بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغايسىز.»
مەجنۇن بۇ نامەنى ئوقۇپ بولغۇچە گاھ ھوشىدىن كەتتى، گاھ ھوشىغا كەلدى. غېرىبلىقتا زە-
پىراندەك سارغىيىپ، ھەر زامان زەيتىنىڭ ئالدىدا باش قويۇپ كۆزلىرىدىن ياشلارنى تاشقىنجىتاتتى ۋە



ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ مۇنداق دەيتتى: «ئەي يۇرىكىمنىڭ يارىسىنىڭ مەلھىمى، بۇ نامەدىكى سۆزلەر يۇرىكىمنى ئۆرتىدى. جاۋاب قىلغۇدەك تاقىتىم قالمىدى، نامە ئەۋەتەي دېسەم مەندە نە سىياھ، نە قەلەم بولسۇن ؟...»

بۇنى ئاڭلاپ زەيت دۇۋەت ـ قەلەم ۋە قەغەز كەلتۇردى. مەجنۇن زار ـ زار يىغلاپ دۇۋەت ـ قەلەم، قەغەزنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر جاۋاب نامە پۇتۇپ زەيتكە بەردى. زەيت نامەنى ئېلىپ لەيلى تەرەپكە شامالدەك راۋان بولدى ۋە خىلۋەتتە نامەنى لەيلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. لەيلى نامەنى ئېچىپ ئوقۇدى. نامە مۇنداق يېزىلغانىدى: «خۇدايىتائالا قۇدرىتى بىلەن ئىشق قومۇشىدىن قەلەمنى پەيدا قىلدى. ئاسمان ۋە يەرنى ياراتتى. ئاللا ھاياتنى يارىتىپلا قالماي، سۆيگۇ ۋە پىراقنىمۇ ياراتتى. غەم شەرتىنىمۇ ياراتتى. ھەركىمنى بىر مەھبۇبنىڭ ئىشقىدا كۆيدۇردى، مەشۇققىغا رەھىم ـ شەپقەت بەردى. بەزىدە ئاشىق غەمدە قانچىلىك ناشاد بولسا، مەشۇقى شۇنچىلىك تەقەززالىقتا بىتاقەت. بەزىدە ئاشىقنىڭ باغرى مىڭ پارە بولسىمۇ مەشۇق پەرۋاسىزدۇر. مېنىڭ ئىچىم غېمىڭىزدە قان بولدى. بەلكى سىزنىڭ غېمىڭىزنى بىلىدىغان بىرەر جان بولسا كېرەك. ئەمما مەن مەجنۇن دىۋانە ئىشق ئوتىنىڭ زىيادىلىكىنى ئول گۇلرۇخلارغا، پادىشاھ خوپلارغا ۋە باشقىلارغا ئېيتماققا ھەددىم يوقتۇر ھەمدە سىزنىڭ ۋەسپىڭىزنى ئېيتارغا تىلىم يوقتۇر. قۇياشنى، ئاپتاپنى كۇيلەشكە تىلىم لال. ئەي ھۆسن ئەھلىنىڭ ئاپتىپى، زىبالار شەھىرىنىڭ پادشاھى، سىزنىڭ كويىڭىزدا ماڭا ئوخشاش خەستە، بىچارە، خەس ۋە خاكسار بولغان كىشى يوقتۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداقكى، كىشىنىڭ سىرىنى كىشى بىلمەس ئىمىش، كاشكى مېنىڭ بۇ ئىككى كۆزۈم ئويۇلغان بولسا، سىزنىڭ جاھانغا ئوت سالغۇچى جامالىڭىزنى كۆرمىگەن بولاتتى. ئەگەر سىزنى كۆرۈپ مۇشۇنچە بالالارغا مۇپتىلا بولىدىغانلىقىمنى بىلىدىغان بولسام، ئىككى كۆزۈمنى ئۆزۈم كور قىلاتتىم. مەن ئاپتاپتەك جامالىڭىزنىڭ مىڭدىن بىر زەررىسىگە شەيدا ۋە سەرگەرداندۇرمەن. ئىسىت، جامالىڭىزغا كۆزۈم چۈشۈپ بۇ بالالارغا قالدىم. گۇناھىم نېمىدىكىن؟ ئىشقىڭىزدا جاھاندىن چىقىپ، خانىماندىن ئايرىلىپ، تەندىكى بۇ جاندىن كېچىپ، ھەر كۇنى ھەرلەھزە بۇ باياۋاندا، تىكەن قاپلاپ كەتكەن قۇملۇقتا، كېچىلىرىمۇ دەشت سەھرادا تۇپراقنى سېلىنجا، ئاپتاپنى يېپىنجا قىلدىم. مەن ئاينىڭ سەرگەرداندۇرمەن. تاغنىڭ خادىسى مېنىڭ ئېتىم، زەھەرلىك شامال كىيىمىم، تۇلكە، بۆرىلەر مېنىڭ يولدىشىم بولدى. مېنىڭ مېھنىتىمدىن باياۋاندىكى جانىۋارلارمۇ ھەيران بولماقتا. شۇ قەدەر ئاجىز ۋە زەئىپمەنكى، ئۆمۈچۈك تورى پۇتۇمغا ئىلىنسا، شۇ ھامان يىقىلىمەن. ھىجران تىغى سىنەمنى چاك قىلدى. ئىچىمگە شۇئان چاكتىن قۇرتلار چۈشتى، كۆكسۈمگە چىۋىنلەر ئولاشتى، كۆزلىرىم چوڭقۇرغا لاي توشتى. شۇنداق بالالار ئىچىدىمۇ سىزنىڭ يادىڭىزدىن بىردەم خالىي بولماسمەن. مەن ئەنە شۇنداق قاتتىق مېھنەت ئىچىدە تۇرسام، گۆھەر نىسار مەكتۇبىڭىز تەگدى. ئۇنى ئوقۇپ يېڭى جان تاپتىم. ئەمما ئۇنىڭدىكى ئىككى سۆز جېنىمغا ئوت سالدى: بىرى، نەۋپەل لەشكەر تارتىپ كېلىپ مېنىڭ خەلقىمگە تىغ ئۇردى، دەپسىز، بۇ نېچۇك بالا ـ ھە؟! ھېچكىم يېپىنى ئەجدىھا دېمەيدۇ؛ ھېچكىم پاشىنى ئەنقا، چۇمۇلىنى پىل دەپ بىلمەيدۇ. بۇ مۇنداق ۋەقە: نەۋپەل پادىشاھ مېنىڭ غەمكىن، بىچارىلىكىمنى، سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا ئاۋارىلىكىمنى ئاڭلاپ مېنى ئىزدەپ كەپتۇ، كۆپ سۆزلەپتۇ. مەن ئۇ چاغدا گاھى ھوشۇمدا، گاھى بىھوش بولغاچقا، ماڭا ۋە ئۇنىڭغا دېگەن گەپلەرنى بىلمەيمەن. ئۇ مېنى ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار شۇئان جەڭگە ھازىرلاندى، مەن يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تىغلىرىنى يىغدۇردۇم. ئۇلارنى پەيلىدىن ياندۇردۇم. مەن بىھوش چاغدا ئۇ مېنىڭ ئۆيلىنىش ئىشىمنى يەنە سورىغان ئوخشايدۇ. ئەپسۇن

قىلدىمىكىن، مەن قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. مەن بۇ خەتنى كۆرۈۋېتىپ ئۇ ئىشلار يا-
دىمغا كەلدى. سىز شۇنچە جاپا ۋە بالا ئىچىدە ماڭا ۋاپا كۆرسىتىۋاتىسىز، ۋاپاغا جاپا قىلىش
ئىشق ئەھلىگە مۇناسىپ ئەمەس.
مەن كېچە ۋە كۈندۈز بالا - مېھنەت ئىچىدىمەن، سىز نېمىنىڭ دەۋاسىنى قىلىسىز؟! مەن
تەلۋىلىك غوۋغاسىغا مۇپتىلادۇرمەن. جان - كۆڭلۈم مەزكۇر نامەڭىزگە پىدا بولسۇن. لېكىن سىزگە بىر
سۆزۈم باركى، سىز نەۋپەل
توغرۇلۇق گەپ قىلىپسىز،
ئۇنىڭ قىزىنى ئېغىزغا ئېلىپ-
سىز، خاتىرجەم بولۇڭكى، مې-
نىڭ كۆڭلۈم ھامان سىزدە،
جان رىشتىم سىزگە باغلانغان،
ئەمما ئاڭلاپ بىلدىمكى، ئۇ
يەردە بەخت ئىبنى سالام سىزنى
نىكاھىغا ئالماق بولۇپ تەخ
بوپتۇ. ئاتا - ئانىڭىزمۇ سىزنى
ئۇنىڭغا بەرمەكچى بوپتۇ. سىزمۇ
رازى بولغان ئوخشايسىز. مەن
سىزنىڭ چىن دىلدىن بولغان -
بولمىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن.
سىزنى رازى بولۇپسىز دەپ
تۆھمەتمۇ قىلمايمەن. ئاھ، بۇ
نېچۇك ئەپسانىدۇر؟ توۋا، تەلۋى-
لىكىم ئەس - ھوشۇمنى ئالدى-
مىكىن، بىھۇدىلا سۆزلەپ كەت-
تىم. مەندە نېمە چارە بولسۇن؟
ئەمما مېنى ئەپۇ قىلغايسىز.
ۋاقتى كەلگەندە سىزنىڭ ئىش-
قىڭىزدا نابۇت بولارمەن، نابۇت
بولغان كىشىنى ئەيىبلەش يوق.
بەخت - دۆلەت سىزگە يار
بولسۇن، مېنىڭ جېنىم سىزگە
نىسار بولسۇن...» دەپ نامەنى
ئەۋەتتى.
لەيلى ئۇنى ئوقۇپ زار -
زار يىغلاپ يىلاندەك تولغاندى.



ئۇنى تۇمار قىلىپ بويىنغا ئاستى. مەجنۇنمۇ لەيلىنىڭ نامەسىنى بويىنغا ئاسقانىدى. جىسمىغا ئاز ـ تولا ئارام بەردى.

شۇ كۈنى مەجنۇن ئۆز ئۆيىگە كەلدى. ئاتا ـ ئانىسى مەجنۇننى كۆرۈپ شاد ـ خۇرام بولدى ۋە دەرھال شاھانە تونلارنى كىيگۈزدى. «مەجنۇن ھوشىغا كەپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەر پادىشاھ نەۋپەلگە يەتتى. نەۋپەل كېچە ـ كۈندۈز مەجنۇندىن ئەنسىرەپ يۈرگەنىدى. ئۇ مەجنۇننى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا كۆپ ھېسداشلىق بىلدۈردى.

مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە نەۋپەل مەجنۇنغا كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، مەجنۇن يەنە «ئاھ لەيلى، ئاھ لەيلى» دەپ باياۋانغا يۈزلەندى. مەجنۇن باياۋاندا پەريادلار كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا بىر قويچى ئۇچرىدى. قويچى مەجنۇننىڭ ۋەقەلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. قويچى لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى باقاتتى. ئۇ مەجنۇننىڭ ئاھلىرىغا چىداپ تۇرالماي ئازابلاندى ۋە ئۇنىڭغا سالام بىلدۈردى. مەجنۇن قويچى بىلەن دوست بولدى ۋە ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ماڭا لەيلىنى كۆرسەتكىن، مېنىڭ ھالىمغا رەھىم قىلغىن، مەن خەستە خاردۇرمەن.

— ئەي بىچارە ئاشىق، — دېدى قويچى مەجنۇننىڭ ئەھۋالىغا ئىچى كۆيۈپ زار يىغلاپ، — ئاخشاملىقىچە مەن بىلەن بىللە يۈرۈڭ، مەن بىر چارە ئىزدەپ تېپىپ ھەرنېمە قىلىپ، ئىككى جاھانلىق مەشۇقىڭىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەيمەن.

مەجنۇن ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈردى. شۇ كۈنى گويا بىر يىلدەك بىلىندى. كۈن كەچ بولدى. قويچى بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى تۇلۇمچە سويدى ۋە مەجنۇنغا:

— تونلىرىڭىزنى سېلىپ بۇ قوي تېرىسىنى كىيىپ قوي سۈرىتىگە كىرىڭ. قەددىڭىزنى ئېگىپ تۆت ئاياغلىنىپ قويلار بىلەن يۈرۈڭ. ئۇل خېنىم قويلارنى تاماشا قىلغىلى كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئۇ قىزلار بىلەن قوي ساغقانىنى كۆرگىلى كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنى قانغۇدەك كۆرەلەيسىز، — دېدى. مەجنۇن دەرھال قوي تېرىسىگە كىرىپ تۆت ئاياغ بولدى ـ دە، قويلار ئارىسىدا راۋان بولدى ۋە ئاخىر لەيلىنىڭ دەرگاھىغا يەتتى. قويلارنىڭ كېلىشىگە، لەيلى گوياكى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بەخىرامان يېتىپ كەلدى. نۇرغۇن قىزلار ئۇنى يۇلتۇزدەك ئوتتۇرىغا ئېلىپ كەلدى. لەيلى مەجنۇنغا يېقىنلاشتى. مەجنۇن شۇنداق بىر ئاھ تارتتىكى، ئاھ يالقۇنى پەلەككە تۇتاشتى. نەپەسلىرى رىتىمدىن ئېزىپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. چۈشەلگەن قويدەك تىترەپ كەتتى، باشقا قويلار قورقۇپ بۇ يەردىن قاچتى. بۇ يەردە مەجنۇن تەنھا ھوشسىز ياتاتتى. لەيلىنىڭ كۆڭلى سېزىپ بۇ يەرگە كەلدى. ئۇ تېرىنى قايرىغانىدى، كۆزلىرى ئاشىقى مەجنۇننى بىھوش ھالدا كۆردى. شۇئان لەيلى ھەم بىر ئاھ تارتىپ مەجنۇننىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. قىزلار بۇ ھالنى كۆرۈپ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى، ئۇلار لەيلىنى كۆتۈرۈپ ئەكەتتى. دەرىغ، بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى بىھوش ھالدىمۇ بىردەم بىللە ياتقىلى قويمىدى. مەجنۇن ياتقان يېرىدە قالدى. قويچى بۇ ئىشتىن خالايىقلار خەۋەر تاپسا ھەر ئىككىمىز ئۆلتۈرۈلگەيمىز دەپ ئويلاپ، جىسمىغا قورقۇنچ چۈشتى. شۇ چاغدا ئىككى تۆگىلىك كىشى كەلدى. ئۇلار دەرھال بىر تۆگىنى چۆكتۈرۈپ مەجنۇننى ئۇنىڭغا ئارتىپ تاڭدى ۋە شامالدەك تېزلىك بىلەن يىراقلاپ كەتتى. بۇ ئىشلاردىن ھېچكىم خەۋەر تاپمىدى.

بۇ چاغدا مەجنۇننىڭ ئاتىسى نەۋپەلنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەلسە، مەجنۇن ھۇجرىدا يوق ئىدى. ئۇ يىغلا ـ يىغلا مەجنۇننى ئىزدەپ باياۋاندىن تېپىپ ئۆيگە ئاپىرىپ ياتقۇزدى.



مەجنۇننىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلغانلىقى ۋە ئۇنى نەۋپەل پادىشاھنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ توي قىلغانلىقى، مەجنۇن نەۋپەلنىڭ قىزىدىن رىشتىسىنى ئۈزۈپ لەيلىنى ئىزدەپ تېپىپ ۋىسال قۇچقانلىقى، لەيلى بەخت ئەبنى سالامنىڭ مالامىتىدىن ئايرىلىپ مەجنۇنغا قوشۇلغانلىقى، مەجنۇن لەيلىدىن جۇدا بولغاچ نەجدە تېغىدا ماكان تۇتۇپ ياشلىرىنى دەريا قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، مەجنۇننىڭ ئاتىسى مەجنۇننى بىھوش هالدا ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ هوشغا كەلدى. ئاتىسى زار ـ زار يىغلاپ، تولىدىن ـ تولا نەسىھەت قىلدى. مەجنۇن ئاتىسىدىن ئۆيلىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى ۋە ئاتىسىنىڭ ئاياغلىرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، زار ـ زار يىغلاپ مۇنداق دېدى:

ــ ئەي پەدەرى مۇشپىقىم، مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتۈڭ، ئىلتىپاتىڭىزنى ماڭا سۇنۇڭ.

ــ ئەي جېنىم ئوغلۇم، ــ دېدى ئاتىسى، ــ ئەگەر سەن بۇنداق ئىشلاردىن يانساڭ، مېنىڭ پەرمانىمنى تۇتساڭ، مېنىڭ رازىلىقىمنى ئىزدىسەڭ ياخشى بولاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئەتلىرىنى قوبۇل قىلغايسەن، سۈننەتلىرىنى بەجا كەلتۈرگەيسەن.

مەجنۇن ناھايىتى مېهرىبان ئىدى. ھەمىشە ياخشىلىقنى دوست تۇتاتتى. ھەر ۋاقىت هوشىغا كەلسە ياخشىلىقنى تەرك قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ ھەرنېمە بولسا سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارنى ئالماق ماڭا لايىقتۇر. ھەرقانداق پەرمان قىلساڭلار پەرمانبەرداردۇرمەن، ئۇنى قىلماسلىققا ھەددىم ئەمەس.

مەجنۇننىڭ ئاتىسى بۇ جاۋابتىن ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە نەۋپەل پادىشاھنىڭ سۆزىنى باشلىدى:

ــ ئەي كۆزۈمنىڭ رىشتىسى ئوغلۇم، ساڭا مەلۇمكى، نەۋپەل پادىشاھنىڭ ئەرەب ئېلىدە تەڭدىشى

يوق. ئۇ سەن ئۇچۇن تولا رەنج تارتتى. تەقدىرى ئەزەلدە بولمىغاچقا، ئىشىڭنى ئوڭشىيالمىدى. ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكلىكىڭ زۆرۈر. مېنىڭ ۋە ئاناڭنىڭ، شۇنداقلا نەۋپەل پادىشاھنىڭ رازىلىقىمىز شۇكى، سەن ئۇنىڭغا پەرزەنت بولغايسەن. ئۇنىڭ بىر ئاي يۈزلۈك قىزى بار ئىمىش، كۆپ شاھزادىلەر ئۇنىڭغا ئېرىشمەككە ئىنتىزار ئىمىش. ئەمما ئۇنىڭغا سۆز تاشلاشقا ھەددى يوق ئىمىش. مەن ساڭا ئۇ قىزنى ئېلىپ بېرەي، ئەگەر مېنى رازى بولسۇن دېسەڭ، بۇ ئىشقا رازىلىق بەرگىن.

— ئۆزلىرى ۋە ئانامنىڭ خىيالىدەك بولسۇن، — دەپ رازىلىق بەردى مەجنۇن. ئاتا - ئانىسى ناھايىتى خۇشال بولدى. ھەممە خالايىقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تويغا تەييارلىق قىلدى ۋە مەجنۇننى شاھانە لىباسلار بىلەن ياساندۇرۇپ پادىشاھ نەۋپەل تەرەپكە راۋان بولدى. پادىشاھ نەۋپەل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يىغىپ كاتتا مەجلىس قىلدى. توققۇز كېچە - كۈندۈز توي تويلىنىپ نىكاھ ئوقۇلدى. ئول ئاي يۈزلۈك قىزنى يۈز مىڭ زىبۇزىننەت بىلەن ياسىدى. مەجنۇنغا شاھانە تونلارنى كىيدۈردى. قىزنى توققۇز قەۋەت پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇزدى. ئۇلارغا ھەمدۇسانالار ئوقۇپ، ئاي بىلەن ئاپتاپنى قوشتى. باشلىرىدىن مەرۋايىتلارنى چاچتى. ئاخشىمى ئۇلارغا تەييارلىغان ئالتۇن تەخت قويۇلغان ئۆيگە ئىككىسىنى ئەكىرىپ قويدى.

نەۋپەل پادىشاھ ئۇ ئۆيىنىڭ كوچىسىدا ھېچقانداق تىرىك جان تۇرمىسۇن دەپ پەرمان قىلغاچقا، ئۇ يەردە ھېچكىم قالمىدى. نەۋپەل ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ھەرقىسما خىياللارنى قىلدى. ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى غالىب ئىدى. كېچىنىڭ بىر ھەسسىسى ئۆتكەندە ئۇ قىزنىڭ ئۆيى تەرەپكە كەلدى ۋە ئىشىكنىڭ پەنجىرىسىدىن ئاستا قاراپ تۇردى. ناگاھ قىزنى كۆردى. قىزى ئورنىدىن قوپۇپ مەجنۇنغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، يەرنى ئۆپتى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي ئىشق ئەھلىنىڭ سەردارى، ساپ كۆڭۈلنىڭ رەۋشەنى، ۋاپادارلىقنىڭ نۇرى، بويىڭىزدىن ئۆرگىلەي، ئاڭلىغان ئىدىمكى، لەيلىنىڭ ئىشقىدا بىقارار بولغان ئىكەنسىز، بۇ جاھاندا داستان بولۇپ كەتكەنىكەن. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئىككىمىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆز رىزالىقلىرى بىلەن ئىككىمىزنى قوشۇشقا پەرمان قىلدى. سىز ئىشق ئىقلىمىنىڭ پادىشاھى ۋە ئىشق ئەھلى ئوتىنىڭ ئاگاھىسىز. بىلىڭكى، مېنىڭمۇ بىر ئاشىقىم بار ئىدى. مېنىڭ ئىشقى مۇھەببىتىمگە بەند بولغان. مەنمۇ ئۇنىڭ پىراقىدا ساماندەك سارغايدىم، ئەمما بىزنىڭ ئىشقىمىزدىن ھېچكىم خەۋەردار ئەمەس. ئاگاھ بولۇڭكى، مەن سىز بىلەن توي قىلدىم. مەن بىلەن قوشۇلۇش ھەققىدە بۇ كېچە خىيال قىلماڭ. ئول ئەسىر مەجرۇھنىڭ ھالى نېچۈك بولغاندۇ؟ بەلكى ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلار. سىزگە بارچە سىرلىرىمنى ئاشكارا قىلدىم. سىزدىن ئۈمىدىم شۇكى، بۇ كېچە خالايىقنىڭ مالامىتىنى بوينىڭىزغا ئېلىپ، مېنى رەسۋا قىلماي، لەيلى تەرەپكە كەتسىڭىز. خالايىق ئارىسىدا سىزلا يالغۇز مالامەت چەكسىڭىزكەن. ئاشۇنداق قىلسىڭىز، خۇدايىتائالا لەيلىنىڭ ئاھىنى ئاڭلىغاي، ئۇنى پاك ساقلاپ سىزگە نېسىپ قىلغاي.

ئول ئاي يۈزلۈك زار - زار يىغلاپ كەتتى. مەجنۇن ھەم ئۇنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ باغرىدا پىغان كۆتۈردى ۋە:

— ئەي ئاي يۈزلۈك جېنىم، ئىشق - مۇھەببىتىڭىزگە سادىق يارىڭىزغا ۋاپادار بولغايسىز. ئاللا سىزگە يار بولسۇن، مەن سىزگە رايى قىلىپ ئولتۇرغاندىم. كۆڭلۈمدە پاتمان - پاتمان غەم بار ئىدى. ئەلۋەتتە مەنمۇ سەھراغا كەتمەكچى ئىدىم. ئەمما، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاياپ ساقلاپ ئولتۇردۇم. ھالا سىز ماڭا بۇ ئىلتىپاتنى قىلدىڭىز، ھەمدىمىڭىزنى قانداق تىل بىلەن ئېيتايكىن؟! مېنىڭ بۇ يەردىن

كەتمىكمگە ئىجازەت بەردىڭىز، رەھمەت. مەن يۈزمىڭ مېھنەتنى ئىككى كۆزۈمگە ۋە جېنىمنىڭ ئۈستىـ
گە قويغان ئادەممەن. ئەمدى مەن سىزنىڭ ئاكىڭىز، سىز مېنىڭ سىڭلىم بولدىڭىز، ــ دەپ ئاي يۈزلۈك
بىلەن خـوشلىشىپ بـايـاۋان تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى. نەۋپەل قىزى بىلەن كۈيئوغلىنىڭ بۇ ئەھـۋالـىـنـى
كۆرۈپ ھەيران ـ لال بولۇپ ئۆيىگە ياندى. ئۇ بۇ ۋەقەلەرنى يا كۆڭلىگە سىغدۇرالماي، يا كىشىگە ئېيـ
تالماي ھەيرانلىقتا ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، قىزنىڭ ئاشىقى شۇ كېچىدە تولىمۇ بىتاقەت بولۇپ خەنجەر تۇتقان ھالدا ئاشۇ ئۆيىـنـىـڭ
بىر تەرىپىدە پەنجىرىدىن ماراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ناۋادا مەجنۇن ئول قىز بىلەن ئىشرەتكە يۈزلەنسە ئىكـ
كىسىنىلا ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىنىـڭ بـاغـ
رىنى يېرىپ ئۆلۈۋالماقچى بولغانىدى. ئەمما
مەجنۇن ئۆزىنى پاك تۇتقانلىقى ئۈچـۈن، بـۇ
ھالاكـەتلـەر يۈز بەرمـــدى. ئـول يـىـگـىـت
مەجنۇننىڭ مۇنداق ئالىي خۇلقىنـى كـۆرۈپ
ئىشق ئەھدىنى ئۆگەندى. مەجنۇن تاشقىرىغا
چىققاندا، ئول يىگىت ئۇنىڭ ئاياغلـىـرىـغـا
يۈزىنى يېقىپ زار ـ زار يىغلاپ مەجنـۇنـغـا
تەھسىن ئوقـۇدى ۋە ئـۆز مـەھـبـۇبـىـنـىـڭ
ۋاپادارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئـىـشـق ـ
مۇھەببىتى زىيادە بـولدى. ئۇ تاقىتى ـ تـاق
بـولغان ھـالدا ئـۆي ئىچىگە كىرىپ مـەشۇ ـ
قىنىڭ ئـالدىدا يـۈزىنى تۇپراققـا سـۈردى.
قىز ئـۇنى كـۆرۈپ مېھرىبانلىق بىلەن ئـۇ ـ
نىڭ بېشىنى يـەردىن كـۆتـۈردى ۋە بېشىنـى
قۇچىقىغا ئېلىپ كۆڭلىنى ياسىدى. يىـل ـ
يىللاردىن بېرى، بىر ـ بىرىنىڭ پىراقـىـدا
كۆيگەن بۇ ئاشىقلار مۇشۇ كېچە قوشـۇلـدى.
بىر ـ بىرىنىڭ دىدار جامالىنى كۆرۈپ، كۆپ
شادلىنىشتى. نەپسىنىڭ مۇرادىدىـن ئـۆزگـە
ھەممە مەقسىتىگە يەتتى. تاكى تاڭ ئاتقـۇچـە
ۋىسال مېيىدە مەست بولدى، تاڭ قۇشلـىـرى
سايرىدى. ئول ئاشىق قىز بىلەن خـوشلـىـ
شىپ، خۇشال چىقىپ كەتتى. مەشۇقى غەمـ
كىنلىكتىن ئازاد بولۇپ ئۆيىدە قالدى. تـاڭ
ئېتىپ، ئاپتاپ ئالەمگە يېيىلدى. توي ئەھلى
يىگىت بىلەن كېلىنىنىڭ ئۆيـىـگـە كـەلـدى،
ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ قىلغۇلۇقنى قىلغانـ



لىقىنى بىلدى. چۈنكى قىز ئۆيدە تەنها ئولتۇراتتى. كۈيئوغۇل يوق ئىدى. ھەممە خالايىق يەنە غەمناك - پەرىشان بولدى. خۇسۇسەن مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇياتتىن ئۆلەي دېدى. نەۋپەل بۇ ۋەقەلەرنى بىلەتتى ۋە لېكىن ئېيتماس ئىدى. ئۇ، مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسىغا كۆپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئاللانىڭ تەقدىرى شۇنداق ئىكەن، ھېچكىم تەقدىردىن قۇتۇلالماس، بۇ ئىش خاھ سىزدىن، خاھ بىزدىن، خاھ ئوغۇلدىن، خاھ قىزدىن بولغان ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ تەقدىرىدىن بولدى. ھەممە ئىشتا خۇدانىڭ تەقدىرىگە شۈكۈر ۋە سەۋر قىلماق كېرەكتۇر.

مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىگە كەلدى - دە، بۇ غەم ئازارىدىن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ ياتتى.

مەجنۇن نەۋپەلنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان ۋاقىتتا، بەخت ئىبنى سالام جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ شەۋكەت پەيدا قىلىپ، لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە كەلدى. لەيلىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارنى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئۆيگە چۈشۈردى. مەجلىسلەر راسلاندى. ساقىيلار جاملىرىغا شاراب توشقۇزۇپ مېھماندارچىلىق قىلدى. كېچە - كۈندۈز مەي ئىچىشتى. خوپ بىر پۇرسەتتە نىكاھ ئوقۇلدى. ئىبنى سالام لەيلىنىڭ قېشىغا باردى، ئول ئاي يۈزلۈكنى گويا بىر ئەجدىھاغا بەردى. ئىبنى سالام لەيلىنىڭ قېشىغا بارغانىدى، ئاجايىپ بىر ئىش بولدى. بەخت ئىبنى سالامنىڭ خاپىغان ئاغرىقى بار ئىدى، ئۇ قاچانكى كۆپ مەي ئىچسە ئاغرىقى قوزغىلىپ بىھوش بولۇپ، نەپىسى توختاپ قالاتتى. ئۇ خۇشاللىقىدا كۆپ مەي ئىچىۋەتكەچكە، ئاغرىقى قوزغىلىپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى - دە، ئۆلگەن كىشىدەك ياتتى. توي ماتەمگە ئايلاندى. خالايىق ئۇنى ئۆلدى دەپ كۆتۈرۈپ بىر ئۆيگە ئەكىردى. خالايىقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئۆيگە يىغىلدى. لەيلىنىڭ قېشىدا ھېچكىم قالمىدى، بىچارە لەيلى ھەيران ۋە بىئامال بولۇپ، يۈزمىڭ غەم بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ شۇنداق خىيال قىلاتتىكى، بەخت ئىبنى سالام ئەگەر ئۇنىڭ قېشىغا كەلسە ئۇنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى. ئۇ شۇ خىيال بىلەن كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە زەھەرگە چىلانغان بىر تىغنى يوشۇرغانىدى. چۈنكى ئۇ، مەجنۇننىڭ ۋاپادارلىقى يولىدا جان بېرەي، ئول يارىمنىڭ ئىشقىدا شېھىت بولۇپ جاھاندىن كېتەي دەپ ئويلايتتى. پەلەك شۇنداق ئويۇنلارنى ئوينىدىكى، ئىككى ئاشىقنى غەيرىي كىشىلەرگە چېتىپ قويدى ۋە يەنە ئۇلارنى غەيرىيلەرنىڭ قەستىدىن ساقلىدى. بۇ ئىشلار بىر كېچىدىلا بولدى.

ئەلقىسسە، بەخت ئىبنى سالام بىھوش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەر - مەزلۇم ئۇنىڭغا يىغىلدى. لەيلى پۇرسەت تېپىپ ئەتراپقا قارىغانىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقتى - دە، باياۋان تەرەپكە يۈگۈردى. تىكەن باسقان قۇملۇقتا ماڭدى. ئۇ خۇداغا شۈكۈرلەر ئېيتىپ گاھ ئۆزىگە كېلىپ، گاھ ئۆزىدىن كېتىپ ئىختىيارسىز كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇنداق يىراقلاپ كەتتىكى، ئەھلى قەبىلىسى كۆرۈنمەي قالدى. قازارا، مەجنۇنمۇ ئاشۇ باياۋاندا كېلىۋاتاتتى. ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىنى تونۇدى. لەيلى مەجنۇننىڭ ئوقۇغان غەزەل ۋە پەريادلىرىدىن ئىشق سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. مەجنۇنغا ھەم لەيلىنىڭ خۇشبۇيى كەلدى. ئۆلگەن بەدەنلىرىگە يېڭىدىن جان كىردى. ئاخىر ئۇلار بىر - بىرىگە يېقىنلاشتى. زار - زار يىغلىشىپ قۇچاقلاشتىكى، گويا گۆھەر سەدەپ ئىچىگە چۈشكەندەك، ئاي بىلەن كۈن تەڭلا پارلىغاندەك ۋە ياكى بىر شاختا ئىككى گۈل ئېچىلغاندەك، بىر تەنگە ئىككى جان كىرگەندەك بىر - بىرىگە قوشۇلدى. ۋىسال شارابىدىن ھەر ئىككىسى مەست بولدى. قەدەھكە ئابىھاياتنى قۇيغاندەك، گويا بىر پىيالە سۈزۈك قايناق سۇغا قەنت سالغاندەك قوشۇلدى. پەلەك ئۇلارنى بىرلەھزە مەقسىتىگە يەتكۈزمەك

ئۇچۇن پىتىنخور كۆزلەردىن خالىي قىلدى. ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىنىڭ دىدارىغا مەست بولدى، نەچچە يىللاپ تارتقان پىراقتىن بىر كېچە خالاس تېپىپ، سەرۋىگە ھەشقىپىچەك چىرماشقاندەك چىرماشتى. گاھى ئۇنىڭ ئايىغىنى ئۇ سۆيەتتى، گاھى ئۇنىڭ بوينىنى بۇ سىلايتتى. گاھى لامدەك («لا» ھەرپەدەك) چىرمىشاتتى. گاھى لەيلى مەجنۇننىڭ بېلىنى قۇچاقلايتتى، گاھى مەجنۇن لەيلىنىڭ چېچىنى قولىغا يۆگەيتتى. ئۇلار شۇنداق مەستخۇش بولۇپ كەتتىكى، مەجنۇن ئۆزىنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى، لەيلى ئۆزىنىڭ لەيلى ئىكەنلىكىنى بىلمەس ئىدى.

ئەلقىسسە، بۇ ئىككى ۋاپادار ئول كېچىسى مەقسىتىگە يېتىپ ئايرىلدى، ئەمما ئۇلار ئىشقىغا سادىق ئىدى. ئاخىرەتنىڭ ئەندىشىسىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار پەقەت بۇسە قىلىشتى ۋە قۇچۇشتى.

پەلەك يەنە بىۋاپالىقىنى باشلىدى، سەھەر نۇرىنى ئالەمگە تاشلىدى. تۈن يورۇدى. مەجنۇن بىچارىنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى. لەيلى ھەم بۇ ھالنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن قەترە - قەترە ياش تۆكتى.

— ئەي جانۇجاھانىم، — دېدى لەيلى، — مېنىڭ جان ۋە دىلىم بىلەن قېشىڭىزدا تۇرغۇم بار. پەلەك بۇ كېچە قىلغۇلۇقنى قىلدى. تاڭ ئاتتى. ئەمدى ئۆي تەرەپكە بارمىقىم تولىمۇ قىيىن، — لەيلى زار - زار يىغلاپ مەجنۇننىڭ ئاياغلىرىنى سۆيدى. مەجنۇنمۇ باغرىنى يۈز پارە قىلىپ لەيلىنىڭ ئاياغلىرىغا سۆيدى.

لەيلى يىغلاپ - يىغلاپ ئۆز ئوردىسىغا كەتتى. مەجنۇن ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ پىراقنى كۈتۈپ تەنھا قالدى. بولغان ئىشلاردىن ھېچكىم خەۋەر تاپمىدى. لەيلى ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇردى. پۈتۈنلەي تاڭ يورۇدى. بەخت ئىبنى سالام ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ قېشىدا ئولتۇرغانلارغا بىر مەپە كەلتۈرۈشنى پەرمان قىلدى. خالايىق ئۇنى ساقايغاندىن كېيىن لەيلىگە قوشۇلغاي، دەپ مەپىگە سې-





لىپ ئۆز بارگاھىغا ئېلىپ كەتتى. لەيلى ئۆز ئۆيىدە قالدى. ئۇ مەجنۇننىڭ پىراقىدا كۆيەر ئىدى. لەيلى
نەچچە يىللاردىن بېرى مەجنۇنغا كۆيۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلماقنى ئىزدەپ، ئاخىر كېچىدە ئۇنىڭ بىلەن
قوشۇلدى. ئۇ گويا ئابىھاياتنى ئىچكەن بولسىمۇ، يەنە جۇدالىق باياۋىنىدا قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى بىر
پىراقى ئەمدى مىڭ بولدى.

نەجدە تېغى دەپ بىر گۈزەل تاغ بار ئىدى. بۇ تاغ شىر، يولۋاسلارنىڭ ماكانى ئىدى. مەجنۇن لەيلى-
دىن ئايرىلغاندىن كېيىن، پەرياد - پىغان چېكىپ ئاشۇ تاغقا چىقىپ كەتتى. تاغنىڭ تىكەنلىرى مەج-
نۇننىڭ بەدەنلىرىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلاتتى. تاغ ئۈستىدىن قارىسا، ھەممە قەبىلىلەر كۆرۈنەتتى.
ھەمىشە لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە قاراپ زارلايتتى. سۈرمە قىلاتتى. ھەمىشە ئاشىقانە غەزەللەرنى ئوقۇيتتى.
ۋەھشىي ھايۋانلار مەجنۇننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، پەرۋانە شام چىراغنى ئايلانغاندەك ئۇنىڭ چۆرىسىدە
ئايلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كېيىك مەجنۇنغا تولىمۇ ئىجىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كېيىك كۆز-
لىرى شوخ، بوينى ئىنچىكە، مويلىرى چىرايلىق كېيىك ئىدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز مەجنۇننىڭ قېشىدىن
يىراق كەتمەس ئىدى. مەجنۇن ئۇنى قۇچاقلايتتى. ئۇ قۇلاقلىرى بىلەن مەجنۇننىڭ كۆز ياشلىرىنى
سۈرتەتتى. مەجنۇننىڭ ئۈچىسىنى تۇياقلىرى بىلەن قاشلايتتى، مەجنۇن ئۇنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ، پې-
شانىسىنى سىلايتتى. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىنى لەيلىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشىتىپ، يۈزلىرىنى يېقىپ
يىغلايتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى تەرىپلەيتتى. قەدەملىرىنى قىيغان قەلەمگە ئوخشىتاتتى ۋە ئۇنىڭغا
سۆزلەپ: «سەن لەيلى تەرەپكە بارغايسەن، لەيلى سەھراغا چىقسا، مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنىڭدىن ئۆرگەلگەي-
سەن. قەدەم ئىزى قالغان تۇپراققا يۈزلىرىڭنى سۈركىگەيسەن، ئاندىن بۇ يەرگە كەلگەيسەن، شۇ چاغدا
مەن سېنىڭ يۈزۈڭگە يۈزلىرىمنى سۈركەيمەن. يارىمنى كۆرگەن كۆزلىرىڭگە كۆزلىرىمنى ياققايمەن،
سەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئۆزۈڭنى لالىزارلىقتا پىنھان تۇتۇپ، لەيلى كەلگەندە ئۇنىڭ قەدەملىرىگە يۈزۈڭنى
يېقىپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ غەملىرىمنى بايان قىلغايسەن» دەيتتى. بىرەر قۇش لەيلى تەرەپكە ئۇچسا، ئۇنىڭ-
غا ئاشىقانە سۆزلەيتتى ۋە شامال چىقسا، ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلاتتى. گاھى چاغدا ھېلىقى
قوشۇلغان كېچىنى ئەسلەپ خۇشال بولاتتى. تولاراق نالە - زار، پەرياد - پىغانلار چېكىپ، كۆز ياشلى-
رىدىن گۈللەرگە رەڭ بېرەتتى.

**مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ پىراقىدا ھالاك بولغانلىقى، مەجنۇن بۇ ئەھۋالنى چۈشىدە
كۆرۈپ، شامالدەك يۈگۈرۈپ ئاتا - ئانىسىنىڭ مازىرىغا بېرىپ يىتىملىك دەردىدە مۇڭ - زار
قىلغانلىقى، بۇ ۋەقەلەرنى لەيلى ئاڭلاپ، مەجنۇننىڭ كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ لەيلىنىڭ باغرى-
غىمۇ جاراھەت سالغانلىقى، ئۇ جاراھەت مەجنۇننىڭ ئوتى ھارارىتىدىن كۆيۈپ شېھىت بولغان-
لىقى، مەجنۇنمۇ مەشۇقى ئۈستىدە جېنىنى بەدىنىدىن قەپەستىن چىققان قۇشتەك ئۇچۇرغانلىقى**

مەجنۇن نەۋپەلنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ باياۋانغا يۈز تۇتقاندىن كېيىن، مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسى
ئۇياتتىن ئۆلۈمگە رازى بولدى. ئۇلار ئۆيىگە كەلدى، ئاتىسى غەم بىلەن ئاغرىپ قالدى. كېچە - كۈندۈز
ئاھ تارتىپ، ئاغرىقى كۈندىن - كۈنگە يامانلاشتى. ھەممە ھۆكۈما، تېۋىپلارنى يىغىپ ئىلاج قىلىپ
باققان بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى، ئەكسىچە ئاجىزلاپ كەتتى. كافۇر شەربىتى بەرسە، ئىسسىتمىسىنى
تېخىمۇ ئۆرلەتتى. دېمەك، ئادەمنىڭ ئۆمرى تۈگىسە، تەرياق بەرسە زەھەر بولىدۇ، تەرەنجۇبىل بەرسە ئىچى

92



قاتىدۇ، ئىسكەنجىۋىل ئىچۇرسە سەپرا تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ. ئۇ ئاخىر باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. خالايىقلار ئاھ - زار چېكىپ ماتەم تۇتتى. مەجنۇننىڭ بىچارە ئانىسى پەرزەنت غېمى ھەم مۇسىبەت دەردىدە ئۆزىنى يۈز پارە قىلدى. چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلىدى. ئۇمۇ بۇ غەملەر دەستىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئىككىسىنى بىر گۆرگە دەپنە قىلدى.

بۇ ۋەقەلەردىن مەجنۇن خەۋەرسىز ئىدى. نەجدە تېغىدا كېچە - كۈندۈز يىغلايتتى. بىر كۈنى غەملىرى ھەددىدىن ئاشتى. بىر چاغدا ئازغىنا ئۇيقۇسى كەلدى. چۈش كۆردىكى، بىر ئۆيدە ئىككى كەپتەر تۇخۇم تۇغۇپ باچكا چىقارغۇدەك. باچكىنىڭ قانىتى چىقىپ، بىقارار بولۇپ ھاۋاغا ئۆرلەپ، سەھراغا يۈزلەنگۈدەك، ئىككى كەپتەر پەرۋاز قىلىپ ھېلىقى باچكىنى ئۆيگە ياندۇرغىلى تىرىشىپ باقسىمۇ باچكا ئۇنىمىغۇدەك. كەپتەرلەر نائۇمىد بولۇپ يېنىپ كەتكۈدەك. ناگاھ يۇقىرىدىن ئىككى بۈركۈت چۈشۈپ ئىككى كەپتەرنى ھالاك قىلغۇدەك....

مەجنۇن چۈشىدىن ئويغىنىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكتى. ئۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى بىلگەندى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى پەملەپ شامالدەك يۈگۈرۈپ، ئاتا - ئانىسى تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ زار - زار يىغلاپ، پەرياد - پىغانلار كۆتۈرەتتى. ئۇ ئۇدۇل ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ زاراتگاھىغا يەتتى. ئۇ يەردە يېڭى قەبرە ياسالغانىدى. ئۇ قەبرە غەم لېيى بىلەن سۇۋالغانىدى. مەجنۇن ئۇنى كۆرۈپ ئاھ تارتىپ، پەرياد - پىغان كۆتۈردى. باشلىرىغا توپا چېچىپ، قولىغا تاش ئېلىپ سىنەسىگە ئۇردى. ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ، بېشىنى قويۇپ كۆز ياشلىرىنى ئېرىق قىلدى ۋە مۇنداق دەپ يىغلىدى: «ئەي بارچە خەلقنىڭ ئۇلۇغى، ھەممە ئادەمگە رەھمىتىڭنىڭ داستىخىنى ئوچۇق ئىدى. ھەممە غېرىبلار

سېنىڭ تەھتى پەيمانىڭدا ئىدى، ھەممە شىكەستىلىك ساڭا مەن سەۋدايىدىن يەتتى. خۇشال كۆڭلۈك غەم بىلەن چۇۋۇلدى. مېنى تاپماق ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى سەرپ قىلدىڭ ۋە مېنى تاپتىڭ. ئەمما مەندىن غەم - ئەلەمدىن باشقىسى ساڭا نېسىپ بولمىدى. سەن مېنى چىرىغىمنى ياندۇرار دېگەن ئىدىڭ. ئەمما يورۇق چىرىغىڭ مېنىڭ كاساپىتىمدىن ئۆچتى. ئاھ، جېنىم ئاتام، مەن بىۋاپا مۇتىلانى كۆز قارىچۇقۇڭدەك بىلدىڭ، لېكىن روزىغارىڭنى مەن قارا قىلدىم. ئاھ، ئاھ، مەن بۇ غەملەر بىلەن قانداقمۇ تىرىك يۈرەي، مەن سېنىڭ ئۇزرەڭنى قانداقمۇ ئېيتىپ تۈگىتەي، مەن سېنىڭ تىرىكلىكىڭدە پەرمانىڭنى تۇتمىدىم. ئەمدى روھىڭغا مېنى ئەپۇ قىل دەپ قايسى يۈزۈم بىلەن ئېيتاي، ئەي جېنىم ئاتا، مېنى غەم تېغىنىڭ ئېتىكىگە تەنھا تاشلىدىڭ. سۆڭەكلىرىمنى غەم بىلەن ئۇشتۇدۇڭ، سەندىن ئۈمىدىم شۇكى، بىتەلەيلىكىمدىن يامان ئىشلارنى پەيدا قىلغان بولساممۇ، گۇناھىمدىن كەچكەيسەن ۋە ئۆزرۈمنى قوبۇل قىلغايسەن.»

مەجنۇن كۆكرىكىگە تاش ئۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە يۈزىنى يېقىپ، قەبرىنى كىرپىكلىرى بىلەن سۈپۈردى. ئاندىن ئانىسىنىڭ قەبرىسى بېشىغا بېرىپ ئالەمگە غوۋغا سالدى. ياقىلىرىنى يىرتىپ، سىنەسىنى چاك قىلىپ، ياشلىرىنى ئېرىق سۈيىدەك ئاققۇزۇپ، قۇم - تۇپراققا ئۆزىنى تاشلاپ، ئاھىنىڭ تەپتى بىلەن جىگىرىنى كاۋاپ قىلدى. پەرياد - پىغانلار كۆتۈرۈپ، ئاجىز تېنى تىترىگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «ئەي جېنىمنىڭ قىبلىسى ئانام، سېنىڭدەك كەئبەمنى تاشلاپ جەھەننەمنى ئىزدىگەندەك، بوستاننى تاشلاپ سەھرانى چۆرگىلىگەندەك چۆرۈلدۈم. كاشكى، مېنى تۇغمىغان بولساڭ ۋە يا تۇغۇلغان ھامان ئۆلگەن بولسام، بۇنداق غەم ۋە بالالارنى كۆرمەس ئىدىڭ. ۋادەرىخ، مەن بەتبەخت ئۆلمەي تىرىك قېلىپ، سەن بالا غېمىدە ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزدۈڭ، ئەي باغرىمنىڭ پارىسى ئانام، مېنى پەرزەنتىم دەپ كۆڭلۈڭنى بېرىپ كېچە - كۈندۈز بۆشۈكۈمنى تەۋرەتتىڭ، رەنج - مۇشەققەتلەرنى تارتتىڭ، كېچىلىرى تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدىڭ، كۈندۈزى ئارامىڭدا تائام يېيەلمىدىڭ، تائام يېيىشىڭدىكى مەقسىتىڭ مېنى سۈت بىلەن تويغۇزۇش بولدى. كېچىلىرى ئۇخلىماي مېنى پەپىلىدىڭ، كېچە - كۈندۈز مۇشەققەتلەرنى تارتىپ چوڭ قىلدىڭ، چۈشلىرىڭدە مەن بېشىڭدىن ئۆرگىلەي، مېنى چوڭ قىلىشتىن مەقسىتىڭ، قېرىپ قەددىم پۈكۈلگەندە يۆلىكىمنى كۆتۈرەر، تۈشەكتە ياتقىنىمدا باشلىرىمدىن ئۆرگىلەر، دېگەندىن ئىبارەت ئەمەسمىدى؟ مەن قولۇڭدەك خىزمىتىڭنى قىلسام، ھەرقانداق غەملىرىڭگە غەمخور بولسام ئىدىم - ھە! لېكىن، مەن ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، سەن ئاجىزلاشتىڭ. مەن بىۋاپا بالاڭ خىزمىتىڭدە بولالمىدىم، ئاغرىغان چېغىڭدا بىردەممۇ قېشىڭدا تۇرالمىدىم، شەپقەت بىلەن قولۇڭنى تۇتالمىدىم. كىرپىكلىرىم بىلەن يولۇڭنى سۈپۈرەلمىدىم. ئاغرىق چېغىڭدا بېشىڭنى كۆتۈرۈپ بىر يۇتۇم سۇ ئىچكۈزەلمىدىم. كېچە - كۈندۈز سەندىن ئايرىلىپ يۈردۈم. بىلمەسلىكىمدىن شۇ قەدەر بىۋاپالىقلارنى قىلدىم. ئۆزۈم تەلۋە بولۇپ قېلىپ، ئۈمىدلىرىڭنى ئاقلىيالمىدىم. ئاھ، يۈزىمىڭ دەرىخكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر نەپەستە ساڭا دەرد - غەم، رەنج - بالالار يەتتى. كۆڭلۈڭ مېنىڭ غېمىمدە بولدى. جېنىڭ يۈزىمىڭ ھەسرەت بىلەن جاھاندىن كەتتى، روشەنكى، روھىڭ مەن سەۋدايىدىن خۇشال ئەمەس. لېكىن مەن بىچارە قانداق قىلاي؟ تەقدىرگە تەدبىر يوق ئىكەن ۋە ئىشققا گىرىپتار بولغۇچى ھەممە ئىشتا بىچارە ئىكەن.»

مەجنۇن پەرياد كۆتۈرۈپ يۈزىنى ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە سۈرتۈپ، تۇپراقنى قۇچاقلاپ يىغلاپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. كۆرگەنلەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلدى.

ئەلقىسسە، مەجنۇنغا لەيلىنىڭ پىراقى زىيادە بولدى. داغ ئۈستىگە داغ قوشۇلدى. ئۇ كېچە - كۈنـ-

دۈز ئاتا - ئانىسىنىڭ مازىرىنى ئايلىنىپ يىغلايتتى. ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ بولدى. كېچە - كۈندۈز يىغلاپ، گاھى بىھوش بولۇپ ئۆلۈكتەك ياتاتتى. باياۋاندىكى شىر، يولۋاس، كېيىك قاتارلىق ھايۋانلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە گۆرىستاننى ماكان تۇتتى.

ئەمدى گەپنى لەيلىدىن ئاڭلايلى: لەيلى مەجنۇن بىلەن ۋىسال تېپىپ، ئۆز ئوردىسىغا كەتكەندىن كېيىن، ھەممىشە مەجنۇننىڭ پىراقىدا نالە - پەرياد قىلدى. مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۇنىڭ قانلىق جىگىرىگە قاتمۇقات داغلارنى چەكتى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبچىسىنى ئۆزى دەپ بىلەتتى. بۇ غەملەرنىڭ تۆپە - تۆپىلەپ كېلىشى ئۇنىڭ غەم - دەردلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلدى، زارلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ يىغلىدى. «ئەي پەلەك، بۇ زۇلۇملارنى مەن بىچارىگە قىلدىڭ، جېنىمغا شۇنچە جەبىر - ستەملەرنى سالدىڭ، بوران گۈلنى توزۇتقاندەك مېنى توزۇتتۇڭ. بەلكى غەم تىغى بىرلە مېنى ئۆلتۈرەرسەن، ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرەرسەن، قۇشنىڭ قاناتلىرىنى يۇلغاندەك شىكەستە قىلارسەن، بەلكى ئىشق ئوتىدا كاۋاپ قىلارسەن، دەرىخا، ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولدۇم. شامالغا سورۇلدۇم، يارىمنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ، ماڭا تېخىمۇ زۇلۇم بولدى. ھەسسىلەپ ئەلەم چەكتىم.» لەيلى شۇنداق يىغلاپ كېچە - كۈندۈز بىقارار بولۇپ، دەرد - غەم دەستىدىن بىمار بولۇپ، بەدىنىگە ئىسسىتما چۈشتى. يۈرىكى تىترەپ قوزغىلاتتى. گوياكى باغرى كۆيۈپ كاۋاپ بولغاندەك بىتاقەت بولۇپ قىينىلاتتى. لەيلىنىڭ ئاغرىقىنى ئانىسى بىلىپ ئاتىسىغا خەۋەر قىلدى. ئاتىسى ناھايىتى پەرىشان بولۇپ، جىمىكى ھۆكۈما - تېۋىپلارنى لەيلىنىڭ بېشىغا كەلتۈردى. ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى زار - زار يىغلاشتى. تېۋىپلار شۇنچە داۋالارنى قىلغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. كۈندىن - كۈنگە كېسىلى ئېغىرلاشتى. ئۆزى ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ زەئىپلىشىپ كەتتى.



دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مەجنۇن ئاتا - ئانىسىنىڭ بېشىدا زار - زار يىغلاپ ھەم لەيلىنىڭ پىراقىدا شېئىرلار ئوقۇپ ئاھ چېكەتتى، گاھى بىھوش بولۇپ، گاھى ھوشىغا كېلىپ يەنە ھوشىدىن كېتىپ، ئۆلۈكتەك ياتاتتى. لەيلى بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىدى. پىغانى تېخىمۇ ئۆرلىدى. ئۇ بارغانسېرى ئۆلۈمگە يېقىنلاشتى، قىزىلگۈلدەك رۇخسارى زەپىراندەك سارغايدى. سەرۋىدەك قەددى يادەك ئېگىلىپ، بىماجال بولۇپ ياتتى. سۆزدىن قېلىپ، كۆزلىرى يۇمۇلدى. لەيلى بۇ ھالدىن ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى پەملىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆينى خالىي قىلدى - دە، ئانىسىنى قېشىغا چاقىردى. لەيلى ئانىسىغا پىنھان سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېدى: «ئەي مېھرىبان ئانا، مېنىڭ دەرد - پىراقىمدا قالدىڭ، ئەگەر مىڭ يىل تىرىك بولسام، ئۇزرەڭنى قىلىپ تۈگىتەلمەس ئىدىم. ھازىر سەكراتتا يېتىۋاتىمەن. جېنىم لې-



ۋىمگە كېلىپ قالدى. مۇشۇ هالدا ئۆز ئەهۋالىمنى سى-
نىڭدەك مۇشپىق ئانامدىن يوشۇرغىنىمنىڭ هېچ پايدىسى
يوق. ئەي غەمگۇزارىم ئانا، سەن مېنىڭ ئەهۋالىمنى بى-
لەتتىڭ ۋە لېكىن ماڭا دېمەس ئىدىڭ، مەن ساڭا ئاشكارا
قىلاي، ناۋادا بۇ خەستە بەدىنىمدىن شېرىن جېنىم چىقسا
ۋە بۇ جىسمىم تۇپراققا قوشۇلسا، مېنىڭ ماتىمىمدە كۆپ
يىغلىمىغايسەن. مۇبارەك يۈزۈڭنى كاچاتلاپ جاراھەت
قىلمىغايسەن. سەۋر قىلغايسەن. ئەمما مەن بىلىمەنكى،
بۇ ئىشقا سەۋر قىلالمايسەن. بۇ سۆزلىرىم قۇلىقىڭغا
كىرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. يەنە بىر ۋەسىيىتىم شۇكى، ئەي
مېهرىبان بىچارە ئانا، ئەگەر مېنىڭ ماتىمىم ئاشكارا
بولسا شەھەر ـ سەهرا ۋە دەشت ـ باياۋاندىكى ھەممە
خالايىقلار بىلىپ كېتىدۇ. تەھقىق شۇ ماڭا ئايانكى، شۇ چاغدا مېنىڭ غېرىب ـ زارىم، بالاكەش مۇپتىلا-
يىم، مېنىڭ ئىشقىمدا خانىماندىن ئايرىلغان، جانىدىن كەچكەن، دەشت ـ سەھرالارنى كەزگەن، تاغلارنى
ئايلانغان بىچارەم بۇ ۋەقەلەرنى ئىشىتسە شامالدەك يۇگۇرۇپ بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆز جېنىنى قۇربان قى-
لىپ روهى ماڭا قوشۇلغۇسىدۇر. ئىشق يوسۇنىنى ئاشىقلارغا بىلدۇرگۇسىدۇر. تۇپرىقىنى تۇپراققا قوش-
قۇسىدۇر. ناۋادا بۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىپ شېرىن جېنىدىن جۇدا بولسا، ئەلۋەتتە سەن ئۇنىڭ جانسىز بەدى-
نىنى ئەزىز بىلگەيسەن. گىنە ـ ئاداۋەتنى قويغايسەن، دەرىخا، ئۇل هىجراندا غېرىب بولغان ئەزىزىمنىڭ
جەستىنى كۆز يېشىم بىلەن يۇساڭمۇ لايىق ئىدى. سەن ئۇل مېهرىبان بىلەن ماڭا بىر كېپەن تىكىپ
ئىككىمىزنى بىرلىكتە يەرلىككە قويغايسەن. ئايرىۋەتمىگەيسەن، جېنىم ئانا، ئۇنى ئۆز پەرزەنتىڭدەك
كۆرۈپ، مەن بىلەن بىر گۆرگە قويغايسەن، بىللە ياتقۇزغايسەن.» لەيلى شۇنداق دەپ ئاھ تارتىپ ئاياغلى-
رىنى سۇندى. كۆزلىرىنى يۇمدى، جان تەسلىم قىلدى. روشەنكى، ئۇ مەجنۇننىڭ كويىدا جان بەردى. بۇ
ئەهۋالنى كۆرگەن ئانىنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئانا بۇ دەرد، مۇسىبەت تۇپەيلى لەيلىنىڭ بېشىدىن



ئۆرگىلىپ شۇنداق پەرياد قىلدىكى، ئاڭلىغانلارنىڭ يۈرىكى چاك بولدى. لەيلىنىڭ ئايىغىغا يۈزىنى سۈرۈپ، گاھى ئۇنى قۇچاقلاپ ئاھ - ئەپغان قىلىپ، سەۋدايىدەك چاچلىرىنى يۇلۇپ نالە - زار قىلدى. سىنە ۋە يۈزلىرىنى يىرتىپ يىغلىدى ۋە شۇنداق دەيتتى: «ئەي ئاي يۈزلۈك، ئىپار چاچلىق قىزىم، غۇنچىسىدە توزۇغان، نوتىسىدىن قۇرۇغان قىزىم، بۇ تېخى سېنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغان ۋاقتىڭ ئەمەس ئىدى. كاشكى، مەن ئىلگىرى ئۆلگەن بولسام ئىدىم، سەن ئانام دەپ ئارقامدا قالساڭ ئىدىڭ. سەن بۇ جاھاندىن ئارمان بىلەن كۆز يۇمدۇڭ. بىزلەرگە ئالەمنى قاراڭغۇ قىلدىڭ. ئەمدى مەن ئۇ بىچارە مەجنۇن كەلسە نېمىمۇ دەرمەن؟! بىزنى ۋە بارلىق قوۋم - قېرىنداشلىرىڭنى قارا قايغۇ ئىچىدە خاراب قىلدىڭ !»

بۇ چاغدا مەجنۇن گۆرستاندا بىھوش ھالدا ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى گوياكى شىشىدەك پاك بولغانلىقتىن، غايىب ئىشلارنىمۇ سېزەلەيتتى. مەجنۇن خامۇش بولۇپ يېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا غايىبتىن بىر ئاۋاز كەلدى: «ئەي دەرد ئەھلىنىڭ پادىشاھى، ئاشىقلارنىڭ سەردارى، ئەگەر ئىشق ئەھلىگە ۋاپا ھەم ساداقەت كېرەك بولىدىغان بولسا، ئورنۇڭدىن تۇرغىن. ھازىر ياتىدىغان ۋاقىت ئەمەس. سېنىڭ ئۇ گۈلۈڭ خازان بولدى. سېنىڭ ئۇ چىرىغىڭ شامالغا دۇچ كەلدى. ئەگەر سەن پەرۋانە بولساڭ، چىراغ يېنىغا بارغىن. مەشۇقۇڭ سەپەرگە چىقتى. ساڭا ھەمراھلىق ۋاقتى يەتتى. سەن ياكى ئۇنىڭغا ۋاپادارلىقىڭنى ئىزھار قىلغىن، ياكى بولمىسا، ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپلا بولدى قىلغىن ! » مەجنۇن بۇ سىرلاردىن خەۋەردار بولدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە قاراپ چاقماق تېزلىكىدە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ جېنىنى قولىغا ئېلىپ، يار ئۈچۈن سەدىقە قىلغىلى يۈگۈرەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مۆلدۈردەك تۆكۈلەتتى. ئۇ پۈتۈن جاھاندىن كۆڭۈل ئۈزدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى دوست ياكى دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خالايىق قورقۇپ قېچىشتى. ھەتتا شىر، يولۋاس ۋە قاپلانلارمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ تەرەپ - تەرەپكە تىكىۋەتتى. مەجنۇن شۇ تەرىقىدە يۈگۈرگىنىچە لەيلىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلدى. خالايىق لەيلىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ ئۇنى توسمىدى. ئۇ توختاۋسىز ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. خالايىق ئۇنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىغا ھەيران بولۇشۇپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشتى. مەجنۇن يارىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئاتتى. ئۇ لەيلىنىڭ جامالىغا نەزەر تاشلاپ، سوغۇق بىر ئاھ چەكتى - دە، شۇ ھامان جان تاپشۇردى. كىشىلەر ئۆيگە كىرىپ نەزەر سالدى. بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق گوياكى ھەشقىپىچەكتەك بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ياتاتتى. كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاھ - پەرياد چەككەن ھالدا ئۆزلىرىنى كاچاتلاشتى. ئۇلار بۇ ئىككىيلەنگە ماتەم تۇتۇپ، ھەددى - ھېسابسىز يىغا - زار قىلىشتى. بۇ ماتەمدىن پۈتكۈل جاھان خەلقىگە قىقاس - چۇقان چۈشتى. پۈتۈن ئالەم ئەھلىنىڭ كۆڭلىگە ئۇلارنىڭ مۇسىبەت ئوتلىرى تۇتاشتى.

كىشىلەر ئاخىر ئۇلارنى دەپنە قىلىشقا مەسلىھەت قىلدى. بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق جاھاندىن پاك ھالدا كەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئەيىب - نۇقسانى يوق ئىدى. بىراق مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي كۆز يۇمۇشتى. ئۇلارنى خالايىقلار يۇيۇپ - تارىدى. ئاندىن ئىككىسىنى بىر كېپەن ئىچىگە ئېلىپ بىر تاۋۇتنىڭ ئىچىگە سالدى. خالايىق زار - زار يىغلاشقان پېتى گۆرستانغا كېلىشتى. بۇ ئىككى جانسىز بەدەننى بىر يەرلىك ئىچىدە قويۇپ، ئۇزاتتى. ئۇلارنىڭ قەبرىسىمۇ بىر بولدى. خالايىق يىغلاشقان پېتى دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ قايتىشتى. بۇ ئالەمدە تارتمىغان جاپا - مۇشەققەتلىرى قالمىغان، بىراق، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەن بۇ ئىككى بىچارىنى يەر قوينىغا ئېلىپ، جاھان ئەھلىدىن پىنھان قىلدى. ئۇلارنىڭ پاك روھلىرى جەننەت ئىچىدە ۋىسالغا يەتتى.

# يۈسۈپ-زىلەيخا

رىۋايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ خەۋەر بەرگۈچى سۆز ئۇستىسى قەدىمكى داستانچىلاردىن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدا يۈسۈپنى ھەممىسىدىن ياخشى كۆرۈپ يېنىدىن ئايرىمايتتى. بىرەر نەپەس يۈزىنى كۆرمىسە، ئىچى پۇشۇپ تاقەتسىزلىنەتتى.

ياقۇپنىڭ ھويلىسىدا بىر تۈپ دەرەخ بار ئىدى. ھەرقاچان خوتۇنلىرى ئوغۇل تۇغسا، شۇ دەرەختىن بىر شاخ بىخ سۇرۇپ چىقاتتى. ئۇ شاخ شۇ ئوغۇل بىلەن تەڭ چوڭ بولاتتى.

يۈسۈپ يەتتە ياشقا كىرگەندە بىر كېچىسى چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە ئاكىلىرى بىلەن سەھراغا ئويۇنغىلى چىققان بولۇپ، ھەممىسى قولىدىكى تاياقنى يەرگە سانجىدى. ھەممىسىنىڭ تايىقى ئاستا نوتا سۇرۇپ كۆكلىدى. يۈسۈپنىڭ تايىقى تېز، ئۇزۇن ۋە چىرايلىق كۆكلىدى. ئۇنىڭ سايىسى باشقا دەرەخلەرگىمۇ چۈشتى. ناھايىتى قويۇق مېۋە بولۇپ پىشتى. ھەممە ئىرغىتىپ يېيىشتى. شۇ يەردىكى خەلقىمۇ بېرىشتى. ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ يۈسۈپ چۆچۈپ ئويغاندى. بۇ چۈشنى دادىسى ياقۇپقا ئېيتتى. ياقۇپ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ چۈشنى باشقىلارغا ئېيتما! — دېدى. يەنە بىر كۈنى يۈسۈپ دادىسىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغاندى. دادىسى:

— ئەي ئوغلۇم، نېمە بولدۇڭ؟! — دەپ سورىدى. يۈسۈپ:

— بىر ئۇلۇغ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتىمەن. بېشىمدا تاج، قولۇمدا ئەڭگۈشتەر تۇرغۇدەك، ھەممە ئادەم ئالدىمدا خىزمەتتە ئىمىش. ئاسماندىن ئاجايىپ شەپە بىلەن بىر ئاي، ئون بىر يۇلتۇز چۈشۈپ ماڭا سەجدە قىلغاندى، قورقۇپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، — دېدى.

يۈسۈپ كۆرگەن چۈشلىرىنى دادىسىغا دەۋاتقاندا ئاكىلىرىمۇ ئاڭلىغانىدى. بۇ — ئۆكىمىز ئاتىمىزغا ياخشى كۆرۈنمەن دەپ، يالغاندىن چۈش كۆردۈم، دەپ ئاتىمىزنى ئالداۋاتىدۇ، دەپ ئويلىشىپ ئاچچىقلاشتى.

ياقۇپمۇ يۈسۈپكە باشقا بالىلىرىغا قارىغاندا ئامراق ئىدى. ئۇنى يەرگە قويمايتتى. بۇنى ئاكىلىرى كۆرەلمەيتتى.

«بەزىمىز مال باقىمىز، بەزىمىز كېچە - كۈندۈز جاڭگاللاردا يۈرۈپ باشقا ئىشلارنى قىلىمىز. يۈسۈپ بولسا دادىمىزنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ تەييار سۈت - قايماقنى ئىچىدۇ. ھوزۇر - ھالاۋەتنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ! بۇنى كۆزدىن يوق قىلىش كېرەك» دەپ يۈرۈشەتتى.



بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ: «يۇسۇپنى قانداق يوقىتىمىز؟!» دېيىشىپ باش قاتۇرۇپ ئولتۇراتتى، شەيتان بىر قېرى ئادەم سۈپىتىدە كېلىپ ئۇلارنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى ئاڭلىدى. ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ:

ــ سىلەرنىڭ بۇ پىكرىڭلار ھازىر ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، سەۋر قىلىڭلار، ياز بولسۇن. دالىدا گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلسۇن. بۇلبۇللار سايراشسۇن. قويلار قوزىلىسۇن. تۆگىلەر بوتىلىسۇن. شۇ ۋاقىتقىچە يۇسۇپنى ئۆزۈڭلارغا ئۆگىتىۋېلىڭلار. ئۇ سىلەردىن ئايرىلالمايدىغان ۋە كەينىڭلاردىن ئەگىشىدىغان بولسۇن. شۇ ۋاقىتتا سىلەر «سەھراغا بارىمىز» دەپ، سەھرانىڭ تەرىپىنى يۇسۇپكە سۆزلەپ بېرىڭلار، ئۇمۇ سىلەرگە ئەگىشىپ: «مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بارىمەن» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئىلاجسىز داداڭلار ئۇنى سىلەرگە قوشۇپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنى يوقاتماق ئاسان، ــ دېدى.

بۇ مەسلىھەتنى ھەممىسى ماقۇل كۆردى. ياز بولغۇچە يۇسۇپنى ئۆزلىرىگە ئۆگىتىۋالدى. ياز كېلىپ سەھراغا تەييارلاندى. بۇنى كۆرگەن يۇسۇپ دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــ مەنمۇ بارىمەن، ــ دەپ تۇرۇۋالدى.

دادىسى جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، يۇسۇپ:

ــ ئەي دادا، ھازىر ھۇت ئايلىرى قىشلاقتا ياماشتى. ھەمەل ئېيى بېزىگەن يايلاقتىن كىشىلەرنىڭ كۆزى قاماشتى. ئاسمانمۇ سۆيۈنچە يامغۇرنى يەرگە چاچتى. پۈتۈن ئەتراپ خۇشاللىققا چۆمدى. پەلەك يەر يۈزىگە كۆكاتتىن خال چەكتى. يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلدى. بۇلبۇللار خۇش ئاۋاز بىلەن سايراشماقتا. ماڭا رۇخسەت قىلغىن، يېزىلارنى كۆرۈپ كېلەي! ــ دەپ يىلىندى.

ئاكىلىرىمۇ:

ــ بۇگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى، يۇسۇپنى بىزگە قوشۇپ بېرىڭ، ئوغلاق، قوزا، قۇلۇن ـ تايلاقلارنى كۆرۈپ كۆڭلىنى ئېچىپ كەلسۇن! ــ دېدى.

شۇ كۈنلەردە ياقۇپ بىر چۈش كۆرگەنىدى. شۇ چۈش يادىغا كېلىپ، يۇسۇپكە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قادىر مەۋلان، يۈرىكىمگە ئوت چۈشتى،
يۈسۈپۈمنى مەندىن جۇدا ئەيلىمە.
دۇنيادا ئايرىلىش بەك يامان ئىشدۇر،
سۇلتاندەك بېشىمنى گادا ئەيلىمە.

بىلمەيمەن نە بالا چۈشەر بېشىمغا،
قورقۇنچۇم بار تۈندە كۆرگەن چۈشۈمگە.
پەلەك ئوغا سالدى ئىچكەن ئېشىمغا،
ماڭا ئايرىلىشنى راۋا ئەيلىمە.

كۆزۈمنىڭ روشنى، تەنىنىڭ قۇۋۋىتى،
كۆڭلۈم ئاسايىشى، جانىنىڭ راھىتى.
سۆيۈملۈك قوزام ھەمدە ئۈلپىتىم،
يۈسۈپۈمنى مەندىن جۇدا ئەيلىمە.

ئېچىلغان گۈل غۇنچىسى ھەرگىز سولمىسۇن،
مەزگىلسىز چاغدا خازان بولمىسۇن.
جۇدالىق بالاسىن ھېچكىم كۆرمىسۇن،
تەلىيىم ـ بەختىمنى قارا ئەيلىمە.

ياقۇپ نەبى بىر ھېكمەتنى چاغلىدى،
پەلەكنىڭ قازاسى باغرىن داغلىدى.
قوزىدىن ئايرىلىپ ئاتا يىغلىدى،
يۈسۈپۈمنى مەندىن جۇدا ئەيلىمە.

ياقۇپ ئوغۇللىرىغا قاراپ:

— يۈسۈپنى سىلەرگە قوشۇپ بەرمەيمەن. سىلەرمۇ كىچىك ئىدىڭلار، بېقىپ چوڭ قىلدىم. ئۇ كىچىك، ئۇنىمۇ سىلەرگە ئوخشاش تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقىلى قويۇڭلار! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يۈسۈپ بىلەن بىر نەچچە كۈن قويۇڭلار!
كۆرەر كۆزۈم يۈسۈپۈمدىن ئايرىلماي.
ئوغلانلىرىم، نەسىھەتىم ئاڭلاڭلار!
سۆزلەر سۆزۈم يۈسۈپۈمدىن ئايرىلماي.

نەچچە يىل تارتتىم جاپايىڭلانى،
ئەمدى كۆرەي مەنمۇ ۋاپايىڭلانى.
يۈسۈپۈمدۇر ئاتاڭلارنىڭ يۆلەنچى،
كۆرەر كۆزۈم يۈسۈپۈمدىن ئايرىلماي.

يۈسۈپ ئوغلۇم بارسا ئۇ باياۋانغا،
كېلۇر ـ كەلمەسلىكى ئېرۇر گۇماندا.
يۈزىنى كۆرەلمەي قالماي ئارماندا،
رىزقى ـ روزا يۈسۈپۈمدىن ئايرىلماي.

رۇخسەت بەرسەم غەم ئوتىدا كۆيەرمەن،
كۆرمىسەم مەن ئەقلىمدىنمۇ ئازارمەن.
جامالىنى كۆرۈپ تۇرسام ياشارمەن،
پەسلى باھار يۈسۈپۈمدىن ئايرىلماي.

ياقۇپ ئېيتۇر خۇدا ئامان ئەيلىسە،
تەربىيە تاپماسلار پىغان ئەيلىسە.
بىر دەم ـ بىر سائەت ئامان ئەيلىسە،
نەۋباھارىم يۈسۈپۈمدىن ئايرىلماي.

بۇ نەزمىدىن كېيىن، ياقۇپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، يۈسۈپنى سىلەرگە قوشۇپ بەرسەم، سىلەر دالىدا ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىپ يۈسۈپ بىرەر يامان ھادىسىگە ئۇچرىسا، ئۇ چاغدا مېنى ئېغىر پەرزەنت دېغىغا مۇپتىلا قىلۇرسىلەر! — دېدى.

ياقۇپنىڭ ھەممە ئوغۇللىرى يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئەي ئاتا، بىزمۇ سىزنىڭ بالىلىرىڭىزغۇ؟ بىزمۇ ئۇنىڭغا سىزدىن ئامراقراق ۋە مېھرىبانراقمىز. شۇنداق تۇرۇپ بىز ئۇنى ھادىسىگە يولۇقتۇرىمىزمۇ؟! — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ياقۇپ ئوغۇللىرىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن يېنىپ چىقىشتى. يۈزمىڭ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى ئالدىدى.

— ئەي كۆزىمىزنىڭ روشنى، كۆڭلىمىزنىڭ ئارامى يۈسۈپ، ھازىر سەھرا ئاجايىپ لالىزارلىقا



ئايلاندى. ھەرقانداق ئادەمزات ئۇنى سەيلە قىلىپ كۆرسە، كۆڭلى ئېچىلىدۇ. سەنمۇ بىز بىلەن سەھراغا چىقىپ تاماشا قىلغىن. ئاجايىپ ـ غارايىباتلارنى كۆرگىن. دەرھال كىرىپ ئاتىمىزدىن ئىجازەت سورا. رۇخسەت بەرمىسە يىغلاپ تۇرۇۋال. سەن يىغلىساڭ ئاتىمىز چىدىمايدۇ. رۇخسەت قىلىپ سېنى بىزگە قوشۇپ بېرىدۇ، ـــ دەپ ئۆگەتتى.

يۇسۇپ ئاكىلىرىنىڭ سۆزىگە ئالداندى، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ رۇخسەت سوراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئىجازەت بەرسىلە، ئاتا،
بىر ئىش چۈشتى خىيالىمغا.
چۈشۈپتۇ باغ ئارا شەبنەم،
زىننەت بېرىپ باھارىمغا.

تاماشا ئەيلىسە سەھرا،
كۆڭۈللەر بولغۇسى شەيدا.
ئاكاملار قىلغۇسى پەرۋا،
مېنىڭ ھۆسن ـ جامالىمغا.

رەقىبلەر ئوت بولۇپ يانسۇن،
يارانلار قولغا جام ئالسۇن.
تەشنالار باغرىمۇ قانسۇن،
مېنىڭ ئابى زۇلالىمغا.

قەپەستە بۇلبۇلى شەيدا،
دىلنى ئاچمىغاي ئاندا.
مېنىڭ باشىمدا بۇ سەۋدا،
زەرەر يەتمەس كامالىمغا.

كېلىپتۇر ماڭا بۇ پۇرسەت،
بېرىڭ تەلمۇرتمەيىن رۇخسەت.
ئاكاملار ماڭادۇر ئۇلپەت،
نەزەر سالغاي بۇ ھالىمغا.

يۈسۈپنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلىغان ياقۇپ ئوغلىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆرمىسەم بىر زامان تاقىتىم يوقتۇر،
كۆرەر كۆزۈم، سۆزلەر سۆزۈم، ئايرىلما!
مەن كۆرگەن بۇ چۈشنىڭ بالاسى كۆپتۇر،
مېنى زار يىغلىتىپ، قوزام، ئايرىلما!

ئارقاڭدا قالۇرمەن زار ـ زار يىغلاپ،
ھىجران ئوتىدا باغرىمنى داغلاپ،
تاپارمەن سېنى نەدىن سوراقلاپ،
شۇڭقارىم، لاچىنىم، يازىم، ئايرىلما!

بىلمەيمەن نە ھېكمەت چۈشەر بېشىمغا،
پەلەك ئوغا سالدى ئىچكەن ئېشىمغا،
رەھىم ئەيلىگىن ئاققان يېشىمغا،
جېنىم ئىچرە سەرۋى نازىم، ئايرىلما!

بۇ يەردىن كەتكەنلەر، كېلۇر نە خىلدا،
كېچە ـ كۈندۈز مەن ئىنتىزارىڭدا،
بۇلبۇلدەك سايرايمەن گۈلئۈزارىڭدا،
يۈز ئەلۋانىم، نەغمە ـ سازىم، ئايرىلما!

ياقۇپنىڭ نە كېچەر ھالى ـ ئەھۋالى،
كۆرمىسە يۈسۈپنىڭ ھۆسن ـ جامالى،
كۆزۈمنىڭ روشىنى، قەددى، كامالى،
ھەقتىن يەتكەن رىزقى ـ روزام، ئايرىلما!

ئاتىسى نەزمىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ ئاتىسىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئىجازەت بەرسىلە، كەئبەم،
تاماشا ئەيلەيىن سەھرا.
ئاكاملار ماڭادۇر ئامراق،
قىلۇرلار ھەممىسى پەرۋا.

ماڭا كىمدىن جاپا يەتكەي،
ۋە كىم سىزدىن جۇدا ئەتكەي.
نەكىم سىزگە گۇناھ ئەتكەي،
بولۇر دىنىسىز، يەنە رەسۋا.

ئاكامنىڭ ھەممىسى پالۋان،
ھەربىرى رۇستىمى داستان،
قىلۇر دۈشمەنلىنى يەكسان،
بىز بىلەن قىلمىسىلا غوۋغا.

خۇدا ھۆكمى باشقىچە بولماس،
تەقدىردىن قېچىپ بولماس.
سەۋرسىز بەندە بولماس،
بېشىغا چۈشسە مىڭ سەۋدا.

يۈسۈپ ئېيتۇر: قارارىم يوق،
يەنە باشقا سورارىم يوق.
بىردەممۇ تۇرارىم يوق،
كېلۇرمەن بۈگۈن تاڭلا!

ياقۇپ ئوغلى يۈسۈپكە رۇخسەت بەردى. كېيىن ئىلاجسىز ئۇنىڭغا نەسىھەت ئورنىدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قوزام، كۆپ ئارزۇ قىلدىڭ،
ساڭا بالا يۈزلەنمىسۇن.
خۇدانىڭ ھۆكمىدۇر ھەر ئىش،
يامانلىق ساڭا يۈزلەنمىسۇن.

خۇدانى بىلمىگەن ئادەم،
سېنى بىلمەس، مېنىمۇ ھەم،
يۈرەكىمگە سېلىپ يۈز غەم،
ساڭا سەۋدا يۈزلەنمىسۇن.

قورقۇنچۇم يوق ھېچ كىشىدىن،
قورقىمەن تەڭرى ئىشىدىن،
ئاكىلىرىڭنىڭ رەشكىدىن،
بېشىڭغا بالا يۈزلەنمىسۇن.

قوزام سەندىن جۇدا بولسام،
قاراپ ئارقاڭدا مەن قالسام،
پىراقىڭدا كۆيۈپ يانسام،
ماڭا ئازار يۈزلەنمىسۇن.

102

ياقۇپ دەر: ئەزىز جانىم،
رۇخسەت بېرەي، مېھرىبانىم،
كۆپەيتمىگىن سەن پىغانىم،
بىر كۈندە كەل، يولۇڭ بولسۇن.



بۇ چاغدا يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى ئىشىكنىڭ كەينىدە ئىدى. ئۇلار ئاردا بولۇپ ئۆتكەن ھەممە گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىدى. ياقۇپ ئوغلىغا رۇخسەت بەرگەن ھامان ئۇلار كىرىپ، ئاتىسىغا تەزىم قىلىشتى. ياقۇپ ئوغۇللىرىغا قاراپ:

— ئەي پەرزەنتلىرىم، يۇسۇپنى سەھراغا بىللە ئاچىقىشقا سورىغىنىڭلاردا مەن رۇخسەت قىلمىغانىدىم. يۇسۇپنىڭ ئۆزى رۇخسەت سورىدى، بەرمىسەم يىغلىدى. مەن رازىلىق بەردىم، يۇسۇپنى ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن سىلەرگە تاپشۇردۇم، — دېدى ۋە يۇسۇپكە بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان كۆڭلەكنى كىيگۈزدى، بېلىگە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن قالغان يادىكار كەمەرنى باغلىدى. بېشىغا ئۆزىنىڭ سەللىسىنى كىيگۈزدى. يۇسۇپكە بۇ كىيىملەر يارىشىپ شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتىكى، يەتتە قات ئاسماننىڭ پەرىشتىلىرى، بېھىشنىڭ ھۆر - غىلمانلىرى ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى تاماشا قىلىپ «ئاپىرىن» ئوقۇدى.

ياقۇپ ئوغۇللىرىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆزۈمنىڭ روشنى، جان پەرزەنتلىرىم،
ئاتاڭلار ھەققىنى ئادا قىلىڭلار.
ئەزىزىم، مېھرىبان، جان پەرزەنتلىرىم،
ئاچ ۋە تەشنا قويۇشتىن ھەزەر قىلىڭلار!

يۇسۇپنى قويماڭلار يولدا پىيادە،
كىرىڭلار ئالدىمغا چاپسانراق ئېلىپ.
ھەقنى ھەر جايدا ھازىر كۆرۈڭلار،
كەتمەڭلار شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ.

يۇسۇپنى كۆرمىسەم قارارىم بولماس،
كىشىگە، سۆھبەتكە يارارىم بولماس،
ئۇنىڭسىز بۇ يەردە تۇرارىم بولماس،
بەرگەن تۇز ھەققىنى ياخشى ساقلاڭلار.

ئاھ ئۇرۇپ يىغلىسام ئوتتا كۆيەرسىز،
مېنى رازى قىلسىڭىز ئوبدان يۈرەرسىز،
ۋاقتى نامازدىگەردە يېتىپ كېلەرسىز،
ماڭا ئازار يەتمىسۇن، رەھىم قىلىڭلار.

سىلەرنى جانابىي ھەققە تاپشۇردۇم،
كەچ قالساڭلار، ئاھنى چەكتىن ئاشۇردۇم،
يۇسۇپتىن ئايرىلسام ئەقلىم قاچۇردۇم،
نەسىھەت سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلاڭلار!

يۇسۇپ خۇشال - خۇرام ھالدا ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئېچىلىپ كېلىپ ئاكىلىرىغا قوشۇل-

دى. ئۇلار بىلەن بىللە سەھرانى تاماشا قىلىشقا راسلاندى. يۈسۈپ ئاتىسىدىن دۇئا ۋە پاتىھە بېرىشنى سورىدى. ياقۇپ زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

جۇدالىقتىن ئىچىم كۆيدى،
ئاڭلا مېنىڭ ئاھۇنالىم.
كۆزۈم نۇرى خۇش بار ئەمدى،
قالمىدى ھېچ ئىختىيارىم.

ئايرىلىپ سەندىن مادارىم،
يوق كېلۇرگە گۇمانىم،
غېرىب بولدۇم يوق ئەسرارىم،
ئاڭلاڭلار مېنىڭ پىغانىم.

بالام نە سەۋدا كۆرۈرسەن،
بېشىڭغا يەتسە بىلۇرسەن،
بۇگۇن تاڭلا كۆرۈرسەن،
تېزرەك كەلگىن، مېھرىبانىم.

خالىي قويدۇڭ تازا باغنى،
يۈرىكىمگە سالدىڭ داغنى،
نەدىن ئىزدەپ تاپاي سېنى،
ھىجران سالسا بېرۇ بارىم.

ياقۇپ ئېيتۇر: بالام خۇش بار،
كۆزۈم يولۇڭغا ئىنتىزار،
خۇدا بولسۇن ساڭا ھەم يار،
تېزرەك كېلىپ كۆر دىدارىم.

ياقۇپ ئوغلى يۈسۈپكە قارىتىپ ئوقۇغان بۇ نەزمنى تۈگىتىپ بولغۇچە يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ، بويۇنلىرىغا مىندۈردى. ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن ئاچىقىپ تۆگىگە مىندۈردى. سەھرا تەرەپكە قاراپ يۈرۈشتى.

يۈسۈپ تارتىنماي ۋە ئەندىشە قىلماي ماڭدى. ياقۇپ تاقەتسىزلىك بىلەن يۈسۈپنىڭ ئارقىسىدىن





خېلى يەرگىچە ئەگىشىپ چىقىپ قاراپ تۇرۇپ، ئۇلار كۆزىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن قايتتى. ئۇ ئار-قىسىغا يېنىپ كېلىپ بىر دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئۇ دەرەختىن: «ئەربەئىن، ئەربەئىن» دې-گەن سادا ئاڭلانغاندەك بولدى.

ياقۇپ ھەيران بولۇپ دەرەخقە قارىدى-دە:

— ئەي دەرەخ، مەن يۈسۈپۈمنى قاچان كۆرىمەن؟! — دەپ سورىدى.

دەرەختىن يەنە: «ئەربەئىن» دېگەن ئاۋاز چىققاندەك بولدى. ياقۇپ دەرەخقە قاراپ:

— «ئەربەئىن» دېگىنىڭ قىرىقدۇر. مەن ئوغلۇمنى قىرىق سائەتتىن كېيىن كۆرىمەنمۇ يا قىرىق كۈن ۋە يا قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى. دەرەختىن قايتا ئاۋاز چىقمىدى. ياقۇپ ھوشىدىن كەتتى.

ئۇ خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كەلدى، ئەمما ئۆزى پەرىشان ئىدى. شۇ ھالدا ئۆيىگە ياندى. يولدا ئۇنىڭغا يۈسۈپنىڭ ئاچىسى ئۇچرىدى. ئۇ ياقۇپنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى، جېنىمنىڭ راھىتى يۈسۈپۈم قېنى؟ مەن بۈگۈن چۈشۈمدە ئون بۆرە يۈسۈپنى ئارىغا ئېلىپ چىشلەپ سۆرەپ كەتكىنىنى كۆرگەنىدىم. بۇ يامان چۈشتىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ كەلسەم، ئۇ قېشىڭىزدا يوققۇ؟! — دېدى. ياقۇپ يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ياقۇپ ئوغۇللىرىنىڭ يولىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ناله بىلەن يۈرىكىمنى كۆيدۈرمە،
شامال تەگدى خامانىمغا، بىل ئەمدى.
قايغۇ بىلەن قىزىل يۈزۈم سولدۇرما،
تازا باغىم، ئىمارىتىم بوش قالدى.

ئۈمىدىم بار، كۆزۈم يولدا، كېلەر دەپ،
ئوغلانلىرىم مېنىڭ قەدرىم بىلەر دەپ،
بىر-بىرىگە مېھرىبانلىق قىلار دەپ،
چۈنكى ئۇلار ۋەدە قىلىپ قول ئالدى.

مېنى ئۇنتۇپ قوزام بىر كۈن كەلمىسە،
مېنىڭ پەندى-نەسىھىتىم ئالمىسا،
مېنىڭ دېگەن ئىشلىرىمنى قىلمىسا،
كۆز بولاغىم قۇرۇپ گويا چۆل بولدى.

ئاندىن قېلىپ مېنىڭ ھالىم نە كېچەر؟!
ئىلكىمدىكى يانغان چىراغىم ئۆچەر،
جاندىن ئەزىز كارۋانىم ھەم كۆچەر،
گويا ھىجران مەنزىلىنى يەل ئۇردى.

ياقۇپ دەيدۇ: يۈسۈپ ھالا ئاماندۇر،
كېلىشىدىن كەلمەسلىكى گۇماندۇر،
بالام، ئەمدى بىزگە ئاخىر زاماندۇر،
باغچىلىرىم قۇرۇپ باغنى سەل ئالدى.

يۈسۈپنىڭ ئاچىسى:

— ۋاي ئىست! مەن يۈسۈپنى كۆرەلمەي قالدىم! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ۋاھ ھەسرىتا، يۈسۈپۈمنى كۆرمىدىم،
قىيامەتكە قالدى دىدار نەيلەيىن.
نادامەتتە سىر دىشمىنى كۆرمىدىم،
قىيامەتكە قالدى دىدار، نەيلەيىن.

غاپىل قېلىپ، كارۋانىمنى كۆچۈردۈم،
قولۇمدىكى شۇڭقارىمنى ئۇچۇردۇم،
جۇدالىقنىڭ شارابىنى ئىچۈردۈم،
قىيامەتكە قالدى دىدار، نەيلەيىن.

ئەمدى كۆرسەم جانىم دىبان بەزلىسەم،
تېپىلغايمۇ ھەييار كەبى ئىزدىسەم،

ھەسرىتىدە تا ئۆلگۈچە سۆزلىسەم،
قىيامەتكە قالدى دىدار نەيلەيىن.

ئاچىسىغا سىر سۆزىنى ئېيتمىدى،
قالدى ئارمان، بىر خوشلىشىپ كەتمىدى.
قانداق قىلاي، پەلەك چاقنى تولغىدى،

قىيامەتكە قالدى دىدار نەيلەيىن.

قالدى ئارمان غۇنچە لەۋلىك بەدەندە،
سۆز قىلمىدى مەندەك غېرىب بەدەنگە،
نالە قىلاي بۇلبۇل كەبى چىمەندە،
قىيامەتكە قالدى دىدار نەيلەيىن.

ياقۇپ دەرد ـ ئەلەم بىلەن ئۆيگە قايتقان بولسىمۇ، «يۇسۇپۇم قاچان كېلىدىكىن؟» دەپ كۆزىنى ئىشىكتىن ئالمىدى.

ئەلقىسسە، يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولغۇچە ئاكىلىرى ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۆزىتىپ ماڭدى. ئۇلار شۇنداق يۇرۇپ خېلى يەرگە بارغاندىن كېيىن، شەمئۇن دېگەن ئاكىسى ئالدىراپ ـ تېنەپ كېلىپ يۇسۇپنى تۆگىدىن تارتىپ يەرگە چۈشۈردى. يۈزىنى تۆۋەن قىلىپ كۆتۈرۈپ باستى. پۇت ۋە قولىنى باغلاپ، بېشىنى قايرىپ بوغۇزىغا پىچاقنى تەڭلىدى.

شۇ چاغدا ئاسماندىن بىر قۇش پەيدا بولۇپ، تەسىرلىك قىلىپ:

— ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادى، ئۇكاڭلارغا رەھىم قىلىڭلار! سىلەر خۇدانىڭ غەزىپىدىن قورقماي بۇ ئىشنى قىلامسىلەر؟! — دېدى.

شەمئۇن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بوشاشتى. رۇبىل دېگەن ئاكىسى كېلىپ ئۇنى پۇتىدىن تارتىپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. يۇسۇپنىڭ بەدىنى دەرەخنىڭ يىلتىزى ۋە تىكەنلەرگە تېگىپ قانىدى. پۇتۇن بەدىنى تىتىلدى. يۇسۇپ:

— بۇ بالا ماڭا نەدىن كەلدى؟! — دەپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

قادىر ئاللا، بۇگۈن رەھىم قىلمىساڭ،
رەقىبلەر جەبرىدىن ئۆلەر ئوخشايمەن.
بۇگۈن ماڭا رەھمىتىڭنى سالمىساڭ،
رەقىبلەر جەبرىدىن ئۆلەر ئوخشايمەن.

ئاتامنىڭ سۆزلىرىنى ئەستە تۇتمىدىم،
نەسىھەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىدىم،
«قال!» دېگەندە نېچۈك ئاندا قالمىدىم،
زالىملار زۇلمىدىن ئۆلەر ئوخشايمەن.

يامان ئىكەن ئايرىلىش دەردى ـ پىراقى،
يېغىلاندى ئاتامنىڭ كۆكسىدە داغى،

بالاغا گىرىپتار بەدەن چارباغى،
غۇنچىدەكلا جېنىم سولار ئوخشايمەن.

ھەربىرى خەنجەر سالۇر بېشىمغا،
رەھىم قىلماس كۆزدىن ئاققان يېشىمغا،
ئەرۋاھلارمۇ كېلىپ كەتتى قېشىمغا،
ئۆلۈكلەر قېشىغا بارار ئوخشايمەن.

يۇسۇپ دەيدۇ: ئارمان قالدى كۆڭلۈمدە،
كەتتى ئامەت تۇرماي مېنىڭ قولۇمدا،
قاراپ تۇرار ئاتام كۆزى يولۇمغا،
مەن بۇ يەردە مىسكىن، ئۆلەر ئوخشايمەن.

بۇ مۇناجاتتىن كېيىن يۇسۇپ ئاكىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي ئاكىلىرىم، مەن بىچارىگە نېمە ئۈچۈن بۇنداق جەبىر ـ زۇلۇم قىلىسىلەر؟! — دەپ يىغلاپ تۇرۇپ يېلىندى. شەمئۇن:

— ئەي راھىلەنىڭ ئوغلى، سېنىڭ دادىڭغا كۆرگەن چۈشۈڭ يەتسۇن! بۇگۈن ساڭا ئەجەل يېپىشقان كۈن، ئەمدى سەن بىزدىن ياخشىلىق كۈتمە! بىز سېنى ئۆلتۈرمەي قويمايمىز! — دەپ دەشنام بې-

رىپ ئۇردى. يۇسۇپ:

— ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، رەھىم قىلىڭلار ! — دەپ يىغلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ يۇسۇپنى ئۇردى ۋە ئايىغىدىن سۆرەپ بىر ئېگىزلىككە ئېلىپ چىقتى.

قول - پۇتىنى يېشىۋاشتىن باغلاپ، پىچاقنى بوغۇزىغا تەڭلىدى.

يۇسۇپ ئىنتايىن ئۇسسىغانىدى.

— ئەي ئاكىلىرىم، ماڭا بىر يۇتۇم سۇ بېرىڭلار. يۈرىكىم كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ كەتتى ! — دەپ نالە قىلدى.

يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى بۇ سۆزگە ئاچچىقلىنىپ، مىشكىتىكى سۇنى يەرگە تۆكتى. ئاكىلىرى:

— ئەي ئەقىلسىز، بىز سېنى ئۆلتۈرىمىز دەۋاتساق، سەن بىزنى مەسخىرە قىلىپ «سۇ» دەۋاتىسە-نا؟! — دەپ ئىزا - ئاھانەت قىلدى.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىكى تالدىن:

— ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادى، ھەقتائالانىڭ قەھر - غەزىپىدىن قورقۇڭلار ! مەخلۇقتىن ئۈيتىڭلار ! پەيغەمبەرزادىگە جاپا قىلماڭلار ! دوزاخ ئوتىغا گىرىپتار بولىسىلەر ! — دېگەن ئاۋاز چىقتى.

ئۇلار ئۇ سۆزگىمۇ پەرۋا قىلماي، يۇسۇپنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىشتى. شۇ چاغدا تال دەرىخىدىن يەنە:

— يۇسۇپنى مېنىڭ ئاستىمدا ئۆلتۈرسەڭلار، مەن سىلەرنى تىرىك يۇتىمەن ! — دېگەن ئاۋاز كەلدى. ئۇلار بۇ دەھشەتلىك ئاۋازدىن قورقتى. يۇسۇپنىڭ قول ۋە ئايىغىنى يېشىپ، تارتقۇشلاپ بىر يەرگە ئېلىپ باردى. يۇسۇپ شەپقەت سوراپ رۇبىلغا يېلىندى. ئۇ يۇسۇپكە ياردەم قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇ-نىڭ يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇردى. يۇسۇپ يىقىلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ شەمئۇنغا يېلىندى. ئۇمۇ بىر تەستەك ئۇردى. يۇسۇپ قايسى ئاكىسىدىن پاناھ تىلەپ قېشىغا بارسا، ئۇنى شۇ ئۇراتتى. ئۇ ھېچبى-



ردىن ۋاپا كۆرمىدى. ئاخىر يەھۇدانىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆزۈمنىڭ نۇرى چوڭ ئاكا،
بۇلارغا مۇپتىلا قىلما.
ئاتامنى قويۇپ ماتەمگە،
ئۇنىڭ بەختىنى قارا قىلما!

مېنىڭ ھالىمغا رەھىم ئەتكىن،
ئاتام ھالىغا يەتكىن،
گۇناھىم بولسا سەن ئۆتكىن،
ماڭا بۇنداق جاپا قىلما!

ئۆزۈم ھەقنىڭ قۇلى ئەردىم،
ئاتامنىڭ بۇلبۇلى ئەردىم،
ئانامنىڭ ھەم دىلى ئەردىم،
بۇ ئىشلارنى راۋا قىلما!

پەلەك ئۇردى ماڭا شەبخۇن،
يىقىلدى باشىمە گەردۇن،
ئاكالىق ھەققىنى بۇگۇن،
زالىمدەك ئادا قىلما!

يۇسۇپ بىچارىنى ھەيران،
ئاتامنى ئەيلىمە گىريان،
ئاكا، سەن بېشىمنى قۇربان
قىلىپ بۇندا خاتا قىلما!

يۇسۇپ نالە قىلىپ يىغلىدى. يەتتە قات ئاسماننىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. پەرىشتىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆردى.

— خۇدايا ـ پەرۋەردىگارا، بۇ قانداق ئىش؟ يۇسۇپنى بۇلارغا دۇچار قىلىپسەن؟ ئۇنىڭ ھالىغا رەھىم ئەتكىن، — دېيىشتى.

ھەقتائالادىن:

— ئەي پەرىشتىلەر، يۇسۇپ مېنىڭ دوستۇم، مەن ئۇنى ئۆز پاناھىمدا ساقلايمەن. سىلەر كۆزىتىپ تۇرۇڭلار ! — دەپ ئەمىر كەلدى.

يەھۇدا يۇسۇپنىڭ نالىسىگە پەرۋا قىلمىدى. يەرگە قاراپ جىم تۇردى. يۇسۇپ ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ قاقاقلاپ كۈلدى.

يەھۇدانىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەي ئەقىلسىز، بېشىڭدا ئۆلۈم تىغى پارقىراۋاتسا، سەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق كۈلىسەن؟ ! — دېدى.

يۇسۇپ جاۋابەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاكىلىرىم، بىر سۆز يادىمغا چۈشتى،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !...» دېگەنىدىم مەن.
ئېيتاي سۆزۈمنى باغرىم ئېزىلدى،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !...» دېگەنىدىم مەن.

كىچىك ـ گۆدەكلەر بىلەن ئويناپ يۈرۈپ،
ھەربىرىڭلارنى بىر شىردەك كۆرۈپ،
سىلەردىن مەن ھۇزۇر ـ زوق ئېلىپ،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !...» دېگەنىدىم مەن.

ھەركىم دۈشمىنىنىڭ كېسەر بېشىنى،
ئاقتۇرار كۆزىدىن قانلىق يېشىنى،
كىشى بىلمەس تەقدىر ئىگەم ئىشىنى،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !» دېگەنىدىم مەن.

ئون ئاكام بار دەپ ئېيتقان سانىنى،
ھەربىرى تۆكەرلەر دۈشمەن قانىنى،
ئۇلار پىدا قىلۇر ماڭا جانىنى،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !...» دېگەنىدىم مەن.

ئاكىلىرىم ماڭا دۈشمەن بولۇپتۇر،
غۇنچىدەك ئۆمرىم گۈلدەك سولۇپتۇر.
يۇسۇپ ئېيتار: پەيمانىم ئەمدى تولۇپتۇر،
«شىردەك ئاكىلىرىم بار !...» دېگەنىدىم مەن.

بۇ نەزمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەھۇدانىڭ يۇسۇپكە رەھمى كەلدى. كۆزىدە ياش پەيدا بولدى. يۇسۇپنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەي يۇسۇپ، سەن قورقما! جېنىم تېنىمدىلا بولسا، مەن سېنى ئۇلارغا ئۆلتۈرگىلى قويمايمەن. ئۇلار سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرسۇن. مەن ھايات تۇرۇپ ساڭا ئۇلارنىڭ قول ئۇزاتقىلى ھەددى ئەمەس، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۇسۇپنىڭ بەدىنىگە جان كىردى. يەھۇدا قالغانلارغا قاراپ:

— ئەي قېرىنداشلىرىم، يۇسۇپنى ئۆلتۈرمەيلى، ئاتىمىز بىزنى قارغايدۇ! — دېدى.

ئۇلار:

— بۇرۇن سەنمۇ چىڭ ۋەدە قىلغانىدىڭ. ئەمدى ئەھدىڭدىن يېنىپ، بىزنى ئۆلتۈرمەسلىككە دالالەت قىلىۋاتىسەنغۇ! بىز يۇسۇپنى ئۆلتۈرمەي تىنمايمىز! — دېيىشتى. ھەممىسى يۇسۇپكە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. يەھۇدا يۇسۇپنى ئۇلارغا تۇتقۇزمىدى. ئۇلار يەنە ھۇجۇم قىلىشتى. يەھۇدا غەزەپلىنىپ:

— ئاۋۋال مېنى، ئاندىن يۇسۇپنى ئۆلتۈرۈڭلار! مەن تىرىك تۇرۇپ يۇسۇپنى ئۆلتۈرگۈزمەيمەن! — دېدى.

— سېنىڭچە، يۇسۇپنى نېمە قىلىش كېرەك؟! — دەپ سورىدى ئۇلار.

— مېنىڭچە، يۇسۇپنى قۇدۇققا تاشلايلى. نېمە بولسا شۇ يەردە بولسۇن. ئەجىلى يەتكەن بولسا ئۆلەر. بولمىسا شۇ يەردە جان تالىشىپ قىينىلىپ ياتار! — دەپ مەسلىھەت بەردى يەھۇدا.

بۇ سۆز ھەممىگە ياقتى. ھەممىسى يۇسۇپنى قۇدۇققا تاشلىماقچى بولۇشتى. يۇسۇپمۇ ئۇلار كۆرسەتكەن قۇدۇققا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاراپ ماڭدى. ئۇ قۇدۇق بېشىغا كېلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:



تۇتما قولۇمنى، ئۆزۈم چۈشەي بۇ چاھقا،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىڭ!
ئاتامنى قويدۇڭلار مىڭ خىل بالاغا،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىڭ.

شايەتكى بۇ چاھتا باردۇر بىر ھېكمەت،
خۇدادا باردۇر ئاجايىپ قۇدرەت،
ئىگەم بەندەم دېسە، بار ماڭا رەھمەت،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىڭ.

ئاتامنىڭ بېشىغا چۈشتى قىيامەت،
بەندىدىن ئۈمىددۇر، خۇدادىن رەھمەت،
بابام ئىبراھىمدىن باردۇر شاپائەت،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىڭ.

ئىبنى يەمىن ئۈكام مېنى يوقلىغاي،
ئۇنى بالالاردىن خۇدا ساقلىغاي،
كىم قىلسا يامانلىق خۇدا ھەقلىگەي،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىڭ.

ئاتامنىڭ كۆز يېشىدىن ئەسلا قورقمىدىڭ،
مېنى بىلىپ تۇرۇپ جاپا باشلىدىڭ،
يۇسۇپ ئېيتۇركى: ئاخىر چاھقا تاشلىدىڭ،
رەھىمسىز قېرىنداش ئاكىلار، كېتىڭ.

بۇ يەردە قەدىمۇل ئەييامدىن قالغان بىر قۇدۇق بار ئىدى. ئۇنى شەدداد قازدۇرغانىدى. ئۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. ھەر تەرەپتىن مىسىرغا كەلگەن كارۋانلار شۇ قۇدۇقنىڭ لېۋىدىكى يول بىلەن ماڭاتتى. يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى يۇسۇپنىڭ بوينى ۋە بېلىدىن باغلاپ ئارقانغا چېتىپ قۇدۇق لېۋىگە ئېلىپ كەلدى. «تاشقا تېگىپ ئۆلسۇن!» دەپ شۇ قۇدۇققا تاشلىدى. شۇ چاغدا تەڭرىدىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالامغا:

— يۇسۇپنى ئاكىلىرى قۇدۇققا تاشلىدى. تاشقا تېگىپ كەتمىسۇن، سەن بېرىپ تۇتۇۋال، ئاستا يەرگە قوي! لۇتنىڭ قوۋمىنى ھالاك قىلغان تاشنى قۇدۇق ئاستىدا سەن ئۇنىڭغا تەخت قىلىپ بەر! — دەپ پەرمان كەلدى.



جەبرائىل قۇدۇق ئىچىگە ھازىر بولدى. يۇسۇپنى تۇتۇپ ئېلىپ تاشتىن قىلىنغان تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. يۇسۇپ تاش تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

تاقىتىم يوق، قارارىم يوق بۇ چاھتا،
غۇنچە گۈلۈم ئېچىلماستىن توزۇدى.
سەۋر قىلاي ھەقتىن شۇنداق ئىرادە،
قاراڭغۇ چاھ ئەمدى ماڭا يورۇدى.

شۈكۈر ئەيلەي خۇدايىمنىڭ ئىشىغا،
ئىشەنمىدىم ئاتام كۆرگەن چۈشىگە،
سەۋر قىلاي، نېمە كەلسە بېشىمغا،
ماڭا بۇگۈن جەبىر - جاپا يۈزلەندى.

كىشى يوقتۇر ماڭا ئىناق بۇ يەردە،
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلدى زىيادە،
قېنى كىملەر تاقەت قىلۇر بۇ چاھتا،
ئۆلپەتلىرىم يىلان بىلەن چايان بولدى.

سەۋر قىلغىن يامان كۈننى ياد ئەيلىمە،
ھەقتىن ئۆزگىگە سەن ئېتىقاد ئەتمە،
كۆڭلۈڭنى زىيادە ھەرگىز شاد ئەتمە،
دۇنيانى كىم سۆيدى، بالا يۈزلەندى.

يۇسۇپ قالدى قۇدۇق ئىچرە ئازابقا،
نالە قىلىپ يىغلار ئەمدى خۇداغا،
قىلمىشىدىن قالدى بۇنداق بالاغا،
مەن ئۈچۈن دادام قەلەندەر بولدى.

يۇسۇپ قۇدۇق ئىچىدە مۇناجات قىلىپ يىغلىدى. ئۇ قۇدۇقتا يىلان - چايان بەك تولا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى كۆتۈرۈشتى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ قاتتىق ۋارقىرىغانىدى، ئۇلارنىڭ بىرىدىن باشقىسى زېمىننىڭ ئاستىغا چۆكتى، دەففى ماران دېگەن بىر يىلان نەچچە يىلدىن

بېرى يۈسۈپنىڭ جامالىنى ئارزۇ قىلىپ بۇ يەردە ياتقانىدى. ئۇ كېلىپ يۈسۈپكە سالام قىلدى. يۈسۈپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى. ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلدى. بۇ يىلان ئەسلىدىكى سۈرىتىگە كېلىپ، قۇدۇقتىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ يىلان ئەسلىدە بىر پەرىشتە ئىدى. ئۇ تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن بىر تەرەپكە كېتىۋېتىپ بىر زىناخور نامازسىزغا قارىدى. ئۇ پاسىقنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشتى. شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۇ يىلان سۈرىتىگە كىرىپ قالدى ۋە بۇ چاھنى ماكان تۇتۇپ ياتتى. بۈگۈن ئۇنىڭمۇ تەلىيى ئىجابەت بولۇپ ئەسلىگە قايتتى ۋە ئۆز ئورنىغا كەتتى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شۇئەيب پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدا بىر كىشى يۈسۈپنىڭ جامالىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىدى. ئەقلى ھەيران بولۇپ، خۇدادىن يۈسۈپنىڭ دىدارىنى كۆرگۈدەك ئۆمۈر ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ جامالىنى كۆرسىتىشنى تىلىدى. تەڭرى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئۇنىڭغا:

— سەن شەدداد قازغان قۇدۇققا چۈشۈپ بەندىچىلىك قىل! بىر مىڭ ئىككى يۈز يىلدىن كېيىن شۇ يەردە كۆرسەن! — دەپ ئەمر قىلدى.

ئۇ بۇ قۇدۇققا كېلىپ ياتتى. تەڭرى ئۇنىڭغا بىر تۈپ ئانار دەرىخى ئاتا قىلدى. ئۇ ھەر كۈنى شۇ ئانار دەرىخىدىن بىر دانە ئانارنى ئېلىپ يەپ ئىبادەت قىلىپ ياتتى.



يۇسۇپنى ئاكىلىرى قۇدۇققا تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى خالىي يەردىن چىقىپ يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭغا سالام قىلدى. يۇسۇپ ئۇ كىشىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ۋە:

— سەن كىم؟ بۇنداق قورقۇنچلۇق يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ كىشى:

— ئەي يۇسۇپ، سېنى بۇ قۇدۇققا كىم سالدى؟ مەنغۇ ئۆزۈم چۈشكەن، — دېدى.

يۇسۇپ:

— مېنى بۇ يەرگە ئاكىلىرىم تاشلىدى، — دېدى.

ئۇ كىشى:

— ئەي يۇسۇپ، سەن بۇ ئىشنى پەقەت ئاكىلىرىڭدىنلا كۆرمە. ئۇلار سەۋەبكار. مەن سېنىڭ جامالىڭنى كۆرۈشنى خۇدادىن تىلىگەن. خۇدا سېنىڭ بۇ چاھقا چۈشۈشۈڭنى بىلىپ بىر مىڭ ئىككى يۈز يىل بۇرۇن مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن. بۇ تەقدىر ئەزەلدە شۇنداق يېزىلغان. ئەمدى مەن سېنىڭ جامالىڭنى كۆردۈم، ئۆلسەم ئارمىنىم يوق، — دەپ جان بەردى.

يۇسۇپ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، قۇدۇققا دەپنە قىلدى. ئۇ يالغۇز قېلىپ، ئاتىسىنى ئەسلەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مېنىڭ دەردىمنى تارتىپ،
ئاتام باغرى كاۋاپ بولدى.
«يۇسۇپ!» دەپ ياقىسىنى يىرتىپ،
چارىسىز خاراب بولدى.

بېشىغا چۈشتى مىڭ غوۋغا،
قېرىلىقتا بۇ نە سەۋدا؟
خۇدايا، قويمىغىن غەمدە،
ئاتام غەمدە ئىزتىراپ بولدى.

ماڭا كۆرسەتتى يول توغرا،
ئىشەنمەي قىلمىدىم سەۋرى.
پىراقىدا كۆيەر جانىم،
ھەممىدىن ئىھتىساپ بولدى.

ئاتامنى بىناۋا قىلما،
مېنى ئاندىن جۇدا قىلما.
كى پەرزەنت دېغىنى سالما،
يۈرىكىم پىچىتاپ بولدى.

ئۇنىڭ قەددى ـ كامالىنى،
يەنە ھۆسن ـ جامالىنى.
كۆرەلمىدىم ۋىسالىنى،
يۇسۇپ باغرى خۇناب بولدى.



بۇ نەزمىدىن كېيىن يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىكىنى ۋە ئىشەنمىگەنلىكىنى ئەسلىدى. ئاكىلىرىدىن كۆرگەن جەبىر ـ جاپانى، ئەلەم بىلەن قۇدۇققا چۈشكىنىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى ۋە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

قادىر ئاللا، دەرگاھىڭغا سىغىندىم،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟
ئاسىي قۇل مەن پاناھىڭغا يىقىلدىم،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

قولۇم باغلاپ مېنى چاھقا سالدىلار،
جاپا تىغىن شېرىن جانغا ئۇردىلار.
بىر گۈل ئىدىم، بەرگلىرىم سۇندىلار،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

مۇساپىرمەن دىيارىمدىن ئايرىلدىم،
زۇلۇم بىلەن بۇ چاھ ئىچرە سېلىندىم،
بىلەلمەيىن ئايىغىمدىن ئېلىندىم،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

ئاتام ئېيتۇر: يۇسۇپ بالام ئاماندۇر،
جۇدا بولدۇم تىرىكلىكىم گۇماندۇر،
چاھ ئىچرە يولداشلىرىم يىلاندۇر،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

يۇسۇپ بۇندا قىلۇر يىغلاپ مۇناجات،
بۇ غەملەردىن ئۆزۈڭ قىلغايسەن ئازات.
بارچىنى ياراتقان قازىيەل ھاجات،
رەھىم ئەيلىگىن، سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئازابلاپ قۇدۇققا تاشلىغاندىن كېيىن، ھەممىسى مەسلىھەتلىشىپ پادىدىن بىر ئوغلاقنى ئېلىپ ئۇنى بوغۇزلىدى. ئۇنىڭ قېنىغا يۇسۇپتىن سالدۇرۇۋالغان كۆڭلەكنى چىلىدى. ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا ماڭدى. يەھۇدا ئۇلارغا:

— سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار، مەن بۇ يەردە قېلىپ يۇسۇپنى كۈزىتەي، مۇبادا كارۋان كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ قۇدۇقتىن چىقىرىۋېلىپ باشقا يول بىلەن ئاتامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارسا بىزلەرنى شەرمەندە قىلىدۇ! — دېدى.

ئۇلار بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆردى. يەھۇدا چاھنىڭ قېشىدا قالدى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، شەمئۇن يەھۇدادىن گۇمانلىنىپ يوشۇرۇندى.

يەھۇدا ئۇكىلىرىنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن بېشىدىن دەستارىنى ئالدى، ئۇنى يېشىپ قۇدۇققا سالدى ۋە:

— ئەي يۇسۇپ، بارمۇسەن؟! — دەپ سورىدى. قۇدۇق ئىچىدىن يۇسۇپنىڭ:

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر، بارمەن!... — دېگەن ئاۋازى چىقتى. شەمئۇن يەھۇدانىڭ قىلىقىنى كۆرۈپ ئۇكىلىرىنى قىچقىردى. ئۇلار يېتىپ كېلىپ يەھۇدانى:

— ئىككى يۈزلۈك مۇناپىق، — دەپ ئەيىبلەپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشتى.

ياقۇپ شۇ كۈنى ناماز ئەسىرگىچە ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇردى. كېيىن: «قايسى تەرەپتىن ھەم قاچان كېلىدىكىن؟!» دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن يىغلىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سەھراغا چىقىپ كەتسە، ھەر دائىم ناماز ئەسىر بىلەن قايتىپ كېلەتتى. بۇ نۆۋەتمۇ ئۇ شۇ ئۈمىد بىلەن يولغا قارىدى، لېكىن ئۇلار بۇ قارارىدا كەلمىدى. ئەندىشىسى كۈچەيدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ۋەھىمە پەيدا بولدى. يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

پەلەك جۇدا قىلدى مېھرىبانىمدىن،
ئەزىز جاندىن ئارتۇق جانىم كەلمىدى.
نە ئىش بولدىكىن، ئاھۇ زارىمدىن،
چۈچۈك تىللىق ئەزىز جانىم كەلمىدى.

بۇلبۇل سۇپەت سايرار ئىدى بېغىمدا،
كېچە ـ كۈندۈز تىنمايمەن سورىقىدا،
يۈز تۇرلۈك تىل بىلەن قىلاتتى نىدا،
خالىي قالدى گۈلىستانىم، كەلمىدى.

بۇلبۇلدەك سايرايمەن ئۇنى ياد ئېتىپ،
پىراق ئوتىدا دىلدىن داد ئېتىپ،
ئۇنىڭ پىكرى بىلەن كۆڭۈل شاد ئېتىپ،
مۇلكۇمنىڭ ئىگىسى ھاتەم كەلمىدى.

كۆيدۇرۇپ كۆكرەكنى، جاننى داغلىدى،
ئىچىمدە يۈز ئارمان قالدى، كەلمىدى.

تازا گۈللىرىمنى تىكەن قاپلىدى،
ھېچ ئىشىمنى قىلىشقا قولۇم بارمىدى،

بىلمەيمەن نە غەمدۇر ھەمدە نە بالا،
ئۇنىڭ يادىدا بولۇپ مەن شەيدا،
نە ئىش چۈشتى بېشىمغا ھەم قانداق غوۋغا؟
كۆڭلۈم خۇشى، ئارام جانىم كەلمىدى.

ياقۇپ بالىلىرىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىراقتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ داد - پەرياد قىلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇلارمۇ يېقىن كېلىپ ئاتىسىنى كۆردى. ئۇنىڭمۇ كۆزى ياشلىق ئىدى. يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى ئاتىسىنى يول ئۈستىدە كۆرۈپ:
— ۋاي ئىست، يۇسۇپتىن ئايرىلىپ قالدۇق! — دەپ نالە - پەرياد قىلىشتى. يۇگۇرۇپ كېلىپ ئۆزلىرىنى ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. پۇتلىرىغا ئېسىلىپ يىغلىدى. ياقۇپ ھەيران بولۇپ:
— يۇسۇپ قېنى؟! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ياراتقان خۇدايىم بىرۇ بار ھەققى،
تازا گۈلىستانىم يۇسۇپۇم قېنى؟!
ئەجەل يېتىپ پەيمانى تولدىمۇ؟!
راست سۆزلە ئوغۇللار يۇسۇپۇم قېنى؟!

نە بىزدىن كۆڭلىنى ئۈزەر بىلمىدىم،
جەننەتتى رىزۋانىم يۇسۇپۇم قېنى؟...

ئاكىلىرى جاپا سېلىپ ئۇشلىغاي،
ئەزىز جانىن يۈز بالاغا تاشلىغاي،
خەلق ئىچىدە ئەپسانىلەر باشلىغاي،
شېرىن زەبان داستانىم يۇسۇپۇم قېنى؟!

بۇرۇنراق كۆرگەنمەن بىر ھېكمەت چۈشنى،
جېنىمنىڭ راھەتى كۆڭلۈمنىڭ خۇشى،
ئىگەم قىلدى بىزگە بۇ خىل كاھىشى،
دەردىمنىڭ دەرمانىم يۇسۇپۇم قېنى؟!

ياقۇپ ئېيتۇر: كۆككە يېتەر پىغانىم،
يۇسۇپۇمدىن قالمىسا نامۇنىشانىم،
يەھۇدا راستىنى ئېيتقىن ئوغلانىم،
جاھان قۇياشى يۇسۇپۇم قېنى؟!

پەسلى باھاردا نە كېزەر بىلمىدىم،
يۇسۇپنىڭ دېغى نە تۈزەر بىلمىدىم؟

ياقۇپ بۇ سۆزنى ئېيتىپ ھوشىدىن كەتتى، ھوشىغا كېلىشىگە، ئۇلار:
— يۇسۇپنى سىزدىن سوراپ ئېلىپ سەھراغا بىللە باردۇق. ئۇ يەردە ئۇنى خالىي ھەم ئوبدان يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ بەزىلىرىمىز قوي بېقىشقا ۋە بەزىلىرىمىز ئويۇنغا كىرىشىپ كېتىپتىمىز. كېيىن كېلىپ قارىساق، يۇسۇپ ئۇ يەردە يوق. ئىزدەپ يۈرۈپ قانلىق كۆڭلىكىنى تاپتۇق. بۆرە يەپ كەتكەنكەن، — دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويدى.
ياقۇپ كۆڭلەكنى كۆردى. ئۇنىڭ ھەممە يېرى ساق ئىدى. ياقۇپ بۇنى كۆرۈپ:
— ئەي بالىلىرىم، ئەگەر يۇسۇپنى سىلەر دېگەندەك بۆرە يېگەن بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىكى تىتما - تالاڭ بولۇپ كېتەر ئىدى! بۇ كۆڭلەكنىڭ ھېچبىر يېرى يىرتىلماپتۇ. بۇ بۆرە يۇسۇپكە رەھىم قىلماي، ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە ئەجەب رەھىم قىپتۇ، — دېدى ۋە بىر ئېگىز يەرگە چىقىپ، دەرد - ئەلەم بىلەن:
— ئەي باياۋاننىڭ بۆرىلىرى، مېنىڭ يۇسۇپۇمنى يېگەن بولساڭلار، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلى-





قىڭلارنى ماڭا دەرھال كېلىپ ئېيتىپ بېرىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى.

كەنئانىنىڭ بۆرىلىرى ياقۇپنىڭ ئالدىغا يىغىلدى. ياقۇپ ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي جانىۋارلار، مېنىڭ يۇسۇپۇمنى قانداق قىلىپ يېدىڭلار؟ ! خۇدانىڭ قەھر - غەزىپىدىنمۇ قورقمىدىڭلارمۇ؟ ! — دېدى.

بۆرىلەرگە تەڭرى زۇۋان بەردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— بىز يۇسۇپنى كۆرمىدۇق ھەم يېمىدۇق. بىزلەرگە پەيغەمبەر ئەۋلادىنىڭ گۆشى ھارام. بىزمۇ قىيامەتتىن قورقىمىز، — دەپ قەسەم قىلىشتى.

ياقۇپ ئوغۇللىرىغا قاراپ:

— ئەي يالغانچى ئوغۇللىرىم، بۆرىلەرنىڭ سۆزىنى ۋە قەسىمىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ! — دەپ سورىدى.

ئوغۇللىرى بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ئەي ئاتا، سەن بىزگە ئىجازەت بەرگىن. بىز يۇسۇپنى يېگەن بۆرىنى بىلىمىز، شۇنى تېپىپ كېلەيلى ! — دەپ باياۋان تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى.

ئۇلار چۆلدە يۈرگەن بىر بۆرىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇردى، ئاغزى - بۇرنىنى قاناتتى، ئاندىن سۆرەپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۆرە ياقۇپنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سالام قىلىپ بېشىنى ئەگدى. ياقۇپ ئۇنىڭ ئىشارەت ئارقىلىق قىلغان سالىمىغا جاۋاب بېرىپ تۇرۇپ:

— ئەي بۆرە، سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ يۇسۇپۇمنى يېدىڭ؟ ! — دەپ سورىدى.

تەڭرى بۇ بۆرىگىمۇ زۇۋان ئاتا قىلدى. ئۇ دەرھال سۆزگە كىرىپ:

— ئەي ياقۇپ، مەن يۇسۇپنى كۆرگىنىم ۋە يېگىنىم يوق. مەن بۇ يەرگە مۇساپىرمەن. مېنىڭ ئەسلىي ماكانىم مىسىر مەملىكىتى. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى سەۋەب، بىر تۇغقىنىم بار ئىدى. ئۇ ئون سەككىز كۈندىن بېرى يوق. مەن ئۇنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. ئۈچ كۈندىن بېرى ئاچمەن. كەنئاننىڭ بۆرىلىرىدىن سورىسام، «شەھرى كەنئاننىڭ پادىشاھى تۇتۇپ كەتتى» دېيىشتى. مەن شۇنىڭ پىراقىدا يىغلاپ يۈرگەنىدىم، بۇلار مېنى تۇتۇپ ئازابلىدى. ئاغزى - بۇرنۇمغا ئۇرۇپ قان قىلدى، چىشلىرىمنى سۇندۇردى. سۆرەپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، — دەپ يىغلىدى.

ياقۇپ ئۇ بۆرىدىن:

— مېنىڭ يۇسۇپۇمدىن سېنىڭ خەۋىرىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. بۆرە:

خەۋىرىم بار. ئەمما ئېيتسام «چېقىمچى» بولۇپ قالىمەن، خۇدا: «چېقىمچىلارنىڭ جايى دوزاختۇر» دېگەن، مەن چېقىمچى بولۇپ قېلىپ دوزاخقا كىرىشتىن قورقىمەن. يا روسۇلىللا، سىز ماڭا پادىشاھىڭىزدىن تۇغقىنىمنى تىلەپ ئېلىپ بەرسىڭىز، مەنمۇ تەلەپ قىلاي، خۇدا سىزگىمۇ ئوغلىڭىز يۇسۇپنى ئاتا قىلسۇن، كۆرۈشتۈرسۇن ! — دېدى.

ياقۇپ شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، بۆرىنىڭ تۇغقىنىنى تىلەپ ئازاد قىلىپ ئېلىپ چىقتى. ئىككىسى بىر بولۇپ خۇداغا مۇناجات قىلدى. بۆرە:

— ئەي خۇدا، ياقۇپ سەۋەب بولۇپ بىزنى بىر - بىرىمىزگە قوشتى. سەنمۇ ئۇنى ئوغلى يۇسۇپكە قوشقايسەن ! — دېدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ياقۇپ «غەم - قايغۇ» ئۆيىگە كىرىپ، خۇداغا يىغلاپ تائەت - ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى.

ئەمدى سۆزنى مالىك دىغۇردىن ئاڭلايلى:

مالىك دىغۇر ئىسىملىك بىر كارۋان بار ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى ھۆرگە ئوخشاش بىر يىگىتنىڭ كېلىپ تىزىغا ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ شاراپىتىدىن تامامى خەزىنىلىرى لەئەل - جاۋاھىراتلار بىلەن تولغانلىقىنى چۈشىدە كۆرگەنىدى. مالىك دىغۇر ئويغىنىپ، بۇ چۈشنى بىر كاھىن[4] غا ئۆردۈردى. كاھىن مالىك دىغۇرغا:

— سەن كەنئانغا بېرىپ بىر قۇل سېتىۋالغايسەن. ئۇنىڭ شاراپىتىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭ ياخشى بولىدۇ. ئەھلى ئەۋلادىڭ خار بولمايدۇ ! — دەپ تەبىر بەردى.

شۇڭا مالىك دىغۇر ھەر يىلى مىسىردىن كەنئانغا سودىگەرچىلىك بىلەن بېرىپ كېلىدىغان بولدى. بۇ يىلمۇ ئۇ كەنئانغا بارغانىدى.

يۇسۇپنىڭ چاھقا چۈشكىنىگە ئۈچ كۈن بولغانىدى. ئۇ چاھ ئىچىدە يىغا - زار قىلىپ ئولتۇراتتى. مالىك دىغۇر كارۋان بىلەن شۇ جايغا يېتىپ كەلدى. بىر قۇلىنى قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. شۇ چاغدا تەڭرى جەبرائىلغا:

— يۇسۇپنى ئالدىغا چۈشكەن سوغىغا چىقىرىپ ئولتۇرغۇز ! ئۆزىنىڭ باھاسىنى ئاڭلىسۇن ۋە بىلسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى.

بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى: بىر كۈنى يۇسۇپ قولىغا ئەينەك ئېلىپ ئۆزىنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆردى. ئۆز - ئۆزىگە تەمەننا قىلىپ: «ئەگەر مەن قۇل بولىدىغان بولسام، مېنىڭ باھايىمغا ھېچكىم يېتەلمەس» دېگەنىدى، يۇسۇپنىڭ بۇ سۆزى تەڭرىگە ياقمىدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام قۇدۇققا يېتىپ كېلىپ:

— ئەي يۈسۈپ، سوغا ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرغىن. يۇقىرىغا چىقىپ ئۆزۈڭنىڭ باھاسىنى بىلىسەن ! — دېدى.

يۈسۈپنىڭ دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كەلدى. توۋا قىلدى. دەرھال سوغا ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. قول ئۇنى قۇدۇقتىن تارتالمىدى. يەنە بىر كىشى كەلدى. كۈچى يەتمىدى. مالىك دىغۇرنىڭ ئۆزى كەلدى. ئۈچ كىشى بولۇپ تارتتى. سوغا چىقتى. قارىسا سوغىنىڭ ئۈستىدە يۈزى ئاپتاپتەك نۇرلۇق بىر بالا ئولتۇرغان. ئۇنى دەرھال يەرگە ئالدى. مالىك دىغۇر چۈشىدە كۆرگەن بالىنى ئەسلىدى. ئۇنى ئېلىپ كارۋانلارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلارمۇ كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى.

كارۋانلار:

— ئەي مالىك دىغۇر، سېنىڭ بۇ قولۇڭغا بىزمۇ شېرىك ! — دەپ غوۋغا كۆتۈردى.

يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىمۇ ھەر كۈنى كېلىپ بۇ قۇدۇقنى بىر قېتىم يوقلاپ كېتەتتى. بۇ ماجىرا ئۈستىگە ئۇلار يېتىپ كېلىشتى. يۈسۈپ ئۇلارنى كۆرۈپ يىغلىدى. ئاسمان - زېمىن ئۇنىڭ نالىسىدىن تىترىدى. يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى، كارۋانلارنىڭ يۈسۈپنى قۇدۇقتىن چىقىرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— بۇ ئوغۇل بىزنىڭ قولىمىز ئىدى، قېچىپ كەتكەن، ئۇنى قۇدۇقتىن تېپىۋاپسىلەر، — دەپ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. يۈسۈپ بۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقتى. شۇ چاغدا يەھۇدا يۈسۈپنىڭ قېشىغا كېلىپ، قۇلىقىغا ئاستا:

— ئەي يۈسۈپ، بۇلار بۇ نۆۋەت سېنى بۇ سودىگەردىن ئاجرىتىۋالسا، ئەسلا تىرىك قويمايدۇ ! مۇبادا مالىك دىغۇر: «سەن راستىنلا بۇلارنىڭ قولىمۇ؟ !» دەپ سورىسا، سەن: «راست، مەن ئۇلارنىڭ قولى» دېگىن، — دېدى.

شۇ ئەسنادا مالىك دىغۇر كېلىپ:

— ئەي بالا، سەن راستىنلا بۇلارنىڭ قولىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

يۈسۈپ:

— توغرا، مەن بۇلارنىڭ قولى، بۇلار مېنىڭ مىرزىلىرىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

مالىك دىغۇر ئۇلاردىن:

— بۇ قولنى ساتامسىلەر؟!— دەپ سورىدى.

ئۇلار:

— بۇ قولنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئەيىبى بار. شۇ ئەيىبلىرى بىلەن ئالساڭ ساتىمىز، — دېدى.



مالىك دىغۇر:

— قانچە تۈرلۈك ئەيىبى بولسا، شۇ ئەيىبلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن قوشۇپ ئالىمەن، باھاسى قانچە ! — دەپ سورىدى.

ئاكىلىرى بىرلىككە كېلىپ:

— بۇ قولنىڭ باھاسى ئون سەككىز پۇچەك يارماق، — دېدى. مالىك دىغۇر بۇ باھانى قوبۇل

كۆرۈپ، دەرھال ئون سەككىز پۇچەك يارماقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار بۇ پۇلنى خۇشال ھالدا ئېلىپ تالىشىپ قالدى. مالىك دىغۇر ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ:

— سىلەر ماڭا مۆھۈرلۈك تىلخەت قىلىپ بېرىڭلار! — دېدى. ئۇلار دەرھال:

«... بىزلەركى كەنئانلىق يەھۇدا، شەمئۇن، رۇبىل قاتارلىق ئون كىشى، يۇسۇپ ئاتلىق ئون سەككىز ياشلىق بىر ئەرەب قۇلىمىزنى ئوغرى، قاچقۇن، يالغانچى قاتارلىق ئۈچ ئەيىبى بىلەن مالىك دىغۇرغا ئون سەككىز پۇچەك يارماققا ساتتۇق...» دەپ تىلخەت يېزىپ، مۆھۈرلىرىنى بېسىپ بەردى. مالىك دىغۇر ئاكىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇ خەتنى يۇسۇپنىڭ بوينىغا ئاستى.

ئۇلار شۇ كېچىسى بۇ يەردە قوندى. ئەتىسى قوپۇپ مالىك دىغۇرغا:

— بۇ قۇل يامان، قاچقۇن، قول - ئايىغىنى مەھكەم باغلاپ ئېلىپ مېڭىڭلار! — دەپ تاپىلاپ يولغا چۈشتى. يۇسۇپ ئاكىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلارغا قاراپ يىغلىدى. ئىچىگە ئوت چۈشتى. يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي مالىك، سەن ماڭا ئازراق رۇخسەت قىل! مەن مىرزىلىرىم بىلەن خوشلىشىپ كېلەي! — دېدى. مالىك دىغۇر:

— خوپ، خالىغىنىڭنى قىل! — دەپ رۇخسەت بەردى. يۇسۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يېتىشتى. ئۇلارغا قارىتىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

مەن كېتەرمەن ياخشى قال، يەھۇدا ئاكام،
ئەمدى قۇرۇماس كۆزدە يېشىم، ئامان بول!
يېتىپتۇر خۇدادىن ماڭا بۇ خىل غەم،
ئوت تۇتاشتى، جىگەردىشىم، ئامان بول!

ئەمدى كېتەر بولدۇم، بەلكى كەلمەسمەن،
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ ھەرگىز تىنماسمەن،
بېشىمغا نە سەۋدا چۈشەر بىلمەسمەن،
ئاكىلىرىم، قېرىنداشىم، ئامان قال.



بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان دېگەيسىز ،
ئىبنى يەمىن ئىنىمغىمۇ سالام دېگەيسىز ،
ھەمشىرەمگە مەندىن سالام دېگەيسىز ،
ناچار ئاكام، پەيلى دۈشمەن، ئامان بول !

يىراقلىقنىڭ ھىجران ئوتى ياماندۇر،
ئاتامنىڭ بېشىغا ئاخىر زاماندۇر،

ئەمدى كەتسەم قايتىپ كەلمەك گۇماندۇر ،
ئەھلى خەلقىم، بۇرادىرىم، ئامان بول !

مەن بىلۈرمەن ئەرزىم ھېچكىمگە يەتمەس،
شام بولسا ئاتامغا ھەرگىز تاڭ ئاتماس،
ئاتام بىلەن ئىبنى يەمىن ئۇنۇتماس،
يۈسۈپ ئېيتۇر: ئاكىلىرىم، ئامان بول !

يۈسۈپ سۆزىنى تۈگەتتى. بەزى ئاكىلىرىنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى، ئەمما بۇنى بىلدۈرگۈسى كەلمىدى. مالىك دىغۇر بىر قۇلنى بۇيرۇپ يۈسۈپنى ئېلىپ كەتتى. قول - ئايىغىغا زەنجىر سېلىپ، بويىنىدىن باغلاپ تۆگىگە مىندۈرۈپ، يولغا چۈشتى.

مالىك دىغۇر يۈسۈپنى ئېلىپ خېلى ماڭدى، يول ئۈستىدىكى بىر قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى. بۇ قەبرىستانلىقنى كۆرۈپ يۈسۈپنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. بۇ يەردىكى قەبرىلەر ئارىسىدا يۈسۈپنىڭ ئانىسى راھىلەنىڭمۇ مەقبەرىسى بار ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۆگىدىن يەرگە ئاتتى. تۆگىدىن ئاجراپ بېرىپ ئانىسى راھىلەنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بۈگۈن ئەرزى ھالىمدىن،
ساڭا ئوتلۇق پىغانىم بار.
ۋە بەلكى قىش - ياز ئېيتسام،
تۈگىمەس داستانىم بار.

جۇدا بولدۇم ئاتامدىن،
تېخى ئىبنى يەمىندىن ھەم.
قانداق قىلاي ئېچىلماستىن،
سولغان غۇنچە خازانىم بار.

يەنە يوق داغى ھىجراندىن،
مېنىڭدەك بىناۋا بولغان.
پىراق ئوتىدا كۆيگەن،
مۇڭلۇق نالە - زارىم بار.

ئاتام كەئبەم، ئانام مەرھۇم،
نەزەر سالغىن بۇ ھالىمغا.
سېنى ياد ئەيلىبان يىغلاي،
بۈگۈن تەندە بۇ جانىم بار.

كۆزۈم نەملىك، دىلىم غەملىك،
قولۇمدا بار يەنە زەنجىر.
رەقىبلەر زۇلمىدىن يۈز
تۈمەن ئاھۇپىغانىم بار.

ئاتادىن ئايرىلىپ يۈسۈپ،
ياقاسىن چاك ئېتىپ يىغلار.
سېتىلغان بەندىمەن يەنە،
نېتەي، مەنلىك نىشانىم بار.

مالىك دىغۇرنىڭ قۇلى قارىسا، تۆگە ئۈستىگە مىندۈرۈلگەن يىگىت قۇل بالا يوق. ئۇ داد - پەرياد قىلىپ:

— مالىك دىغۇرنىڭ يېڭى سېتىۋالغان بالا قۇلى قېچىپتۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى.

مالىك دىغۇر:

— ھەي دەرىخ، ئۇنىڭ مىرزىلىرى ئۇنى ماڭا شۇ ئەيىبى بىلەن ساتقانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ يەنە شۇ

كونا كەسپىنى قىپتۇ ! ــ دەپ قېشىدىكى قۇللىرىنى ھەر تەرەپكە بۇيرۇدى. بىر قۇل يۇسۇپنى گۆرىستانلىقتىن تاپتى. ئۇ بىر قەبرىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ياتقانىدى. ئۇ قۇل غەزەپ بىلەن كېلىپ يۇسۇپنىڭ ياقىسىدىن سىقىپ تۇرۇپ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇردى. يۇسۇپنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى، بېشى ئايلىنىپ ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن يىغلاپ تۇرۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

پاك سەمەدا، مەۋلانا،
بىر مۆڭلۈق غېرىبىڭمەن.
ھىجران ئوتىدا شەيدا،
بىر مۆڭلۈق غېرىبىڭمەن.

يا رەب، مەنى بىر بىچارە،
دەرد ـ ئەلەمدىن ئاۋارە،
بولدى جىگىرىم پارە،
رەھىم قىل، غېرىبىڭمەن.

كۈندىن ـ كۈن زەبۇن بولدۇم،
ئەقىلدىن بىرۇن بولدۇم،
ئەپغانى پۇزۇن بولدۇم،
رەھىم ئەيلە، غېرىبىڭمەن.

چىدىدىم بالالارغا،
دەرد بىلەن ئىزالارغا
ھەم قانچە جاپالارغا،
رەھىم ئەيلە، غېرىبىڭمەن.
يۇسۇپكە شۇدۇر قىسمەت،
نە مېھنەتتۇر، نە راھەت؟
تەقدىردە قازا قۇدرەت،
رەھىم ئەيلە، غېرىبىڭمەن.

يۇسۇپنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. كۈنمۇ تۇتۇلدى. زېمىننى قاراڭغۇلۇق باستى. ھاۋادا تۇمان پەيدا بولۇپ، ئەتراپنى جۇدۇن قاپلىدى. ئادەملەر بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيدىغان ھالغا كەلدى. كىشىلەر بىر ـ بىرىنى قىچقىرىپ ياردەم تەلەپ قىلىشتى. شۇ چاغدا مالىك دىغۇرنىڭ قۇلى يېتىپ كەلدى.

ــ نېمە ئىش قىلدىڭ، نەلەردە يۈرسەن؟ ! ــ دەپ سورىدى قۇلىدىن مالىك دىغۇر.

ــ مەن يۇسۇپنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇنى بىر گۆرىستانلىقتىن تاپتىم. بىر قەبرىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ياتقانىكەن. مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇرغانىدىم، ئۇ دەرگاھى ھەققە سېغىنىپ يىغلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ھادىسە پەيدا بولدى، ــ دېدى.

مالىك دىغۇر ئۇ قۇلنى ئېلىپ يۇسۇپنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ قۇل يۇسۇپنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئۆزرە ئېيتتى. مالىك دىغۇر:

ــ ئەي پاك زات، بىزدىن خاتالىق ئۆتكەن بولسا، ئەپۇ قىلىڭ ! دۇئا قىلىڭ، ھاۋا ئېچىلسۇن ! ــ دېدى ۋە بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

ھەقنىڭ دەرگاھىغا يامان ئىش قىلدىم،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ، ئەزىز شاھزادەم.
بۇ مال ـ دۇنيانى سىزگە بەخش قىلدىم،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ، ئەزىز شاھزادەم.

ئاۋۋالدە مەن سىزنى چۇشۇمدە كۆردۇم،
ھەر كۈنى ھېكايە ھەم قىلۇر ئەردىم،
قىرىق يىلدىن سىزنى ئىزدەپلا يۈردۇم،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ، ئەزىز شاھزادەم.

بىر قۇل ئۇرۇپ سىزنى قىپتۇ ئاۋارە،
خۇدا دەرگاھىنى قىلىپسىز يادە،
بىلمەيمەن، ئەسلىڭىز نېچۇك شاھزادە،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ، ئەزىز شاھزادەم.



ئۆزۈم سەرگەردانە، ھەقنى تىلەيمەن،
شەرمەندىلىك سودىسىنى قىلىپمەن،
خاتا قىلىپ، بۇ ئىشلارنى قىلىپمەن،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ، ئەزىز شاھزادەم.

مالىك ئېيتۇر گۇناھلىرىم كېچىلسۇن،
خۇدانىڭ رەھمىتى ھەريان چېچىلسۇن،
دۇئا قىلىڭ، ھاۋا يۈزى ئېچىلسۇن،
گۇناھىم بەخش ئېتىڭ ئەزىز شاھزادەم.

يۇسۇپ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. چاڭ ـ تۇمان، جۇت كۆتۈرۈلۈپ ئالەم يورۇدى. ھەممە كارۋانلار كېلىپ يۇسۇپنىڭ قول ـ ئاياغلىرىغا سۆيدى. مالىك دىغۇر بۇ كارامەتنى كۆرۈپ يۇسۇپنىڭ قول ـ ئايىغىدىكى ۋە بوينىدىكى زەنجىرنى ئېلىپ تاشلىدى. شاھانە تون، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كىيدۈردى. ئەڭ ياخشى تۆگىلىرىدىن بىرىگە مىندۈرۈپ يولغا چىقتى.

بىر پارچە ئاق بۇلۇت كېلىپ يۇسۇپنىڭ بېشىغا سايىۋەن بولۇپ بىللە ماڭدى. كارۋانلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. ھەممىلىرى يۇسۇپكە ياخشى كۆرۈنۈشكە تىرىشتى.

مالىك دىغۇر سەپەرگە چىقسا ھەر دائىم دېگۇدەك زىيان تارتىپ، تۆگىلىرى ئورۇقلاپ، جىق جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ كېلەتتى. بۇ نۆۋەت يۇسۇپنىڭ كارامىتى ھەم شاراپىتى بىلەن ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ پاراغەتتە، مىسىرغا يېتىپ كەلدى.

ئەمدى سۆزنى باشقا يەردىن ئاڭلايلى:

غەرب مەملىكەتلىرىنىڭ بىرىدە تەمۇش ئاتلىق بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ زىلەيخا ئىسىملىك تېخى ئەمدىلا بالاغەتكە يەتكەن چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى، ئۇ قىز بىر كېچىسى چۈشىدە ئاپتاپ يۈزلۈك، زىبا بويلۇق بىر يىگىتنى كۆردى.

— ئەي چىرايلىق يىگىت، قايسى باغنىڭ گۈلىسىز، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسىز، قايسى ئاشياندىن پەرۋاز قىلدىڭىز؟ قايسى گۈلزارلىققا بېرىپ قونىسىز؟! — دەپ سورىدى قىز.

ئۇ يىگىت:

— مەن مىسىرنىڭ پادىشاھى، مېنى ئىزدىگەن كىشى شۇ يەردىن تاپىدۇ! — دەپ غايىب بولدى.

زىلەيخا قاتتىق بىر «ئاھ! ...» تارتىپ چۆچۈپ ئويغاندى. يېنىدا چۈشىدە كۆرگەن يىگىت يوق ئىدى. ئۇ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى ۋە بىردەمدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، يۈسۈپنىڭ ئىشقىدا يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاجايىپ بىر يىگىت كۆردۈم،
نېسىۋەم بولسا يارىم بار.
يۈرىكىم پارچىلاندى خوپ،
مېنىڭ ئاھۇپىغانىم بار.

تامام ھۆرلەر رەشك قىلغۇر،
ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرگەندە.
تاماشا قىلغىلى سەيلىگاھ
ھەمدە گۈلئۇزارىم بار.

يۈزىن كۆرستىپ ماڭا،
سالدى تۈرپە سەۋدانى.
قارارىم سەۋرىنى ئالدى،
كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىزارىم بار.

كېچىپ مەن جانۇدىلدىن،
كۆرمەگۈنچە ھۆسنى رەنانى.
يوقاتتىم كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇنچە،
بىر چابۇك سەۋارىم بار.

مۇھەببەت ئوتىدا كۆيدى،
مېنىڭ جانۇ دىلىم، دوستلار.
ئەيىب ئەتمەڭلار، مەن يىغلاي،
تېنىمدە تاكى جانىم بار.

مۇھەببەت ساقىيلىرى سۇندى،
شارابى ئىشقى جامىدىن،
ئىچىپ مەينى بولۇپ سەرخۇش،
يۈرەرگە خوپ دىيارىم بار.

تېگىپ ئىشقى كۆيدۈردى،
ئەجەبلەنمەڭ زىلەيخانى،
ئۈمىدىم ۋەسلىدىن يەنە،
بۇندا قەترە ناھارىم بار.

زىلەيخا يۈسۈپنىڭ ئىشتىياقىدا يېمەك ـ ئىچمەكتىن قېلىپ، مەجرۇھ ۋە مەجنۇن بولدى. ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى ئېيتاتتى. بىر كۈنى ئۇ قاتتىق: «ئاھ!...» تارتىپ يىقىلدى. كېنىزەكلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاتا ـ ئانىسىغا مەلۇم قىلدى:

— ئەي خانىم، پادىشاھىم، قىزىڭىز مەجنۇن بولدى. ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، نەچچە كۈن بولدى تائامدىن قالدى. ئاھ ـ نالە بىلەن چىرايى زەپىراندەك سارغايدى.

پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بېشىدىكى تاجنى ئېلىپ يەرگە ئۇردى. نالە قىلىپ ئوردىنى بېشىغا كىيدى. بۇ پادىشاھنىڭ زىلەيخادىن باشقا پەرزەنتى يوق ئىدى. دەرھال كېلىپ زىلەيخانى كۆردى. ئاتىسى كەلگەندە ئۇ ئۆلۈكتەك ياتاتتى.

پادىشاھ «ئاھ!...» تارتىپ كېلىپ زىلەيخاغا سۆز قىلدى. زىلەيخا ئۇنىڭغا جاۋاب قىلمىدى. پادىشاھ ئوردىغا بېرىپ مۇنەججىم، ھەكىم ۋە قۇرئەندازلارنى يىغدى. ئۇلارغا:

— قىزىمنىڭ كېسىلىنىڭ سەۋەبىنى تېپىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى. مۇنەججىم ۋە قۇرئەندازلار كىتاب كۆرۈپ:

ــ بۇ قىزدا ئىشقى مۇھەببەتتىن باشقا، كېسەلگە سەۋەب بولغۇدەك ئالامەت يوق ! ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى. پادىشاھ:

ــ ئۇنداق بولسا، سىلەر بۇ سىرنى پىنھان تۇتۇڭلار ! سىلەردىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولمىسۇن ! ــ دەپ تاپىلاپ، ئۇلارنى رازى قىلىپ ياندۇردى.

ئۆزى زىلەيخانىڭ ئىشىدىن ھەيران بولدى. نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. ئارىدىن مۇشۇنداق ئىككى ئاي ئۆتتى. زىلەيخا ھەمىشە: «ئاھ ـ ۋاھ ! ...» دەپ مەجنۇن سۈپەت يۈرەتتى. ئۆزىنى يەرگە ئۇراتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كېچىسى زىلەيخا چۈشىدە يۈسۈپنى كۆردى. ئۇ زىلەيخانىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئەي زىلەيخا، سەن نېمە ئۈچۈن مىسىرغا تېزرەك كەلمەيسەن؟ مېنىڭ ھال ـ ئەھۋالىمنى بىلـ ـمەيسەن؟ سەن شۇنى بىلىپ قويغىنكى، مەن سېنىڭ، سەنمۇ مېنىڭ ! ــ دەپ غايىب بولدى.

زىلەيخا يۈسۈپنىڭ جامالىدىن مەست بولۇپ، كۆزلىرى تورلاشقان ھالدا پىغان بىلەن ئويغاندى، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەقلى ـ ھوشۇمنى ئالدى بىر گۈزەل دىلبەر،
سەرۋى قەددى، گۈل يۈزى، لەۋلىرى شېكەر،
قاچۇردۇم بۇلبۇلۇمنى تازا باغىمدىن.
ئالمىدىم مەن بۇنى گۈل ياپراقىدىن.



چىنارDەك قامىتى ئەقلىمنى ئالدى،
شەمس ـ قەمەر گۈل يۈزى قۇللۇققا سالدى،
قايغۇلۇق كۆڭلۈمگە نۇرىنى سالدى،
ئەمدى تۇرماي دوستلىرىم يار پىراقىدىن.

سۈبھى شامىلى يەتكۈز كۆڭۈل شادىمنى،
يۇسۇپۇم ئىشىتسۇن بۇ پىغانىمنى،
شاھىنشاھىم بىلسۇن ئىشقى زارىمنى،
سەيلە قىلسام ئەرزىگەي ئىز ـ ئاياغىدىن.

پىدا قىلسام ئۇنىڭ يولىدا جانىم،
كەتتى ئىلكىمدىن ئەزىز مېھمانىم،
ئەجەل بىرنەچچە كۈن ئالمىسا جانىم،
چىمەنلەر باغلىسام يول تۇپراقىدىن.

ئىشىتكىن ئەرزى ـ ھالىن زىلەيخانىڭ،
ئىچىدە دەردى كۆپ ئول بىچارىنىڭ،
پىراقىدا يۈزۈم زەپىرەك مېنىڭ،
ئەمدى ئۆلسەم كېرەك يوق يول پىراقىدىن.

زىلەيخانىڭ دەردى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشتى. ھالى خارابلاشتى. ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنۈپ قالدى. كېنىزەكلەر زىلەيخانىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئاتىسىغا يەتكۈزۈشتى. ئۇلار:

— زىلەيخانىڭ ئەھۋالى ئېغىر، ئۆلۈم ئۇنى ماراپ تۇرىدۇ. داۋالىغۇچى تېپىپ ئىلاجىنى قىلمىساق، نابۇت بولىدۇ، — دېيىشتى.

شاھ بىلەن خانىش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، خەۋەرچىلەر بىلەن قىزىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. قارىسا، كېنىزەكلىرى ئېيتقاندەك زىلەيخا بىھوش ياتقان. پادىشاھ:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى بالام! كۆڭلۈمنىڭ ھۇزۇرى بالام، نېمە دەردىڭ بار؟ ئېيتقىن! مەن ئۇنىڭغا داۋا قىلاي. خاھى ئىشقتىن بولسۇن، خاھى باشقا ئىشتىن بولسۇن، تارتىنماي سۆزلە! — دېدى.

زىلەيخا ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئىشىتكىن ئەرزى ـ ھالىن زىلەيخانىڭ،
كۈندىن ـ كۈنگە ھالىم يامان بولۇپتۇر.
ئاشكارا قىلماي ئىشقىدا كۆيۈرمەن،
دەمدىن ـ دەمگە ئىشقىم يامان بولۇپتۇر.

مېنىڭ بۇ دەردىمنى ھېچ كىشى بىلمەس،
ئەگەر ئېيتسام ساڭا، ئۇ ھەرگىز تۈگىمەس،
كۆزۈمدىن ياش ئاقار ھەم ئۇيقۇ كەلمەس،
كىيگەن تونۇم مېنىڭ كېپەن بولۇپتۇر.

مىسىر شاھىدۇرلەر مالىك رېھان،
ئېتى يۇسۇپ، قىلدى ئەقلىمنى ھەيران،
دېدى: تېزرەك سۈرگىن مىسىردا دەۋران،
ئاڭا يەتمەكلىكىم گۇمان بولۇپتۇر.

تېپىلمىسا نە قىلاي دەردىمگە دەرمان،
كېتەرمەن ئاخىرى خانەئى ئەھزان،
تا ئۆلگۈچە ماڭا يوقتۇر مېھرىبان،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىم ھەزىن بولۇپتۇر.

زىلەيخا ئەرزىنى ئاڭلاڭ، ئەي ئاتا،
دەردى ـ پىراق بىلەن ئۆلۈرمەن ناگاھ،
يېقىن بىل، ھەق ئۆزى ئىشقىمغا گۇۋاھ،
بېشىمغا سەۋدالار يېقىن بولۇپتۇر.

پادىشاھ قىزى زىلەيخانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مىرزىسىنى يېنىغا قىچقىردى. ئۇنىڭغا: «...ئەي مىسىر شاھى، مېنىڭ پەردەئى ئىسمەت ئىچرە بىر قىزىم بار. ئۇنىڭ ئىسمى زىلەيخا. ئۇنىڭغا نەچچە شەھەر ۋە مەملىكەتلەردىن پادىشاھلار قۇللۇق قىلىپ ئەلچىلەر ئەۋەتكەنىدى. مەن ئۇلارغا قىزىمنى لايىق كۆرمەي، ئەلچىلىرىنى ياندۇردۇم. كۆڭلۈم سىزنى تارتماقتا. ئەگەر سىز قوبۇل كۆرسىڭىز بۇ يەرگە كىشى ئەۋەتىڭ، مەن قىزىمنى ھەممە كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا ئەۋەتەي» دەپ نامە يازدۇردى.





پادىشاھ نامەنى مۆھۈرلەپ، ئاغزىنى ئېتىپ ئەلچىلەردىن مىسىرغا ماڭدۇردى. ئەلچىلەر نامەنى مالىك رېھانغا يەتكۈزدى. مالىك رېھان نامەنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تىللا چاچتى، كېيىن ئېچىپ ئوقۇدى، خۇش بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، غەرب تەرەپكە قاراپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، زىلەيخاغا غايىبانە ئاشىقى نىگاران بولدى.

دەرھال خەزىنىلىرىنى ئېچىپ، لەئەل - جاۋاھىر ۋە باشقا ئېسىل رەختلىرىنى ئېلىپ تۆگە - قېچىرلارغا يۈكلەتكۈزدى. ئەمىر ۋە ئۆمىرالاردىن بىرنەچچە كىشىگە بىرىنى باشلىق قىلىپ، ياخشى ئاتلارنى تەقدىم قىلدى. ئۆز ئورنىدا توي تەييارلىقلىرىنى ھازىر قىلىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن سەپەرگە تەييارلىدى. ئۇلارغا باشلىق بولغان كىشىگە چۈچۈك تىل بىلەن ئەلچىلىك خېتىنى تاپشۇرۇپ، غەربكە قارىتىپ يولغا سالدى.

ئۇلار مەنزىللەرنى بېسىپ، چۆللەرنى كېزىپ ئۆتۈپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شەھەرگە يېقىنلاشتى. پادىشاھ بۇلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ مېھمان قىلدى. ئەلچىلەر مالىك رېھاننىڭ خېتىنى تەمۇش شاھقا تەقدىم قىلدى. ئېلىپ كەلگەن تارتۇق - پېشكەشلىرىنى نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى.

تەمۇش شاھ خۇش بولۇپ شەھەرنى زىننەتلىدى. ئەل ۋە يۇرتقا نەچچە كۈن توي - تاماشا قىلىپ بېرىپ، ئاش تارتتى. توينىڭ ئاخىرىدا قىزى زىلەيخانى سۈت ئانىسىغا قوشۇپ، تويلۇقى بىلەن مىسىرغا يولغا سالدى.

زىلەيخا: «مەھبۇبىمغا قوشۇلىدىغان بولدۇم» دەپ خۇشاللىق بىلەن يولغا چىقتى، مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاخىر مىسىرغا يېتىپ كەلدى.

مىسىر شاھى مالىك رېھان باشلىق تامامى يۇرت كاتتىلىرى زىلەيخانىڭ ئالدىغا چىقتى. شەھەرنىڭ

قىز ـ جۇۋانلىرى زىلەيخانىڭ جامالىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇلار زىلەيخانى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مالىك رىھاننىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كىرىپ چۈشۈردى.

مالىك رىھان زىلەيخانى كۆرۈش ئۈچۈن ھەرەم سارىيىغا كىردى. بۇ چاغدا زىلەيخا ئۆي قىزلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. زىلەيخانىڭ كۆزى مالىك رىھانغا چۈشتى. ئۇ، يېنىدىكى سۈت ئانىسىدىن:

ـــ بۇ كىشى كىم؟! ـــ دەپ سورىدى.

زىلەيخانىڭ سۈت ئانىسى:

ـــ قىزىم، سىزنىڭ ئارزۇ قىلغان مەھبۇبىڭىز، مىسىر شاھى مانا مۇشۇ كىشى بولىدۇ، ـــ دەپ چۈشەندۈردى.

زىلەيخا سۈت ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق: «ئاھ! ...» تارتىپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، سۈت ئانىسىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ياراتقان سەن بۇ ئەلەمنى،
سېنى دەپ مەن كۆزۈم تۇتتۇم.
قوبۇل قىل ئاھى ـ نالەمنى،
«يۇسۇپ» دەپ مەن قانلار يۇتتۇم.

مۇراد ـ مەقسىتىم شۇلدۇر،
ئاڭا مەن بۇلبۇلى شەيدا.
بۇ داغ قىلدى مېنى رەسۋا،
قاناتىم بولسا مەن ئۇچتۇم.

پەلەك شاد ئەتمەدى بىر دەم،
چىكەرمەن ھەر زامان يۈز غەم،
كۆزۈمدىن ئاقتۇرۇپ شەبنەم،
يۇسۇپنى ئىزلىبان چۈشتۇم.

يۈرەكىم پارە ـ پارە بولدى،
ھىجرىدىن خارۇ زار بولدى،
بەختىم بىقارار بولدى،
قارا زاغلارنى مەن قۇچتۇم.

ئېچىلماي غۇنچىلار غەبغەب،
سوغۇق قول تەگمىسۇن يا رەب،
زىلەيخا يۇسۇپىن ئىزدەپ،
بالالارنى ئۆزۈم توستۇم.

زىلەيخا سۈت ئانىسىغا قاراپ يىغلىدى. مالىك رىھان بۇ يىغا ئۈستىگە كىردى. زىلەيخا: «خۇدايا، مېنى چۈشۈمدە كۆرگەن يۇسۇپكە نېسىپ قىلغىن!...» دەپ يىغلىدى. خۇدا ئۇنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلدى. زىلەيخا بىلەن مالىك رىھاننىڭ ئارىسىغا بىر پەردە پەيدا بولدى. مالىك رىھان زىلەيخانىڭ كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە بولدى.

مالىك دىغۇر يۇسۇپنى ئېلىپ مىسىرغا يېقىن كەلدى. مىسىر خەلقىنىڭ ھەممىسى: «مالىك دىغۇر كەنئاندىن بىر چىرايلىق قۇل ئېلىپ كەپتۇ. ھەركىم ئۇنىڭ يۈزىنى بىر كۆرسە ئۆزىنى يوقىتىپ قويغۇدەك!...» دېيىشىپ، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىشتى.

مالىك دىغۇر يۇسۇپكە:

ـــ بۇلاققا بېرىپ يۇيۇنغىن، يۈزۈڭ توپا ـ تۇماندىن تازىلانسۇن، خالايىق سېنى كۆرگىلى چىقىپتۇ، ـــ دېدى.

يۇسۇپ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي بېرىپ يۇيۇنۇپ، مالىك دىغۇرنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ يۇسۇپكە شاھانە تون كىيدۈردى، يۈزىگە نىقاب تارتتى، تېز يۈگۈرىدىغان تۆگىگە مىندۈرۈپ، شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى. خالايىقلار يۇسۇپنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ ـ توپ، ئايماق ـ ئايماق، سانجاق ـ سانجاق بولۇشۇپ كېلىپ يولنى بويلاپ سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. مالىك دىغۇر:

ـــ ئەي خالايىقلار، بىز يىراق يولدىن چارچاپ كەلدۇق. يۇسۇپنى ئىنشائالla ئەتە كۆرۈرسىزلەر! ـــ

دەپ كېلىپ سارايغا چۈشتى. ئۇلار سارايدا بىرنەچچە كۈن ئارام ئالدى.

مىسىر شاھى مالىك رىھان تامامى ساراي ئەھلىلىرى بىلەن بىللە تۇرۇپ:

— مالىك دىغۇر كەنئاندىن ئېلىپ كەلگەن قۇلنى بازارغا ئېلىپ چىقسۇن. خەلقلەر ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈپ تاماشا قىلغاي، ئەگەر ساتىدىغان بولسا، باھاسىنى مەلۇم قىلسۇن! — دەپ مالىك دىغۇرغا كىشى ئەۋەتتى.

مالىك دىغۇر:

— خوپ! — دېدى. يۈسۈپنىڭ چاچلىرىنى تاردى. چاچلىرىغا ۋە كىيىم - كېچەكلىرىگە مۇشكى ئەنبەر سەپتى. بېشىغا دەستار ئوردى. بېلىگە تىللا كەمەر باغلىدى. ياخشى ئاتقا مىندۈرۈپ، يۈزىدىن نىقابىنى ئېلىپ بازارغا ئاچىقتى.

تاماشا كۆرگىلى چىققان كىشىلەرنىڭ ئەقلى ھەيران بولدى. ھەتتا ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان قۇشلارمۇ ئۇنىڭ باش - كۆزىدىن ئايلاندى.



خەلق ئىچىدە قىيامەت قايىم بولغاندەك غوۋغا كۆتۈرۈلدى. ھەربىر كىشى ئۆز ھالى بىلەن قالدى. پەرىشتىلەرمۇ يۈسۈپنىڭ جامالىنى كۆرۈپ تەڭرىگە ھەمدۇسانا ئوقۇدى. شۇ چاغدا تەڭرىدىن جەبرائىلغا:

— يۈسۈپكە خەۋەر قىلغىن! ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي باھاسىنى ئاڭلايدۇ! — دېگەن پەرمان كەلدى. جەبرائىل كېلىپ يۈسۈپكە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى.

مالىك دىغۇر ئالتۇن كۇرسى ئالدۇرۇپ كېلىپ قويدۇردى. يۈسۈپنى ئۇ كۇرسىغا ئولتۇرغۇزدى. مالىك دىغۇر:

— ئەي يۈسۈپ، ھەممە گۈزەللىك سەندە كامالەتكە يەتكەن. سەن راستىنى دېگىن: سەن راستتىنلا قۇلمۇ ياكى ئېسىلزادە؟ ئەگەر قۇل بولساڭ ساتىمەن، بولمىسا ساتمايمەن! — دېدى.

يۈسۈپ مالىك دىغۇرغا:

— ئاۋۋال سەن مېنى ساتقىن. ئاندىن كېيىن مەن ساڭا ئەسلىي نەسلىمنى بايان قىلاي! — دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

ئەي يارانلار، قەدىردانلار،
قۇلدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.
ئەسلىي زاتىمنى سورىساڭ،
قۇلدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.

خالايىقلار كېلىڭ ئەمدى،  بىلمىدىم، ئەقلىم قېچىپتۇر،
مېنى سېتىۋېلىڭ ئەمدى،  يېشىم دەرياdeك تېشىپتۇر،
خىزمەتلەرگە سېلىڭ ئەمدى،  مىسىر بازارىغا چۈشۈپتۇر،
قۇلدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.  قۇلدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.

ئوق ئىدىم، ھەريان ئېتىلدىم،  يۇسۇپ ئېيتۇر بولدۇم ھەيران،
بىر قېچىپ يەنە قېتىلدىم،  ئۆزۈم نالان، كۆزۈم گىريان،
كەنئانى ئىدىم، سېتىلدىم،  ئېيتماس بولدۇم سىرىم پىنھان،
قۇلدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.  قۇلدۇر مېنىڭ غېرىب بېشىم.

مالىك دىغۇر:

— ئەيىۋھەنناس، ئاڭلاڭلار ئامۇخاس! كېلىڭلار ۋە كۆرۈۋېلىڭلار، بۇ ياش غۇلامنى، ئۆزى كەنئانلىق ئەرەب، سۆزى شېرىن، ئۆزى دانا، ئەقىللىق، ئەدەپلىك! — دەپ توۋلىدى. يۇسۇپ ئۇنىڭغا:

— قوي بۇ گېپىڭنى! بۇ ياش غۇلام يىغلاڭغۇ، بىچارە دېگىن! — دېدى. يۇسۇپ ھەر تەرەپكە قارايتتى. خەقلەر توپ - توپ بولۇپ كېلىپ ئۇنى كۆرەتتى.

ئەمدى سۆزنى زىلەيخادىن ئاڭلايلى:

مىسىردىكى ئەر - ئايال، ياش - قېرى ھەممىسى كېلىپ يۇسۇپنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. زىلەيخا ھەمىشە يۇسۇپنىڭ ئىشقىدا نالە - پەرياد قىلىپ تولغىنىپ ياتاتتى. مالىك دىغۇرنىڭ قۇل ئېلىپ بازارغا سالغانلىقىنى، ئۇنىڭ كەنئانلىق ياش ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ تاماشا قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىمۇ قىزىقتۇردى.

زىلەيخا مالىك رېھانغا:

— مەنمۇ شۇ قۇلنى كۆرۈپ باقسام نېمە بولىدۇ؟ — دەپ رۇخسەت سوراپ كىشى ئەۋەتتى. مالىك رېھان:

— ناھايىتى ياخشى! بېرىپ كۆرسۇن. ھەرقانداق ئادەم ئۇنى بىر قېتىم كۆرسە ئەرزىيدۇ. جاھانغا بۇنداق چىرايلىق غۇلام پەقەت بىرلا كېلىشى مۇمكىن! — دەپ تەرىپلەپ رۇخسەت قىلدى.

زىلەيخانىڭ ئىشتىياقى ئاشتى. دەرھال كېنىزەكلىرىنى يىغىپ تېز سۈرئەت بىلەن قۇل بازىرىغا قاراپ ماڭدى. زىلەيخا يېتىپ كېلىپ يۇسۇپنى كۆردى. چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنىڭ نەق ئۆزى شۇ بولۇپ چىقتى.

زىلەيخا:

— مەقسىتىم، مەھبۇبەم مانا شۇ! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مەقسىتىم كۆڭۈل ئىچرە،  ئاشكارا، نىھان زارلاپ،
بىر ئاپىتى جان كەلدى.  يارىم بۇ زامان كەلدى.
قاشلىرى قارا ئۇنىڭ،  جانىمدا پاراغەت يوق،
كىرپىكى مىژگان كەلدى.  ئۇنىڭسىز ماڭا راھەت يوق،
بىرنەچچە زامان يىغلاپ،  ھېچ ئۆزگە ھېكايەت يوق،
باغرىمنى ئوتتا داغلاپ،  ئۇ روھى راۋان كەلدى.

دەردىمگە قىلسا دەرمان،  ئۆلگۈچە خېرىدارىم،
جانىمدۇر ئاڭا قۇربان،  ئول نۇرى ئايان كەلدى.
ئۆلتۇرسە بېرەي پەرمان،
چۈشتىكى جانان كەلدى.

ئاشىقلارنىڭ سۇلتانى،
كۆيدۈردى زىلەيخانى،
ئىشقىدا ئېرۇر زارىم،  شەھرىمىزنىڭ مېھمانى،
يولىغا گىرىپتارىم،  دەۋلەتى زامان كەلدى.

زىلەيخا يۈسۈپكە مۇھەببەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇنى تونۇدى. كۆڭلى ئارام تاپتى. «ئىنشائاللا، مەقسىتىمگە يەتتىم!...» دەپ ئۆيىگە ياندى. مىسىر ئەزىزلىرىمۇ يۈسۈپنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. ھەركىم يۈسۈپكە ئۆزىچە باھا قويۇپ باقاتتى، مالىك دىغۇر يۈسۈپنىڭ يۈزىگە نىقاب تارتىپ قويدى. خېرىدارلار كۆپەيدى. ئۇلار مالىك دىغۇردىن بۇ غۇلامنىڭ باھاسىنى سوراشتى.

مالىك دىغۇر ئۇلارغا:

— بۇ قۇلنى تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە سالىمەن. ئۇنى ئالغۇچىلار تارازىنىڭ يەنە بىر پەللىسىنى ئالتۇن - كۈمۈش، لەئەل، ئالماس بىلەن توشقۇزۇشى كېرەك. كىمنىڭ مال - دۇنياسى يۈسۈپ بىلەن تەڭمۇتەڭ كەلسە، مەن يۈسۈپنى شۇ كىشىگە ساتىمەن. بولمىسا «يۈسۈپنى ئالىمەن» دەپ ئاۋارە بولۇشمىسۇن! — دېدى.

خېرىدارلار ئۆزلىرىنى دەڭسەپ بېقىپ قايتىشتى. مالىك دىغۇر يۈسۈپنى يەنە بازارغا ئېلىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ زىلەيخا مالىك رىيھانغا:

— شۇ كەنئانلىق قۇلنى سېتىۋېلىپ ماڭا خىزمەتچى قىلىپ بەرسىڭىز. ئۇ مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلسا!... — دەپ كىشى كىرگۈزدى.

مالىك رىيھان:

— مەنمۇ شۇنى ئويلىغان، بۇ ئىش مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدە بار ئىدى، ئەمما مەن سېنىڭ پىكرىڭنى كۈتۈپ تۇرغان. سەنلا ماقۇل كۆرسەڭ، مەن ئۇنى سېتىۋېلىپ ساڭا ئىنئام قىلىپ بېرەي. خىزمىتىڭنى قىلسا مەيلى، — دېدى ۋە مالىك دىغۇرغا كىشى ئەۋەتتى. مالىك دىغۇر:

— خوپ! — دەپ يۈسۈپنى ئېلىپ چىقىپ تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە سالدى. مالىك رىيھان ئۆزى چىقىپ خەزىنىچىگە:

— خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، لەئەل - ياقۇت، ئالماسلاردىن ئېلىپ چىقىپ تارازىنىڭ يەنە بىر پەللىسىگە سېلىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى. خەزىنىچى ئېلىپ چىقىپ سالدى. يۈسۈپ ئېغىر كەلدى. مالىك رىيھان:

— يەنە ئېلىپ چىقىڭلار! — دېدى. خەزىنىچى ئېلىپ چىقىپ سالدى. يۈسۈپنى باسالمىدى. مالىك رىيھان بۇيرۇق قىلدى:

— يەنە ئېلىپ چىقىڭلار!

خەزىنىچى:

— ئەي ئۇلۇغ شاھ، خەزىنە تۈگىدى، — دەپ جاۋاب بەردى. مالىك رىيھاننى خىجىللىق باستى. شۇ چاغدا يۈسۈپ خەزىنىچىگە قاراپ:

— ماڭا سىياھ، قەلەم، تېرە بېرىڭلار! — دېدى. خەزىنىچى ئۇنى يۈسۈپكە يەتكۈزۈپ بەردى. يۈسۈپ

ئۇنى قولىغا ئېلىپ، تېرىگە: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن روسۇلۇللاھ» دېگەن جۈملىنى يازدى. بۇنى تارازىنىڭ يەنە بىر پەللىسىگە قويدى. بۇ ئىسىمنىڭ شاراپىتىدىن تارازىنىڭ بۇ پەللىسى يۈسۈپنى بېسىپ چۈشتى.

مالىك رېھان خۇشال بولۇپ، يۈسۈپنى ئوردىغا ئېلىپ كېتەر بولدى. شۇ چاغدا مالىك دىغۇر:

— ئەي ئۇلۇغ زات، ئەمدى سىزدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى! ئەسلىي زاتىمنى ساتقاندىن كېيىن مەلۇم قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغانىدىڭىز. ئەمدى ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلىڭ! — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

يۈسۈپنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. كۆزىگە ياش ئالدى. شۇ ھالەتتە تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەسلىي زاتىم مېنىڭ ئىبراھىم خەلىل،
مالىك ساڭا بىر - بىر بايان ئەيلەيىن.
ئۇنىڭكى ئوغلىدۇر ئىسمائىل زەبىل،
مالىك ساڭا بىر - بىر بايان ئەيلەيىن.

ئاتامنىڭ نەسىھەت سۆزىنى ئىشىتمىدىم،
كۆرگەن چۈشىنى ئەسكە ئالمىدىم،
شۇ سەۋەبتىن مەن يۇرتتىن ئايرىلدىم،
دەردىمگە قانداق دەرمان ئەيلەيىن.

ئېتى ياقۇپ يۈسۈپكە زار - زار بولغان،
«بالام» دەپ يىغلىغان، بىقارار بولغان،
بىلمىدىم نېچۈك زار - زار بولغان،
ئۇنىڭ ئۈچۈن يېشىمنى راۋان ئەيلەيىن.

پەلەك ئايرىدى مېنى سۆيگەن ئاتامدىن،
ئىبنى يەمىن بىلەن ئاجىز ئاچامدىن،
كۆككە يەتكەندۇر ئاھىم پىغاندىن،
ھىجران ئىچىدە ھامان ئارمان ئەيلەيىن.

مالىك مېنىڭ نەسىھەتىم تۇتقايسەن،
كۆڭلۈڭ ئىچرە سىرىم پىنھان قىلغايسەن،
يۈسۈپ ئېيتۇر: مۇرادىڭغا يەتكەيسەن،
ئىككى جاھاندا سېنى مېھمان ئەيلەيىن.





يۇسۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. مالىك دىغۇر قاتتىق «ئاھ !...» تارتىپ، دەرد بىلەن تولغاندى.

— بۇ ئىشلارنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام بۇ سودىنى قىلماس ئىدىم، ھېلىمۇ ھەم بۇ سودىدىن يانىمەن ! — دېدى مالىك دىغۇر. يۇسۇپ:

— ئەي مالىك، ئەمدى ئۇنىڭ پايدىسى يوق. تەقدىرگە تەن بېرەي. مەن ساڭا دۇئا قىلاي. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭ بولسۇن ! — دەپ دۇئا قىلدى. مالىك دىغۇر يىغلاپ قالدى.

مالىك رېھان يۇسۇپنى سارىيىغا ئېلىپ كەتتى. خەلق ئىچىدە: «مالىك رېھان پۈتۈن خەزىنىسىنى بىر قۇلنى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلدى. پادىشاھلىق ئىككى نەرسە بىلەن راۋاجلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، پۇل ۋە خەزىنە. يەنە بىرى، زورلۇق. بىزنىڭ پادىشاھىمىزدا ھازىر زورلۇقتىن باشقا خىسلەت قالمىدى !» دېگەن ئاغرىنىش پەيدا بولدى.

مالىك رېھان يۇسۇپنى زىلەيخاغا مەھرەم قىلىپ بەردى. زىلەيخامۇ يۇسۇپنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدى. ئۇنى ئۆز يېنىدا تۇتتى. بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۆز يېنىدىن ئايرىمىدى. ۋاقتى بولسىلا يۇسۇپنىڭ جامالىنى تاماشا قىلاتتى. بارغانسېرى ئۇنىڭ ئىشقى زىلەيخانى ئاۋارە قىلدى.

ئۇ ئىشق ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، يۇسۇپنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىنى ئىزدەيتتى. بىر كۈنى زىلەيخا يۇسۇپنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىشقىنى تۆۋەندىكى نەزم بىلەن بايان قىلدى:

ئەي يۇسۇپ يەتتە يىل بولدى،
مېنىڭ ھالىم خاراب ئەتتىڭ.
يۈرەككە ئىشقى ئوتۇڭ تەگدى،
يۈرەك ـ باغرىم كاۋاپ ئەتتىڭ.

سېنى دەپ مىسىرغا كەلدىم،
يېرىم غەربىي زېمىن ئەردى.
ئەجەب بىر سورىمىدىڭ ھالىم،
يۈرەكنى قان ـ شاراب ئەتتىڭ.

سېنىڭ ئىشقىڭ ھامان ئۆرتەر،
ھەمىشە، ھەر زامان ئۆرتەر،
ئۆلۈرمەن بىگۇمان ئۆرتەر،
بۇ جاننى ئىزتىراپ ئەتتىڭ.

مۇرادىم، گۈل يۈزۈڭ كۆرسەم،
ھالىمنى سوراپ كۆرسەڭ،
مېنى سەنمۇ ھەم سۆيسەڭ،
تۆكمەس بىر شاراب ئەتتىڭ.

چۈشەنگىن سەن بۇ ھالىمغا،
يۇسۇپ قالما ۋابالىمغا،
رەھىم ئەتمىسەڭ بۇ ھالىمغا،
زىلەيخاغا ئازاب ئەتتىڭ.

يۇسۇپ زىلەيخادىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، زىلەيخانىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى.

— مەن بۇ شەھەرگە يېڭىدىن كەلدىم. ئۆزۈممۇ دەرمانسىز دەردكە مۇپتىلا. بۇ ھالدا مەن سىزگە بىرەر نەرسە دېيىشتىن ئاجىزمەن. قانداق قىلاي «ئۆزۈمنىڭ ھالىنى دەيمۇ، سىزنىڭ دەردىڭىزگە يىغلايمۇ؟» — دېدى. كېيىن زىلەيخاغا تەسەللى بېرىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

مۇساپىرمەن، شەھرىڭىزگە يېڭى كەلدىم،
مەن بىلمەيمەن كىملەر ياخشى، كىم يامان؟
كەنئاندا گۈل ئىدىم بۇ يەردە سولدۇم،
مەن بىلمەيمەن كىملەر ياخشى، كىم يامان؟

مېنى قويغىن بىرنەچچە كۈن كۆرەيىن،
كىم ياخشىدۇر، كىملەر يامان بىلەيىن،
ئاچام، ئىنىم ئۈچۈن ماتەم تۇتايىن،
مەن بىلمەيمەن كىملەر ياخشى، كىم يامان؟

كىمەرسە مۇھەببەت مەيدىن ئىچەر،
سەۋر قىلسۇن ياخشىلىق ئىشىكىن ئاچار،
نېسىپ بولسا ھەركىشى مەھبۇبىن قۇچار،
كەلگۈسى ئۇنىڭغا ھەم ياخشى زامان.

مەندە ئايرىلىشنىڭ ئوتى زىيادە،
ئەلدىن ـ ئەلگە سېتىلىپ كەلدىم پىيادە،
قۇل ئىش قىلسا ئۆز ھەددىدىن زىيادە،
چاھ ئىچىدە كۆرگۈسى يىلان ـ چايان.

يۇسۇپ ئېيتۇر بولغىن ئامان زىلەيخا،
يولۇقمىسۇن ساڭا يامان زىلەيخا،
سەۋر قىلغىن، قېشى كامان زىلەيخا،
نېسىپ بولار ساڭا ئاخىر بۇ دەۋران.

يۇسۇپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان زىلەيخا ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئۇ بۇگۈن بولمىسا ئەتە مېنىڭ بولىدۇ. مېنىڭ قېشىمدا بولغاندىكىن، بەرىبىر ئۇ مېنىڭ» دەپ تەسەللى بەردى. لېكىن يۇسۇپنى بىردەم كۆرمىسە چىدىمايتتى. شۇڭا ئۆز يېنىدىن ئايرىمايتتى. زىلەيخانىڭ يۇسۇپكە بولغان ئىشتىياقى بارغانسېرى ئاشتى. ئۇ يۇسۇپكە ئىشق ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلسا، يۇسۇپ ھامان ئۆزىنى قاچۇراتتى. زىلەيخانى سەۋر ـ تاقەت قىلىشقا ئۈندەيتتى.

ئاخىر زىلەيخا مىسىرنىڭ تامامى ياغاچچى، تامچى، نەققاش ـ ئويمىكەش ئۇستىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا:



— مەن ئۇچۇن بىر ئىمارەت بىنا قىلىڭلار! ئۇنىڭ تامىنى تاملىرىغا ئۆز خەزىنەمدە بار بولغان لە-ئەل - ياقۇت، زۇمرەت - زەبەرجەد، ھېقىق - پىرۇزىدىن ئاچقىچ كۆز قويۇڭلار! كۆرۈنەرلىك يەرلىرىگە مەن بىلەن يۇسۇپنىڭ سۈرىتىنى سىزىڭلار! بۇ سۈرەت شۇنداق بولسۇنكى، ئۇ يەردە يۇسۇپ بىلەن زىلەيخا بىر - بىرلىرىگە قارىشىپ، سۆزلىشىپ، بويۇنلىرىغا قوللىرىنى سېلىشىپ، سۆيۈشۈپ، گىرەلىشىپ، كۇلۇشۇپ تۇرغان بولسۇن. نەقىشلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىڭلاركى، ئۇنى ئۆز ئۆمرىدە ھېچ كىشى كۆرمىگەن بولسۇن! — دەپ تاپىلىدى.

ئۇنىڭ مەقسىتى: «بۇ ئىمارەت پۈتسە، يۇسۇپ ئۆزىنى مەن بىلەن شۇ ھالەتتە كۆرسە، ماڭا مايىل بولۇشى مۇمكىن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

يۇسۇپ: «زىلەيخانىڭ بۇ ئىمارىتى پۈتسە، مالىك رىھان ئوردىسىدا مېنى بالاغا دۇچار قىلىپ، قايغۇ - ئەلەم گىردابىغا تاشلايدىغان بولدى!...» دېگەن ئەندىشىدە يۈردى.

شۇ كۈنلەردە مىسىرغا كەنئاندىن بىر سودىگەر كەلگەنىدى. ئۇ سودىسىنى تۈگىتىپ كەنئانغا يانىدىغان بولدى. تۆگىسىنى يېتىلەپ ماڭدى. ئۇنىڭ تۆگىسى مىسىر دەرۋازىسىدىن چىققىلى ئۇنىمىدى. سودىگەر ئۇنى ئۇردى. تۆگە چۇلۇۋۇرنى ئۈزۈپ قېچىپ مالىك رىھاننىڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، قاراپ تۇرغان يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كېلىپ چۆكتى. تۆگىچى كېلىپ ئۇنىڭغا يەنە تاياق سالدى. يۇسۇپ:

— ئەي يىگىت! بۇ تۆگىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇرىسەن؟! — دەپ سورىدى.

تۆگىچى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلدى. يۇسۇپ ئۇنىڭدىن:

— سەن قەيەرلىك ھەم نەگە بارىسەن؟! — دەپ سورىدى. ئۇ سودىگەر:

— مەن كەنئاندىن بۇ يەرگە سودىلىق ئۈچۈن كەلگەن. سودىلىقىم تۈگىدى. يەنە كەنئانغا قايتقاندىم، بۇ ھادىسىگە يولۇقتۇم! — دەپ جاۋاب بەردى.

كەنئانلىقنىڭ سۆزىنى ھەم ئانا يۇرتىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، يۇسۇپنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. يۇسۇپ ئۇ يىگىتتىن:

— كەنئاندىكى ياقۇپ پەيغەمبەرنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ يىگىت:

— ئەلۋەتتە بىلىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى. يۇسۇپ ئۇ يىگىتتىن:

— ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ماڭا ئازراق سۆزلەپ بەرگىن! — دەپ سورىدى. سودىگەر يۇسۇپكە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ياقۇپ پەيغەمبەردۇر كەنئان ئېلىگە،
ئاغزىدىن دائىما يالقۇن چىقىدۇ.
خۇدانىڭ زىكرى بار ئۇنىڭ تىلىدا،
پەرزەنت دېغىدا ئۇ كور بولغاندۇر.

بىر ئوغلىنى ئۇنىڭ «بۆرە يېگەنمىش»،
«بۆرە يېدى» دەپ خەۋەر يەتكەنمىش،
ئايرىلىش دەردىنى تولا كۆرگەنمىش،
ھەر كۈنى مىڭ تۈرلۈك پىغانى باردۇر.

ئىسمائىل پەيغەمبەر نەسلى دەپ داڭلار،
ھەقنىڭ يولىدا بېلىنى باغلار،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ باغرىنى داغلار،
تەقدىرى خۇداغا رىزاسى باردۇر.

ئىسمى يۇسۇپ، ئۆزى پادشاھى جاھان،
ھەركىم يۈزىنى كۆرسە بولۇر ھەيران،
ئۇنىڭ دەردىدە بولمىش ناتۇۋان،
زار يىغلار چەشمەئى گىريانى باردۇر.

پەرى ماكان مىسكىن تۇتۇپ ئۆزىنى،
جۇدالىق چېكىگە سۇرتۇپ يۈزىنى،
يىغا بىلەن نۇرسىز ئېتىپ كۆزىنى،
كۆڭلىدە مىڭ تۈمەن ئارمانى باردۇر.

تەڭرىدىن ئۇنىڭغا كېلىپتۇر پەرمان،
يۇسۇپنىڭ ئىسمىنى ئەيلىگىن پىنھان،

ئىچى ـ تېشى دەردۇغەم ئۇ، بىر خەستەجان،
يۈرەكتە ئۇنىڭمۇ ھىجرانى باردۇر.

ھەر كۈنى ئۇن قاتار يوللارغا قارار،
يۇسۇپتىن نىشانە تاپالماي يانار،
بۇ يەردىن مەن بارسام مەندىنمۇ سورار،
بۇلبۇل ئەھلىنىڭ نامە ـ داستانى باردۇر.

— ياقۇپ كەنئان ئەھلىگە پەيغەمبەردۇر. ئۆزى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن. ئۇنىڭ يۇسۇپ ئىسىملىك ئوغلىنى «بۆرە يېگەن» دېگەن خەۋەر بار. ئۇ ھازىر شۇ بالىسىنىڭ دەردى ـ پىراقىدا ھېچ كىشى بىلەن ئالاقە قىلمايدۇ. بىر چۆلگە ئۆي سالدۇرغان. «ئاھ، يۇسۇپۇم» دەپ يىغلىسا ئاغزىدىن ئوت چىقىدۇ، دېيىشىدۇ. يېقىندا ئۇنىڭغا تەڭرىدىن: «يۇسۇپ، دەپ يىغلاۋەرسە ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە ھەم پەيغەمبەرلىكىگە زەرەر يېتىدۇ!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنمىش. ئۇ ھازىر «يۇسۇپ» دېمەي نالە ـ پىغان قىلىدىكەن. ئىبادەتنىمۇ قىلىدىكەن، — دەپ ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى.

يۇسۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «ئاھ !...» تارتىپ ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كېلىپ، سودىگەرگە:

— ئەي يىگىت، مەن ساڭا بىر خەت يېزىپ بېرەي، ئۇنى سەن ياقۇپنىڭ ئۆز قولىغا بەرگىن! — دېدى.

سودىگەر:

— خوپ ! — دېدى.

يۇسۇپ سودىگەرگە خەتنى بېرىۋېتىپ:

— سەن ئاۋۋال مەن غېرىبنىڭ دۇئاسىنى ئال ! كېيىن ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئال ! — دەپ سودىگەرگە قاراپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ئەي يىگىت، يەتكۈز سالام، ئۇ مېنىڭ جانىم ئىدى،
ھەر جاپا كەلسە بېشىمغا، دەردكە دەرمانىم ئىدى،
بىلمىدىم قەدرىن ئۇنىڭ، بەلكى مېھمانىم ئىدى،
تۇتمىدىم پېشىنى كۆپ، ئۇ مېنىڭ سۇلتانىم ئىدى،
پىراق ئوتىدا كۆيدى، ئۇ مېنىڭ خىرمەنىم ئىدى.

بېرىبان قىچقار ئىشىكتىن: «غەمدە كۆيگەن بارمۇ» دەپ،
«قوچقارىدىن ئايرىلىپ، قوزا يىتتۇرگەن بارمۇ» دەپ،
«سۇبھى ـ شام ئوغلى پىراقىدا ئېيتىلغان بارمۇ » دەپ،
«ئەي يارانلەر، شەھرى كەنئاندا سېتىلغان بارمۇ » دەپ،
ۋادىرىخا، ياندى پىراقىدا ئۇ خىرمەنىم ئىدى.

ئەي يىگىت، ياقۇپقا ئېيت، يىتكەن ئوغۇل مىسىردا بار،
قولى باغلىق، يۈرىكى داغلىق، كۆزلىرىدىن ياش ئاقار،
بەندەدۇر كۆردۇم ئىشىكتە، ئايدەك يۈزىدە نۇرى بار،
خەۋىرىنى مەن بېرەي، دائىم كۆزىدىن قان ئاقار،
ۋادەرىخا، ياندى پىراقىدا ئۇ خىرمەنىم ئىدى.

سۆزلە، يىگىت بېرىپ: «كۆردۇم مىسىردا، بەندە» دە،
«يۈرۈيدۇ ئاي ۋە قۇياش، ئۆزى كىشىگە بەندە» دە،
«تۇتىدەك مىسلى قەپەس ئىچرە گىرىپتار ئاندا» دە،
«ئاھ ئۇرۇپ يىغلايدۇ زار، ئۇنىڭ جېنى تەندە» دە،
ئاھىكىم، ياندى پىراقىدا ئۇ خىرمەنىم ئىدى.

ئېتى يۇسۇپتۇر «ئاتام» دەپ زار يىغلار بىقارار،
ئەلدىن ئەلگە سېتىلىپتۇ، ئاندا يوقتۇر ئىختىيار،
ياقۇبا، ئوغلۇڭ سېنىڭ ھىجرىڭدا يىغلار زار ـ زار،
كېچە ـ كۈندۈز سېنىڭ يادىڭدا ئەرمىش، ئۆزى ئىنتىزار،
ۋاھىكىم، ياندى پىراقىدا ئۇ خىرمەنىم ئىدى.

يۇسۇپ خەتنى سودىگەرگە بەردى.

— ياقۇپنىڭ مۇبارەك يۈزىنى كۆرسەڭ: «سىزلەردىن بىر كىشى يىتكەنمىدى؟... ئۇنى مەن مىسىردا كۆردۈم. قولى باغلاقلىق، يۈرىكى داغلاقلىق، كۆزى نەملىك، ئۆزى دەرد - ئەلەملىك، كۆڭلى قايغۇلۇق، ئېتى يۇسۇپ، ئۆزى كىشىگە بەندە» دەپ خەۋىرىمنى يەتكۈزۈپ دۇئاسىنى ئالغىن ! — دېدى.

سودىگەر ماڭماقچى بولدى، لېكىن تۆگىسى ئورنىدىن قوزغالمىدى.

ئۇ سودىگەر تۆگىنى يەنە ئۇرماقچى بولدى. بۇنى كۆرۈپ تۆگىنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

يۇسۇپ:

— ئەي يىگىت، تۆگەڭنى ئۇرما ! ئۇنىڭ كۆزلىگىنى بار ئوخشايدۇ ! — دېدى ۋە يۇسۇپ ئۆزى تۆگىنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۆگە سۆزگە كىلىپ، سودىگەرگە قارىدى:

— ئەي كەنئانلىق سودىگەر، ساڭا بېشارەت بولسۇن ! مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن سەن يۇسۇپنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆردۈڭ. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالدىڭ ! مېنىڭمۇ سورايدىغىنىم بار ! — دېدى.

يۇسۇپ:

— ئەي تۆگە، سەن مەندىن نېمىنى سورايسەن؟ ! — دېدى. تۆگە پاساھەتلىك زەبان بىلەن:

— ئەي يۇسۇپ، سەنمۇ تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرى، قىيامەت كۈنى مېنى مىنسەڭ ! — دېدى.

يۇسۇپ تۆگىگە:

— دېگىنىڭ بولسۇن، قىيامەت كۈنى مەن سېنى تېپىپ مىنەي ! — دەپ ۋەدە بەردى.

تۆگە خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. سودىگەر تۆگىسىنى مىنىپ يولغا چىقتى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، «يالماي» ناملىق ئەرەبلەرنىڭ ئۇچقۇر تۆگىسى شۇ تۆگىنىڭ نەسلىدىن تارالغانىكەن.

سودىگەر مىسىردىن چىقىپ ناھايىتى تېزلىكتە كەنئانغا يېتىپ باردى. ياقۇپنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ تۇرۇپ بۇ مۇستەھزادنى ئوقۇدى:

ياقۇپ نەبى مەندىن سىزگە بىر ئاجايىپ خەۋەر بار،
جانانىڭ ئەمەسمۇ؟ !
ئىسمىدۇر يۇسۇپ، جۇملە جاھان ئاڭا خېرىدار،
قۇربانىڭ ئەمەسمۇ؟
بىر نامە يېزىپ سىزگە ئەۋەتتى،
كۆرگەن ستەمدىن،
ئەرز ئەيلىدى ياد ئەيلىسۇن،
دەرمانىڭ ئەمەسمۇ؟
كۆردۈم يۈزىنىڭ شۇئەلەسىن شەرقىنىڭ قۇياشى،
رەشكىدە كۆردۈم،
قانداق قىلاي ئۆزى بەندە ئاندا گىرىپتار،
ھەيرانىڭ ئەمەسمۇ؟
بىر لەھزە سالامۇ سېغىنىش ئەۋەتتى ئۇ،
يا رەب، نەبىگە،

ياندۇرغان ئۇنىڭ دەردى ـ پىراقى شاھى دىلدار،
سۇلتانىڭ ئەمەسمۇ؟
خەۋەرچى يەتكۈزدى يۇسۇپ ئۈچۈن ياقۇپقا نامە،
شەھرى مىسىردىن،
پەرياد قىلدۇ تاشقىرىدا كۆرسىلەر ئەغيار،
ۋەيرانىڭ ئەمەسمۇ؟ !

ياقۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇ سودىگەرنى ئالدىغا تەكلىپ قىلدى.

— ئەي بالام، سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ ! مېنىڭ ئوغلۇم يۇسۇپنى قەيەردە كۆردۈڭ؟ بىرى كەلگەن، يۇسۇپنى كۆرگەن كۆزۈڭنى سۆيەي ! — دېدى.

سودىگەر:

— مەن سودا ئۈچۈن مىسىرغا بارغانىدىم. سودام تۈگەپ ياندىغاندا شۇنداق ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. يۇسۇپنى مەن شۇ يەرنىڭ پادشاھى مالىك رىھاننىڭ ئىشىكىدە كۆردۈم. ئۇ مەندىن سىزگە خەت ئەۋەتتى، — دەپ كۆرگەنلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى.

ياقۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتتى. خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، قاتتىق بىر «ئاھ !»



تارتتى. ئۇنىڭ ئاھىدىن يەر تىترىگەندەك بولدى. ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كېلىپ: «بۇ نېمە ۋەقە؟ !» دېيىشتى. ياقۇپ ئوغۇللىرىنىڭ جەم بولغىنىنى بىلىپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، سىلەر «يۇسۇپنى بۆرە يېدى !» دەيسىلەر، مانا بۇ يىگىت مىسىردا كۆردۈم دەيدۇغۇ؟ بۇ قانداق گەپ؟ ! — دەپ سورىدى.

سودىگەر:

— راست، مەن يۇسۇپنى مىسىردا كۆردۈم، — دەپ ئىسپاتلىدى.

ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى:

— ئەي هارامزادە يالغانچى، سەن ئاتىمىزدىن بىرەرنەرسە ئۇندۇرۇۋالماق ئۈچۈن ئاتىمىزنى ئالداپ، بۇ سۆزنى ئويدۇرۇپ تېپىپ كەپسەن. ئىككىنچى يەنە مۇشۇنداق سۆزنى كۆتۈرۈپ كەلسەڭ، تېرەڭدىن تاسما تىلىمىز ! — دەپ قورشاپ هۇجۇم قىلىپ، ئازار بېرىشكە باشلىدى. سودىگەر قورقۇپ قاچتى، ياقۇپ خەتنىمۇ ئالالمىدى، ئۈمىدسىز هالدا قالدى...

ئەلقىسسە، زىلەيخا يۇسۇپكە جىلۋە قىلىپ ئۇنى ئالدىدى. هەر كۈنى هەر تۈرلۈك كىيىملەرنى كىيىپ ئۆزىنى زىننەتلەپ، يۇسۇپكە كۆرۈنۈش قىلدى. گاهى خۇشخۇيلۇق بىلەن، گاهى هەيۋە بىلەن يۇسۇپكە ئۆزىنى كۆرسەتتى.



يۈسۈپ زىلەيخانىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. بىر كۈنى زىلەيخا يۈسۈپنى ئالدىغا قىچقىرىپ:

— ئەي يۈسۈپ، سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ھالىمنى سورىمايسەن؟ ماڭا ئازراقمۇ ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟! مېنى ئىشقىڭ ئوتىدا ئۆرتەپ كۆل قىلماقچىمۇسەن؟!... ماڭا راستىڭنى ئېيتقىن. سېنىڭ زادى نېمە خىيالىڭ بار؟ ياخشىلىق بىلەن مۇرادىمنى ھەل قىلساڭ مەن سېنىڭ دېگىنىڭنى قىلاي، بولمىسا سەن مېنىڭ ئىلكىمدىكى قۇل. مەن ساڭا تۈرلۈك ئازابلارنى قىلىمەن. قولۇڭغا كەتمەن تۇتقۇزۇپ دېھقانچىلىققا سالىمەن! — دېدى.

يۈسۈپ:

— زىلەيخا، مەن سېنىڭ تۇزۇڭنى يېدىم. مالىك رېھان مېنى ساڭا مەھرەم قىلىپ خىزمىتىڭگە بەردى. مەن قانداقچە بۇ ئىشنى قىلىمەن؟ مالىك رېھان بۇ ئىشنى ئاڭلىسا، ماڭا ياخشىلىق يوق. سەنمۇ مەندىن بۇ ئىشنى تەلەپ ۋە تەمەمۇ قىلما! مەن پەيغەمبەرزادە بولساممۇ، سېنىڭ قۇلۇڭ، مېنى نېمە قىلساڭ قىلالايسەن! — دېدى.

زىلەيخانىڭ چاھار بېغى بار ئىدى. زىلەيخا يۈسۈپكە:

— بار!... چاھار باغقا كىر! ئۇ يەردىكى قۇللار قاتارىدا ئىشلە! — دېدى.

يۈسۈپ قولىغا كەتمەننى ئېلىپ چاھار باغقا كىردى. بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ كۆركەم بىر باغ ئىدى. تۈرلۈك مېۋىلەر پىشقان، ھەر خىل گۈللەر ئېچىلغانىدى. ئېقىن سۇلار، بۇلاقلار بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان، بۇلبۇللار سايرىشىۋاتقانىدى.

يۈسۈپ ئۈستىدىكى ئوردا كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، باغدىكى قۇللارغا ئوخشاش كىيىم كىيدى. قولىغا كەتمەننى ئېلىپ ئىشقا چۈشتى. باغۋەنلەر بۇنى كۆرۈپ:

— بىز يەر يۈزىدە بۇنداق چىرايلىق، كېلىشكەن كىشىنى كۆرگەن ئەمەس. بىز تۇرۇپ بۇ بۇنداق ئېغىر ئىشنى قىلمىسۇن، نامىزىنى ئوقۇپ دۇئا قىلىپ بىزلەرگە مەدەت بەرسۇن! — دېيىشتى.

يۈسۈپ ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئۇلار ئىشقا چۈشتى. زىلەيخا يۈسۈپنى باغقا ئىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ دىدارىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى سەزدى. ئۇ چىدىمىدى، سارايدىن باغقا قاراپ ماڭدى. باغنىڭ پەنجىرىسىدىن قاراپ يۈسۈپنىڭ جامالىنى كۆردى. بۇ چاغدا يۈسۈپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. زىلەيخا ئۆزىنى تۇتالماي باغقا ئۇسۇپ كىردى. ئۇ يۈسۈپنىڭ قېشىغا بېرىپ نامىزىنى تۈگەتكۈچە قاراپ تۇردى. كېيىن:

— ئەي ياخشى يىگىت، بۇ قانداق ئەقىلسىزلىق، سەن نېمە ئۈچۈن راھەتتىن قېچىپ، ئۆزۈڭنى مۇشەققەتكە دۇچار قىلىسەن؟ ھېلىمۇ مېنىڭ تىلىكىمنى ھەل قىلىپ، مېنىڭ قېشىمدا پاراغەتتە بىللە تۇرغىن! بىز بىللە بولايلى! — دېدى.



يۈسۈپ:

— ئەي زىلەيخا، مېنى سەن ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتكە سالساڭ مەيلى، ئەمما مەن سېنىڭ بۇ تەلىپىڭنى ئورۇندىيالمايمەن. بۇ خىل تەمەنى تاشلا! — دېدى.

شۇ چاغدا زىلەيخا يۇسۇپ ئۈچۈن مەخسۇس بىنا قىلدۇرغان سارايىنى ئويلىدى. ئۇ پۈتكەندى، ئۇنىڭ ئىسمىنى «بەيتۇل ئىكرام» (ئىززەت ئۆيى) دەپ قويغانىدى. زىلەيخا شۇ سارايغا قايتىپ بېرىپ، ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ نەپىس كىيىملىرىنى كىيدى. ئۆزىنى زىننەتلىدى. يۇسۇپنى شۇ يەرگە قىچقىرىشتى. كېنىزەك يۇسۇپنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— زىلەيخا سىزنى قىچقىرىدۇ! — دېگەندە، يۇسۇپ نېمە دېيىشنى ۋە نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى، كېيىن ئىلاجسىز ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

ئۇ قايسى ئىشىكتىن كىرسە، كېنىزەكلەر شۇ ئىشىكنى تاقىدى. يۇسۇپ زىلەيخانىڭ ئالدىغا كىردى. زىلەيخانىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئويالدى. تامغا قارىدى، ئۇ يەردىمۇ زىلەيخانىڭ ئۆزى بىلەن ئوينىشىپ تۇرغىنىنى كۆردى. پالاس، گىلەم، تام ـ تورۇسقا قارىدى، ئۇ يەردىمۇ شۇ خىل سۈرەتلەرنى كۆردى. يۇسۇپ ھەيران بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۇسۇپ، سەن كۆرگەن بۇ بىنا ۋە ئۇنىڭدىكى سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى سېنى ئۆزۈمگە قارىتىش ئۈچۈن قىلىنغان. كەل، ئوينايلى! — دېدى.

يۇسۇپ:

— مەن بۇنداق ئىشنى بىلمەيمەن ھەم قىلمايمەن. ئاتامىز ماڭا: «ھەر جايدا خۇدا ھازىر، گۇناھ قىلما!» دەپ نەسىھەت قىلغان، — دېدى.

زىلەيخا:

— مەن سېنىڭ خۇدايىڭغا ئاتاپ نۇرغۇن مال ۋە دۇنيا سەدىقە قىلاي. ئۇ سېنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتسۇن. سەن مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىل! — دېدى.

يۇسۇپ:

— مېنىڭ خۇدايىمنىڭ پۇل ۋە مالغا ئېھتىياجى يوق! — دېدى.

زىلەيخا:

— ئۇنداق بولسا، مەن سېنىڭ دىنىڭغا كىرەي. سەن مېنىڭ قوينۇمغا كىر! ... مۇرادىمنى ھاسىل قىل! — دېدى.

يۇسۇپ رەت قىلدى. زىلەيخا قولىغا پىچاقنى ئالدى ۋە:

— ئەي يۇسۇپ، سەن مېنىڭ تەلىپىمنى قاندۇرمىساڭ، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن، مېنىڭ ۋابالىم ساڭا بولىدۇ، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قالمىدى سەۋرى ـ قارارىم، ئاڭلىغان ئەسلى زاتىڭ،
كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت! كۆيدۇردى قارا خالىڭ،
سەنسىز مېنىڭ يوق تۇرارىم، ساقلىدىم ئامانىتىڭ،
كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت! كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت!

مەن تىلەيمەن ئابىھايات، مەن بولاي ساڭا قۇربان،
ھاسىل بولغايمۇ مۇراد؟ پىدادۇر بۇ خەستە جان،
تۈتى يېسۇن شېكەر ـ ناۋات، دەردىمگە قىلغىن دەرمان،
كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت! كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت!

سىنەمگە قويدۇم خەنجەر،     كېلىپ باغرىمنى تىلدىڭ،
ئۆلەرمەن ئەمدى، دىلبەر،     زىلەيخا ھالىنى بىلدىڭ،
يۇسۇپ، ئال تېزدىن خەۋەر،     ئەر تۇرۇپ مەندىن ئۇيالدىڭ،
كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت!     كەل، مۇرادىم ھاسىل ئەت!

زىلەيخا خەنجەرنى ئۆزىگە سالماقچى بولدى. يۇسۇپ قول ئۇزىتىپ زىلەيخانىڭ قولىدىن خەنجەرنى تارتىۋېلىپ يەرگە تاشلىدى. يۇسۇپنىڭ قولى زىلەيخانىڭ قولىغا تەگكەندە، ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر خىل ئىسسىق ئېقىم پەيدا بولدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۇسۇپ، سەن ماڭا رەھىم قىلىپ، مېنىڭ يۈزۈمگە بولسىمۇ قارىغىن! مېنىڭ كۆڭلۈم ئازراق ئارام تاپسۇن! — دېدى.

يۇسۇپنىڭ رەھمى كېلىپ زىلەيخاغا قارىدى. ئاھۇكۆزىگە كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ مۇھەببىتى يۇسۇپنىڭ قەلبىدە جۇش ئۇردى. زىلەيخانىڭ چاچلىرى ئەۋرىشىم يىپەكتەك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. يۇسۇپ زىلەيخانىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كەلدى. زىلەيخا دەرھال كىيىملىرىنى يېشىپ، يالىڭاچ دېگۈدەك بولدى.

يۇسۇپتىمۇ زوق پەيدا بولدى. ئۇمۇ كىيىمىنىڭ توپچىسىدىن بىرنى يەشتى. شۇ چاغدا غايىبتىن:

— ئەي يۇسۇپ، خۇدايىڭ ھازىردۇر، — دېگەن ئاۋاز كەلدى. يۇسۇپ بۇ ئاۋازغا قۇلاقمۇ سالمىدى. ئۇنىڭ قولى ئىككىنچى توپچىغا باردى. يەنە غايىبتىن:

— ئەي يۇسۇپ، زىنا ۋە گۇناھتىن ئۆزۈڭنى تارت! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

يۇسۇپ ئۆزىنى تۇتالماي، ئۈچىنچى توپچىنى يەشتى. شۇ چاغدا غايىبتىن يەنە:

— ئەگەر گۇناھتىن يانمىساڭ، بولغۇسى پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتىڭدىن مەھرۇم بولىسەن! — دېگەن ئاۋاز كەلدى. يۇسۇپ ئىككىلەندى. بۇنى سېزىپ زىلەيخا جىلۋىسىنى ئويناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇپ بۇ ئاۋازنىمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، تۆتىنچى توپچىنى يەشتى. غايىبتىن يەنە:

— خۇدادىن قورق. ئۆزۈڭنى ئازابقا تاشلىما! — دېگەن ئاۋاز كەلدى. يۇسۇپ پەرۋا قىلماي، بەشىنچى توپچىنى يەشتى. غايىبتىن يەنە:

— ئەي يۇسۇپ، ئۆزۈڭنى بۇلغىما! — دېگەن ئاۋاز كەلدى. يۇسۇپ ئالتىنچى توپچىنى يەشتى. غايىبتىن يەنە:

— ئەي يۇسۇپ، زىنا قىلساڭ، قىيامەتتە زىناخورلار قاتارىدا قوپىسەن. شۇلار قاتارىدا جازالىنىسەن! — دېگەن ئاۋاز كەلدى.

يۇسۇپنىڭ كىيىمى يەتتە توپچا (ئىزمىلىك) ئىدى. ئۇ بۇ ئاۋازغىمۇ قۇلاق سالماي يەتتىنچى توپچىنى يەشتى. شۇ چاغدا خۇدادىن جەبرائىلغا:

— تېز بار، يۇسۇپنى گۇناھتىن ياندۇرغىن! — دەپ پەرمان چۈشتى. جەبرائىل يەرگە چۈشتى. ئۇ يۇسۇپنىڭ كۆزىگە دادىسى ياقۇپنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كۆرۈندى.

— ئەي يۇسۇپ، سەن پەيغەمبەر ئۇرۇقى تۇرۇپ بۇنداق يامان ئىشنى قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟! — دېدى.

يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى ۋە يۈزىنى كۆردى. قولىنى چىشلەپ ئورنىدىن قوپتى. ئارقە-



سىغا بۇرۇلۇپ:

ـــ ۋادەرىخا ! ـــ دەپ ئەپسۇسلىنىپ قاچتى.

زىلەيخا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. يۇسۇپ قېچىپ قايسى ئىشىككە كەلسە، شۇ ئىشىك ئۇنىڭغا ئېچىلىپ تۇردى. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىشىكتە زىلەيخا يۇسۇپكە يېتىشتى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقا يا- قىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. كۆڭلەكنىڭ زىلەيخا تۇتقان يېرىمى يىرتىلدى. يۇسۇپ قولىدىن چىقىپ كەتتى. زىلەيخا يۈزىچە يەرگە يىقىلدى. ئاغزى - بۇرنىدىن قان ئېقىپ هوشىدىن كەتتى. بۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا مالىك رىھان مىسىرنىڭ چوڭلىرى ۋە ئەزىزلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى بۇلارغا چۈشتى. بۇلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېلەتتى. زىلەيخانىڭ كۆزىمۇ پادىشاھقا ـــ ئېرىگە چۈشتى. ئۇ هوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن نالە - پەرياد بىلەن تۇردى ۋە:

ـــ ئەي ئەزىزى مىسىر، ئەي پادىشاھ، سەن ماڭا بۇ كەنئانلىق قۇلنى مېنىڭ تەلىپىم بىلەن سېتىۋېلىپ ماڭا مەھرەم قىلىپ بەرگەنىدىڭ، بۇ ماڭا بەڭۋاشلىق قىلدى. ئەمدى سەن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ كۆزدىن يوقاتمىساڭ، مەن بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن ! ـــ دەپ ياش تۆكۈپ يىغلىدى.

مالىك رىھان جاللاتلارنى بۇيرۇپ يۇسۇپنى تۇتتۇرۇپ كەلدى. جاللاتلار پەرمان كۈتۈپ شاھقا قاراپ تۇراتتى، شۇ چاغدا يۇسۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

كەرىما، زاتى پاكىڭدىن،
قۇلۇڭنى زادى كەم قىلما!
بۇ زالىم دەردى ـ كۈلپەتتىن،
يۈرەكىمگە ئەلەم قىلما!

ماڭا ئۆزگە پاناھ يوقتۇر،
مېنىڭدەك بىناۋا يوقتۇر.
بۇ دەردىمگە داۋا يوقتۇر،
زىيادە دەردى ـ غەم قىلما!

بوۋام ئىبراھىم، ئىسمائىل،
ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىن قىلغىن.
بۇ زالىم دىلىغا سالغىن،
ئەزىزىڭغا سىتەم قىلما.

بوۋام ئىسھاق نەبى ھەققى،
ئاتام ياقۇپ رەسۇل ھەققى.
ئۇلارنىڭ ھەققىدە ئەلھەق،
كۆزۈمنى مۇنچە غەم قىلما!

خۇدايا، بىناۋادۇرمەن،
بالاغا مۇپتىلادۇرمەن.
نېتەي، نەيلەي، رىزادۇرمەن،
يۇسۇپنى زەردە ـ غەم قىلما!

يۇسۇپ بۇ مۇناجاتنى تۈگىتىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قېشىغا جەبرائىل يېتىپ كەلدى. ئۇ زات:

— ئەي يۇسۇپ، شاھ سەندىن بۇ ئىش ھەققىدە گەپ سورىسا، سەن كىرگەن ئۆيدىكى زىلەيخانىڭ كۇندىشىنىڭ بۆشۈكتە ياتقان قىرىق كۈنلۈك بوۋىقنى گۇۋاھلىققا تارت ۋە خۇدانىڭ قۇدرىتىنى كۆر!— دېدى.

شۇ چاغدا مالىك رېھان:

— ئەي يۇسۇپ، مەن سېنى پۈتۈن خەزىنىلىرىمنى بېرىپ سېتىۋالغانىدىم، مەن سېنى ياخشى ئادەم بولسۇن دەپ پەرزەنتىم دەپ ئاتىدىم. بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟! — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ۋە زىلەيخانىڭ ئالدىدا ھېچقانداق گۇناھ قىلمىدىم. مېنىڭ بۇ ئىشتا گۇۋاھچىم بار! — دېدى.

مالىك رېھان غەزەپلىنىپ:

— قېنى سېنىڭ گۇۋاھچىڭ؟! — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ ئۆيدىكى قىرىق كۈنلۈك بوۋاقنى گۇۋاھلىققا تارتتى. كېنىزەكلەر سارايدىن بۆشۈكتە ياتقان قىرىق كۈنلۈك بوۋاقنى ئېلىپ چىقىپ، ئاتىسى مالىك رېھاننىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ مالىك رېھاننىڭ باشقا خوتۇنىدىن بولغان بالا ئىدى. مالىك رېھان ئۇنى كۆرۈپ تونۇدى. شۇ چاغدا تەڭرى بالىغا زەبان ئاتا قىلدى. بالا دادىسىغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تۆھمەت بىلەن ئۇنىڭغا جىنايەت ئارتماڭ،
تەڭرى غەزەپ ئەيلەر، مىسرى ئەزىزى.
«يۇسۇپتە گۇناھ!...» دەپ رىۋايەت ئېيتماڭ،
ئادالەتلىك ئىش قىلىڭ، مىسرى ئەزىزى.

يۇسۇپ ئاللاغا دۇئا ئەيلىدى،
زىلەيخا يۇسۇپكە جاپا ئەيلىدى،

يۇسۇپ خۇداغا سانا ئەيلىدى،
يۇسۇپ ئەرزىن ئاڭلاڭ، مىسرى ئەزىزى.

پادىشاھ قارىغىن دەردى ناكىغا،
نەزەر قىل يۇسۇپنىڭ كۆڭلەك چاكىغا،
ئالدىدىمۇ ياكى چېكى كەينىدە،
ئوبدان كۆرۈپ ئىش قىلىڭ، مىسرى ئەزىزى.



چاك ئالدىدا بولسا، يۇسۇپ ياماندۇر،
زىلەيخا تۆھمەتتىن بىلىنىڭ ئاماندۇر،
چاك ئارقىدا بولسا، بالايى جاندۇر،
گۇناھ زىلەيخادادۇر، مىسىرى ئەزىزى.

ئاتا، سىز تۆھمەتتىن ھەزەر ئەيلىگىز،
گۇۋاھلىقىم راستتۇر، نەزەر ئەيلىگىز،
يۇسۇپ قۇياشتەك پاكدۇر، بىلىگىز،
ئۇ ھەقنىڭ ئەزىزى، مىسىرى ئەزىزى.

پادشاھ قىرىق كۈنلۈك بالىسىنىڭ سۆزلىگىنىگە ھەيران قالدى. دەرھال يۇسۇپنىڭ كۆڭلىكىگە قارىدى. كۆڭلەكنىڭ يىرتىلغان چېكى ئارقىسىدا ئىدى. پادشاھ بىلدىكى، گۇناھ زىلەيخادادۇر. شۇنداق بولسىمۇ يۇسۇپكە بىر قاتار نەسىھەت قىلدى. زىلەيخاغا ئازار بەرمىدى. بۇ سىرنى باشقىلاردىن پىنھان تۇتۇپ، يۇسۇپنى يەنە ئاۋۋالقى خىزمىتىگە قويدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۇسۇپ، مالىك رىھان ماڭا ھېچ نەرسە دېگىنى يوق. گۇناھنى يەنە ساڭا قويۇپ، بىرمۇنچە قاتتىق - يىرىك گەپلەرنى قىلدى. سېنى يەنە مېنىڭ ئىختىيارىمغا بەردى. ئەمدى سېنى قانداق قىلسام ئىختىيار ئۆزۈمدە. ھېلىمۇ ھەم كەل، مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىل! — دېدى.

يۇسۇپ زىلەيخاغا:

— ئەي زىلەيخا، ھېلىمۇ سەن بۇ ئىشنى مەندىن تەمە قىلما! جېنىم تەندە بولسىلا مەن بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، — دەپ چىقىپ كەتتى.

ئوردىدىكى ۋەزىر ۋە ياساۋۇللارنىڭ ئاياللىرى زىلەيخانى بۇ ئىشتا ئەيىبلەپ، ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى. بۇ گەپ زىلەيخانىڭ قۇلىقىغا يەتتى. زىلەيخا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. زىلەيخا يۇسۇپكە شاھانە كىيىم كىيدۈردى. يۈزىگە نىقاب تارتىشنى بۇيرۇدى. كېيىن:

— ئەي يۇسۇپ، ئاپتۇۋا، چىلاپچا ئەكىرىپ بۇلارنىڭ قولىغا سۇ بەر، — دېدى.

يۇسۇپ ئىشىكتىن كىردى، ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇسۇپنىڭ قەددى - قامىتىگە قاراپ قالدى. زىلەيخا ئۇلارغا ئاش تارتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئالدىغا بىردىن

پىچاق قويۇپ گۆشنى پارچىلاشقا تەكلىپ قىلدى. كېيىن ئۇ يۈسۈپكە قاراپ:

— ئەي يۈسۈپ، يۈزۈڭدىن نىقابنى ئال! — دەپ بۇيرۇدى. يۈسۈپ نىقابنى ئالدى. پىچاق ئېلىپ گۆش توغراۋاتقان خوتۇنلارنىڭ ھوشى كاللىسىدىن ئۇچتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپنىڭ جامالىغا تەكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قېلىپ پىچاق بىلەن ئۆزىنىڭ قولىنى كېسىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن زىلەيخا ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ:

— ئەي يۈسۈپ، بولدى ئەمدى، سىرتقا چىقىپ ئىشىڭنى قىل! — دېدى.

بۈگۈن شەرھى دىلىم ئېيتاي،
دائىما قان يىغلايمەن.
ھەمىشە ئىشقى ئوتى ئىچرە،
كۆيۈك مىسلى سەمەندەرمەن.

نەچچە يىلدىن بۇرۇن ھالىم،
تۈگىمەس باشتا سەۋدايىم،
ئېچىلماس پارە ئىشكالىم،
يولىدا بىر قەلەندەرمەن.

يۈرەك ـ باغرىمنى داغلىدىم،
يۈسۈپكە مەدھىيە ئەيلىدىم،
يېرىمدە تازا گۈل ئىدىم،
ئوتتۇنچى سۆزىمەندۇرمەن.

مېنى ئەيىب ئەتمىگىز خانلار،
ئەزىز جان ئىچرە مېھمانلار،
يۈزى گۈل، كۆزى مەستانلار،
تېخى جانىم پىدادۇرمەن.

زىلەيخا دەردىگە يىغلار،
يۈسۈپ دەپ باغرىنى داغلار،
قاچان بىر ۋاقىتنى چاغلار،
يۈسۈپكە مۇسەخخەردۇرمەن.



زىلەيخانىڭ نەزمىسىنى ئاڭلىغان خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپنى ئالدىغا قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى.

— ئەي يۈسۈپ، زىلەيخانىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىل! ئۇنى زارلاتما! — دېيىشتى.

يۈسۈپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى. ئۇلار زىلەيخا بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىققاندىن كېيىن، ھەربىرى يۈسۈپنى ئۇچراتقاندا:

— ئەي يۈسۈپ، سەن زىلەيخادىن ئۆزۈڭنى تارتىپ ناھايىتى ئوبدان ئىش قىلدىڭ. كەل، بىز بىلەن بول. بىز زىلەيخاغا قارىغاندا ياخشىراقدۇرمىز. بىز سېنى زىلەيخادىن ياخشىراق رازى قىلىمىز، — دېيىشتى.

يۈسۈپ ئۇلارغا:

— ئەي نازىنىنلار، سىلەرمۇ مەندىن بۇ ئىشنى تەمە قىلماڭلار! پاھىشە قىلىش ئەخلاقسىز كىشىنىڭ ئىشى. ئاتامنىڭ دىنىدا بۇ ئىش قاتتىق مەنئى قىلىنغان. ئەگەر مەن بۇ ئىشنى قىلسام، زىلەيخا بىلەنلا قىلاتتىم. چۈنكى زىلەيخا پۈتۈن مال - مۈلكىنى، خەزىنىسىنى ماڭا ھەدىيە قىلدى. ئۇ مېنىڭ ئوتۇمدا كۆيمەكتە. لېكىن، مەن ئۆلۈمگە رازى، بۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلىشقا رازى ئەمەس. مەن ئۇنداق ئىشقىمۇ تۇغۇلمىغان، — دەپ جاۋاب بەردى.

خوتۇنلار يۈسۈپتىن قاتتىق رەنجىدى. ئۇلار يۈسۈپتىن يۈزىنى ئۆرۈپ كېلىپ ئۇنى زىلەيخاغا چاقتى:

— بۇنداق ئەدەپسىز قۇلنىڭ جايى زىندان. شۇ يەردە يېتىپ توۋا قىلسۇن. ئاچچىق تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىسۇن! — دېيىشىپ كېتىشتى.

زىلەيخا مالىك رىھاننىڭ قېشىغا كىردى.

— سەن ماڭا بىر كەنئانلىق قۇلنى سېتىۋېلىپ مەھرەم قىلىپ بەرگەنىدىڭ. ئۇ قۇل مېنىڭ خىزمىتىمنى ۋە بۇيرۇقۇمنى ئادا قىلمىدى! — دەپ چاقتى.

مالىك رىھان:

— ئۆزۈڭ تەلەپ قىلدىڭ، ئۇنى سېتىۋېلىپ ساڭا ھەدىيە قىلدىم. ئەمدى مېنى يەنە نېمە قىل دەيسەن؟! — دەپ سورىدى.

— ئۇنى زىندانغا سالماق لازىم! — دېدى زىلەيخا. شاھ يۈسۈپنى زىندانغا بۇيرۇدى. يۈسۈپ زىندانغا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ قەدەم قويدى. زىنداندا ئادەم كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سالام قىلدى. يۈسۈپ ئىلىك ئالدى.

زىلەيخا يۈسۈپتىن ئايرىلىپ قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ مالىك رىھاننىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن زىندانغا يېتىپ كەلدى. گۈندىپايلارغا ھەيۋە قىلىپ:

— سىلەر يۈسۈپنىڭ قول - ئايىغىنى بوش قويۇپسىلەر، — دەپ ئۆزى زىندانغا چۈشتى. يۈسۈپنىڭ قول - ئايىغىغا زەنجىر سېلىپ سىرتقا ئاچىقتى.

زىلەيخا يۈسۈپنىڭ جامالىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئارام تاپتى. كېيىن يۈسۈپنى زىندانغا سولاپ قويۇپ، ئۆزى ئۆيىگە راۋان بولدى. بىرنەچچە كۈن شۇ خۇشاللىقتا ياشىدى. كېيىن زىندان بېگىگە كىشى ئەۋەتىپ:

— ئۇنى ھەر كۈنى ئۇرۇڭلار، كۈندە بىر - ئىككى قېتىم ئۇنىڭ «ئاھ» ئۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىمىسام، مېنىڭ كۆڭلۈم ئارام تاپمايدىكەن! — دېدى.

زىندان بېگى يۈسۈپنىڭ قېشىغا كىرىپ:



— ئەي تازا زات! زىلەيخا بىزگە پەرمان بىلەن كىشى ئەۋەتىپتۇ. يۇسۇپنى كۈندە ئىككى قېتىم قاتتىق تاياقتا بېسىڭلار، ئۇ تاياقنىڭ ئەلىمىگە چىدىماي «ئاھ!...» ئۇرسا، مېنىڭ كۆڭلۈم تەسكىن تاپىدۇ، دەيدۇ. سىزنى گۇناھسىز ھالدا ئۇرۇشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. سىز كۈندە ئىككى قېتىم قاتتىق تاياق يېگەن كىشىلەردەك ئاھ ئۇرۇپ قويسىڭىز، بىزمۇ تاپا - تەنىلەردىن قۇتۇلساق! — دېدى.

يۇسۇپ كۈندە ئىككى قېتىم قاتتىق «ئاھ!...» تارتىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇنى ئاڭلاپ زىلەيخا خاتىرجەم بولدى.

زىلەيخا بىر كۈنى: «يۇسۇپ بىرمۇنچە دەرد - بالالارغا سەۋر قىلدى. مەنمۇ سەۋر قىلسام بولمامدۇ؟ ئەي يۇسۇپنىڭ خۇداسى، ماڭا سەۋر ئاتا قىلغىن ياكى مەندىن ئالدىغان ئامانەتنى ئالغىن!...» دەپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ئەي يۇسۇپنىڭ خۇداسى، ئەرزىم ساڭا، يارىم بەر!
ئاغزى ئېچىلغان غۇنچىدەك، باغ ئىچرە باھارىم بەر!
ئۆمرۈمگە شامال تەگمەس، سەن مېنىڭ مۇرادىم بەر!
سەرۋى قەددى جېنىم ھەم گۈل يۈزلۈك نىگارىم بەر!
يا ئال بۇ ئامانەتنى، يا سەۋرى قارارىم بەر!

مەن كۆيۈپ ئادا بولدۇم، مېنى كۆپ خاراب ئەتمە،
بىر زەررە ۋۇجۇدۇمغا، قەھر ئەيلەپ ئازاب ئەتمە،
كۆڭلۈمگە سىلىپ مېھرىن، كۆز يېشىمنى ئاب ئەتمە،
يۇسۇپتىن ماڭا ھەرگىز، يا رەب، يا خىتاب ئەتمە،
يا ئال بۇ ئامانەتنى، يا سەۋرى قارارىم بەر!

يەتمىدى ئاڭا ئاھىم، ھەرچەندە پىغان ئەيلەپ،
ئىشقىدا كۆيدى جانىم، رەسۋايى جاھان ئەيلەپ،
ئۆمرۈمنى قىلىپ بەربات، كۆز يېشىمنى قان ئەيلەپ،
كويۇڭدا مېنى چاك قىلما، گىرىبان، نىھان ئەيلەپ،
يا ئال بۇ ئامانەتنى، يا سەۋرى قارارىم بەر!

يا رەب، ماڭا يۇسۇپنىڭ ھىجرانىدا تاقەت يوق،
ئۆلۈمدىن ماڭا باشقا، بىر زەررە ھىمايەت يوق،
كۆڭلۈمدە مېنىڭ ھەرگىز، بىر زەررە خىيانەت يوق،
يىغلايمەن كېچە - كۈندۈز، ئېيتقۇدەك ھېكايەت يوق،
يا ئال بۇ ئامانەتنى، يا سەۋرى قارارىم بەر!

ئەي ۋاھىدى، كۆڭلى ھال[5]، رىزقى ئەيلە قانائەتنى،
بېشىمغا مېنىڭ قويما، يۈز دەردى قىيامەتنى،
زىلەيخا ھەردەم ئىزلەر، سەۋر ھەم قانائەتنى،
ھەر خىل كۆپ جاپالاردىن كۆردۈم بۇ ئالامەتنى،
يا ئال بۇ ئامانەتنى، يا سەۋرى قارارىم بەر !

زىلەيخا مۇخەممەسنى تۈگىتىپ، قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە توۋا قىلدى. ھەقتائالا ئۇنىڭ توۋىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭغا سەۋر - تاقەت ئاتا قىلدى. زىلەيخا ئۆز دىنىي ئادىتى بويىچە تائەت - ئىبادەتكە كىرىشتى.

يۈسۈپ بىر رىۋايەتتە يەتتە يىل، يەنە بىر رىۋايەتتە ئون يىل زىنداندا ياتتى دېيىلدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭمۇ دەردى كۆپىيىپ، پىغانى ئۆرلەپ، ھەقتائالاغا مۇناجات قىلدى:

نەچچە يىل چاھۇزىنداندا،
ئاجايىپ مەنزىل ئەيلەپمەن.
گۇناھىم ۋەھمىدىن سائەتمۇ
سائەت زار ئەيلەپمەن.

ياتارمەن چاھۇزىنداندا،
ئاتامنىڭ دەردىدە يىغلاپ.
ئاچام بىرلە ئىبنى يەمىندىن،
ئۆزۈمنى يەكدىل ئەيلەپمەن.

خۇداۋەندا، ئاتامنىڭ،
ھالىدىن بىر خەۋەر بەرگىن.

ئەگەر يوقتۇر تاقىتىم، ھىجرى
ئىلە ئەمدى مۇشكۇل ئەيلەپمەن.

كۆيۈپ پەرۋانىدەك شام ئۈزرە،
تاقەت قالمىدى ھەرگىز.
پىراق ئوتىغا كۆڭلۈمنى،
ئەمدى قەندىل ئەيلەپمەن.

ئاتام بىرلە ئىبنى يەمىنىنىڭ،
پىراقىدا كۆيەر جانىم.
يۈرۈپ نالە قىلىپ ھەردەم،
ئۆزۈمنى بۇلبۇل ئەيلەپمەن.

يۈسۈپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپ يىغلىدى. ھەقتائالادىن جەبرائىلغا:

— بارغىن، يۈسۈپكە دېگىن ! كۆپ تاقەتسىزلىك قىلمىسۇن. ئۇ مىسىرغا سۇلتان بولىدۇ. پۈتۈن مىسىر خەلقى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇنى «قۇل» دەپ ساتقان ئاكىلىرىنىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا شەرمەندە ۋە رەسۋا قىلىمەن، — دەپ پەرمان بولدى.

جەبرائىل بۇنى يۈسۈپكە يەتكۈزدى. چۈش تەبىرلىرىدىن تەلىم بەردى. جەبرائىل ئۇنىڭ ئاغزىغا ئاق بىرنەرسە سالغانىدى، دىلى ئايدىڭلاشتى.

يۈسۈپ بىر كۈنى زىنداندا ئولتۇرۇپ ئاتىسى، ئۇكىسى ۋە باشقا قېرىنداشلىرىنى ئەسلىدى. «ھازىر ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ بىرەر كىشى يولۇقسا، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسام !...» دەپ زىندان تېمىنىڭ پەنجىرىسىگە كەلدى. قاراپ تۇرغانىدى، تۆگە مىنگەن بىر كەنئانلىق سودىگەرنى كۆردى.

يۈسۈپ قاتتىق ئاۋازدا:

— ھاي، كىم سەن؟ زىندان پەنجىرىسىگە — مېنىڭ ئالدىمغا كەلگىن، سورايدىغان سوئالىم بار ! — دېدى.

ئۇ كەنئاندىن كەلگەن سودىگەر ئىدى. سودىسىنى تۈگىتىپ يانغاندا، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ زىندان پەنجىرىسىگە كېلىپ يۈسۈپنى كۆردى. ئۇنىڭ سۆزى، تۇرقى كەنئانلىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. يۈسۈپ سودىگەرگە:

— ئەيمەنمە، يېقىنراق كەل ! — دېدى.





سودىگەر زىندان پەنجىرىسىنىڭ تۈۋىگە يېقىن كېلىپ:

ــ ئەي زىنداندا ياتقان بىناۋا يىگىت، نېمە سۆزۈڭ بار؟ ! ــ دەپ سورىدى.

يۈسۈپ سودىگەردىن بۇ سوئالنى سورىدى:

سودىگەر، سەندىن بىر ئىشنى سوراي،
بىزنىڭ ئەلدە ياخشى پىرلەر ئامانمۇ؟!...
راست سۆزلىگىن، ماكانىڭنى مەن بىلەي،
قەيەردىن كەلدىڭ، ئەللەر ئامانمۇ؟!...

سودىگەر:

ئەي يىگىت، مەندىن سەن سوئال سورىدىڭ،
تاۋۇشۇڭدىن بۇلبۇل ساداسىن كۆردۈم.
يۈزۈمگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىڭدىن،
دەرد ـ ئەلەم، ئازابىنىڭ جاپاسىن كۆردۈم.

يۈسۈپ:

يەتتە يىلدۇر زىندان ئىچرە ياتارمەن،
ئەزىز مىسرى جاپاسىن تارتارمەن،
كەنئان ئىچرە بىر كىشىنىڭ ئوغلىمەن،
بەنى ئىسرائىلدىكى پىرلەر ئامانمۇ؟!...

سودىگەر:

مەندىن خەۋەر سورىساڭ، سورىغىن هامان،
مېنىڭ ماكانىمدۇر مىسىر هەم كەنئان،
دىلىڭدا قالمىسۇن زەررىچە ئارمان،
سېنىڭ هالىڭنىڭ بالاسىن كۆردۈم.

يۈسۈپ:

نەچچە يىلدۇر يىراق چۈشتۈم ئاتادىن،
تاقىتىم يوق زىندان ئىچرە ياتاردىن،
بىلمەيمەن، نەچچە يىل ئۆتتى ئارادىن،
ئۇ ياقۇپ پەيغەمبەر، پىرلەر ئامانمۇ؟!

سودىگەر:

سورىساڭ نەبى كۆپ ئىنتىزار ئۆزى،
يۇسۇپ ئارزۇسىغا گىرىپتار ئۆزى،
ھەمىشە يىغلاشتىن گىرياندۇر كۆزى،
سەندە كۆپرەك ئۇنىڭ «ئاھ... زارىن» كۆردۇم.

يۇسۇپ:

ياقۇپقا بارساڭ دېگىن: بىر كىشى بارمىش،
سېنىڭ ئۈچۈن قىزىل يۈزى سارغارمىش،
زىندان ئىچرە كۆزى ياشتىن قىزارمىش،
يەھۇدادەك كىشىلەر يۇرتىدا ئامانمۇ؟

سودىگەر:

سۆزلىرىڭدە ھەمىشە ياقۇپلا دەيسەن!
ئۇنىڭ ئۈچۈن غەم ـ غۇسسە تىنىماي يۇتارسەن!
يا ياقۇپ يىتتۈرگەن قوزا سەنمۇسەن؟!
شېكەردەك سۆزۈڭنىڭ مەززىسىن كۆردۈم.

يۇسۇپ:

ئەسلىمنى ئېيتىشقا پەرمانمۇ يوقتۇر،
بۇ يەرگە باشقىچە دەرمانمۇ يوقتۇر،
ياقۇپنىڭ دىلىدا گۇمانمۇ يوقتۇر،
ئىبنى يەمىن غۇنچە گۇللەر ئامانمۇ؟!

سودىگەر:

خۇش قال، يىگىت، يولۇم يىراق، كېتەيمەن،
ھەق بۇيرۇسا نامىڭ ئېلىپ يېتەيمەن،
ئەزىزىمگە: «سۆيۈنچە بەر!» دېگەيمەن،
پاتىھە بەر، يۈزۈڭنىڭ شولىسىن كۆردۈم.

دەپ سودىگەر يولغا چۈشتى. مەنزىللەرنى بېسىپ كەنئانغا يەتتى. يۇسۇپنىڭ سالىمىنى ئېلىپ ياقۇپنىڭ قېشىغا كىردى.

ياقۇپ ئۇ سودىگەردىن:

ــ سەندىن ماڭا سالام ئېيتقان ئۇ يىگىتنى قانداق كۆردۈڭ؟! ــ دەپ سورىدى.

سودىگەر كۆرگەنلىرىنى ياقۇپقا بايان قىلدى.

ــ «ئىسمىمنى ئېيتىشقا رۇخسەت يوق» دېدى. «قولى باغلاقلىق، يۈرىكى داغلاقلىق، ئۆزى زىنداندا قالدى» دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. مەن خوشلىشىپ ماڭغاندىن كېيىن، ئارقامدىن: «ئەي ياخشى كىشى، ياقۇپقا مېنىڭ نامىمدىن سالام دېگىن. قوزىسىنى ئەسكە ئېلىپ دۇئا قىلسۇن. ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكاتىدىن بىزلەر زىنداندىن ۋە غەمدىن خالاس بولىمىز» دەپ يىغلىدى، ــ دېدى.

ياقۇپ سودىگەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، قاتتىق «ئاھ!...» تارتىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

نە ئىش قىلساڭ رىزامەن،
ئامان خۇدا قىل ئامان.
يۇسۇپۇمدىن جۇدامەن،
ئامان خۇدا قىل ئامان.

بەرمىسەڭ ساقلا ئۇنى،
چۆلدە ياكى زىنداندا،
يۈرىكىم مىڭ ئارماندا،
ئامان خۇدا قىل ئامان.

يا بەرگىن يۇسۇپۇمنى،
يا ئالغىن ئامانەتنى.
دەرگاھىڭغا يۈز تۇتتۇم،
ئامان خۇدا قىل ئامان.

يۇسۇپۇم، ئاھ يۇسۇپۇم،
بەختى ئىقبال، يۇسۇپۇم،
تەلپىم شۇ خۇدادىن،
ئامان قىل خۇدا ئامان.

دەردكە دەرمان يۈسۈپۈم،
كۆزى مەستان يۈسۈپۈم،
كۆيدى بۇ جان يۈسۈپۈم،
ئامان قىل خۇدا ئامان.

چېچى سۇمبۇل يۈسۈپۈم،
يۈزى بىر گۈل يۈسۈپۈم،
جەننەتتە ھۆر يۈسۈپۈم،
ئامان قىل خۇدا ئامان.

ياقۇپ ئېيتۇر يۈسۈپۈم،
كۆزۈم نۇرى يۈسۈپۈم،
ئامان بولغىن يۈسۈپۈم،
ئامان خۇدا قىل ئامان.

ياقۇپنىڭ پىغان بىلەن ئوقۇغان شېئىرىنى ئاڭلاپ ئوغۇللىرى يېتىپ كېلىشتى. ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— ئەي ئاتا! يەنە نېمە ۋەقە يۈز بەردى؟ نېمىگە شۇنچە پەرياد قىلىسىز؟! — دەپ سوراشتى.

ياقۇپ:

— بۈگۈن يەنە يۈسۈپۈمدىن خەۋەر ئالدىم، — دېدى. ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى:

— بۇ سالامنى سىزگە كىم ئېلىپ كەلدى؟ — دەپ سوراشتى.

ياقۇپ ئىشارەت بىلەن:

— ئەنە ئۇ كىشى! — دەپ سودىگەرنى كۆرسەتتى.

ئۇ سودىگەر بۇلارغىمۇ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى، ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. سودىگەرنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، يەھۇدا ۋە شەمئۇنلار ئالەمنى بېشىغا كىيىپ:

— ئەي ھارامزادە، بۆرە يېگىنىگە نەچچە يىل بولغان يۈسۈپنى «كۆردۈم» دەپ، دادىمىزنىڭ ئوتى - پىراقىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرماقچىمۇسەن؟!... — دەپ، ھەر تەرەپتىن كېلىپ كارۋاننى تۇتۇپ سۆرەپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇ ئاخىر قېچىپ قۇتۇلدى. بولغان ئىشنى كۆرگەن ئىبنى يەمىن ئاتىسىغا سودىگەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى تولۇق سۆزلەپ بەردى. ياقۇپ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، ئۇنىڭ نالىسىدىن ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەلدى. شۇ چاغدا جەبرائىلغا جانابىي ھەقتىن:

— ياقۇپقا ئېيتقىن! سەۋر قىلسۇن. ئۇ پات يېقىندا غەمدىن خالاس بولىدۇ، — دېگەن پەرمان چۈشتى.

جەبرائىل ياقۇپقا بۇ ۋەھيىنى يەتكۈزدى. ياقۇپ جەبرائىلدىن:

— مېنىڭ يۈسۈپۈمدىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بارمۇ؟! — دەپ سورىدى. جەبرائىل جاۋاب بەرگۈچە، ياقۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

ھەقتىن ماڭا پەرمان ئېلىپ كېلۇرسەن،
يۈسۈپۈمدىن خەۋەر بەرگىن، جەبرائىل.
نەدە بولسا بار - يوقنى بىلۇرسەن،
يۈسۈپۈمدىن خەۋەر بەرگىن، جەبرائىل.

ھەممىشە ئۇ ماڭا ھەمراھ ئىدىلەر،
ئاكىلىرى شىكارغا ئېلىپ كەتتىلەر،
بىلمىدىم ئارادا نە ئىش ئۆتتىلەر؟
يۈسۈپۈمدىن خەۋەر بەرگىن، جەبرائىل.

ئەجەل يېتىپ پەيمانىسى تولدىمۇ؟
ئېچىلمىغان تازا گۈلۈم سولدىمۇ؟
ئاقىۋەت قىسمىتى شۇنداق بولدىمۇ؟
يۈسۈپۈمدىن خەۋەر بەرگىن، جەبرائىل.

ياقۇپ ئېيتۇر: چارە يوقتۇر پەرمانغا،
پىراق دەردىدىن مەن قالدىم ئارمانغا،
يۈسۈپنىڭ بار - يوقى سالدى گۇمانغا،
يۈسۈپۈمدىن خەۋەر بەرگىن، جەبرائىل.

جەبرائىل ياقۇپقا:

— ئەي ياقۇپ ! مەن بۇرادىرىم ئەزرائىلدىن: «يۇسۇپنىڭ جېنىنى ئالدىڭمۇ؟ !» دەپ سورىغاندىم، ئەزرائىل: «ياق، ئالمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى، — دېدى. بۇ سۆزدىن كېيىن جەبرائىل غايىب بولدى. ياقۇپ غەمخانىسىگە كىرىپ كەتتى.

غەرب مەملىكەتلىرىدىن بىرىنىڭ شاھى، مىسىر پادىشاھى مالىك رىيھانغا دۈشمەن ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مالىك رىيھاننىڭ مەھرەملىرى ئىچىدىن ئاشپەز بىلەن ساقىينى قولغا كەلتۈرۈشتى. كېيىن شۇلار ئارقىلىق مالىك رىيھانغا زەھەر بەرمەكچى بولۇشتى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار مالىك رىيھانغا زەھەر بەرگۈچىنى شۇنىڭ ئورنىغا مىسىرغا شاھلىققا كۆتۈرمەككە ۋەدىلەشتى. ساقىي زەھەرنى ئېلىپ كېلىپ ئاشپەزگە بەردى. ئاشپەز دەسلەپتە بۇ ئىشقا قىزىقمىدى ۋە:

— مەن نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ تۇزىنى يەپ كېلىۋاتىمەن. قانداقمۇ تۇزكورلۇق قىلىمەن؟ ! — دەپ رەت قىلغانىدى. كېيىن ئۇ بىردىنلا مەنسەپكە قىزىقىپ، بۇ ئىشقا ماقۇل بولدى. ئۇ ئاخىر ساقىي ئېلىپ كەلگەن زەھەرنى مالىك رىيھانغا ئەتكەن تائامغا سالدى، ئۇنى ئېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا كىردى ۋە تائامنى قويۇپ تەزىم قىلدى:

— ئەي شاھى جاھان ! مېنىڭ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز. مېنىڭ سىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

شاھ:



— ھەرقانداق گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۈم. سۆزلە ! — دېدى.

ئاشپەز:

— ساقىي سىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ماڭا زەھەر بەرگەنىدى. مەن ئۇنى ئالدىڭىزدىكى تائامغا سېلىپ ئەكىردىم. مېنىڭ سىزگە بولغان ساداقىتىمنى بىلىپ قالسىڭىز ! — دېدى.

شاھ دەرھال ساقىينى قىچقىردى. بۇ ئىشنى سورىغاندا، ئۇ تېنىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شاھقا بولغان ساداقىتىنى ئىسپاتلەپ قەسەم ئىچتى. شاھ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن تەڭ گۇمان قىلىپ، ئۇلارنى زىندانغا سالدى. ئۇلار زىنداندا يۈسۈپنى كۆردى، تونۇشتى.

بىر كېچىسى ساقىي يېتىپ بىر چۈش كۆردى. ئەتىسى ئۇ چۈشىنى يۈسۈپكە ئېيتىپ بەردى ۋە تەبىر سورىدى. ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشى مۇنداق ئىدى:

— مەن، — دېدى ئۇ، — بىر تال ئۈزۈمنى يېدىم، ئۇنىڭدىن ئۈچ تال ئۇرۇق چىقتى. ئۇنى يەرگە تىكتىم. تەك ئۈنۈپ چىقتى، ئۈزۈم بولدى. سىققانىدىم، شاراب بولدى. ئۇنى پادىشاھقا تۇتتۇم. شاھمۇ ئىچتى، مەنمۇ ئىچتىم. بۇنىڭ تەبىرى قانداق بولىدۇ؟!

يۇسۇپ ساقىيغا:

— بۇ چۈشىنىڭ تەبىرى مانا مۇنداق: ئۈچ كۈندىن كېيىن شاھ سېنى زىنداندىن ئاچىقىدۇ. دەرىجەڭنى ئۆستۈرۈپ، ئىنئام بېرىدۇ! — دېدى.

بۇ يەردە ئاشپەزمۇ بار ئىدى، ئۇمۇ دەرھال يۇسۇپكە:

— مەنمۇ بىر چۈش كۆردۈم. ماڭا ئۈچ تونۇر يولۇقتى. ئۇنىڭ بىرى ئاق، بىرى قىزىل، يەنە بىرى قارا ئىدى. قىزىل تونۇردىن بىر تەۋەك نان ئالدىم. ئۇنى تەۋەككە تىزىۋاتقانىدىم، بىر قۇش ئاسماندىن ئۇچۇپ چۈشۈپ تەۋەكنى ئۆرۈپ، ناننى يەرگە چېچىۋەتتى. بۇنىڭ تەبىرى قانداق بولىدۇ؟! — دېدى.

يۇسۇپ ئۇنىڭغا:

— ئۈچ كۈندىن كېيىن شاھ سېنىمۇ زىنداندىن چىقىرىدۇ، ئەمما شاھ سېنى ئېگىز دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۆلۈكۈڭنى قاغا - قۇزغۇن تالىشىپ يەيدۇ! — دېدى.

ئاشپەز يۇسۇپكە:

— مەن بۇنداق چۈشنى كۆرمىگەن. ساقىينىڭ چۈشىنىڭ تەبىرىدىن قىزغىنىپ ئويلاپ تېپىپ ئويىنىشىپ شۇنداق دېگەنىدىم! — دېدى.

يۇسۇپ ئۇنىڭغا:

— ئويناشاڭمۇ ئويلاپ گەپ قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. ئەمدى مەيلىڭ ئۇ چۈشنى كۆر، مەيلىڭ كۆرمە، ئۇ چۈشۈڭنىڭ تەبىرى ئەينەن شۇنداق بولىدۇ، — دېدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن مالىك رېھان ساقىي بىلەن ئاشپەزنى زىنداندىن چىقاردى. پادىشاھ ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن شاراب ۋە تائام ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ساقىي شاراب ئېلىپ كېلىپ شاھقا تۇتتى.

شاھ:

— ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئىچ! — دېدى.

ساقىي ئۇنى ئېچىپ، ئاياقتا قايتا شاراب قۇيۇپ شاھقا تۇتتى. شاھ ئىچىدە: «بۇنىڭ ماڭا يامان نىيىتى يوق ئىكەن» دەپ ئويلاپ شارابنى ئېلىپ ئىچتى. ساقىينى ئۆز ۋەزىپىسىگە قويۇپ، ئىنئام بەردى.

ئاشپەز تائام ئېلىپ كېلىپ داستىخان سالدى. شاھنىڭ ئالدىغا ئاش قويدى. شاھ ئۇنىڭغىمۇ:

— ئاۋۋال ئۆزۈڭ يەپ باق، مەن كۆرەي، كېيىن مەن يەي! — دېدى.

ئاشپەز ئۇنى يېيىشتىن باش تارتتى. بۇنى كۆرۈپ شاھنىڭ گۇمانى كۈچەيدى، غەزىپى ئۆرلىدى. ئۇنى دەرھال دارغا ئېسىشقا بۇيرۇدى، دارغا ئاستى. ئۆلۈكىنى قاغا - قۇزغۇن يېدى.

ساقىينى زىنداندىن ئاچىقىپ كېتىۋاتقاندا، يۇسۇپ ئۇنىڭغا:

— ئەي ساقىي، سەن شاھقا يولۇققاندا ئۇنىڭغا «مېنى زىلەيخانىڭ تۆھمىتىگە ئىشىنىپ زىندانغا سالغانلىقىنى، مېنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنى ئەرز قىلغىن!» — دېدى.

شۇ چاغدا جەبرائىل يېتىپ كەلدى.

— ئەي يۇسۇپ، سەن خاتا قىلدىڭ! سەنمۇ بەندە، شاھمۇ بەندە، سېنىڭ ئۆزۈڭدەك يەنە بىر بەندىدىن پاناھ تىلىشىڭ خۇدانىڭ دەرگاھىغا ياقمىدى! — دېدى.

يۇسۇپنى خىجىللىق باستى. ساقىيمۇ «ماقۇل!» دەپ چىقىپ كەتكەنىدى، ۋەدىسىنى ئېسىدىن چىقاردى. يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي خالايىق! ئامىن دەڭلار، مەن دۇئا قىلاي! ئىشىمىز ئوڭغا تارتىپ، مۇشكۇلىمىز ئاسان بولسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

يىللار ئۆتتى كۆزدىن ياشلار قۇرۇماي،
«ئامىن!...» دەڭلار، دۇئا ئىجابەت بولغاي.
ئۆتتۇق زىنداندا ئاي - يىلنى بىلمەي،
«ئامىن!...» دەڭلار، دۇئا ئىجابەت بولغاي.

غەم يېمەڭلار، ۋەدە ۋاقتى بولغاندۇر،
ئىبراھىم، ئىسمائىل روھى دەرماندۇر،
ئۇلار بىزنى ھەقتىن تىلەپ ئالغاندۇر،
ئۇلاردىن بىزلەرگە شاپائەت بولغاي.

سەۋر قىلىڭلار، يېقىن زەۋقى - ساپامىز،
ئۇنتۇلمىغان كۆرگەن جەبىر - جاپامىز،
ئەستە قالغان، قىلغان ۋەدە - ۋاپامىز،
ئىنشائاللا، بىر كۈن پاراغەت بولغاي.

يۇسۇپ ئېيتۇر: شۈكۈر ئەيلەي خۇداغا،
سەۋر قىلاي ماڭا بەرگەن بالاغا،
نە سۆز چۈشتى بىلمەي قالدىم ئاراغا،
بەندىنىڭ خاتاسى شىكايەت بولغاي.

مىسىر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى يېتىپ كەلدى. مالىك رىھان باشلىق ھەممە چوڭ - كىچىك، ياش - قېرى، ئەر - ئايال يىغىلىپ، نەغمە - ناۋا بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە كىرىشىپ كەتتى. مالىك رىھان شۇ پاراغەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېتىپ بىر چۈش كۆردى. دەريادىن يەتتە سېمىز ئۇي چىقتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە يەتتە ئورۇق ئۇي چىقتى. ئۇ ئورۇق ئۇيلار سېمىزىنى يېدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەتتە قۇرۇق بۇغداي باشىقى يەتتە ھۆل باشاقنى يېدى. شۇ چاغدا بىر قوش كېلىپ، مالىك رىھاننىڭ بېشىدىن تاجىنى ئېلىپ كەتتى. مالىك رىھان بۇ چۈشىدىن قورقۇپ، چۆچۈپ ئويغاندى.

تاڭ يورۇغاندىن كېيىن مالىك رىھان مۇنەججىم، قۇرئەندازلىرىنى ئوردىغا يىغدى. كۆرگەن چۈشىنى ئۇلارغا بايان قىلىپ، تەبىرىنى سورىدى.

ئۇلار بۇ چۈشكە ھەيران بولۇپ، ھېچنېمە دېيەلمىدى. پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى. ئۇلارغا بىر ئايلىق مۆھلەت بېرىپ:

— ئەگەر سىلەر شۇ مۇددەت ئىچىدە بۇ چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى ئىزدەپ تاپالمساڭلار، مەن چوقۇم سىلەرنى دارغا ئېسىپ، چالما كېسەك قىلىمەن! — دېدى.

كاھىنلار، مۇنەججىملەر، تەبىرشۇناسلار ئۆلۈمگە رازى بولۇپ ئوردىدىن يېنىپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەمكىن ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ساقىينىڭ كۆڭلىدىن يۇسۇپ كەچتى. ئۇ پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ، يۇسۇپنىڭ ئۆزى زىنداندا كۆرگەن چۈشكە بەرگەن تەبىرىنى ئېيتتى. پادىشاھ ساقىينى يۇسۇپنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ پادىشاھ كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرىنى سوراش ئۈچۈن يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ زىندانغا كىردى. يۇسۇپنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئاتتى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— ئەي پاكىز زات، ئەپۇ قىلغىن! مەن سېنىڭ سۆزۈڭنى يادىمدىن چىقىرىپتىمەن. مەن سېنىڭ ئالدىڭغا بۇ نۆۋەت كۆرگەن يەنە بىر چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى سوراشقا كەلدىم، — دەپ پادىشاھنىڭ كۆرگەن چۈشنى بايان قىلدى.



يۇسۇپ ئۇنىڭغا:

— بۇ سېنىڭ چۈشۈڭ ئەمەس، پادىشاھ مالىك رېھان كۆرگەن چۈش، — دېدى.

ساقىي يۇسۇپتىكى بۇ كارامەتنى كۆرۈپ:

— ئەي پاكىز يىگىت، راست دېدىڭىز. بۇ پادىشاھنىڭ چۈشى. تەبىرى قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ ساقىيغا:

— بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى پادىشاھقا ئۆزۈم دەپ بېرىمەن، — دېدى. ساقىي يۇسۇپنىڭ قېشىدىن چىقىپ شاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ شاھقا يۇسۇپنى زىنداندىن ئازاد قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. شاھ بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولۇپ، ساقىينى زىندانغا ئەۋەتتى.

يۇسۇپ ساقىيغا:

— سەن قايتىپ بېرىپ مالىك رېھانغا دېگىن. مېنىڭ گۇناھسىزلىقىم ئىسپاتلانمىغۇچە مەن بۇ زىنداندىن چىقمايمەن، — دېدى.

ساقىي مالىك رېھاننىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ سۆزنى بايان قىلدى. بۇ سۆز شاھقا ماقۇل كەلدى. زىلەيخانى ئوردىدىكى ئالتە خوتۇنى بىلەن ئالدىغا قىچقىردى. زىلەيخانىڭ ئالدىدا، ئۇلاردىن:

— گۇناھ يۇسۇپتىمۇ ياكى زىلەيخادىمۇ؟! — دەپ سورىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— بۇ ئىشتا گۇناھ زىلەيخادا، يۇسۇپتە گۇناھ يوق! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

پادىشاھنىڭ زىلەيخادىن رايى ياندى. ئۇنى «تالاق» قىلىپ، سارىيىغا ياندۇردى.

ساقىيغا:

— سەن بېرىپ يۇسۇپكە دېگىن، ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقى ئېنىقلاندى. «مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن دەيدۇ» دەپ ئېلىپ كەل! — دېدى.

ساقىي كېلىپ، بۇ خەۋەرنى يۇسۇپكە يەتكۈزدى.

يۇسۇپ:

— ئەي ساقىي! سەن پادىشاھقا دېگىن. مەن نەچچە يىللاردىن بېرى بىللە ياتقان كىشىلەرنى تاشلاپ ئۆزۈم يالغۇز زىنداندىن چىقىپ كەتسەم، بۇ نامەردلىك بولىدۇ. مەن بۇنداق نامەردلىكنى ھەرگىزمۇ قىلمايمەن. چىقسام ئۇلار بىلەن بىللە چىقىمەن، چىقمىسام بىللە ياتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ساقىي شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۇسۇپنىڭ جاۋابىنى بايان قىلدى، يۇسۇپنىڭ بۇ سۆزى شاھقا ياقتى.

— ئاجايىپ زېرەك ئوغۇل ئىكەنسەن! ئەقلىڭغا بارىكاللا! — دېدى شاھ، ئاندىن زىنداندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كىيىم - كېچەك، يۇسۇپكە بىر ئات قوشۇپ ئەۋەتتى.

يۇسۇپ كىيىم - كېچەكنى قوبۇل قىلدى، ئاتنى ئالمىدى.

— باشقىلار پىيادە، يالغۇز مەنلا ئاتلىق شاھنىڭ ئالدىغا بارمايمەن، يا مەنمۇ پىيادە بارىمەن، يا بولمىسا شاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىردىن ئات ئەۋەتسۇن! — دېدى.

شاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— بۇ يىگىت توغرا ئېيتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىردىن ئات، يەنە بىر قۇردىن كىيىم - كېچەك ئەۋەتىڭلار! ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق بىللە كەلسۇن! — دەپ ئەمر قىلدى.

بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىنداندىن چىقىپ، ئاتلىق ئوردىغا راۋان بولدى. زىنداندا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار كىشىلەر، تاماشا كۆرگىلى چىققانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشقا ھەيران قېلىشتى.

مالىك رېھان باشلىق ساراي ئەھلىلىرى، ئەمەلدارلار، كاھىنلار، مۇنەججىملەر، تەبىرشۇناسلارمۇ ئوردا ئالدىغا چىقىپ، يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەرنى قارشى ئالدى. ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كىرىشتى. يۇسۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭى چىققان قۇياشتەك ئىدى. يۇسۇپ ئوردىغا كىرىپ، باشقىلار بىلەن تەڭ ئاتتىن چۈشتى. پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى. پادىشاھ يۇسۇپنى سارايغا تەكلىپ قىلدى. تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىغا داستىخان سالدى. يەتمىش خىل تائام تارتتى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن پادىشاھى مىسىر يۇسۇپكە چۈشىنى بايان قىلدى. يۇسۇپ بۇ چۈشكە تۆۋەندىكى تەبىرنى بەردى:

— يەتتە سېمىز ئۇينى يەتتە ئورۇق ئۇينىڭ يېگەنلىكىنىڭ تەبىرى مانا مۇنداق: مىسىردا بۇ يىلدىن باشلاپ يەتتە يىلغىچە ئالامەت توقچىلىق - مەمۇرچىلىق بولىدۇ. ئاش - نان، مېۋە - چېۋە ۋە باشقا ئوزۇق - تۈلۈكلەر مول بولىدۇ. يەتتە يىلدىن كېيىن يامغۇر ياغمايدۇ، گىياھ ئۈنمەيدۇ، دەريالار قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ يەتتە يىل ئىچىدە شۇنداق قاتتىق قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك بولىدۇكى، خەلقلەر: «نان... نان...» دەپ قول ئۇزىتىپ جان بېرىدۇ. بىر قوينىڭ كاللىسى بىر مىسقال ئالتۇنغىمۇ تېپىلمايدۇ. پادىشاھ باشلىق ھەممە كىشى ئوخشاش تەڭلىكتە قالىدۇ.

قۇشنىڭ بېشىڭىزدىن تاجنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتكىنىنىڭ تەبىرى: سىزنىڭ ئورنىڭىزغا مىسىرغا



باشقا بىر كىشى پادىشاھ بولىدۇ، ــ دېدى.

مالىك رېھان يۇسۇپتىن:

ــ بۇ ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىشىگە ئىلاج قىلغىلى بولامدۇ؟!... ــ دەپ سورىدى.

يۇسۇپ:

ــ ئىلاج قىلغىلى بولىدۇ. ھازىردىن باشلاپ بىر كىشىنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ قويۇش كېرەك. ئۇ مىسىر زېمىنىدىكى ئامبارغا لايىق يەرگە ئاشلىق ئامبىرى سالسۇن. تېرىشقا تېگىشلىك بولغان يەر ۋە ھەممە بوز ـ بىنەملەرنى كۈچ چىقىرىپ تېرىسۇن، خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئاشلىق ۋە باشقا ئوزۇق ـ تۈلۈك ئەنە شۇ ئامبارلارغا قاچىلانسۇن! ــ دېدى.

پادىشاھ مالىك رېھان باشلىق مىسىرنىڭ شۇ يەردىكى ھەممە چوڭلىرى يۇسۇپنىڭ شاھنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىگە، ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كۆرسەتكەن چارە ـ تەدبىرىگە قايىل بولدى. ئۇنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالدى.

پادىشاھ مالىك رېھان:

ــ بارىكاللا، يۇسۇپ، ئەقلىڭگە بارىكاللا! بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقى باشقا كىشىگە قالغۇچە ساڭىلا قالسۇن. مانا مەن مىسىرنىڭ پادىشاھلىقىنى ساڭا ئۆزۈم تاپشۇردۇم، ــ دەپ تەختىدىن چۈشۈپ يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى. بېشىدىن تاجىنى ئېلىپ يۇسۇپنىڭ بېشىغا كىيدۈردى. ئۇنى يېتىلەپ ئاپىرىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى يۇسۇپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە،
بولسۇن سېنىڭ شەۋكىتىڭ.
قۇياش كەبى پارلىسۇن،
ئايغا ئوخشاش تەلىتىڭ.

مۇشۇ چۈشنىڭ ۋەھمىدىن،
زەپىران بولغان يۈزۈم.
ساڭا بولغاي مۇيەسسەر،
تەلەي ھەم خالۇ خېتىڭ.

سەندىن ئۆزگە كىمگە بېرەي،
تاجۇتەختىمنى بۈگۈن؟
ھەق يارىتىپتۇ سېنى،
بولسۇن زىيادە دۆلىتىڭ.

يەتمەيىن چۈشىنىڭ تېگىگە،
باشقىلارنى خارلىدىم.
نىيەت قىلدىم ئالەم ئىچرە،
بارچە قىلسۇن ھۆرمىتىڭ.

مەملىكەتنىڭ بارچىسىنى،
تاپشۇرۇپ بەردىم ساڭا.
يۇسۇپۇم، قىلسۇن خالايىق،
ھەممە جايدا ئىززىتىڭ.

مالىك رېھان تاجۇتەختنى يۇسۇپكە تەقدىم قىلدى، ئۆزى بىرىنچى بولۇپ ئۇنى شاھلىق بىلەن تەبرىكلىدى. دۆلەت ئىشىدىن قولىنى يىغدى.

يۇسۇپ مەملىكەت ئىشىنى قولىغا ئالدى. شۇ يىلدىن باشلاپ يەتتە يىلغىچە مىسىر مەملىكىتى دائىرىسىدە ھەددىدىن زىيادە توقچىلىق ۋە مەمۇرچىلىق بولدى. ھەممە خەلقتە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك غېمى تۈگىدى. ئاھالە پاراغەت ئىچىدە باياشات ياشىدى. يۇسۇپ ھەممە يەرگە جاكارچىلارنى چىقىرىپ، مىسىر دائىرىسىدە تېرىشقا بولىدىغان يەر ۋە بوز ـ بىنەملەرنىڭ ھەممىسىگە قولدا



بار ئۇرۇقلارنى تېرىشنى، ئىلىقانچىلىك يەرنىمۇ ئاق قالدۇرماسلىقنى ئۇقتۇردى. ئادەم بەلگىلەپ، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ تۇردى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يۇسۇپ ئورنى كۆز يەتكۈسىز كەڭ يەرگە ئاشلىق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ئامبىرى سالدۇردى. بۇ ئامبارنى ئاشلىق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇنى ساقلاشقا كىشى قويدى.

يەتتە يىل ئۆتتى. يۇسۇپ خالايىقنى يىغىشقا ئەمر قىلدى. تامامى خەلق توپلانغاندا، يۇسۇپ خەلق ئالدىغا چىقىپ:

— ئەي خالايىق، ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلار، بۈگۈن كېچە تۈن يېرىمىدىن باشلاپ مىسىر مەملىكىتى ئىچىدە ئاچارچىلىق، قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك بالاسى پەيدا بولىدۇ! — دەپ ئۇقتۇردى.

مالىك رىھان:

— ئەي پادىشاھى مىسرى، ئۇ بالا قانداق پەيدا بولىدۇ؟! بىز ئۇنى قانداق بىلىمىز؟! — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ:

— بۈگۈن تۈن يېرىملاشقاندا ھەممىڭلارنىڭ قورسىقى ئاچىدۇ. تائام يېيىشكە تۇرىسىلەر، ئەمما يەپ تويمايسىلەر. ھەتتا باللارمۇ: «ئاش، نان!...» دەپ يىغلاپ قوپىدۇ! — دەپ چۈشەندۈردى.

— ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ئالامەتلىرى بار؟! — دەپ سورىدى مالىك رىھان يۇسۇپتىن.

يۇسۇپ:

— دەريالاردا سۇ قالمايدۇ. يامغۇر ياغمايدۇ. يەردىن گىياھ ئۈنمەيدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - شەپقەت يوقايدۇ. باشقا بىر قاتار دىشۋارچىلىق، قىيىنچىلىق مانا شۇ تۈن يېرىمىدىن باشلىنىدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى.

توپلانغان خەلق ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى. شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدا:

— قورساقتا يېگۈلۈك بارمۇ؟ — دەپ ئويغانغان بىرىنچى كىشى مالىك رېھان بولدى. ئارقىدىنلا پۈتۈن مىسىر ئويغاندى. ھەممە كىشى ئۆز ئۆيىدە قورساقنى تويغۇزۇپ چىقتى.

تاڭ يورۇدى. پۈتۈن مىسىر ئاھالىسى نالە - پەرياد بىلەن يۇسۇپنىڭ بارگاھىغا توپلاندى. كەلگۈسىدىن قايغۇرۇپ يىغلاشتى.

يۇسۇپ مىسىر ئاھالىسىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى. خۇدادىن ئۇلارغا سەۋر - تاقەت، قانائەت ئاتا قىلىشنى تىلىدى.

ئاچارچىلىقنىڭ بىرىنچى يىلى ئاھالە ئۆزلىرى توپلىغان ئاشلىقنى يېدى. ئىككىنچى يىلى قوللىرىدىكى ماللىرىنى يېدى. ئۈچىنچى يىلى شەخسلەرنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ يېدى، تۆتىنچى يىلى ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى سېتىپ ئاشلىق ۋە باشقا ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ يېدى. بەشىنچى يىلى مۈلۈك ۋە بارلىق ئەسۋابلىرىنى سېتىپ يېدى. ئالتىنچى يىلى باللىرىنى سېتىپ يېدى. يەتتىنچى يىلى دەسلەپكى ئالتە ئاي ئىچىدە يۇسۇپنىڭ ئامبىرىدىن ئاشلىق تىلەپ يېدى.

مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە زىلەيخا يۇسۇپنىڭ ئىشتىياقى، قورساقنىڭ ئاچلىقى بىلەن ھالسىرىدى. ئۇ يۇسۇپنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلىدى.

يۇسۇپ خىزمەتچىلىرىگە:

— زىلەيخاغا يېتەرلىك سۇ ۋە تائام بېرىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۇسۇپ، بۇ ئىلتىپاتىڭىزغا كۆپ رەھمەت! مېنىڭ يەنە بىر ئەرزىم بار. مەن غېرىب بىچارىمۇ پۈتۈن مىسىر خەلقىگە ئوخشاش سىزگە قۇل بولۇپ قالدىم. ياراتقان خۇدايىڭىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلىسىڭىز! — دېدى.

يۇسۇپ:

— خۇدا رىزاسى ئۈچۈن سېنى ئازاد قىلدىم! — دېدى. قالغان ئالتە ئاينى يۇسۇپ پۈتۈن ئاھالە بىلەن كۈندە بىر قېتىم دىدار كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى سەۋر - تاقەتكە دالالەت قىلىپ قىيىنچىلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق تۈگىدى. دەريالارغا سۇ كەلدى. باغلار كۆكەردى. مېۋىلەر چېچەكلىدى. گۈللەر ئېچىلدى. خەلق يېڭى ئاشلىق، مېۋىگە يېتىشتى. مىسىردا يەنە توقچىلىق، مەمۇرچىلىق باشلاندى. ھۆكۈمەت ئامبارلىرى غەللە بىلەن تولدى.

بىر كۈنى مىسىر خەلقىنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ مالىك رېھان باشچىلىقىدا يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى. تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئى شاھى جاھان يۇسۇپ، ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىك يىللىرى بىز ئۆزىمىزنى ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن سىزگە قۇللۇققا سېتىپ ئاشلىق يېگەنىدۇق. ياراتقان خۇدايىڭىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەمدى بىزنىمۇ ئازاد قىلسىڭىز! — دېدى.

يۇسۇپ:

— خوپ، ھەممىڭلار، مېنى ۋە سىلەرنىمۇ ياراتقان ئاللاغا ئىمان كەلتۈرسەڭلار، مېنى پەيغەمبەر دەپ ئىقرار قىلساڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ئاللا يولىدا ئازاد قىلاي! — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار يۇسۇپنىڭ

دېگىنىگە بويسۇنۇپ مۇسۇلمان بولدى، يۇسۇپمۇ ئۇلارنى ئازاد قىلدى.

زىلەيخانىڭ ئىشق ــ مۇھەببىتى، دەردى ــ پىراقى ئاشتى. ئۇ يىغلاپ يۈرۈپ كۆزىدىن ئايرىلدى. ئەھۋالى يامانلاشتى. ھەركىم ئۇنى كۆرسە مەسخىرە قىلاتتى.

يۇسۇپنىڭ «تۇياخ» ئىسىملىك بىر ئېتى بار ئىدى. يۇسۇپ ئۇنى مىنگەندە بۇ ئات شوخلۇق قىلىپ قاتتىق كىشنەيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىن ئەتراپقا ئاڭلىناتتى. زىلەيخا ئاتنىڭ كىشنىگىنىنى ئاڭلاپ، يۇسۇپنىڭ ماڭىدىغان يولىغا چىقىپ تۇردى. يۇسۇپ يۇقىرىدىن ئەھۋال سوراپ، غېرىب ــ مىسكىنلەرنىڭ ھالىغا يېتىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى. زىلەيخا يۇسۇپنىڭ ئېتىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

دادى ــ پەرياد ئىشقى ــ دەردىم،
زادى ئۆچمەس نەيلەيىن.
ئاھۇنالەمگە مېنىڭ،
يارىممۇ يەتمەس نەيلەيىن.

ئاھۇزارىم ھەددىدىن ئاشتى،
يارغا يەتمەس نالىشىم.
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
يوقتۇر كىشىم، مەن نەيلەيىن.

يىغلىسام قانلىق يېشىم،
كۆزدىن ئاقادۇر نەيلەيىن.
قانچە يىلدۇر يار پىراقىدا،
ئۆرتەندى جان نەيلەيىن.

مەن ئېتىڭنىڭ ئايغىدا،
يول ئۈستىدە تۇرايىن.
ھەربىر باسقان ئىزىنى،
كۆزۈمگە سۈرمە قىلايىن.

ئاتا ــ ئانا، ئەل ــ يۇرتۇمدىن،
قالدىم تېخى مەن ئايرىلىپ.
بىر مۇساپىرمەن، ئاياغ
ئاستىدا قالدىم نەيلەيىن.

ئەجىلىم يەتسە ئەگەر دە،
غېرىبلىقتا ئۆلەيىن.
زىلەيخا دەر: ھەققە يەتسۇن
نالىشىم دەپ تىلەيىن.

يۇسۇپنىڭ كۆزى زىلەيخاغا چۈشتى. يۇسۇپنىڭ پۇرىقىمۇ زىلەيخانىڭ دىمىغىغا يېتىپ باردى. زىلەيخانىڭ داد ــ پەريادى كۈچەيدى.

يۇسۇپ:

ــ ئەي زىلەيخا، نېمە مۇنچە نالە ــ پىغان قىلىسەن؟! ساڭا كىمدىن زۇلۇم يەتتى؟! ــ دەپ سورىدى.

زىلەيخا:

ــ ئەي يۇسۇپ، ماڭا ھېچكىمدىن دەرد ــ ئەلەم يەتكىنى يوق. سېنىڭ ئىشق ــ مۇھەببىتىڭنىڭ دەردى مېنى مۇشۇ ئەھۋالغا سالدى. مەن نەچچە يىللاردىن بېرى سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن ئاۋارە، ھالىمغا ھېچكىم يەتمەيدۇ. كۆرگەنلەر مېنى مەسخىرە قىلىدۇ. سەنمۇ ماڭا ئازراقمۇ رەھىم قىلمايسەن! ــ دېدى.

يۇسۇپ غەزەپكە ئۆرلەپ، ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا قايرىدى ــ دە:

ــ ئەي زىلەيخا! سەن ھازىرمۇ ئىشقىتىن سۆز ئاچىسەن! بۇ سۆزلەر ئەمدى سېنىڭ شەنىڭگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ، ــ دەپ كەلگەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتتى، كۆڭلى غەش ھالدا شەھەر ئەتراپى، چۆل ــ باياۋاننى كېزىپ ئاندىن ئوردىسىغا ياندى.

زىلەيخانىڭ يېنىدا تۇرغان كىشىلەر:

— ئەي زىلەيخا! يۇسۇپ ساڭا ئازراقمۇ نەزەرىنى سالمىدى، بەلكى غەزەپلىنىپ كەتتى، — دەپ ئېيتىشتى. زىلەيخا كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا كېلىپ، يۇسۇپنىڭ ئېتىنىڭ ئىزىنى كۆزىگە سۈرتتى. قايتىپ كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھېچ ئەجابەت بولمىدى قىلغان مۇناجاتىم مېنىڭ، ئىشقى دەردىگە ئۇلاشقان يارۋەمدەم مەندە يوق،
خۇن جىگەر بىرلە تۇرۇپ ئالغان تاھارەت مەندە يوق. ئەرزى ھالىمنى ئېيتسام، سىرى مەھرەم مەندە يوق.

بېرىپ سورىدىم تېۋىپلەردىن بۇ دەردىمگە داۋا بارمۇ؟!... ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام ئالەمگە ئايان بولغۇدەك،
تېۋىپ ئېيتۇركى: «ئەي نادان، ئۇنىڭ داۋاسى مەندە يوق!» دەرد ـ ئەلەم بىرلە يىقىلسام، دەردىمگە دەرمان مەندە يوق.

ئەي زىلەيخا، ئەسلى دەردىڭنىڭ داۋاسى يوق ئىكەن، ئىشقى دەردى بىر بالا ئىكەن، مېنى قىلدى خاراب،
دەردىگە دەرمان تىلەيدۇ، بەندىنىڭ ئىمكانى يوق. مەن ئۇلار ھالەتكە يەتتىم، ئەسلى ئىمكان مەندە يوق.

زىلەيخا ئۇ يەردىن قايتىپ بېرىپ بۇتخانىسىغا كىردى. بۇتلىرىغا باش قويۇپ تۇرۇپ:

— ئەي ئاتا ـ بوۋىلىرىمدىن قالغان بۇتلىرىم، مېنىڭ بېشىمغا مۇشكۇل بىر ئىش چۈشتى. سەن ماڭا مەدەت قىلىپ مېنىڭ ھالىمغا يەت. زادى يۇسۇپ ماڭا مېھرىبانلىق ئىزھار قىلامدۇ، يوق؟ بىر خەۋەر بەرگىن! — دەپ يىغلىدى.

ئۇنىڭ بۇتلىرىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. زىلەيخانىڭ غەزىپى ئۆرلىدى.

— بۇ دۇنيادا ھالىمغا يېتىپ مەقسەت ـ مۇرادىمغا يەتكۈزمەيسەنۇ، ئۇ دۇنيادا ماڭا قانداق يار ـ يۆلەكتە بولالايسەن؟! — دەپ بۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ سۇندۇردى.

بۇتقا سېغىنىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىپ توۋا قىلدى، كېيىن ئۇ يۇسۇپكە ئوخشاش تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

— ئەي يارىتقۇچى تەڭرى، مەنمۇ سېنى بىر ۋە بار بىلدىم! ياقۇپنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپنى سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ دەپ بىلدىم. سەنمۇ مېنىڭ دەردىمگە يېتىپ، ماڭا رەھىم قىلغايسەن!... گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن! — دەپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

مۇرادىم يۇسۇپۇم سىدىق، پىراقى ئوتىغا لايىق، خۇداۋەندا، نۇرۇڭ بىلەن كۆڭلۈمنى رەۋشىنا ئەيلە،
ئىشەنسۇن، بىلسۇن ئۇ تەھقىق، غايىبتىن ندا ئەيلە. جامالىڭغا يېتىشكۈنچە يۇسۇپنى ئاشىنا ئەيلە.

زىلەيخاغا ئىنايەت قىل، بۇ جانىمغا جاپا قىلدىم، نەچچە يىلدىن خاتا قىلدىم، توغرا دىن ھىدايەت قىل!
دۇئاسىنى ئەجابەت قىل، بۇ دەردىمگە داۋا ئەيلە. ئۆزۈمنى مۇپتىلا قىلدىم، ماڭا نۇردىن جىلا ئەيلە.

زىلەيخا زار ـ زار يىغلاپ ئۆيدە ئولتۇردى. يۇسۇپ سەھرادىن سەيلە قىلىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى، تەڭرىدىن جەبرائىلغا:

— بارغىن، يۇسۇپكە ئېيتقىن، زىلەيخانىڭ كۆڭلىنى ئالسۇن! ھەرقانداق سۆزى بولسا قوبۇل قىلسۇن. ئۇنى ئۆزىنىڭ جامالى بىلەن مەمنۇن قىلسۇن. باشقا تەلەپلىرى بولسىمۇ ھەل قىلسۇن! — دېگەن يارلىق يېتىپ كەلدى.

جەبرائىل بۇ پەرماننى يۇسۇپكە يەتكۈزدى. يۇسۇپ تەڭرىنىڭ پەرماننى ئاڭلاپ دەرھال زىلەيخانىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئىتتىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ قېشىغا پىيادە كىردى.

زىلەيخانىڭ يېنىدىكىلەر ئۇنىڭغا:

— زىلەيخا، يۇسۇپ سېنىڭ قېشىڭغا پىيادە كىرىۋاتىدۇ! — دەپ خەۋەر قىلىشتى. زىلەيخا ئۇلارغا:

— سىلەر مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىسىلەر! — دەپ يىغلىدى.

ئۇلار:

— يالغان ئەمەس، تەييارلان! — دېدى.

شۇ چاغدا يۇسۇپنىڭ خۇش ھىدى زىلەيخانىڭ دىمىغىغا كىردى. زىلەيخا ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆزىنى تۈزىدى. يۇسۇپ زىلەيخانىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي زىلەيخا، ئەھۋالىڭ قانداق؟ سېنىڭ نېمە ھاجىتىڭ بار، مەن ھەل قىلاي؟! — دەپ سورىدى.

زىلەيخا يىغلاپ تۇرۇپ:



— سەن تېخى ئەمدى مېنىڭ ھالىمنى سوراۋاتىسەن! ئەي يۇسۇپ، مەن سېنىڭ ئىشقى ئوتۇڭدا كۆيۈۋاتقان ئادەممەن. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ، قولۇڭدا ھەرقانداق نەرسە بولسا ئۇنى ماڭا بەر! شۇ ئارقىلىق مەندىكى بىر كۆيۈك ئوتىنىڭ ھارارىتىنى سىناپ كۆرگىن! — دېدى.

يۇسۇپنىڭ قولىدا ئالتۇن دەستىلىك قامچا بار ئىدى. ئۇ شۇنى ئۇزاتتى. زىلەيخا قامچىنى چىشلەپ تۇرۇپ قاتتىق بىر «ئۇھ!» دېدى.

ئىشق ئوتى قامچا ئارقىلىق يۇسۇپنىڭ بەدىنىگە تۇتاشتى. يۇسۇپ قامچىنى يەرگە تاشلىدى. ئۇ مەھرەملىرىگە:

— زىلەيخانى كاجىۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ دەرھال سارايغا ئاپىرىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى.

يۇسۇپ ئوردىسىغا قايتتى. لېكىن ئۇ، ئۇ يەردىمۇ

تۇرالمىدى، دەرھال زىلەيخانىڭ قېشىغا كىرىپ:

— زىلەيخا، ھەرقانداق سۆزۈڭ بولسا ماڭا ئېيت! قانداق مەقسىتىڭ بولسا تارتىنماي سۆزلە! مەن ھەل قىلاي! — دېدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۇسۇپ، مۇبادا مەن ھاجىتىمنى ئېيتسام، سەن ئۇنى قوبۇل كۆرۈپ راۋا قىلمىساڭ، ئۇنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدۇ؟! — دەپ يىغلىدى. يۇسۇپ:

— زىلەيخا، تارتىنما، نېمە ھاجىتىڭ بولسا شۇنى دە! — دېدى.

زىلەيخا يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

قانچە يىلدۇر ئىشقى ئوتىدا كۆيمىشىم،
مۇرادىمنى خۇدا راۋا ئەيلىسۇن.
دەردى - پىراق مېھنەتلىرىن چەكمىشىم،
ھاجىتىمنى خۇدا راۋا ئەيلىسۇن.

ئەرزىم ساڭا، تېنىم بولسا گۈل - چىمەن،
خىزمىتىمدە ياخشى - يامان ئەنجۇمەن،
كۆزلىرىمنى ھەق ئەيلىسە ھەم روشەن،
ئاۋۋالقىدىن شانىم ئەتىۋار بولسۇن.

يېشىم ئون تۆت ياكى ئون ئۇچكە كەلسۇن،
تىلىمدا ھەق زىكرى — كالامى بولسۇن،

مەقسىتىم — يۇسۇپۇم ماڭا ئەر بولسۇن،
بۇ دۇنيا شارابىن ھەم تېتىپ كۆرسۇن.

ئۆمرىم ئۆتتى خىزمىتىڭدە، يۇسۇپجان،
ئەزىز جاننى يولۇڭغا ئەيلىسەم قۇربان،
نەچچە يىل ئىشقىڭدا بولدۇم سەرگەردان،
قوشۇلماقنى خۇدا نېسىپ ئەيلىسۇن.

زىلەيخا سىرىنى ئىزھار ئەيلىدى،
نەچچە يىللار ئارزۇ دىدار ئەيلىدى،
ئەزىز جاننى ساڭا نىسار ئەيلىدى،
ئارمان يوقتۇر، ھەق مۇيەسسەر ئەيلىسۇن.

زىلەيخا نەزمنى تۈگەتتى. يۇسۇپ:

— ئەي زىلەيخا، تاھارەت ئالغىن! ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغىن! نامازدىن كېيىن سەن تەڭرىدىن مۇراد - مەقسىتىڭنى تىلە. مەن دۇئا قىلاي، شۇ يول بىلەن مۇراد - مەقسىتىڭ ھەل بولسا ئەجەب ئەمەس! — دېدى.

زىلەيخا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدى. ئىككى رەكەت شۇكرانە ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن «ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. يۇسۇپمۇ «ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، تەڭرىگە سىغىنىپ زىلەيخانىڭ تىلىكىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ياراتقۇچىدىن سورىدى.

ئىككىسىنىڭ دۇئا - تەلىپى ئىجابەت بولۇپ، زىلەيخا ئون تۆت ياشلىق ۋاقتىدىكىدەك ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ كۆزىمۇ روشەن بولدى. يۇسۇپ زىلەيخانى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ بىتاقەت ۋە بىئارام بولدى. زىلەيخانىڭ ئىشق - مۇھەببىتى غالىب كېلىپ، ئورنىدىن تۇردى. كېلىپ زىلەيخانىڭ بويىنىغا قولىنى سالدى.

زىلەيخا:

— ئەي يۇسۇپ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال! مەندىن يىراقراق تۇر! ئۆزۈڭنىڭمۇ، مېنىڭمۇ جېنىمغا جاپا سالما! — دەپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ھەقىقەت ئەزەلى، بىزنىڭ ئىشقىمىز مەجازىدۇر، يېتىشتى ھەققە دادىمىز، بەردى بىزنىڭ مۇرادىمىز،
داۋانى تاپتى دەردىمىز، مۇيەسسەر بولدى گۈلئۇزارىمىز. بۇ ئىدى كۆڭۈل شادىمىز، نۇر سالدى با ئىختىيار.



خۇدايىم يەتتى زارىمە، جەننەتتى ئەلا جايىمە، غۇنچە يۈزلۈك كامالىغا، ھەمىشە ئىدىم ئىنتىزار.
يوق ئىدى ھېچ قارارىمە، يۈسۈپنى كۆردۈم بىقارار.
زىلەيخا بىلدى ھالىنى، كۆردى نۇرى جامالىنى،
ئاشىق ئىدىم جامالىغا، لېۋى شېكەر زۇلالىغا، يەنە يارنىڭ جاپاسىنى، يۈسۈپنى قىلماس ئىختىيار.

زىلەيخا بۇ شېئىرنى تۈگىتىپ بولۇپ، نازۇكەرەشمە بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆيىگە قېچىپ كىرىپ كېتىپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىۋالدى.

يۈسۈپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ زىلەيخاغا ئەرزى ھالىنى بايان قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تۇتاشتى ئوتلار جانىمە،
زىلەيخاجان، جىگى ـ جىگى.
كۆيدى تەندە جانىمە،
زىلەيخاجان، جىگى ـ جىگى.

ھىجرى ئەمەس بالا ئىكەن،
مۇھەببەت دەردى ئاھ ئىكەن،
قاراشلىرىڭ پاناھ ئىكەن،
زىلەيخاجان، جىگى ـ جىگى.

ئال بۇ دۇنيا خىراجىنى!
بەر ماڭا ھۆسنۈڭ باجىنى،
تەقدىم قىلاي تەخت ـ تاجىنى،
زىلەيخاجان، جىگى ـ جىگى.

كۆيدۈرمە ئەزىز جانىمنى،
ئاشۇرمىغىن پىغانىمنى،
سەنمۇ ئاڭلا بۇ ئاھىمنى،
زىلەيخاجان، جىگى ـ جىگى.

قالدى يۈسۈپ سازايىغا،
ئىشق ئوتىنىڭ بالايىغا،
رەھىم ئەيلىگىن گادايىغا،
زىلەيخاجان، جىگى ـ جىگى.

يۇسۇپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئۆز ئىشقىنى زىلەيخاغا ئىزھار قىلدى. زىلەيخا قۇلاق سالمىدى. يۇ ـ سۇپ ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىپ، خالىي بىر ئۆيگە كىردى. باغرىنى يەرگە يېقىپ ياتتى. ھېچكىمگە سۆز قىلمىدى. ھېچكىمنىڭ ئەرزىنىمۇ ئاڭلىمىدى. دۆلەت ئىشىنىمۇ تاشلىدى. قاتتىق «ئاھ !...» تارتىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

داۋا يوقتۇر ئىشق ئوتىغا، بەلكى جانىم كۆيىدۇ،
ياتقىنىم بىر خالىي ئۆيدۇر، تەندە جانىم كۆيىدۇ.
تازا بېغىم، گۇلئۇزارىم، نەۋباھارىم كۆيىدۇ.
بۇ زىلەيخا قىرىق يىل چەكتى جاپايۇجەبىرىنى،
مەندە يوق سەۋرى قارار، نومۇسئارىم كۆيىدۇ.
سەن قوبۇل ئەتمەسمۇسەن ئاھۇپىغانىمنى كۆرۈپ،
ئەمدى تۇرماي نە قىلاي، سەۋرى قارارىم كۆيىدۇ.
ئەي خۇدايا، سالما يۇسۇپ كۆڭلىگە ھىجران دېغى،
زەررە تاقەت مەندە يوقتۇر، ئىچى ـ تاشىم كۆيىدۇ.
بۇ مېنىڭ ھالىمنى كۆرگەن ھېچ كىشى رەھىم ئەيلىمەس،

يۇسۇپ زىلەيخانىڭ ئىشقىدا: «ئاھ ـ ۋاھ...» بىلەن تولغىنىپ قىرىق كۈننى ئۆتكۈزدى. زىلەيخانىڭ قىرىق يىل تارتقان ئىشقى ـ دەردى، جاپاسىنى يۇسۇپ قىرىق كۈن تارتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. جەبرائىل كېلىپ:

— ئەي يۇسۇپ، زىلەيخا سېنىڭ، ھەقتائالا ئىككىڭلارنىڭ نىكاھىنى ئەزەلدە بىر قىلغان. سەن ئەل ئارىسىغا چىق. خەلققە توي ـ تاماشا قىلىپ بەر. مىسىرنىڭ ھازىرقى قائىدىسى بويىچە نىكاھ خۇتبىسىنى ئوقۇت ! — دېدى.

يۇسۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدى. دەرھال ئوردىغا چىقتى. مالىك رېھان بىلەن سۆزلەشتى. يۇسۇپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى زىلەيخاغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مالىك رېھان زىلەيخاغا يۇسۇپنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. زىلەيخا يۇسۇپنى جان ـ دىلى بىلەن ئەرلىككە قوبۇل قىلدى.

يۇسۇپ توي تەييارلىقىنى قىلدى. زىلەيخا ئۈچۈن بىرساراي قىلدۇردى. بۇ ئىمارەتكە: «بەيتۇل ئىـ بادەت» (ئىبادەت ئۆيى) دەپ ئىسىم قويدى. مىسىر شەھىرىنى زىننەتلەپ، ئەلگە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بەردى، نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇلۇپ، ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق قوشۇلدى.

تويدىن كېيىن يۇسۇپ خۇشال ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نەخۇش كۈندۇر، مۇساھىبلەر، كىشى جانانىغا يەتسە،
كۆرۈپ يۈز دەردۇغەم ئەفزۇن[8]، يەنە دەرمانىغا يەتسە.
چېكىپ جەبرۇجاپالارنى، كۆزى مەستانىغا يەتسە.
دىلۇجانى خاراب بولسا، كۆيۈپ باغرى كاۋاپ بولسا،
يەنە ھەر كۈن ئازاب بولسا، نە ئارمان يارىغا يەتسە.
چېكىپ رەنجۇمۇشەققەتلەر، ئىشق يولىدا ئەپغانلار،
كۆرۈپ يۈزمىڭ مالامەتلەر، كۆڭۈل ئارامىغا يەتسە.
يۇسۇپ رەنا، قەددى زىبا، ئاھۇكۆزدۇر زىلەيخا،
پەلەك ئۇرسا ئاڭا شەبخۇن[6] يىقىلسا بېشىغا گەردۇن[7]،
بولۇپ بۇلبۇل گۈلى شەيدا،غۇنچە خەندانىغا يەتسە.

بۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى يۇسۇپنىڭ ئاتىسى ياقۇپتىن ئاڭلايلى:

يۇسۇپنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئالەمگە تارالدى. رۇم، شام، كەنئاندىن كىشىلەر كېلىپ مىسىرنى ۋە ئۇنىڭ شاھى — يۇسۇپنى كۆرۈپ كېتىدىغانلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. شۇ كۈنلەردە شام بىلەن كەن ـ

ئاندا قەھەتچىلىك پەيدا بولغانىدى. بۇ يەردىن كەلگەنلەرمۇ كەنئانغا قايتىپ بارغاندا مىسىر شاھى يۇ-
سۈپنىڭ ياخشىلىقلىرىنى سۆزلەشتى. بۇ سۆز ياقۇپقا ئاڭلاندى. ياقۇپ ئوغۇللىرىنى ئالدىغا قىچقىرىپ:
— ئەي ئوغۇللىرىم، ئاڭلىشىمچە، ھازىر مىسىر مەملىكىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇ ئالدىغا
بارغان ھەرقانداق كىشىگە مېھرىبانلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن. سىلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بې-
رىپ، بىزنىڭ سالىمىمىزنى يەتكۈزسەڭلار! — دېدى.
ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى:
— بىزدە ئۇ پادىشاھقا لايىق تارتۇق قىلغۇدەك بىرەرنەرسە يوق. قۇرۇق قول بىلەن قانداق بارى-
مىز؟! — دېدى.
ياقۇپ:
— نېمە بولسا شۇنى ئېلىپ بېرىڭلار! قوبۇل قىلسا ياخشى، قوبۇل قىلمىسا تېخى ياخشى. ئاتا-
بوۋاڭلارنىڭ نامىنى، ئەسلىي زاتىڭلارنى ئۇنىڭغا بايان قىلىڭلار! شۇلارنىڭ يۈزىدىن سىلەرگە ياخشىلىق
قىلسا ئەجەب ئەمەس! — دەپ نەسىھەت قىلدى.
ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ مەسلىھەتىگە كۆندى. ئۇلار ئازغىنا يۈك ۋە بىر دانە يۈڭ پالاسنى
ئېلىپ مىسىرغا قاراپ راۋان بولدى. ياقۇپ ئوغۇللىرىنى ئۇزىتىۋېتىپ:
— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغۇللىرىم، سىلەر يولغا چىقتىڭلار، پادىشاھى مىسىرنىڭ ئالدىغا كىر-
گەندە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ-قائىدە، رەسىم-يوسۇننى ئوبدان ئادا قىلىڭلار. «ئولتۇر!» دەپ جاي
كۆرسەتمىگۈچە ئولتۇرماڭلار! گەپ سورىمىسا گەپ قىلماڭلار! ئامال قىلالىساڭلار يۇسۇپۇمنىڭ خەۋە-
رى، بار-يوقلۇقىنى سوراڭلار! چۈنكى ئۇ ھەممە ئىشتىن خەۋەردار پادىشاھ ئىمىش. مېنىڭ ياخشى
تىلەك ۋە دۇئالىرىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈڭلار! مەن يەنە سىلەرگە بىر نامە يېزىپ بېرەي، ئۇنىمۇ شۇ پادى-
شاھقا بېرىڭلار! — دەپ تۆۋەندىكى نەزم مەزمۇندا خەت يازدى:



مىسىر شاھى، ئۇ مېنىڭ يىتكەن قوزامدىن بەر خەۋەر،    سۇبھى ـ شام بولدى قاراڭغۇ كۈندۈزۈمدىن بەر خەۋەر.
ئېيتى يۇسۇپ، سەرۋى قەد، كۆرۈر كۆزۈمدىن بەر خەۋەر.
تاقىتىم يوق، ھەسرىتىم چەكسىز، بولۇپتۇر ۋاي ـ ۋاي،
قىرىق يىلدۇر، ئەي شاھىم، ئوغلۇم پىراقىن چېكمەن،    خۇددى نۇرلۇق زۆھرە يەڭلىغ يۇلتۇزۇمدىن بەر خەۋەر.
يۈزلىرى ئاپتاپ يەڭلىغ ئاي يۈزۈمدىن بەر خەۋەر.
ياقۇپنىڭ زىكرى ـ ساناسى، سۇبھى ـ شام ئاھى، يۇسۇپ،
كور بولۇپتۇر يىغلىبان دەردى ـ پىراقىدا كۆزۈم،    راھىتى جانىم مېنىڭ، شېرىن سۆزۈمدىن بەر خەۋەر.

ياقۇپ ئوغۇللىرىغا بۇ خەتنىمۇ بەردى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە دۇئا قىلدى. ئۇلار يولغا چىقتى. مەنزىللەرنى بېسىپ، بىرنەچچە كۈندە مىسىرغا يېتىپ كەلدى.

يۇسۇپ مىسىرنىڭ تۆت تەرىپىدىكى يول ئېغىزلىرىغا قاراۋۇللارنى قويغانىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ يۇرتى ۋە ئىسمى، كەسپىنى دەپتەرگە يېزىپ ئاندىن ئۇلارغا مىسىرغا كىرىشكە يول بېرەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ قاراۋۇللارنىڭ بىرىگە ئۇچرىدى. ئۇ بۇلارنىڭ كەلگەن يېرىنى، مەقسىتى مىسىرغا كىرىش ئىكەنلىكىنى، شاھنىڭ ئۇلارغا رۇخسەت بېرىش ـ بەرمەسلىكىنى سوراپ خەت ئەۋەتتى. خەتتە: «كەنئان تەرەپتىن كەلدۇق، دەيدۇ. بىر توپ كىشى كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى رۇستىمى داستانىدەك ھەيۋەتلىك» دېيىلگەنىدى.

يۇسۇپ خەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇدى. يۇسۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇلار شۇنچە ھەيۋەتلىك بولغان كىمكىنا؟ !» دېدى. شۇ چاغدا جەبرائىل كېلىپ:

— ئەي يۇسۇپ، بۇلارئۆز ۋاقتىدا سېنى «قۇل» دەپ ساتقان ئاكىلىرىڭ. ئەمدى سەن بۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىن ! — دەپ غايىب بولدى.

يۇسۇپ يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

— ئۇلار ماڭا ئۆز ۋاقتىدا بىلمەستىن جاپا قىلغان. ئەمدى مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىمەن ! — دېدى.

شۇ يەردە ئولتۇرغان ۋەزىرلەر ۋە باشقىلار يۇسۇپتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەم خۇش، ھەم ھەيران بولۇشتى. يۇسۇپ شۇ يەردە بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

ۋەزىرلىرىم، بىلىڭلار، مېنىڭ ئاكىلىرىم كەلدى.    زۇلۇم قىلىپ چاھقا سالغان ئاشۇ ئاكىلىرىم كەلدى.
چۆل كېزىپ، شەھرى كەنئاندىن مېنىڭ ئاكىلىرىم كەلدى.
مالىك دىغۇرغا مېنى سېتىپ، «بۆرە يېدى» دەپ گەپ ئېيتىپ،
شىكار دەپ ئالداپ ئېلىپ بارغان، جاپا تىغىن جانغا ئۇرغان،    ئاكىلىق ھەققىن ئۇنۇتقان، مېنىڭ ئاكىلىرىم كەلدى.
يالغۇرسام يۈزۈمگە ئۇرغان زالىم ئاكىلىرىم كەلدى.
يۇسۇپ تۆكەر كۆزدىن ياشىن، ۋەزىرلەر كۆرۈڭ تەقدىر ئىشىن،
ياتقۇزۇپ قولۇم باغلىدى، كۆڭلەكنى قانغا بۇلغىدى،    پەلەكنىڭ ئايلاندۇردى باشىن، مېنىڭ ئاكىلىرىم كەلدى.

يۇسۇپ ۋەزىرلىرىنى بۇيرۇدى:

— ئاكىلىرىمنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىرىڭلار ! — دېدى. ۋەزىرلەر قاراۋۇلخانىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئوردىغا كەلدى. يۇسۇپ يەھۇدا، شەمئۇن، رۇبىل قاتارلىق ئاكىلىرىنى كۆرۈپ ئۇلار-نى تونۇدى. ئۇلارنى شاھ سارايلىرىدىن بىرىگە چۈشۈردى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئوبدان مېھمان بولۇشتى. بىر كۈنى يۇسۇپ ئاكىلىرىنى ئۆز ئالدىغا چاقىردى. ئۇن ئاكىسى يېتىپ كېلىپ پەگاھدا تۇرۇپ يۇسۇپ-

كە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ سالام بەردى. كېيىن ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ شاھقا قارىدى.

جاھان تەختىگە لايىق بىر پادشاھ تەختتە ئولتۇرغان، ئۇنىڭ يۈزىگە نىقاب تارتىلغان، پەردە ئىچىدىن ئۇنىڭ يۈزىنىڭ نۇرى ئەتراپقا جىلۋە قىلىپ تارقاپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىرنەچچە خان، سۇلتان، چەپ يېنىدا ئۆلىمالار، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، يەتتە يۈز بەگزادە، تۆت ئەتراپىدا باشقا ئەمىرلەر، سەركەردىلەر ئولتۇرغان. بۇلارنى كۆرۈپ يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى.

يۈسۈپ ئۇلارنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەردى. ئۇلارنىڭ قىلغان جەبىر - جاپاسىنى يادىغا ئېلىپ يىلاندەك تولغاندى. قېرىنداشلىق مېھرى جۇش ئۇرۇپ، ئىچ - ئىچىدىن يىغلىدى. يۈسۈپ تەسلىكتە ئۆزىنى توختىتىپ، كەنئان شېۋىسىدە ئۇلاردىن:

— ئەي سودىگەرلەر، سىلەر قايسى باغنىڭ گۈلى، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلى، قايسى ئاشىياندىن ئۇچتۇڭلار؟ قايسى گۈلزارلىققا چۈشىسىلەر؟ ! — دەپ سورىدى.

ئۇلار تەشۋىشتە:

— ئەي شاھى جاھان پەرۋەر، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن ھەم دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن ! بىز خۇدانىڭ بەندە، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق پەيغەمبەرگە نەۋرە، ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى ھەم ئوغلىبىز، ئەسلى يۇرتىمىز شام. ھازىر كەنئان ۋىلايىتىدە تۇرىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

يۈسۈپ:

— ياقۇپنىڭ نەچچە ئوغۇل، نەچچە قىزى بار؟ ئۇ ئۆزى قانداق كىشى؟ ! — دەپ سورىدى. شۇ چاغدا يۈسۈپنى يىغا تۇتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئاران توختاتتى.

يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى:

— ياقۇپنىڭ ئۇن ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىدى، ھازىر ئون بىر ئوغلى قالدى. يۈسۈپ ئاتلىق بىر ئوغلىنى بۆرە يېدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئىبنى يەمىن ئاتىمىزغا قاراپ قالدى. بىز بۇ يەرگە ئون ئوغۇل كەلدۇق. ھازىر كەنئاندا قەھەتچىلىك بار، بىز ئاشلىققا كەلدۇق ! — دېدى.

بۇلارنىڭ ھەربىرى ئىككىدىن تۆگە ئېلىپ كەلگەندى. يۈسۈپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بۇغداي يۈكلىتىپ بەردى. ئاتىسى ياقۇپقا ئاتاپ ئىككى تۆگىگە، ئىنىسى ئىبنى يەمىنگىمۇ ئىككى تۆگىگە بۇغداي ئارتىپ تۆگىلىرى بىلەن بەردى. يۈسۈپ بۇلارنى يولغا سېلىۋېتىپ:

— بۇ نۆۋەت كەلسەڭلار، ئاتاڭلارنىڭ قېشىدىكى ئىنىڭلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىڭلار ! تۆگە، ئات - ئۇلاغنى جىقراق ئېلىپ كېلىڭلار، مەن ئاتاڭلارغا كۆپرەك بۇغداي بېرەي ! — دېدى.

ئۇلار يولغا چىقتى. يولدا كېتىۋېتىپ، يەھۇدا:

— ئۇكىلىرىم، مەن مۇشۇ پادشاھنى «يۈسۈپمىكىن » دەپ ئويلاپ قالدىم، — دېدى.

باشقىلىرى:

— نەدىكى قاملاشمىغان گەپنى قىلىدىكەنسەن، يەھۇدا. ئۇ تىرىك بولسا ئاللىقاچان ئۇنىڭ خەۋىرىنى بىلەتتۇق. ماقۇل، تىرىكمۇ دەيلى، ئۇنىڭغا بۇنداق شانۇشەۋكەت، تاجۇدۆلەت نەدە تۇرۇپتۇ؟! — دېيىشتى.

يەنە بەزىلىرى:

— ئەگەر ئۇ تىرىك بولۇپ مۇشۇنداق پادشاھ بولسا، بىزدىن ئىنتىقامىنى ئېلىپ ئەدىپىمىزنى بېرەتتى. بىز ئۇنىڭغا ئاز ئازار ۋە ئازاب بەردۇقمۇ؟ ئۇنى ئاخىردا «قۇل» قىلىپ پۇچەك يارماققا ساتتۇق. قۇ؟ ! ۋەھالەنكى، ئۇ بىزگە پۇلسىز كۆپ بۇغداي بەردى، دادىمىز، ئۇكىمىز ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆگىسىگە بۇغداي ئارتىپ بەردى، — دېدى.

يەنە بەزىلىرى:

— يەھۇدا توغرا ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇ يۇسۇپ بولمىسا، ئىبنى يەمىننى نەدىن بىلىدۇ؟ ! — دېيىشتى.

باشقىلار:

— ئۇنىڭغا بىز ئىبنى يەمىننى ئۆزىمىز تونۇشتۇردۇققۇ؟ ! — دېيىشتى.

ئۇلار شۇنداق تالاش - تارتىش بىلەن ئاخىر كەنئانغا يېتىپ باردى. ياقۇپقا ئىككى تۆگىدىكى بۇغداينى:

— بۇنى سىزگە مىسىر شاھى ئىنئام قىلىپ بەردى، — دەپ چۈشەندۈردى ۋە چۈشۈرۈپ بەردى. ئىبنى يەمىننىڭ بۇغدىيىنى ئۇلار ئۆزلىرى چۈشۈرۈپ بولۇشۇۋالدى. ئۇلار يەنە يۇسۇپنىڭ يېزىپ بەرگەن خېتىنى ئاتىسىغا بەردى. خەتتە تۆۋەندىكى نەزمە بار ئىدى:

ياقۇپ نەبى، تەۋەككۇل قىل خۇداغا،
سەۋر قىلغىن، كۆرەر كۆزۈڭ ئاماندۇر.
ئاشىقلارنىڭ ئىشىدۇر سەۋر قىلماق بالاغا،
سەۋر قىلغىن، يۇسۇپ قوزاڭ ئاماندۇر.

سەۋر قىلغان مۇرادىغا يېتەرلەر،
ھەسرەت - پىراق يۈرىكىدىن ئۆتەرلەر،
جاپا - مېھنەت ئاشىقلارغا يېتەرلەر،
سەۋر قىلغىن، كۆڭۈل چۈشۈڭ ئاماندۇر.

يۇسۇپ دەرلەر: كۆرەر كۆزۈڭ روشىنى،
تازا بولۇر گۈل ئېچىلسا گۈلشىنى،
جىلۋىلىنەر جامالىڭنىڭ روشىنى،
كۆڭلۈڭ خۇشى، دىلىڭ خۇشى ئاماندۇر.

غەم قىلمىغىن، يۇسۇپ ئامان بار ئىمىش،
ئاتىسىنىڭ جامالىغا زار ئىمىش،
قايغۇڭ بىلەن غېمىڭ ھەردەم يار ئىمىش،
قوش يۇلتۇزۇڭ يۇسۇپ - رەنا ئاماندۇر.

ئاڭلا مىسىر شاھىنىڭ شۇكۇر - ساناسىن،
ھېچكىمدىن دەرىخ تۇتماس ئۇ، ۋاپاسىن،
ئەپۇ ئەيلە، ئوغلۇڭ يۇسۇپ گۇناھىن،
غەم يېمىگىن، يۇسۇپ قوزاڭ ئاماندۇر.



168

ياقۇپ خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ مۇتالىئە قىلدى. ئۇ خەتتىن ياقۇپنىڭ دىمىغىغا بىر خىل خۇش پۇراق يېتىپ كەلدى. ئۇ يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرى ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، مىسىر پادىشاھى: «بۇ نۆۋەت كەلسەڭلار، كىچىك ئۇكاڭلار ئىبنى يەمىننىمۇ ئۆزۈڭلار بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىڭلار!» دېدى. ئۇ ئاجايىپ بىر پادىشاھ ئىكەن، توققۇز قەۋەت پەردە ئىچىدە ئولتۇرسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ نۇرى قۇياش نۇرىدەك بەرق ئۇرۇپ چىقىپ تۇرىدىكەن. ئۇ پادىشاھ بىزنىڭ ئېلىپ بارغان سوۋغىلىرىمىزنىمۇ ئۆزىمىزگە ياندۇرۇپ بەردى، — دەپ تەرىپ قىلىشتى.

ياقۇپ:

— بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى قايتۇرغىنى، بىزنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلغىنى، — دەپ چۈشەندۈردى.

ھەممىلىرى كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشتى.

ياقۇپ بۇ نۆۋەت يەنە مىسىرغا ماڭغان ئوغۇللىرىغا ئىبنى يەمىننى قوشۇپ بەردى. ئۇلار يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا، ياقۇپ ئوغۇللىرىغا:

— بالىلىرىم، ئوغلانلىرىم، كۆزۈمنىڭ روشنى ئىبنى يەمىننى سىلەرگە قوشۇپ بەردىم. ئۇنىمۇ يۈسۈپتەك يوق قىلىپ كەلمەڭلار! بۇ نۆۋەت مەن سىلەرگە ئىشەندىم. بىراق ئىشەنچىمنى ئاقلىمىساڭلار، سىلەرنى چوقۇم قارغايمەن. بېرىڭلار، ھەممىڭلارنى خۇداغا تاپشۇردۇم. مىسىر پادىشاھىغا مەندىن ئالاھىدە سالام دەڭلار! ئۇ بۇ نۆۋەت ئوغلۇم يۈسۈپ ھەققىدە ئېنىق بىرەر خەۋەر بەرسۇن. مەن ئۇنىڭ نامەسىدىن ياخشىلىقنىڭ ھىدىنى سەزدىم، — دەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

بوۋام ئىبراھىمدۇر، ئاتىمىز ئىسھاق،
قىرىق يىلدۇر ئوغا ماڭا نۇش[9] بولدى.
تا ئۆلگۈچە بۇندا تارتارمەن پىراق،
يۈرىكىمدە جەبىر - جاپا دۇش[10] بولدى.

يىراقلىقنىڭ دەردى بىسيار ياماندۇر،
كىمىرسە پىراق ئوتىدا كۆيسە مەرد بولۇر،
دائىما چەككىنىم ئاھۇدەرد بولۇر،
ھەمىشە ماڭا پىراق ئوتى ئىش بولدى.

مەن بىلۇرمەن، پەرزەنت دېغى ياماندۇر،
جۇدالىقتىن بېشىم ئۇزرە تۇماندۇر،

كۆرمىدىم يۈسۈپنى، ئاخىر زاماندۇر،
خۇدانىڭ تەقدىرىدىن شۇنداق ئىش بولدى.

ھېچ بىلمىدىم، بەختىم قارا بولدىمۇ؟
دوستلار يىغلاپ، دۈشمەنلىرىم كۈلدىمۇ؟
يۈسۈپۈمنى كۆرەر ۋاقتىم بولدىمۇ؟
يىغلىغىنىم خالايىققا پاش بولدى.

مىسىر شاھى، سۆزۈڭ شېكەر - بالىمدۇر؟
يۈسۈپنى بار دېگىنىڭ ھەق - راستىمدۇر؟
يۈسۈپتىن سېنىڭ خەۋىرىڭ بارمىدۇر؟
ياقۇپ كۆرۈپ ئول نامەنى خۇش بولدى.

ياقۇپ بالىلىرىنىڭ قولىغا: «ئەي پادىشاھى جاھان پەرۋەر، ئەزىزى مىسىرى، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ نامەنى يېزىپ بەردىم. ئوغلۇم يۈسۈپتىن خەۋەر بېرەرسىز. مېنىڭ ئوغۇللىرىمغا يەنىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ. ئۇلارغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىڭ. ئوغلۇم ئىبنى يەمىننى تەلىپىڭىزگە بىنائەن ھۇزۇرىڭىزغا ئەۋەتتىم. يۈسۈپتىن ئايرىلغاندىن بېرى ئىبنى يەمىن ماڭا ئۇلپەت ئىدى. ئۇنى سىز مېنىڭدىن ئايرىماڭ. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى تېزرەك يولغا سېلىۋېتىڭ!» دەپ خەت يېزىپ بەردى.

ئۇلار يولغا چىقتى. ماڭىدىغان ۋاقىتتا:

— سىلەر مىسىرغا بارغاندا، بىر ئاندىن بولغان ئىككى ئوغۇل بىر دەرۋازىدىن كىرىڭلار! — دەپ تاپىلىدى.



ئۇلار مەنزىللەرنى بېسىپ مىسىرغا كەلدى. قاراۋۇللارغا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئىككىسى بىر بولۇپ، بىردىن دەرۋازىدىن مىسىرغا قەدەم قويدى. ئىبنى يەمىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆزى يالغۇز قېلىپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئاكىسى يۈسۈپنى ئەسلەپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ماڭا قىلار ئىدى جېنىنى قۇربان،
خىرامان يۈسۈپۈم بىللە بولسا.
قىلاتتى خىزمەتتە ئۇ ماڭا جەۋلان،
نە ئارمان يۈسۈپۈم بىللە بولسا.

بىلەلمەيمەن قايان بارغۇم،
غېرىبۇناتىۋان بولدۇم.
بۇ يەرلەرنى كىمدىن سورىدىم،
قېنى يۈسۈپۈم بىللە بولسا.

يولنى كىمدىن سوراپ بىلەي،
قەيەرلەرنى ماكان ئەيلەي.
دىل جانىمنى داغ ئەيلەي،
گۈلىستان يۈسۈپۈم بىللە بولسا.

قېلىپ تەنها خاراب بولدۇم،
جۇدالىقتىن كاۋاپ بولدۇم.
«ئاكام!» دەپ ئىزتىراپ بولدۇم،
بۇ يەردە يۈسۈپۈم بىللە بولسا.

ئىبنى يەمىن قېلىپ تەنها،
چۈشۈپتۇر بېشىمە سەۋدا.
خۇدايا، قويمىغىن غەمدە،
نە ئارمان يۈسۈپۈم بىللە بولسا.

ئىبنى يەمىن يىغلىدى. جەبرائىل يۈسۈپنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى، ئىبنى يەمىننىڭ ئالدىغا چىق. ئۇ مىسىرنىڭ كەنئان تەرەپتىكى دەرۋازى-

سىدا كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى دەرۋازىدىن بىللە ئېلىپ كىر! — دېدى.

يۇسۇپ دەرھال يولۇچى قىياپىتىگە كىرىپ ئىبنى يەمەننىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىبنى يەمەن قايانغا بېرىشنى، دەرۋازىدىن قانداق كىرىشنى بىلمەي تۇراتتى. ئىبنى يەمەننى كۆرۈپ يۇسۇپنىڭ كۆزىدىن ياش كەتتى، لېكىن بىلىندۈرمەي، تۆگىنى مىنىپ كېلىپ سالام قىلدى. ئىبنى يەمەن ئىلىك ئالدى، قاراپ ھەيران قالدى. يۈزىدە نىقاب بار بۇ يىگىتنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا يېقىملىق ئاڭلاندى.

يۇسۇپ ئىبنى يەمەندىن:

— ئەي يىگىت، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟! نەگە بارىسەن، كىمنىڭ ئەۋلادىسەن؟! — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمەن:

— بىر خۇداغا بەندە، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقنىڭ نەۋرىسى، ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ كىچىك ئوغلىمەن، ئىسمىم ئىبنى يەمەن، يۇرتۇم كەنئان. كەنئاندىن كېلىۋاتىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ:

— ياقۇپنىڭ نەچچە ئوغۇل، نەچچە قىزى بار؟! — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمەن:

— ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىدى. ھازىر ئون بىر ئوغلى بار. ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە كەلدى. ھەربىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئىككىسى بىر دەرۋازىدىن شەھەرگە كىرىپ كەتتى. مەن يالغۇز قالدىم. ئۇلار بۇرۇن بۇ شەھەرگە كەلگەن، مەن كەلمىگەن، ھېچكىمنى تونۇمايمەن. نەگە بېرىشىمنىمۇ بىلمەيمەن. مەرھەمەت قىلىپ سىز ماڭا ھەمراھ بولۇپ، مېنى مىسىر شاھىنىڭ ئىشىكىگە يەتكۈزۈپ قويسىڭىز! — دېدى.

ئىبنى يەمەن يۇسۇپنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزىگە بىر ياخشىلىقنىڭ ھىدى كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ يەنە:

— ئەي يىگىت، سىزنىڭ مۇبارەك جامالىڭىزنى مەن بىر كۆرسەم، جېنىمغا ئارام بولاتتى. مەن بىلەن بىر ئانىدىن تۇغۇلغان يۇسۇپ ئىسىملىك بىر ئاكام بار ئىدى. ئۇنى ئاكىلىرىم كىچىكلىكىدە سەھراغا ئېلىپ بېرىپ يوقىتىپ «بۆرە يېدى!» دەپ كەلدى. دادام ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە تا ھازىرغىچە ئىشەنگىنى يوق. دادام شۇ ئاكامنىڭ دەردىدە زار - زار يىغلاپ كۆزىدىن ئايرىلدى، — دېدى.

يۇسۇپ:

— يۈرگىن، مەن ساڭا يول باشلاي، غەم يېمە. ئاكاڭنىڭ ئورنىدا ئاكا بولۇپ، سېنى شۇ ئاكىلىرىڭ بارغان يەرگە باشلاپ باراي، — دەپ باشلاپ ماڭدى.

يۇسۇپ يولدا كېتىۋېتىپ، ئىبنى يەمەندىن:

— سەن شۇ ئاكاڭنى ياخشى كۆرەمدىڭ؟! — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمەن:

— ئۇ ئاكام مېنىڭ كۆرەر كۆزۈم، سۆزلەر سۆزۈم ئىدى! — دەپ يىغلىدى. يۇسۇپنىمۇ قاتتىق يىغا تۇتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. يۇسۇپ دەرھال قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىپ ئىبنى يەمەننىڭ قولىغا سېلىپ قويدى. ئىبنى يەمەن:

— ئەي ئاكا! بۇ نېمە ئىش؟! — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ:

— ھەمراھدارچىلىقىمىزنىڭ خاتىرىسى. بۇنى سەن ياخشى ساقلا! يوقاتما! بۇنىڭ باھاسى مىسىرنىڭ يىللىق باج - خىراجىغا باراۋەر، — دېدى. ئۇلار يولنىڭ قوشۇلۇشىدا بىر - بىرىگە قوشۇلدى. يۇسۇپ ئۇلار بىلەن خەيرلىشىپ، باشقا يول بىلەن ئۆز بارگاھىغا كىرىپ كەتتى، ئۇ

يەردىن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

ئىبنى يەمىن ئاكىلىرى بىلەن جەم بولغاندىن كېيىن، ئۇلار:

— سەن بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭ؟ ! — دەپ قىستىدى. ئىبنى يەمىن ئۇلارغا ئۆزى بىلەن بىللە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ھەمراھىنى، ئۇ ھەمراھىنىڭ خەيرلىشىپ كېتىپ قالغانلىقىنى ئەسلىتىپ بىرمۇبىر بايان قىلدى. قولىدىكى خاتىرە ئۈچۈن بەرگەن ئۈزۈكنى كۆرسەتتى. ئۇلار بۇ ئۈزۈكنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

يەھۇدا:

— بۇنى ساقلىيالمايسەن، مەن ساقلاپ بېرەي ! — دەپ ئېلىپ قولىغا سېلىۋالدى. بىر سائەتكە يەتمەي ئۇ ئۈزۈك ئۇنىڭ قولىدىن غايىب بولدى. ئاكىلىرى ھەيران بولۇشتى. ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، ئىبنى يەمىننىڭ قولىدا كۆردى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۈزۈكنى باشقا ئاكىلىرى بىر - بىرلەپ ئېلىپ قولىغا سالدى. بۇ ئۈزۈك ئۇلارنىڭمۇ قولىدا تۇرمىدى. ئۇلار ئىلاجسىز قېلىپ، بۇ ئۈزۈكنى ئىبنى يەمىنگە ھەدىيە قىلىشقان بولدى. يۇسۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كارۋان سارىيىغا چۈشۈردى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يۇسۇپ كىشى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە بىر تاۋاقتىن ئاش قويدى. ئىبنى يەمىنگە يالغۇز بىر تاۋاق ئاش قويدى. ئۇلارنى تائامغا تەكلىپ قىلدى.

ھەممىسى — ئىككىدىن بولۇپ تائام يېيىشكە كىرىشتى. ئىبنى يەمىن ئۇلارغا قاراپ: «مېنىڭمۇ ئاكام يۇسۇپ بولغان بولسا، بىز ئىككىمىزمۇ بىللە تائام يەر ئىدۇق» دېگەننى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ تائامنى يېمىدى. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان يۇسۇپ:

— ئەي ئىبنى يەمىن، سىز نېمە ئۈچۈن تائام يېمەيسىز؟ ! — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمىن:

— بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر ئانىدىن بولۇپ، ھەمراھى تەل. مېنىڭ ئاكام يۇسۇپ يوق، شۇڭا گېلىمدىن غىزا ئۆتمىدى، دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ ئۇلارغا قاراپ:

— ئۇنداق بولسا، مەن ئىنىڭلار ئىبنى يەمىن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئاش يەيمەن، — دېدى.

ئۇلار:

— ناھايىتى ياخشى ئىش قىلدىڭىز، پادىشاھىئالەم ! — دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ يۇسۇپ ئىبنى يەمىن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئاش يېدى.

ئەتىسى بۇلارنى ئوردىغا يەنە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار كېلىپ يۇسۇپكە تەزىم بەجا قىلىشىپ پەگاھدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشتى. يۇسۇپ پەردە ئىچىدە ۋاپاسىز ئاكىلىرىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ، ئاتا - ئانىسىنى ئەسلىدى. كۆڭلى بۇزۇلدى. لېكىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ:

— ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، ئاتاڭلارنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن خېتىنى ئېلىپ كېلىڭلار ! — دېدى. ئۇلار خەتنى ئېلىپ بېرىشتى. يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ قەلىمىنى كۆرۈپ كۆزىگە سۈرتتى. كېيىن ئۇنى ئوقۇدى. ئۇلارغا قاراپ:

— بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، سىلەرنىڭ ئۇكاڭلار يۇسۇپنىڭ زىنداندا ئىكەنلىكى مەلۇم. سىلەر ئۇنى «بۆرە يېگەن» دەيسىلەر. سىلەر ماڭا راستىنى ئېيتىڭلار، ئەگەر يۇسۇپ تىرىك بولسا، مەن ئۇنى تېپىپ ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىنى ئالاي ! — دېدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— يۈسۈپنى تەھقىق بۆرە يېگەن. ئەگەر بىزگە ئىشەنمىسىلە، مانا ئالدىلىرىدا ئۇنىڭ ئىنىسى ئىبنى يەمىن تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ ئۆزىدىن سورىسىلا! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

يۈسۈپ:

— ئەي ئىبنى يەمىن، سېنىڭ ئاكاڭ يۈسۈپنى بۆرە يېگىنى راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمىن:

— ئەي شاھىئالەم، مەن نەدىن بىلەي؟! بۇ يەردە تۇرغان ئاكىلىرىم ئاكام يۈسۈپنى «سەھرانى كۆرستىپ كېلىمىز» دەپ، دادامدىن سوراپ ئەكەتكەنىدى. كېيىن بۇلار: «يۈسۈپنى بۆرە يېدى» دەپ بىر قانلىق كۆڭلەكنى ئېلىپ كېلىشتى. ئۇنى دادامغا كۆرستىپ دادامنى قاقشاتتى. مەن بۇنىڭدىن باشقىسىنى بىلمەيمەن! — دەپ جاۋاب بەردى.

يۈسۈپ ئىبنى يەمىندىن:

— سېنىڭ ئاكاڭ يۈسۈپ ئوغرى ۋە يالغانچىمىدى؟ — دەپ سورىدى. ئىبنى يەمىن:

— مېنىڭ ئاكام يۈسۈپ ئۆمرىدە ئوغرىلىق قىلغان ئەمەس. زادى يالغان سۆزلىمەيتتى. ھەرقاچان ناشتا قىلسا ئۆزىنىڭ ئېشىدىن ئېلىپ غېرىب - غۇرۋالارغا بېرىپ، ئاشقىنىنى ئۆزى يەيتتى. مەن ئۆمرۈمدە ئاكامدەك خۇش مۇئامىلىلىك كىشىنى تېخى كۆرمىدىم! — دەپ يىغلىدى.

ئىبنى يەمىننىڭ بەرگەن جاۋابىغا ئاكىلىرىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئۇلار ئىبنى يەمىننى بۇنداق جاۋاب بېرىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى.

يۈسۈپ ئۇلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ:

— بولدى قىلىڭلار! ئەي ئىبنى يەمىن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، سېنىڭ بۇ يەردە تۇرغان ئاكىلىرىڭنىڭ ئۆزى يالغانچى ئوخشايدۇ. خەتتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاتاڭمۇ يۈسۈپنىڭ ھاياتلىقىدىن ئۈمىدۋار ئىكەن، — دېدى.

ئىبنى يەمىننىڭ ئاكىلىرى بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئۆز ئىچىدە: «خەپ توختاپتۇر! سېنىمۇ ئاكاڭ يۈسۈپتىن بەتتەررەك كويغا سالمىساق» دېيىشتى. يۈسۈپ بۇلارنىڭ پەيلىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلارغا يەنە ئاش تارتتى، كېيىن ئۇلارنى ئالاھىدە تەييار قىلدۇرغان سارايغا ئەۋەتتى. بۇ سارايدا يەھۇدا باشلىق يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىنىڭ يۈسۈپنى ئالداپ ئاچىقىپ مالىك دىغۇرغا ساتقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى قىلغان ۋەھشىيلىكلىرى سۈرەت بىلەن تاملارغا نەقىش قىلىنغانىدى. يۈسۈپ ئۇلارنى بۇ سارايغا كىرگۈزۈپ، ئۆزى يوشۇرۇن ھالدا پەنجىرىدىن كۆزىتىپ تۇردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سارايغا كىرىپلا ئۆزلىرىنىڭ يۈسۈپكە سالغان كۈلپەتلىرىنى كۆردى. شەرمەندىلەرچە بىر - بىرىگە قاراشتى. ئاخىر بېشىنى ئېگىپ يەرگە قاراشتى.

يۈسۈپ بۇلارنى چىرايلىرى سارغايغان، ئوسال ھالدا كۆرۈپ سارايدىن قايتىپ چىقتى. كېيىن ئۇلارنىمۇ ئوردىغا ئالدۇرۇپ كېلىپ زىياپەت قىلدى. يەنە ھەممىسى ئىككىدىن بولۇپ تائامغا كىرىشىپ كەتتى. ئىبنى يەمىن تەنھا قېلىپ غىزا يېمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىدى. يۈسۈپ:

— ئەي ئىبنى يەمىن، سەن يەنە نېمىشقا غىزا يېمەيسەن؟! — دەپ سورىدى. ئىبنى يەمىن:

— ئاكام يۈسۈپ بولغان بولسا، بىللە ئاش يەر ئىدۇق، دەپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى، ئاشنى يېيەلمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. يۈسۈپ ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي كەنئانلىق يىگىتلەر، ھەرقانداق ئەرزىڭلار بولسا ماڭا ئېيتىڭلار! — دېدى. ئىبنى يەمىن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

مەن غېرىبنى ئەيىبلىمەڭ، ئەزىزىم،
ئاتام ئۆمرىدىن پەلەك تامام ئېتىپتۇ.
بىر تۇغقان ئاكام كېچە ـ كۈندۈزى،
كۆرەر كۆزۈم يۇسۇپ ئاكام يىتىپتۇ.

يۇسۇپ:
ياقۇپ ئوغلى، يىغلىمىغىن بۇ يەردە،
مەقسىتىڭنى دېگىن ئاكاڭ بولايمەن.
راۋا قىلاي، ھاجىتىڭنى تىلىگىن،
يىغلىمىغىن بۈگۈن ئاكاڭ بولايمەن.

ئىبنى يەمىن:
بۇلار ھەممە ئاكا ـ ئۇكا ئامان بار،
قىلمىشىغا كۆڭلۈمدىمۇ گۇمان بار.
ئەيىب قىلماڭ، ماڭا ئاخىر زامان بار،
ماڭا ئۇلپەت يۇسۇپ ئاكام يىتىپتۇ.

يۇسۇپ:
كىمكى كۆرسە بۇ دۇنيانىڭ جاپاسىن،
ئاخىرەتتە كۆرگەي ئۇنىڭ ۋاپاسىن.
ئىگەم بېرەر دەردمەنلەرنىڭ داۋاسىن،
غەم قىلمىغىن، بۈگۈن ئاكاڭ بولايمەن.

ئىبنى يەمىن:
مەن بىلۇرمەن، بۈگۈن ئاكام بولۇرسىز،
كىملەر غېرىب بولسا ھالىن سورارسىز.
بىر سۈت ئەمگەن يۇسۇپ قاچان بولۇرسىز؟
مەن يىغلايمەن يۇسۇپ ئاكام يىتىپتۇ.

يۇسۇپ:
ئاكاڭ نېچۈك؟ خۇلق ـ پەيلىنى بايان قىل!
يەنە ھۆسن ـ جامالىنى ئايان قىل!
ئۇمىد بىلەن ئاكاڭنى بار گۇمان قىل!
غەم يېمىگىن، يۇسۇپ ئاكاڭ بولايمەن.



ئىبنى يەمىن:
ئاكام خۇلقى پەرىشتىدىن زىيادە،
شاھلار كۆرسە ئۆزىن قىلار پىيادە.
مىسىر شاھى، يالغان سۆز يوق ئارادە،
باغرى كاۋاپ يۇسۇپ ئاكام يىتىپتۇ.

ئىبنى يەمىن:
مەن يىغلايمەن ھەم يىغلايدۇ ئاتىسى،
كۆزىدە ياش، باغرىدا قان ئاتىسى.
ھەددىدىن تولا كۆردى ئۇنىڭ جاپاسىن،
مەن يىغلايمەن، يۇسۇپ ئاكام يىتىپتۇ.

يۇسۇپ:
كۆڭلۈڭ بۇزۇپ، ئاكام دېبان يىغلىما!
ھىجران ئوتى بىلەن باغرىڭ داغلىما!
ئۈمىدلىك بول، يىراقلىقنى چاغلىما!
كەلگىن بېرى، يۇسۇپ ئاكاڭ بولايمەن.

يۇسۇپ:
مىسىر شاھى ساڭا بولسا مېھرىبان،
كەنئانلىق ياش ئوغلان، ساڭا نە ئارمان؟
ئىنئام قىلاي مالۇدۇنيا پاراۋان،
كەلگىن بېرى، يۇسۇپ ئاكاڭ بولايمەن.

يۇسۇپ ئىبنى يەمىننى يېنىغا تارتىپ بىللە تائام يېدى. ئاكىلىرى مىسىر شاھىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان بۇ ئىلتىپاتىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. ئىچى تارلىقى كېلىپ، بوغۇزىدىن تائام ئۆتمىدى. «راھەلەدىن بولغان ئوغۇللار نەگە بارسا ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ» دەپ غودۇراشتى.

يۇسۇپ ئىبنى يەمىن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقاندا، ئىبنى يەمىننىڭ كۆزى يۇسۇپنىڭ قولىغا چۈشتى. ئىبنى يەمىن ئاھ ئۇرۇپ يىغلىدى، تائامدىن قولىنى تارتتى.

يۇسۇپ:

— ئەي ئىبنى يەمىن، نېمىشقا تائام يېمەيسەن؟! — دەپ سورىدى.

ئىبنى يەمىن:

— ئەي شاھئالەم، ئەپۇ قىلسىلا، مەن سىلى بىلەن تائام يەۋېتىپ قوللىرىغا كۆزۈم چۈشتى. سىلىنىڭ قوللىرى ئاكام يۇسۇپنىڭ قولىغا بەكمۇ ئوخشايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تائام يېيەلمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ ئىبنى يەمىنگە:

— تائام يېگىن، ئاكاڭنىڭ جامالىنى كۆرىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ جامالىنى چوقۇم كۆرىسەن! — دېدى.

شۇ چاغدا بىر شامال كېلىپ يۇسۇپنىڭ يۈزىدىكى نىقابىنى قايرىۋەتتى، يۇسۇپنىڭ يۈزى كۈندەك نامايان بولدى. ئىبنى يەمىن بۇنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى.

يۇسۇپ ئاۋۋال ئىبنى يەمىننىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى، كېيىن ئۇ يەردىن كۆتۈرۈپ خاس ھۇجرىلاردىن بىرىگە ئېلىپ كىردى. ئىبنى يەمىن ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئۆزىنى كىشىلەردىن خالىي قىلىپ تونۇشتى، باشلىرىغا كەلگەن ھادىسىلەرنى سۆزلەشتى، يىغلاشتى ۋە بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىشتى. يۇسۇپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ كېلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

چاھقا چۈشتۇم شەھرى كەنئاندىن كېلىپ،
داغى ھىجران ئەزدى، ئىبنى يەمىنجان.
مەن كۆرمىگەن جەبرۇجاپا قالمىدى،
كۆرۈشكە زار بولدۇم، ئىبنى يەمىنجان.

كۆڭلىكىمنى مەندىن تارتىپ ئالدىلەر،
تۆت تەرەپتىن ماڭا خەنجەر سالدىلەر.
ئاخىر ئىتتىرىپ بىر قۇدۇققا سالدىلەر،
بەندى زىندان بولدۇم، ئىبنى يەمىنجان.

قىزىلگۈلدەك تېنىم قانغا بويالدى،
ئەل كۆزىدىن يىراق تاشلاپ ئۆچ ئالدى.
ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلدى ھەم ئويالدى،
كۆزۈمدىن قان ئاقتى، ئىبنى يەمىنجان.

ئۇرۇپ ـ سوقتى، بىر كەلمىدى قېشىمغا،
قىيامەتنىڭ كۈنى چۈشتى بېشىمغا.
قابا پەلەك ئوغا سالدى ئېشىمغا،
ئەجەب سەرسان بولدۇم، ئىبنى يەمىنجان.

ئاكىلىرىم دۈشمەنلىكىن بىلدۈرۈپ،
كۆزلىرىمنى تۇپراق بىلەن تىندۇرۇپ.
جاپا بىلەن گۈللىرىمنى سولدۇرۇپ،
رەڭگىم خازان قىلدى، ئىبنى يەمىنجان.

قول ـ پۇتۇمنى مەھكەم باغلاپ كەتتىلەر،
ئۇزاق يەردىن مېنى نىشان ئەتتىلەر.
دۈشمەن بولۇپ: «قۇلۇم» دەبان ساتتىلەر،
باغرىم كاۋاپ بولدى، ئىبنى يەمىنجان.

يۇسۇپ ئېيتۇر: كۆيۈپ ـ يېنىپ كۈل بولدۇم،
جۇدالىقتا نەچچە يىللار «پۇل» بولدۇم.
مىسىر ئېلىگە قانچە يىلدىن «قۇل» بولدۇم،
ئاخىر سۇلتان بولدۇم، ئىبنى يەمىنجان.

يۇسۇپ ئىبنى يەمىنگە ئاكىلىرىنىڭ قىلغان شۇملۇقلىرىنى بىر ـ بىر بايان قىلدى. ئىبنى يەمىنمۇ ئاكىسىدىن ئايرىلىپ كۆرگەنلىرىنى، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر ـ بىر بايان قىلدى. ئىككىسى تەپسىلىي سۆزلەشتى. شۇنداق قىلىپ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى، كېيىن يۇسۇپ ئىبنى يەمىنگە:

— ئەي ئۇكام، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. مەن سىزنى ئاكىلىرىمدىن بىر ھىيلە بىلەن ئايرىپ ئېلىپ قالىمەن! — دېدى.

ئىبنى يەمىن يۇسۇپكە:

— خوپ، ئاكا، مېنىڭمۇ تىلىكىم شۇ ئىدى! — دېدى.

ئىككىسى بۇ ھەقتە يەنە خېلى ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى. كېيىن ئىبنى يەمىننى ئاكىلىرىنىڭ قېشىغا ئۇزىتىپ قويدى. ئىبنى يەمىن ئاكىسى يۇسۇپ بىلەن خوشلىشىپ يەھۇدالار چۈشكەن كارۋان سارىيىغا قايتىپ كەلدى. ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ ـ سۆزلەر شۇ پېتى سىر بولۇپ قالدى. ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى.

يۇسۇپ خىزمەتچىلىرىگە:

— كەنئانلىقلارغا ئاشلىق بېرىپ، يولغا سېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار: «خوپ شاھىم!» دەپ ئۇلارنىڭ تاغار ۋە قاپلىرىغا ئاشلىق قاچىلىدى.

يۇسۇپنىڭ كىشىلەرگە غەللە ئاشلىق ئۆلچەپ بېرىدىغان ئالتۇن جاملىرى بار ئىدى. شۇنىڭ بىرىنى بىر خىزمەتچىسى يۇسۇپنىڭ تاپىلىشى بويىچە ئىبنى يەمىننىڭ تاغىرىغا ئاشلىق بىلەن قوشۇپ سېلىۋەتتى. ئۇلار ئاشلىقلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى ۋە كەنئانغا قاراپ راۋان بولدى. بۇلار شەھەردىن چىقىپ خېلى يەرگە بارغاندا، ئۇلارنى بىر بۆلۈك ياساۋۇللار قوغلاپ يېتىشتى. ياساۋۇللار باشلىقى ئۇلارغا:

— ئەي كەنئانلىقلار، سىلەر ئۇياتماستىن شاھىمىزنىڭ ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئالتۇن جامىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ قېچىپسىلەر، — دېدى.

ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى:

— بىز زادىلا ئۇنداق قىلمىدۇق. بىزلەر ئۇنداق ئادەملەردىنمۇ ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.





ياساۋۇللار ئۇلارنى ئوغرىلىقتا ئەيىبلەپ قاتتىق تۇتتى. يەھۇدا، شەمئۇن، رۇبىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چۇقان سېلىشىپ:

— ئەگەر بىزگە ئىشەنمىسەڭ، يۈكلىرىمىزنى ئاختۇر ! — دېيىشتى. ئۇلار:

— ناھايىتى ياخشى، بىزمۇ شۇنداق قىلماقچى ئىدۇق، — دەپ، ئۇلارنىڭ يۈكلىرىنى تۆگىدىن چۈشۈرۈپ ئاختۇردى.

ئۇلار ئاختۇرۇشنى يەھۇدادىن باشلاپ، ئاخىردا ئىبنى يەمىننىڭ يۈكىنى ئاختۇردى. ئالتۇن جام ئىبنى يەمىننىڭ ئاشلىق قاچىلانغان تاغىرىدىن چىقتى. ياساۋۇللار ئىبنى يەمىننى ئوغرىلىقتا ئەيىبلەب، باغلاپ مىسىر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئاكىلىرىمۇ قىقاس ـ سۈرەن سېلىشىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىسىرغا قايتىپ كەلدى.

يۈسۈپ بارگاھىغا چىقىپ قارىسا، ياساۋۇللار ئىبنى يەمىننى باغلاپ ئېلىپ كەلگەن. ئىبنى يەمىن يۈسۈپنى كۆرۈپ سالام قىلدى، ئاكىلىرىمۇ يېتىپ كېلىپ ئىبنى يەمىننىڭ قېشىدا تۇردى. يۈسۈپ ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي كەنئانلىقلار ! سىلەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئوغرىلىق قىلدىڭلار؟ ! — دەپ سورىدى.

ئۇلار نالە ـ زار قىلىشىپ:

— بىز پەيغەمبەر ئەۋلادى، بىز ھەرگىزمۇ بۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلمايمىز. بۇ ياش بالا بىلمەي بۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ يۈسۈپ دېگەن بىر ئاكىسى بار ئىدى، ئۇمۇ شۇنداق ئوغرى ئىدى. بۇمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش ئوغرىلىق قىلىپ بىزنى شەرمەندە قىلدى. سىز ئۇلۇغ ھەم مەرھەمەتلىك

پادشاھ ئىكەنسىز. ئاتىمىز ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ ياش بالىنىڭ گۇناھىدىن كېچىڭ. بىز ئۇنىڭ گۇناھىنى سىزدىن سورايمىز! — دەپ يىغلاشتى.

يۇسۇپ ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي ئەۋلادى ياقۇپ! سىلەرنىڭ گېپىڭلاردىن يالغانچىلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئىبنى يەمىننى قاتتىق جازالاش كېرەك! — دەپ زىندانغا بۇيرۇدى. گۇندىپايلار ئۇنىڭ بوينىغا زەنجىر سېلىپ زىندانغا ئەكەتتى. زىندانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىپ ئالدىغا ھەر تۈرلۈك تائاملارنى قويدى.

ئىبنى يەمىننىڭ ئاكىلىرى نالە - پەرياد بىلەن:

— ئەي شاھى جاھان، ئىبنى يەمىننى قانداق جازالىسىڭىز جازالاڭ، لېكىن ئۆلتۈرمەڭ! بىزنىڭ ئاتىمىزنىڭ شەرىئىتىدە بىر كىشى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلسا، شۇ ئوغرىنى مال ئىگىسىگە قۇل قىلىپ تۇتۇپ بېرىدۇ. ئىبنى يەمىننى زىنداندا ساقلىسىڭىز ساقلاڭ، لېكىن ئۆلتۈرمەڭ! بىز بۇ يەردە بولغان ۋەقەنى ئاتىمىزغا بېرىپ ئېيتايلى! ھۆكۈم ئاتىمىزنىڭ پەرمانىغا مۇۋاپىق بولسۇن! ئۇ نېمە دېسە بىزمۇ، سىزمۇ شۇنى قىلايلى! — دەپ يىغلىشىپ قول باغلىشىپ تۇردى.

پادشاھى مىسرى ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى قوبۇل قىلدى.

يەھۇدا، شەمئۇن، رۇبىللار ئوردىدىن چىقىپ مەسلىھەت قىلدى.

ئۇلار:

— ئەي بۇرادەرلەر، بىزلەرنىڭ ھەربىرىمىزدە بىر خىسلەت بار. شۇنداق تۇرۇپ ئىبنى يەمىننى بۇ يەرگە تاشلاپ كەتسەك، ئاتىمىزغا نېمە دەيمىز؟ ئىبنى يەمىننى قۇتقۇزۇۋالايلى. ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ خىسلەتلىرىنى ئىشقا سالايلى. شەمئۇن زىندانغا بارسۇن، ئۇ قىلىچقا ماھىر. مەن يەھۇدا پادشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ قاتتىق ۋارقىراي، مەن ۋارقىرىغاندا ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەقلىدىن ئازىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر. مەن ۋارقىرىغاندىن كېيىن ئوردا ۋە باشقا يەرلەردە گاڭگىراش پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىبنى يەمىننى ئېلىپ قاچايلى، — دېيىشتى. ھەرقايسىسى ئۆزىگە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىسلەتلىرىنى ئىشقا سېلىشقا تەييارلاندى. شۇ چاغدا شەمئۇن بىلەن يەھۇدا:

— ئەگەر ئىبنى يەمىننى زىنداندىن ئاچىقالمىساق، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ پارە - پارە قىلىش كېرەك. چۈنكى بىزلەرنى مۇشۇ خاپىلىققا قويغانمۇ شۇ. ئۈچ ئېلىشىنىڭمۇ پەيتى مۇشۇ، — دېيىشىپ تارقاشتى.

بۇ خەۋەر ۋە مەسلىھەت يۇسۇپكە مەلۇم بولدى. ئۇ ئاكىسى يەھۇدانىڭ ۋارقىرايدىغىنىنى، شەمئۇننىڭ قىلىچۋازلىقىنى بىلەتتى. يۇسۇپ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بىر قاتار جەڭلىرىنى كۆرگەنىدى. يۇسۇپ ياقۇپ ئۇرۇقىدىن ھەرقانداق ئادەم يەھۇدا ۋارقىراشقا تەييارلانغاندا ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلىسا، ئۇنىڭ كۈچىنىڭ تارقاپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا ئوغلى ئىبراھىمنى ئالدىغا قىچقىرىپ:

— سەن چىقىپ يەھۇدانىڭ دۈمبىسىنى سىلىغىن! — دېدى. ئىبراھىم چىقىپ يەھۇدانىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى. يەھۇدانىڭ قەھرى كېتىپ، مېھرى قوزغالدى. ئۇنىڭدا ئاغزىنى يوغانراق ئاچقۇدەك مادار قالمىدى. ئۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ:

— بۇ يەردە ئەۋلادى ياقۇپ بار ئىكەن ! — دەپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

شەمئۇن، رۇبىل ۋە باشقىلار يەھۇدانىڭ ۋارقىرىشىنى كۈتۈپ خېلى تۇرۇشتى. ئۇنىڭ ئاۋازى چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدانىڭ قېشىغا كەلدى.

— نېمە ۋەقە بولدى؟ نېمىشقا مۆرىمەيسەن؟ — دېيىشتى ئۇلار غەزەپلىنىپ. يەھۇدا:

— بۇ يەردىمۇ ئەۋلادى ياقۇپ بار ئىكەن. بىر ئوغۇل بالا كېلىپ دۈمبەمنى سىلىغانىدى، كۈچۈم، غەزىپىم تارقىدى. مەن كارغا كەلمەي قالدىم. ئەمدىكى مەسلىھەت شۇكى، بىز شەمئۇننى بۇ يەردە قويۇپ، قالغانلىرىمىز ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا بارايلى. بۇ يەردە بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا يەتكۈزەيلى. بولمىسا، ئاتىمىز ئىبنى يەمىننىمۇ يۇسۇپتەك يوقىتىۋېتىپ كەپسىلەر دەپ بىزنى قارغايدۇ، — دېدى.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كىردى.

— ئەي كەرەملىك سۇلتان! بىز ئىبنى يەمىننى يالغۇز بۇ يەردە قويۇپ كەتسەك، ئەمدى ئاتىمىز بىزگە ئىشەنمەيدۇ. بىز شەمئۇننىمۇ بۇ يەردە قويۇپ كەتمەكچىمىز. ئۆزلىرى بۇ ھەقتە بىزگە بىر نامە يېزىپ بەرسىلە. بىز ئۇ خەتنىمۇ بىللە ئاپىرىپ، بولغان ۋەقەنى ئاتىمىزغا دېسەك. بولمىسا، ئاتىمىز بىزنى دۇئايى بەد قىلىۋېتىدۇ، — دەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇشتى.

يۇسۇپ دەرھال ماقۇل بولۇپ، ئۇلارغا نامە يېزىپ بەردى. ئۇلار شاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، شەھەردىن چىقىپ كەنئانغا قاراپ ماڭدى. بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ كەنئانغا كەلدى. ئاتىسىنى زىيارەت قىلىشتى. بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاتىسىغا بايان قىلدى. ئىبنى يەمىننىڭ ئالتۇن جامنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قېلىپ زىندانغا سېلىنغانلىقىنى، شەمئۇننىڭمۇ ئۇنىڭغا قاراشقا قالغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ يېنىپ كەل-



گەنلىكىنى، ئەمما مىسىر پادىشاھىنىڭ ئاشلىقنى ھەممىگە تەڭ ۋە كەڭ ـ كۇشادە بەرگەنلىكىنى، ھەتتا ئىبنى يەمىنىنىڭمۇ ئاشلىقىنى تۇتۇپ قالمىغانلىقنى ئېيتىپ، مىسىر پادىشاھىنىڭ خېتىنى ئاتىسىغا بەردى. ياقۇپ خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. ئىبنى يەمىنىنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، يەشتۇرۇپ كۆردى. ئۇنىڭ يۈكلىرى ئارىسىدىن ئاشلىقتىن باشقا مىسىرنىڭ ئېسىل گۆھەرلىرى، لەئەل ـ ياقۇتلار چىقتى. ياقۇپ پىكىر قىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ مىسىر پادىشاھى مېنىڭ يۇسۇپۇم ئوخشايدۇ!» دەپ، ئىبنى يەمىنىنىڭ قالغىنىغا تاقەتسىزلەنمىدى، كۆڭلى خاتىرجەم بولدى.

ياقۇپ مىسىر شاھىغا ئاتاپ بىر خەت تەييارلىدى. ئۇ خەتتە ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ كىملە-كىنى بايان قىلىپ كېلىپ: «ئەي مىسىر شاھى، ھەمىشە خۇش ۋاقىت بولۇڭ. مەن سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن ماڭا بىر خۇشبۇي كەلدى. مېنىڭ يۇسۇپۇمدىن خەۋەر بەرسىڭىز، مېنىڭ تاقىتىم قالمىدى. ئىبنى يەمىننى ‹ئوغرى›، دەپ ئېلىپ قاپسىز. ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە گۇمانلانماڭ، پەيغەمبەر ئۇ-رۇقىدىن ئۇنداق ئىش چىقمايدۇ. ئىبنى يەمىن يۇسۇپ يوقالغاندىن كېيىنكى مېنىڭ بىردىنبىر ئۈلپە-تىم ئىدى. ئۇنى تېزرەك ئەۋەتىپ بېرىڭ. مېنىڭ دۇئايىمنى ئېلىڭ» دەپ خەتنى مۆھۈرلەپ ئوغۇللىرىغا بەردى.

ئۇلار ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، كەنئاندىن مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى. مەنزىللەرنى بېسىپ مىسىرغا يېتىپ كەلدى. شەھەرگە كىرىپ بۇرۇنقى سارايغا چۈشتى. يۇسۇپ خەۋەر تېپىپ، بىرنەچچە كۈنلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن ئۇلارنى قوبۇل قىلدى.

— ئەي ئەۋلادى ياقۇپ! ئاتاڭلارنىڭ ھەر قېتىمقى خېتىدە يۇسۇپنىڭ تىرىكلىكىدىن نىشان بار. سىلەر ئۇنى «ئۆلگەن» دەيسىلەر، راستىڭلارنى ئېيتىڭلار، يۇسۇپنى نېمە قىلدىڭلار؟! ئەگەر سىلەردىن ئۇنىڭغا بىرەر جاپا يەتكەن بولسا ئۇنى ئېيتىڭلار! — دەپ سورىدى.

ئۇلار:

— يۇسۇپنى بۆرە يېگەنلىكى ھەق ۋە راست! — دەپ قەسەم قىلىشتى. يۇسۇپ:

— بۇ يەردە مەندە بىر خەت بار! ئۇنى ئوقۇپ كۆرۈڭلار! — دەپ خەتنى ئاچقىپ كۆرسەتتى ۋە:

— سىلەر بۇ خەتتىكى سۆزلەرگە ئىقرار قىلامسىلەر؟! — دەپ قايتىلاپ سورىدى. ئۇلاردىن ھېچ-قانداق سادا چىقمىدى. يۇسۇپ خەتنى قولىغا ئالدى ۋە ئۈنلۈك ئوقۇدى:

«بىزلەركى يەھۇدا، شەمئۇن، لادى، رۇبىل قاتارلىق ياقۇپنىڭ ئون ئوغلى، بىزلەرنىڭ بىر ئەرەب قۇلىمىز بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى يۇسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ ئوغرى، يالغانچى ۋە قاچقۇنلۇق ئەيىبى بار ئى-دى. بىز ئۇ قۇلىمىزنى شۇ ئۈچ تۈرلۈك ئەيىبى بىلەن مالىك دىغۇرغا ئون سەككىز پۇچەك يارماققا سات-تۇق. بىزنىڭ ئۇ قۇلدا ھېچقانداق ھەققىمىز قالمىدى. مۇبادا بۇ ھەقتە بىز دەۋا قىلساق، قىلغان دەۋا-يىمىز باتىل بولغاي، دەپ ئۆز ئىقرارىمىزدىن مۇشۇ مۆھۈرلۈك خەتنى بەردۇق.» دەپ، ھەممىلىرى قولىنى قويغان ۋە مۆھۈرلىرىنى باسقانىدى.

ئۇلار بۇ خەتنى كۆرۈپ ئەقلىنى يوقىتىشتى. نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي، ئاران دېگەندە:

— ئەي شاھىئالەم بىزنىڭ شۇنداق يۇسۇپ ئاتلىق بىر ئەرەب قۇلىمىز بار ئىدى. بۇ خەت شۇنى ساتقاندا بېرىلگەن، — دېدى. يۇسۇپ ئىبنى يەمىندىن:

— راست سىلەرنىڭ يۇسۇپ ئاتلىق ئەرەب قۇلۇڭلار بارمىدى؟! — دەپ سورىدى. ئىبنى يەمىن:

— ئەي شاھىئالەم، يۇسۇپ دەپ ئاكام بار ئىدى، ئەرەب قۇلىمىز يوق ئىدى! — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي كەنئانلىقلار ! بۇ يەردە مېنىڭ قولۇمدا قەدىمدىن قالغان بىر ئالتۇن جام بار. ھەركىمنىڭ ئۆمرىدە قىلغان يامانلىقى، ياخشىلىقى، راستچىل ياكى يالغانچىلىقىنى شۇ جامدىن سورىساق، ئۇ تولۇق خەۋەر بېرىدۇ. سىلەر شۇ جامنىڭ خەۋىرىگە ئىشىنەمسىلەر؟ ! — دەپ سورىدى.

ئۇلار بىر ئېغىزدىن:

— ئارى، ئىشىنىمىز ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى. يۇسۇپ ئەمر قىلدى. سارايى خىزمەتچىلىرى خاسىيەتلىك ئالتۇن جامنى ئېلىپ كېلىپ ئوتتۇرىغا قويىدى. يۇسۇپ ئۇ جامنى چوكا بىلەن بىرنى ئۇردى. خاسىيەتلىك جام مىسىرلىقلارنىڭ يەرلىك تىلىدا بۇلبۇلدەك سايراپ سۆزلىدى. يۇسۇپ:

— ئەي ئەۋلادى ياقۇپ، جام نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى.

ئۇلار:

— چۈشىنەلمىدۇق ! — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ كەنئان تىلىدا:

— جام: «ياقۇپنىڭ يۇسۇپ ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى. ئۇ بىر كۈنى چۈش كۆرۈپ، كۆرگەن چۈشىنى ئاتىسىغا ئۆرۈدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا سەن شاھ بولىسەن. ئاكىلىرىڭ ساڭا قارايدۇ، دەپ تەبىر بەردى. ئاكىلىرى بۇ تەبىرنى ئاڭلاپ يۇسۇپنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئالدىدى. سەھراغا قىزىقتۇرۇپ ئاچىقتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت ۋە ھەرىكەت قىلدى. يەھۇدا مەسلىھەت بېرىپ ئۇنى قۇدۇققا تاشلاتقۇزدى» دەيدۇ، — دېدى.

يۇسۇپ جامنى يەنە ئۇردى، جام تىلغا كىردى. يۇسۇپ ئۇلاردىن يەنە سورىدى:

— جام نېمە دەيدۇ؟ !...

ئۇلار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ:

— بىز چۈشىنەلمىدۇق ! — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ:

— «ئەي ئەۋلادى ياقۇپ ! سىلەر يۇسۇپنى قۇدۇققا تاشلىغاندىن كېيىن، دەرھال پادىدىن بىر ئوغلاقنى ئېلىپ ئۇنى سويۇپ قېنىغا يۇسۇپتىن سالدۇرۇۋالغان كۆڭلەكنى چىلاپ، ‹يۇسۇپنى بۆرە يېدى› دەپ ئاتىسىغا مەلۇم قىلدى. ئاتىسى بۇ سۆزگە ئىشەنمىسە، ئۇلار پەيغەمبەر ئەۋلادى تۇرۇپ، ئۆزلىرى يالغاندىن قەسەم ئىچتى. ئاتىسى بۇلاردىن بىزار بولدى. ئۆزى ھەسرەت ۋە ئارماندا ئەلەم تارتتى» دەيدۇ، — دېدى.

يۇسۇپ جامنى يەنە ئۇردى. جام تىلغا كىردى. يۇسۇپ ئۇلاردىن يەنە:

— جام نېمە دەيدۇ؟ ! — دەپ سورىدى.

ئۇلار:

— بىز ھېچنېمىنى ئۇقمىدۇق ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

يۇسۇپ:

— جام: «سودىگەر مالىك دىغۇر قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ ئىچىش ئۈچۈن، قۇدۇققا سوغا سالدى. مالىك دىغۇرنىڭ ئادەملىرى سوغىنى تارتقاندا، يۇسۇپ سوغىغا ئېسىلىپ قۇدۇقتىن چىقتى. يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى ماراپ تۇرغان يېرىدىن كېلىپ: ‹بۇ بىزنىڭ قېچىپ كەتكەن قۇلىمىز ئىدى›، دەپ ئۈچ تۇرلۇك ئەيىبى بىلەن يۇسۇپنى مالىك دىغۇرغا ئون سەككىز پۇچەك يارماققا ساتتى» دەيدۇ، — دېدى.

يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى مىسىر پادىشاھىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ساقاللىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى. ئۆزلى- رىنى يەرگە ئۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ ! ئىنىمىز يۇسۇپنىڭ ئۆزى سىلىمۇ؟ سىلىنىڭ ئوت- تەك قىزغىن ۋە ئوقتەك ئىتتىك سۆزلىرى بىزنىڭ باغرىمىزنى تەشتى. ئەي يۇسۇپ، ھەر ئىش قىلساق بىز قىلدۇق. بىلمەسلىكتىن، ئىچى قارىلىقتىن، كۆرەلمەسلىكتىن قىلدۇق. گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قى- لىشلىرىنى سورايمىز، — دەپ ئۆزلىرىنى يۇسۇپنىڭ ئايىغىغا ئاتتى. يۇسۇپنىڭ ئايىغىغا ئېسىلىپ تۇ- رۇپ، ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— بىزلەرنى ياراتقان ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى، ئۇلۇغ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلسىلا ! — دەپ يۇسۇپنىڭ ئايىغىدا ياتتى.

بۇلارنىڭ ئىچىدىن يەھۇدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاتا - بوۋىلىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يەھۇدا يىغلايدۇ، ئەي يۇسۇپ ئىنىم،
گۇناھلار كۆپ بىزدە، بوگۇن بەخش ئېتىڭ.
تۇۋا قىلدۇق، ئەپۇ قىل، مېھرىبان ئىنىم،
قىلغان خاتالىرىمىزنى بوگۇن بەخش ئېتىڭ.

ياقۇپ نەبى ئاتىمىزنىڭ ئىززىتى،
جاپا قىلدۇق بىز سىزگە، بوگۇن بەخش ئېتىڭ.

سېنى سالدۇق جەبىر بىلەن بالاغا،
سەبرى قىلىڭ، رازى بولۇڭ قازاغا،
قىلمىشلاردىن ئاسىي بولدۇق خۇداغا،
جاپا سالدۇق، سىزگە بوگۇن بەخش ئېتىڭ.

كۆڭلىڭىزگە ئالماڭىز ئۆتكەن جاپانى،
ئاتا قىلىڭ بىزلەرگە مېھىر - ۋاپانى،
خاتا ئىش ئورنىغا قىلىڭ ئاتانى،
جاپا قىلدۇق بىز سىزگە، بوگۇن بەخش ئېتىڭ.

ئول خۇدانىڭ بىرلىكى، ھەققى - ھۆرمىتى،
ئىبراھىم، ئىسمائىل بوۋام ھۆرمىتى،

خجالەتتىن قىزىل يۈزۈم سولغۇسى،
تا قىيامەت كۆڭلۈمدە داغ قالغۇسى،
يەھۇدا ئىشىكىڭىزدە قۇل بولغۇسى،
خاتا قىلدۇق بىزلەر، بوگۇن بەخش ئېتىڭ.

يۇسۇپنىڭ ئېسىگە ئاكىلىرى سالغان كۈلپەت كەلدى. ئۇ كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاكىلىرىم، يادىمغا كەلسە جاپالار،
رويى - رۇخسارىڭىزنى زادى كۆرگۈم يوق.
ھېچ كىشى كۆرمىسۇن مەندەك بالالار،
سىلەرنى ئەسلا كۆرەر كۆزۈم يوق.

ئاكا - ئۇكا ھەققىنى بەجا قىلمىدىڭ،
ئاتىمىز ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭ،
ياراتقان تەڭرىدىن ئىبا قىلمىدىڭ،
كەچۈرۈم قىلىشقا زادى رايىم يوق.

ھاقارەت قىلىشىپ، تەنە قىلدىڭىز،
ئىشىكلەردە مېنى گاداي قىلدىڭىز،
قىرىق يىل ئاتامدىن جۇدا قىلدىڭىز،
كەچۈرۈم قىلىشقا زادى رايىم يوق.

ئازابلاردا مېنى ئۆلەر چاغلىدىڭ،
ئاتا - بوۋامنىڭ باغرىن داغلىدىڭ.
نىمە ئۈچۈن قول - ئاياغىم باغلىدىڭ؟
كەچۈرۈم قىلىشقا زادى رايىم يوق.

«يالغانچى، ئوغرى» دەپ بوھتان قىلدىڭىز،
ئاتىمىزنى خانۋەيران قىلدىڭىز،

«يۇسۇپ تىرىك قالماس» دەپ گۇمان قىلدىڭىز،
كەچۈرۈم قىلىشقا زادى رايىم يوق.

يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى يۇسۇپنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. ئۆزىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە قاتتىق پۇشايمان يېدى. نادامەت ۋە خىجالەتتىن يۈزلىرى سارغايدى. ئۇلاردا بېشىنى كۆتۈرگۈدەكمۇ ماغدۇر قالمىدى.

مالىك رەيھان باشلىق ئوردىغا يىغىلغان مىسىر ئاھالىسى يۇسۇپتىن ئاكىلىرىنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. زىلەيخامۇ پەردە ئىچىدە تۇرۇپ يۇسۇپكە «ئاكىلىرىڭىزنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈڭ» دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

زىلەيخا پەردە ئىچىدە يىغان چەكمەكتە،
ھەرقانداق گۇناھ بولسا، بۈگۈن كەچۈرۈڭ.
قول قاچسا خوجىسى ئازاد ئەيلىگەي،
مىسىر شاھى، ئاكىڭىزنى بۈگۈن كەچۈرۈڭ.

مۈلكۈڭ خاراب بولۇر، بۇلار يىغلىسا،
ئۆمرۈڭگە دۇئالار قىلىپ تىلىسە،
ئەپۇ قىلىڭ، بۇلار ھەرنە ئىش قىلسا،
مىسىر شاھى، ئاكىڭىزنى شاد ئېتىڭ.

ئىدرىس بىلەن نۇھ نەبى ھەققى ـ ھۆرمىتى،
ئىبراھىم، ئىسمائىل بوۋاڭ ھۆرمىتى،
يەنە ئىسھاق، ئاتاڭ ياقۇپ ھۆرمىتى،
ھەرقانداق گۇناھ بولسا بۈگۈن كەچۈرۈڭ.

يامان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى بەزى ياخشىدۇر،
پادىشاھقا كەرەم قىلماق بەخشىدۇر،
ئەي يۇسۇپ، زىلەيخانىڭ ئەرزى مۇشۇدۇر،
پادىشاھىم، ئاكىڭىزنى يەنە ياد ئېتىڭ.



زىلەيخا:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ئاكىلىرىڭىزنىڭ ھەرقانداق گۇناھى بولسىمۇ، بىزلەرنىڭ يۈز ـ خاتىرىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈڭ. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا شۇنچىلىك شەرمەندە بولغىنىمۇ يېتەر! — دېدى.

شۇ چاغدا يۇسۇپنىڭ قېشىغا جەبرائىل يېتىپ كەلدى ۋە:

— ئەي يۇسۇپ، تەڭرىنىڭ پەرمانى، ئاكىلىرىڭنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكىن. ئۇلارغا ياخشىلىق قىل! بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار مېنىڭ تەقدىرىمدىن بولغان. ئاتاڭغا كۆڭلىككىنى ئەۋەتكىن. ئۇنى كۆزىگە سۈرتسە، كۆزى ئېچىلغاي. يەنە كەنئاندىن ئاتاڭ باشلىق بارلىق ئۇرۇق ـ قاياشلىرىڭنى مىسىرغا ئەكېلىپ، خىزمىتىنى قىلىپ دۇئاسىنى ئال! — دېدى.

يۇسۇپ خۇشال ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئوردا ئەھلى ۋە ئاكىلىرىغا قاراپ:

— ئەي مىسىرنىڭ ئۇلۇغلىرى، سىلەر گۇۋاھ بولۇڭلار! مەن ئۇلارنىڭ بارلىق گۇناھىدىن ئۆتتۇم. ئەي ئاكىلىرىم، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق ئاداۋىتىم يوق. مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار! مەن بۇ يەردە ئۆتكەن ئىشلارنى ئارىغا سېلىپ تەھقىقلەپ كۆردۈم. سىلەر ماڭا جاپا سالدىڭلار. ئۇنىڭ بەدىلىگە ھەقتائالادىن ماڭا دەرىجە ۋە دۆلەت ئاتا بولدى. ھەربىر ئىش خۇدانىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى ئەمەس! — دېدى.

ئاكىلىرى قۇللۇق بىلدۈرۈپ يۇسۇپنىڭ ئايىغىغا يىقىلىشتى. ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ بىرى بىلەن قايتىدىن كۆرۈشتى. يۇسۇپ بۇنىڭ بەدىلىگە مىسىر شەھىرىنى زىننەتلەپ، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىگە توي



قىلىپ بەردى. بۇ توينى كۆرگەنلەر دەرماندا، كۆرمىگەنلەر ئارماندا قېلىشتى.

يۇسۇپ بۇ تويدا ئاتىسىنى ئەسلەپ يىغلىدى. ئاكىلىرى ئۇنى كۆرۈپ ئەھۋال سورىدى. ئۇلار ئەھۋالنى ئۇقۇپ مەسلىھەتلەشتى. ئاخىر ئاتىسىغا كىشى ئەۋەتمەكچى بولۇشتى. ھەممىسى يۇسۇپنىڭ خەۋىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ بېرىشنى يۇسۇپتىن سورىدى.

يۇسۇپ ئۇلارغا:

— بۇ ئىشقا بۇ يەردە كەنئانلىق بېشىر ئاتلىق بىر كىشى بار، شۇ بارسۇن! — دېدى.

ئەسلىدە بۇ ۋەقە مۇنداق بولغانىدى:

كۈنلەردىن بىر كۈنى ياقۇپ بىر يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى، يولدا ئۇنىڭغا بىر چىرايلىق ئالما ئۇچرىدى. ياقۇپ ئۇ ئالمىنى قولىغا ئېلىپ كۆردى. ئۇنىڭ يولى بىر مەدرىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. يا-قۇپنىڭ ئارقىسىدا بىر كېنىزىكى بار ئىدى. ياقۇپ ئالمىنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە:

— بۇ ئالمىنى مەدرىسىگە ئېلىپ كىر! كىم مۇشۇ ئالمىدەك چىرايلىق بولسا، بۇ ئالمىنى شۇنىڭغا بەرگىن! — دېدى.

كېنىزەك:

— خوپ! — دەپ ئالمىنى قولىغا ئېلىپ مەدرىسىگە كىردى. ئۇ يەردىكى بالىلار ئىچىدە بۇ كېنە-زەكنىڭ ئوغلى بېشىرمۇ بار ئىدى. بالىسى ئۇنىڭغا مەدرىسىدىكى بالىلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چىراي-لىق كۆرۈندى. كېنىزەك ئالمىنى ئوغلى بېشىرغا بەردى.

ياقۇپ ئۇنىڭدىن:

— ئالمىنى كىمگە بەردىڭ؟ — دەپ سورىدى.

184

كېنىزەك:

— مەدرىسىگە كىرىپ باللارغا نەزەر سالدىم. ئۇ يەردىكى باللار ئىچىدە ئوغلۇم بېشىردىن چىرايلىقراق بالا كۆرمىدىم. ئالمىنى ئوغلۇم بېشىرغا بەردىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

ياقۇپنىڭ بۇ ئىشقا ئاچچىقى كەلدى. ئۇ كېنىزەكنىڭ ئوغلى بېشىرنى ئانىسىدىن ئايرىپ قۇل قىلىپ ساتتى. كېنىزەك ئوغلى بېشىرنىڭ دەردى - پىراقىدا تولا يىغلاپ كۆزىدىن ئايرىلدى.

ئۇ كېنىزەك ھەمىشە: «ئەي ياراتقۇچى ئاللا، ماڭا بېشىر ئوغلۇمنى بىر كۆرسەتكىن، ئاندىن ئالىدىغان ئامانىتىڭنى ئالغىن» دەپ يىغلايتتى...

ئاللادىن يۇسۇپكە:

— بۇ ئىشقا بېشىر بارسۇن! — دەپ پەرمان بولدى.

يۇسۇپ بېشىرنى ئالدىغا قىچقىردى. ئۇنىڭ قولىغا ئاتىسى ياقۇپقا يازغان خەتنى تۇتقۇزدى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر چۈشەندۈردى. ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنىمۇ بەردى. ئۇنى يېتەرلىك سوۋغا - سالام، يول خىراجىتى بىلەن جابدۇپ يولغا سالدى.

بېشىر بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ كەنئانغا باردى. ئۇ كىمنى كۆرسە:

— ياقۇپنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ — دەپ سورايتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قېرى ئەما ئايال چىقىپ كەلدى. بېشىر ئۇ ئايالنى كۆرۈپ سالام قىلدى. ئۇ ئايال بېشىرنىڭ سالىمىغا جاۋاب بېرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، قەيەردىن كەلدىڭ؟! — دەپ سورىدى.

بېشىر:

— مىسىردىن كەلدىم. يۇسۇپتىن ئاتىسى ياقۇپقا خەت، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

— يالغان ئېيتىسەن! بۆرە يەپ كەتكەن يۇسۇپتىن قانداق قىلىپ خەۋەر كېلىدۇ؟! — دېدى ئايال. بېشىر:

— بۇ يالغان ئەمەس، راستىنى ئېيتىۋاتىمەن. يۇسۇپ ھازىر مىسىرغا پادىشاھدۇر. ئۇ ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن تونۇشتى. مېنى بۇ خۇش خەۋەرنى ياقۇپقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى، — دېدى. ئۇ ئايال ھەيران بولۇپ:

— بۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟! — دەپ سورىدى.

بېشىر:

— مانا مېنىڭ قولۇمدا يۇسۇپنىڭ كۆڭلىكى، ئۇنى مەن ئېلىپ كەلدىم. بۇ كۆڭلەكنى ياقۇپقا ئوخشاش پەرزەنت دېغىدا قارىغۇ بولغان كىشى كۆزىگە سۈرتسە، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ! — دېدى.

ئۇ ئايال تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:

— خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىسى بار ئىدى. تەڭرى ماڭا: «سەن ئوغلۇڭ بېشىرنى كۆرمىگۈچە، ياقۇپمۇ ئوغلى يۇسۇپنىڭ دىدارىنى كۆرمەيدۇ» دېگەن بېشارەتنى بەرگەن. بۇ قانداق ۋەقە بولدى؟ — دېدى.

بېشىر ئالدىدا تۇرغان ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆزىنى ئاتتىن تاشلىدى. ئانىسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئىككى دۇنيادا جانىنىڭ مادارى، ھەممە ئىشتا ئىنئام ئېرۇر سۇبھاندىن.
مەدەتكارىم، جېنىم ئانام سەنمۇسەن؟ ئايرىمىسۇن بەندىسىنى ئىماندىن،
غېرىب بولدۇم، جۇدا بولدۇم سېنىڭدىن، مېھرىبانىم، مونىس ئانام سەنمۇسەن؟

بېشىر ئانىسىغا:

— ئەي مېھرىبان ئانا، مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ بېشىرمەن! — دېدى. ئانا - بالا ئىككىسى قايتىدىن هال - ئەھۋال سوراشتى. كېيىن ياقۇپنىڭ قېشىغا كەلدى. رەسىم - يوسۇن، ئەدەپ - قائىدىلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تولۇق بايان قىلدى. بېشىر خەت بىلەن يۇسۇپنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ ياقۇپقا بەردى.

ياقۇپ ۋە بېشىرنىڭ ئانىسى ئۇلۇغلارنى شېپى كەلتۈرۈپ كۆڭلەكنى كۆزلىرىگە سۈرتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ روشەنلەشتى. ياقۇپنىڭ ۋە بېشىرنىڭ ئانىسىنىڭ بەدىنىدە قۇۋۋەت پەيدا بولدى. ئۇلار يىگىرمە بەش ياشلىق كىشىدەك ئورنىدىن تۇرۇپ، تەڭرىگە شۈكۈر - سانا ئېيتتى. ئەمدى ياقۇپ:

— خۇدا نېسىپ قىلسا مەنمۇ شۇ كۆزۈم بىلەن يۇسۇپنى بىر كۆرسەم، ئۇنىڭ دىدارىغا قانسام، — دەپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

شۈكۈر لىللاھە، كەلدى شۇ دەم گۈلئۇزارىمدىن خەۋەر،
ھىجرىدا قان يىغلىغان لەيلى ناھارىمدىن خەۋەر.
تاقىتىم تاق ئەيلىگەن سەۋرى قارارىمدىن خەۋەر،
قىرىق يىل ئايرىلغان شاھسەۋارىمدىن خەۋەر،
يۇسۇپ ئاتلىق قىرمىزى يۈزلۈك ئانارىمدىن خەۋەر.

بىلمىدىم، بۇ ۋاقىئە راستىمدۇر ياكى خىيال،
تاقىتىم يوق تا يۈزىنى كۆرمىگۈنچە بىمالال،
مەن ساڭا تاپشۇردۇم، ساقلا ئۇنى، يا زۇلجالال،
ئىنشائاللا، مەن كۆرۈرمەن شۇ يۇسۇپتىن بىر جامال،
كەلدى يۇسۇپ قىرمىزى يۈزلۈك ئانارىمدىن خەۋەر.

بۇ خەۋەر نەدىن كېلۇر، ھەقتىن ئىنايەت بولمىسا،
مەقسەتكە يەتمەس ھېچ كىشى ئاندىن ھىدايەت بولمىسا،
ئىبراھىم، ئىسمائىل، بوۋام شاپائەت قىلمىسا،
دۇشمەنمۇ ئەغيارلاردىن بىر ئالامەت بولمىسا،
كەلدى يۇسۇپ قىرمىزى يۈزلۈك ئانارىمدىن خەۋەر.

داخىل ئولماس ھېچ كىشى يۈز داغۇھىجران بولمىسا،
چەكمىگەي ھېچكىم پىغان دەردىگە دەرمان بولمىسا،
دوستلىرىم كۆڭلۈمدە يوقكى زەررە پۇشايمان بولمىسا،
يوقكى دەريادا بېلىق، تا خانىۋەيران بولمىسا،
كەلدى يۇسۇپ قىرمىزى يۈزلۈك ئانارىمدىن خەۋەر.

ياقۇبا، شۈكۈر ئەت خۇداغا، كەتتى قايغۇ، كەلدى شاد،
ھەقتائالا يۇسۇپۇمنىڭ ئۆمرىنى قىلغاي زىياد،
ئاقىل ئولدۇر، قىلمىغاي ھەقتىن بۆلەككە ئېتىماد،
شۈكۈر قىلىپ، سەۋر ئەيلىسە، ئوغا بولۇر شېكەر - ناۋات،
كەلدى يۇسۇپ قىرمىزى يۈزلۈك ئانارىمدىن خەۋەر.

ياقۇپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇپ بولۇپ، يۇسۇپنىڭ جامالىغا مۇشتاق بولغان ھالدا: «ئوغۇللىرىم قاچان كېلەر؟» دەپ ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇردى.

يۇسۇپمۇ بېشىردىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرىنى كەنئانغا يولغا سالدى. يۇسۇپ ياقۇپ باشلىق ئۆزىنىڭ بارلىق ئۇرۇق - ئەۋلادىنى مىسىرغا كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاكىلىرىدىن ئات، تۆگە، قېچىر قاتارلىق ئۇلاغلارنى ئەۋەتتى. يۇسۇپ ئۇلارغا يەنە بىر پارچە خەتمۇ يېزىپ بەردى. ئۇ خەتتە ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەرد - ئەلەم، خۇداغا ئوقۇلغان شۈكۈر - سانا بىلەن بۇ نەزمىمۇ بار ئىدى:

خۇدانىڭ ئەمرىدۇر بىزلەرگە، ئاتا!
ئۆزۈم بېرىپ نۇر يۈزۈڭىزنى كۆرەلمىدىم.
كەچۈرۈڭ، گۇناھىم بولسا ھەم خاتا،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئۆزۈم سىزگە بارالمىدىم.

بىر نەچچە كۈن يامان بولدى مەنزىلىم،
ھېچكىمەرسە ئاڭلىمايتتى زار دىلىم،
ھەقتائالا ئاسان قىلدى مۈشكۈلۈم،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئەزىز ئاتا، بارالمىدىم.

ئاكىلىرىم سۆكۈپ مېنى تۇتتىلەر،
ئون سەككىز يارماققا مېنى ساتتىلەر،
مىسىر دىيارىغا ئېلىپ كەلدىلەر،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، پېقىر بارالمىدىم.

مالىك دىغۇر مېنى بازارغا سالدى،
ئەزىزى مىسىرى پۇل تۆلەپ سېتىۋالدى،
قايغۇ بىلەن قىزىل يۈزۈم سارغايدى،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، ئۆزۈم بارالمىدىم.

تۆھمەت بىلەن مېنى قويدى گۇمانغا،
مەن غېرىبنى يەنە سالدى زىندانغا،
ئىلىكىمنى باغلىدى، باقماي پىغانغا،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، ئۆزۈم بارالمىدىم.

ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق بوۋىمىز،
شاپائەت ئەيلىدى بىلىپ ھالىمىز،
ئاتىمىز يىغلىماڭ، ئوقۇپ نامىمىز،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، ئۆزۈم بارالمىدىم.

زىندان ئىچرە ئۆتتى يىللار، پاراغەت،
ياراتقان ئىگىمىز قىلدى ئىنايەت،
بولدى مېنىڭ مۈشكۈلۈم كىپايەت،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، ئۆزۈم بارالمىدىم.

دۇئا قىلىڭ، يەتسۇن يۈسۈپ مۇرادە،
كۈندىن - كۈنگە ئۆمرى بولسۇن زىيادە،
بىز بىلمەيمىز نە سىر باردۇر ئازادە،
مەئزۇر تۇتۇڭ، ئاتا، ئۆزۈم بارالمىدىم.

ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى يۈسۈپنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەنئانغا يېتىپ كەلدى. ياقۇپ ئوغۇللىرىدىن يۇ-سۈپنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئوقۇدى. ياقۇپ ئوغۇللىرىنى بىر - بىرلەپ قۇچاقلاپ كۆردى. يۈسۈپنىڭ خې-



تىنى مۇتالىئە ۋە مۇلاھىزە قىلىشتى. كېيىن تەييارلىق قىلىپ مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىشتى. بۇ خەۋەر يۇسۇپكە يېتىپ باردى. يۇسۇپ جاكارچىنى يولغا چىقىرىپ:

— ئەي مىسىرنىڭ چوڭ - كىچىك، باي - گاداي، ئالىم - ئۆلىما، ئەكابىر - ئەشرەپلىرى باشلىق ھەممە ئاھالىسى! ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ زىيارەت قىلسۇن. كۆرۈشسۇن. دۇئاسىنى ئالسۇن! — دەپ جاكار قىلدۇردى.

ياقۇپ مىسىرغا يېتىپ كەلگەن كۈنى مىسىر ئاھالىسى گۇرۇھ - گۇرۇھ، فەۋچ - فەۋچ، فىرقە - فىرقە، توپ - توپ بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ياقۇپ مىسىرغا بەنى ئىسرائىل ئاھالىسى بىلەن كاناي - سۇناي، ناغرا - دۇمباق چېلىپ تەنتەنە بىلەن يېتىپ كەلدى. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان كىشىلەر ياقۇپنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، ئۇنى زىيارەت قىلدى.

— مەرھابا، خۇش كېلىپسىز ئەي ئەزىز مېھمان! — دەپ كېلىپ كۆرۈشتى. مىسىرنىڭ ئېسىلزادىلىرى، ۋەزىرلەر، ئالىم - ئۆلىمالار، مۇنەججىملەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ياقۇپ بىلەن كۆرۈشتى. ئاخىردا كاناي - سۇناي چېلىنىپ، داغدۇغا، سەلتەنەت بىلەن يۇسۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇ «تەياخ» دېگەن ئېتىنى مىنگەنىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يىگىتلەرمۇ ئاتلىرىنى ئويىنىتىپ كەلدى. شۇ كۈنى ئاسماننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، پەرىشتىلەر ئۇنى تاماشا قىلغاندەك بولدى. ھەسەتخورلار ھەسرەت بارمىقىنى نادامەت چىشلىرى بىلەن چىشلەشتى.

يۇسۇپ ئاتىسىنى كۆرۈش بىلەن ئۆزىنى ئاتتىن يەرگە تاشلىدى. ئاتا - بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ھال - ئەھۋال سوراشتى. بىر - بىرىگە كەلگەن ھادىسىلەرنى بايان قىلىشتى. يۇسۇپ ئاتىسىغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قىرىق يىلدىن قاچقان قوزا تېپىشتى،
خۇش كېلىپسىز، باش ئۈستىگە، ئەزىزىم.
دوستلار كۈلۈپ، دۈشمەنلىرىم يىغلاشتى،
خۇش كېلىپسىز، باش ئۈستىگە، ئەزىزىم.

ياقۇپ:

قىرىق يىلدۇر ئۇچۇپ كەتكەن لاچىنىم،
قارا كۆزۈم، ئىمىرزادەم سەنمۇسەن؟!
ئويغۇممۇدۇر، چۈشۈممىدۇر يا خىيال،
يۇسۇپ ئاتلىق مېنىڭ ئوغلۇم سەنمۇسەن؟

يۇسۇپ:

قىرىق يىلدۇر — ئايرىلىشتىن غەم يۇتتۇم،
قان يىغلىدىم، دەرد - ئەلەمنى ھەم يۇتتۇم،
رىزا بولۇڭ، سىزنى بەدەل ئەيلىدىم،
خۇش كېلىپسىز، باش ئۈستىگە، ئەزىزىم.

ياقۇپ:

قايدا يۇردۇڭ، قايدا ئەردىڭ بىلمىدىم،
قايغۇ - غەمدە زەۋق - ساپا قىلمىدىم،
ھىجرىڭ بىلەن باغرىمنى مىڭ تىلغىدىم،
تازا باغىم، ئىمارىتىم سەنمۇسەن؟!

يۇسۇپ:

بىرنەچچە كۈن جاھنى مەنزىل ئەيلىدىم،
دەمدىن - دەمگە ھالىم تەبدىل ئەيلىدىم،
سىزنى ھەردەم ئىشقا ھەمدىل ئەيلىدىم،
خۇش كېلىپسىز، باش ئۈستىگە، ئەزىزىم.

ياقۇپ:

سېنىڭ ھىجرىڭ باغرىم كاۋاپ ئەيلىدى،
خۇدايىمنىڭ ئەمرى ناياپ ئەيلىدى،
دىلىم «يۇسۇپ» دەپ سېنى ياد ئەيلىدى،
ھەقتىن يەتكەن مېھرىبانىم سەنمۇسەن؟!

يۈسۈپ:

ئەزىز ئاتا! ئوينـاپ ـ كۈلۈپ يۈرمىدىم،
ئىجازەتسىز سۆزىڭىزنى قىلمىدىم،

بۇزرۇكۋارىم، خىزمىتىڭنى قىلمىدىم،
خۇش كېلىپسىز، باش ئۈستىگە، ئەزىزىم.

ئاتا بىلەن ئوغۇل ئاھالە بىلەن بىللە ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ مىسىرغا كىردى. يۈسۈپ شەھەرنى زىننەتلەپ، ئاھالىگە نەچچە كۈن ئاش تارتتى. ئاتىسىنى مېھمان قىلدى. مىسىر ئاھالىسى توپ ـ توپ بولۇپ كېلىپ ياقۇپنى زىيارەت قىلىپ تۇردى.

ياقۇپ مىسىردا ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆردى، بۇ يىللار ئىچىدە خەلققە زۇلۇم ـ ستەم بولمىدى.

بىر كۈنى جەبرائىل كېلىپ ياقۇپقا:

— تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى، سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئاخىرلاشتى، ئەمدى مىسىردا كۆپ تۇرماي كەنئانغا قايتقىن! — دېدى.

ياقۇپ بۇ پەرماننى ئاڭلاپ مىسىر خەلقى ۋە يۈسۈپ بىلەن خەيرلىشىپ ـ ۋىدالىشىپ، مىسىردىن كەنئانغا يۈرۈپ كەتتى. يۈسۈپ ئاتىسى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى مىسىردىن نەچچە كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ كەلدى ۋە شۇ يەردە قايتا ۋىدالاشتى.

ياقۇپ كەنئانغا يېتىپ كەلگەندە، شام بىلەن كەنئان خەلقى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى، زىيارەت قىلدى، دۇئاسىنى ئالدى. ياقۇپ كەنئانغا كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنى بوۋىسى ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقنىڭ يېنىغا قويدى.

يۈسۈپ ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، مىسىردا يەنە بىرنەچچە يىل پادىشاھلىق قىلدى. كېيىن ئۇنىڭغىمۇ جەبرائىل ئاخىرەت سەپىرىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشنى بۇيرۇدى. يۈسۈپ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، زىلەيخا باشلىق خوتۇن ـ بالىلىرى ۋە بارلىق دوستلىرى بىلەن ۋىدالاشتى. ئاخىردا يۈسۈپ زىلەيخاغا قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

خۇش قالغىن، زىلەيخا، پانىي دۇنيادا،
سەن بىلەن تۇرماستىن، كەتمەكچى بولدۇم.
غەم يېمە ھەرگىزمۇ، قىلمىغىن سادا،
سەن بىلەن تۇرماستىن، كەتمەكچى بولدۇم.

زىلەيخا:

يۈسۈپۈم، سالمىغىن ھىجران دېغىنى،
بىر ئۆمۈر ئىككىلەن يولداش بولايلى!
سەير ئېتىپ يۈرەيلى دۇنيا بېغىنى،
دۇنيادا بىر ئۆمۈر يولداش بولايلى!

يۈسۈپ:

ھەركىمگە ئەجەل ۋەھشىتى چۈشەر،
ئاتا ـ ئوغۇل بىر ـ بىرىدىن ئايرىلار، كېچەر،

ئىماننى يولداش ئەيلىسە جەببار،
خۇش قالغىن، زىلەيخا، مەن كېتەر بولدۇم.

زىلەيخا:

سەن كەتسەڭ زار ئەيلەپ يىغلايمەن،
ھىجران ئوتىدا يۈرەك داغلايمەن.
سەنسىز جاننى مەن قانداق ساقلايمەن،
باقىي دۇنيادىمۇ يولداش بولايلى.

يۈسۈپ:

ھەركىمگە يەتسە ئەجەل خازانى،
سەۋر قىلىپ تۇرمايدۇ سائەت ـ زامانى،
مەن كېتەرمەن، يوقتۇر ھېچ شەك ـ گۇمانى،
ياخشى قال، زىلەيخا، مەن كېتەر بولدۇم.

زىلەيخا:

سەن بولمىساڭ قارا كۆزنى نە قىلاي؟
پىستە ئوخشاش شېرىن لەۋنى نە قىلاي؟
كېچە ـ كۈندۈز، ئاي ـ يىللارنى نە قىلاي؟
سەۋر قىل، ئۇ دۇنيادا بىللە بولايلى.

يۈسۈپ:

مەن كەتكەندە قىلماڭ كۆپلەپ ئاھۇزار،
يىغان چېكىپ يىغلاپ يۈرمەڭ زىيادە،
ياخشى قىلىڭ، تاپشۇرىمەن خۇداغا،
خۇش ئەمدى، زىلەيخا، مەن كېتەر بولدۇم.

زىلەيخا:

سەن كەتسەڭ دۇنياغا كۆزمۇ سالماسمەن،
قول ئۈزىتىپ قىزىل ئالما ئالماسمەن،
سەن كەتسەڭ مەن ئۆزۈم بۇنداق قالماسمەن،
سەۋر قىل، باقىي يۇرتتا بىللە بولايلى.



يۈسۈپ:

يۈسۈپ ھەق ئەمرىگە بىلىن باغلىدى،
زىلەيخا سەن ئۈچۈن يۈرەك داغلىدى،
جۇدا بولۇپ كېتەر يولىن چاغلىدى،
خوش ئەمدى، زىلەيخا، مەن كېتەر بولدۇم.

زىلەيخا:

سەن كېتىپ، دۇنيادا مەن نېمە قىلاي؟
ئارقاڭدىن ئىزىڭنى ئىزدەپ مەن باراي!
دۇنيانى پۈچەك پۇل ـ تىيىنغا ساتاي،
سەۋر قىل، ئۇ دۇنيادا بىللە بولايلى.

يۈسۈپ:

رازى بول، زىلەيخا، ئەمدى كېتىمەن،
ئاتا ـ بوۋىلارغا مەنمۇ يېتىمەن،
بالىلارنى خۇداغا تاشلاپ كېتىمەن،
رازى بول، زىلەيخا، مەن كېتەر بولدۇم.

زىلەيخا:

زىلەيخا قالدىغۇ بۇندا ئاھ ئۇرۇپ،
نازۇك جان كەتتىغۇ، بۇندا مەن تۇرۇپ،
يىغان ئەيلەپ يىغلايمەن ئەمدى ئاھ ئۇرۇپ،
سەۋر قىل، ئۇ دۇنيادا بىللە بولايلى.

يۈسۈپ زىلەيخا بىلەن يىغلاشتى، رازلىق ئېلىشتى، ۋىدالاشتى. يۈسۈپ جان ئۈزدى. زىلەيخا يۈسۈپنىڭ تاۋۇتىنى يىغلاپ يۆرۈپ ئايلاندى. ئاخىر:

— كۆزۈم سېنىڭدىن باشقىسىنى كۆرمىسۇن! — دەپ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ ئېلىپ يۈسۈپنىڭ تاۋۇتىغا سالدى. زىلەيخا مىسىر ئاھالىسى بىلەن يىغلاپ چىقىپ، يۈسۈپنى دەپنە قىلدى. ئۆزىمۇ شۇ يەردە جان ئۈزدى. يۈسۈپ بىلەن ئىككىسىنى بىر يەرلىككە دەپنە قىلىشتى.



# غېرىب - سەنەم

خىلمۇخىل ۋەقەلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار، تۇرلۇك - تۇمەن ئەھۋاللاردىن ھېكايەت ئېيتقۇچىلار، شېرىن سۆزلەر بىلەن تۈزۈلگەن داستان بابلىرىدىن خامان ياساپ شۇنداق ھېكايە قىلىشىدۇ:

دىيار بەكرى ئېلىدە ئابباسخان ئىسىملىك بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ دۆلىتى زىيادە، شان - شەۋكىتى تەڭداشسىز ئىدى.

شاھ ئابباسخاننىڭ «ھەسەن» ئاتلىق ئاقىلانە بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە ساداقەتمەن، مېھرىبان دوستلار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ ئابباسخان ھەسەن ۋەزىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، نۇرغۇن لاۋۇ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىقتى. ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز دەشت - باياۋانلاردا يۈرۈشتى، ئەمما ئالدىغا ھېچقانداق بىر سەييات[11] ئۇچرىمىدى. نىھايەت شاھ ئابباسخان بىلەن ھەسەن ۋەزىر ئىككىسى ئىككى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

تەقدىرنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھەسەن ۋەزىرگە بىر چىشى كېيىك ئۇچرىدى. ۋەزىر ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، دەرھال بىر تال ئوقنى تىركەش[12]تىن جۇدا قىلىپ، چەنلەپ كامانىغا[13] بەند ئەيلەپ كېيىكنى ئاتماقچى بولدى. قارىغۇدەك بولسا، ئۇ كېيىك بوغاز ئىكەن. ھەسەن ۋەزىر خوتۇنىنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ بۇ كېيىكنى ئاتمىدى. كېيىك ۋەزىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بىرھازا يۈرگەندىن كېيىن بىر قىيادا شاھ ئابباسخانغا ئۇچرىدى. پادىشاھ بۇ كېيىكنى كۆرۈپ ئوقياسىنى توغرىلىدى. شۇ ئەسنادا كېيىكنىڭ بوغاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئاتماي ئۆز يولىغا قويۇۋەتتى. بىرھازادىن كېيىن ھەر ئىككىسى قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى.

ھەسەن ۋەزىر شاھ ئابباسخانغا تەزىم ئەيلەپ ئېيتتىكى:

شانۇشەۋكەتلىك، ئەي ئۇلۇغ شاھىم،
قۇرۇق ياندۇق نىمە كارامەت؟
ئۇچرىغان كېيىكنى كەتكۈزمەك نەدۇر،
بولدىمۇ تەقدىردىن يا بىر ئىنايەت؟!

شاھ ئابباسخان ئېيتتىكى:

ئەي ۋەزىرىم، ئۆزۈڭگە ھەم ئايان زاتتۇر،
خانىش ئايىنىڭ ئالتۇن بويى ئىككى قاتتۇر،
تەڭرىدىن بۇ بىزگە كەڭرى ئىلتىپاتتۇر،
بۇ بەختتىن شاھنىڭ كۆڭلى خۇرام - شادتۇر.

ھامىلەدۇر ئۇچراپ قالغان ئاشۇ كېيىك،
تەقدىردىن ئۇ بېشارەت دەپ بىلگۈلۈك.
ئەجەل يەتسە ئەگەرچەندە شۇل كېيىككە،
خانىش ئايىمۇ قالار بەلكىم مۈشكۈللۈككە.

شۇڭا شاھنىڭ تەرك ئەيلىدى ئوق ئۈزۈشنى،
راۋا كۆردى ئۆز يولىغا كەتكۈزۈشنى.
تاجۇتەختىم قۇدرىتىدە دەۋران سۈرەي،
بۇ دۇنيانىڭ نېمىتىدىن لەززەت كۆرەي.

پەرزەنت كۆرمەي ئارمان بىلەن ئۆتمەكتىمەن،
ئەمدى تەشنا ئول ۋىسالنى كۈتمەكتىمەن.
ئەي ۋەزىرىم، كامانغا سەن ماھىر ئىدىڭ،
ئەيتقىل بۇگۈن نە ئۈچۈنكىم قۇرۇق ياندىڭ؟

ھەسەن ۋەزىرمۇ راستىنى ئېيتماي بولمىدى:
بايان ئەتسەم، شاھىم، مېنىڭ كۆرگىنىمنى،
ساداق بىرلە تاغلار ئېشىپ يۈرگىنىمنى،
بىر قىيادىن ئۇچقۇپ، ئىپار كېيىك چىقتى،
ئاڭا قاراپ ھامىلىغىن دىلىم ئۇقتى.

ئاتاي دېسەم، قولۇم تىترەپ ئاتالمىدىم،
ئۇنى نابۇت ئەيلىمەككە پاتالمىدىم.
ئاغىچا ئايىم شۇ كېيىكتەك ئىككى قاتتۇر،
ئۇمۇ بىزگە ئىلاھىمدىن ئىلتىپاتتۇر،
راۋا كۆردۇم ئۆز يولىغا كەتكۈزۈشنى،
پەرزەنت كۆرۈپ، مۇرادىغا يەتكۈزۈشنى.

شاھ ئاببىاسخان ۋەزىرنىڭ سۆزىدىن سوڭرە ئويلاپ:

— ھەيرانمەن، بۇ غەلىتە ھال، چۈشۈمدىمۇ ئايان بولدى بىر پال! — دېدى. ھەسەن ۋەزىر:

— قۇدرەتلىك شاھىم، مۇبارەك چۈشلىرىدىن خەۋەردار بولۇشقا مۇمكىنمىكىن؟ — دەپ سورىدى. شاھ ئاببىاسخان:

— قايسى كۈنى بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە بىر جۈپ قۇش كۆردۈم. بىرى رەڭدار سۇمۇرغ، بىرى ئەنقا، كۇمۇش قۇيرۇق. پەرۋاز قىلدى بېشىمدىن كەتمىدى، تۇتاي دېدىم تۇتۇق بەرمىدى. بۇ چۈشۈمدىن ھەيرانمەن، شۇندىن بۇيان خىيال ئىچىدە پەرىشانمەن. قېنى، دانىشمەنلەر، ئېيتىڭلار، بۇنىڭ تەبىرى قانداق؟ — دەپ ئەتراپىدىكى دانىشمەنلەرگە سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. دانىشمەنلەر بەس – بەستە قۇرئە كىتابلىرىنى ئېچىشتى. بىرى خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن شاھ ئاببىاسخان ئالدىدا پۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېيتتىكى:

— كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، كىمەرسىكى چۈشىدە قۇش كۆرسە سائادەتنىڭ بېشارىتى بولغاي، شاھىمىزنىڭ بېشىغا قوشلاپ دۆلەت قۇشى قونغاي، خەزىنە لىققىدە ئالتۇن – كۈمۈشكە تولغاي، — دېدى.

يەنە بىر دانىشمەن تەمكىنلىك بىلەن:

— بىر جۈپ قۇش جۈپ پەرزەنتكە ئىشارىدۇر، شاھىمىز دەرگاھىدا ئىككى پەرزەنت دۇنياغا كېلۇر، ئۇنىڭ بىرى شاھزادە ئوغلان، بىرى خانزادە رىزات بولۇر، — دەپ تەبىر بەردى. شاھ ئاببىاسخان بۇ تەبىردىن رازى بولۇپ شاد – خۇراملىقتا چۆمدى. ئوردا ئەكابىرلىرىغا قاراپ:

— ۋەزىر، بەگلىرىم، تەبىرلەردىن سۆيۈندۈم، بىر جۈپ قۇشنىڭ چۈشۈمگە كىرىشى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى، بوغاز كېيىكنىڭ ھەسەن ۋەزىر ئىككىمىزگە ئۇچرىشى نىيەت – ئىقبالىمىزنىڭ ئوخشاش بولۇشى، بۇ تەقدىرنىڭ قىسمىتى. شۇل ۋەجدىن خاسىيەتلىك ئىش قىلغايمەن: بۇرادىرىم، ھەسەن ۋەزىرىم، ياۋنى يېڭىشتە شەمشىرىمدۇر، يۇرتنى سوراشتا كەمىرىمدۇر، قېنى، دىۋان بېگى، ئەھدىنامە يېزىلسۇن، ئىككىمىزنىڭ مۆھۈرى بېسىلسۇن، — دەپ جاكار قىلدى. ھەسەن ۋەزىر:

— ھەشقاللا! شاھىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا، — دەپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەھدىنامىنىڭ شەرتلىرىنى شاھتىن سورىدى. شاھ ئاببىاسخان:

— ئەگەر تۇغۇلسا بىرى ئوغۇل، بىرى قىز، بالىغ بولغاندا نىكاھ قىلغايمىز، ئەگەر تۇغۇلسا ھەر ئىككىسى ئوغۇل، بولسۇن بىرى ئەلەم، بىرى قەلەم بىلەن مەشغۇل. ھەر ئىككىسى قىز بولسا مۇبادا، ھەمشىرە – ھەمدەم بولۇپ ئۆتكەي دۇنيادا، بۇ ئەھدىگە كىمدەكىم بولسا بىۋاپا ۋە ياكى خۇسۇمەت بىلەن چىقارسا

غوۋغا، خەلقئالەم ئالدىدا بولغاي يۈزى قارا ھەم رەسۋا! بۇنىڭغا جىمىكى ۋەزىر، بەگلىرىم بولغاي گۇۋاھ، — دەپ پۈتۈمنى جاكارلىدى. ئەھدىنامە دىۋان بېگى تەرىپىدىن قايتا بىر قېتىم ئوقۇلغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ «ئامىن!» دېيىشتى. شۇ ئەسنادا ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ ئابدۇللا شاتىر يېتىپ كەلدى. شاتىر خەۋەر ئېلىپ كەلدى. شاتىر شاھ ئاباسخاننىڭ ئايىغىنى سۆيۈپ:

— سۆيۈنچە، شۆھرەتلىك شاھىم، تەۋەللۇت[14] قىلدى خانىش ئايىم، — دېدى. شاھ ئاباسخاننىڭ چىرايىغا كۈلكە ياماشتى ۋە:

— ئەي سەلتەنەتلىك نۆكەر بېگى، بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ؟ تېزدىن جاۋاب بەر، — دەپ سورىدى. ئابدۇللا شاتىر تىلىنى چايناپ:

— سا... سا... ساخاۋەتلىك خانىش ئايىم تۈلكىدىن خەۋەر بەردى، — دېدى. ئارقىدىن ئات چاپتۇرۇپ يەنە بىر خەۋەرچى يېتىپ كەلدى. ئۇ ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خۇش خەۋەر ئۆزلىرىگە، ۋەزىر ئەزەم، بۆرىدىن خەۋەر بەردى ئاغىچا مەلىكەم، — دېدى. ھەممەيلەن:

— مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن، — دەپ ھەسەن ۋەزىرنى تەبرىكلەشتى. ئارقىدىن شاھ ئاباسخان جاكارچىغا:

— جاكار قىلغىن، ئاۋام ئاڭلىغاي، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا بولغاي، قوشنا قورغان - بەگ-



لىكلەر خەۋەر تاپقاي، — دەپ بۇيرۇدى. ھەسەن ۋەزىر ئوغلىنىڭ گۈل يۈزىنى تېزرەك كۆرۈش ئارزۇسىدا:

— قۇدرەتلىك شاھىم، ئوغلۇمنى كۆرگەچ، توي تەييارلىقىنى قىلاي، — دەپ قايتىشقا ئىجازەت سورىدى. شاھ ئابباسخان بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ساڭا ئاق يول بولسۇن، دۆۋلەت بېگى ھەمدەمدە بولسۇن، — دەپ ماقۇل بولدى.

ئەلقىسسە، ھەسەن ۋەزىر شاش قاشقا ئېتىغا مىنىپ، بىرقانچە نۆكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆيىگە قاراپ راۋان بولدى. شىكارگاھتا شاھ ئابباسخان ئالدىدا نەغمە - ناۋا باشلاندى. چەۋەندازلار جور بولۇپ ساما سالدى. مەشرەپ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. شۇ ئەسنادا بىر خەۋەرچى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىپ، شاھ ئابباسخاننىڭ خۇش كەيپىنى بۇزدى:

— قۇدرەتلىك شاھىم، ھەسەن ۋەزىر، ھەسەن ۋەزىر...، — دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى. شاھ ئابباسخان چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھە، نېمە بولدى؟ تېز ئېيت، — دېدى.

— ۋەزىرئەزەمنىڭ ئېتى تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلدى. جانابىي ۋەزىر ئاتنىڭ تېگىدە قالدى... ئەجەل قۇشى قونىغا ئالدى... «ئاھ ئوغلۇم، غېرىب قالدىڭ، غېرىب» دەپ نەپىسى ئۈزۈلدى...، — دېدى. شاھ ئابباسخان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— ئاھ بۇرادىرىم، ۋاقىتسىز كەتتىڭ، «غېرىب قالغان ئوغلۇم» دېگەن بولسا، ۋەزىرىم ھۆرمىتى ئۈچۈن ئوغلىنىڭ ئېتى «غېرىب» بولسۇن. ئوردىدا دادىسىنىڭ ئورنىنى باسسۇن، — دەپ شىكاردىن ياندى.

پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ قىزىنى كۆردى. ئۇ ئاپتاپ مەسەللىك، خۇش سۈرەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىغا شاھ سەنەم دەپ ئات قويدى. دادىسىنىڭ مۇبارەك يۈزىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغان بىچارە ئوغۇل راست غېرىب بولۇپ قالدى.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم بىلەن غېرىب تۆت ياشقا قەدەم قويغاندا بىللە مەدرىسىگە باردى، بىللە ئوقۇپ چوڭ بولدى. ئاستا - ئاستا كۆڭلى بىر - بىرىگە چۈشۈپ ئاشىق - مەشۇق بولۇپ قالدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى غېرىب بىلەن سەنەم ۋەدە قىلىشىپ ئېيتتىكى:

— ئەتە مۇشۇ قورولغا قايسىمىز بۇرۇن كەلسەك كېيىن كەلگىنىمىزدىن توققۇز بوسە[15] ئېلىپ، توققۇز دانە گۆھەر ئۇتۇۋالساق، — دەپ ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىشتى. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە شاھ سەنەمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. سۇبھى ۋاقتىدا ئورنىدىن قوپۇپ بەلگىلەنگەن قورولغا كېلىپ ساقلاپ ئولتۇردى. بىر سائەتتىن كېيىن شاھ غېرىب يېتىپ كەلدى. شاھ سەنەمخان غېرىبنى «ئەمدى كەلدىڭمۇ؟» دەپ بويىنىدىن قۇچاقلاپ توققۇز بوسە ئېلىپ توققۇز دانە گۆھىرىنى ئۇتۇۋالدى. يەنە كەچ بولۇپ، ئۇلار مەدرىسىدىن ياندى. قايتىشىدا يەنە ۋەدە قىلىشتى. بۇ كېچىسى غېرىب ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى. شاھ سەنەم يەنە سەھەردە قوپۇپ نىشانغا كېلىپ كۈتۈپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ غېرىبنى يەنە ئۇتۇۋالدى.

ئەلقىسسە، غېرىب شاھ سەنەمگە ئون سەككىز بوسە بىلەن ئون سەككىز گۆھىرىنى ئۇتتۇرۇپ قويغىنىغا كۆپ مالال بولۇپ ئۆيىگە قايتتى. ئانىسى غېرىبنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئېيتتىكى:

— ئەي بالام، نېمە ئۈچۈن مۇنچە مالال بولدىڭىز؟ — دېدى. غېرىب ئانىسىغا ھەممە سەرگۈزەشتلىرىنى يوشۇرماي بايان قىلدى. ئانىسى ئېيتتىكى:

— ئەي غېرىبجان! ھەرگىز مالال بولماڭ، شاھ سەنەمخان سىزگە بەخشەندە قىلىنغان، پادىشاھ ئاتىڭىز بىلەن بۇ توغرىدا شەرتلىشىپ خەت - مۆھۈر قىلىشقان. جىمىكى خالايىق گۇۋاھلىق بېرىشكەن، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلماسلىقنى دېيىشكەن، — دەپ يىپەك قەغەزگە پۈتۈلگەن خەتنى ئوغلىغا كۆرسەتتى.

غېرىب خەتنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ كېچىسى چۈشىدە ئۇ ھەزرىتى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ مۇبارەك قوللىرىدىن گۇمبەزدىكى چىلتەنلەر[16] سۆھبىتىدە مۇھەببەت شارابى ئىچتى. چىلتەنلەر شاھ سەنەمنى غېرىبقا ئەقد[17] نىكاھ قىلدى. غېرىب ئويغىنىپ ئاجايىپ خۇش كەيپ بولدى. خوشاللىق سۆبھىدە ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك چېھرىگە تولدى. شۇنىڭ بىلەن غېرىب تاڭ سەھەردە بەلگىلەنگەن قورولغا بېرىپ: «شاھ سەنەم كېلىدۇ» دەپ تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. چاشگاھ بولدى. شاھ سەنەم كەلمىدى. ئاخىر غېرىب شاھ سەنەمدىن يامانلاپ مەدرىسىگە راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم ھەم تاڭ سابادا قوپۇپ مەدرىسىگە ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ئانىسى پادشاھقا قاراپ:

— ئەمدى شاھ سەنەم بالىغ[18] بولۇپتۇر، سىنەسى ئۆرلەپ تۇرۇپتۇر، كۈندىن - كۈنگە مەدرىسىگە سەھەر تۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، مۇندىن كېيىن مەدرىسىگە ئەۋەتىش ياخشى بولماس. خەلقئالەم سۆز - چۆچەك قىلار، — دېدى.

پادشاھ جاۋابەن:

— ئۇنداق بولسا شاھ سەنەم مەدرىسىگە بارماي يېنىپ كىرسۇن. شاھ غېرىبقا ئېلىپ بېرۇرمەن، — دېدى. خوتۇنى:

— بۇ قانداق گەپ؟ شاھ غېرىب دېگەن بىر يېتىم بالا تۇرسا، شاھ قىزنى يېتىم بالىغا بېرەمدۇ كىشى؟ — دېدى.

شاھ سەنەم ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ مەخپىي كېڭەش - مەسلىھەتلىرىنى ئىشىتتىپ: «ۋادەرىخ! ئەمدى ئىش باشقىچە بولدى. يارىمنى كۆرمەك بەك مۇشكۇل بولدى» دەپ غېرىبتىن جۇدا بولغىنىغا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، غېرىبنى جان - دىلى بىلەن يادلاپ، دەردى سوز[19] بىرلە خۇن جىگەردىن بىر سۆز ئېيتتى:

زۇلۇم بىلەن قابا پەلەك
بىزنى غەيرىي سالدىڭ.
ئىبراھىمدەك ئوتقا تاشلاپ،
جاپا بىرلە نارغا[20] سالدىڭ.

بىزنى لەيلى - مەجنۇن ئېتىپ،
كېچە - كۈندۈز قان يىغلىتىپ،
كۆز ياشىمنى جەيھۇن[21] ئېتىپ،
بۇ غەم بازارىغا سالدىڭ.

كۆتۈردى كۆڭۈل خۇشىنى،
بۇزدۇردى گۈلشەن رىشتىنى،
سۇندۇردى مۇھىت ياشىنى،
بىزنى خۇنى خارغا سالدىڭ.

كۆپ مۇشكۇل بولدى ھالىمىز،
پەلەك بۇزدى ئىقبالىمىز،
مۇنەججىم كۆردى پالىمىز،
بىزنى بەختى قارا سالدىڭ.

ھېچ قويمىدى ئۆز ھالىمە،
رەھىم ئەتمىدى ئەھۋالىمە.
يەتكۇزمىدى ۋىسالىمە،
ھىجران دەشتى يارغا سالدىڭ.

شاھ سەنەم ئىزدەر ئۆلۈپتىن،
ھېچكىم بىلمەس كۆلۈپتىن،
ماڭا سېلىپ جاپا تىغىن،
يۈرىكىمگە يارا سالدىڭ.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەمنىڭ بىر ئىنىكئانىسى بار ئىدى، ئېتى گۈلنىھال ئىدى. شاھ سەنەم «ئاغىچا ئانا» دەيتتى. ئاغىچا ئانا شاھ سەنەمنى بۇ ھالدا كۆرۈپ:

— ساڭا نېمە دەرد - ئەلەم يەتتى. چىرايىڭ باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ. ئىچىڭدىكى دەرد - ئەھۋالىڭنى راستى بىلەن بايان قىلغىل، مەن ئاڭا بىر ئىلاج قىلىپ، مۇرادىڭنى ھاسىل قىلارمەن، — دې-

ـدى. شاھ سەنەم ئاغىچا ئانىغا دەرد ـ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، شاھ غېرىبقا مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرۈپ ئاشىق بولغانلىقىنى، ئىككى كۈن ۋەدىلىشىپ ئون سەككىز بۇسە بىلەن ئون سەككىز گۆھەرنى ئۇتتۇرۇۋالغانلىقىنى بەتامام بايان قىلىپ:



— ئەي ئاغىچا ئانا، بۈگۈن نۆۋەت غېرىبنىڭ ئىدى. ئەھۋالى نېچۈك ئىكىن؟ — دەپ زار ـ زار يىغلىدى.

— ئەي شاھ سەنەم، — دېدى ئاغىچا ئانا بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، — ئۇنداق بولسا مەن بىر باھانە بىلەن سېنى مەدرىسىگە ئېلىپ باراي. سەن ئاتاڭ شاھ ئابباسخاننىڭ ئالدىغا كىرگىن، ئېيتقىنكى، مەن بۈگۈن مەدرىسىگە بېرىپ، مېنى ئاتام ئەمدى مەدرىسىگە ئىبەرمەس بولدى دەپ، موللامغا نەزىرى نىياز قويۇپ، دۇئا ئېلىپ، ئۆزرە ئېيتىپ كەلسەم دېسەڭ، ئاتاڭ جاۋاب بېرىدۇ، شۇ باھانە بىلەن غېرىبنى كۆرەرسەن.

بۇنى ئاڭلاپ شاھ سەنەمنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇپ، ئاتىسى شاھ ئابباسخاننىڭ ئالدىغا كىردى.

— ئەي ئاتا، مەن بۈگۈن موللامنىڭ قېشىغا بېرىپ، نىياز قويۇپ دۇئاسىنى ئېلىپ، مېنى ئەمدى ئاتام مەدرىسىگە ئىبەرمەس بولدى دەپ، ئۆزرە ئېيتىپ كېلەي، — دېدى. شاھ ئابباسخان قىزى شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ:

— راست ئېيتتىڭ، بالام، — دەپ ۋاقتى خۇش بولۇپ، خەزىنىچىسىگە مىڭ تەڭگە پۇل بېرىشنى بۇيرۇدى. خەزىنىچى مىڭ تەڭگە پۇلنى ئاچىقىپ شاھ سەنەمگە بەردى. شاھ سەنەم مىڭ تەڭگە پۇلنى كۆتۈرۈپ، ئاغىچا ئانىسى بىلەن موللىسىنىڭ ئالدىغا راۋان بولدى. موللىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، مەكتەپنىڭ پەنجىرىسىدىن قارىسا، غېرىب قولىدا كىتاب، كۆڭلى خاراب، كۆزلىرى پۈرئاب[22]، جىگەرلىرى كاۋاپ بولۇپ، «يارىم تېخى كەلمەپتۇ» دەپ زار ـ زار يىغلاپ شاھ سەنەمنى يادلاپ، دەردى سوز بىلەن خۇن جىگەرلىرىدىن بېيىت ئوقۇۋاتقان:



ئەي يارانلار، مۇسۇلمانلار،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى.
ئىشق ئوتىدا كۆيدى جانلار،
نە بولدى، يارىم كەلمىدى.

كېلۇرمەن دەپ ۋەدە قىلدى،
كېلۇر مۇددەتىدىن ئۆتتى،
ئەرتەدىن چاشگاھ بولدى،
نە بولدى يارىم كەلمىدى.

گۈل يۈزىنى كۆرگۈم كېلۇر،
بىلللىشىپ يۈرگۈم كېلۇر،
دائىم دەۋران سۈرگۈم كېلۇر،
نە بولدى يارىم كەلمىدى.

دەرد ئۈستىگە دەردلەر بولدى،
غېرىب دىلغا ھەسرەت تولدى،
قولۇمدىكى گۈلۈم سولدى،
نە بولدى يارىم كەلمىدى.

يا بىر اۋنىڭ پەندىن ئالدى،
يا بىر يامان دەردكە سالدى،
يا بىر غەيرىي بىلەن بولدى،
نە بولدى يارىم كەلمىدى.

يۈرەك بولدى پارە ـ پارە،
بۇ دەردلەرگە بارمۇ چارە؟
يىغلار غېرىب بۇ بىچارە،
نە بولدى يارىم كەلمىدى.

ئەلقىسسە، غېرىب ئوقۇماي، زار ـ زار يىغلاپ ئولتۇراتتى. موللىسى قاراپ «نېمە ئۈچۈن ساۋىقىڭنى ئوقۇماي يىغلاپ ئولتۇرسەن؟» دەپ غېرىبنىڭ ياقىسىدىن مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، كاچىتىغا ئىككىنى سالدى. غېرىب بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

— خۇدايىم غەزەپ قىلغان بەندىسىنى پەيغەمبەر ھاسىسى بىلەن ئۇرار ئىمىش دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دەپ موللىسىغا قاراپ، شاھ سەنەمنى ياد قىلىپ، كۆيۈك دەردى بىلەن خۇن جىگەرلىرىدىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەرتە بىرلە چاشگاھ بولدى،
يارىمنى كۆرسەم، كاشكى.
كەلمىدى، ئەھۋالى نە بولدى؟
بىر سورىسام ئىدى، كاشكى.

چاشگاھدىن سوڭرە چۈش بولۇر،
يارىمنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇر.
يار كەلمىسە نە ئىش بولۇر؟
بىر كۆرسەم ئىدى، كاشكى.

چۈشتىن كېيىن بولۇر پېشىن،
يارىمنىڭ كۆڭلى ئەۋرىشىم.
ئەۋرىشىمدەك بويلىرىڭغا،
چىرمىشىپ ئۆلسەم، كاشكى.

پېشىندىن كېيىن بولۇر دىگەر،
يار ئىشقىدا كۆيدى جىگەر.
يار كەلمىسە مۇندا ئەگەر،
بىر بارسام ئىدى، كاشكى.

دىگەردىن كېيىن بولۇر شام،
قىلغان ئىشلىرىم بارچىسى خام.
ئەرزىم شۇلدۇر سىزگە موللام،
بىر كۆرسەم ئىدى، كاشكى.

شامدىن كېيىن بولۇر خۇپتەن،
ئاشىق ـ مەشۇق بولۇر جۇپتەن.
يارىم قالدى ئاندا يەكتەن،
بىر بارسام ئىدى، كاشكى.

بەگ ئوردىسى بولدى خالىي،
مەن غېرىبنىڭ كەتتى ھالى.
سەنەمجاننىڭ يوق ماجالى،
بىر بارسام ئىدى، كاشكى.

ئەلقىسسە، غېرىب زار ـ زار يىغلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇماققا مەشغۇل بولدى. شاھ سەنەم پەنجىرىدىن قاراپ، غېرىبنىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، موللىسىغا بېقىپ، «غېرىبنى ئازاد قىل» دەپ خۇن جىگەرلىرىدىن بىر سۆز ئېيتتى:

بۇلبۇلى بىچارىسەن گۈل ئىشقىدىن پەرياد قىل،
ئاشىقى سەرگەشتە[23] بولساڭ، ئۇيقۇنى بەرباد قىل،
تىنمايىن شامۇ سەھەر يىغلاپ يۈرۈپ سەن ياد قىل،
يار ئۈچۈن سالدىم ئىمارەت بىر يولى ئاباد قىل،
جانىم موللام، بىر زامان گۈل يارنى ئازاد قىل.

ھەر كىشى مۇنداق بالاغا بولمىسۇن ھېچ گىرىپتار،
قالمىسۇن كۆڭلىدە ئارمان، زەررە يەڭلىغ ئىختىيار،
تىترىشۇر روھى سىمابتەك بۇ تەندە جانىم بىقارار،
يارىمىز مەكتەپتە يىغلار، بىز بۇ پەردە ئىنتىزار،
جانىم موللام، بىر زامان گۈل يارنى ئازاد قىل.

قويمىدى ئۆز ھالىمغا، بۇ دەردى سەرگەردان مېنى،
ھىجرى دەشتىدە قۇيۇندەك ئەتتىلەر ھەيران مېنى،
جانىم ئالماي قويمىدى بۇ دەردى بىدەرمان مېنى،
ئىشق ئاپتى قىلىپتۇر بىسەرۇسامان[24] مېنى،
جانىم موللام، بىر زامان شۇل يارنى ئازاد قىل.

ئاۋۋىلى مەكتەپ يۈزىن كۆرمىسەم ئىدى، كاشكى،
مېھرىمنى ۋەيران كۆڭۈلگە بەرمىسەم ئىدى، كاشكى،
شەرت ئېتىپ بىر بۇسەنى مەن ئالمىسام ئىدى، كاشكى،
ئىشق ئوتىغا مەن ئۆزۈمنى سالمىسام ئىدى، كاشكى،
جانىم موللام، بىر زامان شۇل يارنى ئازاد قىل.

بەرمۇئەللەق شۇل زامانكىم شۆھرىتىدىن باكەرەم[25]،
دەرگاھىڭغا باش قويۇپ يارىم ۋىسالىڭ ئىستەرەم،
ئاب ئورنىغا ماڭا ئوغا ئىچۈردى دەردۇغەم،
تەلمۈرۈپ دائىم گادايدەك يارنى ئىزدەر شاھ سەنەم،
جانىم موللام، بىر زامان گۇل يارنى ئازاد قىل.

ئەلقىسسە، موللىسى شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، «بۇلارنىڭ مەدرىسىگە كەلگەنىدىن تارتىپ ئىش ـ كۈشلىرى بار ئىكەن، بۇلارنى بىر ـ بىرلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرەي» دەپ مەدرىسە بالىلىرىنى ئازاد قىلىپ قويۇپ بەردى. غېرىبنى مەدرىسىدە ئېلىپ قالدى ۋە:

ــ سەن ساۋىقىڭنى ئوقۇپ چىققىن، ــ دەپ چىققىلى قويمىدى. غېرىبنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، شاھ سەنەمنى ياد قىلىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئاندىن موللىسى شاھ سەنەمگە ئىشارەت قىلىپ:

ــ كىرىپ يارىڭ غېرىب بىلەن كۆرۈشۈپ چىققىن، ــ دېدى. شاھ سەنەمنىڭ ۋاقتى خۇش بولۇپ، مەدرىسىگە كىلىپ مىڭ تەڭگە پۇلنى موللىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. موللىسى شاھ سەنەمنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلدى. ئاندىن شاھ سەنەم غېرىبنىڭ قېشىغا كىرىپ ۋە بىر ـ بىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، دىل سىرلىرىنى ئېيتىشىپ يىغلاشتى.

ــ ئەي غېرىبجان، ئەمدى بىزنىڭ بىر ـ بىرىمىز بىلەن كۆرۈشمىكىمىز قىيامەتكە باقىي قالدى. ئاشۇ كۈنى ئون سەككىز بۇسە بىلەن ئون سەككىز گۆھەرنى ئۇتتۇرغانىدىڭ، ئەمدى مەندىن ئامانىتىڭنى ئالغىن، ــ دېدى شاھ سەنەم. غېرىب:

ــ ئەي شاھ سەنەم، ئۇ ئىشقى مەجازىي[26] ئىدى، ئەمدى ئىشقى ھەقىقىيگە ئۆتتى، ــ دېدى. شاھ سەنەم غېرىبتىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ:

ــ ئەي غېرىب، سەندىن، مەندىن دۆلەت كەتتى ، ــ دەپ كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ غېرىبتىن سوئال سورىدى:

سەنەم:

قولاق سېلىپ ئىشىتكىل، مېنىڭ ئەرزىمنى،
ئەمدى بىزدىن بۇ دەۋران كەتتى، غېرىبىم.
خۇدا سالدى بۇ جۇدالىق دەردىگە،
دۇشمەنلەر ئارىمىزغا چۈشتى، غېرىبىم.

سەنەم:

قايدىكى ۋىسالدۇر، قايدىكى جامال،
يىغلىبان ئۆتتۇرمەن نەچچە ماھۇسال[27]،
كەل قاچايلى، مېنى ئۆزۈڭ يولغا سال،
رەقىب بىزگە قەست ئەيلىدى، غېرىبىم.

غېرىب:

پىراق چۈشتى دەبان قايغۇ يېمىگىل،
قىزىلگۈلدەك ئېچىلىبان ھەرگىز سولمىغىل،
ئاشىق بولساڭ غېرىبىڭدىن كەچمىگىل،
جۇدالىقنىڭ ئاقىۋەت ۋىسالى باردۇر.

غېرىب:

بىر تەنە سۆز بىلەن نېچۈك قاچارمىز؟
ئۆز ئەيىبىنى بىزلەر نېچۈك ئاچارمىز؟
ئاشىق بولساق كۆيۈپ ـ يېنىپ ئۆچەرمىز،
سەۋر قىلساڭ ئاخىر ۋىسالى باردۇر.

سەنەم:

سەۋر قىلغان بىلەن پۈتمەس بۇ ئىشىڭ،
تەبرىزنى تەرس[28] كۆردۈم بۇ كۆرگەن چۈشۈڭ،
مۇندا تۇرساڭ غەم ـ قايغۇدىن قۇتۇلماس بېشىڭ،
بىزدىن دۆلەت قۇشى ئۇچتى، غېرىبىم.

غېرىب:

قايغۇنى كۆپ يېسەڭ، مېھنىتىڭ ئاشار،
ئەرەنلىك خەنجىرى باغرىڭنى يىرتار،
يالغان سۆزلەر ئاخىر تەقدىرگە تارتار،
بىزلەرگە يېزىلغان قىسمىتى باردۇر.

غېرىب:

ئاشىق بولغان كىشى خۇنابلار[29] يۇتار،
مەشۇق بولسا، باغرىنى مىڭ پارە ئېتەر،
دۈشمەنلەرنىڭ سۆزى بۇ جاندىن ئۆتەر،
ئاشىقلارنىڭ خەيرى ئىقبالى باردۇر.

سەنەم:

سەنەم ئېيتۇر: دېگەن سۆزگە كىرمىسەڭ،
مېنى ئېلىپ باشقا يۇرتقا كەتمىسەڭ،
ئۆزگە يەرگە بېرىپ ۋەتەن تۇتمىساڭ،
پىچاق ئۇستىخانغا يەتتى، غېرىبىم.

سەنەم:

سېنى، مېنى يەتكۈزمىدى كامالغا،
كېتەر، دوستلار، مۇنداق پاتما خىيالغا،
ئىككىمىزنى يەتكۈزمىسە ۋىسالغا،
دۆلەت كەتتى ئەمدى بىزدىن، غېرىبىم.

غېرىب:

غېرىب ئېيتۇر: مۇنداق سۆزنى قىلمىغىل،
يۈرىكىمگە مۇنداق دەردنى سالمىغىل،
مېنىڭ ئۈچۈن ئەمدى قايغۇ يېمىگىل،
ئەزەلدىن يېزىلغان قىسمىتى باردۇر.

ئەلقىسسە، غېرىب شاھ سەنەمگە بېقىپ:

— ئەي جېنىمنىڭ جانانىسى، سىزنىڭ ئاتىڭىز بىلەن مېنىڭ ئاتام ۋەدە قىلىشقانىكەن، ھالا ئاتىڭىز شاھ ئابباسخان خەت قىلدۇرۇپ، ئۆز مۆھرىنى بېسىپ مېنىڭ ئاتامغا بەرگەنىكەن، ئاتىڭىز ئۆز تىلىدىن بەرگەن خەت كىتابىمنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ، — دەپ ئۇ خەتنى كىتابنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ شاھ سەنەمگە بەردى. شاھ سەنەم بۇ خەتنى كۆرۈپ ئۆز تېرىسىگە سىغماي، خۇش بولۇپ نىكاھ خېتىنى قولىغا ئېلىپ كىتابنىڭ ئارىسىغا سېلىپ، غېرىب بىلەن ۋىدالىشىپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا راۋان بولدى. كەلگىنىچە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، كىتابنى پادشاھنىڭ قولىغا بەردى. شاھ سەنەمنىڭ كىتابىنى ئاتىسى قولىغا ئېلىپ مۇتالىئە قىلىپ كۆردى. كىتابنىڭ ئارىسىدىن بىر پارچە مۆھۈرلۈك خەت چىقتى. پادشاھ ئۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈۋىدى، ئۆزى ھەسەن ۋەزىر بىلەن ۋەدىلىشىپ بەرگەن خەت ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ «ئەمدى ۋەدىگە ۋاپا قىلمىقىم لازىم» دەپ شاھ سەنەمنى شاھ غېرىبقا بەرمەك ئۈچۈن خوتۇنىنىڭ قېشىغا مەسلىھەت قىلغىلى كىردى. پادشاھ ئاببىاسخان خوتۇنىغا:

— مەن ھەسەن ۋەزىر بىلەن ۋەدىلىشىپ ئۆز مۆھرىمنى بېسىپ خەت بېرىۋىدىم. ئۇل خەت ھالا شاھ سەنەمنىڭ كىتابىنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ. ئەمدى شاھ سەنەمنى غېرىبقا ئېلىپ بېرىمەن. ۋەدەم خىلاپ بولمىسۇن، — دېدى. پادشاھ ئاببىاسخاننىڭ خوتۇنى:

— بۇ نېچۈك بىنومۇسلۇق، غېرىب بىر يېتىم بالا تۇرسا، ئاتىسىز يېتىم بالىغا كىشى قىز بېرەمدۇ؟ پەرزەنتىمىزنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرسەك، خەلقئالەم تەنە ـ مالامەت قىلماسمۇ؟ — دەپ پادشاھنىڭ رايىنى ياندۇردى ۋە ئۇ مۆھۈرلۈك خەتنى پادشاھنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ يىرتىپ تاشلىدى.

پادىشاھ ئابباسخان خوتۇنىغا:
— ئەمدى مەن بۇلارنىڭ دەردىدىن قانداق قىلارمەن؟ — دېگىنىدە، خوتۇنى مەسلىھەت قىلىپ:
— غېرىبنى، ئانىسىنى، سىڭلىسىنى — جىمى تابىئىلىرىنى[30] باغداد شەھىرىگە پالىۋەتسىلە بول-
مامدۇ؟ ئاندىن كېيىن تىنچ بولىمىز، — دېدى.
ئەلقىسسە، پادىشاھ ئابباسخانغا خوتۇنىنىڭ بۇ قىلغان مەسلىھەتلىرى ماقۇل بولۇپ، دەرھال ياساۋۇللارغا:
— غېرىبنىڭ ئانىسىنى، سىڭلىسىنى — جىمى تابىئىلىرىنى ھارۋىكەشلەرگە دەپ شەھىرى
باغدادقا دەرھال پالاڭلار ! — دەپ ئەمر قىلدى. ياساۋۇللار پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن كېلىپ ھارۋىكەش-
لەرگە پادىشاھ ئابباسخاننىڭ ھۆكۈمىنى يەتكۈزۈپ:
— ئەي ھارۋىكەشلەر، سىلەر ھارۋاڭلارنى ھەسەن ۋەزىرنىڭ ھويلىسىغا ئاپىرىپ، ھەسەن ۋەزىرنىڭ
ئوغلى شاھ غېرىبنى، ئانىسى، سىڭلىسىنى — جىمى تائىبە، مال - ئەمۋالى بىلەن ھارۋىلارغا سېلىپ،
شەھىرى باغدادقا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار! — دېدى. ئاندىن مىرغەزەپ جاللاتلار پادىشاھنىڭ يارلىقىنى غېرىب-
قا يەتكۈزدى. غېرىب بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ:
— مەن پادىشاھقا نېمە گۇناھ قىپتىمەن، نېمە ئۈچۈردىن بۇ شەھەردىن شەھىرى باغدادقا مېنى
پالايدۇ؟ — دېدى. ياساۋۇللار:
— ئەي غېرىب، بىز سېنىڭ گۇناھىڭنى بىلمەيمىز، — دېدى ۋە پادىشاھنىڭ يارلىقى بىلەن غې-
رىبنى تۇتۇپ، ھارۋىغا سېلىپ ئەكەتمەكچى بولدى. غېرىبجان ئەلەملىك پىغان ئىچىدە، يۇرتىدىن
خوشلاشماقچى بولۇپ خۇن جىگىرىدىن بىر سۆز ئېيتتى:

كاج پەلەكنىڭ دەردىدىن،
يۈرەكلەردە داغلار قالدى.
بۇلبۇلنى ئايرىپ گۈلدىن،
خۇشناۋالىق باغلار قالدى.

تەڭ تۇغۇلۇپ، بىللە ئۆسكەن،
مۇھەببەت ئىشقىدا كۆيگەن،

چىن ئۆمۈرلۈك ئەھدە تۈزگەن،
خۇشال يۈرسەت چاغلار قالدى.

مېنى پالار قولۇم باغلاپ،
يۈرەكمنى ئوتتا داغلاپ،
سەنەمجانىم قالدى زارلاپ،
مۇندا ھۇۋقۇش - زاغلار قالدى.

بۇ خەۋەر شاھ سەنەمگە يەتتى. شاھ سەنەم بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، «ۋادەرىخا، مەن
ئەمدى يارىم غېرىبتىن مەڭگۈلۈك جۇدا بولىدىغان ئوخشايمەن» — دەپ، ئۆزىنىڭ خاس كىشىلىرى-
دىن مىڭ تەڭگە پۇل ئەۋەرتىپ:
— ھارۋىكەش، مىرغەزەپ جاللاتلار غېرىبنى ئېلىپ كېتىدىغان ۋاقىتتا مېنىڭ راۋقىمىنىڭ ئاس-
تىدىن ئېلىپ ئۆتسۇن، غېرىبنىڭ ھالىنى بىر كۆرۈۋالاي، دىدارىمىز قىيامەتكە باقىي قالمىسۇن، —
دېدى. مىرغەزەپ جاللاتلار شاھ سەنەمنىڭ سۆزىنى جان - دىللىرى بىلەن ماقۇل تۇتۇپ، غېرىبنى شاھ
سەنەمنىڭ راۋقىنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ ئۆتتى. شاھ سەنەم راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، غېرىب-
نىڭ ئانىسى، سىڭلىسىنى — جىمى تائىبە، مال - ئەمۋاللىرى بىلەن ئەكېتىپ بارغان. شاھ سەنەم بۇنى
كۆرۈپ، «ۋادەرىخا، بۇ بىچارە غېرىب مېنى دەپ بۇ بالالارغا گىرىپتار بولدى» دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، غې-
رىبتىن سوئال سورىدى، غېرىب شاھ سەنەمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:



سەنەم:

مۇندىن كېتەر بولدۇڭ باغداد شەھرىگە،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
ئاللا سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىب:

مېنى كەتتى دىبان مالال بولمىغىن،
يىغلىمىغىل، سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.
قىزىلگۇلدەك ئېچىلىپ، ھەرگىز سولمىغىن،
يىغلىمىغىل، سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.

سەنەم:

مۇندىن كېتەر بولساڭ تاغلار تۇماندۇر،
جامالىڭ بىر كۆرمەككە يار ئارزۇمەندۇر،
سەن كەتكەندە ماڭا ئاخىر زاماندۇر،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىب:

مېنى كەتتى دەپ، يارىم، بولما سەرگەردان،
ھەر قىيانە بېقىشىڭ دەردىمگە دەرمان،
ئامان ـ ئېسەن بولسام، تەندە ھايات ـ جان،
كۆپ يىغلىما، سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.

سەنەم:

نەچچە كۈن تارتارمەن سېنىڭ جەبرىڭنى،
بىر سەيرى قىلالمىدىڭ باغى بەھرىمنى [31]،
رازى ئىدىم بۈگۈن ئالسا جانىمنى،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىب:

يارىم كەتتى دىبان يىغلاپ ئولتۇرما،
قىزىلگۇلدەك رەڭگىرويىڭ سولدۇرما،
دوستلار بىلسۇن، دۇشمەنلەرگە بىلدۇرمە،
كۆپ يىغلىما، سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.

غېرىب:

غېرىب دەرلەر: ئىلاجىم يوق كەتمەككە،
شۇم پەلەك يېزىلدى جۇدا ئەتمەككە،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ قانلار يۇتماققە،
كۆپ يىغلىما، سەنەمجان، كەتسەم كېلۈرمەن.

سەنەم:

سەنەم دەرلەر: جاپا بىرلە جەۋرەم بار،
چىن ئاشىقمەن، تائەبەدكە سەۋرەم بار،
كېلەلمىسەڭ، يول ئۈستىدە قەبرەم بار،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىب:

غېرىب ئېيتۇر: پېشانەم كاج بولمىسا،
ئەجەل يېتىپ، شۇم پەيمانىم تولمىسا،
چۆللەر ئارا ئۈمىد گۈلۈم سولمىسا،
كۆپ يىغلىما، سەنەمجان، كەتسەم كېلۈرمەن.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلۈپ، قەددى ـ قامىتى پۈكۈلۈپ، يۈرەك ـ باغرى چاك ـ چېكىدىن سۆكۈلۈپ راۋاق ئۈستىدە قالدى. غېرىب شاھ سەنەم بىلەن يىراقتىن دىدارلىشىپ، كۆزلىرىدە ۋىدالىشىپ يولغا راۋان بولدى. شاھ سەنەم غېرىبنىڭ يولىدىن كۆزىنى ئۈزمەي كۆڭلى بىئارام بولدى، غېرىبجانغا ئامانلىق تىلەپ بىر مۇناجات ئوقۇدى:

كارامەتلىك قادىر خۇدا، غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم،
ئەزىز ياردىن بولدۇم جۇدا، غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.
بولالمىدىم ئاڭا ھەمدەم، يۈرەكىمنى قاپلىدى غەم،
ئاتىمىز ھەزرىتى ئادەم، غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.

بۇ بېشىمغا چۈشتى سەۋدا، مەدەت قىل، ھەزرىتى مۇسا،
ئاشىقلار پىرى يۈسۈپ ـ زىلەيخا، غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.
بۇ دەردىمگە ئەيلە دەرمان، تېۋىپلارنىڭ پىرى لوقمان،
ئاللا، يولىنى قىلغىل ئاسان، غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، شاھ غېرىب شاھ سەنەم بىلەن ۋىدالىشىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇشبۇ يول يۈرگەنلىرىچە ئۆتەڭ، مەنزىللەرنى بېسىپ، قىرىق كۈندە شەھرى باغدادقا يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى باغداد پادشاھى ئاڭلاپ، شەھەرنىڭ كاتتا ۋە كىچىكلىرى بىلەن غېرىبنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن شەھەرگە ئەكىرىپ ئوردىسىغا چۈشۈردى. بۇلار يول مېھنىتىدىن فارىغ[32] بولغاندىن كېيىن، ئۆز ھويلىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئەسلىي نەسەبى باغدادتىن ئىدى. غېرىبجان بۇ يەردە سۇنۇق كۆڭلىنى شىكارغا چىقىش بىلەن بەند قىلدى، سەنەمجاننى يادلاپ بىر مۇناجات ئوقۇدى:

سابا، يەتكۈز گۈلۈمنىڭ خۇش بۇيىنى يار سەنەمجانغا، يېتىلدۇردى يۈرەك قانى بىلەن ئۇ، لەيلى ـ رەيھاننى،
دېگىل: ئىشقىڭدا گۈل تەردى، غېرىبىڭ چۆل ـ باياۋاندا. دېگەيسەن: باغرى مىڭ پارە، غېرىبىڭ ھىجرى ـ ئارماندا.

ئەلقىسسە، شۇنىڭ بىلەن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. غېرىبنىڭ ئاتىسى قىلدۇرۇپ بەرگەن بىر ئالتۇن ساقىسى بار ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى كوچىغا ئوينىغىلى چىقىۋىدى، ئالدىغا بىر قۇرئەنداز موماي ئۇچرىدى. موماي غېرىبقا قاراپ:

— ئەي بالام، سىز ئاشىق تاھىرمۇسىز؟ — دېدى. غېرىب مومايدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ:

— ئەي ئانا، مېنىڭ تەلىيىمگە قۇرئە سېلىپ بېقىڭ، كۆڭلۈمدىكى مەقسىتىمنى تاپسىڭىز، قولۇمدىكى ئالتۇن ساقامنى بېرەي، — دېدى.

موماي:

— ئوبدان، بولىدۇ، — دېدى. غېرىب مومايغا دەرد - ئەھۋالىنى بايان قىلماق ئۈچۈن زار - زار يىغلاپ بىر سۆز ئېيتتى:

غېرىبدۇرمەن يول ئاداشتىم،
قۇرئەندازىم يولغا سالغىن.
لەيلى كەبى ھەددىدىن ئاشتىم،
مەجنۇن كەبى چۆلگە سالغىل.

ساڭا ئېيتاي كۆڭۈل داغىن،
يېقىن قىلغىل يول يىراغىن،
كۆرسەتكىل بۇلبۇللار باغىن،
بۇلبۇل ئوخشاش يولغا سالغىل.

يولدا قالغان بىناۋامەن،
گاھ كۆيۈپ، گاھ يانارمەن،
يار كويىدا مەن گادامەن،
كېڭەش بىلەن يولغا سالغىل.

غېرىب دەرلەر بۇ ئاتىمنى،
كىمگە ئېيتاي مەن دادىمنى،
ئاللا بەرسۇن مۇرادىمنى،
مەن غېرىبنى يولغا سالغىل.

ئەلقىسسە، موماي غېرىبتىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، غېرىب ئۈچۈن قۇرئە سېلىپ كۆردى. غېرىبنىڭ ئاشىقلىقى ھەق ئىكەن. ئاندىن موماي غېرىبقا بېقىپ:

— بالام، سەن دىيار بەكرى ۋىلايىتىنىڭ پادشاھى ئاباساخاننىڭ قىزى مەلىكە شاھ سەنەمگە ئاشىق ئىكەنسەن. دىيار بەكرىگە بېرىپ، شاھ سەنەمنىڭ بېغىنى باقىدىغان گۈلچى مومايغا بالا بولساڭ، ئاندىن شاھ سەنەم بىلەن كۆرۈشۈپ مۇرادىڭنى تاپارسەن، — دېدى. غېرىب مومايدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ ناھايىتى خۇش بولۇپ، ئۇ مومايغا قولىدىكى ئالتۇن ساقىسىنى بەردى. ئاندىن موماي بىلەن ۋىدالىشىپ ئۆيىگە كەلدى. يولدا كەلگۈچە غېرىبنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، شاھ سەنەم يادىغا كېلىپ زار - زار يىغلاپ، ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى. ئانىسى غېرىبنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ:



— ئەي بالام، بۇگۈن چىرايىڭ نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟ — دەپ ئەھۋال سورىغىنىدا، غېرىب:

— كەبەم ئانام، ماڭا سەنەمنىڭ ئوت پىراقى يېڭىۋاشتىن تازا بولدى، پىراق ئوتى ھەيران قىلدى. ماڭا ئەمدى جاۋاب بېرىڭ، دىيار بەكرى ۋىلايىتىگە كېتىمەن، — دېدى ۋە ئانىسىدىن جاۋاب تىلەپ، كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ زار - زار يىغلاپ، خۇن جىگەرىدىن بىر سۆز ئېيتتى:

خۇش قال ئەمدى، كەبەم ئانام،
دۇئا بەرگىل، كېتەر بولدۇم.
تەركىدىدار سەنەمجانىم،
ھۇزۇرىغا يېتەر بولدۇم.

چىدالمىدىم دەرد ـ پىراقىا،
يۈردۈم شۇڭا سەنەم ياققا،
باش قويارمەن پىر ـ ئۇستاتقا،
ئاڭا خىزمەت ئېتەر بولدۇم.

غېرىب ئېيتۇر: قېرىنداشىم،
كۆيەر بولدى ئىچى ـ تاشىم،
ئامان بولسا تەندە باشىم،
ئانا يۇرتقا كېتەر بولدۇم.

دۇئا قىلغىل، غەمگۇزارىم،
غەم تېغىدىن گۈلئۇزارىم،
يارىمنى دەپ كەچتىم بارىم،
ئىشق ئوغىسى ئېچەر بولدۇم.

ئەلقىسسە، غېرىبتىن ئانىسى بۇ سۆزنى ئىشتىپ:

— ئەي بالام، بىر يارنى دەپ ئۆزىڭىزنى نېمە مۇنچە ئاۋارە قىلىپ يۈرىسىز؟ ھەسەن ۋەزىر ئاتىڭىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن سىزدىن كۆڭلۈمنى خۇرسەن قىلىپ يۈرۈر ئىدىم. بىرنەچچە كۈننىڭ بۇياغىدا كۆڭلۈم ھېچ ئارام تاپمىدى. بىزگە بۇ جۇدالىق ئىرادە ئىكەن، — دېدى ۋە غېرىبقا جاۋاب بەرمەك ئۈچۈن زار ـ زار يىغلاپ بىر سۆز ئېيتتى:

ھەسەن ۋەزىر ئۆلدى دەپ، ساڭا سۆيۈندۈم،
بارغىن، بالام، بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
بىرنەچچە كۈن كۆيۈپ ساڭا قۇۋاندىم،
بارغىن، بالام، بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

بىر يار ئۈچۈن خۇنابلار يۇتارسەن،
يىراق يۇرتقا باشىڭ ئېلىپ كېتەرسەن،
غەۋۋاس بولۇپ ئىشق ئوتىغا چۆمەرسەن،
بارغىن، بالام، بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

كۆزۈمنىڭ گەۋھىرى، نۇرۇم سەن ئىدىڭ،
فىردەۋسى[33] باغى ئىچرە ھۆرۈم سەن ئىدىڭ،
بەختىمنىڭ باھارى، گۈلۈم سەن ئىدىڭ،
بارغىن، بالام، بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئەمدى سەن كېتەرسەن يىراق يەرلەرگە،
مۇرۇۋۋەت قىلغايسەن غەمكىن قۇللارغا،
سالام دېگىل، بىزنى دېگەن ئەللەرگە،
بارغىن، بالام، بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

دۈشمەن يۈزى قارا بولسۇن ئارادا،
مېنى قويۇپ كېتەر بولدۇڭ بالاغا،
بىز بۇ يەردە قالدۇق چۆلدە ـ دالادا،
بارغىن، بالام، بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىب ئانىسىدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ زار ـ زار يىغلىدى. ئانىسى نائىلاج غېرىبقا جاۋاب ئورنىدا دۇئا بەردى. غېرىب ئانىسى بىلەن ۋىدالىشىپ يولغا راۋان بولدى. چوڭ دەرۋازاسېرى چىقىۋىدى، شۇ ۋاقىتتا سىڭلىسى گۈلجامال بىرمۇنچە قىزلار بىلەن باغ سەيلىسىگە چىققانىدى. يېنىشىدا قارىسا، ئاكىسى غېرىب پەشلىرىنى قىستۇرۇپ، ھالى خاراب، جىگىرى كاۋاپ، كۆزلىرى پۇرئاب كېتىپ بارغان. گۈلجامال ئاكىسىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، «ئەي ئاكا، بىزنى تاشلاپ قايدا بارۇرسەن؟» دەپ ئاكىسى غېرىبقا قاراپ تۇرۇپ زار ـ زار يىغلاپ، بىر سۆز ئېيتتى:

ئارادىن ھېچ سۆز ئۆتمەيىن،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟
مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلمايىن،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟

ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلماي،
كېيەن سوراغىدا بولماي،
ئۆز قولۇڭدا گۆرگە قويماي،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟

بىر نامەردنىڭ پەندىن ئېلىپ،
كېتەر بولدۇڭ باشىڭ ئېلىپ،
بىزنى مۇندا ئوتقا سېلىپ،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟

مەن كەچتىم ئۇشبۇ جاھاندىن،
قول يىغدىم سۇدۇ[34] زىياندىن،
شۇنداقمىدى ئۇمىد سەندىن،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟

بىزنى قىلمىغىل بىچارە،
بارۇرسەن قايسى دىيارە،
كۆڭلۈم بولۇپتۇر مىڭ پارە،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟

گۈلجامالنى زار يىغلىتىپ،
يۈرىكىن ئوتقا داغلىتىپ،
بەختى قارانى قان يىغلىتىپ،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟

غېرىب سىڭلىسى گۈلجامالدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ زار – زار يىغلاپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سىڭلىسى گۈلجامالغا بىر – بىر بايان قىلدى. گۈلجامال ئاكىسى غېرىبتىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، كۆيۈك دەردى بىلەن خۇن جىگىرىدىن يىغلاپ، ئاكىسىنى «خۇداغا تاپشۇردۇم» دەپ ۋىدالىشىپ شەھەرگە راۋان بولدى. غېرىب شۇ يۈرگىنىچە مەنزىل – مەراھىللارنى بېسىپ ئۈچ كېچە – كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر چەشمە بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ، يار ۋەسلىدە مۇڭلىنىپ نەزمە ئېيتتى:

پىراق مېنى هازىر ئەيلىدى بەرباد،
بىر خۇداغا يىغلاپ ئېتەرمەن پەرياد،
كېسەر هامان بېستون تېغىنى پەرهاد،
پەرهاد كەبى شېرىنجاننى كۆرەرمەنمۇ؟

گۈل يۈزلۈك، تولۇن ئايدەك نىگارىم،
بولبۇل كەبى گۈلسىز نالە قىلارمەنمۇ.

ۋادەرىخا، مەن يارىمدىن ئايرىلدىم،
هىجران ئىچرە يىراقلاشتى دىيارىم،

پىغان بىرلە ھەسرەت چۇشتى باشىمە،
بىر يېتىممەن ئوغا چۇشتى ئاشىمە،
غېرىبدۇرمەن ھېچكىم كەلمەس قاشىمە،
يۇسۇپ كەبى زىندان ئىچرە ياتارمەنمۇ؟

ئەلقىسسە، غېرىب ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغاندىن كېيىن، بىر ئېگىز تاغقا يېتىپ كەلدى. قارىسا، ئۇ تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر غار، ئۇ غارنىڭ ئاغزىدىن بىر نۇر ئاسمانغا ھۇۋەيدا[35] قىلىپ تۇرغان. غېرىب بۇنى كۆرۈپ «مۇندا بىر ئەۋلىيا بارغا ئوخشايدۇ. مەن بىر پىرنىڭ ئېتىكىنى تۇتمىغۇچە مۇرادىمغا يېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن» دەپ غارنىڭ ئاغزىغا يېقىن كەلدى. غارنىڭ ئىچىدىن ھەزرىتى شەيخ جۆنەيدىل باغدادى (ئاللا ئۇ ئەزىزنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي) چىقىپ كەلدى. ھەزرىتى شەيخ جۆنەيدىل باغدادى قارىسا، بىر ئوغۇل غارنىڭ ئاغزىدا قاراپ تۇرغان، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن ئىشقى زاھىر بولۇپ تۇرغان. ھەزرىتى شەيخ: «مەن بۇ ئوغۇلدىن بىر سوئال سوراپ باقاي، سوئالىمغا ياخشى جاۋاب بەرسە، دۇئا قىلىپ كامالىغا يەتكۈزەي ھەم مۇرادىغا يەتكۈزەي. ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، تەربىيە ئەيلەپ كامالىغا يەتكۈزەي» دەپ سوئال سورىدى، غېرىب جاۋاب بەردى:

جۆنەيدىل باغدادى:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، غېرىب ئاشىقىم،
ھەق روسۇل ئىكرامنى قايدىن ياراتتى؟

روسۇل ئۇچۇن نەچچە دەريا ياراتتى؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب:

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، جۈنەيدىل باغدادى،
ھەق روسۇل ئىكرامنى نۇردىن ياراتتى،
روسۇل ئۈچۈن يەتتە دەريا ياراتتى،
ماڭا ئۇستاز بولساڭ، جاۋابىم شۇلدۇر.

جۈنەيدىل باغدادى:

قايسى دەرەخ تېنىدىن سۇ ئىچەر؟
ئۇنىڭ بىر شاخىدۇر ئالەمنى قۇچار،
بىر قۇشتۇر قاناتى يوق سەيلانە ئۇچار،
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب:

ئىمان بىر دەرەختۇر، تەندىن سۇ ئىچەر،
كۆڭۈل بىر شېخىدۇر ئالەمنى قۇچار،
روھىمىز بىر قۇشتۇر سەيلانە ئۇچار،
ماڭا ئۇستاز بولساڭ، جاۋابىم شۇلدۇر.

جۈنەيدىل باغدادى:

ئۇ نېمەدۇر، تېنى بارۇ، جانى يوق؟
ئۇ نېمەدۇر، قاناتىنىڭ سانى يوق؟
ئۇ نېمەدۇر، ئىككى يۈزىدە قانى يوق؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب:

قارا يەردۇر، تېنى بارۇ، جانى يوق،
جەبرائىلدۇر، قاناتىنىڭ سانى يوق،
ئانت ئىچكەنىنىڭ ئىككى يۈزىدە قانى يوق،
ماڭا ئۇستاز بولساڭ، جاۋابىم شۇلدۇر.

جۈنەيدىل باغدادى:

ئۇ قايسىدۇر، باقماي ـ تىكمەي باغ بولغان؟
ئۇ قايسىدۇر، سىنەلىرى چاك بولغان؟
ئۇ قايسىدۇر، پەرزەنت ئۈچۈن داغ بولغان؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب:

جاڭگال بولۇر، باقماي ـ تىكمەي باغ بولغان،
ئاشىق بولۇر، سىنەلىرى چاك بولغان،
ياقۇپ نەبى يۈسۈپ ئۈچۈن داغ بولغان،
ماڭا ئۇستاز بولساڭ، جاۋابىم شۇلدۇر.

جۈنەيدىل باغدادى:

ئۇ قايسىدۇر، تۇغۇلدى ھەرگىز ئۆلمىدى؟
ئۇ قايسىدۇر، ئاسمانغا چىقتى، چۈشمىدى؟
ئۇ قايسىدۇر، بېھىشكە كىردى، چىقمىدى؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب:

خىزىر نەبى تۇغۇلدى، ھەرگىز ئۆلمىدى،
ئەيسا پەيغەمبەر ئاسمانغا چىقتى، چۈشمىدى،
ئىدرىس نەبى بېھىشكە كىردى، چىقمىدى،
ماڭا ئۇستاز بولساڭ، جاۋابىم شۇلدۇر.



جۈنەيدىل باغدادى:

ئۇ قايسىدۇر، تولار ـ تاشار، تۈگىمەس؟
ئۇ قايسىدۇر، ئۆلمەس ھايات، قېرىماس؟
ئۇ نەيەردۇر، قانلار ھەرگىز ئېرىمەس؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب:

ھەق رەھمىتى تولار ـ تاشار تۈگىمەس،
بىر خۇدادۇر، ئۆلمەس ھايات، قېرىماس،
كەربالادىن قانلار ھەرگىز ئېرىمەس،
ماڭا ئۇستاز بولساڭ، جاۋابىم شۇلدۇر.

جۈنەيدىل باغدادى:

قايسى كۈنى ئالەم زۇلمەت بولىدۇ؟
قايسى كۈنى تاغدىن دەججال چۈشىدۇ؟
قايسى كۈنى ئاخىر زامان بولىدۇ؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب:

دۈشەنبە كۈنى ئالەم زۇلمەت بولىدۇ،
سەيشەنبە كۈنى تاغدىن دەججال چىقىدۇ،
جۈمە كۈنى ئاخىر زامان بولىدۇ،
ماڭا ئۇستاز بولساڭ، جاۋابىم شۇلدۇر.

جۈنەيدىل باغدادى:

ئول نېمەدۇر، پۈتكۈل ئالەم يورۇقى؟
ئول نېمەدۇر، ئۈچ يۈز ئاتمىش ياپرىقى؟
ئول نېمەدۇر، سەخى ھەسەلدىن شاخى؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭ، ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب:

ئاي ھەم كۈندۇر، پۈتكۈل ئالەم يورۇقى،
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈندۇر، ئۇنىڭ ياپرىقى،
سەخى ئايدۇر، ئۇنىڭ ھەسەلدىن شاخى،
ماڭا ئۇستاز بولساڭ، جاۋابىم شۇلدۇر.



ئەلقىسسە، ھەزرىتى شەيخ جۈنەيدىل باغدادى (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) غېرىبتىن بۇ جاۋابلارنى ئىشىتىپ، توغرا جاۋاب ئېيتقىنىغا يۈزمىڭ رەھمەتلەر ئوقۇپ، دۇئالار قىلىپ:

— ئەي بالام، بارغىل، خۇدايىتائالا مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي، مەقسىتىڭنى تاپارسەن، — دەپ ۋىدالاشتى.

غېرىب شۇ يۈرگىنىچە مەنزىل ـ مەراھىللارنى بېسىپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈردى. ئالدىغا بىرمۇنچە قاراقچىلار ئۇچرىدى. قاراقچىلار غېرىبنىڭ قوللىرىنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىدى، ئاندىن بۇ بىچارە غېرىبنى ئاختۇرۇپ كۆردى، ئەمما غېرىبتىن دۇنيا ۋەجىدىن بىر پۇل چىقمىدى. قاراقچىلار «بۇ يىگىتنى ئۆلتۈرۈپ، قىلىچىمىزنى قان قىلىپ تۇرساق بىزگە يول بولار، بىر تەرەپتىن كارۋان كېلەر» دەپ مەسلىھەت قىلدى. شۇ ۋاقىتتا غېرىب قاراقچىلارنىڭ قىلغان مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، «ۋادەرىخا، ئەمدى يارىم شاھ سەنەمنى بىر كۆرمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن» دەپ زار ـ زار يىغلاپ، شاھ سەنەمنى ياد قىلىپ، نېمە دەيدۇ قېنى؟

ۋادەرىخا، نازۇك قولۇم باغلاندى،
يار جامالىن كۆرمەي ئۆلەر ئوخشايمەن.
قاراقچىلار ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى،
يار جامالىن كۆرمەي ئۆلەر ئوخشايمەن.
بۇ جانىمغا قەست قىلدى قاراقچى ئاپەت،
مۇندىن قوتۇلمىقىم يوقتۇر سالامەت،
گويا بولدى ماڭا روزى قىيامەت،
يار جامالىن كۆرمەي ئۆلەر ئوخشايمەن.
ياقامنى چاك ئېتىپ ئەيلىسەم پەرياد،
ئەجەب خۇش ناتاۋانلار قامىتى شەمشاد،
يوقالسۇن ھەم بۇزۇلسۇن بۇ چەرخى ناشاد[36]،
يار جامالىن كۆرمەي ئۆلەر ئوخشايمەن.

غېرىبنىڭ پىرىدۇر جۇنەيدىل باغدادى،
ئاللا بەرسۇن ئاشىقلارنىڭ مۇرادى،
خۇدايىمغا يېتەر ئەمدى بۇ دادى،
يار جامالىن كۆرمەي ئۆلەر ئوخشايمەن.

غېرىبنىڭ نالە - زارىنى جىمى قاراقچىلار ئىشىتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئاقساقال قاراقچى بار ئىدى، ئۇ:

— ئەي بۇرادەرلەر، بۇ ئوغۇلنىڭ ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلماپتۇ. ياش يىگىت ئىكەن. ئۆلتۈرۈپ جېنىغا زامىن بولمايلى، ھەلەب شىرۋان شەھىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ پۇلىنى ئۈلىشىۋالمايلىمۇ؟ — دېدى. بۇ سۆز ھەممىگە ماقۇل كەلدى. غېرىبنىڭ قول - ئاياغلىرىنى مەھكەم باغلاپ، ئالدىغا سېلىپ، يولغا راۋان بولدى. بۇلارنى شەھەرگە كەتمەككە قويايلى.

ئەلقىسسە، يەنە بىر سۆز ئىشىتمەك كېرەككىم شاھ سەنەمدىن. شاھ سەنەمنىڭ دەرد - ئەلەمى زىيادە بولۇپ، رەڭگىرويى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ، چىرايلىرى مۇتەغەييىر[37] بولۇپ، ھال - ئەھۋالى خاراب بولدى، ئاش - سۇدىن قالدى. پادىشاھ ئابباسخان قىزى شاھ سەنەمنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، رەھمى كېلىپ تولا بىتاقەت بولۇپ دىيار بەكرى ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈما، ئۆلىما، ئەھلى مۇنەججىملىرىنى جىمى قىلىپ كەلدى. پادىشاھ ئابباسخان:

— ئەي ھۆكۈما، ئۆلىما، مۇنەججىملەر، قىزىم شاھ سەنەمخان كېسەل بولغىلى خېلى ئۇزاق بولدى. قىزىمغا بۇ ئاغرىق نېمە سەۋەبتىن بولغاندۇر؟ شاھ سەنەم ئۈچۈن بىر قۇرئە سېلىپ بېقىڭلار، — دېدى. ئۇ ۋاقىتتا ھۆكۈما، ئەھلى مۇنەججىملەر قۇرئە سېلىپ كۆرۈپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، قىزلىرى شاھ سەنەمنىڭ كېسىلى يوق، ئاتەش ئىشقىغا مۇپتىلا بوپتۇ. ئىشقىنىڭ غالىبلىقىدىن كېسەل بوپتۇ، — دېدى. پادىشاھ ئابباسخان ھۆكۈما، مۇنەججىملەردىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:





— بۇنىڭ ئىلاجى نېمە؟ — دەپ سورىدى. ھۆكۈمالار:

— ئەي پادىشاھىئالەم، بۇ شەھەرنىڭ تېشىدا بىر چارباغ قىلدۇرسىلا، قىزلىرى شاھ سەنەمنى ئاچىقىپ شۇ باغدا پەرۋىش قىلسىلا، شايەدكى، سەھەت تاپسا كېرەك، — دېدى. پادىشاھ ھۆكۈمالاردىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ياساۋۇللارغا:

— دىيار بەكرىنىڭ تېشىدا بىر سەھنە جاي تېپىپ، بىر چارباغ تەييار قىلىڭلار. ناھايىتى ئارەستە[38] بولسۇن، خۇش ھاۋا بولسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى. ياساۋۇللار پادىشاھ ئاباسخاننىڭ ئەمر - پەرمانى بىلەن شەھەرنىڭ قېشىدا نەچچە پەرسەڭلىك[39] بىر سەھنە يەر تاپتى. تامچى ئۇستىلارنى يىغىپ، ئۇ جايدا بىر ئالىي چارباغ تەييار قىلدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى دۇنيادا كۆز كۆرمىگەن ۋە قۇلاق ئىشىتمىگەن بولغاي، قىرىق كۈن بولدى دېگەندە، چارباغ تەييار بولدى دەپ پادىشاھقا خەۋەر قىلدى. پادىشاھ ياساۋۇللارغا:

— ھەلەب شىرۋان شەھىرىگە خەزىنە ئېلىپ بېرىپ، قىرىق غۇلام سېتىۋېلىپ كېلىڭلار، بۇ باغدا ئىشلىسۇن، — دېدى. ياساۋۇللار پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن قىرىق تۆگىگە پۇل يۈكلەپ، ھەلەب شىرۋان شەھىرىگە راۋان بولدى. ئۇلار مەنزىل - مەراھىللارنى ۋە بادىيەلەرنى قەتئىي ئەيلەپ، قىرىق كۈن بولغاندا ھەلەب شىرۋان شەھىرىگە يېتىپ باردى. شەھەر ئىچىگە كېلىپ قۇل بازىرىغا بېرىپ قۇل سېتىۋالغىلى تۇردى ۋە بىر كەم قىرىق قۇلنى سېتىۋالدى. بىر قۇل قالغاندا تاپالمىدى. شۇ ۋاقىتتا غېرىبنى قاراقچىلار ئەكەلدى. ياساۋۇللار غېرىبنى سېتىۋالدى ۋە ۋاقتى خۇش بولۇپ، شەھەردىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى. نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، دىيار بەكرى ۋىلايىتىگە يېتىپ باردى. قۇللارنى چارباغقا ئىشلىگىلى قويدى. شۇ ۋاقىتتا گۈلچى موماي غېرىبقا قارىسا، چىرايىدىن ئەسلىي قۇلغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا غېرىبتىن:

— ئەي ئوغۇل، ئېتىڭ كىم؟ — دەپ سورىدى. غېرىب:

— ئەي ئانا، مېنىڭ ئېتىم گۈلمەت، — دېدى. موماي:

— ئەي ئوغۇل، مېنىڭ دۇنيادا ھېچ پەرزەنتىم يوق ئىدى، ماڭا بالا بولساڭ، سېنى ئۆز پەرزەنتىمنىڭ ئورنىدا كۆرەي، — دېدى. غېرىب مومايدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، جان - دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى. موماي غېرىبنى ئۆز پەرزەنتىدىن زىيادە كۆرەتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى باھار ۋاقتى بولدى. گۈللەر ئېچىلدى. موماي شاھ سەنەمگە گۈل تېرىپ ئېلىپ كىرەتتى. بىر كۈنى موماي يەنە ئەرتە بىلەن كېنىزەكلەرنى ئېلىپ گۈل تەرگىلى كىرىشتى. شۇ چاغدا غېرىب مومايدىن:

— ئەي ئانا، شەھەرگە ھەر كۈنى گۈل باغلاپ ئەكىرىسىز، گۈلنى بازاردا ساتامسىز ياكى بىر كىشىگە ئەكىرەمسىز؟ — دەپ سورىدى. موماي:

— ئەي بالام، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بار ئاباسخان ئاتلىق، ئۇنىڭ بىر قىزى بار شاھ سەنەم ئاتلىق، بۇ گۈللەرنى ھەر كۈنى شۇ قىزغا ئېلىپ كىرىمەن، ئۇشبۇ باغ شۇ قىزنىڭ بېغى، ئاتىسى پادىشاھ، قىزى ئۈچۈن قىلدۇرۇپ بەرگەن. سەن ھەم بۈگۈن چىمەن باغلىشىپ بەرگىن، — دېدى. غېرىب مومايدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، كۆڭلى خۇش بولدى. ئۇ چىمەنلەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ چىرايلىق گۈللەرنى تاللاپ، سەنەمگە تالىق يۈرەك يېپىدا باغلاپ، دەستە ئارىسىغا سەرگۈزەشتىلىرى پۈتۈلگەن سالامنامىنى قىستۇرۇپ، ئۆز ھالىنى بايان ئەيلىدى.

ئەي گۈل، سېنى ئىزدەپ چىمەن باغلايمەن،
ئەرزى ھالىم ئېيتىپ، ساڭا يىغلايمەن،
بېرىپ گۈلۈم سەنەمگە سالام دېگەيسەن.
يېشىڭ تۆكۈپ، سەنەمگە سالام دېگەيسەن.

قىزىلگۈل ئېچىلىپ سولدى جاھاندا،
بۇلبۇل ھۇزۇر گۈل شاخىدا پىغاندا،
گۈلنى ئۈزسەم، بۇلبۇل قالۇر ئارماندا،
گۈل شاخىغا بۇلبۇل قوندى، دېگەيسەن.

باغ ئىچرە بىر يېتىم ئوغۇل كېلىپتۇر،
چىرايلارى سارغىيىپ ھوشىدىن كېتىپتۇر،
بىلەي دېسەڭ ئۇنىڭ ئېتى غېرىبتۇر،
مەجنۇن سۈپەت غېرىبىڭ كەلدى، دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، غېرىب گۈلدەستىنى گۈلچى مومايغا بەردى. موماي بۇ گۈللەرنى ئېلىپ شاھ سەنەمنىڭ ئالدىغا راۋان بولدى. كەلگىنىچە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، شاھ سەنەمنىڭ قولىغا بەردى. شاھ سەنەم ئۇ گۈلنى قولىغا ئالماق ھامان گۈلنىڭ ئىچىدىن غېرىبنىڭ ھىدى كېلىپ ھوشىدىن كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:

— ئەي ئانا، ھېچ ۋاقىت ماڭا مۇنداق گۈل ئېلىپ كىرمەس ئىدىڭىز، بۇ گۈللەرنى كىم باغلىدى، راستى بىلەن ماڭا بايان قىلىڭ، — دەپ مومايغا قاراپ سوئال سورىدى. موماي شاھ سەنەمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

سەنەم:

چىمەنلەرنىڭ ئىچىدە نازۇك چىمەن بار،
بايان قىلغىل، ئەي ئانا، گۈلنى كىم تۈزدى؟
راستى بىلەن ماڭا ئەيلىگىن ئىزھار،
ئايان قىلغىل، ئەي ئانا، گۈلنى كىم تۈزدى؟

سەنەم:

مەن يىغلارمەن يارىم ئۈچۈن ھەر زامان،
غېرىب ئۈچۈن مەن قىلاي بۇ جانىم قۇربان،
ئۆلمىگۈچە تەندىن چىقماس ھەرگىز جان،
كۆپ يىغلاتما، ئەي ئانا، گۈلنى كىم تۈزدى؟

گۈلچى موماي:

نە چىمەندۇر، بالام، مەندىن سورايسەن،
ئۆزۈم تۈزگەن گۈللەر، بايان ئەيلەيىن.
كۈندە يۈزمىڭ خىيالدا چىمەن تۈزىمەن،
قايسى بىرىنى، بالام، بايان ئەيلەيىن.

گۈلچى موماي:

سېنىڭ ئۈچۈن بىر جانىمنى بېرەيىن،
بالالارغا ئۆزۈم توغرا بولايىن،
دەردىلىرىڭگە مەن بىر ئىلاج قىلايىن،
گۈل باغلىغان كىشىنى ئايان ئەيلەيىن.

سەنەم:

ھېچ ۋاقىتتا تۈزمەيتتىڭ مۇنداق چىمەننى،
راستىن دېگىل، ئەي ئانا، يىغلاتما مېنى،
ئۆلمىسەم يەتكۈزەي مۇرادقا سېنى،
بايان قىلغىل، ئەي ئانا، گۈلنى كىم تۈزدى؟

سەنەم:

سەنەم ئېيتۇر: كۆرسەت غېرىب ئوغلۇڭنى،
پىدا قىلاي ئاڭا خەستە جانىمنى،
پىدا قىلاي ئاڭا تەختۇبارىمنى،
بايان قىلغىل، ئەي ئانا، گۈلنى كىم تۈزدى؟

گۈلچى موماي:

سەھرادا ئېچىلار قىرمىزى[40] گۈللەر،
گۈل ئۈزرە جان بېرۇر خۇشال بۇلبۇللار،
سېنىڭ ئۈچۈن بارچە ئاشىقلار يىغلار،
قايسى بىرىنى، بالام، بايان ئەيلەيىن.

گۈلچى موماي:

سېنىڭ ئۈچۈن ئاھۇپىغان ئېتىدۇ،
كۈندە يىغلاپ ئۆز ھالىدىن كېتىدۇ،
ئاخىر دەمدە مۇرادىغا يېتىدۇ،
ئوغلۇم تۈزگەن گۈلدۇر، بايان ئەيلەيىن.

شاھ سەنەم گۈلچى موماينىڭ سۆزلىرىنى ئىشتىپ كۆڭلى ناھايىتى خۇشۋاخ بولۇپ ئۇ گۈلنى كۆرۈ ـ ۋىدى، ئارىسىدىن بىر نامە چىقتى، ئۇ نامەنى كۆردى: بۇ غېرىب ئۆزىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى يېزىپ ئۆزى پۈتكەن نامە ئىكەن. شاھ سەنەم نامەنى ئوقۇپ كۆردى، نامەنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

قۇلاق سېلىپ ئىشتىكىل ئەرزى ھالىمنى،
كۈندىن ـ كۈنگە بەتتەر بولدۇم دەردىڭدىن.
كۈندە تارتتىم پىراق بىلەن دەردىڭنى،
قانلار يىغلاپ ئۆتەر بولدۇم دەردىڭدىن.

چىمەن ئىچرە نامە يېزىپ ئىبەردىم،
سېنى دىبان ئۆزۈم يۇرتۇمدىن كەلدىم،
دۆلىتىمگە سەن ئۈچۈن بەرھەملەر ئۇردۇم،
بىگانىلىك[41] ئېتەر بولدۇم دەردىڭدىن.

مېھنەت بىلەن باغۇەن ئىشىن ئېتەرمەن،
خۇدا بەرسە مۇرادىمغا يېتەرمەن،
دەردىڭ بىلەن باشىم ئېلىپ كېتەرمەن،
ئۆزگە ۋەتەن، تۇتار بولدۇم دەردىڭدىن.

غېرىبدۇرمەن، گۈل دەپ قويدۇم ئاتىمنى،
مۇندا ھېچكىم بىلمەس مېنىڭ زاتىمنى،
سەندىن ئۆزگە كىمگە ئېيتاي دادىمنى،
باشىم ئېلىپ كېتەر بولدۇم دەردىڭدىن.

شاھ سەنەمنىڭ ۋاقتى خۇش بولۇپ، «غېرىبنى كۆرمەككە ئىلاج قىلارمەن» دەپ گۈلچى مومايغا بېقىپ تۇرۇپ كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ زار ـ زار يىغلاپ، ئوتلۇق دەرد بىلەن خۇن جىگىرىدىن بىر سۆز ئېيتتى:



باھار بولدى گۈل ئېچىلدى،
مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟
بۇلبۇلنىڭ قېنى چىچىلدى،
مېنىڭ قېنىم چېچىلماسمۇ؟

ئەمدى مەندىن دۆلەت كەتتى،
رەقىبلەرگە نۆۋەت يەتتى،
خەۋىرىم يوق گۈل ئېچىلدى،
مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟

يار يۈرۈشكەن يوللار قالدى،
باغ ئىچىدە گۈللەر قالدى،
يولغا قاراپ كۆزۈم تالدى،
مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟

شاھ سەنەم دەر: ئۆمرۈم يېلى،
ئېچىلدى باغلارنىڭ گۈلى،
كەلدى مۇھەببەت بولبۇلى،
مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟

ئەلقىسسە، ئاغىچا ئانا شاھ سەنەمگە:

ــ ئەي بالام، نېمىگە مەلۇل بولۇپ[42] تولا يىغلايسىز؟ ماڭا ئەرزى ئەھۋالىڭىزنى راستى بىلەن بايان قىلىڭ، ــ دېگەندە، شاھ سەنەم ئاغىچا ئانىغا بېقىپ تۇرۇپ، غېرىبتىن جۇدا بولغىنىنى، غېرىب نامە يېزىپ گۈلنىڭ ئىچىگە سېلىپ گۈلچى مومايدىن ئەۋەتكىنىنى، غېرىبنىڭ باغدادتىن كەلگىنىنى ئاغىچا ئانىغا بايان قىلىپ، كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ، زار ـ زار يىغلاپ بىر سۆز ئېيتتى:

ئاغىچا ئانا، ساڭا ئەرزىم ئېيتايىن،
يارنىڭ گۈلى كەلدى، ئۆزى كەلمىدى.
مېنىڭ ئۈچۈن ئۆز شەھىرىدىن كېلىپمىش،
يارنىڭ گۈلى كەلدى، ئۆزى كەلمىدى.

مېنىڭ يارىم ھەسەن ۋەزىر ئوغلىدۇر،
مۇھەببەتنىڭ كەمىرىنى باغلاپتۇر،
ئىشق ئوتىدا يۈرىكىمنى داغلاپتۇر،
يارنىڭ گۈلى كەلدى، ئۆزى كەلمىدى.

قابا پەلەك قىلدى مېنى غەمخانە،
ئۆزى كەلمەي، گۈلى كەلدى غايىبانە،
مېنىڭ ئۈچۈن غېرىب بولدى باغبانە،
يارنىڭ گۈلى كەلدى، ئۆزى كەلمىدى.

شاھ سەنەم قىز دەرلەر مېنىڭ ئاتىمغا،
بىر ئاھ ئۇرسام ئالەم كۆيەر ئوتۇمغا،
يار اتقان زۇل جالال، يەتكىل دادىمغا،
يارنىڭ گۈلى كەلدى، ئۆزى كەلمىدى.

ئەلقىسسە، ئاغىچا ئانا شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، شاھ سەنەمگە رەھمى كېلىپ:



— ئەي شاھ سەنەم، ئەمدى غەم يېمىگىل، ئاتاڭ قېشىغا بېرىپ «چارباغقا چىقىپ سەيلە ـ تاماشا قىلىپ كېلەي» دەپ سورىغىل، ئاتاڭ ساڭا رۇخسەت بېرىدۇ. ئاندىن غېرىب بىلەن كۆرۈشىسەن، — دېدى. سەنەم شۇ ھامان ئاباسخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ رۇخسەت سورىدى. شاھ ئاباسخان قىزى شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ ۋاقتى خۇش بولۇپ، قىز شاھ سەنەمگە قىرىق كۈنلۈك رۇخسەت بەردى. شاھ سەنەم ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ناھايىتى خۇش بولۇپ، تىللادىن قىلغان مەپىسگە كىرىپ، تۆت يۈز چۆرە قىزنى ئەگەشتۇرۇپ دەبدەبە ـ ئەسئەسەلەر بىلەن شەھەردىن چىقىپ، چارباغ خىيابانىغا راۋان بولدى. ئۇ ۋاقىتتا گۈلچى موماي‌غا شۇنداق خەۋەر بولدىكىم، شاھ سەنەم باغقا سەيلىگە چىقار ئىمىش. گۈلچى موماي باغنى شۇنداق ئارەستە قىلدىكى، پەرىلەر كۆرسىمۇ رەشك ئەتكۇدەك. ئۇ ۋاقىتتا غېرىب شاھ سەنەمنىڭ باغقا چىقىدىغان خەۋىرىنى ئىشىتىپ، ۋاقتى خۇش بولۇپ باغنىڭ ئىشىكىگە چىقىپ تۇرۇپ، شاھ سەنەمنىڭ يولىغا قاراپ يالقۇنلۇق دەرد بىلەن خۇن جىگىرىدىن بىر بېيىت ئوقۇدى:

گۈلچى ئانا، باغنى تەييار ئەيلىگىل،
بۇگۈن باغقا يارىم سەيلان كېلىدۇ.
شۇم رەقىبلەر، جانغا جاپا قىلمىغىل،
سۆيەر يارىم باغقا سەيلان كېلىدۇ.

نەرگىس، كۆزۈڭ يۇمغىل ماڭا باقمىغىل،
بىھوش بولساڭ بالالاردىن قورقمىغىل،
ھىجرى پىراق ئوتىنى ماڭا ياقمىغىل،
شاھ سەنەمجان باغقا سەيلان كېلىدۇ.

ئېلىپتەك قەددىڭنى ئېگىپ يىغلىما،
ھىجىر ئوتىنى بۇ جېنىمغا چاغلىما،
سۇمبۇلدەك چېچىڭنى تازا چاغلىما،
بۇگۈن باغقا يارىم سەيلان كېلىدۇ.

غېرىب ئاشىق باغدا ياتقاننى بىلىپ،
پىراقلىق خەنجىرى باغرىمنى تىلىپ،
ئاشىق قۇلنىڭ غېرىب بولغىنىنى بىلىپ،
شاھ سەنەم قىز باغقا سەيلان كېلىدۇ.



غېرىب يولغا قاراپ تۇراتتى، شۇ ۋاقىتتا شاھ سەنەم تىللا مەپىسىنىڭ ئىچىدە تۆت يۈز ئۆي ۋە ئوردا قىزلىرىنى ئالدى ۋە ئارقىسىغا سېلىپ، ھەممىسى ماھ روي ۋە سۇمبۇل موي، مەس تاۋۇستەك ياسىنىشىپ چىقىپ كەلدى. غېرىب يىراقتىن كۆرۈپ شاھ سەنەمنى سىنىماق ئۈچۈن دەرھال باغنىڭ ئىشىكىدىكى چىنار ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، ئۆزىنى يوپۇرماقنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ مۆكۈپ ئولتۇردى. شاھ سەنەم يېتىپ كېلىپ، غېرىبنى كۆرمەككە بىتاقەت بولۇپ، زار ـ زار يىغلاپ بىر سۆز ئېيتتى:

ئۇچۇردۇم شۇڭقار قۇشۇمنى،
ھېچ يەرلەردە دەرەكى يوق.
ھەسرەت بىلەن ئۇ سەيياتنى[43]
تۇتمىغۇچە قارارىم يوق.

بىزگە بارچە ئالەم يېغى،
كىمگە ئېيتاي كۆڭۈل دېغى،
خازان بولسۇن چاھارباغى،
بۇ سۆھبەتنىڭ بارارى يوق.

قاچتى بۇ دۆلەتنىڭ قۇشى ،
ئاختۇردۇم مەن يازۇقىشى،
دەرەكىن بىلمەس ھېچ كىشى،
بۇ مەنزىلدە تۇرارىم يوق.

كۆرسەت مۇھەببەت يولىنى،
بىر تۇتسام يارنىڭ قولىنى،
كېزىپ كەربالا چۆلىنى،
يۈرىكىمنىڭ مادارى يوق.

مېنى ئىزدەپ يارىم كەلسە،
كېلىپ ماڭا كۆڭۈل بەرسە،
شۇم رەقىبلەر خەۋەر ئالسا،
ئىككىمىزنى قويارى يوق.

سەنەم ئېيتۇر: ئەي مېھرىبان،
ئۆمرۈمگە سالدى يۈز تالان،
نەچچە يىللار تارتتىم ھىجران،
بۇ كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق.

ئاغىچا ئانا شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، ھال - ئەھۋال سورىدى. شاھ سەنەم ئاغىچا ئانىسىغا بېقىپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاغىچا ئانا، غەمسىز باشىم،
غەمخانە بولدى، نەيلەيىن.
بىر سۆز بىلەن ئاشىنا يارىم،
بىگانە بولدى، نەيلەيىن.

سەنەم يىغلار ئۇشبۇ سائەت،
كۆڭلۈمدە قالمىدى تاقەت،
مېھنەتتە سالغان ئىمارەت،
ۋەيرانە بولدى، نەيلەيىن.

مەن كەلدىم يارنى سوراقلاپ،
يۈرىكىمنى ئوتتا داغلاپ،
يار قاچتى مەندىن يىراقلاپ،
پىنھانە بولدى، نەيلەيىن.

يار ئۇچۇن كۆڭلۈم بۇزۇلدى،
قارىغاچ بوينۇم سوزۇلدى،
ئۈمىدى مەندىن ئۈزۈلدى،
پەيمانىم تولدى، نەيلەيىن.

تاتلىقتۇر ئاغزىنىڭ بالى،
تەگدى يىراقلىق شامالى،
يارنىڭكى بار خىيالى،
پىنھانە بولدى، نەيلەيىن.

شاھ سەنەم يارنى سورار،
ھەركىم ئۆز ھالىغا يىغلار،
يايرىم باشقا كىشىنى دەر،
پىنھانە بولدى، نەيلەيىن.

غېرىب شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، كۆڭلى خۇشۋاخ بولۇپ، ئۆزىنى ئاشكارا قىلماق ئۇچۇن دەرەختىن چۈشۈپ شاھ سەنەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى. شاھ سەنەم غېرىب بىلەن كۆرۈشكىنىگە ناھايىتى خۇش بولۇپ، غېرىبنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، چارباغنىڭ ئىچىگە باشلاپ ئەكىردى. ئاندا شاھ سەنەم غېرىب بىلەن بىرنەچچە كۈن بەزمە، ئەيش - ئىشرەت قىلدى. شاھ سەنەمنىڭ ئاتىسىدىن سورىغان قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت تامام بولدى. شاھ سەنەم غېرىبقا بېقىپ:

— ئەي غېرىب، مەن يەنە ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىپ جاۋاب ئەكەلگۈچە، سەن مۇندا ھېچ يەرگە بارماستىن ئولتۇرغايسەن، — دېدى. غېرىب شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، شاھ

سەنەمگە بېقىپ:

— ئەي مەھبۇبەم، سەن ئاتاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ رۇخسەت سوراپ كەلگۈچە مەن نە ئىلاج قىلار-مەن؟ — دېدى. غېرىب شاھ سەنەمگە بېقىپ تۇرۇپ، كۆيدۈرگۈچ دەرد بىلەن خۇن جىگەرىدىن بىر سۆز ئېيتتى:

قۇربانىڭ بولاي، ئاي يۈزلۈك يارىم،
ئەمدى مەن نەيلەيىن يەنە كەلگۈنچە.
سۆزى تۇتى، لېۋى شېكەر فىشانىم[44]،
كۆز تۇتارمەن يولۇڭغا يەنە كەلگۈنچە.

غەمزەڭ[45] ئوتى يەنە تەگدى جانىمغا،
شۇم رەقىبلەر تۇيسا بۇزار شەنىمگە،
يۈزمىڭ رىزادۇرمەن ئالساڭ جانىمغا،
سەندىن بۆلەك غەيرىي بىلەن بولغۇنچە.

غېرىب يىغلار: چاھارباغنىڭ ئىچىدە،
شۇم رەقىبلەر ئەرەنلەرنىڭ قەستىدە،
پاتراق كەلگىل، بىز ئويناپلى ۋاقتىدا،
پات كەلمىسەڭ مەن يىغلارمەن كەلگۈنچە.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم غېرىبتىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ:

— ئەي غېرىب، مەن ئاتامدىن يەنە قىرىق كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ كېلىمەن، مالال بولماي ئول-تۇرغىل، — دەپ، غېرىب بىلەن ۋىدالىشىپ يولغا راۋان بولدى. شۇ يۈرگىنىچە ئاتىسى شاھ ئابباسخان-نىڭ ئالدىغا كىرىپ، يەنە باغقا تاماشا قىلغىلى رۇخسەت سورىدى. ئابباسخان قىزى شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، «قىزىمنىڭ تەبىئىتىگە باغ ياراشقان ئوخشايدۇ» دەپ، قىزى شاھ سەنەمگە يەنە قىرىق كۈنلۈك رۇخسەت بەردى. بۇ ۋاقىتتا قىزى شاھ سەنەمنىڭ ۋاقتى خۇش بولۇپ، ئاغىچا ئانا بىلەن چارباغ خىيابانىغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، سۆز ئىشىتمەك كېرەككىم غېرىبتىن. غېرىب شاھ سەنەمدىن جۇدا بولۇپ قالغىنىغا



تولا بىتاقەت بولدى. چارباغنىڭ تېشىغا چىقىپ شاھ سەنەمنىڭ كېلىدىغان يولىغا قاراپ تۇراتتى، شاھ سەنەم ئاغىچا ئانا بىلەن چىقىپ كەلدى. غېرىب ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، «مېنىڭ يارىم باغقا سەيلان كېلىدۇ» دەپ شاھ سەنەم تەرەپكە قاراپ بۇ سۆزنى ئېيتتى:

باغقا ئىككى پەرى كېلۇر،
ئەجەب سەيلانە ـ سەيلانە.
ئاشىقلارنىڭ جانىن ئېلىپ،
كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.

ئىككىلىسى ھەمدەم بولۇپ،
بىر ـ بىرىگە مەھرەم بولۇپ،
قىيا بېقىپ، قولىن سېلىپ،
كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.

بىرى گۇلدۇر، بىرى غۇنچە،
ھېچقايسى يوقتۇر سەنەمچە،
تاماشىغا كېلۇر بارچە،
كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.

غېرىب تىلەر ئۆز يارىنى،
ئىزھار ئېيتىپ ئەھۋالىنى،
يار كۆرسىتەر جامالىنى،
كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.

ئەلقىسسە، غېرىب يىغلاپ تۇراتتى، بۇ ۋاقىتتا شاھ سەنەم ئاغىچا ئانىسى بىلەن نازۇكەرەشمە بىلەن يېتىپ كەلدى. غېرىب شاھ سەنەم بىلەن تەزىم ـ تەۋازۇ قىلىپ كۆرۈشۈپ، جېنى ئىچىگە پاتماي، ناھايىتى ۋاقتى خۇش بولۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

باغىڭ ئىچرە باغۋەن بولۇپ،
تەرسەم تازا گۇللىرىڭنى.
ئەگەم سېنى خۇش ياراتمىش،
قۇچسام نازۇك بەللىرىڭنى.

مېنى سورىساڭ ئۇشبۇ ھالدا،
كۆزۈم يولدا، ئۆزۈم غەمدە،
ئاق يۈزۈڭگە تۇتما پەردە،
كۆرسەم ئايدەك يۈزلىرىڭنى.

يۈزۈڭ مىسلى خالىدۇر،
بىر بېقىشىڭ جانىم ئالۇر،
لېۋىڭ ئالتۇن پىيالىدۇر،
قۇيۇپ ئىچسەم باللىرىڭنى.

سەھەر قوپۇپ چېچىڭ تارا،
گۇل يۈزۈڭگە رومال ئورا،
رەقىب يۈزى بولسۇن قارا،
بىلىپ يۈرسەم يوللىرىڭنى.

غېرىب ئاشىق بولدى پەقىر،
گۇناھىمغا بولدۇم ھەقىر[46]،
تىلىم بىلەن ئەرزىم ئوقۇر،
دانە ـ دانە خاللىرىڭنى.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم غېرىبتىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ كۆڭلى خۇش بولۇپ، غېرىبنىڭ قولىنى تۇتۇپ، چارباغ خىيابانىغا راۋان بولدى. بۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتلەر قىلىپ، بىرقانچە كۈن يۈردى. كۈنلەردىن بىر كۈنى غېرىب ناماز پېشىننى ئوقۇپ بوستاندا ئولتۇراتتى، شاھ سەنەم ئالتۇن تارغاقتا چېچىنى تاراپ تۇراتتى، غېرىب شاھ سەنەمنىڭ چاچلىرىغا قاراپ تەرىپ بىلەن بىر سۆز ئېيتتى:

سېنى، مېنى قويسا بۇ باغ ئىچىدە،
سەيلە قىلسام سېنىڭ بىلەن، سەنەمجان.
شۇكۇر ئەمدى مېۋە يەتمىش كامالغا،
باغۋەن بولسام تازا گۇلگە، سەنەمجان.
قۇربان بولاي قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە،
بۇ جانىمنى پىدا قىلاي سۆزۈڭگە،
ھەيران بولاي قامىتىڭگە، يۈزۈڭگە،
گۇل يۈزۈڭگە مۇنتەزىر[47] مەن، سەنەمجان.



ئاشىقلارنىڭ دائىم كۆيەر يۈرىكى،
بويۇنىڭىزغا سالسام قولۇم بىلىكى،
مۇستەجىپتۇر[48] ئاشىقلارنىڭ تىلىكى،
تىلىكىڭنى ھەقتىن تىلە، سەنەمجان.

ئاشىق ئەمەس، خەلق ئىچىدە ئار ئەتكەن،
غېرىبتۇرمەن بوستان ئۈزرە زار ئەتكەن،
ھەق ئۆزىدۇر يوقتىن بىزنى بار ئەتكەن،
ئۈمىد بىلەن مەھكەم تۇردۇم، سەنەمجان.

شاھ سەنەم غېرىبتىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ كۆڭلى خۇش بولۇپ، غېرىبنىڭ قولىدىن تۇتۇپ گۈللەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ سەيلە قىلدى. بۇلارنىڭ سەيلە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاغىچا ئانىنىڭ يۇرتىدىكى ئەكبەر خوجا ئىسىملىك مەھبۇبى يادىغا كېلىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

قابا پەلەكنىڭ دەردىدىن،
يۈرىكىمدە داغلار قالدى.
بۇلبۇللار ئايرىلدى گۈلدىن،
بىنەپشىلىك باغلار قالدى.

ھەلەبتە قالدى ۋەتىنىم،
جان ئاندىدۇر، مۇندا تېنىم،
يار بىلەن مۇھەببەت ئەتكىنىم،
قەدىمكى جايلار قالدى.

ئاسان ئەيلە بۇ مۇشكۈلنى،
يېقىن ئەيلە بۇ مەنزىلنى،
ئۈچۈردى شەيدا بۇلبۇلنى،
باغ ئىچىدە زاغلار قالدى.

ئاغىچا ئېيتۇر: كۆيدى جانىم،
پەلەك بۇزدى مېنىڭ شانىم،
ئەكبەر خوجا مېھرىبانىم،
يۈرىكىمدە داغلار قالدى.

ئەلقىسسە، غېرىب ئاغىچا ئانىدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، ئاغىچا ئانىنىڭ كۆڭلىنى ئالماق ئۈچۈن، ئاغىچا ئانىغا بېقىپ تۇرۇپ ئۈچ ـ تۆت ئېغىز سۆز قىلدى. بۇ ۋاقىتتا، شاھ سەنەم ئاغىچا ئانىنى خاپا قىلماق ئۈچۈن غېرىبنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

كەل غېرىبىم، سەيلە ئېتەيلى بۇ باغدا،
بۇلبۇل كۆرسۇن گۈللەرنىڭ تاماشىسىنى.
سېنىڭ ئۈچۈن جانىم بولسۇن ساداغا،
تىلىڭ كۆرسۇن بالىمىنىڭ تاماشىسىنى.

خۇدايىم ياراتتى جەننەتۇرىۋان،
بۇ دۇنيادا بىزگە بەردى مىڭ ئەلۋان،
يارىم ئۈچۈن نەچچە يىل يۈردۈم سەرگەردان،
لەيلى كۆرسۇن مەجنۇننىڭ تاماشىسىنى.

ئىشق ئوتى ھەركىمنى ئەيلىدى بەرباد،
ئۈچرىغان ئادەملەر قىلدى مىڭ پەرياد،
ھەر يوغان تاغلارنى قازدى ئۇ پەرھاد،
شېرىن كۆرسۇن پەرھادنىڭ تاماشىسىنى.

خۇدايىم ھەركىمگە سالدى بىر سەۋدا،
ئىشق بازىرىدا يۈز تۈمەن غەۋغا،
ئون ئىككى يىل ئاقتى دەريادا ئۈزرا،
ۋامۇق كۆرسۇن ئۈزرانىڭ تاماشىسىنى.

ئىككى ئاشىق بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ،
يۈرەكلىرى داغلىنىپ، كۆزى نەم بولۇپ،
سەن غېرىب ئاشىق، مەن سەنەم بولۇپ،
ئاغىچا كۆرسۇن بىزلەرنىڭ تاماشىمىزنى.

ئەلقىسسە، ئاغىچا ئانا شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ كۆڭلى ناھايىتى پەرىشان بولۇپ، زار ـ زار يىغلاپ تۇردى. بۇ ۋاقىتتا شاھ سەنەم ئاغىچا ئانا بىلەن غېرىبقا، گۇلچى مومايغا قاراپ:

— ئەي جانانلار، مەن يەنە شەھەرگە — ئاتام شاھ ئابباسخاننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئاتامدىن يەنە رۇخسەت ئەكەلگۈچە، غېرىبنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي ياخشى كۈتۈڭلار، — دەپ غېرىبنى گۇلچى مومايغا تاپشۇرۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

مەن بۈگۈن كېتەرمەن ئاتام قېشىغا،
ۋەسىيىتىم: غېرىبجاننى يىغلاتما.
ئىككى ئاشىق قوشۇلماقنىڭ شەنىگە،
ۋەسىيىتىم: غېرىبجاننى يىغلاتما.

تاپشۇردۇم ساڭا، بېرىپ كەلگۈنچە،
ئابباسخاندىن رۇخسەت ئېلىپ كەلگۈنچە،
ھېچكىمگە بىلدۈرمە، ئۆزۈم كەلگۈنچە،
ۋەسىيىتىم: غېرىبجاننى يىغلاتما.

نەجاپالار چەكتى غېرىب ۋە سەنەم،
غېرىب ئۈچۈن ئوتتا كۆيەر بۇ تېنىم،
ئاغىچا دەرسەن مېنىڭكى گۇل يۈزلۈك ئانام،
ۋەسىيىتىم: غېرىبجاننى يىغلاتما.

ئەلقىسسە، ئاغىچا ئانا بىلەن گۇلچى موماي شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، جان ـ دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى. ئاندىن شاھ سەنەم غېرىب بىلەن خوشلىشىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا راۋان بولدى. شاھ سەنەم شەھەرگە كىرىپ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن يەنە ئاتىسى شاھ ئابباسخاندىن قىرىق كۈنلۈك باغنى تىلەپ ئالدى. شاھ سەنەم ئۈچ يۈز كېنىزەك ماھرويلارنى ئالدى ـ ئارقىسىغا سېلىپ، يۈز نازۇكەرشمەلەر بىلەن چارباغ خىيابانىغا راۋان بولدى. يولدا بارغۇچە ئىشقىنىڭ دەردىنى ئۇلارغا بايان قىلماق ئۈچۈن كېنىزەكلەرگە بېقىپ تۇرۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

دۇنيادىن كۆز يۇمماق بىلەن،
مۇرادلار ھاسىل بولۇرمۇ؟
غېرىب يارنىڭ پىراقىدا،
ئۆلمەكلىك راۋا بولۇرمۇ؟

بىزگە مالامەت ئەتمەڭلار،
سىزلەر مۇرادقا يېتىڭلار،
ئىشق ئوتىغا پاتماڭلار،
دەردكە دەۋا بولۇرمۇ؟

مەن ئىزدەرمەن يارىم كەلسە،
كېلىپ ماڭا كۆڭۈل بەرسە،
شۇم رەقىبلەر تۇيار بولسا،
بىزلەرگە رەھمى قىلۇرمۇ؟

پىراق ئوتىدا كۆيگىنىنىڭ،
باغرىڭنى بىريان[49] قىلغىنىنىڭ،
ھەركىمگە سىرىن ئېيتقانىنىڭ،
يۈزىدە ئىمان بولۇرمۇ؟

يار يولىدا بويۇن سۇنماق،
مېھنەت تارتىپ راھەت ئالماق،
شاھ سەنەمدەك ئۈلپەت ئالماق،
كىشىگە مۇيەسسەر بولۇرمۇ؟

ئەلقىسسە، كېنىزەكلەر شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەي مەلىكەم، سىز بىلەن غېرىبنىڭ ئىشلىرىنى ھېچ كىشىگە ئىزھار قىلمايمىز، — دەپ ئەھدە شەرت قىلىشتى. شاھ سەنەم كېنىزەكلەردىن خۇش بولۇپ، باغقا راۋان بولدى. باغقا يېتىپ كېلىپ غېرىب بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن بەزمە - ئىشرەتكە تۇردى. كۈنلەردىن بىر كۈنى غېرىب باغدا تاھارەت ئېلىپ يالغۇز ئولتۇراتتى، شاھ سەنەمنىڭ كېنىزەكلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر قىز بار ئىدى. ئېتى سۇچۇك ئىدى. بۇ قىزمۇ نەچچە ۋاقىتتىن غېرىبقا ئاشىق بولۇپ، ھەسرەت تارتىپ ئەرزىنى دېگىلى ۋاقىت تاپالماي يۈرەتتى. ئۇ قىز باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا، غېرىب يالغۇز ئولتۇرغان. قىز كۆڭلىدە: «غېرىب دېگەن ئوغۇلنى بۇگۈن سۆيۈۋېلىپ مۇرادىمغا يەتمىسەم قاچان يېتەرمەن، ۋاقتى ئۇشبۇ» دەپ غېرىبنىڭ ئارقىسىدىن مارىلاپ كېلىپ قۇچاقلاپ تۇرۇپ بىرنەچچىنى سۆيۈۋالدى. غېرىب كۆڭلىدە: «بۇ سۆيگەن شاھ سەنەمدۇر» دەپ ئاستا ئالدىرىماي تاھارەت ئېلىپ بولۇپ كەينىگە قارىسا، شاھ سەنەم ئەمەس، كېنىزەكلەرنىڭ ئارىسىدىكى سۇچۇك دېگەن قىز ئىكەن. غېرىب بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي بىئەدەپ، ماڭا شۇنداق بىئەدەپلىك قىلامسەن؟ — دەپ سۇچۇك قىزنىڭ ئاغزىغا بىرنى ئۇردى. ئۇ كاچاتنىڭ زەربىسىدىن ئىككى چىشى سۇندى. ئاغزى قانىدى. ئۇ قىزنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

— ئەي غېرىب، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان پادىشاھنىڭ قىزى شاھ سەنەم بىلەن باغدا ئەيش - ئىشرەت قىلىپ ئوينايسەن، ئاڭا ھېچ گەپ يوق، مەن قازارا[50] بىر سۆيۈپ قويغىنىمغا ئاغزىمغا ئۇرۇپ، چىشىمنى تۆكەمسەن؟ مەن پادىشاھ ئاتابىسخاننىڭ قېشىغا بېرىپ شاھ سەنەم بىلەن ئىككىڭلارنى چېقىشتۇرۇپ، بېشىڭنى ئۆلۈمگە ئىبەرمىسەم، ھەرگىز سۇچۇك قىز بولمىغايمەن، — دەپ قەسەمياد قىلدى ۋە ئۇ يەردىن چىقىپ پادىشاھ ئاتابىسخاننىڭ ئالدىغا راۋان بولدى. غېرىب:

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! — دەپ چارباغدا قالدى. سۇچۇك قىز غېرىبنىڭ ئالدىدىن چىققانچە پادىشاھ ئاتابىسخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:



— داد پادشاھىم ! — دەپ ئەرز قىلدى. پادشاھ ئابباسخان:

— ئەي قىز، نېمە ئەرز - دادىڭ بار؟ ساڭا بۇ زۇلۇمنى كىم قىلدى؟ — دەپ سورىدى. سۇچۇك قىز:

— ئەي پادشاھىئالەم، بىرنەچچە ۋاخ بولدى، غېرىب دېگەن ئوغۇل باغدادتىن كېلىپ، قىزىڭىز شاھ سەنەم بىلەن كېچە - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەت قىلىپ، چارباغ خىيابانىدا ئوينىغىلى تۇردى. ئېيتاي دېسەم قەھر - غەزەپلىرىدىن قورقتۇم، ئەگەر ئېيتماي دېسەم، ئۇلارنىڭ ئىشى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئىلاجسىز ئالدىلىرىغا كەلدىم، — دېدى. پادشاھ ئابباسخان سۇچۇك قىزدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، قەھر - غەزىپى بېشىغا ئۆرلەپ:

— بۇ نېمدېگەن رەسۋاچىلىق؟ ! بۇ ئالدامچى نەچچە كۈننىڭ تەرىپىدە مەندىن چارباغنى تىلەپ ئالدى. قىرىق كۈندىن ئۈچ مەرتە رۇخسەت بەردىم. مۇنداق ئىشى بار ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن، — دەپ ئابدۇللا شاتىرنى ئون مىڭ مىرغەزەپ جاللات بىلەن شاھ سەنەم بىلەن غېرىبنى تۇتقىلى چىقاردى. ئابباسخاننىڭ ھۆكمى بىلەن ئابدۇللا شاتىرى ئون مىڭ جاللات يىگىتنى ئېلىپ غېرىب بىلەن شاھ سەنەمنى تۇتقىلى چارباغ خىيابانىغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، سۆز ئىشتىمەك كېرەك غېرىبتىن. بۇ ۋاقىتتا، غېرىب بوستاندا ناماز پېشىننى ئوقۇپ بولۇپ كۆڭلى خاراب، جىگىرى كاۋاپ، كۆزلىرى پۇرئاب ھالدا شاھ سەنەمنىڭ قېشىغا كىردى. شاھ سەنەم غېرىبقا قارىسا، غېرىبنىڭ ھالى خاراب، چىرايلىرى ئۆزگىچە بولۇپتۇ. شاھ سەنەم غېرىبنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، غېرىبتىن:

— ئەي غېرىب، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى. غېرىب شاھ سەنەمگە بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىر بايان قىلدى. شاھ سەنەم غېرىبتىن بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ:

— ئەي غېرىب، بۇ ئىشىڭنى يامان قىلىپسەن، ئۇشبۇ زامان بىزنى تۇتقىلى كىشى كېلىدۇ، — دەپ غېرىبقا بېقىپ ئوتلۇق دەرد بىلەن خۇن جىگىرىدىن بىر سۆز ئېيتتى:

غېرىب سېنىڭ بائىسىڭدىن،
دۈشمەن بولدى ئالەم ماڭا.
بۈگۈن قىلغان سەۋدا ئىشىڭ،
سەن ئەيلىدىڭ زىيان ماڭا.

مېنى پىچاقسىز ئۆلتۈردۈڭ،
گاھ يىغلىتىپ، گاھ كۈلدۈردۈڭ،
تازا گۈل ئىدىم، سولدۇردۇڭ،
باھار بادى[51] خازان ماڭا.

شاھ سەنەم ئېيتۇر: ئەي مېھرىبان،
قايغۇ بولدى بۇ شېرىنجان،
جاللات كېلۇر ئۇشبۇ زامان،
جاھان بولدى زىندان ماڭا.

ئەلقىسسە، غېرىب شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ:

— ئەي شاھ سەنەم، سەن ماڭا مۇنداق ئاچچىق سۆزلەرنى قىلمىغىل، ئاتاڭ مېنى تۇتتۇۋالسا نېمە قىلار؟ — دەپ بىر سۆز ئېيتتى:

ئاتام بىلدى دىبان قايغۇ يېمىگىل،
بىزگە ئاخىر بىر تەقدىر باردۇر، سەنەمجان.
ماڭا مۇنداق ئاچچىق سۆزنى قىلمىغىل،
ئاشىقنىڭ ھاجىتى راۋا، سەنەمجان.

ئاتاڭ تۇتسا ئاخىر مېنى نېتەدۇر،
پەرمان بىلەن تۇتۇپ ئېلىپ كېتەدۇر،
سېنىڭ ئۈچۈن مېنى شېھىت ئېتەدۇر،
بىر باشقا بىر ئۆلۈم باردۇر، سەنەمجان.

ئاھۇ پىغان ئېتەرمەن بۇلبۇللۇق گۈلدىن،
جانىمنى خۇدايىم چىقارمىش تەندىن،
يۈز پارە قىلسا ھەم قايتماي ئۆلۈمدىن،
ئاشىقلارغا يانماق ئاردۇر، سەنەمجان.

غېرىب ئېيتۇر: پەلەك بىزدىن كەتمىسە،
ئاشىقلارنىڭ خاترىنى ئېيتمىسا،
ئاتاڭ سېنى ئاخىر ماڭا بەرمىسە،
ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرسۇن رازى، سەنەمجان.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم غېرىبتىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، كۆڭلى پەرىشان بولۇپ ئاغىچا ئانىغا بېقىپ:

— ئەي ئاغىچا ئانا، تەلىيىمىزگە بىر قۇرئە سېلىپ باقسىڭىز، — دېدى. ئاغىچا ئانا دەرھال قۇرئەنى ئاپتاپ باراۋىرىگە تۇتۇپ كۆرسە، غېرىب بىلەن شاھ سەنەمنى تۇتماقچى ئابدۇللا شاتىرى ئون مىڭ مىرغەزەپ جاللات بىلەن باغقا كېلىپتۇ.

— سىلەرنىڭ تەلىيىڭلار يامان كەلدى، — دەپ ئاغىچا ئانا ئورنىدىن دەس قوپتى ۋە ئاندىن «ئەمما بۇ قۇرئەنىڭ ئاخىرى ياخشى كەلدى» دېدى. بۇ ۋاقىتتا، شاھ سەنەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى:



— ئەي ئاغىچا ئانا، سەن بۇنىڭغىمۇ بىر ئىلاج قىلغىل، — دەپ زار - زار يىغلاپ يالۋۇردى. ئاغىچا ئانا بىلەن گۈلچى موماينىڭ شاھ سەنەم بىلەن غېرىبقا رەھمى كېلىپ، غېرىبنى ئەكىرىپ، ئۆيدىكى بىر كات ساندۇققا يوشۇرۇپ قويدى. سائەت ئۆتمىدى، ئابدۇللا شاتىرى ئون مىڭ يىگىت بىلەن كېلىپ چارباغنى قورشىۋالدى. باغنىڭ ئىچىنى شۇنداق ئاختۇردىكى، غېرىبتىن ھېچ ئەسەر، نام - نىشان كۆرۈلمىدى. ئىلاجىسىز پادىشاھ ئابباسخاننىڭ قېشىغا بېرىپ بايان قىلدى. پادىشاھ ئابباسخان ئابدۇللا شاتىردىن «يوق» دېگەن سۆزنى ئىشىتىپ ئىشەنچ قىلالماي، يەنە ھۆكۈما، مۇنەججىم، قۇرئەندازلارنى يىغدۇرۇپ كېلىپ قۇرئە سالدۇردى. قۇرئەندازلار

قۇرئەنى ئاپتاپقا تۇتۇپ، «غېرىبنى بىر ئۆيدىكى ساندۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپتۇ» دەپ ۋەقەنى پادىشاھقا بايان قىلدى. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ، ئابدۇللا شاتىرنى يەنە ئەبەردى. ئابدۇللا شاتىرى بۇ نۆۋەت غەزەپ بىلەن باردى. ئەمدى بۇلارنى بارماقتا قويايلى.

سۆز ئىشتىمەك كېرەك شاھ سەنەمدىن. شاھ سەنەم باغدا ئولتۇرۇپ ئاغىچا ئانىغا بېقىپ:

— ئەي ئانا، مەن بىلەن غېرىب ئۈچۈن بىر قۇرئە سېلىپ باقساڭ، كۆڭلۈم تولا پەرىشاندۇر، — دېدى. ئاغىچا ئانا دەرھال بۇلار ئۈچۈن بىر قۇرئە سېلىپ باقسا، يەنە ئابدۇللا شاتىرى ئون مىڭ يىگىت بىلەن غېرىب بىلەن شاھ سەنەمنى تۇتماق ئۈچۈن يولدا كېلىۋاتقان. ئاغىچا ئانا قۇرئەدە كۆرگەنلىرىنى بايان قىلدى. شاھ سەنەم بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، كۆڭلى زىر - زەبەر[52] بولۇپ:

— ئەي ئاغىچا ئانا، بۇ نۆۋەت ھەم بىر ئىلاج قىلىسىڭىز، — دەپ كۆزلىرىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ زار - زار يىغلىدى. ئاغىچا ئانا بىلەن گۈلچى موماينىڭ رەھمى كېلىپ يەنە بىر قۇرئە سېلىپ كۆردى. قۇرئە دالالەت قىلدىكىم، باغ ئىچىدە كۆلنىڭ تېگىدە ئالتۇندىن سىرلاپ نەقىش قىلىنغان بىر مېھمانخانا بار. غېرىبنى شۇندا قويسا، دۈشمەننىڭ شەررىدىن[53] ئەمىن بولىدۇ. ئاغىچا ئانا قۇرئەدە بۇنى كۆرۈپ دەرھال كۆلنىڭ قېشىغا بېرىپ، كۆلنىڭ مۇرۇۋۋەتلىرىنى ھېكمەت بىلەن ئوڭ چۆرۈپ، ئۇ كۆلنىڭ سۈيىنى يېنىدىكى قۇرۇق كۆلگە چىقاردى. ئۇ مېھمانخانىنى ئىزدەپ تاپتى. غېرىبنى دەرھال ئۇ مېھمانخانىغا سولاپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ، يەنە مۇرۇۋۋەتلىرىنى چەپ چۆرۈۋىدى، ئۇ كۆلنىڭ سۈيى بۇ كۆلگە چىقتى. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئابدۇللا شاتىرى ئون مىڭ جاللات يىگىت بىلەن يېتىپ كېلىپ، باغنىڭ ئىچى - تېشى ۋە ئۆيلەرنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ غېرىبتىن ھېچ نام - نىشان تاپالمىدى. ئاخىر نائىلاج بولۇپ، پادىشاھ ئاباسخاننىڭ ئالدىغا راۋان بولدى، بېرىپ بولغان ۋەقەنى شاھقا بايان قىلدى:

— ئەي پادىشاھئالەم، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تۆھمەت ئىكەن، تۆت مەرتە بېرىپ ئاختۇرۇپ تاپالمىدىم.

پادىشاھ ئاباسخان ئابدۇللا شاتىرنىڭ سۆزىنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ، «مېنىڭ قىزىمغا شۇنداقمۇ تۆھمەت قىلامدىغان!» دەپ ھېلىقى سۆچۈك دېگەن قىز بىلەن قۇرئەندازلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن خالاس بولۇپ، غېرىبنى ياد ئېتىپ ئاغىچا ئانىغا:

— ئەي ئانا، ئەمدى غېرىبنى ئېلىپ كەلگىل، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورايلى، — دەپ يالقۇنلۇق دەرد بىلەن بىر بېيىت ئوقۇدى:

ئاغىچا ئانا، مېھرىبانىم،
بېرىپ ، غېرىبجاننى كەلتۈر.
قىزىل يۈزلۈك، قەلەم قاشلىق،
ئۇ گۆھىرى كاننى كەلتۈر.

مىسىر ئېلىدە يۈسۈپ قالغان،
مېھنەت تارتىپ راھەت ئالغان،
جاپا تېغىنى پارە قىلغان،
قارا باغرى قاننى كەلتۈر.

مېنىڭ بىلەن ۋەدە قىلغان،
ئىخلاس قىلىپ مۇندا كەلگەن،
ھىجران دەردى باغرىن تىلغان،
ئۇ بەندى زىنداننى كەلتۈر.

ئۇنىڭ ھالىن مەن سوراين،
نەچچە نەسىھەت قىلايىن،
تويغۇنچە يۈزىن كۆرەيىن،
دەردىمگە دەرماننى كەلتۈر.

شاھ سەنەم دەر: قارا بەختىم،
كەلتۈر مېنىڭ تاجۇتەختىم،
يىقىن يەتتى ئۆلەر ۋاقتىم،
بېرىپ غېرىبجاننى كەلتۈر،



ئەلقىسسە، ئاغىچا ئانا شاھ سەنەمدىن بۇ سۆز-لەرنى ئىشىتىپ، رەھمى كېلىپ دەرھال غېرىبنى كۆل تېگىدىكى مېھمانخانىدىن ئېلىپ چىقىپ، شاھ سەنەمنىڭ قېشىغا كەلتۈردى. شاھ سەنەم غې-رىبنى كۆرۈپ، كۆڭلى خۇشۋاخ بولۇپ غېرىبنىڭ ھالىنى سورىماق ئۈچۈن، غېرىبقا بېقىپ تۇرۇپ كۆيۈك دەردى بىلەن خۇن جىگىرىدىن بىر سۆز ئېيتتى:

ئاشىق بولۇپ جاپا - مېھنەت تارتمىغۇنچە،
ئۇنىڭ ئاشىقلىقى ئاشكارا بولماس.
يار يولىدا كۆز ياشىنى تۆكمەگۈنچە،
ئۇنىڭ ئاشىقلىقى ئاشكارا بولماس.

كۆيۈپ - يېنىپ خۇنابلار يۇتمىغىل،
سەن ئەقلىڭنى ھەر تەرەپكە چاچمىغىل،
سەۋر قىلغىل، ھەرگىز قايغۇ يېمىگىل،
زامانە ھەمىشە مۇنداق تار بولماس.

جۇدا بولدۇم دىبان قالما ھەسرەتتە،
ئىنشائىللا سەن قالماسەن كۈلپەتتە،
كۆتۈرگىل باشىڭنى، بولغىل سۆھبەتتە،
ئاشىقلارنىڭ ئىشى ھەرگىز خار بولماس.

پەرۋانىدەك ئۆزنى ئوتقا سالمايىن،
مەنسۇر سۈپەت «ئەنەلھەق» دەپ ئۆلمەيىن،
ئىسمائىلدەك جاننى قۇربان قىلمايىن،
ئاشىق مەن دىسە ھېچ ئېتىبار بولماس.

سەنەم ئېيتۇر: غەم - قايغۇدۇر ھىجرانى،
ئىشقى دەردىنىڭ ھەرگىز يوقتۇر دەرمانى،
بىر كۈن كېلۇر ئەجەل قەھرى پەرمانى،
بۇ دۇنيا ھېچكىمگە ۋاپادار بولماس.

شاھ سەنەم غېرىب بىلەن كۆرۈشتى. بىر - بىرىنى مۇبارەك باد قىلىشىپ، ھال - ئەھۋال سوراش-تى. بۇلار يەنە چارباغدا ئەيش - ئىشرەت، بەزمە - مەشرەپكە تۇردى.

ئەلقىسسە، سۆز ئىشىتمەك كېرەككىم شاھ ئاباستىن. بۇ ۋاقىتتا شاھ ئاباسخان ئولتۇرۇپ، كۆڭلىدە: «مۇبادا غېرىب باغدادتىن مۇندا كەلگەن بولسا، قىزىم شاھ سەنەم بىلەن باغدا تېپىشقاندۇر، بۇ ئىشنى يەنە بىر تەھقىقلەپ باقاي، كېيىن يەنە بىر تەنە - مالامەت بولۇپ قالمىسۇن» دەپ ئابدۇللا شاتىرنى قىچقىرىپ، شاھ سەنەم بىلەن غېرىبنى مارىماققا قىرىق يىگىتى بىلەن چىقاردى. بۇ ۋاقىتتا ئاب-دۇللا شاتىرى قىرىق يىگىتى بىلەن ئاتلىنىپ، چارباغ خىيابانىغا راۋان بولدى. ناگاھ باغقا يېتىپ كې-لىپ قارىسا، غېرىب بىلەن شاھ سەنەم بەخىرامان تەخت ئۈستىدە ئەيش - ئىشرەت قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئابدۇللا شاتىرى بۇنى كۆرۈپ، «پادىشاھ ئاباسخان سۈچۈك قىز بىلەن بەتامام قۇرئەندازلارنى ئۆلۈمگە

بۇيرۇدى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلا باۋەر قىلمىدى، بۇ ئىشلار ھەق ـ راست ئىكەن. ئەمدى بۇلارنى تۇتۇپ شاھ ئالدىغا ئېلىپ باراي، شۇنداق بىر شەرمىسار قىلاي» دەپ ئۇلارنى تۇتقىلى قەست ئەيلەپ تۇرغىنىدا، شاھ سەنەم بۇنى كۆرۈپ ئابدۇللا شاتىرغا يەتتە سىقىم ئالتۇن ۋەدە قىلىپ، «بىزنى بىرنېمە قىلىپ ئۇشبۇ نۆۋەت ئاشكارا قىلماڭ» دەپ زار ـ زار يىغلاپ بىر سۆز ئېيتتى:

ماڭا چۈشكەن تەئنە بارچىگە چۈشەر،
تەگمىگىل يارىمغا، ئاللا ھەققىدە.
يارىمنى تۇتسا مېھنىتى ئاشار،
تەگمىگىل يارىمغا، ئاللا ھەققىدە.

زەھەر ـ زوقۇم باردۇر سېنىڭ تىلىڭدا،
ھەرنە قىلساڭ ئىختىيارىڭ قولۇڭدا،
بىزلەرنى ئېلىپ بارساڭ ئاتام ئالدىغا،
تەگمىگىل يارىمغا، ئاللا ھەققىدە.

ئاتام مۇندا ئىبەرتىپتۇ سېنى پەرمانغا،
نە ئىشىڭ بار سېنىڭ ياخشى ـ يامانغا،
قۇلاق سالغىل، ئابدۇللا، بۇ نالە ـ پىغانغا،
تەگمىگىل يارىمغا، ئاللا ھەققىدە.

زامىن بولما ئاشىقلارنىڭ قېنىغا،
رەھىم قىلغىل بۇ غېرىبنىڭ ھالىغا،
سەن قالۇرسەن مالامەتنىڭ شەنىگە،
تەگمىگىل يارىمغا، ئاللا ھەققىدە.

ئەلقىسسە، ئابدۇللا شاتىرى سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ كۆڭلى ئېرىپ، شاھ سەنەمگە رەھمى كېلىپ، يەتتە سىقىم ئالتۇننى ئېلىپ، پادشاھ ئابباسخاننىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى ـ دە:

ـــ ئى پادشاھىئالەم، تىنچلىق ئىكەن، غېرىبتىن ھېچ ئەسەر تاپمىدىم، ـــ دېدى. شۇندا پادشاھ-نىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئۇ ۋاقىتتا سەنەم ئابدۇللا شاتىردىن قۇتۇلۇپ، غېرىبقا بېقىپ:

ـــ ئەي غېرىب، ئەمدى ۋاقىتدا ئۆزۈڭنى ياقىغا ئالمىساڭ، دۈشمەنلەر بىزلەرنى قويماس، ئىشىمىز پاش بولۇر، ـــ دەپ دەردى ئازاب بىلەن خۇن جىگەردىن بىر سۆز ئېيتتى:

غېرىب دوستۇم، قىل غېمىڭنى،
دۈشمەنلەر تۇتماستىن بۇرۇن.
يەنە بىر كۇن ئاتام ئاڭلاپ،
بىزلەرنى تۇتماستىن بۇرۇن.

قۇتۇلغىن سەن مۇندىن قېچىپ،
جان ـ دىلىڭدا مەندىن كېچىپ،
ئەجدىھا كېلۇر ئاغزىن ئېچىپ،
دېمىگە تارتماستىن بۇرۇن.

تۇيسا مەھاسىللار (54) كېلۇر،
تۆت تەرەپتىن قورشاپ ئالۇر،
سېنى، مېنى غەمگە سالۇر،
قاچقىل، تۇيماستىن بۇرۇن.

شاھ سەنەم دەر: ھىجران ئېلى
چاھارباغ تەرەپتىن ئىستەر ھېلى،
بېشىڭدىكى ئۆمرۈڭ گۈلى،
بالاغا كەتمەستىن بۇرۇن.

غېرىب شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

ـــ ئەي سەنەمجان، مېنى مىڭ پارە قىلغىنى بىلەن كەتمەسمەن، ـــ دېدى. غېرىب شاھ سەنەمگە بېقىپ تۇرۇپ، دەرد ـ ئازاب بىلەن خۇن جىگەردىن نېمە دەيدۇ قېنى:

ماڭا مۇندىن كېتىپ بولماس،
ئاتاڭ تۇتۇپ ئالمىغۇنچە.

خېلىل كەبى بۇ جانىمغا،
ھىجران ئوتى سالمىغۇنچە.

ئاتاڭ ئاسسا مېنى دارغا،
غېرىبنىڭ جانى سادىغا،
سەيلە ئېتەرمەن بۇ باغدا،
ئاتاڭ تۇتۇپ ئالمىغۇنچە.

جانىم باردۇر شېرىن تەندە،
مەن بولۇرمەن ساڭا بەندە،
جىنازامنى كۆتۈرگەندە،
ئاتاڭ تۇتۇپ ئالمىغۇنچە.

غېرىب ئېيتۇر: ئەي مېھرىبان،
رەھىم قىلغۇر قادىر سۇبھان،
بىزلەرگە بەردى تازا جان،
جاننى قۇربان قىلمىغۇنچە.

شاھ سەنەم غېرىبتىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ:

— ئەي غېرىب، ئەمدى ئاتامنىڭ قېشىغا كېتەرمەن، شۇ كەتكىنىمچە يېنىپ ھەرگىز كەلمەسمەن، — دەپ غېرىبقا بېقىپ تۇرۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

بۈگۈن كېتەر بولدۇم ئاتام قېشىغا،
غېرىب دوستۇم، يەنە يېنىپ كەلمەسمەن.
كۆپ سەۋدالار چۈشەر ئاشىق باشىغا،
ئىشقىڭ بىلەن يانارمەن، ھەرگىز كەلمەسمەن.

سەنەم يىغلار، غېرىب، بۇزدۇڭ شانىمنى،
ھىجران ئوتى سالدى مەھشەر كۈننى،
خۇدا بەرگەن ئاشىقلارنىڭ جاننى،
جان بەرگەندە يەنە قايتىپ كەلمەسمەن.

ئاشىق دەرلەر تۆت يولىنى،
سۇندۇرۇڭ مۇھەببەت گۈلىنى،
سەندىن ئۆزگە يار يولىنى،
ئۆلتۈرسەڭمۇ تۇتماسمەن.

ئاشىق بولۇپ كېچە ـ كۈندۈز زار ئەتتىم،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ ئۆزۈمدىن كەتتىم،
خەلق ئىچىدە مەن تۇرماققا ئار ئەتتىم،
مالامەت دەردىگە ھەرگىز كەلمەسمەن.

غېرىب شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ ناھايىتى خاپا بولۇپ:

— ئەي شاھ سەنەم، مەندىن زېرىككەن بولساڭ، بۇ چارىبېغىڭ ئۆزۈڭگە قالسۇن، مېنى بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئىزدىمىگەيسەن، — دەپ يامانلاپ چىقىپ كەتتى. غېرىبنىڭ باغدىن چىققىنىغا شاھ سەنەمنىڭ دىلى كۆيۈپ، غېرىب ئۈچۈن ئەپسۇسلار يەپ، قىلغان سۆزىگە يۈزمىڭ پۇشايمانلار قىلىپ يىغلاپ، چارباغ ئىچىدە قالدى. غېرىب باغدىن چىققىنىچە يول يۈرۈپ، مەنزىل ـ مەراھىللارنى بېسىپ ۋە بادىيەلەرنى قەتئىي ئەيلەپ، قىرىق كۈندە شەھرى يەمەنگە يېتىپ كەلدى. غېرىبنىڭ كەلگەنلىكىنى يەمەن پادشاھى ئىشىتىپ، غېرىبنى ئەكېلىپ سوئال سورىدى. غېرىب بۇ سوئاللارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

يەمەن پادشاھى:
قەلەم قاشلىق، قىزىل يۈزلۈك، گۈل يىگىت،
بۇ يەرلەرگە نېچۈك بولۇپ كېلۇرسەن؟
بۈگۈن ماڭا بايان قىلغىل ھالىڭنى،
بۇ يەرلەرگە نە سەۋەبتىن كېلۇرسەن؟

غېرىب:
مېنى سورساڭ دىيار بەكرى شەھرىدىن،
بېلىم باغلاپ سەرگەردانە كېلۇرمەن.
سىنەلەرىم يارادۇر سەنەم دەردىدىن،
زار يىغلاپ مەن ھەيرانە كېلۇرمەن.

يەمەن پادشاھى:
قانچە ئۇزاق يەردىن مۇندا كېلىپسەن؟
ئۆز ھالىڭدىن ماڭا خەۋەر بەرگەيسەن.
بۇ يەرلەردە نە دەپ يىغلاپ يۈرۈرسەن؟

بۇ يەرلەرگە نە سەۋەبتىن كېلۇرسەن؟

غېرىب:

مەنزىلىمدىن بۇگۇن مۇندا كېلىپمەن،
شاھ سەنەم دەردىدىن تازا سولۇپمەن،
دىلبىرىمنىڭ دەردىدىن خاراب بولۇپمەن،
بۇ يۇرتۇڭغا مەن ھەيرانە كېلىپمەن.

يەمەن پادىشاھى:

سېنىڭ دەردىڭ مېنى پىراق ئەيلىدى،
سىنەمنىڭ ئۈستىدە راۋاق ئەيلىدى،
سېنىڭ سۆزۈڭ مېنى بىباك[55] ئەيلىدى،
سېنىڭ سۆزۈڭ ماڭا ئەجەب خۇش كەلدى.

بۇ يەرلەرگە نېچۈك بولۇپ كېلۇرسەن،
قايسى باغنىڭ گۈلىدۇرسەن؟
قايسى چىمەن بۇلبۇلىسەن؟
بۇ يەرلەرگە قايدىن ئېزىپ كېلۇرسەن؟

غېرىب:

مەن بىر غېرىبدۇرمەن، يەتمەس ئاۋازىم،
سىنەلىرىم بىريان، ئىشتىپسەن زارىم،



قەن ـ شېكەردىن تاتلىقتۇر سۆزۈم، بىر خۇدانى پاناھ تۇتۇپ كېلۇرمەن.

ئەلقىسسە، يەمەن پادىشاھى غېرىبتىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، غېرىبقا ناھايىتى ئىززەت ۋە ھۆرمەتلەر قىلىپ، ئۆزىگە نۆكەر قىلىۋالدى. غېرىبنى مۇندا ياتماققا قويايلى.

ئەلقىسسە، سۆز ئىشىتمەك كېرەك شاھ سەنەمدىن. بۇ ۋاقىتتا، شاھ سەنەم غېرىبنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ، غېرىب يامانلاپ باغدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شاھ سەنەمنىڭ كۆڭلىگە غېرىبنىڭ ئۆتى ـ پىراقى چۈشۈپ، بىر ئاتقا مىنىپ، غېرىبنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدەپ چىقتى. شۇ يۈرگىنىچە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، ھەلەب شىرۋان دېگەن شەھەرگە يېتىپ باردى. شاھ سەنەم بۇ شەھەرنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيتتى. شاھ سەنەم ئېتىنى بىر جايدا پىنھان قىلىپ، ئۆزى شەھەرگە كىرىپ غېرىبنى ئىزدەپ يۈرۈپ كۈن كەچ بولدى. شاھ سەنەم ھەيران بولۇپ تۇراتتى، بۇ ۋاقىتتا مىرغەزەپ جاللاتلار كېلىپ شاھ سەنەمنى تۇتۇۋېلىپ زىندانغا سالدى. شاھ سەنەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، غېرىبنى دەپ زىندانغا چۈشۈپ قالغىنىغا بىسيار خاپا بولۇپ، چاھنىڭ ئىچىدە غېرىبنى يادلاپ بىر سۆز ئېيتتى:

غېرىب دوستۇم، سېنىڭ ئۈچۈن،
مەن قېلىپمەن يامان دەردكە،
ياخشى كۈنلەر يامان بولدى.
زار بولدۇم مەن بىر نامەردكە،
زىلەيخادەك يۈسۈپ ئۈچۈن،
غەملەر قىلدى مېنى بەندە،
مەنزىلگاھىم زىندان بولدى.
قۇتۇلمىقىم گۇمان بولدى.

غەم ـ پىراق بىلەن قېلىپمەن،
شاھ سەنەم دەر مىسكىن باشىم،
سارغىيىپ گۈلدەك سولۇپمەن،
تىنماي ئاقار كۆزدە ياشىم،
ئەمدى تۆھمەتكە قېلىپمەن،
چاھ ئىچىندە بىر يولداشىم،
سۇدى ئىشلىرىم زىيان بولدى.
يىلان بىلەن چايان بولدى.

شاھ سەنەمنى زىنداندا قويايلى. تاڭ ئاتتى. ھەلەب پادىشاھى ئەتىسى زىندانغا كېلىپ قارىسا، زىنداندا ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بىر قىز يىغلاپ ئولتۇرغان. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ مىرغەزەپ جاللاتلارنى قىچقارتىپ:

— زىنداندا ياتقان بۇ قىز كىمنىڭ قىزى؟ — دەپ سورىدى. مىر غەزەپلەر:

— ئەي پادىشاھئىئالەم، بۇ قىز ئاخشام تالادا يۈرگەنىكەن، تۇتۇۋېلىپ زىندانغا سېلىپ قويغاندۇق، — دېدى. پادىشاھ مىرغەزەپلەردىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئۇ قىزنى زىنداندىن ئاچىقىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. مىرغەزەپ جاللاتلار شاھ سەنەمنى زىنداندىن ئاچىقتى. ھەلەب پادىشاھى شاھ سەنەمدىن ئەھۋال سورىدى. شاھ سەنەم پادىشاھقا بېقىپ تۇرۇپ دەرد ـ ئەھۋالنى بايان قىلىپ، كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ زار ـ زار يىغلىدى. پادىشاھنىڭ رەھمى كېلىپ، شاھ سەنەمنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆز يۇرتىغا راۋان قىلدى. شاھ سەنەم ھەلەب شىرۋان شەھىرىدىن چىقىپ شۇ يۈرگىنىچە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆزىنىڭ چارباغىغا يېتىپ كەلدى. شاھ سەنەمگە غېرىبنىڭ ئۆتى ـ پىراقى زىيادە بولۇپ، تولا بىتاقەتلىك قىلىپ ئاغىچا ئانىغا بېقىپ تۇرۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

تەسەددۇقۇڭ بولاي، ئاغىچا ئاناجان،
غېرىب يارىم مۇندىن كەتتى يامانلاپ،
غېرىبجاننى ئىزدەپ تاپساڭ، نە بولغاي.
شۇ يارىمنى ئىزدەپ تاپساڭ، نە بولغاي؟

قىرىق كۈن بولدى، كەتتى شەھرى باغدادقا،
مېنى قويدى ئادا بولماس بۇ داغقا،
بۇلبۇل قۇشۇم ئەمدى قونماس بۇ باغقا،
باغۋەن بولۇپ خەۋەر ئالساڭ، نە بولغاي.

شاھ سەنەم دەرلەر: ئۆلەر ۋاقتىم يېتىشتى،
غېرىب دوستۇم بۈگۈن يادىمغا چۈشتى،
سۆيەر يارىم ئەمدى كۆزۈمدىن ئۆچتى،
رەھىم قىلىپ ئېلىپ كەلسەڭ، نە بولغاي؟

ئاغىچا ئانا شاھ سەنەمگە رەھمى كېلىپ، سودىگەر سۈرىتىدە ئەرەنچە لىباسلار كىيىپ، بىر ئاتقا مىنىپ، غېرىبنى ئىزدەپ يولغا راۋان بولدى. شۇ يۈرگىنىچە يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ھەلەب شىرۋان شەھىرىگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردىنمۇ غېرىبنىڭ دېرىكىنى ئالالماي، يەنە ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ دەمەشق شەھىرىگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردىنمۇ ھەم غېرىبنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي، ئۇ شەھەردىن چىقىپ نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ شەھرى يەمەن ۋىلايىتىگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە غېرىبنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ خۇش بولۇپ، شەھەر ئىچىگە كىرىپ غېرىبنى ئىزدەپ يۈرەتتى، بىر كۈنى بىردىنلا غېرىب بىر ئاتقا مىنىپ پادىشاھى يەمەننىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن دەبدەبە - ئەسئەسەلەر بىلەن چىقىپ كەلدى. ئاغىچا ئانا غېرىبنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ ھەيرەتتە قېلىپ، «بۇ غېرىبمىكىن يا ئەمەسمىكىن» دەپ، ئاخىر ئىلاجسىز غېرىبقا سالام قىلدى. غېرىب ئاغىچا ئانىنى كۆرۈپ دەرھال مېھمانخانا ئۆيىگە باشلاپ ئەكىرىپ، ھاردۇق سوراپ ئابى مۇھازىر قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاغىچا ئانىغا قاراپ ھال - ئەھۋالىنى بايان قىلىپ خۇن جىگەرىدىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاغىچا ئانا، دىيار بەكرى يۇرتىدىن،
ھىجرى ئوتىغا يانا - يانا كېلۇرمەن.
سەنەم بىلەن يىراقلىقنىڭ دەردىدىن،
زار يىغلاپ ھەيران بولۇپ كېلۇرمەن.

سەنەمجان ئۇ كۈنى مېنى قوغلىدى،
مەگەر ئۇنىڭ كۆڭلى تاش بېغىر بولدى،
تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈرمەككە چاغلىدى،
مەجنۇن كەبى سەرگەردانە كېلۇرمەن.

مەن نەيلەيىن، ئاشىنا يارىم يات بولدى،
بىر سۆز بىلەن ياندى باغرىم ئوت بولدى،
كېچە - كۈندۈز ئىشىم ئاھۇدەرد بولدى،
بۇ دەرد بىلەن زار يىغلاپ يۈرۈرمەن.

غېرىب ئېيتۇر: شاھ سەنەمنىڭ دەردىنى،
قۇلاق سېلىپ ئىشىت غېرىب ئەرزىنى،
سەنەم بىلەن جۇدالىقنىڭ دەردىنى،
پەرۋانىدەك يانا - يانا كېلۇرمەن.



ئاغىچا ئانا شاھ غېرىبتىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ:

— ئەي غېرىب، ئەمدى مالال بولمىغايسەن، شاھ سەنەم دېگەن سۆزلىرىگە تولا پۇشايمان — نادامەتلەر قىلدى، سېنىڭ ئۈچۈن تولا يىغلايدۇ، مېنى پەند — نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇپ كەلگىن دەپ ئەۋەتتى، — دېدى. غېرىب:

— ئەي ئاغىچا ئانا، مەن ھېچ يەرگە بارماي، ئۇشبۇ شەھەردە تۇرىمەن، — دېدى. ئاغىچا ئانا:

— سېنى بىللە ئېلىپ كېتىمەن، — دېدى. ئاخىر بۇ ئىككىيلەننىڭ جېدەللىنى پادشاھى يەمەن ئىشىتىپ، غېرىبنى باردىغان قىلدى. بۇ ۋاقىتتا غېرىب ۋە ئاغىچا ئانا پادشاھى يەمەن بىلەن خەيرلەشىپ، بىردىن ئات مىنىپ دىيار بەكرىگە راۋان بولدى. ئۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر مۇرغىزارلىققا يېتىپ كەلدى. ئاغىچا ئانا كۆڭلىدە: «غېرىب مەن شاھ سەنەمگە ئاشىق دەيدۇ، غېرىبنى مەن بىر سىناپ باقاي» دەپ غېرىبقا ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۆزىگە تاۋۇس مەستەك زىبۇزىننەت بېرىپ، غېرىبقا جىلۋە كۆرسىتىپ، غەمزە قىلىپ بىر سۆز ئېيتتى:

كۆپ جاپالار چېكىپ كەلدۇق ئىككىيلەن،
زەۋقى - ساپا قىلىدىغان جاي ئىكەن.
ئىككى ئاشىق بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ،
مەقسىتىگە يېتىدىغان جاي ئىكەن.

مېنىڭ ئىشقىم پەرۋاز ئەتتى قوزغىلىپ،
نومۇسۇم تەرك ئەتتىم ساڭا يالۋۇرۇپ،
قىزىلگۈلدەك تال بويۇمغا چىرمىشىپ،
ئىشرەت قىلىپ ياتىدىغان جاي ئىكەن.

بىز كېلۇرمىز دىلى سۆزلەر ئېيتىپ،
ئوينىشايلى ئۇشبۇ گۈلزاردا يېتىپ،
ئۇستۇڭدىكى تونلىرىڭنى بوشىتىپ،
قۇچاقلىشىپ ياتىدىغان جاي ئىكەن.

مېنىڭ كۆڭلۈم سېنى تىلەيدۇ ھېلى،
گۈل ئېچىلدى ئەفغان چۇشەر بۇلبۇلى،
ھەق يەتكۈزدى تۇرپە[56] ئەجەب مەنزىلى،
مۇراد ھاسىل بولىدىغان جاي ئىكەن.



ئاغىچا ئېيتۇر، بىر - بىرگە ياندىشىپ،          بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئىشنى سورىشىپ،
قۇچاقلىشىپ، مۇندا يېتىپ ئوينىشىپ،          پىنهان سۆزنى ئېيتىدىغان جاي ئىكەن.

غېرىب ئاغىچا ئاندىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ:

— سەن مېنى ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئىكەنسەن، ئەمدى مەن سېنىڭ بىلەن بىر قەدەممۇ باسمايمەن، دىيار بەكرىگىمۇ بارمايمەن، — دەپ ئاغىچا ئانىغا قاراپ دەرد بىلەن خۇن جىگەرىدىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەمدى بارماس بولدۇم سەنەم قېشىغا،          هارام يەپسەن نەچچە ۋاقىتتىن شاھ سەنەم تۇزىنى،
مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر گۇمان چۈشتى.          سېنىڭ كۆڭلۈڭگە شۇم خىيال چۈشتى.
خەۋەر ئالدىم، بۇ سۆزۈڭنىڭ شەنىگە،
مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر خىيال چۈشتى.          غېرىب دەرلەر: دىيار بەكرى بارماسمەن،
          ئەھدە قىلدىم ئەمدى قەدەم قويماسمەن،
سەنەم ئەلچى قىلىپ ئىبەردى سېنى،          تا ئۆلگۈنچە سەنەم ئېتىن قويماسمەن،
بۇ جايدا تىلەيدۇر كۆڭلۈڭ مېنى،          ساڭا بۇ دەم ئۆزگە بىر خىيال چۈشتى.

ئاغىچا ئانا غېرىبتىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەي غېرىب، مەن سېنى ئازمايىش (سىنىماق) ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتۇدىم، ئەمدى بىلدىمكى، ھەق راست شاھ سەنەمگە ئاشىق ئىكەنسەن، مېنىڭ بۇ قىلغان سۆزلىرىمگە ھەرگىز مەلۇل بولمىغىن، — دەپ غېرىبقا كۆڭۈل ئېيتماق ئۈچۈن خۇن جىگەرىدىن نىمە دەيدۇ قېنى؟

كەل غېرىبىم، بۇ سۆزۈڭدىن يان،          بىلگىل، بەرھەق سۆزۈمنى،
بۇ ھالىمنى بەتتەر قىلما.          ھەق قارا قىلسۇن يۈزۈمنى،
مېنىڭ ھەزلە سۆزۈم ئۈچۈن،          راست بىلگىل، بۇ سۆزۈمنى،
سەنەمجاندىن جۇدا بولما.          مېنى سەن ھەريان ئەيلىمە.

سولدۇرما مۇھەببەت گۈلىن،          ئاغىچا ئېيتۇر: بىل خىيالىن،
سۇندۇرما ئاشىق بۇلبۇلىن،          قالما سەنەمنىڭ ۋابالىن،
يۇر، كېتەيلى ئۇزاق يولىن،          سەنەمنىڭ يوق ئەسلىي ھالىن،
باشقا يەرگە سەپەر قىلما.          مۇندىن ھەم بەتتەر ئەيلىمە.

غېرىب ئاغىچا ئاندىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ كۆڭلى تەسكىن تېپىپ، ئاغىچا ئانا بىلەن يولغا راۋان بولدى. شۇ يۈرگىنىچە مەنزىل - مەراھىللارنى بېسىپ، بادىيەلەرنى قەتئىي ئەيلەپ، دىيار بەكرى ۋىلايەتىگە كېلىپ، چارباغ خىيابانىغا كىردى. شاھ سەنەم غېرىبنىڭ خەۋىرىنى ئىشىتىپ، نازۇكەرشىمىلەر بىلەن ئالدىغا چىقتى. غېرىب بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر - بىرى بىلەن مۇبارەك باد تىلىشىپ، ئاندىن شاھ سەنەم غېرىبنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قولىدىن تۇتۇپ چارباغقا ئېلىپ كىردى. بىر - بىرىدىن ھال - ئەھۋال سورىشىپ، زار - زار يىغلىشىپ، ئاندىن بىر مەجلىس ئارەستە قىلىپ، ئەيش - ئىشرەتكە تۇردى. بۇ چاغدا ئاغىچا ئانا بۇلارنىڭ مۇنداق ئىشلىرىنى كۆرۈپ، ئەكبەر خوجا دېگەن مەھبۇبى يادىغا كېلىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

لەيلى بىلەن مەجنۇن ئۆتتى دۇنيادىن،
ئۇلاردىن ئات قالدى، مەندىن قالمىدى.
شىرىن بىلەن پەرھاد ئۆتتى دۇنيادىن،
ئۇلاردىن ئات قالدى، مەندىن قالمىدى.

ھەركىمنىڭ ئىشقىنى قىلدى زىيادە،
يار ـ يار دىبان ئۆتتى پانىي دۇنيادا،
يۇسۇپ بىلەن زىلەيخا يەتتى مۇرادقا،
ئۇلاردىن ئات قالدى، مەندىن قالمىدى.

بىر تۇنىنىڭ ئىچىدە سۇرىتىن كۆرۈپ،
سەيپۇلمۇلۇك يۇردى نەچچە يىل كېزىپ،
ئاخىر تاپتى جانىدىن ئۇمىدنى ئۈزۈپ،
ئۇلاردىن ئات قالدى، مەندىن قالمىدى.

بىرنەچچە ئاشىقلار يار ئۈچۈن ئۆلدى،
بىرنەچچىلەر كۆڭۈل سۆيگەننى ئالدى،
ھەركىمنىڭ ئۆزىگە لايىق ئات قالدى،
ئۇلاردىن ئات قالدى، مەندىن قالمىدى.

سىزلەر سەنەم بىلەن غېرىب بولۇرسىز،
بۇ دۇنيادىن ئات كۆتۈرۈپ ئۆتۈرسىز،
ئاراڭلاردا گۈلنىھالنى نېتۇرسىز،
سىزلەردىن ئات قالدى، مەندىن قالمىدى.

ئاغىچا ئانا كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ زار ـ زار يىغلاپ تۇراتتى، غېرىب ئاغىچا ئانىنىڭ مۇنداق يىغلىغىنىغا رەھمى كېلىپ، ئاغىچا ئانىغا تەسەللى خاتىر ئەتمەك ئۈچۈن، دەردى سۆز بىلەن خۇن جىگىرىدىن نېمە دەيدۇ قېنى؟

ئاغىچا ئانا، ساڭا قۇربان بولايىن،
ساڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەمنى ساتقىن ئالايىن،
جانىم ئالدى شىرىن سۆزلىرىڭ سىنىڭ.
قېنىم تۆكتى قارا كۆزلىرىڭ سىنىڭ.



ئاشىق بولغان جاندىن ئۈمىدىن ئۈزەر،
كېچە ـ كۈندۈز تىنماي چۆللەرنى كېزەر،
سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ كۆڭلۈمنى بۇزار،
ئاغزىڭدىن چىققان سۆزلىرىڭ سېنىڭ.

سەنسەن ئەمدى مېنى قويدۇڭ بۇ داغقا،
كەلگىل ئەمدى سەيلە ئېتەيلى بۇ باغدا،

دۇنيادىكى مەھبۇبلار ساڭا سادىغا،
مىڭ قىزغا باراۋەر نازلىرىڭ سېنىڭ.

غېرىب ئاشىق گۈل يۈزۈڭگە زاردۇر،
بۇ نالىشىڭ تەندىن جانىم ئالادۇر،
يۈرگەن يولۇڭ كۆزلىرىمگە داۋادۇر،
ئايىغىڭدىن چىققان توزلىرىڭ سېنىڭ.

شاھ سەنەم غېرىبتىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:
— ئەي غېرىب، سېنىڭ ئاغىچا ئانا بىلەن ئىشىڭ بار ئىكەن، مەن بۇ چاغقىچە بىلمەي يۈرۈپتىمەن، — دەپ غېرىبقا تەنە ـ مالامەتلەر قىلىپ، غەزەپ بىلەن غېرىبقا قاراپ تۇرۇپ نىمە دەيدۇ قېنى؟ ئاڭلاپ باقايلى:

نەچچە ۋاقىتتىن ئاھ ئۇرۇپ مەن يارنى دەپ،
ئۆزگە يارىڭ بار ئىكەننى بىلمىدىم.
يەنە مەندىن بۆلەك يارىڭ بار ئىكەن،
باشقىلارغا زار ئىكەننى بىلمىدىم.

بۇ سۆزلىرىڭ مېنى قويدى ئەلەمگە،
بۇلبۇل ئۇچۇپ، قاغا قوندى گۈلۈمگە،
كاككۇكلىرىم چىرماپ ئالدى بېلىمگە،
قومۇش كەبى مار[58] ئىكەننى بىلمىدىم.

ئاخىر دەمدە ئوغا قوشتى ئاشىمغا،
رەھمىڭ كەلمەس كۆزدىن ئاققان ياشىمغا،
گۈل بولۇر دەپ قىسىپ ئىدىم باشىمغا،
قۇرۇق تىكەن ـ خار[57] ئىكەننى بىلمىدىم.

شاھ سەنەم دەپ خەۋەر ئالمىدىڭ مەندىن،
شېرىن جانىم چىقار غەم بىلەن تەندىن،
ئۈمىدىم مېنىڭكى ئۈزۈلدى سەندىن،
ئاغىچا بىلەن يار ئىكەننى بىلمىدىم.

غېرىب شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ:
— ئەي شاھ سەنەم، سەن مېنى باغدىن چىقارماققا كۈندە يۈزمىڭ باھانىلەرنى قىلىپسەن، يەنە ماڭا مۇنداق تۆھمەت قىلغۇچە تۇزۇكرەك تۆھمەت قىلغىل، — دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

ماڭا مۇنداق قۇرۇق تۆھمەت قىلغۇچە،
قىلۇر بولساڭ تۈزۈك تۆھمەت قىل، سەنەم.
يامان سۆزلەپ مېنىڭ جانىم ئالغۇنچە،
ئالۇر بولساڭ تۈزۈك جانىم ئال، سەنەم.

سەن قىلۇرسەن كۈندە يۈز مىڭ باھانە،
زۇلۇم بىلەن ئوت سالۇرسەن بۇ جانە،
كېتەر بولدۇم بۇگۈن ھەلەب شىرۋانە،
مۇندا قالساڭ غەيرىي بىلەن بول، سەنەم.

سېنىڭ ماڭا مۇنداق سۆزۈڭ بىلمەيمەن،
مەن جايىمدىن سېنىڭ ئۈچۈن كېلىپمەن،
سېنىڭ قويغان دامىڭغا مەن چۈشمەيمەن،
مېنى دېسەڭ بۇ ھالىمنى بىل، سەنەم.

غېرىبتۇر دەردىمنى دېدىم ھەر بارە[59]،
ئۆمرۈم كەچتى كۈندە ساڭا يالبارە،
يۇسۇپ كەبى ئۆزۈمنى سالدىم بازارە،
ئالۇر بولساڭ مېنى سېتىۋال، سەنەم.

شاھ سەنەم غېرىبتىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:
— ئەي غېرىب، مەن سېنى ئازمايىش قىلماق ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى ئېيتتىۋىدىم، ئەمدى سېنىڭ سۆزۈڭگە ئىشەندىم، — دەپ غېرىبنىڭ كۆڭلىنى ئالماق ئۈچۈن بىر سۆز ئېيتتى:

سىنىڭ راستلىق جاۋابىڭغا،
ئىشەندىم، ئەمدى ئىشەندىم.
سىنىڭ مەھكەم قارارىڭغا،
ئىشەندىم، ئەمدى ئىشەندىم.

مىنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرغا يەتتى،
كۆڭلۈمنىڭ غۇبارى كەتتى،
سىنىڭ سۆزۈڭ راست بولدى،
ئىشەندىم، ئەمدى ئىشەندىم.

كىتەر بولدۇڭ ھەلەب شىرۋان،
ياد ئىتەرسەن مەن ناتاۋان،
تەسەددۇق ساڭا بۇ شىرىن جان،
ئىشەندىم، ساڭا ئىشەندىم.

سىنىڭ سۆزۈڭ ئادا بولماس،
ئۆلگەندە بۇ گىنە قالماس،
ئەمدى مۇندا تۇرماق بولماس،
ئىشەندىم، ئەمدى ئىشەندىم.

كۆڭلۈمنىڭ زەڭگىرىن ئاچقىل،
شىكەر لىۋىم قىتىدىن تاتقىل،
بۇ نۆۋەت گۇناھىمدىن كەچكىل،
ئىشەندىم، ئەمدى ئىشەندىم.

يەنە باشلارسەن ئىشىڭنى،
كەلتۇرمە غەزەپ ئوتۇڭنى،
بۇزارسەن كۆڭۈل خۇشۇمنى،
ئىشەندىم، ئەمدى ئىشەندىم.

سەنەم يىغلار بۇ بالادىن،
يۈز ئۆرۈمەي قىبلىگاھدىن،
ئەمدى كىچەيلى بۇ دۇنيادىن،
ئىشەندىم، ئەمدى ئىشەندىم.

غىرىب دەر: شاھ ئابباسخان قىزى،
جانىم ئالدى يامان سۆزى،
ھەرگىز دىمە مۇنداق سۆزنى،
ئىشەندىم، ئەمدى ئىشەندىم.



غىرىب شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىد-
تىپ، كۆڭلىنىڭ دەردى - پىراقى نىرى بولدى.
بۇلار باغدا بىرنەچچە كۈن ئەيش - ئىشرەت قىلدى.
كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھ سەنەمنىڭ كۆڭلىگە بىر
دەھشەت قورقۇنچ پەيدا بولۇپ:
— ئەي غىرىب، بىز قاچانغىچە ئوغرىلىق
قىلغان كىشىلەردەك ئاۋارە بولۇپ يۈرىمىز، ئىك-
كىيلەن يەنە ھەلەب شىرۋان شەھرىگە چىقىپ كى-
تەيلى، ئۇ يەرگە بارغاندىن كىيىن سەن مىنى نىكا-
ھىڭغا ئالغىل، — دىدى. غىرىب شاھ سەنەمدىن بۇ
سۆزلەرنى ئىشتىپ، جان - دىلى بىلەن قوشۇلدى.
ئىككىيلەن ئىككى ئاتقا سەۋارە بولۇپ چىقىپ كى-
تىشكە مەسلىھەت قىلدى. شاھ سەنەم يول ئەسۋاب-
لىرىنى تەييار قىلدى. ئاغىچا ئاتنى چارباغدا قو-
يۇپ، ئىككىيلەن بىردىن ئاتقا سەۋارە بولۇپ، ھەلەب
شىرۋان شەھرىگە راۋان بولدى. ئۇلار شۇ يۈرگى-

نچە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يولنى ئۈچ كۈندە بېسىپ، بىر تاغقا يېتىپ كەلدى. ئاتلىرى يول كەسىرەتىدىن[60] ھالاك بولدى. ئىككىيلەن ھالى خاراب پىيادە يولغا راۋان بولدى. ئەتىدىن ـ ئاخشامغىچە يول ماڭدى. يول ئازابىدىن شاھ سەنەمنىڭ ئاياغلىرى قاپىرىپ، يول يۈرمەككە تاقىتى قالمىدى. بۇ ۋاقىتتا غېرىبنىڭ شاھ سەنەمگە رەھمى كېلىپ، ئۈچىسىغا يۈدۈۋېلىپ، يەنە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈردى. ئاخىر غېرىب دەرماندا بولۇپ شاھ سەنەمنى بىر تاغنىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپ، بىر بۇلاق لېۋىگە چۈشتى. ئۆزى بىردەم ئارام ئالماققا ياتتى. شاھ سەنەم تىللا تارغاقنى قولىغا ئېلىپ، چېچىنى تارىماقچى بولۇپ ئولتۇرغانىدى، شۇ پەيتتە شاھ ئاباساخان شىكارغا چىقىپ، قىزى شاھ سەنەم بىلەن غېرىبنىڭ قاچقىنىدىن ئەسلا خەۋىرى يوق، بەش يۈز يىگىتى بىلەن قازارا گۇزەرگاھى[61] بۇ يەرگە كېلىپ قالدى. شاھ سەنەم غېرىبنى ئويغىتىپ:

— ئەي غېرىب، قوپقىل ئىلدام، تېز باغدادقا كەتكىل، ئاتام شاھ ئاباساخان ئۈستىمىزگە كېلىپ قالدى، سېنى كۆرسە تۇتۇۋالىدۇ، — دېدى. غېرىب بىچارە دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ يولغا راۋان بولدى. شاھ سەنەم غېرىبنىڭ يالغۇز كەتكىنىگە ئەپسۇسلار يەپ، غېرىبنى خۇدايىتائالاغا سىپارىش[62] قىلىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ نېمە دەيدۇ قېنى؟

كارامەتلىك قادىر خۇدا،
غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.
سۆيەر ياردىن بولدۇم جۇدا،
غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.

بولالمىدىم ئاڭا ھەمدەم،
يۈرىكىمگە چۈشتى يۈز غەم،
ئاتىمىز ھەزرىتى ئادەم،
غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.

باشىم ئۇزرە چۈشتى سەۋدا،
تۇر تاغىدا ھەزرىتى مۇسا،
پېرىم پاتىمە، يۇسۇپ ـ زىلەيخا،
غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.

بۇ دەردىمگە ئەيلەڭ دەرمان،
تېۋىپلار پىرى لوقمان،
داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان،
غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.

سولدى ئاشىقلارنىڭ گۈلى،
ئۆچتى سەنەمنىڭ بۇلبۇلى،
مەددەت ئەيلەڭ پىرىم ئەلى،
غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.

شاھ سەنەم بۇ بېيىتنى ئوقۇپ كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ زار ـ زار يىغلاپ ئولتۇرغانىدا، شاھ ئاباساخان يېتىپ كەلدى. شاھ سەنەم ئاتىسىنى كۆرۈپ دەرھال تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ھاجەت ئوقۇپ، قولىنى دۇئاغا ئېچىپ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى خۇدا ئالدىدا مۇناجات قىلىپ:

— ئەي بارا خۇدايا، پاكا پەرۋەردىگارا، مەن يېتىم ئاجىزەنى بەندەم دېسەڭ، بەندىچىلىككە قوبۇل ئەيلىسەڭ، غېرىب بىلەن ئىككىمىزنىڭ پاكلىق ئىشىمىزنى ئۆزۈڭ بىلورسەن، قۇدرەت كامالىڭ بىلەن ئاتام شاھ ئاباساخانغا بىلدۈرگىل، ئىشقىنىڭ دەردىنى بىلسۇن، — دەپ دۇئا قىلدى. بۇ ھالەتتە شاھ سەنەمنىڭ قىلغان دۇئاسىنى ئاللاتائالا ئۆز دەرگاھىدا ئىجابەت قىلىپ، ئاۋۋالقىدىن يۈز ھەسسە گۈزەل ھۆسن ـ جامال ئاتا قىلدى. بۇ ۋاقىتتا پادشاھ ئاباساخان يېتىپ كېلىپ قارىسا، تاغنىڭ ئۈستىدە بىر ساھىبجامال قىز ئولتۇرغان. كۆرمەك ھامان شاھ سەنەمنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئارىسىدا بىر تىيرە دىلدۇز[63] ئىشق ئوتى چىقىپ، شاھ ئاباساخاننىڭ سىنە ساندۇقىغا تەگدى. بۇنى كۆرۈپ پادشاھ ئاباساخان

ئات ئۈستىدە بىھوش بولۇپ، كەپتەردەك مۇئەللەق ئۆرۈپ يەرگە يىقىلدى. بۇ ۋاقىتتا شاھ سەنەم ئاتىسىنىڭ ئېتىغا مىنىپ چارھارباغقا يېتىپ كەلدى. ئاغىچا ئانا شاھ سەنەمنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ:

— ئەي شاھ سەنەم، غېرىب بىلەن چىقىپ كەتكەنىدىڭ، يەنە ئۆزۈڭ يېنىپ كەپسەن، بىللە كەتكەن غېرىبجاننى نە قىلدىڭ؟ — دەپ خۇن جىگەرىدىن نىمە دەيدۇ قېنى؟

مەن ساڭا ئېيتايىن، گۈل يۈزلۈك سەنەم،
بىللە كەتكەن غېرىبجاننى نە قىلدىڭ؟
نە سەۋدالار چۈشتى ئۇنىڭ باشىغا،
غەمدە قالغان غېرىبجاننى نە قىلدىڭ؟

نەچچە كۈنلۈك بولدى جۇدا بولماققا،
غېرىبجاننى ئۇندا قويۇپ كەلمەككە،
قورقمىدىڭ تەڭرىدىن مۇنداق بولماققا،
بۇ بېغىڭنىڭ گۈلزارىنى نە قىلدىڭ؟

نە ۋەجىدىن پەلەك چەرخىن چۆرۈدى؟
نە ئىش بىلەن تەڭرىم سېنى ياندۇردى؟
نە قىسمەتتە غېرىب سەندىن ئايرىلدى؟
سۆزلە سەنەم، غېرىبجاننى نە قىلدىڭ؟

ئاغىچا ئېيتۇر: قىسمەت نېچۈك يېزىلدى؟
نە سەۋەبتىن قىلغان ئەھدىڭ ئۈزۈلدى؟
نېچۈك قىلىپ قولۇڭ ئاندىن ئۈزۈلدى؟
بەختى قارا سەرگەرداننى نە قىلدىڭ؟

شاھ سەنەم ئاغىچا ئانىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، دۇنيانىڭ بىۋاپالىقىنى، غېرىبنىڭ يولدا قىلغان خىزمەتلىرىنى، ئاتىسى شاھ ئابباسخان چىقىپ كېلىپ، غېرىبتىن جۇدا بولغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:



غېرىب بىلەن قىلىۋىدىم مەسلىھەت،
ئاۋۇلدا سۆھبىتىم بارار ئەيلىدى.
كېتەر ئىدۇق ھەلەب شىرۋان شەھرىگە،
پەلەك بىزگە قەسدى گۈزەر[64] ئەيلىدى.

ئەگەر ئۆلسەم، بىلمەس ئىدىم سوراقىم،
سەندىن ئۆزگە كىمگە ئېيتاي بۇ داغىم،
يۈرمەكلىككە پايلىمىدى ئاياغىم،
يۈرەي دېسەم جانىم ئازار ئەيلىدى.

يولغا كىردۇق «ئاللاھۇ» دەپ ئەھد ئەيلەپ،
ئىككى ئاشىق راۋان بولدۇق جەھد[65] ئەيلەپ،
ئۈچ كۈن يۈردۇق بادىيەلەر قەتئىي ئەيلەپ،
بىزگە پەلەك يۈزمىڭ جاپا ئەيلىدى.

پەلەك بىزگە نېچۈك كۈلپەت ئىبەردى،
ئاشىقلار جانىغا جاپا ئىبەردى،
چىدىيالماي غېرىب مېنى كۆتۈردى،
ئەزىز جانىنى ماڭا نىسار[66] ئەيلىدى.

ئاغىچا ئانا شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ، غېرىبنىڭ ھالىغا ئەپسۇسلار قىلىپ يىغلىدى.

ئەلقىسسە، سۆز ئىشتمەك كېرەك ئاباسخاندىن. بۇ ۋاقىتتا پادىشاھ ئاباسخان قىزى شاھ سەنەمنى تاغ تۆپىسىدە كۆرۈپ، بىھوش بولۇپ ئاتتىن يىقىلدى. بىر چاغلاردىن كېيىن نۆكەر يىگىتلىرى ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ قارىسا، پادىشاھ ئاباسخان ئاتتىن يىقىلىپ بىھوش بولۇپ ياتقان. دەرھال يۈزلىرىگە گۈلاب[67] سەپتى. پادىشاھ ئاباسخان ھوشىغا كەلدى. يىگىتلىرى:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ھەزرەتلىرىگە نېمە بولدى؟ ! — دەپ سورىدى. پادىشاھ بېشىغا كەلگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى يىگىتلىرىگە بايان قىلماق ئۈچۈن، يىگىتلىرىگە قاراپ تۇرۇپ نېمە دەيدۇ قېنى؟

ئەي يارانلار، دىيار بەكرى ئېلىدە،
ئەقلىم ئالدى، قارا كۆزلۈك بىر پەرى.
ئەمدى ئۆلسەم كېرەك ئۇنىڭ دەردىدە،
جانىم ئالدى، قارا كۆزلۈك بىر پەرى.

سۈرىتى خىيالىي كەتمەس كۆزۈمدىن،
نىشانە قىلىپتۇ ئايدەك يۈزىدىن،
كۆرگەن زامان ئەقلىم كەتتى ئۆزۈمدىن،
ئەقلىم ئالدى، خۇمار كۆزلۈك بىر پەرى.

چەشمەنىڭ بويىدا كۆردۈم مەن ئانى،
تىللا تارغاق بىلەن تارار سۇمبۇل چاچىنى،
كىمگە قىلاي، دوستلار كۆڭلۈم، ئاھىنى،
قانىم تۆكتى، قارا كۆزلۈك بىر پەرى.

ھۆرلەر ھەم بولماس جەننەت ئىچىدە،
كۆرگەن كىشى قالۇر ھەسرەت ئىچىدە،
تەزىم قىلىپ تۇردى قولى كۆكسىدە،
ئەقلىم ئالدى، قارا كۆزلۈك بىر پەرى.

شاھى ئاباس پادىشاھلىقىنى نەيلەيىن،
ئەمدى ئاشىقلىقنىڭ يولىنى تۇتايىن،
تا ئۆلگۈنچە ئۇ پەرىنى ئىزدەيىن،
ھەيران قىلدى، قارا كۆزلۈك بىر پەرى.

يىگىتلىرى پادىشاھ ئاباسخاننىڭ سۆزىنى ئىشتىپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ھەزرەتلىرى كۆرگەن قىز ئۆزلىرىنىڭ قىزى شاھ سەنەمخان ئىكەن، غېرىب بىلەن ئىككىلەن شەھەردىن قېچىپ چىققانىكەن، ئالدىلىرىغا ئۇچراپ بۇ بالاغا سېلىپتۇر، — دېدى. پادىشاھ ئاباسخان يىگىتلىرىدىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ:

— ۋادەرىخا، بۇ ۋاخقىچە ئىشقىنىڭ دەردىنى تارتقىنىم يوق، شاھ سەنەم بىلەن غېرىبنىڭ ۋابالىغا قېلىپتىمەن، — دەپ ھەسرەت ۋە نادامەتلەر قىلىپ يىغلاپ، دەرد - ئەلەم بىلەن خۇن جىگىردىن يى-



گىتلىرىگە قاراپ نېمە دەيدۇ قېنى؟

يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس،
يۇرتتىن يۇرتقا ئاشمىغۇنچە.
كىشى يارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
بىر يامانغا چۈشمىگۈنچە.

قەلەندەر بولماق ئاسان ئەمەس،
چېچى بەلگە چۈشمىگۈنچە.

ئاشىق بولماق ئاسان ئەمەس،
شېرىن جاندىن كەچمىگۈنچە.

قول ئۇزاتسام شاخقا يەتمەس،
يارسىز مېنىڭ ئىشىم پۈتمەس،
كىشى مەردنىڭ قەدرىن بىلمەس،
بىر نامەردكە چۈشمىگۈنچە.

سۇندۇرما، مۆمىن سازىنى،
ئوقۇغۇچىلار، بەش ۋاخ نامازنى،
شاھلار بىلمەس يۇرت مەزەسى،
ھاتەم بولۇپ چۈشمىگۈنچە.

شاھ ئابباس دەر: مەن بىلمىدىم،
غېرىبنىڭ ھالىن سورىمىدىم،
ئىشق ئوتىنى مەن بىلمىدىم،
ئۆز باشىمغا چۈشمىگۈنچە.

شاھ ئابباسخان دەرھال شەھەرگە يېنىپ كېلىپ، ياساۋۇللارغا:

— سىلەر دەرھال باغداد شەھىرىگە بېرىپ غېرىبنى ئىزدەپ تېپىپ، ئانىسى سىڭلىسىنى ۋە مال-دۇنيا جىمى تابىئىلىرى بىلەن مەپە ۋە ھارۋىلارغا سېلىپ، ناھايىتى ئىززەت-ئىكراملار بىلەن ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى. ياساۋۇللار بىرنەچچە ۋاخ يول يۈرۈپ، ئوتتۇز يەتتە كۈندە باغداد شەھىرىگە كېلىپ، غېرىبجاننىڭ جايىغا چۈشۈپ ئەندەك[68] ئارام ئالغاندىن كېيىن، غېرىبقا شاھ ئابباسخاننىڭ ھۆكۈم پەرمانىنى يەتكۈزۈپ، غېرىبنى، ئانىسىنى، سىڭلىسىنى جىمى تابىئىلىرى بىلەن بىللە كۆچۈرۈپ باغدادتىن چىقىپ ماڭغىنىچە دىيار بەكرى ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدى. شاھ ئابباسخان ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىشى چىقىرىپ، ناھايىتى ئىززەت-ئىكراملار بىلەن شەھەرگە چۈشۈرۈپ، ھاردۇق ئالغۇزغاندىن كېيىن، قىرىق كۈن كېچە-كۈندۈز توي-ھەنگامىلەر[69] قىلىپ شاھ سەنەمنى غېرىبقا ئەقدى[70] نىكاھ قىلىپ ئېلىپ بەردى. بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق ئاخىر بىر-بىرى بىلەن تېپىشىپ، مۇراد-مەقسىتىگە يەتتى. ئاندىن پادىشاھ ئابباسخان ئۆز ئورنىغا غېرىبنى پادىشاھ تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئاللاتائالاغا تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. غېرىب نەچچە يىل شەھەرنى ئادالەت بىلەن سوراپ پادىشاھلىق دەۋرىنى سۈرۈپ، شاھ سەنەم بىلەن مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىپ، بۇ دۇنيادىن خوبلۇق بىلەن ياخشى ئات كۆتۈرۈپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ياخشى سۆپەت-ئەۋسابلىرى[71] زامان ئاخىرىدىكى مۆمىن مۇسۇلمانلارغا يادىكار قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ غېرىب ۋە سەنەمنىڭ قىسسىسى ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، پەرھاد-شېرىن، لەيلى-مەجنۇن، يۈسۈپ-زىلەيخا، ۋامىق-ئۇزرا، تاھىر-زۆھرەلەردەك ئەھلى ئاۋامنىڭ دىلىغا پۈكۈلدى. سىلەر ھەم ياخشى سۆپەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەيسىلەر.







غازى ئەمەت سىزغان



# تاھىر-زۆھرە

ـەۋەرلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۆتكەن زاماندا تەڭرىقۇت باغرىدا ئىككى پادىشاھ بار ئىدى، بىرىنىڭ ئېتى قاراخان، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئاقخان ئىدى. ئىككى خان تۇغقان ئىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ بالىسى يوق ئىدى. شۇ سەۋەب: «بىزدىن كېيىن قالسا، پادىشاھلىقىمىز، تەخت ـ راۋىقىمىز بىگانىلەرگە قالىدۇ» دەپ تولىدىن ـ تولا غەمناك بولۇپ يۈرەر ئىدى. خانلارنىڭ ئاھى خۇداغا يەتكەنمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەر ئىككى خاننىڭ ئاغىچىلىرى ھامىلدار بولدى. شاھلار ناھايەت خۇرسەن يۈردى. ھەپتىدە، ئايدا نەزىر ـ نۇزرە قىلىپ ئىگەمگە سېغىندى.

قاراخان بىلەن ئاقخان شىكار قىلماققا ھەۋەس قىلدى. بىرمۇنچە ئادەمگە قۇش، قارچىغا، لاچىن، شۇڭقار، يەنە بىرمۇنچىلارغا مىلتىق، يا ئالدۇردى. ھەددى ـ ھېسابى يوق ئوۋچى، قۇشچى، قوغلامچىلارنى باشلاپ دەبدەبە ـ ئەسئەسەلەر بىلەن شىكارغا ئاتلاندى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ھەم قوزغالدى.

قاراخان ۋەزىر ـ ۋۇزرا، لاۋۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىدىن بىر كېيىك چىقتى. شاھ ئوقياسىنى چىل كامانىغا بەند ئەيلىۋىدى، كۆزى كېيىككە چۈشتى. كېيىك بوغاز ئىكەن. شاھ: «كېيىك بوغاز ئىكەن، ئاتسام، قىساسى ھامىلدار ئاغىچامغا يېتىپ قالمىسۇن» دەپ كېيىكنى ئاتماي ئۆتكۈزۈۋەتتى.

كېيىك ئۆز يولىدا كېتىۋېتىپ ئاقخاننىڭ ئالدىدىن چىقتى. ئاقخان ھەم ھامىلدار ئاغىچىسىنى خىيال ئەيلەپ: «بوغاز كېيىكنى ئاتسام، قىساسى ئاغىچامغا يېتىپ قالمىسۇن» دەپ كېيىكنى ئاتماي ئۆتكۈزۈۋەتتى.

قاراخان ئۆز يولىدا، ئاقخان ئۆز يولىدا كېتىۋېتىپ بىر يەرگە كەلگەندە، يۈزمۇيۈز ئۇچراشتى. ئىككى شاھ شاھانە ئامانلاشتى. بىرى ـ بىرىدىن نېمە ئۇچرىغانلىقىنى سورىدى. ھەر ئىككىسى بوغاز كېيىكنىڭ ئۇچرىغانلىقىنى، ئاتسا، قىساسى ھامىلدار ئاغىچىلىرىغا يېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئاتماي ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. قاراخان بىلەن ئاقخان خۇشلۇق ئىچىدە قايتا قول تۇتۇشۇپ، مۇنداق ۋەدە ـ ۋاپا قىلىشتى: «ئاللاتائالا بىلۇركى، ئىككىمىز ئوغۇل كۆرسەك، پادىشاھلىقى بىر بولسۇن. قىز كۆرسەك، بوغجۇمىسى بىر بولسۇن، مۇبادا بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولسا، بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويايلى، كىمدەكىم بۇ ئەھدىگە ۋاپا قىلماي، جاپا قىلسا، شۇنىڭ يۈزى ئىككى ئالەمدە قارا بولغاي». دىۋان بەگلەر شاھلار ئەمرىنى قەغەزگە پۈتتى. شاھلار مۆھۈر باستى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ھەغدا ـ ھازىر بولدى. پۈتۈك جاكارلاندى.

خەۋەر كەلدىكى، ئاقخان پادىشاھنىڭ ئاغىچىسى ئوغۇل تۇغدى. ئارقىدىنلا يەنە بىر خەۋەر كەلدى،
قاراخان پادىشاھنىڭ ئاغىچىسى قىز تۇغدى.

ئاقخان پادىشاھ ئۆزىنى تۇتالمىدى. ئاتقا قامچا باستى، ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. تۇياقنىڭ
يەرگە ئۇرۇلۇشىدىن ئوت چاقنىدى. مانان - چاڭ كۆكنىڭ يۈزىنى قاپلىدى. ئاقخان شۇ تەرىقىدە كۆپ يۈرمى-
دى، ئات پۇتلىشىپ يىقىلدى. ئاتنىڭ يۇلۇنى ئۈزۈلدى. ئاقخاننىڭ بوينى ئۈزۈلۈپ، جان تەسلىم قىلدى.

قاراخان: «ئوغۇل كۆرسەم ، مۇرادىم ھاسىل بولار ئىدى. چاپان يامغۇچ كۆرۈپتۇرمەن» دەپ كۆڭلى
يېرىم كېتىۋاتاتتى، يولدا ئاقخاننىڭ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانلىقىنى كۆردى. قاراخان ۋەزىر - ۋۇزرالىرى
بىلەن ئاقخاننىڭ بۇ جەسىتىنى ئوردىسىغا ئاپاردى. كۆپ ئۆتمەي، پادىشاھ جامائىتىنى يىغىپ، ئاقخاننى
يۇيۇپ - تاراپ، كېپەنلەپ شاھانە دەپنە قىلدى. ئاندىن ئەھلى جامائەتنى يىغىپ، ئاقخان پادىشاھنىڭ
ئوغلىغا «تاھىر» دەپ ئات قويدى. يېنىپ ئۆز ئوردىسىغا كېلىپ، قىزىنى كۆردى. قىزىغا «زۆھرە» دەپ
ئات قويدى. بوۋاقلارنى شاھانە بېقىش ئۈچۈن، تاھىرنى ئالدۇردى.

ئەلقىسسە، قاراخان قول ئاستىدىكى شەھەر، سەھرايى ئەزىملەرگە كىشى ئەۋەتىپ، ئۈز، چېۋەر
ئىككى ئىنىكئانا تاپتۇردى. شاھ ئىنىكئانىلارغا:

— تاھىر بىلەن زۆھرەخان ئېمىلداش بولۇپ قالمىسۇن، قايسى بىرىڭلار بۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي، ئې-
مىلداش بولۇپ قالسا، شۇنىڭ كاللىسى چېپىقا! — دەپ يارلىق قىلدى. تاھىر بىلەن زۆھرەنى ئىنىكئا-
نىلارنىڭ قۇچىقىغا سېلىپ بەردى.

قاراخان ۋەزىر - ۋۇزرالارنى تەخ
قىلىپ:

— بۇ پەرزەنتلەر كامالىغا يەتكۈچە
خاس چارباغ بىنا بولسۇن، — دەپ يارلىق
قىلدى. ۋەزىر - ۋۇزرالار چاھارباغ بىنا
قىلىشقا مەشغۇل بولدى. باغقا يەتتە ئىق-
لىمدا بار دەل - دەرەخلەرنى، گۈل - گى-
ياھلارنى تېرىدى، تىكتى. ئاز يىل ئىچىدە
بۇ چارباغ بېھىشتىن بېشارەت بەردى. ئاڭغى-
چە تاھىر بىلەن زۆھرە بىر شاختىن بىخ ئۇرغان
ئىككى تال غۇنچىدەك تەڭ كۆزگە كۆرۈندى.



ئەلقىسسە، تاھىر بىلەن زۆھرە
يەتتە ياشقا كىردى. قاراخان تاھىر بىلەن
زۆھرەنىڭ ئەقلى - ھوشىغا قايىل بو-
لۇپ، بىر داڭدار مۇدەررىسنى چاقىرىپ:
«مېنىڭ بۇ كۆڭۈل خۇشلىرىم ئىلىم -
مەرىپەت ساماسىدا پەرۋاز قىلسۇن، مە-
رىپەت كەۋسىرىدىن زۇمرەت بەرگەي-
سىز» دەپ تاھىر بىلەن زۆھرەنى

تاپشۇردى. مۇدەررىس شاھقا ھۆرمەت بەجا كەلتۈردى.

تاھىر بىلەن زۆھرە ئىلىم بابىدا شۇنداق ئۈچقۇر بولدىكى، يەتتە كۈنلۈك ساۋاقنى بىر كۈندە ئوقۇدى. بىر ئايلىق ساۋاقنى تۆت كۈندە ئوقۇدى.

ئەلقىسسە، تاھىر ئەلنىڭ باللىرى يارجۇق[72] ئويناپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، قاراخاننىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەي ئاتا، ئەلنىڭ باللىرى يارجۇق ئويناپتۇر، مەن ھەم يارجۇق ئوينىسام ، — دەپ ئېيتتى. قاراخان:

— ئەي بالام، ئەلنىڭ باللىرى يارجۇق ئوينىسا، سەن يا ئېتىپ ئوينا، — دەپ بىر يا ئېلىپ بەردى. تاھىر يانى بىر تارتىپ سۇندۇردى. يەنە بىر يا بەردى. بۇنى ھەم سۇندۇردى. ئالاھازەلقىياس، پەيدەر - پەي[73] تۆت يانى سۇندۇردى. ئاخىر، قاراخان بىر چوڭ يانى بەردى. بۇنى ئېتىپ ئويناپ يۈردى. ئاڭغىچە پەسلى زىمىستان كىردى.

ئەلنىڭ باللىرى مۇز ئۈستىدە ئوشۇق ئوينىدى. بۇنى كۆرگەن تاھىر يەنە قاراخاننىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەي ئاتا، ئەلنىڭ باللىرى ئوشۇق ئويناپتۇر، مەن ھەم ئوشۇق ئوينىسام، — دەپ ئېيتتى. قاراخان:

— ئەي بالام، ئەلنىڭ باللىرى ئوينىغان سۆڭەك ئوشۇقتۇر، مەن ساڭا كۈمۈش ئوشۇق، ئالتۇن ساقا ئەتتۈرۈپ بېرەي، — دېدى. كۆپ ھايال بولماي، كۈمۈش ئوشۇق، ئالتۇن ساقا ئەتتۈرۈپ بەردى. تاھىر ئاتىسىغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، كۈمۈش ئوشۇق، ئالتۇن ساقىنى ئېلىپ ئويناپ يۈردى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى تاھىر مەكتەپكە باراردا كۈمۈش ئوشۇق، ئالتۇن ساقىسىنى ئېلىپ، يولدا چىرتىپ ئويناپ كېتىۋاتاتتى، تاھىرنىڭ ئاتقان ساقىسى ئېرىق بويىدا سۇ ئېلىۋاتقان مومايىنىڭ قاپىقىغا تەگدى. قاپاق تېشىلىپ، سۈيى تۆكۈلۈپ كەتتى. مومايىنىڭ ئەرۋاھى پەلەككە ئۇچۇپ، تاھىرغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

| | |
|---|---|
| ھەي، يېتىم، ھەقىر يېتىم، | ماڭا ئويۇن قىلغۇچە، |
| كېلىپ ئالدىمدا يېتىڭ. | بايۇەچچىگە تۇماق پىچىڭ! |

تاھىر خىجىللىق ئىلكىدە قىزاردى، «يېتىم» دېگىنىگە ھەيران بولۇپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

| | |
|---|---|
| ھەي دەللە، ئازغان دەللە، | بېشى قاپاق، بېلى دۇمچەك، |
| قىلغان سۆزى يالغان، دەللە. | تىلى ئاچچىق، چايان، دەللە. |

موماي ئېيتتىكى:

— مېنىڭ دېگىنىم راست، ماڭا ئويۇن قىلغۇچە، ئۆز قوشۇلچىقىڭىزغا ئويۇن قىلسىڭىز بولمامدۇ؟

— مېنىڭ قوشۇلچىقىم كىم؟

— زۆھرە خېنىم ئەمەسمۇ؟

— مەن زۆھرە بىلەن قان قېرىنداش تۇرسام، يەنە قانداق قوشۇلچاق بولىمەن؟

— ئەي تاھىرجان، سىز ئاقخان پادشاھنىڭ ئوغلى، زۆھرە خېنىم بولسا قاراخان پادشاھنىڭ قىزى، ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا راۋا.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاھىر ئوشۇقنى تاشلىدى. مومايىنىڭ لەۋزى جانىبىدىن ئىشق تۇيغۇسى قوزغالدى. ئاشىقلىق ئالاقىسى، مەشۇقلۇق باغلىنىشى چىگىلدى. نەچچە مۇددەت، نەچچە يىل شۇل تەرىقىدە

ئۆتتى. بارا ـ بارا تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىغا ئىشقىنىڭ ئىللىق ئاپتىپى تېگىپ قىزدۇر-دى. ئاخىر ئىشقى قۇياش نۇرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆيدۈرۈپ، خىجالەت پەردىسىنى يىرتتى.

ئەلقىسسە، خۇش پۇراق بىلەن بەتبۇينى يوشۇرغىلى بولمىغاندەك، تاھىر بىلەن زۆھرە ئارىسىدىكى ئالامەت يوشۇرۇنۇپ قالمىدى. مۇدەررىس ئۆز ئايىغىدىن ئۆركۈپ، قاراخانغا مۇنداق مەلۇم قىلدى:

— ئى ھۆرمەتلىك شاھىم، تاھىر بىلەن زۆھرە خېنىمنىڭ ئوقۇشى راۋاج تاپمىدى. ئورنىنى بۆلەك قىلساق قانداق؟

قاراخان مۇدەررىسنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، بەگلەرگە:

— مەكتەپ ئىچىگە ئىككى ھويلا بىنا قىلىڭلار، تاملىرى ئېگىز بولسۇن، ئىچى كەڭ بولسۇن، — دەپ يارلىق قىلدى. بەش كۈن ئىچىدە ھويلا راسلاندى. قاراخان ھويلىنى كۆرۈپ، مۇدەررىسكە:

— ھويلىنىڭ بىرىگە تاھىرنى، يەنە بىرىگە زۆھرەخاننى قويۇڭ، قۇلۇپ سېلىپ، ئاچقۇچنى ئۆزىڭىز تۇتۇڭ. تاھىرغا بۆلەك، زۆھرەخانغا بۆلەك ساۋاق بېرىڭ! — دەپ يارلىق قىلدى. مۇدەررىس شاھ ئېيتقاندەك قىلىپ ساۋاق بېرىپ تۇردى.

ئەلقىسسە، تاھىر بىلەن زۆھرە قىرىق كۈن شۇ تەرىقىدە ساۋاق ئىشتتى، قىرىق بىرىنچى كۈنى كېسەل-گە مۇپتىلا بولدى. تاھىر ئىچ ـ ئىچىدىن: «زۆھرە ئاغرىسا ئاتا ـ ئانىسى باقار، مەن ئاغرىسام كىم باقار؟ ئۆلسەم، ئۆلۈكۈمنى قاغا ـ قۇزغۇن يەپ كېتەر» دەپ ئۆكۈندى، كۆڭلىنى بۇزدى. ئاندىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
ئۆتى يۈرەكنى داغلار.
مەن بۇندا غېرىب بولدۇم،
ئاندا قالدى چارباغلار.

قىرىق كۈن بولدى زۆھرەنىڭ،
ۋەسلىدىن جۇدادۇرمەن.
بۇ كۆڭۈل پىراقىدا،
دەر بەدەر گادا[74] دۇرمەن.

كۆل بولدى مېنىڭ جىسمىم،
بىر يولى ئادادۇرمەن.

ئاي يۈزۈڭنى بىر كۆرسەم،
باش ـ كۆزۈڭدىن ئۆرۈلسەم.
كۆزۈڭگە كۆزۈم تىكىپ،
يۈرىكىمنى سۆزلىسەم.
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
ئاياغىڭدا جان بەرسەم.

شۇنىڭدىن كېيىن، تاھىرغا بىر ھىممەت پەيدا بولدى، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. تامغا بىر پەشۋا ئۇرۇۋىدى، ئېگىز تامنىڭ يىگىرمە غۇلاچ يېرى گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. تاھىر ئۆزىنى زۆھرەنىڭ ئالدىدا كۆردى. ئاشىق ـ مەشۇقلار چارباغنى ياد قىلدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆزنى قاراخاننىڭ ئەھۋالىدىن ئاڭلايلى: قاراخاننىڭ ئېلى تىنچ ئەل ئىدى. تو-ساتتىن بۇ ئەلگە باشقا ئەلدىن يېغا كەلدى. قاراخان غەمناك بولۇپ، كۈن ـ تۈن ئۇخلىيالمىدى. ئۇ، «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دەپ، ھەركىمگە يارلىق قىلدى: «كىمدەكىم مۇشۇ يېغىنى قايتۇرالىسا، شۇ ئالتۇن باھالىق كىشىگە قىزىم زۆھرەخاننى بېرىمەن!» بۇ يارلىقنى ئىشتكەن بىر ھېلىگەر: «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپ ئوردىغا كىرىپ، شاھ ئالدىدا يېغىنى قايتۇرماق بولدى.

ئەلقىسسە، ئەمدىكى سۆزنى يېغىنى قايتۇرغۇچىدىن ئاڭلايلى. ئۇ، بىر ئۇچقۇر ئاتنى تاللىدى. ئات-نىڭ ئۈستىگە يارىبېلىم سۇرۇپ، توقۇم سالدى. توقۇمنىڭ ئۈستىگە يارىبېلىم سۇرۇپ ئاتنى مىندى. ئات ئورنىدا تۇرماي، يەرنى چاپچىپ تىزگىن سىيرىدى. ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى بوشىتىۋىدى، ئات ئېلىپ



قاچتى. ئۇ يىقىلىپ چۈشۈشىدىن قورقتى. ئات يۈرۈشىدە كېتىۋې- تىپ، بىر چىنارنىڭ شېخىنى تۇ- تۇۋالدى. چىنارنىڭ تۇۋى چىرىگە- نىكەن، شېخى تارتىلغاچ چىنار قو- مۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇ چىنارنىڭ شې- خىنى قويۇۋەتمىدى. ئات قۇيۇندەك چاپتى. ياۋلار بىرىنىڭ ياراغ ئې- سىپ، بىر تۈپ چىنارنى سۆرىتىپ چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولدى. «بىز بۇ ئەلگە تەڭ كېلەلمەيدىكەنمىز» دەپ كەينىگە قاراپ قاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھېلىگەر ئىچى ھەم تېشىغا يارىشا «قاراباتۇر» ئاتالدى. قاراخان ئېسىنى يىغىپ، قاراباتۇرغا زۆھرەنى بەرمەك بولدى.

ئەلقىسسە، تاھىر بىلەن زۆھرە چارباغقا بېرىپ نەغمە - ناۋا قى- لىشىپ خۇشال ئويناۋاتسا، بىر شوخا تۇمشۇق، يۈزى قورۇق، ئېغىزى يې- رىق دەللە چارباغقا تەرمەچ تەرگىلى كىردى. باققۇدەك بولسا، تاھىر بىلەن زۆھرە مەجلىس قىلىپ ئول- تۇرغان. دەللە شۇ ھامان قايتىپ، قارا باتۇرغا:

— ئەي قاراباتۇر، ئوتتۇز كۈن روزىنى سەن تۇتساڭ، ھېيتنى تاھىر بىلەن زۆھرەخان ئوينام- دۇ؟ — دەپ توشۇق توشۇپ كەلدى. قارا باتۇر ئېيتتىكى:

— ئەي موما، زۆھرەنى ماڭا ۋەدە قىلغان، ئەتە ئەتىگەندە قۇرغۇيۇمنى ئېلىپ چىقىپ، بىر توققۇز جىبجىق ئالدۇرۇپ كاۋاپ قىلىپ زۆھرەگە تۇتارمەن. زۆھرەم ماڭا ئاياغ تۇتار، تاھىرنى سۈرۈپ چىقارمەن.

ئول كېچە تاڭ ئاتقۇچە قارا باتۇرنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. قاراباتۇر ئەتىسى ئەتىگەندە قۇرغۇيى- نى ئېلىپ، بىر قۇشلاپ، ئىككىنچى قۇشلاش باھانىسى بىلەن قۇرغۇيىنى چارباغقا چۈشۈرۈپ، ئۆزى باغ- نىڭ سىرتىدا تۇرۇپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

قۇرغۇي سالدىم قارچىغا،
ئېلىپ چۈشتى باغچىغا.
قۇرغۇيىغىنەم يوق بولدى،
سوراق بولسۇن بارچىغا!

تاھىر:

قۇرغۇي سالساڭ بولماسمۇ،
قۇرغۇي جىبجىق ئالماسمۇ؟
بۇرۇن سۆيگەن زۆھرەنى،
ئەمدى سۆيسەم بولماسمۇ؟

دەپ، زۆھرەنىڭ غۇنچىدەك لېۋىدىن بىر توققۇز ئەنجۇر ئۈزدى. بۇنى كۆرگەن قاراباتۇر ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى. يۈزىگە مۇشتلىغان بويى ئوردىغا بېرىپ:

— داد، شاھىم داد! — دەپ شاھقا داد ئېيتتى. قاراخان سورىدىكى:

— دادىڭ نېمە؟ قاراباتۇر ئېيتتىكى:

— روزىنى مەن تۇتسام، ھېيتنى تاھىر بىلەن زۆھرە ئوينامدۇ؟ قاراخان دەرغەزەپتە:

— ئەي بەدرەك، مېنىڭ بىرگىنە قىزىم تۇرسا، بۇنداقمۇ بەتنام چاپلامسەن؟ — دېۋىدى، قاراباتۇر:

— شاھىم، يالغان بولسا، مېلىم تالانغا، بېشىم ئۆلۈمگە، — دەپ شاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. قاراخان تەھقىقلىغىلى كىشى بۇيرۇغانىدى، راست چىقتى. قاراخاننىڭ ئۆڭى ئۆچتى، قۇيقا چېچى تىك بولدى. جاللاتلارنى چاقىرىپ، تاھىرنى ئەكېلىشكە يارلىق چۈشۈردى.

ئەلقىسسە، تاھىر باغلاپ كېلىندى. پىنھاندا تۇرغان زۆھرەگە يەر - جاھان قاپقاراڭغۇ تۇيۇلدى. جانجىگىرىگە ئوت تۇتاشتى. ئاتىسىغا ئاڭلىتىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇ تېرەك ئۇزۇن تېرەك،
تۈۋىدىن كەسمەك كېرەك.
تۈۋىدىن كېسىۋېلىپ،
ساندۇق ئەتتۇرمەك كېرەك.

ساندۇق ئەتتۇرگەندىن كېيىن،
تاھىرنى سالماق كېرەك،
تاھىرنى سالغاندىن كېيىن،
دەرياغا تاشلىماق كېرەك.

قاراخان:

— زۆھرەخان بۇ سۆزنى دېمىسە، تاھىرنى ئۆلتۈرەر ئىدىم، ئەمدى ئۆلتۈرمەي، — دەپ جاللاتلارنى ياندۇردى ۋە بەگلەرگە:

— ياغاچچىلارنى تېپىپ، بۇ تېرەكنى كېسىپ ساندۇق ئەتتۈرۈڭلار! — دەپ يارلىق قىلدى.

ئەلقىسسە، ياغاچچىلار كېلىپ، ساندۇق ياساشقا مەشغۇل بولدى. زۆھرە ياغاچچىلارغا:

— ساندۇق ھەم بولسۇن، زىنھار سۇ ئۆتمىسۇن، توققۇز ھۇجرىلىق بولسۇن، بۇلۇڭ ھاجەتخانىسى بولسۇن، چاك - تۆشۈك بولمىسۇن! — دەپ تاپىلىدى. ئۇلارغا ھەر كۈنلۈكى تۇرلۇك - تۇرلۇك تائام، مېۋە، تاۋاق - تاۋاق ئالتۇن، جاۋاھىر، ئۈنچە - مەرۋايىت ئىنئام - ئېھسان ئەتتى. قارا باتۇر:

— شاھنىڭ ئەمرى، ساندۇقنىڭ بىر تېمىدا بىردىن چاك بولسۇن، تۆشۈك بولسۇن، سۇ كىرىدىغان بولسۇن، تاھىرنىڭ مىڭ جېنى بولسىمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغان بولسۇن! — دېدى. ياغاچچىلار ئۇنىڭغا:

— ئەي بەدرەك، بىرگىنە نېنىڭ يوق، ھەر كۈنلۈكى بىر يالغان ھۆكۈم ئېلىپ چىقىسەن، يوقال! — دەپ جونۇدى.

ياغاچچىلار ساندۇقنى زۆھرە دېگەندەك ياسىدى، سىر بەردى. زۆھرە ساندۇققا ئىچلىك ھازىر قىلدى. ھەر تۇرلۇك لازىمەتلىك تەييارلىدى. ساندۇق خان - خاقانلارنىڭ ئۆيىدىن ئارتۇقراق بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تاھىر:

— ئەي زۆھرە، بىز يەنە كىشىنىڭ ئېغىزىغا چۈشەرمىز، — دېۋىدى، زۆھرە:

— ئۇنداق بولسا، ئاتامغا مەلۇم ئېتەيلى، — دەپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۆكسۈپ ياش تۆكتى ھەم بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئى، مېنىڭ ئالىم دادام،
تاش يۈرەك زالىم دادام.

ساندۇق ئەمدى راس بولدى،
ھۆكۈمىڭىز نېچۈك، دادام؟

قاراخان:

— ماڭا تەۋە شەھەرلەردىكى ئادەملەرنىڭ بىرى قالماي ھازىر بولسۇن! — دەپ جاكار قىلدى. كىشىلەر شۇئان جەم بولدى. تاھىرنى ساندۇققا سېلىپ رۇم دەرياسىغا تاشلىدى.

ئۇن كۈنگىچە زۆھرەنىڭ گېلىدىن تائام ئۆتمىدى، نالە - زار قىلدى، ياش ئورنىدا قان يىغلىدى، ماتەمدار بولدى.

ئەلقىسسە، زۆھرەنىڭ دىلئارام دېگەن بىر كېنىزىكى بار ئىدى. ئۇن بىرىنچى كۈنى زۆھرە:

«ئەي دىلئارام، تاھىرنى دەرياغا تاشلىغان يەرگە بېرىپ بىر تاھارەتلىك سۇ ئەكېلىڭ» دەپ بۇيرۇدى. دىلئارام دەريانىڭ بويىغا باردى. كۆردىكى، دەرياغا تاشلانغان ساندۇق ئاقماي شۇ يەردىلا چۆرگىلەپ تۇرۇپتۇ. دىلئارام ساندۇققا قاراپ بىرمۇنچە ھايال بولدى. زۆھرە:

— نېمىگە ھايالداپ قالدىڭىز؟ — دېۋىدى، دىلئارام:

— ئەي خېنىم، تاھىرنى تاشلىغان يەردە بىر ساندۇق چۆرگىلەپ تۇرۇپتۇ، شۇنىڭغا قاراپ ھايال بولدۇم — دېدى. زۆھرە دىلئارامغا ئايىغىدىن بېشىغىچىلىك بىر قۇر ئېگىن - ئاياغ ئىنئام قىلدى. زۆھرە ئوردا قىزلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ، دەريا بويىغا بېرىپ، ساندۇققا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

گىزەلىمۇ گىزەلى[75]،
ئى كۆز نۇرۇم، ئىزەلى[76].
باغچىلارغا سۇ تولسا،
ئۆردەك بولۇپ ئۈزەلى.

تاھىر:
سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟
كۆز يېشىڭنى قۇرۇتتۇڭمۇ؟
ئۇن كۈن بولدى چىقمايسەن،
ئاندا يارى تۇتتۇڭمۇ؟

زۆھرە:
مەنمۇ سېنى ئۇنۇتسام،
كۆز يېشىمنى قۇرۇتسام.
خۇداغا قۇل بولماي كېتەي،
سەندىن ئۆزگە يار تۇتسام.

تاھىر:
سۇ كېلۇر گۈلدۈر - گۈلدۈر،
سۆيگىنىم قىزىلگۈلدۇر.
ئايرىلغىلى ئون كۈندۇر،
چىرايىم سېرىق گۈلدۇر.

زۆھرە:
سۇ كېلۇر لايىن - لايىن،
سەندىن قانداق ئايرىلايىن!
سەندىن ئۆزگە يار تۇتسام،
مەن خەنجەرگە سانجىلايىن.

ئىستىبان قايان باراي،
بارار يېرىڭ نېچۈك بىلەي؟
بىر خۇدادىن سىز ئۈچۈن،



ئامان ـ ئىسەنلىك تىلەي.

تاھىر:
بارار يەرنىڭ قارارى يوق،
ياغاچ ئاتنىڭ هارارى يوق.
تارتىپ باقسام تۇرارى يوق،
تىزگىن ـ يۈگەن تۇتارى يوق.

زۆھرە:
ھەقتىن تەقدىر بولغاندۇر،
قىسمەت ماڭا بۇ ئىردى.
تەگدى سالقىن شامالى،
مېنى سىزدىن ئايرىدى.

تاھىر:
ئايرىلىپ كەتتىم يارىم،
قايرىلىپ كەتتىم يارىم.
سىز تەلەپ بىرلە بولۇڭ،
قوشقاي بىزنى ئىلاھىم.

زۆھرە:
دەرياغا تاشلادىلەر،
ئاقارغا باشلادىلەر.
مېنىڭ نىمە ئىلاجىم،
ئاتام سىزنى تاشلادىلەر؟

تاھىر:
ساندۇقتا سالدى، خېنىم،
ساندۇقتا پاتتى يېنىم.
سۇ تۆۋىنى بارۇرمەن،
ئامان بولۇڭ، زۆھرە خېنىم.

ساندۇق چاقتەك چۆرگىلەپ ئېقىپ كەتتى. زۆھرە بىتاقەت بولدى. دەريانىڭ يۇقىرى ـ تۆۋىنىگە يۈگۈردى. دەرياغا ئۆزىنى تاشلاردا ئوردا قىزلىرى تۇتۇپ، دەلىل ـ ئىسپات، تەسەللى، سەۋرى بېرىپ ياندۇردى.

ئەلقىسسە، نەچچە ۋاقىت ئۆتۈپ، ساندۇق شۇ ئاققىنىچە رۇم دەرياسىنىڭ توققۇز تارام دېگەن كېمە سىلىقىغا باردى. كارۋانلارنىڭ ئۇلاغ ھەيدىگەن ئاۋازى تاھىرغا ئىشىتىلدى. تاھىر: «ھە، مەن توققۇز تارامغا كېلىپتۇرمەن، زۆھرەمگە بىر دۇئايىسالام يوللاي، يۇرتۇمدىن كەلگەنلەر بولسا، ئۇچۇر بەرسە، يەتكۈزسە ئەجەب ئەمەس» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:



مەن كەلدىم توققۇز تارام،
مەندىن زۆھرەمگە سالام.
زۆھرەم ئىلىك ئالمىسا،
بۇرۇن سۆيگىنىم ھارام!

كارۋانلار: «ھەي، بۇ ئاۋاز نەدىن كېلىۋاتىدۇ؟ يەنە بىر كەلسە، قەغەزگە پۈتۈۋالساق بولاتتى» دېيىشتى.



تاھىر:
ئى بەگلەر، كارۋانلار،
زۆھرەمگە سالام دەڭلار.
زۆھرەم ئىلىك ئالمىسا،
بۇرۇن سۆيگىنىم ھارام دەڭلار!

كارۋانلار دۇئايسالامنى قەغەزگە پۈتۈۋالدى. ساندۇق دەريانىڭ بىر شاخاپچىسىغا كىرىپ رۇم شەھىرىگە بارىدىغان تەرەپكە ئېقىپ كەتتى.

ئەلقىسسە، كارۋانلار شۇ يۈرگەنلىرىچە قاراخان پادشاھنىڭ شەھىرىگە كىرىپ، دەريا بويىدا تىندى.

دىلئارام سەھەردە ئاپتۇۋا كۆتۈرۈپ سۇغا چىققانىدى، كارۋانلار: «شۇبۇ كېنىزەك زۆھرەخانىنىڭ يېنىدىن چىققىنى مەلۇمدۇر» دېگەن قىياس بىلەن دىلئارامدىن ئاپتۇۋىنى سۇ ئىچۈۋېلىشقا سوراپ ئېلىپ، ئاپتۇۋىنىڭ جوغىسىغا سالام خەتنى تىقىپ قويىدى. دىلئارام سۇنى ئېلىپ قايتتى.

— ئەي خېنىم، نېمىگە هايال بولدىڭىز؟ — دېدى زۆھرە. دىلئارام:

— ئەي خېنىم، بىرمۇنچە كارۋانلار دەريا بويىغا چۈشكەنىكەن، تاھىرنىڭ خەۋىرىنى ئالۇرمەن دەپ هايال بولدۇم.

— خەۋەر ئالالىدىڭىزمۇ؟ — دېدى زۆھرە. دىلئارام:

— ياق، — دېدى.

— سۇنى قولۇمغا قۇيۇڭ! — دىلئارام سۇنى قۇيۇۋىدى، سۇ تاممىدى. يەنە قۇيۇۋىدى، يەنە تاممىدى. دىلئارام ئاپتۇۋىنى بىر سىلكىۋىدى، جوغىغا پۈرلەپ تىقىلغان دۇئايسالام زۆھرەنىڭ ئوچۇمىغا چۈشتى. زۆھرە ئوقۇپ كۆرسە، تاھىرنىڭ دۇئايسالىمى...

زۆھرە بىھوش بولدى. بىر پەستىن كېيىن هوشىغا كېلىپ، ئاق پەرەنجە سېلىپ، ئوردا قىزلىرىنى ئېلىپ، كارۋانلار قېشىغا چىقتى. كارۋانلار زۆھرەگە تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۆزلىرىنىڭ سودا-سېتىق بىلەن شۇندىن-شۇنىغا كەلگەنلىكىنى، سودىسى راۋان بولسا، پات پۈرسەتتە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

زۆھرە ئەتىسى بازارغا جارچى چىقاردى. جارچى: «ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس، شاھنىڭ يارلىقى: بۇ كارۋانلار ئېلىم-سېتىمنى تامامى پۈتتۈرمىگۈچە دۇكان ئېچىلمىسۇن، كىمدەكىم بۇنىڭغا مۇخالىپ ئىش قىلسا، بېشى ئۆلۈمگە، پۇلى تالانغا!» دەپ جاكارلىدى. دۇكانلار ئېچىلمىدى، كارۋانلار شۇنداق سودا قىلغىلى تۇردىكى، بىر باھانى ئون باھاغا، ئون باھانى يۈز باھاغا، يۈز باھانى مىڭ باھاغا ساتتى. سودىسى كۈشادە بولدى. زۆھرە كارۋانلارغا ئىنئام ئىلتىپات قىلدى.

كارۋانلار قايتارىدا زۆھرەگە خوش ئېيتماق بولۇپ بېرىۋىدى، زۆھرە ئۇلارغا ساندۇقتىن يەنە بىر خەۋەر ئېلىپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى. كارۋانلار خۇشال بولدى. زۆھرە شاھ بەھرامنى كارۋانلارغا خەۋەرنى ئېلىپ كېلىشكە قوشتى. شاھ بەھرامغا باشتىن-ئاياغ قىممەت باھا سەرپاي كىيدۈرۈپ، ئۈچ توققۇز تۆگىگە لەئەل-جاۋاھىرات يۈكلەپ يوللۇق تۇتتى. ئۈچ كۈنلۈك يولغا بارغاندا، كارۋانلار:

— ئۇل ساندۇق هېلىغىچىلىك لايغا پاتتى، هېچنېمىسى قالمىدى، — دەپ شاھ بەھرامنى بۇلاپ-تالاپ، ئېگىن-ئاياغلىرىنى سالدۇرۇپ، كونا ئېگىن-ئاياغ كىيدۈرۈپ، تۆگە بېقىشقا قويىدى. ئەمما، بۇ كارۋانلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى بۇ بولمىغۇر قىلمىقنى ئىشتىپ، بىتاقەت بولدى. ئۇ:

— ئەي كارۋانلار، بىزگە زۆھرەخان تولىدىن-تولا ئىلتىپات قىلغانىدى. كېتەرنىڭ كېلەرى، يۈزنىڭ يۈزگە چۈشەرى بولىدۇ، بۇنداق قىلماڭلار، — دەپ شاھ بەھرامنىڭ تەئەللۇقاتىنى ئېلىپ بەردى.

ئەلقىسسە، ئەمدىكى سۆزنى توققۇز تارامدىن ئۆتۈپ كەتكەن ساندۇقتىن ئىشىتمەك كېرەك: رۇم شاھىنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىدى. قىزلار خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى دەريا بويىغا سەيلىگە بارار ئىدى. قىزلار بىر كۈنى دەريا بويىدا سەيلە قىلىپ ئويناۋاتسا، دەريادا بىر ساندۇق چۆرگىلەپ ئېقىپ كەلدى. ساندۇق چىرايلىق ئىدى. قىزلارنىڭ چوڭى مەلىكە لەيلۇۋەش ئېيتتىكى:

— بۇ ساندۇقنى تۇتۇۋالغان كىشىنىڭ بالىسىدىن بالىسىغا پۇلى تۈگىمەس.

ئوتتۇرانچىسى ــ مەلىكە خەيرىنىۋەش ئېيتتىكى:

ــ شۇبۇ ساندۇقنى ئېلىپ چىققان كىشىگە رۇمنىڭ بىر يىللىق خىراجىتى بېرىلىدۇ.

كەنجىسى ــ مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە ئېيتتىكى:

ــ ساندۇق بىھۇدە دەريادا ئاقماس، بۇنى تۇتۇپ چىقىرايلى.

قىزلارنىڭ زۇلپى قىرىق غۇلاچتىن بار ئىدى. ئۇلار مەسلىھەت قىلدىكى، ھەربىرىمىز زۇلپىمىزنى ھەلقى كەمەند[77] قىلىپ، ساندۇققا ئاتايلى، كىم تەلەيلىك بولسا شۇنىڭغا چىقار، كىم چىقارسا شۇنىڭغا تەئەللۇق بولسۇن.

چوڭى زۇلپىنى ئاتتى، ساندۇققا ئىلىنمىدى. ئوتتۇرانچىسى ئاتتى، يەنە ئىلىنمىدى. كەنجىسى ئاتتى، ساندۇق چىرمىشىپ قالدى.

ساندۇقنى چىقىرىپ قارىسا، ئاچىدىغان ھېچ يېرى يوق. قىزلار ساندۇقنى ئېلىپ، خوش چاغ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىردى. شاھ سورىدىكى:

ــ ئەي قىزلىرىم، بۇ نېمە ساندۇق؟

ــ ئەي ئاتا، بۇ ساندۇق ئېقىندا ئىكەن، تەلەي سىنىماق بولۇپ زۇلپىمىزنى تاشلىدۇق، ئىگىچىلىرىم بۇرۇن كەمەند تاشلىۋىدى، ئۇلارغا چىقمىدى، ئاخىر مەن كەمەند تاشلىۋىدىم چىقتى. قايسىمىزغا ئىلتىپات قىلسىڭىز شۇ ئالار، ساندۇقنى كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق، ــ دېدى مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە. شاھ ساندۇقنى مەلىكە سۇلتان بۇۋىچىگە ئاتىدى. قارىسا، ساندۇقنىڭ ئېچىلىدىغان يېرى يوق. ياغاچىلار چوت، كەكە كۆتۈرۈپ كېلىپ چاقماقچى بولغاندا، مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە:

ــ مەن ساندۇققا بىر سۆز تاشلاپ باقاي، ــ دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئۆرۈلۈپ كەلگەن ساندۇق،
چۆرۈلۈپ كەلگەن ساندۇق.
ئىچىڭدە نە جان باردۇر،
بىر ئاۋاز چىقار ساندۇق.

ساندۇق ئىچىدىن:

تەپسەڭ ساندۇق ئاچىلۇر،
گۈل باشىمغا سانجىلۇر.
شىكەستە مېنىڭ كۆڭلۈم،
يارنى كۆرسەم ئاچىلۇر!
كەلسە زۆھرەدىن خەۋەر،
ساندۇق ئۆزى ئاچىلۇر.



ساندۇق ھايال قىلماي، خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆزى ئېچىلدى. باققۇدەك بولسا، بىر يىگىت ئولتۇرۇپتۇ، چىرايى ساماندەك سارغىيىپتۇ. چاچلىرى دولىسىغا چۈشۈپتۇ. چىراغ يېنىق،

ئالدىدا كىتاب تۇرۇپتۇ. خالايىقلار «يەتتە باشلىق يالماۋۇز» ئوخشايدۇ دەپ خىيال قىلىپ ساندۇق ئىچىگە بىرىمۇ يېقىن كېلەلمىدى. شاھ شۇئان:

— ئېلىپ چىققان ھەر كىشىگە بىر خەزىنە دۇنيا ئىنئام قىلىمەن، — دەپ جاكارلىدى. بىرى شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شاھىم، مەن ئېلىپ چىقاي، يېسە مېنى يېسۇن، دۇنيا بالىلىرىمغا قالسۇن، — دەپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ساندۇققا چۈشتى. ئۇ ساندۇق ئىچىدىكىنىڭ ئەر ياكى مەزلۇم ئىكەنلىكىنى بىلمەي ھاڭ ـ تاڭ بولدى. تاھىر بۇنى بىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

چىرايىم سېرىق سامان، زۆھرەدىن ئايرىلغانغا،
زۆھرەنىڭ ئوتى يامان. بولدۇم بىسەرۇ سامان[78].
ئۆلۈم خۇدا تەقدىرى، قوشتۇرغاي زۆھرەگە،
تىرىك ئايرىلغان يامان. يا رەھىمۇ، يا رەھمان.

تاھىر ساندۇقتىن چىقىپ شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاندىن تاھىرنى شاھ ئوردىسىغا ئېلىپ كىردى. ھەر قىسما ـ ھەر قىسما غىزالارنى بەردى، سىڭمىدى. كېپەكچە[79] بەردى، سىڭدى. چېچىنى چۈشۈردى. شاھانە كىيىندۈردى. شۇنداق پەرۋىش ئىلە تاھىر ئاۋۋالقىدەك تاھىر بولدى.

ئەلقىسسە، رۇم شاھى تاھىرنىڭ ھۆسن ـ جامالى، ئەقلى ـ ھوشى، ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى چاغلىدى. ئاندىن ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى جەم قىلىپ:

— بۇل يىگىت ھەر يەردە بولسا، شاھزادە بولۇركەن. ساندۇق ئىچىدە تۇرۇپ مەلىكە سۇلتان بۇۋدچىنى تونۇپتۇر. سىلەر مەسلىھەت بەرسەڭلار، توي تەييارلىقىنى قىلساڭلار، — دېدى. ھەرەمخانىدىكى سىنچى موماي:

— ئەي شاھىم، سىنالمىغانغا قىز بېرىپ بولماس ! — دېگەندە، شاھ:

— قانداق سىنىغۇلۇق؟ — دېدى. موماي:

— بۇ ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە ئاش، نان، يەنە بىر تەرىپىگە ياراغ ـ جابدۇق قويۇپ، شۇ ئۆيگە كىرگۈزسىلە، شاھزادە بولسا، ياراغ ئېلىپ چىقار، قارچۇق بولسا، ئاش ـ نان ئېلىپ چىقار. شۇنىڭدىن سىنايمىز، — دېدى. شاھ موماي ئېيتقاندەك قىلىۋىدى، تاھىر شاھ ئۆزى تۇتىدىغان، زەھىراب سۇغىرىلغان قىلىچنى، قاراڭغۇ كېچىدە، قارا پالاسنىڭ تۆپىسىدىكى قارا چۈمۈلىنىڭ كۆز قارىسىنى چاغلاپ ئاتسا تېگەر مىلتىقنى ئېلىپ چىقتى. شاھ ئەمدى مەسلىھەت باشلاي دېيىشىگە، موماي:

— يەنە سىنىماق كېرەك، — دېدى. شاھ قانداق سىناشنى سورىۋىدى، موماي:

— جانابلىرى مىنىدىغان ئات — توپچاق ئىراقىنى ئاتلارنىڭ ئىچىگە قويۇۋېتەيلى، «ئاتخانىغا كىرىپ، ئات ئاچىق» دېسىلە، شاھزادە بولسا توپچاق ئىراقىنى ئاچىقار، قارچۇق بولسا، بۆلەك ئاتنى ئاچىقار، — دېدى. شاھ موماي ئېيتقاندەك قىلىۋىدى، تاھىر توپچاق ئىراقىنى ئاچىقتى. شاھ تاھىردىن خۇرسەن بولۇپ تۇرۇشىغا، موماي يەنە:

— ئەي شاھىم، ئەر ئوغلىنى ئۈچ قېتىم سىنىمىقى كېرەك، مەرتەم ـ مەرتەم — ئۈچ مەرتەم، يەنە بىر سىنايلى، ئارتۇق ئىشنىڭ ئەيىبى يوق، — دېدى. شاھ مومايدىن قانداق سىناشنى سورىغاندا، موماي:

— شۇڭقارنى باشقا قۇشلارنىڭ ئارىسىدا قويۇپ، «قۇش ئۆيىدىن بىر قۇش ئاچىق» دېسىلە. شاھزادە بولسا، شۇڭقارنى ئاچىقار، قارچۇق بولسا، بۆلەك قۇشنى ئاچىقار، — دېدى. شاھ شۇڭقارنى قۇشلار



ئارىسىغا قويۇۋېتىپ تاھىرنى بۇيرۇدى. تاھىر شۇڭقارنى ئاچىقتى. ھەممە كامىل ئىشەنچ بىلەن:

— راست شاھزادە ئىكەن، — دەپ تەستىق ئەتتى.

شاھ توي لازىمەتلىكلىرىنى تەييار قىلدى. شەھەر ئىچىدە بىر راۋاق بىنا قىلدى. كاتتا توي قى-
لىپ، مەلىكە سۇلتان بۇۋىچىنى تاھىرنىڭ ئەقد نىكاھىغا بەردى. تامام كىشىلەر قايتتى.

ئەلقىسسە، يەڭگە ئانىلار ھۇجرىغا توققۇز تۆشەك سالدى. مەلىكە سۇلتان بۇۋىچىنى ئەكىرىپ قويۇپ
چىقىپ كەتتى. تاھىر تۆشەك ئوتتۇرىسىغا بىر قوزۇق قاقتى. قوزۇقنى ياردى. ئارىسىغا ئىككى بىسلىق قى-
لىچنى قىستۇردى. مەلىكە سۇلتان بۇۋىچىگە قىلىچنى ئىما قىلىپ: «سەن مىدىرلىساڭ، سېنى كەسسۇن.
مەن مىدىرلىسام، مېنى كەسسۇن» دېدى. ئاندىن تاھىر بىر تەرەپتە، مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە بىر تەرەپتە ياتـ-
تى. تاھىرنىڭ ئوت - پىراقى، قىلىچنىڭ ۋەھىمىسى تاڭ ئاتقۇچە مەلىكە سۇلتان بۇۋىچىنىڭ كىرپىكىنى
ئىلىندۇرمىدى. ئۇ «قاچان كامىدىل[80] ھاسىل قىلاركىن» دېگەن ئىستەكتە ساماندەك سارغىيىپ كەتتى.

ئەتىسى يەڭگە ئانىلار كىرىپ كۆرسە، ساماندا نۇر بار، مەلىكە سۇلتان بۇۋىچىنىڭ يۈزىدە نۇر يوق.
ئۇلار تەئەججۇپتە سورىدى:

— ئەي خېنىم، يەتتە باشلىق يالماۋۇز سىزنى ئېسىپ قويۇپ، تاپىنىڭىزدىن قېنىڭىزنى سۈمۈردى-
مۇ، چىرايىڭىز سېرىق سەبدىگە ئوخشاپ قاپتۇ؟

مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە تاھىرنىڭ دېگىنىنى دەپ، قىلىچنى كۆرسەتتى. يەڭگە ئانىلار بۇ ھالنى ئا-
غىچىغا توشۇدى، ئاغىچا شاھقا:

— نەدىكى لايغا پاتقان پايتىمىغا بالا بېرىپ، ئەھۋال شۇمۇ؟ — دەپ تاپا قىلدى. شاھ:

— بىھۇدە سۆز ئېيتما، ئاتقا مىنىپ، شىكار قىلىپ، قۇش قۇشلاپ، تاماشا بىلەن ئۆتكەن يىگىتـ-
تۇر، مۇساپىرچىلىقتا، سەپەرنىڭ ئازابىدا كۆڭلى ئۆلگەندۇر. بۇ يىگىتنى شىكارغا چىقىرىپ، كۆڭلىنى
ئاچۇرمەن، — دەپ، تاھىرنى قىرىق كۇنلۇك شىكارغا چىقاردى.

ئەلقىسسە، شىكارنىڭ بارارى بولمىدى. بەگلەر:

— ئەي يىگىت، بىز ھەرچاغ شىكارغا چىقساق، سەيد[81] كە تويۇپ قالار ئىدۇق، — دېۋىدى، تاھىر:

ئۆز يۇرتىدا كۆكىنەك،
ھەم غاز ئالۇر ھەم ئۆردەك.

كىشىنىڭ يۇرتىدا بوز لاچىن،
نە غاز ئالالماس، نە ئۆردەك.

دەپ قولىدىكى لاچىننى يەرگە تاشلىدى. بەگلەر:

— ۋادەرىخ - ھازار دەرىخ[82]، دىلى سۇنۇق يىگىت ئىكەن، — دەپ شىكارنى شۇ جايدا توختاتتى. بەگلەر شاھقا شىكاردىن ئۇچۇر بەردى. شاھ:

— راست ئېيتۇر، كىشىنىڭ يۇرتىدا بوز لاچىن نە غاز ئالالماس، نە ئۆردەك. ئۆزىنىڭ غېرىبلىقىغا بېيىت ئوقۇپتۇر. ھەر يەردە بولسا، مەجلىس قىلىپ ئويناپ يۈرگەن يىگىتتۇر، — دېدى.

ئەلقىسسە، شەھەرنىڭ ئالدىدا بىر كاشانە[83] پەلەك شاھ سۇپىسى بار ئىدى. شاھ ئول سۇپىغا ئىككى تەخت قۇردى. گىلەم - گىرابانە، زىلچا - مەھروزلەردىن بىساتلار سالدى. خۇش ئاۋاز ھاپىز، ئەلنەغمىچىلەرنى ئالدۇردى. خۇنلاردا قەنت - گېزەك، ناۋات، شېرىن - شېكەر، لەزىز تائاملارنى ئالدىغا قويدى. بىر تەختتە تاھىرنى، بىر تەختتە مەلىكە سۇلتان بۇۋىچىنى ئولتۇرغۇزدى. نەچچە كۈن مەجلىس ئارەستە[84] قىلدى. تولىدىن - تولا زىياپەتلەر بولدى. تەخت، بىساتلارغا تاھىرنىڭ كۆزى چۈشمىدى. نەغمە - ناۋالار قۇلىقىغا كىرمىدى. بوغۇزىدىن تائام ئۆتمىدى، زۆھرەنىڭ پىراقىدا ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندى. نەچچە كۈن تەگرىقۇت تەرەپكە قاراپ ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، ئەمدىكى سۆزنى شاھ بەھرامدىن ئىشىتمەك كېرەك. كارۋانلار بىلەن ھەمراھ شاھ بەھرام رۇمغا قەدەم قويدى. بازار - رەستىلەرنى ئارىلاپ، شەھەر سۇپىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىشىتتىكى، تەختتە ئەلنەغمە بولۇۋاتقان، بىر تەختتە مەزلۇم كىشى، يەنە بىر تەختتە بىر ئەر كىشى خىيالغا چۆكۈپ، نەغمە - ناۋادىن بىزار بولۇپ ئولتۇراتتى. شاھ بەھرام دىققەت قىلدىكى، ھارغىن چىرايىغا خۇشلۇق ئاپتىپى چۈشتى، قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئەنە، ئۇ تاھىر، تاھىر» دېدى. كارۋانلار:

— ئەي سەۋدايى، تاھىرنىڭ گۆشىنى يېگەن قاغىمۇ بۇ يەرگە كېلەلمەس، ئۇ نەدىمۇ تاھىر بولسۇن؟ — دېدى. شاھ بەھرام تەختكە قاراپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەن كەلدىم كارۋان بولۇپ،
كارۋانغا سارۋان بولۇپ.
كارۋان شۇندا قالۇر،
مەن كەلدىم ھەيران بولۇپ.

تاھىر:
كېلىپسەن كارۋان بولۇپ،
كارۋانغا سارۋان بولۇپ.
كارۋان يولىغا قاراپ،
ئولتۇردۇم ھەيران بولۇپ!

دەپ توققۇز زىنەپايە[85] تەختتىن چۈشۈپ، شاھ بەھرامغا ئۆزىنى ئاتتى. شاھ بەھرامنىڭ دولىسىنى بېسىپ قويدى. شاھ بەھرام تاھىرغا زۆھرە ئەۋەتكەن نامەنى تۇتتى. تاھىر نامەنى كۆرۈپ يۈزىگە سۈركىدى ۋە خۇددى باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ يىغلىدى....

ئەلقىسسە، مەلىكە لەيلۇۋەش سىڭلىسى مەلىكە سۇلتان بۇۋىچىنى خانىسىگە چاقىرىپ:

— ئەي سىڭلىم، ئول يىگىت يۇرتىنى ئۇقاق تارتتى. بۇ يەردە كۆكلەشكە كۆڭلى چۈشمىدى، — دەپ، تاھىرنى چاقىرىپ ئۈچ كۈن مەجلىس بەردى. مەلىكە خەيرىۋەش ئۈچ كۈن مەجلىس بەردى. ئانىسى ئۈچ كۈن مەجلىس بەردى. شاھ يەتتە كېچە - كۈندۈز مەجلىس بەردى، تولىدىن - تولا زىياپەت بىلەن ئاسىردى. ئاندىن شاھ بەگلەرگە:

— ئات توقۇڭلار ! — دەپ يارلىق قىلدى. تاھىر شاھقا ئۈچ قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، رازىمەنلىكىـ
نى بىلدۈرگەندىن كېيىن، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سۇ كېلىۇر تاش ئۈستىدە،
قوشۇلۇرمەن قاش ئۈستىدە.
چىن زۆھرەنى سېغىنسام،
يىغلايمەن ئاش ئۈستىدە.

ئاغىچا:
بازارغا بارغان يىگىت،
قوش پىچاق ئاسقان يىگىت.
ئالمىدەك قىزنى قويۇپ،
قېرىنى سۆيگەن يىگىت.

تاھىر:
بازارغا بارغىنىممۇ راست،
قوش پىچاق ئاسقىنىممۇ راست.
قىزغا مەيلىم چۈشمىدى،
قېرىنى سۆيگىنىممۇ راست.

تاھىر شاھ بەھرامنى ھەمراھ قىلىپ ئاتلاندى. شاھ ئۇلارغا ئۈچ يۈز بەگنى قوشتى ھەم: « تاھىر قەيەردە يېتىشقا رۇخسەت قىلسا، شۇ يەردە يېتىڭلار ! » دەپ ئىجازەت بەردى. مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە ھەم بەگلەر بىلەن بىرگە ئاتلاندى.

تاھىر بىر پەرسەڭ[86] يول يۈردى. ئاندىن بەگلەرگە: «ئى بەگلەر، يېتىڭلار !» دەپ مۇراجىئەت قىلـ
دى. مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە شۇئان بۇ بېيىتنى كەلتۈردى:

بۇ تېرەك ئۇزۇن تېرەك،
تۈۋىدىن كەسمەك كېرەك.
يېڭى يار تۇتقان كىشى،
كونىدىن كەچمەك كېرەك.

تاھىر:
ئەزىز جاندىن كېچەرمەن،
مەن زۆھرەدىن كەچمەيمەن.
ئاللا نېسىپ قىلسىلا،
ئۆز يۇرتۇمغا يېتەرمەن.



مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە:

مەن ئاشىق ئىدىم سىزگە،
بىر باقمىدىڭىز بىزگە.
بىر باقمىسىڭىز بىزگە،
ئۆۋالىم بولۇر سىزگە.

تاھىر:
بىرنەچچە مەھەل بولدى،
كەتخۇداچىلىق قىلدۇق.
يۇرتۇمغا يانار بولدۇم،
بىز ئەمدى جۇدا بولدۇق.

256

مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە:

قىيامەت قايىم بولسۇن،
خۇدايىم قازى بولسۇن.
ياقىڭىزنى سىقارغا،
تۆمۈر تىرنىقىم بولسۇن!

تاھىر:
يىلقىلاردا ئۇزۇق بار،
قىزىلگۈلدە پۇراق بار.
يار ئۇستىگە يار تۇتسا،
قىيامەتتە سوراق بار.

مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە:

سەن بارساڭ، مەنمۇ باراي،
تاشلىساڭ، يولدا قالاي.
ئالتۇن ئاپتۇۋا ئېلىپ،
مەلىكەمگە سۇ قۇياي.

تاھىر:
مەن بارسام، سەن بارمايسەن،
بارساڭ يولدا قالمايسەن.
سەن مېنىڭ مەلىكەمگە،
سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيسەن.
مەن بۇ يەرلىك ئەمەسمەن،
يەرنىڭ لېيىن بىلمەسمەن.
ھەرنېچە سۆزۈڭ بولسا،
باغلىساڭمۇ تۇرماسمەن.

ماڭار يوللىرىم تۇزدۇر،
كېچە ماڭا كۈندۇزدۇر.
قويۇپ بېرىڭ، كېتەي مەن،
زۆھرە ئاندا يالغۇزدۇر!

ئى بوز ئېتىم، ئوبدان ئات،
چاپقىن، بوينۇڭنى ئۇزات.
بولسا كېچە زۆھرەگە،
مېنى يەتكۈزگىن بوز ئات.
بېشىڭدىن يۇگەن ئېلىپ،
قىلاي ئېتىم سېنى ئازاد.



تاھىر بوز ئاتنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئۇچ يۈز بەگ ۋە مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە بىلەن خوشلاشتى. ئاتقا قامچا سالدى. مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە تاھىرنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ يىغلاپ قالدى.

ئەلقىسسە، تاھىر بىلەن شاھ بەھرام شۇ يۈرگەنلىرىچە نەچچە مەنزىللەرنى تەي قىلىپ، تەڭرىقۇت باغرىدىكى قاراخان ئېلىگە كەلدى. بۇ چاغ دەل كېچە ئىدى. تاھىر: «ئەي شاھ بەھرام، بىز كىشىلەر ئاغزىغا چۈشتۇق، ئۇتتۇر زۆھرە قېشىغا كىرەيلى» دەپ مەسلىھەت قىلىشۇدى، شاھ بەھرام «خوپ!» دېدى. ئۇلار توقۇز دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، زۆھرە ياتقان راۋاقنىڭ تۇۋىگە كەلگەندە، تاھىر بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:



مەن كەلدىم شۇندىن شۇنچە،
خۇدانىڭ بۇيرۇقىچە.
مەن ئۆلمەي، تىرىك كەلدىم،
خۇدانىڭ بۇيرۇقىچە.

ھېچ يەردىن زاۋان چىقمىدى. تاھىر يەنە:
مەن كەلدىم تاڭ ۋاقتىدا،
زۆھرە ياتار ئۇيقۇدا.
قىچقارسام ئۇن بەرمەيدۇ،
كىم بار ئىكىن يادىدا!

تاھىرنىڭ بۇ ئاۋازى قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان زۆھرەنىڭ قۇلىقىغا مىلتىقنىڭ ئوقىدەك تەگدى، ئىشقى جانجىگەرىدىن نەشتەردەك ئۆتتى. زۆھرە بىتاقەت بولۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئۇخلاۋىدىم ئاۋۋال شەب،    ئۇخلاۋىدىم ئويغاندىم،
بولغان ئوخشايدۇ نىم شەب.    ئۆڭدىن ـ سولغا تولغاندىم.
قاتتىق ئۇيقۇدا ياتتىم،    تاھىر ئىكەنسىز، بىلمىدىم،
تاھىرجان سىزنى چۈشەپ.    قاراباتۇرمىكىن دېدىم.

زۆھرە:

— ئەي قىزلار، تاھىرجان كېلىپتۇ، تۇرۇڭلار ! — دەپ قىزلارنى ئويغاتتى. ئاندىن تاھىرنىڭ ئالدىغا چىقتى. تاھىرنى تەختتە ئولتۇرغۇزدى. قارىسا، تاھىرغا ساقال ـ بۇرۇت چىقىپ قاپتۇ. تاھىر سېزىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يولغا كىردىم غۇربەتتە،    بازار كۆركى باققالدۇر،
ھەسرەت ھەم مۇشەققەتتە.    يىگىت كۆركى ساقالدۇر.
ساقال ـ بۇرۇتۇم خەت تارتتى،    ئايرىلغىلى ئۈچ يىلدۇر،
مېھنەت ھەم مۇشەققەتتە.    سىز مۇندا ھالاۋەتتە!

زۆھرە كۆزىدىن مەرۋايىتتەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇلبۇل سايراپ ئۆتتىمۇ،    ئۈچ يىل بولدى، ئەي زۆھرە،
باغرىڭ بۆلۈنۈپ كەتتىمۇ؟    سېنىڭ ئوتۇڭ ئۆچمىدى.
يار ئۇستىگە يار تۇتۇپ،    رۇم شەھرىدىن قىز ئالدىم،
بېشىڭ كۆككە يەتتىمۇ ؟    ھالىنى بىر سورىمىدىم.
تاھىر:    سەندىن ئايرىلغان بىلەن،
بۇلبۇل سايراپ ئۆتمىدى،    كۆڭلۈمدە ھېچ ئايرىلمىدىم.
باغرىم بۆلۈنۈپ كەتمىدى.

زۆھرە ئۆزىنى تاھىرنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. ئېشىلگەن يىپتەك تولغاندى. ئاڭغىچە شەپەق زەر تارتتى. تاھىر بىلەن زۆھرە شەپەققە يۈز تۇتۇپ، چارباغقا يول ئالدى.

ئەلقىسسە، تاھىر بىلەن زۆھرە چارباغدا ھاردۇق چىقىرىپ نەغمە ـ ناۋا قىلىۋاتسا، ھېلىقى قېرى دەللە چارباغقا تەرمەچ تەرگىلى يەنە كىرىپ كەلدى. باققۇدەك بولسا، تاھىر بىلەن زۆھرە مەجلىس قىلىپ ئولتۇرغان. دەللە يەنە دەرھال يېنىپ، قاراباتۇرغا:

— ئەي قاراباتۇر، ئوتتۇز كۈن روزىنى سەن تۇتساڭ، ھېيتنى تاھىر بىلەن زۆھرە ئوينامدۇ؟ — دەپ ئۇچۇر بەردى. قاراباتۇر ئېيتتىكى:

— ئەي موما، زۆھرە ماڭا ۋەدە قىلغان، ئەتە ئەتىگەندە قۇرغۇيۇمنى ئاچقىپ بىر توققۇز جىبجىق ئالدۇرۇپ كاۋاپ قىلىپ زۆھرەمگە تۇتارمەن. زۆھرەم ماڭا ئاياغ تۇتار، تاھىرنى سۈرۈپ چىقارمەن.

ئول كېچە تاڭ ئاتقۇچە قاراباتۇرنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ يولىمىدى. قاراباتۇر ئەتىسى ئەتىگەندە قۇرغۇيىنى ئېلىپ بىر قۇشلاپ، ئىككىنچى قۇشلاش باھانىسى بىلەن قۇرغۇيىنى يەنە چارباغقا چۈشۈرۈپ، ئۆزى چارباغنىڭ

سىرتىدا تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قۇرغۇي سالدىم قارچىغا،
ئالدى چۇشتى باغچىغا.
قۇرغۇيغىنىم يوق بولدى؟
سوراق بولسۇن بارچىغا؟



تاھىر:
قۇرغۇي سالساڭ بولماسمۇ،
قۇرغۇي جىبجىق ئالماسمۇ؟
بۇرۇن سۆيگەن زۆھرەمنى،
ئەمدى سۆيسەم بولماسمۇ؟

دەپ زۆھرەنىڭ غۇنچىدەك لېۋىدىن بىر توققۇز ئەنجۇر ئۈزدى. بۇنى كۆرگەن قاراباتۇر ئۆزىنى تۇتالماي، يۈزىگە مۇشتلاپ، ئوردىغا كىرىپ يەنە داد ئوقۇدى. قاراخان دەرغەزەپ بىلەن:

— ئەي كاززاپ، بەدرەك، مېنىڭ بىرگىنە قىزىم تۇرسا، تاھىر دەرياغا تاشلانغان تۇرسا، يەنە بەتنام قىلۇرمۇسەن ؟ ! — دېۋىدى، قاراباتۇر:

— ئەي شاھىم، يالغان بولسا، مېنىم تالانغا، بېشىم ئۆلۈمگە، — دېدى. قاراخان يەنە تەھقىقلىغىلى كىشى بۇيرۇغانىدى، راست بولۇپ چىقتى. قاراخان:

— جاللات، جاللات !... — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەلقىسسە، تاھىرنى ئوردىغا باغلاپ ئەكەلدى. ئۈچ يۈز جاللات قىلىچنى قىنىدىن چىقاردى. زۆھرە ھەممىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، بىر كۆزى ئالدىدا، بىر كۆزى ئارقىسىدا تەقلىد تىمتاسلىقنى بۇزۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي ئاتا، قانداق ئىشىڭ،
قول سېلىپ يول مېڭىشىڭ؟
چۆلدە قالغان كېيىكتەك؟
گاھى ـ گاھى بېقىشىڭ.

مەن كەلدىم قۇياش بىلەن،
قوينۇم تولدى ياش بىلەن.
ئىش مەھەلدىن ئۆتتى،
سىز تېخى كېڭەش بىلەن.

تاھىر:
ۋەدىنى ئوردى تاشقا،
تار بولدى ئالەم ياشقا.
يار تۇتماق گۇناھ بولۇپ،
ئاخىر چىقتى باشقا!

جاللاتلار قىلىچنى ۋالىلدىتىپ، تاھىرنى ئېلىپ كەتتى. ئاندىن زۆھرە دادىسىغا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي مېنىڭ ئالىم ئاتام،
تاش يۈرەك زالىم ئاتام.
ئوغلىڭىزمۇ يوق ئىدى،
نە كېچەر ھالىڭ ئاتام.

خۇشخانىلار خۇشخانىلىق،
يوق ئىكەن مۇسۇلمانلىق.
كۈيئوغۇلنى ئۆلتۈرۈپ،
كىمگە قالۇر سۇلتانلىق؟

قاراخان ئويلاندى. ئاندىن:

— چىقىڭ قىزىم، تاھىرنى سىزگە بەردىم، — دېدى. زۆھرە ئۇچقاندەك چىقىپ، قارىغۇدەك بولسا، جاللاتلار تاھىرنى ئالىلقاچان ئۆلتۈرۈپ، تۆت پارچە قىلىپ تۆت دارغا ئېسىپ قويۇپتۇ. زۆھرەنىڭ پەرياد - پىغانلىرى پەلەككە يەتتى. سومبۇللىرىنى يۇلۇپ بىھوش بولدى. بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ، قايتتى. سوڭرە ئۇچىسىغا قارىلىق كىيىپ، ئاندىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تاھىرنىڭ ئاتاسى يوق،
بېلىدە پوتاسى يوق.
يىغلىماڭلار، يۇرت - ئاۋام،
ئالەمنىڭ ۋاپاسى يوق.

كېپەن كىيەي مەن سەنسىز،
شەمۇشەر كېتەي سەنسىز.

سېنى ئۆلتۈرگەن ئاتام،
گۆرگە كىرسۇن ئىمانسىز!

بۇ ھاۋا ھاۋامىدۇ،
قار - يامغۇر ياغامىدۇ؟
قىز ئۇچۇن يىگىت ئۆلمەك،
شەرئىدە راۋامىدۇ؟





كىمنىڭ قولىدىن كەلسۇن،
ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرمەك؟!
ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ،
رەقىبلەرنى كۈلدۈرمەك؟!

قاراخان زۆھرەنىڭ زارىغا پايلىيالماي:

— ئەي قىزىم، كۆڭلىڭىزدە قانداق خاھىشىڭىز بولسا، شۇنى قىلىڭ، — دېدى.

— ئەي ئاتا، كۆڭۈل قۇشۇم ئاسمانغا پەرۋاز قىلدى، — دېدى زۆھرە ۋە پەرياد ـ پىغانىنى ئىچىگە يۇتتى....

ئەلقىسسە، زۆھرە بىر خەزىنە ئالتۇن ـ جاۋاھىرات ئاچىقتى. شەھەرنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئاخۇن ـ موللا، مۇدەررىس ـ ھاپىز، دەرۋىشلەرنى يىغدى. تاھىرنى تەكپىن ـ تەجھىز [87] قىلدۇرۇپ دەپنە ئەتتى. ئاندىن تامامى كىشىگە ئابىئاش بەردى. ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن خىش قۇيدۇرۇپ، تاھىرنىڭ مازارىنى بىنا ئەتتى. جاي مەنزىل، نامى نىشان ئەتتى. شۇنىڭدىن ئۆتۈپ، كۆپكە مۇنداق مۇراجىئەت قىلدى:

— قىرىق كۈنگىچە ماڭا شاھ، گاداي، ۋەزىر، بەگلەردىن بىرىمۇ كۆرۈنمىسۇن! بولمىسا، چانارمەن!

زۆھرە ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. قىرىق كۈن ئۆتكۈنچىلىك تائەت ـ ئىبادەت قىلدى. ئىستەك ـ نىشانى يولىدا تىلەك تىلىدى. قىرىق بىرىنچى كۈنى ھۇجرىدىن چىقتى. خەزىنىدىن تاۋاق ـ تاۋاق ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئالدۇردى. ئوردا كېنىزەكلىرىدىن قىرىقنى ئارقىسىغا سالدى. ئۇلارغا:

— ئەي قىزلار، مەن بۇ مەرۋايىتلارنى بىر مەزگىلدە چاچىمەن، يەردە قويماي تېرىۋېلىڭلار، ھەر كىمنىڭ تەرگىنى ئۆزىنىڭ بولسۇن، — دېدى ـ دە، ئۈنچە ـ مەرۋايىتنى چېچىۋەتتى. ئاندىن قىزلارغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كېلىڭ قىزلار يۈگۈرۈشەيلى،
ئۈنچە ـ مارجان تېرىشەيلى.
ئاندىن بېرىپ مازار بىلەن،
يۈز يېقىشىپ كۆرۈشەيلى!

قىزلار مەرۋايىت تېرىپ قالدى، زۆھرە يۈگۈرۈپ تاھىرنىڭ قەبرىسى ئالدىغا بېرىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تاھىر ئاتلىق بارمۇسەن،
تەختىڭدە ئامانمۇسەن؟
ھۇجراڭغا مېھمان كەلدى،
ئىشىك ئېچىپ چىقارمۇسەن؟

زۆھرەنىڭ مۇراجىئىتىدىن سوگرە گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋاز چىقتى، قەبرە «گۈپ» قىلىپ يېرىلدى. زۆھرە شۇئان قەبرە ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتى. قەبرە يەنە «گۈپ» قىلىپ ئېتىلىپ ئاۋۋالقى ئەسلىگە كەلدى.



كېنىزەكلەر مەرۋايىتنى تېرىپ بولۇپ قەبرە يېنى-
غا بارسا، زۆھرە يوق. كۆردىكى، زۆھرەنىڭ سۇمبۇلىنىڭ
ئۇچى قەبرىنىڭ يېرىلغان يېرىگە قىسىلىپ قاپتۇ. ئۇلار
خاپا ھال قايتىتى. بۇ ئاجايىپ ئىشنى ئاغىچىغا يەتكۈزدى.

ئەلقىسسە، زۆھرەنىڭ مۇراد ھاسىل قىلماق بول-
غىنى پۈتۈن ئەھلى قوۋمغا تارىدى، قاراباتۇر ھەم ئى-
شىتتى. ئۇ ئوردىغا كىرىپ: «تاھىر ئۇچۇن زۆھرەم
ئۆلۈپتۇر، زۆھرەم ئۇچۇن مەن ئۆلەي» دەپ ئۆزىگە ئۆ-
زى خەنجەر ئۇرۇپ ھارام ئۆلۈمدە كەتتى.

قاراخان يارلىق قىلدى:

— قاراباتۇرنىڭ ۋەدىلىك ھەققى بار ئىدى. تاھىر
بىلەن زۆھرەخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دەپنە قىلىڭلار ! —
ئىككى تال قىزىلگۈل ئوتتۇرىسىغا بىر ناپاك تىكەن
قىستۇرۇلدى. ئاشىق - مەشۇق قەبرىسىدىن پات پۇر-
سەتتە ئىككى تۈپ قىزىلگۈل ئۈنۈپ، غۇنچە كۆرسەت-
تى، قاراباتۇر قەبرىسىدىن بىر تۈپ ئازغان ئۈندى. بۇ
ئىككى تال قىزىلگۈل غۇنچىسى ھەردەمدە چىرماشقىلى
يېقىن كەلسە، ئازغان ئوتتۇرىدىن چىقىپ چىرماشتۇرمىدى. شۇ تەرىقىدە نەچچە زامان ئۆتتى.

دەرۋىش ھەققىدە ھېكايەت:

بىر ۋىلايەتتە بىر دەرۋىش بار ئىدى. ئۇ مازار - ماشايىخلارنى كېزىپ يۈرەر ئىدى. ئۇل دەرۋىش
بىر كېچىدە لەزىز ئۇيقۇدا يېتىپ چۈش كۆردى. چۈشىدە كۆزىگە تاملىرى ئالتۇن خىشتىن نەقىشلەن-
گەن، ئەتراپى گۈل، چەشمە، دەرەخزار، رەڭدار گۈللەر پىراقىدا تۇرلۇك - تۈمەن قۇشلار سايراپ تۇرغان
باغ ئېرەم كۆرۈندى. دەرۋىش: «بۇل خۇش ھاۋا يەركەن، بۇ يەردە بىرنەچچە ۋاخ تۇراي» دەپ ئىرادە قىلدى
ۋە ئايلىنىپ كۆردىكى، ئىككى قەبرىدىن ئىككى تال قىزىلگۈل ئۈنۈپ، كامالىغا يېتىپ، غۇنچە كۆرسەت-
تى. بۇل ئىككى تال غۇنچە ھەردەمدە چىرماشقىلى بىر - بىرىگە قاراپ تەبەسسۇمدا ئېگىلسە، ئارىدىن
ئازغان چىقىپ ئايرىۋېتەتتى. چۈشىنى ئېسىگە ئېلىپ «بۇ نېمە ھال؟» دەپ تولغاندى.
دەرۋىش قۇرئەگە سۆزلەر ئىدى. قۇرئەدە قاراپ، ئىككى تال قىزىلگۈل ئۈنگەن تاھىر - زۆھرەنىڭ قەب-
رىسى، ناپاك ئازغان ئۈنگەن قاراباتۇرنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى، تاھىر - زۆھرە ئاشىق - مەشۇق بولۇپ،
بىۋاپا ئالەمدە مۇرادى ھاسىل بولماي، دۈشمەنىنىڭ چاقۇسى، پادىشاھنىڭ ئازابىغا ئۇچراپ، بىگۇناھ كەت-
كەنلىكى قەيت قىلىندى. دەرۋىش قۇرئەنى يىغدى - دە، قەبرە يېنىغا باردى. كۆردىكى، چىرماشقىلى تۇر-
غان ئىككى تال قىزىلگۈل غۇنچىسىنى ئازغان ئايرىۋەتتى. دەرۋىش كەتمەندە ئازغاننى چېپىپ، ئوتتا
كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇدى. دەرۋىش ئەتىسى: «مۇرادى ھاسىلدۇر» دەپ چىقسا، ئازغان يەنە ئۈ-
نۈپ چىقىپ، چىرماشقىلى تۇرغان ئىككى تال قىزىلگۈل غۇنچىسىنى ئايرىۋەتتى. دەرۋىش يەنە ئازغاننى
كەتمەندە چېپىپ، ئوتتا كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇدى. ئۈچىنچى كۈنى ھەم شۇ ھال داۋام قىلدى.
بۇنى مۇلاھىزە قىلغان دەرۋىش بۇ قەبرىدىن باشقا مازار - ماشايىخلارغا كەتمەپتۇ. ئازغان كۈندە ئۈنۈپ
چىقسا، كۈندە كەتمەندە چېپىپ كۈلىنى كۆككە سورۇۋېرىپتۇ، كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋېرىپتۇ، ئىككى تال
قىزىلگۈل غۇنچىسىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولماپتۇ.

# ھۆرلىقا-ھەمراجان

چىنى ماچىن يۇرتىنىڭ خىسراۋ دېگەن پادىشاھى كۇنلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق چۈش كۆردى، چۈشىدە مۇنداق بىر ئىش كۆردى: ئۇنىڭ قولىغا بىر بۇلبۇلگويا قونۇپ خۇش لاتاپەت بىلەن سايراپ تۇرغۇدەك ئىمىش، پادىشاھ چۆچۈپ ئويغانسا قولىدا ھېچ نەرسە يوق ئىمىش. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ يۇرىكىگە بۇلبۇلگوياغا ئاشىقلىق ئوتى تۇتاشتى.

پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ئەسقەرشاھ، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى نۇردۇنشاھ، كىچىكىنىڭ ئىسمى ھەمراجان ئىدى.

پادىشاھ شۇ ھامان ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ: «يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە نەدىن بولسىمۇ بۇلبۇلگويانى تېپىپ كەلمىسەڭلار، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى ئەمەسمەن» دېدى.

بۇ ئۈچ ئوغۇل دادىسىنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈپ، بۇلبۇلگويانى تېپىپ كېلىپ دادىسىنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەپەرگە تەييارلىنىشتى.

ئەسقەرشاھ بىلەن نۇردۇنشاھ ئۇكىسى ھەمراجاندىن قىزغىنىپ، ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي يولغا راۋان بولۇشتى.

ئەلقىسسە، ھەمراجان ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئاتا خىزمىتى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىپ، ئون كۈن كېيىن سەپەرگە چىقىپ، ئۈچ ئاچا يولنىڭ بەندىرىدە ئاكىلىرىغا يېتىشىۋالدى. بۇ يەردە تاشقا ئويۇلغان ئۈچ خەت تۇراتتى:

بىرىنچى يولنىڭ بېشىغا «بارسا كېلەر»؛ ئىككىنچى يولنىڭ بېشىغا «يا كېلەر، يا كەلمەس»؛ ئۈچىنچى يولنىڭ بېشىغا «بارسا كەلمەس» دەپ يېزىلغانىكەن.

ئەسقەرشاھ بىلەن نۇردۇنشاھ ئۇكىسى ھەمراجاننى كۆزدىن يىتتۈرۈش كويىدا كېڭەش تۈزگەندىن كېيىن ئېيتىشتىكى:

— ھەربىرىمىز بىر يولغا كىرىپ بۇلبۇلگويانى ئىزدەيمىز، قايسى يولغا كىرىشنى چوڭدىن باشلاپ تاللايمىز.

ھەمراجان رازىمەنلىك بىلەن:

— ئاكىلار، ئىش سىلەر دېگەندەك بولسۇن، — دېدى. ئەسقەرشاھ «بارسا كېلەر» يولغا، نۇردۇنشاھ «يا كېلەر، يا كەلمەس» يولغا كىردى. ھەمراجان بولسا «يا ئىگەم» دەپ، «بارسا كەلمەس» يولغا مەردانە قەدەم تاشلىدى. ئەسقەرشاھ بىلەن نۇردۇنشاھ يولغا قاراپ بېشىنى قاشلىدى، نېمە قىلىشنى بىلمەي كۆزىنى ياشلىدى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى «بارسا كەلمەس» يولدىن ئاڭلايلى:

ئەلقىسسە، ھەمراجان ئادەم ئايىغى باسمىغان دەشت ـ چۆللەردە ئۇزۇن يۈردى، ئاجايىپ مۆجىزىلەر ـ نى كۆردى. قورسىقى ئاچسا قومۇش بىلەن چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى يەپ، ئۇسسىسا يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ قۇم دۆڭلىرىدىن ئاشتى. يول ئازابى دەرماندىن كەتكۈزگەن ھەمراجان بىر يەردە ئۇخلاپ قېلىپ، چۈ ـ شىدە خىزىرنى كۆردى. خىزىر سۈتتەك ساقىلىنى سىيپاپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، قەيەرگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ھەمراجان:

— ئاتا خىزمىتى ئۈچۈن خالىس بېشىمنى ئېلىپ چىقتىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

خىزىر:

— ئارقاڭغا يان، ئوغلۇم! سەن خەتەرلىك يولغا كىرىپ قاپسەن، — دېدى.

ھەمراجان:

— ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەنكى، يولۇمدىن يانالمايمەن! — دېدى.

خىزىر بېشىنى لىڭشىتىپ:

— خەير، ئىرادىلىك يىگىت كۆرۈنىسەن، ئاقىۋول تىلەيمەن، مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يەتكەيسەن! — دەپ دۇئا ئەيلىدى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

چىقىپسەن چىنى ماچىندىن،
كىرىپسەن خەتەرلىك چۆلگە.
ئەل ئۈمىدى يار بولسۇن،
ھەر زامان بۇرچۇڭنى ياد ئەيلە.

ئەمەستۇر يوللىرىڭ تۈپتۈز،
تىكىلگەندۇر ساڭا كۆپ كۆز،
ئاشىقتۇر نە پەرى، ھۆر قىز،
ھەر زامان بەختىڭنى ياد ئەيلە.

ئاتا خىزمىتى ھەم ئۇلۇغدۇر،
رىيازەت[88] ئۇندا تولۇقتۇر،
ئارسلان يولى يورۇقتۇر،
ھەر زامان يۇرتۇڭنى ياد ئەيلە.

ئېچىلسۇن گۈللىرىڭ رەنا،
ساڭا ھەمدەم بولۇپ دەنا،
ئەقلىڭنىڭ يارى بول ھەمراھ،
ھەر زامان ئەھدىڭنى ياد ئەيلە.



ئەلقىسسە، نەزمىدىن كېيىن خىزىر ئېيتتىكى:

— ئەي ئوغلۇم، يەنە ئون بەش كۈن يۈرسەڭ بىر بۇلاققا يېتىپ بارسەن. ئۇنىڭ سۈيىنى ھەرگىز ئىچىپ قالما، ناۋادا تەشنائى تەقەززا بولساڭ ئەتراپىڭغا نەزەر سالغىن، ھەممىنى چۈشىنەرسەن، — دەپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ھەمراجان ئويغىنىپ قارىسا، ئەتراپىدا ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، يەنە يول يۈردى، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈردى. ئون بەش كۈن دېگەندە بىر بۇلاققا يەتتى. ئۇ راسا چاڭقاپ كەتكەچكە، بۇلاق سۈيىدىن تويۇپ ئىچكۈسى كەلدى، لېكىن شۇ ھامان چۈشى ئېسىگە كېلىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. قارىغۇدەك بولسا، بۇلاق ئەتراپىدا قاغا - قۇزغۇن، يولۋاس، يىلپىز قاتارلىق جانىۋارلارنىڭ ئۆلۈكلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىكەن. «خىزىر ھەممىنى بىلىدىكەن، بۇ زەھەرلىك بۇلاق ئىكەن» دەپ ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالماي كېتىۋەردى. پايانى يوق بىر دەشت - چۆلدە يېگانە كېتىپ بارسا، ئۇنىڭغا ھەيۋەتلىك بىر گۈمبەز يولۇقتى. بۈگۈن مۇشۇ يەردە قوناي دەپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەنىدى، ئىپار - زەپەر پۇراپ ھەمراجاننى مەست قىلىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن يەر يېرىلغاندەك گۈلدۈرلىگەن سادا كەلدى. ئارقىدىنلا بىر توپ چىلتەنلەر ماشايىخلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ گۈمبەزدە تۈنەشكە كىردى. ھەمراجان بىر بۇلۇڭدا تىڭشاپ، ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى.

چىلتەن پىرىم ئېيتتىكى:

— ئەي چىلتەنلەر، بىز مۇنداق تۈنسەك كۆزىمىز ئۇيقۇغا كېتىدۇ، شۇڭا دەرھال ھۆرلىقاغا خەۋەر بېرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

كۆپ ئۆتمەيلا پەرى ھۆرلىقا چىلتەن پىرىم ئالدىدا تەزىم بەجا كەلتۈردى.

چىلتەن پىرىم ئېيتتىكى:

— ئەي ھۆرلىقا پەرى! بۇ ئولتۇرغان ئۇممەتلىرىگە ئۆز قوللىرى بىلەن بىر پىيالىدىن زەمزەم تۇتسىلا قانداق؟ — دېدى. ھۆرلىقا «خوپ!» دەپ قوبۇل ئەيلەپ، قەدەھنى ئابىزەمزەمگە تولدۇرۇپ چىلتەنلەرگە سۇنۇشقا باشلىدى. ئايلىنىپ يۈرۈپ ھۆرلىقانىڭ كۆزى گۈمبەزنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان ھەمراجانغا چۈشتى. ھەمراجان شۇنداق بېشىنى كۆتۈرگەنىدى، ئۇنىڭ كۆزى ھۆرلىقانىڭ ئوتلۇق كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. چاقماق چېقىلغاندەك بىر غايىبانە ئوت ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكىگە تۇتاشتى. شۇ ھامان ھۆرلىقانىڭ قولىدىكى ئالتۇن قەدەھ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

چىلتەن پىرىم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە كۆڭلىدە زوقمەنلىك پەيدا بولدى. سۈبھى مەزگىلى بولغاندا چىلتەن پىرىم ئېيتتىكى:

— ھەي پەرى قىز، سىزگە ئادەمزات ئاشىق بوپتۇ. ئىنسان ئىز باسمىغان بۇ ئىقلىمىمىزغا قەدەم تەشرىپ ئەتكىنىگە قارىغاندا، بۇ يىگىت جىگەرلىك، ۋاپادار كۆرۈنىدۇ. قوبۇل كۆرسىڭىز بەختىڭىزگە تىلەكداشمەن، — دېدى ۋە ئۇلارنى خالىي قالدۇرۇپ، يولىغا راۋان بولۇشتى.

ھۆرلىقا ئېيتتىكى:

— ئەي يىگىت! ئۆزىڭىز كىم بولۇرسىز؟ قاياقتىن كەلدىڭىز؟

ھەمراجان ئېيتتى:

ئاتام ئاشىق بولغانىدى بۇلبۇلگوياغا، شۇنچە ئىزدەپ يېتەلمىدۇق ئۇنىڭغا،
ئۈچ قېرىنداش ئىزدەپ چىقتۇق ئۈچ يولغا. شۇ سەۋەبتىن ئاھۇپىغان چېكەرمەن.

ئەلقىسسە، ئاندىن ھەمراجان ھۆرلىقانىڭ نامۇئەمالىنى سورىدى. ھۆرلىقا جاۋاب ئورنىغا ئاجايىپ خۇش لاتاپەت بىلەن قاقاقلاپ كۈلدى ـ دە، بىر پارچە ئوت بولۇپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا كۆڭ- لى مەھلىيا بولغان ھەمراجان ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئاڭغىچە ھۆرلىقا پەرى ئۆزىنىڭ قارارگاھىغا يېتىپ بېرىپ، ماشايىخلىرىغا ئېيتتىكى:

— ئەي ئۇممەتلىرىم، دەرگاھىمىزدا بىر ئادەمزات پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ سىناپ بې- قىڭلار، نېمە دەردى بار تىڭلاپ بېقىڭلار.

دىۋە ـ پەرىلەر جەم بولۇشۇپ ھەمراجاننىڭ ئالدىغا كۆز يەتمەس قۇم بارخانلىرىنى پەيدا قىلدى. ھەمراجان يول يۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. قۇمدىن چىقالماي ئاياغلىرى تالدى. بارغانسېرى ھەمراجاننى قۇم ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇشبۇ ھالىتىنى نەزمگە قاتتى:

ۋىسال ئىزدەپ بۇ ماكانغا كېلۇرمەن،
مۇندىن قۇتۇلمىشنى قايدىن بىلۇرمەن؟
چەشمە ئىزدەپ ئۇشبۇ چۆلدە ئۆلۇرمەن،
زاغى ـ زۇغۇنلارغا راست تويدۇر بۇگۇن.

پەلەك مېنى بۇ چۆللەردىن ئۆتكۈزسە،
باشقا كەلگەن خەتەرلەرنى كەتكۈزسە،
رەھىم ئەيلەپ مۇرادىمغا يەتكۈزسە،
كۆزدىن ئاققان ياشلىرىم قاندۇر بۇگۇن.

كۆرەلمىدىم، يار باغچىسى ئانارمىدۇر؟
شۇل نىگارىم ماڭا ئوخشاش يانارمىدۇر؟
ۋىسالىغا يۈرەك ـ باغرىم قانارمىدۇر؟
ماڭا ئۇسىز جاھان گويا تۇندۇر بۇگۇن.

گۇناھىم يوق پەلەك مېنى خار قىلما،
ئاجىزىڭغا كەڭ قوينۇڭنى تار قىلما،
مەرد بەندەڭنى نامەردلەرگە يار قىلما،
نى سەۋدالار باشقا چۇشەر كۈندۇر بۇگۇن.



ئەلقىسسە، ھەمراجان بۇ نەزمنى ئوقۇپ زار ـ زار يىغلاپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. غايىب- تىن ئۇنىڭ ئالدىغا خىزىر كېلىپ، ئاغزىغا سۇ تېمىتتى. ئۇ ئويغانسا، تۆت ئەتراپىدىكى قۇم- دىن بۆلەك ھېچ دېرەك يوق ئىدى.

دىۋە ـ پەرىلەر ھۆرلىقانىڭ يېنىغا قايـ- تىپ، ھەمراجاننىڭ نالىسىنى يەتكۈزدى. ھۆرلىقا يەنە سىناپ كۆرمەك بولۇپ دىۋە ـ پەرىلەرگە ئېيتتىكى:

— سىلەر ئەمدى خادا قۇيۇن بولۇپ، غارقىراپ ـ شارقىراپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قۇم ـ توپا تىقىپ بېقىڭلار.

دىۋە ـ پەرىلەر دەرھال بەجا كەلتۈردى. ھەمراجان بۇ قاباھەتلىك قۇيۇنغا قاراپ مۇنداق دېدى:

ئەي بادى سابا[89]، پەيام[90] يەتكۈز،
مېنىڭ يارىمغا سالام يەتكۈز،
ئۆزى بىر گۈل، لېۋى غۇنچە،
چىشلىرى دۇردانىگە يەتكۈز.

ئۆزۈمدۇرمەن ئەلگە نۆكەر،
قايتسام مېنىڭ قانىم تۆكەر،
يانالماسمەن قۇرۇق ئەگەر،
لېۋى شېكەر يارغا يەتكۈز.

ھەمرا دەڭلار شۇل ئاتىمنى،
كىمگە ئېيتاي مەن دادىمنى،
ئاللا بەرسۇن مۇرادىمنى،
ھۆرلىقاخان يارغا يەتكۈز.

ئەلقىسسە، ھەمراجاننىڭ بۇ سالىمىنى دىۋە ـ پەرىلەر ھۆرلىقاغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ھۆرلىقا ئېيتتىكى:

— «مەرتەم، مەرتەم — ئۈچ مەرتەم» دېگەن گەپ بار، ئاخىرقى قېتىم ئۆزۈم بىر سىناپ كۆرەي، ئەقىدىسىنى ئاندىن بىلەي. ئۇ تەختتىن چۈشۈپ، تورغاي سۈرىتىگە كىرىپ، ھەمراجاننىڭ بېشىدىن چۆ ـ چۇلاپ ئايلاندى.

ھەمراجان: «ئەجەب ئىش ـ ھە! ھەرقانداق بولسا قانىتى بار جانىۋاركەن، سالامىمنى يارىمغا يەتكۈزسە ئەجەب ئەمەس» دەپ بىر سۆز ئېيتتى:

خۇدا مېنى ياراتتى،
قارا تۇمان كېچىدە.
ئۆزۈم قالدىم غۇربەتتە،
دەشت ـ باياۋان ئىچىدە.
گۈلدەك يۈزۈم سارغايدى،
قالدىم پىغان ئىچىدە.
يارىم ئاندا ئويناي دۇ،
باغۇبوستان ئىچىدە.
ھاۋادىكى بوز تورغاي،
سايرىمىساڭ نېمە بولغاي.

مېنىڭ مىسكىن جانىمنى،
قىينىمىساڭ نېمە بولغاي.
يۈرەكتىكى ئارمانىم،
چېچەك ئاچسا نېمە بولغاي.
يول باشلىساڭ جەننەتكە،
دوزاخ قاچسا نېمە بولغاي.
بۇ چۆللەردە ئازغاشتىم،
يولغا سالساڭ نېمە بولغاي.
ھۆرلىقاخان يارىمغا،
خەۋەر قىلساڭ نېمە بولغاي.

ئەلقىسسە، تورغاي ھەمراجانغا يول باشلاپ ماڭدى. بىر جايغا كەلگەندە بىر قارا قورغان كۆزگە نامايان بولدى. ھەمراجان: «بۇ قورغان ئىچىدە نېمە كارامەت باردۇر؟» دەپ يېقىن كېلىپ قارىغانىدى، ئۇنىڭ تامام تاملىرى ئالتۇندىن قوپۇرۇلغانىكەن، ئۇ قورغان ئىچىگە قەدەم قويدى. ھەيھات، بىر باغدۇركى، مەرغىزار گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان، قورغان ئىچى نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغانىدى. ھەمراجان باغقا زوقمەن بولۇپ، بىرمەھەل ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ قورغاننىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇئەللەق تۇرغان بىر ئالمىنى كۆردى. ئۇنى ئېلىپ يۇراي دېيىشىگە شۇئان غايىب بولۇپ، دەرھال بىر سېرىق شۇڭقارغا ئايلاندى. ئۇ قانات كېرىپ بىر سىلكىنىۋىدى، باغ ـ ئارامنىڭ ئىچى دىۋە ـ پەرىلەرگە تولدى.

ھەمراجان: «ئەييۇھەنناس! نېمە كارامەت؟» دەپ ساراسىمىگە چۈشتى. ئارقىدىن بىر توپ تورغاي ۋىچىرلىشىپ، باغ ئىچىدە ھۆر ـ پەرىلەر پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ھۆسنلىرى ئاپتاپتىن زىيادە ئىدى. بىردەمدە بىر شۇڭقار قانات قېقىپ ھۆرلىقاغا ئايلاندى. ھەمراجان ئۆزىنى گۈل ئارىسىدا پىنھانغا ئالدى.



هۆرلىقا ئۆز تەختىدە قارار تاپتى. يۈزىدىن پەرى نىقابىنى ئېچىپ تۇرۇشىغا، دىۋە ـ پەرىلەر «باغى ئې ـ
ـرەمدىن ئادەمزاتنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئەرز ئېيتىشتى.
هۆرلىقا: «دەرھال ئاختۇرۇڭلار، ئادەمزات بولسا، دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەي ئېلىپ كېلىڭلار» دې ـ
ـدى. دىۋە ـ پەرىلەر باغى ئېرەمنىڭ ئىچىنى ئىزدەشكە باشلىدى. گۈللەر ئارىسىدىن ھۆرلىقانى كۆرگەن
ھەمراجان ئۆزىنى ئاشكارىلىماقىقا جان ـ جىگىرىدىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نه قىسمەتتۇر كۆزۈمگە،
يار كۆرۈندى ـ كۆرۈندى.
ئۇنىڭ شەمئى ھوشىدىن،
جان بەر ئەمدى، بەر ئەمدى.

رۇخسەت بەر باغقا كىرەي،
گۈلى رەنادىن تېرەي،

قەددى ـ قامىتىڭ كۆرەي،
يۈر سەيلانە، يۈر ئەمدى.

يەتتىم ئاخىر شاھىمغا،
كۆپ كۈيدۈرگەن يارىمغا.
جان قوشۇلدى جانىمغا،
بەر قولۇڭنى، بەر ئەمدى.

ئەلقىسسە، ھۆرلىقاخان ھەمراجاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى خاتىرە بەرمەكلى ـ
ـكىدىن بىر سۆز ئېيتتى:



ئەي يارانلار، ساپ ئىمانلار،
يارا بولدۇم يار دەردىدىن.
ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ - يېنىپ،
سەۋدا بولدۇم يار دەردىدىن.

ئاتەش كەبى كۆيەر بولدۇم،
پىراقىدا ئۆتەر بولدۇم،
سېنى كۆزگە سۈرتەر بولدۇم،
ئۆلەر بولدۇم يار دەردىدىن.

مەندە ھېچبىر پاراغەت يوق،
ئۆتكەن كۈندە ھالاۋەت يوق،
مۇندىن ئارتۇق پالاكەت يوق،
ئۆلەر بولدۇم يار دەردىدىن.

ئېتىم سورساڭ ھۆرلىقادۇر،
پانىي دۇنيا بىباھادۇر،
كۆرگىنىم جەبىر - جاپادۇر،
ئۆلەر بولدۇم يار دەردىدىن.

ئەلقىسسە، ھەمراجان ھۆرلىقانىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ كۆڭلى تەسكىن تاپتى. «ھۆرلىقا يارىم مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەردار ئىكەن» دەپ ئويلىدى. شۇ ئەسنادا دىۋە - پەرىلەر كېلىپ ھۆرلىقاغا ئادەمزاتنى تاپالمىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ھۆرلىقا ئېيتتىكى: «ئەي ھەمراجانىم، ئەمدى ئۆزۈڭنى ئاشكارا قىلغىن، جىمىكى پەرىزاتلار جامالىڭنى كۆرسۇن!» دېدى. ھەمراجان گۈللەر ئارىسىدىن چاچراپ چىقىپ ھۆرلىقانىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ئۆزئارا جاي - مەنزىل سوراشتى.

ھۆرلىقا:

ئادەمزاتنىڭ ئەي ئېسىل نەسلى،
سادىغاڭ كېتەي، قايدىن كېلۇرسەن؟
ئەزىز ئەلنىڭ باھارى - پەسلى،
سادىغاڭ كېتەي، قايدىن كېلۇرسەن؟

ھەمراجان:

ئۆمرۈم ئۆتتى بوتىلاقتەك تەلمۈرۈپ،
ھەسرىتىڭدە زەپىراندەك سارغىيىپ،
نەچچە كۈنلەپ چۆلىستاننى ئاختۇرۇپ،
سېنى ئىزدەپ باياۋاندىن كېلۇرمەن.

ھەمراجان:

مېنى سورساڭ، چىنى ماچىن يۇرتىدىن،
ۋىسال ئىزدەپ سەرگەردانە كېلۇرمەن.
نەچچە كۈنلەپ دەردۇپىراق ھىجرىدىن،
كۆيۈپ - پىشىپ، ئاشىقانە كېلۇرمەن.

ھۆرلىقا:

قانداق قىلاي سېنىڭ ئاھۇ زارىڭغا،
بىلگىل، ئىزدەپ قانچە باردىم جايىڭغا،
جان پاياندار بولسۇن خاكى پايىڭغا[91]
سادىغاڭ كېتەي، قايدىن كېلۇرسەن؟

ھۆرلىقا:

كىشى مۇنچە كەچ كېلۇرمۇ دوستىغا،
كۆز تىكتىڭمۇ ياكى جانىنىڭ قەستىگە،
قوندۇرىمەن سېنى سىنەم ئۈستىدە،
سادىغاڭ كېتەي، قايدىن كېلۇرسەن؟

ھەمراجان:

چىن ئاشىقمەن، كۆرگىن چىراي - تەرىمدىن،
قۇلۇڭ كەبى كەتمىگەيمەن دەرىڭدىن[92]،
ۋەسلىڭ ئۈچۈن كەچتىم يوقۇ بارىمدىن،
سېنى ئىزدەپ بۇ ماكانغا كېلۇرمەن.

ئەلقىسسە، «ئادەمزاتنى بىۋاپا دەپ ئاڭلىغانىدىم، يەنە بىر سىناي» دەپ ھۆرلىقا ھەمراجانغا ئېيتتىكى:

— ئەي ھەمراجان، يېنىڭىزدا قىرىق بىر ھۆر - پەرى تۇرۇپتۇ. خالىغىنىڭىزنى تاللىۋېلىپ كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلغايسىز، — دېدى. ھەمراجان قاتتىق رەنجىش ئىچىدە:

— ھۆرلىقاخان، سىز نېمە خىيال قىلۇرسىز؟ مېنىڭ كۆڭلۈم ھامان سىزدە، مەن سىزگىلا بەندە! — دەپ بىر سۆز ئېيتتى:

كۆڭلۈمدىكى شۇدۇر، ساڭا قۇل بولسام،
نېدۇر كۆڭلۈڭ، نېمىلەرنى ئويلايسەن؟
ئىشقىڭ ئوتى قىلدى مېنى پەرۋانە،
نېدۇر كۆڭلۈڭ، نېمىلەرنى ئويلايسەن؟

مەقسىتىم شۇ، بەندە بولسام ئېلىڭگە،
لەۋلىرىمنى قويسام شېرىن لېۋىڭگە،
چىرماشسامدىم سېنىڭ نازۇك بېلىڭگە،
نېدۇر كۆڭلۈڭ، نېمىلەرنى ئويلايسەن؟

ئىچەي شاراب خۇش مۇبارەك قولۇڭدىن،
مەن قايتماسمەن مەگەر كەلسە ئۆلۈمدىن،
مىڭ ئۆرگىلەي، قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن،
نېدۇر كۆڭلۈڭ، نېمىلەرنى ئويلايسەن؟

ئەلقىسسە، ھەمراجاننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھۆر - پەرىلەر بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى. باغى ئېرەمدە ھۆرلىقا بىلەن ھەمراجان يېگانە قېلىشتى. بىر - بىرىگە تويماي قارىشىپ، ھۆسن - جامالىرىنى مارىشىپ، كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتىشالماي كۆز بېقىشىپ قانچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىر ھۆرلىقا بىتاقەت بولۇپ، ئالتۇن سازىنى قولىغا ئېلىپ، ئاشىقلار مۇقامىغا چېلىپ بىر سۆز ئېيتتى:

بۈگۈن مېنىڭ بولۇرسەن ئەزىز مېھمانىم،
سۆھبەت تۈزگىل، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.
شېرىن جانىم ساڭا بولسۇن قۇربانىم،
گۈلدەك ئېچىل، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

ئاشىق بولساڭ تەشۋىش قىلما ئۆلۈمدىن،
باغۋەن بولۇپ بۇي ئال تازا گۈلۈمدىن،
بىلدىم ئوتلۇق سىرلىرىڭنى سۆزۈڭدىن،
ئويناپ - كۈلگىل، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

سېنى دەپ كەچتىم مەن گۈل ئۈزارىمدىن،
خەۋەر ئالغىن، مېنىڭ ئاھۇزارىمدىن،
ئاق كۆكسۈم ئاراسى — ئالمىزارىمدىن،
ئۈزۈپ كۆرگىل، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

مۇھەببەتنى گۈللەيلى بىز دۇنيادا،
ھەمراجانىم ئۆمرۈڭ ئۇزۇن زىيادە،
مېنى ساڭا نېسىپ ئەتمىش ئىرادە،
قولۇم تۇتقىل، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

ھۆرلىقا بىلەن ھەمراجان باغى ئېرەم ئىچىدە يەنە بىرقانچە كۈن سەيلە - تاماشا قىلدى، گۈلشەن قۇچىقىدا ئىشق پەيزىنى سۈردى. كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى، ھۆرلىقاخان يارى ھەمراجاننى خامۇش ھالەتتە كۆردى. ھۆرلىقا:

— ئەي ھەمراجان، دەردىڭ نېدۇر؟ نېمە شۇنچە ئاھۇئەپغان چېكەرسەن؟ — دېدى.

ھەمراجان بىلەن ھۆرلىقا بىر - بىرىگە ئەرز - ھالىنى بايان قىلماقتىن قان - جىگىرى بىلەن ئېيتقانلىرى:

ھۆرلىقا:
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي، ئاي مەسەل يارىم،
نېمە شۇنچە ئاھۇئەپغان ئېتەرسەن؟
سۆزۈڭ ئىشىتمەسكە يوق سەبىر - قارارىم،
ئېيتقىل، نېچۈن ئاھۇئەپغان ئېتەرسەن؟
ھەمراجان:
باشتىن سۆزلەي، يەتكىل دادۇھالىمغا،
شۇڭا ھەرئان ئاھۇئەپغان ئېتەرمەن.
قېرىنداشلىرىم چۈشتى مېنىڭ يادىمغا،
شۇڭا ھەرئان ئاھۇئەپغان ئېتەرمەن.

ھۆرلىقا:
باغۋەنىڭمەن، بېغىم ئىچرە يارىڭ بار،
ئول باغ ئارا ئالما بىلەن نارىڭ بار،
نە يىغلايسەن، كۆزلىرى خۇمارىڭ بار،
نېمە شۇنچە ئاھۇئەپغان ئېتەرسەن؟

270





ھەمراجان:
سۇ قەترىسى ئۆتمەس ھازىر گېلىمدىن،
جۇدا بولغاچ ۋەتىنىمدىن ـ ئېلىمدىن،
نېچۈك چىققاي ئاتا سۆزى دىلىمدىن،
شۇڭا ھەرئان ئاھۇئەپغان ئېتەرمەن.
ھۆرلىقا:
نە سەۋەبتۇر سېنىڭ ئىزدەپ چىققىنىڭ،
شېرىن جانغا ھىجران ئوتىن ياققىنىڭ،
جانغا پاتتى «ئاھ» تارتىپ ئوق ئاتقىنىڭ،
ئېيتقىل، نېچۈك ئاھۇئەپغان ئېتەرسەن؟
ھەمراجان:
بۇلبۇلگويا كۆرمىش ئاتام چۈشىدە،
تاپماق شەرتتۇر ئۇنى ئۈچ ئاي ئىچىدە،
كۆڭلۈم كېزەر كۈندۈز بىۈكېچىدە،
شۇڭا ھەرئان ئاھۇئەپغان ئېتەرمەن.
ھۆرلىقا:
ھۆرلىقاخان ئېيتۇر: كۆڭۈل موھتاجى،
بۇلبۇلگويا بولسا، بولۇر ئۇنىڭ ئىلاجى،
تەركىدىدار قىلما گۇناھ رىۋاجى،
يەنە نېچۈك ئاھۇئەپغان ئېتەرسەن؟

ئەلقىسسە، ھەمراجان ئېيتتىكى:

— ئەي مەلىكەم، ئاتام چۈشىدە كۆرگەن بۇلبۇلگويانى ئىزدەپ چىقىپ سېنىڭ ئىشقىڭغا مۇپتىلا بولدۇم. ئاتام: «ئۈچ ئايغىچە تاقىتىم بار، ئۇندىن ئۆتسە ماڭا ئۆلۈم يار» دېگەنىدى، ھازىرغىچە بۇلبۇلگويانى تاپالمىدىم. شۇڭا، ئۇھ تارتماي نېمە ئىلاج. ھۆرلىقا ئېيتتىكى:

— بۇلبۇلگويانى تېپىشنىڭ ئىلاجى بار، ئۇ ئىگىچەم ھۆر زەپىرانىنىڭ بېغىدا ئالتۇن قەپەستە ئېسىقلىق. خالىساڭ مېنىڭ ئېرەم بېغىمدا بەھۇزۇر سەيلە قىلىپ ئولتۇرغىن؛ بۇلبۇلگويانى مەن ئەكېلەي. ھەمراجان:

— ئۆزۈم ئەجىر قىلىپ ئەكېلۇرمەن، تەييارغا ھەييار بولمايمەن ، — دېدى. ھۆرلىقا:

— ئۇنداق بولسا سېنى بىر سائەتكە قالماي باغى سۇمەنگە يەتكۈزۈپ قوياي، — دەپ ئەڭ ياراملىق، قابىل ئۇممەتلىرىدىن بولغان دىۋە قەقنۇسنى چاقىردى ۋە ھەمراجاننى ئۇنىڭ ئۈستىگە مىندۈرۈپ قويۇپ:

— باغى سۇمەنگە بىخەتەر يەتكۈزۈپ، ئامان ـ ئېسەن ئەكەلگەيسەن، — دېدى. قەقنۇس تەزىم قىلىپ، ئاسمانغا شۇنداق پەرۋاز قىلدىكىم، ئەييۇھەنناس ! دېگەندەك، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ھەمراجاننى باغى سۇمەننىڭ ئۈستىگە چۈشۈردى. كۆردىكى، باغى سۇمەن ھۆرلىقانىڭ بېغىدىن زىيادە چوڭ بىر باغ ئىكەن. ھەمراجان باغنى ئارىلاپ ھۆرلىقا نىشان قىلىپ بەرگەن يەرگە كەلدى. ئېيتقاندەك بۇلبۇلگويا ئالتۇن قەپەستە ئېگىز پەشتاقتا ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. ھەمراجان تەسلىكتە قەپەسنى يېشىپ يولغا راۋان بولدى. بىر يەرگە كەلگەندە، «ئاتام ئاشىق بولغان بۇ جانىۋارنىڭ خاسىيىتىنى بىر كۆرەي» دەپ ئالتۇن

پەردىسىنى شۇنداق ئېچىۋىدى، ئاجايىپ ئۇز ۋە خۇشخۇي بىر قۇش ئايان بولدى. بۇلبۇلگويا ھەمراجاننى كۆرۈپلا شۇنداق سايراپ كەتتىكى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھەمراجان بىھوش بولدى. باغى سۇمەندىكى ھۆر زەپىرانىنىڭ ئۇممەتلىرى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. قارىغۇدەك بولسا، بۇلبۇلگويا يوق ئىدى. ئۇلار دەرھال ھۆر زەپىرانغا خەۋەر قىلدى. ھۆر زەپىران جىمىكى دىۋە ـ پەرىلەرنى يىغىپ نەدىن بولسۇن تېز-لىكتە بۇلبۇلگويانى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ھۆر زەپىرانىنىڭ قابىل دىۋىسى بولغان ھەشرەت ئېرەم باغىنىڭ يولىغا قاراپ بوراندەك ئۇچتى. بىر جايغا كېلىپ بىھوش ياتقان بىر ئادەمزاتنى كۆردى. ئۇ ئادەمزاتنىڭ ئالدىدىكى ئالتۇن قەپەستە بۇلبۇلگويا سايراپ تۇراتتى. دىۋە ھەشرەت شۇ ھامان بۇ ئەھۋالنى ھۆر زەپىرانغا مەلۇم قىلدى. ھۆر زەپىران: «بۇلبۇلگويانى ئوغرىلىغان بۇ ئادەمزاتنى يەتتە قات كۆك قەرىدىن يەرگە تاشلىۋېتىڭلار!» دەپ پەرمان بەردى. دىۋە ھەشرەت ھەمراجاننى ئاسمانغا ئاچىقىپ كەتتى. دىۋە قەقنۇس بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دىۋە ھەشرەتنى قوغلاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار كۆكتە شۇنداق جەڭ قىلدىكى، يەر ۋە ئاسمان تەۋرەپ كەتتى. ھەمراجان دىۋە ھەشرەتنىڭ قولىدىن ئاجراپ كېتىپ يەرگە قاراپ مۇئەللەق موللاق ئاتتى. ئۇ ئۆزىگە مەدەت تىلەپ مۇناجات ئېيتتىكى:

قارا تۇپراق ئالۋاستىدەك يۇتماقچى بولدى،
ئارزۇ گۈلۈم چېچەك ئاچماي ئەلەمدە سولدى.
خەستە جانىم پايانى يوق غەملەرگە تولدى،
بۈگۈن ماڭا مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

بارچىمىزنىڭ ئاتاسىدۇر ئادىمىي نەبى،
ھەمراھ قۇلنىڭ پىرىدۇر ھەزرىتى ئېلى،

كۆردۈڭمۇ سەن ھالىم نېچۈك ھۆرلىقا پەرى،
بۈگۈن ماڭا مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

بەرسە ئەگەر بىر جۈپ قانات شۇڭقار بولاتتىم،
قەقنۇستەك كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلاتتىم،
مەھكۇم قۇشلار قەپىسىنى قويماي چاقاتتىم،
بۈگۈن ماڭا مەدەت بىرەر كۈنۈڭدۇر.

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆزنى ھۆرلىقاخاندىن ئاڭلايلى: ھۆرلىقا ھەمراجاننى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولدى. كۆڭلىگە غەيرىي گۇمان چۈشتى. دەرھال قۇرئەندازلىرىنى چاقىرىپ:

ـــ ئەي مۇنەججىملەر، ھەمراجانىم ھېلىغىچە كەلمىدى، كۆڭلۈم غەش تۇرىدۇ، بىر قۇرئە سېلىپ بېقىڭلار، ـــ دېدى. قۇرئەندازلار قۇرئە كىتابلىرىنى ئېچىپ:

ـــ ئەي مەلىكەئى جاھان، يارىڭىز ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقىدا نىمجان چۈشۈپ كېتىپ بارىدۇ، ـ





دېدى. ھۆرلىقا بۇنى ئاڭلاپ دەرھال شۇڭقارغا ئايلىنىپ كۆككە پەرۋاز قىلدى. كۆردىكى، ھەمراجان يەرگە قاراپ مۇئەللەق چۈشۈپ كېتىپ بارغۇدەك. ھۆرلىقا چەبدەسلىك بىلەن ھەمراجاننى تۇتۇۋېلىپ خەتەردىن قۇتقۇزدى. ھەمراجان تېخىچە بىھوش ئىدى. ھۆرلىقا نەچچە - نەچچە دورىلارنى ئىشلەتتى، ھېچقايسىسى شىپا قىلمىدى. ئاخىر خاسىيەتلىك رومالىنى ھەمراجاننىڭ يۈزىگە يېپىپ قويۇپ، خۇن - جىگىرىدىن ئىبسەنلىك تىلەپ، مۇناجات ئېيتتى:

قارا كۇنلەر چۈشتى مېنىڭ بېشىمغا،
نەزەر ئەيلەپ قۇتقۇزغىن، دەپ يىغلايمەن.
ئەگەر مېنىڭ مۇرادىمنى بەرمىسەڭ،
بۇ جېنىمنى تېز ئالغىن، دەپ يىغلايمەن.

ئىشق ئوتىدا يۈرەك - باغرىم كۇل بولدى،
ھەمراجانىم قېنى سەن، دەپ يىغلايمەن.
تەتۈر پەلەك يارنى بىھوش ئەيلىدى،
ھەمراجانغا شىپا بەر، دەپ يىغلايمەن.

قۇرئەندازلار قۇرئە ئېچىپ بېقىڭلار،
ھەمراجانغا جاننى پىدا ئېتىڭلار،
يۈرەك - باغرىم ئېلىپ ئاڭا قېقىڭلار،
ھەمراجانغا شىپا بەر، دەپ يىغلايمەن.

نېچۈك يارىم كۆكتىن موللاق ئاتارسەن،
ئەقلۇ ھوشۇم ئېلىپ ئوتقا سالارسەن،
بىھوش بولۇپ يۈرىكىمنى تىلارسەن؟
ھەمراجانغا شىپا بەر، دەپ يىغلايمەن.

قابا پەلەك چەرخىن چەپكە ئۇرغاندۇر،
بۇلبۇلگويا ھازىر قايدا تۇرغاندۇر؟
بىلەلمىدىم يار قاناتى سۇنغاندۇر،
ھەمراجانغا شىپا بەر، دەپ يىغلايمەن.

ھۆرلىقا دەر بەختىم مېنىڭ قارادۇر،
ئىشق دەردىدە يۈرەك - باغرىم يارادۇر،
يار بىلەن تەڭ جېنىم چىقسا راۋادۇر،
ھەمراجانغا شىپا بەر، دەپ يىغلايمەن.

ئەلقىسسە، ھۆرلىقا ھەمراجاننىڭ بېشىنى تىزىغا قويۇپ، يۈزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى، شۇ ئەسنادا كۈھقاپ تەرەپتىن مەيىن شامال چىقىپ ھەمراجاننىڭ يۈزىدىكى رومالنى سىيپاپ ئۆتتى. ھەمراجان ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ۋە ھۆرلىقاغا قاراپ:

— ئەجەب ئۇخلاپ كېتىپتىمەن - ھە؟ — دېدى. ھۆرلىقا:

— ئەي جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ سەدپارىسى، ئۇخلىغىنىڭىز يوق، — دەپ ۋەقەنى بىر - بىر بايان قىلدى. ئارقىدىن ھۆرلىقا ئاسمانغا قارىۋىدى، دىۋە قەقنۇس بىلەن دىۋە ھەشرەت تېخىچە قاتتىق جەڭ قىلىۋاتاتتى، بۇلبۇلگويانى ئوغايلىقچە ئېلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىنى سېزىپ، بىر تال چېچىنى كۆيدۈرگەنىدى، باغ ئارامدىكى بارلىق دىۋە - پەرىلەر ھازىر بولدى. ئاڭغىچە ھۆر زەپىرانمۇ نەچچە مىڭ دىۋىگە باش بولۇپ، سەپ تارتىپ كەلدى. ھۆرلىقا ئىگىچىسى ھۆر زەپىران بىلەن ئۇچرىشىپ



جەڭ كېلىشىمى تۈزدى. ھۆرلىقا ئېيتتىكى: «ئەگەر مەن يېڭىلسەم، پۈتۈن ئېلىم بىلەن زاتىڭغا كىرىپ ساڭا ئەل بولىمەن. سەن يېڭىلسەڭ، بۈلبۈلگويانى ئۆز قولۈڭ بىلەن بىزگە تەقدىم قىلىسەن، — دېدى. ھۆر زەپىران ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن شۇنداق جەڭ باشلاندىكى، ئاسمان مالائىكلىرى قورققىنىدىن ئۆزىنى يوشۇرىدىغان جاي تاپالماي قالدى. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئۇرۇشۇپ ھۆرلىقا غالىب كەلدى. ھۆر زەپىرانىنىڭ دىۋىلىرىنى شۇنداق ئۇردىكى، ئۇلارنىڭ بېشى ئاسمانغا مىخلىنىپ قېلىپ، تېنى يەرگە پاتتى. ھۆر زەپىران ساغداقىنى بويىنىغا ئېسىپ كېلىپ ھۆرلىقانىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ۋە ئېيتتىكى:

— ئەي سىڭلىم، بىر ئادەمزاتنى دەپ مېنىڭ شۇنچە كۆپ ئۇممەتلىرىمنى قەتلىئام قىلامسەن؟.

ھۆرلىقا ئېيتتىكى:

— ناۋادا ھەمراجاننى بىر كۆرسەڭ شۇ چاغدا چۈشىنەر ئىدىڭ، — دېدى. ھۆر زەپىران:

— شۇل يارىڭنى ماڭا بىر كۆرسەتكىن، سېنى جىمىكى ئۇممەتلىرىڭ بىلەن قوشۇپ باغى سۈمەندە زىياپەتكە تەكلىپ قىلىمەن، — دېدى. ھۆرلىقا ئىگىچىسى ھۆر زەپىرانىنىڭ لەۋزى بويىچە ئۇرۇشنى توختىتىشقا پەرمان چۈشۈردى. ھۆر زەپىران ھەمراجاننى بىر كۆرۈپلا يۈرىكىدە ئىشتىياق پەيدا بولدى. ئىشق ئوقى يۈرىكىگە پېتىپ تاشتەك قېتىپ قالدى. ھۆرلىقا بىلەن ھەمراجان ئۆزلىرىنىڭ تاماشىسى بىلەن بەند ئىدى. ھۆر زەپىران بىتاقەت بولۇپ ھۆرلىقانىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇرۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

بويۇڭدىن ئۆرگىلەي، ھۆرلىقا جانىم، قۇربان بولسۇن ئاڭا جانۇجاھانىم،
ھەمراجاننى ماڭا بەرسەڭ، نېمە بولغاي؟ شۇل يارىڭنى ماڭا بەرسەڭ، نېمە بولغاي؟

جىمىكى خەزىنەم ھەدىيە بولسۇن،
گويا قۇش قولۇڭدا خۇش ناۋا قىلسۇن،
باغى سۇمەن پۇقراسى سېنى شاھ بىلسۇن،
ھەمراجانىڭنى بەرسەڭ، نېم بولغاي؟

ئەلقىسسە، ھۆر زەپىران ھەمراجاننىڭ ھۆسن ـ جامالىغا تويماي قاردى ۋە ھۆرلىقانىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ:

ـــ ئەگەر ھەمرانى ماڭا بەرسەڭ، ھازىرلا ئالدىڭدا جان بېرىشكە رازىمەن، ـــ دەپ قاتتىق شەرت قىلدى. ئۆزگە قاراپمۇ قويمىغان ھەمراغا نالە ـ پەرياد قىلىپ بىر سۆز ئېيتتى:

ھەمرا جانىم، سېنى كۆرمەك بارمىكىن؟
ساڭا پەقەت ھۆرلىقالا يارمىكىن؟
ئىشقىڭ بېغى پېقىرىڭغا تارمىكىن؟
ئايلىناي مەن قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

سېنى كۆرۈپ ئەقلۇھوشۇم كېتىپتۇر،
شېرىن جانىم ھەلقۇمغا يېتىپتۇر،
كاتىپلىرى ئىشقنى شۇنداق پۇتۇپتۇر،
ئايلىناي مەن قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

رەھىم ئەيلە، ھەمرا مېنىڭ جانىمسەن،
باغى سۇمەندە تولغان قىزىل نارىمسەن،
ئالەمدىكى ئېسىل گۆھەر نانىمسەن،
ئايلىناي مەن قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

ئەلقىسسە، ھەمراجان بۇ نەزمنى ئاڭلاپ قاتتىق رەنجىدى. ھۆرلىقاغا ئىلتىماس قىلدىكى: «ئىگىچە ـ ڭىز نومۇسنى بىلمەيدىكەن، بۇ ماكاندىن تېز كېتەيلى، مېنىڭ ھۆر زەپىرانغا قارار كۆزۈم يوق» دېدى. غەزەپلەنگەن ھۆرلىقا ھۆر زەپىرانغا بىر سۆز ئېيتتى:

ھەمراھىمنى، ئاپا[93]، بىرلا كۆرۈپسەن،
ئەقلۇھوشۇڭ، ئۆز مەيلىڭنى بېرىپسەن.
ئاپا، شۇنداق يامان كۆڭگە قېلىپسەن،
بۇ سەۋدادا ئەمدى يىغلاپ ئۆلەرسەن.

ئىشق يولىدا نەرخ ـ ھاۋا بولارمۇ؟
شەرئەتمۇ ئۇنى راۋا كۆرەرمۇ؟
ۋاپا ئەھلى بولەك جاننى سۆيەرمۇ؟
ياناداشمىغىن يارىمغا، بېشىڭ كېسەرمەن.

ئەلقىسسە، ھۆر زەپىران ھۆرلىقانىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلماي كۆپ ماجىرا بولدى. ھۆرلىقا:

ـــ ئۇنداق بولسا شەرئەتتىن يول تاپقىن، ـــ دېدى. ھۆر زەپىران يول تاپماق بولۇپ كۆھىقاپ شەھىرىدىكى نامدار قازىنى تەكلىپ قىلدى. قازى كەلگۈچە ھۆرلىقاغا خۇشامەت ئەيلەپ، ئۇلارنى چوڭ مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلدى. تۈرلۈك ـ تۈمەن نازۇنېمەت، قەنت ـ گېزەك، مەي ـ شارابلار تەييارلاندى. سازەندىلەر قالۇن، غىجەك، راۋاب، دۇتار، تەمبۇر، ساتار، بالىمانلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ مۇقامغا سازلىدى. نازىنىن پەرىلەر ئالتۇن گەردىشلەرگە رۇم شارابىنى تولدۇرۇپ تەكەللۇپ بىلەن ھۆرلىقا بىلەن ھەمراغا سۇندى. شۇل سائەتتە قازى يېتىپ كەلدى. ھۆر زەپىران قازىغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى خىلۋەت جايغا باشلاپ بىر سۆز ئېيتتى:

بويۇڭدىن ئۆرگىلەي، گۈل يۈزلۈك قازى،
بۇگۈن بىزگە نىكاھ بولسۇن دېگەيسەن.
قۇلاق سېلىپ ئاڭلا مېنىڭ ئاھىمنى،
بۇگۈن بىزگە نىكاھ بولسۇن دېگەيسەن.

ئادەمزات زاتىدىن ھەمرا كېلىپتۇر،
ئەقلۇ ھوشۇم، مەيلىمنى قويماي ئېلىپتۇر،
سىزگە بۇگۈن بىر تىلەكىم بولۇپتۇر،
بۇگۈن بىزگە نىكاھ بولسۇن دېگەيسەن.

قىرىق مىڭ ئات بېرىمەن، تىللا ئېگەرلىك،
قىرىق مىڭ قۇل بېرىمەن، زەررىن كەمەرلىك،
قىرىق مىڭ قۇش بېرىمەن، تۇرپە جىگەرلىك،
بۇگۈن بىزگە نىكاھ بولسۇن دېگەيسەن.

ئۆمۈرۋايەت تەييارمەن خىزمەتلىرىڭگە،
ھەرنە دېسەڭ باش ئېگەرمەن بارچە ئەمرىڭگە،
ئارام ئىستەر ئېرسەڭ تارتقان جەبرىمگە،
بۇگۈن بىزگە نىكاھ بولسۇن دېگەيسەن.

ھەمرا ھۆسنى ھۆر غىلماندىن يېگانە،
ئۇ شاھ ئېرسە، بولدۇم مەن بىر دىۋانە،
جاۋابىڭنى بەرگىل قازىم، مەردانە،
بۇگۈن بىزگە نىكاھ بولسۇن دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، قازى:

— ئەسلىدە ئىككى قېرىنداش بىر ئەر نىكاھىغا جايىز ئەمەس. ئەگەرچەندىكى مېنىڭ شەرتىمگە كۆنسەڭ، شەرىئەتتىن يولىنى تېپىپ بېرۇرمەن، — دېدى. ھۆر زەپىران بۇ يولدا ھەرقانداقكى شەرت بولسا قوبۇلغا تەييارلىقىنى بىلدۇردى. نائىنساب قازى:

— بىر خۇرجۇن كۈمۈشتىن باشقا مېنى قانغۇچە بوسە قىلدۇر، — دېدى. ھۆر زەپىران نائىلاج ئىككى مەڭزىدىن ئوتتۇز بوسە بەردى. ھۆرلىقا ئىگىچىسى بىلەن قازىنىڭ خىلۋەت جايدا ئىشرەت قىد-لىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى. بىرھازادىن كېيىن قازى كىتابىنى كۆتۈرۈپ ھۆر زەپىرانىنىڭ ھەمراھلى-قىدا ھۆرلىقانىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ھۆر زەپىران:

— نىكاھقا يول تاپتىم، مانا قازىنىڭ كىتابىنى ئاڭلاڭ، — دېدى. ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ھۆرلىقا قازىنىڭ كۆزىگە نەشتەردەك سانجىلىپ بىر قارىغانىدى، قازى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قېتىپ قالدى. ھۆرلىقا قازىغا قاراپ بىر سۆز ئېيتتى:

خۇش كېلىپسەن، قازى، بىزنىڭ ئارىغا،
ئاقىل بولساڭ مەزۇر بولما پارىغا.
پارا بىلەن يۈز بويىما قارىغا،
راستتىن ئېيتقىل، قازى، ئۆلۈم باردۇر بىر كۈن.

ھەقنى جاۋاب بەرسەڭ سېنى سۆكمەسمەن،
يولۇڭ توسۇپ، كاللاڭنىمۇ كەسمەسمەن،

بېشىڭنى ھەم ئىبرەت ئۈچۈن ئاسماسمەن،
راستتىن ئېيتقىل، يالغان ئېيتساڭ ئۆلەرسەن.

قازى سېنى بۇگۈن خۇدا ئۇرغاندۇر،
شۇم پەيلىڭنى ھەممە كۆرۈپ تۇرغاندۇر،
پەيمانىڭمۇ ئەمدى تولۇق تولغاندۇر،
راست جاۋاب بەر، قازى، ئەمدى ئۆلەرسەن.

ئەلقىسسە، قازى ئاغزىنى مىدىرلىتالمىدى. نىكاھ راۋا دېسە، پارا ھېسابىغا شەرىئەت يولىنى خار ئەتتىڭ دەپ ھۆرلىقا جازالايدۇ، «نىكاھ بىراۋا» دېسە، ھۆر زەپىرانغا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپ، تېخىمۇ يامان كۈنگە قالىدۇ. ئويلاپ ـ ئويلاپ قازى ھېچ يول تاپالمىدى، يا ئاغزىنى ئاچالمىدى. ھۆر زەپىران دەر ـ غەزەپ بولۇپ، قازىدىن: «نىكاھقا يول بارمۇ، يوق؟» دەپ تەكرار سورىغانىدى، قازى ئۆزى سەزمىگەن ھالدا بېشىنى چايقىدى. ھۆر زەپىران ھوشىنى يوقاتقان ھالدا قىلىچىنى سۇغاردى. باغى سۈمەن ئىچىدە قازىنى قوغلاپ يۈرۈپ بىر سۆز ئېيتتى:

ماڭا شۇنچە ۋەدە بەردىڭ،
كەل، جاۋابىڭ بەرگىل، قازى.
باغىم ئىچرە گۈلنى تەردىڭ،
كەل، جاۋابىڭ بەرگىل، قازى.

چىقارغايمەن تىڭ مۇنارە،
قىلغۇم سېنى پارە ـ پارە،

يۈزلىرىڭگە سۈرتەي قارە،
كەل، جاۋابىڭ بەرگىل، قازى.

ھۆر زەپىران باغرى زارە،
كۆمۈلسۇن ئۇ چۆل ـ دەشت ئارە،
قىزىلڭ مەندەك بولسۇن پارە،
كەل، جاۋابىڭ بەرگىل، قازى.

ئېشەك قازى، توڭگۇز قازى، جانىمغا قەست قىلغۇر قازى،
دىلى قارا قوڭغۇز قازى، كەل، جاۋابىڭ بەرگىل، قازى.

ئەلقىسسە، ھۆرلىقا قازىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويمىدى. ھۆر زەپىران ئەلىمگە چىدىماي خۇن بولۇپ قايتىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ھۆر زەپىراننىڭ ھۇزۇرىدىن قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى. ئايان بولدىكىم، ئۇنىڭغا ئەجەل يەتتى.

ئەلقىسسە، ھەمراجان بۇلبۇلگويانى قولىغا قوندۇرۇپ، ھۆرلىقا بىلەن باغى ئېرەمگە قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن سوڭ ھۆرلىقاغا:

— ئەمدى ئىجازەت بەرسىڭىز، بۇلبۇلگويانى ئاتامغا يەتكۈزۈپ بېرىپ قايتىپ كەلسەم، — دېدى. ھۆرلىقا جاۋابەن بىر سۆز ئېيتتى:

مۇندىن كېتەر بولساڭ قايتىپ يۇرتۇڭغا،
ھەمرا، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
ۋەدىمىزگە سەن ئۆزۈڭ قىلغايسەن ۋاپا،
ھەمرا، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
ھەمرا:
يارىم مېنى كەتتى دەپ مالال بولمىغىل،
چىن سۆزۈڭنى ماڭا ھەر دەم يوللىغىل،
ۋەدىمىزنى سەنمۇ بەربات قىلمىغىل،
پات كېلۇرمەن، پەرىزاتىم، ياخشى قال.
ھۆرلىقا:
مۇندىن كېتەر بولساڭ تاغلار تۇماندۇر،
جامالىڭ مۇرادىم ئارزۇ ـ ئارماندۇر،
بۇگۇن جۇدالىقتۇر، ئاخىر زاماندۇر،
ھەمرا، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
ھەمرا:
مەن بارارمەن ئەمدى ئانا يۇرتۇمغا،
تېز كېلۇرمەن، پەرىزاتىم، ياخشى قال.

ساداقەتلىك ئىشەنچىم بار سۆزۈڭگە،
تېز كېلۇرمەن، پەرىزاتىم، ياخشى قال.
ھۆرلىقا:
چەكتىم سېنىڭ جەبىر بىرلە جاپايىڭ،
سۇرەلمىدىم شەۋقى ـ كەيپى ساپايىڭ،
يادىمدىدۇر خۇلقى جانان ۋاپايىڭ،
ھەمرا، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
ھەمرا:
سەندەك جانانىمدىن جۇدا بولغۇنچە،
ئۆلگىنىم ياخشىدۇر تىرىك يۈرگۈنچە،



بىتاقەتلىك قىلما، قايتىپ كەلگۈنچە،
تېز كېلۇرمەن، پەرىزاتىم، ياخشى قال.
ھۆرلىقا:
كېتەرمەن دەپ، ھەمرا، جاننى ئالۇرسەن،
بۈگۈن كەتسەڭ قاچان قايتىپ كېلۇرسەن؟
ئۆز يۇرتۇڭنى بەلكىم ماكان قىلۇرسەن،
ھەمرا، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
ھەمرا:
مېنى كەتتى دىبان كۆزۈڭ ياشلىما،
ئۈمىدىڭ رىشتىسىن ئۈزۈپ تاشلىما،
كەلسە ھەر بالاكى، ئىچىڭ ئاشلىما،
تېز كېلۇرمەن، پەرىزاتىم، ياخشى قال.
ھۆرلىقا:
كېتەر بولساڭ، رەقىب يەنە ئاگاھدۇر،
سايەڭ كەبى ئەگىشىپ سېنى تاپادۇر،
چۈنكى دۈشمەنلەرنىڭ دىلى قارادۇر،
ھەمرا، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
ھەمرا:
تەشۋىشىم يوق، قالسام غار، ساي ئىچىدە،
كۆڭلۈم ھامان باغۇ ساراي ئىچىدە،
مەن كېلۇرمەن يەنە ئۈچ ئاي ئىچىدە،
سەبرى جانىم، پەرىزاتىم، ياخشى قال.
ھۆرلىقا:
ئۈشبۇ ئۈچ ئاي ماڭا ئۈچ يىل بىلىنەر،
كەڭرى ئالەم تار قەپەستەك كۆرۈنەر،
ھەر كۈنۈم ھەم ئايدەك يىلغا ئۇلىنەر،
ھەمرا، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، ھۆرلىقا ھەمراجان بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا: « ئەي ھەمرا جانىم، سېنى دەپ دوست - دۈشمەنگە ئاشكارا بولدۇم، ھەتتا ئىگىچىمنىڭمۇ رەقىبى بولۇپ قالدىم. يەنە كېتىمەن دەۋاتىسەن. ئىرادەڭدىن ياندۇرۇشقا ئاجىز كەلدىم » دەپ يىغلاپ بىر سۆز ئېيتتى:

ھەمراجانىم سېنىڭ بىرلە ئەھدەم بار،
ئۈچ ئايغىچە سەۋرەم بىرلە جەبرەم بار،
گەر كەلمىسەڭ يول ئۈستىدە قەبرەم بار،
بارغىن، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

كېتەر ئېرسەڭ ئىزلىرىڭنى ئىزدەرمەن،
چۆللەر كېزىپ، تاغلار ئېشىپ تېزلەرمەن،
خەنجەر ئېلىپ رەقىب باغرىن تۈزلەرمەن،
بارغىن، جانىم، بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، ھەمراجان ھۆرلىقانىڭ كۆڭلىنى بەزلىدى ۋە:
— ئەي مېنىڭ جانانىم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. مېنىڭ نېمىشقا قايتىدىغانلىقىم ساڭا ئايان. ساڭا بولغان ئىشقىمنى يەنە تەكرار قىلاي بايان، — دەپ بىر سۆز ئېيتتى:

بېلىق كەبى ئۈزدۈم ۋاپا سۈيۈڭدە،
ھۈزۈر ئالدىم ئېرەم بېغىڭ - ئۆيۈڭدە،
جاراڭلىدىم سېنىڭ نەزمە - كۈيۈڭدە،
نېچۈك ئۈنتاي، پەرىزاتىم، ياخشى قال.

قادىر ئاللا سېنى ماڭا قوشقاندۇر،
مۇھەببەتنىڭ جامى شۇندىن توشقاندۇر،
تىلەكلىرىم سەندە چېچەك ئاچقاندۇر،
پەرۋاندەك ئايلىنارىم ياخشى قال.

ئەلقىسسە، ھۆرلىقا ھەمراجانغا ئىجازەت بېرىپ:
— ناۋادا بېشىڭغا بىرەر كۈن چۈشۈپ، بىرەر مۈشكۈلاتقا دۇچار بولساڭ، مۇشۇ بىر تال چېچىمغا ئوت ياققىن، مەن شۇئان يېنىڭدا ھازىر بولارمەن، — دەپ بىر تال چېچىنى بەردى. دىۋە قەقنۇسنى چاقىرىپ، ھەمراجاننى جايىغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا تەيىنلىدى. دىۋە قەقنۇس ھەمراجان بىلەن بۇلبۇلگويانى كۆتۈرۈپ يولغا راۋان بولدى. بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا ئىككى ئاكىسى بىلەن جۇدالاشقان ئۈچ ئاچا يولنىڭ بەندەرگە يېتىپ كەلدى. ھەمرا ئېيتتىكى: «مېنىڭ ئىككى قېرىندىشىم مۇشۇ ئىككى يولغا كىرىپ



كەتكەن، مەن ئۇلاردىن خەۋەر ئالاي، سەن ئەمدى ئۆز ماكانىڭغا قايت.» دىۋە قەقنۇس قايتتى. ھەمراجان بۇلبۇلگويانى كۆتۈرۈپ ئاكىلىرى كەتكەن يولغا راۋان بولدى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى ئاكىلىرىدىن ئاڭلايلى: ھەمراجاننىڭ ئىككى ئاكىسى شۇنچە يول يۈرۈپ ھېچ نەرسىگە ئۇلىشالماي، ئاقىۋەت بىر شەھەردە ئۇچراشتى. ئۇلار بۇ يەردە بىرقانچە ۋاقىت كەيپ - ساپا قىلىپ يۈردى. ئاخىر بىساتىدا بارى تۈگەپ، قىيىن كۈنلەردە نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. جان ساقلاش كويىدا ئەسقەرشاھ بىر ئاشپەزنىڭ دۇكىنىدا ئوچاققا ئوت قالاشقا، نۇردۇنشاھ يۇندىكارلىق قىلىشقا باشلىدى.

ھەمراجانمۇ ئاكىلىرىنى كۆپ ئىزدەپ، ئاقىۋەت مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ قالدى. شەھەرنىڭ جىمىكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى كەزدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشپۇزۇل دۇكىنى ئالدىغا كەلگەندە كۆردىكى، ئاكىلىرى جۇل - جۇل ھالەتتە يۇندىغا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقانىكەن. ھەمراجان كۆرۈپلا تونۇدى ۋە خالىي بىر جايغا بېرىپ سەرپايلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ھېلىقى ئاشخانىغا كەلدى. بىر تىللانى تاشلاپ، ئاشخانا خوجايىنىدىن ئاشۇ ئىككى شاگىرتتىن تاماق يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھايال ئۆتمەي ھەمراجاننىڭ تەلىپى بەجا بولدى. ھەمرا ئېيتتىكى:

— ئەي يىگىتلەر، سىلەرمۇ ئولتۇرۇڭلار، بىرگە غىزالىنايلى.

شاگىرتلار:

— خوش، تەقسىر، — دەپ تەزىم بىلەن ياناماقچى بولدى. ھەمراجان ئۇلارنى توختىتىۋېلىپ سورىدى، ئۇلار سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. ھەمراجان ئۇلاردىن:

— ئېتىڭلار نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— بىرىمىزنىڭ ئېتى ئەسقەرشاھ، بىرىمىزنىڭ ئېتى نۇردۇنشاھ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار.

ھەمراجان شۇئان يۈزىدىن نىقابىنى ئېلىۋىدى، ئۇلار ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ، داڭقېتىپ قالدى. ئۈچ قېرىنداش دىدار كۆرۈشتى، خۇشاللىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتى. ھەمرا ئېيتتىكى:

— ئەي ئاكىلار، مەن بۇلبۇلگويانى ئېلىپ كەلدىم. ئەمدى بىرلىكتە ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا قايتايلى.

ئاشخانا خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى بىلدۈردى. خوجايىن ئېيتتىكى:

— بۇلار ماڭا سەكسەن تەڭگە قەرزدار، شۇنى تۆگەتسە قايتىدۇ. ھەمراجان دەرھال سەكسەن تەڭگە چىقىرىپ خوجايىنغا بەردى. ئاكىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ، يولغا راۋان بولدى. ئۇلار ئۇزۇن يۈرۈپ ئۈچ ئاچا يولنىڭ بېشىغا كەلدى. ھەمراجان ئېيتتىكى:

— ئەي ئاكىلار، بىردەم ئارام ئالساق قانداق دەيسىلەر؟ شۇنىڭ بىلەن بىر چاھ[94] نىڭ يېنىدا ئارام ئې-لىشتى. ھارغان ھەمراجاننىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئىككى ئاكىسى مەسلىھەت قىلىشتى، ئەسقەرشاھ ئېيتتىكى:

— بىز قايسى يۈزىمىز بىلەن ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا بارىمىز؟ بۇلبۇلگويانى ھەمرا تېپىپتۇ، سىلەر چوڭ تۇرۇپ نېمە قىلدىڭلار دېسە، ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ياخشىسى ھەمرانىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ، چاھقا تاشلىۋېتەي-لى ـ دە، بۇلبۇلگويانى ئىككىمىز تاپتۇق دەپ ئاتىمىزنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشەيلى. نۇردۇنشاھمۇ ماقۇل بول-دى. شۇنداق قىلىپ ھەمراجاننىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ، بۇلبۇلگوياغا تاشلاپ بەردى. ئاندىن ئۇنى چاھقا تاشلىۋەتتى. شۇ چاغدا ھەمراجاننىڭ ئاكىلىرىغا چەكسىز غەزەپلىنىپ بىر سۆز ئېيتقىنى:

بۇندىن كېتەر بولدۇڭ، زالىم ئاغىلار،
ئەھۋالىمنى سورىغانغا يامان دېگەيسەن.
يالغۇز ھەمرا قالدى چاھنىڭ ئىچىدە،
ئۆلگىنى يوق، تېخى ئامان دېگەيسەن.

تۈگمەس سەۋداغا قالدى بۇ بېشىم،
زەھەر ـ زۇققۇمدۇر نان بىلەن ئېشىم،
كۆزۈمنى ئويدىلەر ئۆز قېرىنداشىم،
ئۆلپەتدىشى يىلان ـ چايان، دېگەيسەن.

بەللىرىگە ھىممەت كەمەرىن باغلىغان،
پىراق ئۆچۈن سىنەلىرىن داغلىغان،
كەلمىدى دەپ يولغا قاراپ زارلىغان،
شاھى خىسراۋ ئاتامغا سالام دېگەيسەن.

كىمگە ئېيتاي، يۈرەك تولغان، كۆپ داغىم،
مۇرادىمغا يەتمەي ئۆچتى چىراغىم،
گۈلخان بولۇپ تەندە ياندى پىراغىم،
جانجانىم ئانامغا سالام دېگەيسەن.

بىر ۋۇجۇدتىن چىققان ئىككى قېرىنداش،
بېرەلمىدى سىناق يولدا بەرداش،
چاھ ئىچىدە يالغۇز قالدى مۇڭلۇق باش،
گۈلجەمىلە سىڭلىمغا سالام دېگەيسەن.

بۇ شۇم خەۋەر قاچان يەتكەي يارىمغا؟
ئۇنى كۆرگەن كۆزۈم چۈشتى يادىمغا،
ئۈچۈپ كېلىپ يېتەر بولسا دادىمغا،
چاھتا قالدى، مېنى سەرسان، دېگەيسەن.

ئاڭا يەتسۇن ھەمرا قۇلنىڭ تىلىكى،
غېرىبلىقتا كۆيدى جىگەر ـ يۈرىكى،
كۆزۈمنى ئويدىلەر، پۈتتى كۆرىكى،
ھەقتىن سورار، گۆھىرى ئېھسان، دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، ئەسقەرشاھ بىلەن نۇردۇنشاھ ھەمراجاننىڭ نالىسىگە پەرۋا قىلماي، بۇلبۇلگويانى ئېلىپ ئۆز يولىغا چۈشتى. نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ئاتىسى بىلەن دىدار كۆرۈشتى. ئاتىسى:

— ھەمرا قېنى؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— ھەمرا بىزگە ئەگەشمەي «بارسا كەلمەس» يولىغا كەتكەنىدى، ھېچ يەردىن ئىز ـ دېرىكى بولمى-دى، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن شاھ ئوغلى ھەمراجاننىڭ پىراقىدا سىنەلىرىنى يارا قىلدى. ئاندىن بۇلبۇلگوياغا قاراپ:

— سېنىڭ غايىبانە پىراقىڭدا جىسمىم كۆيۈپ كۆل بولدى. ۋىسالىڭ يولىدا جاندىن ئەزىز ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم. ئەمدى بىر زەبان سۈرۈپ، مىسكىن كۆڭلۈمگە تەسەللى خاتىرە بەرسەڭ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى. خامۇشلانغان بۇلبۇلگويا پادىشاھقا قاراپمۇ قويمىدى. بۇ دەرد ئۈستىگە دەرد بولدى. شۇ ئارىدا پادىشاھنىڭ ۋەزىرى كېلىپ بۇلبۇلگوياغا يېلىنىپ بىر سۆز ئېيتتى:

خۇش كەلدىڭ، بۇلبۇل، بۇ باغ ئاراغا،
خەندان ئەيلەپ سايرىمايسەن، نېمە بولدى؟
خۇشتارسەنغۇ، چىمەنزارلىق باغلارغا،
گۈلنى كۆيلەپ سايرىمايسەن، نېمە بولدى؟

ئىشقىڭدا كۆيۈپ شاھىم جانىدىن كەچتى،
دىلىدىكى تۈگۈچنى سەن بىلەن يەشتى،
سېنىڭدە قانداق سەرگۈزەشت كەچتى،
ناۋا ئەيلەپ سايرىمايسەن، ساڭا نېمە بولدى؟

ۋەزىر ئېيتۇر: دىلىڭ نېچۈن ئارازى؟
خۇش سايرىساڭ شاھىمىز بولۇر رازى،
ھەمدەم ساڭا جىمىكى جان ئاۋازى،
رىۋايەتلەپ سايرىمايسەن، نېمە بولدى؟

ئەلقىسسە، بۇلبۇلگويا نالە قىلىپ:
— ئەي پادىشاھ، سازەندىلەرنى جەم قىلىڭ، بىر كەلىمە سۆزۈم بار، — دېدى. پادىشاھ دەرھال بەجا كەلتۈردى. بۇلبۇلگويا سازەندىلەرگە قاراپ:
— مېنىڭ نەزمەمگە بىر ساز قىلىڭلار، — دېدى.

قۇلاق سېلىپ ئەرزىم ئاڭلا، سۇلتانىم،
سەن قەدىردان گۈلزارىڭدىن ئايرىلدىڭ.
سولدى گۈلۈڭ، ئەمدى يەنە ئېچىلماس،
ئەقلۇ ھوشۇڭ، مادارىڭدىن ئايرىلدىڭ.



قاپ تېغىدىن مېنى مۇندا كەلتۈرگەن،
مىڭ جاپادا ھۇزۇرۇڭغا يەتكۈزگەن،
باشقا چۈشكەن بالالارنى كەتكۈزگەن،
ۋاپادارىڭ — سۇلتانىڭدىن ئايرىلدىڭ.

ياخشىلىققا بىر يامانلىق كۆردىلەر،
ئاكىلىرى ئىككى كۆزىن ئويدىلەر،
ئىككى قولىن باغلاپ چاھقا ئاتتىلەر،
پۇتاغى يوق چىنارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

قابا پەلەك چەرخىن چەپكە ئۇرغاندۇر،
ئىككى ئوغلۇڭ ساڭا تۇزاق قۇرغاندۇر،
ۋاپاسىزلار ئالداپ جاھان سورىغاندۇر،
ئالغۇر قۇشۇڭ، پالۋانىڭدىن ئايرىلدىڭ.

بۇلبۇلگويا، قۇشلارنىڭ مەن سەردارى،
قېنى ھەمرا؟ غېرىبلارنىڭ غەمخارى،
كەنجە قوزاڭ، خاندا ئەڭ سەراسى[95]،
ھەمرا ئاتلىق پۇرجاپا[96]دىن ئايرىلدىڭ.

ئەلقىسسە، پادىشاھ بۇلبۇلگويادىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئەسقەرشاھ بىلەن نۇردۇنشاھقا ئېيتتىكى:
— ئەي نائىنساپلار، قېرىندىشىڭلارغىمۇ شۇنچە زالىملىق قىلامسىلەر؟
ئۇلار ئېيتتىكى:
— ئەي ئاتا، مۇشتۇمدەك جانۋارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ بىزگە مۇنداق مالامەت

قىلامسىز؟ — دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان بۇلبۇلگويا:

— ئىشەنمىسەڭلار يۇرۇڭلار، مەن ھەمرانى تاشلىغان چاھقا باشلاپ باراي، — دېدى. پادىشاھ بۇلبۇلگويانىڭ ئارقىسىدىن زار - زار يىغلاپ مېڭىپ بىر سۆز ئېيتتى:

تىنمايىن پەريادى ئەتسەم، مەن تاپارمەنمۇ سېنى،
چاك - چاك ئەتسەم ياقامنى، مەن تاپارمەنمۇ سېنى؟
قايىنىسام دەريا كەبى، چۆللەر ئارادا زارلىسام،
قەقنۇستەك ئوتقا كىرسەم. مەن تاپارمەنمۇ سېنى؟
ئاھكى، خىسراۋ مەن غېرىب، قالدىم ئەلەمدە سارغىيىپ،
يەتتە ئىقلىمنى كېزىبان. مەن تاپارمەنمۇ سېنى؟

بۇلبۇلگوياغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھەمراجاننىڭ ئانىسىنىڭ بىر سۆز ئېيتتى:

تاغلار بېشى تۇمان بولدى، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
يۈرەك - باغرىم دەردكە تولدى، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
ئېگىز دۆڭلەر پاكار بولدى، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
شاھ يولۇڭدا چاكار بولدى، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
بۇلبۇل زۇۋان سۇرمەس بولدى، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ.

بىزنىڭ دەۋران كېتەر بولدى، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
بۇ ۋەتەنلەر پۈتەر بولدى، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
كىيگەن تونۇم كېپەن بولدى، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
ئىچكەن ئېشىم زەھەر بولدى، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
تاغدەك مۇشكۇل چۈشتى باشقا، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ.

تولدى ئېتەك ئاققان ياشقا، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
ئوغا چۈشتى ئىچكەن ئاشقا، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
مېھرىباندۇر مېنىڭ ئېتىم، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
يۈرەك تولغان جاراھىتىم، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
يەتكەيمىكىن ھەققە ئاھىم، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ،
ئەرشتىن ئاشتى قايغۇ - زارىم، بالام، سەندىن ئايرىلغاچ.

ھەمرانىڭ سىڭلىسى گۈلجەمىلەنىڭ بىر سۆز ئېيتتى:

ھەسرىتىڭدىن خەستە جانىم،
دەردكە تولدۇم، جانىم ئاكا.
كەلمىدى دەپ ھەر تەرەپكە،
قارار بولدۇم، جانىم ئاكا.

ھەر كۈنى سېنى مىڭ ياد ئېتىپ،
سەھەرلەردە پەرياد ئېتىپ،
ياقام يىرتىپ بەربات ئېتىپ،
سۇدەك ئاقار، ياشىم ئاكا.

مەرغىزارلىق باغى ئېرەمدە،
بىر گۈلى رەنا ئىدىڭ.
بۇ جاھاننىڭ سەھنىسىدە،
گۆھىرى يەكتا ئىدىڭ.

نەرم[97] سۆزلۈك، گەرم[98] دىللىق،
شاھى سۇمبات خان ئاكام.
كېچە - كۈندۈز ئىزدىسەم،
قايدىن تاپارمەن، جان ئاكام.

بولمىدى ئالەمدە ھېچ،
شادىيانە كۈن - دەۋران ساڭا.
ساڭا كەلگەن شۇم قازالار
رازىدىم كەلسە ماڭا.

ئەلقىسسە، بۇلبۇلگويا چاھنىڭ بېشىغا كېلىپ توختىدى. ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن چاھنىڭ ئىدىنى ئىشارەت قىلدى. ھەمراجاننىڭ ئانىسى چوڭقۇر چاھ ئىچىگە قاراپ، مۇڭلىنىپ بىر سۆز ئېيتتى:

بارمۇسەن بۇ چاھ ئىچىگە مۇپتىلا بولغان بالام،
قوۋم - قېرىنداش، ئەل - يۇرتۇڭدىن ھەم جۇدا بولغان بالام.
ئاھ، قاراڭغۇ چاھ ئىچىدە نە كېچەر ھالىڭ سىنىڭ؟
مارى گەزدۇم[99] زەھىرى بىرلە سىنەسى تولغان بالام.

ئىنتىزار ئەيلەپ ئاتاڭ بىرلەن ئاناڭنى ئانچۇنان، قەترە ـ قەترە يەرگە تامغان كۆزدىكى رىشان بالام.
ياشى ئورنىغا ھامان قانلار راۋان قىلغان بالام. ئۇشبۇ زىندان ئىچرە قالغان ئەي كۆزۈمنىڭ گۆھىرى،
ئول يۇسۇپ ـ ئەھمەد[100] كەبى بوپسەنكى چاھقا مۇپتىلا، بارمۇسەن يا يوقمۇسەن، پەرمانە ئەتكىل، جان بالام.

ئەلقىسسە، چاھ تېگىدە نىمجان ياتقان ھەمراغا بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلىنىپ، غېرىبلىق ئەسىر قىلدى. «بۇ كىمدۇر؟» دەپ كۆڭلى دەرگۇمان بولۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

كەمىنەم كىم ئۆزۈڭ دەردىم قوزغىغان،
سەندەك نېچۈك قېرىنداشىم بار؟
ۋاپاغا جاپانى راۋا ئەيلىگەن،
سەندەك نېچۈك قېرىنداشىم بار؟

بىئەقىل قولىدا قانغا بويالغان،
گۆھەرسىز كۆزۈمدە ئاقار ياشىم بار.

ئىشتىكىل خۇنۇم بار ئاكامدا مېنىڭ،
شۇل كەبى نامەردكە رەنجىداشىم بار.

يوق ئىدى ۋەتەنگە قىلچە يامانىم،
بولمىسا ئۆزگىچە، غەيرىي تامانىم.
نېمىشقا چاھ بولدى ياتار ماكانىم؟
شۇل ئۇچۇن بىر ئۆمۈر دىلدا تاشىم بار.

ئەلقىسسە، گۇلجەمىلەنىڭ چېچى ئارغامچىدەك ئۇزۇن ئىدى، ئۇ چېچىنى كېسىپ ئۇلاپ چاھ ئىچىگە تاشلىدى. ھەمرا ئۇنىڭغا ئېسىلىپ چىقتى ۋە ھەممىسى بىلەن قۇچاقلاشتى. ھەمرا ئۇلارغا خۇن جىگىرىدىن بىر سۆز ئېيتتى:

ئانا يۇرتتىن كەلگەن ئەزىز جانلىرىم،
خەۋەر بېرىڭ، يارۇدوستلار ئامانمۇ؟
سايىسىگە كۈن چۈشمىگەن باغلىرىم،
گۈل ـ گۈلىستان چىمەنزارلار ئامانمۇ؟

قاناتسىز مەن، يوقتۇر ئىمكان ئۇچماققا،
بېلىق بولۇپ ئىلىندىم مەن قارماققا،
نائىلاجمەن يار يېنىغا بارماققا،
گۈلى ئەھمەر[104]، جۇنۇن يارلار ئامانمۇ؟

ئول نە باغدۇر ئالمىسى بار، نارى بار،
ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە لايىق يارى بار،
نېچۈك مېنىڭ پېشانەمنىڭ شورى بار؟
ياردىن جۇدا چۈشكەن جايلار ئامانمۇ؟



قازى ـ بەگلەر بىرلە شىكار چىققىنىم،
تۇلپارىمنى ھەريان ـ ھەريان چاپقىنىم،
ئالغۇر قۇشلار سېلىپ دابىل[101] قاققىنىم،
قاراڭغۇ تاغ[102]، دەشت ـ چۆللەر ئامانمۇ؟

ھېچ ھالاۋەت كۆرەلمىدىم ياشاشتىن،
مەھرۇم بولدۇم يارغا كۈلۈپ قاراشتىن،
غاپىل دىلى بىپەرق ئىكەنغۇ تاشتىن،
ھەمرا يەڭلىغ بەستە دىللەر[103] ئامانمۇ؟

ئەلقىسسە، ھەمرانىڭ يادىغا ھۆرلىقانىڭ بىر تال چېچى چۈشتى، ئۇنى قوينىدىن ئېلىپ كۆيدۈرگەنىدى، شۇ ھامان كۆكتە بىر غەۋغايى ئەزىمدىن سوڭرە ھۆرلىقا بىلەن بىرنەچچە پەرى پەيدا بولدى. ھۆرلىقا كەلگىنچە ئۆزىنى ھەمرانىڭ ئۈستىگە ئاتتى. ھەمراجان ھۆرلىقاخان يارىنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

كۈھقاپتەك كۈلپەت چۈشتى بېشىمغا،
رەھىم ئەيلىگىل، كۆزدىكى قان ـ يېشىمغا،
ئەجەب چاغدا كەلدىڭ مېنىڭ قېشىمغا،
كەل ئەمدى، جانىم، كەل ئەمدى.

قارداش دېگەن شۇنداق شىددەت بولارمۇ؟
ئۈكىسىنىڭ كۆزلىرىنى ئويارمۇ؟
چاھ ئىچىگە قولنى باغلاپ قويارمۇ؟
ئۆرگىلەي مەن قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

ئازاب ئەتتى مېنىڭ مىسكىن جانىمغا،
كۆزۈم ئويدى، قولاق سالماي زارىمغا،
ئەرزىم ئېيتاي، سەن ئەزىزىم يارىمغا،
كەل ئەمدى، جانىم، كەل ئەمدى.

بۇ نە ھەسرەت، بۇ نە كۈلپەت، جانلىرىم،
بۇ نە قايغۇ، بۇ نە مېھنەت، جانلىرىم،
ساڭا چۈشكەن بۇ نە قىسمەت، جانلىرىم،
ئايلىناي مەن قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

ھۆرلىقا:
غايىپ ئەردىم، ئەمدى كەلدىم قېشىڭغا،
نە سەۋدالار چۈشتى سېنىڭ بېشىڭغا،
كىملەر سېنىڭ ئوغا سالدى ئېشىڭغا،
ئۆرگىلەي مەن قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

ھۆرلىقانىڭ بەختى سەندەك قارادۇر،
ئىشقىڭ بىرلە باغرى چاك ـ چاك يارادۇر،
كۆرۈپ ھالىڭ، جانى چىقىپ بارادۇر،
ئايلىناي مەن قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

ئەلقىسسە، ھەمرا ئېيتتىكى:

— ئەمدى كاشكى كۆزۈم بولسا، خەلقىمنى ۋە سېنىڭ جامالىڭنى بىر كۆرسەم، — دەپ ھۆرلىقاغا يىغلىدى. ھۆرلىقاخان:

— كۆزۈڭنى ئويۇپ قەيەرگە تاشلىدى؟ — دەپ سورىدى. ھەمرانىڭ جاۋابى ئورنىغا بۇلبۇلگويا زەبان سۇرۇپ:

— ماڭا تاشلاپ بەرگەنىدى، يۇتماي ھەلقۇمۇمدا ساقلاپ قويدۇم، — دەپ ھەلقۇمىدىن چىقاردى. ھۆرلىقا:

— ئەي ھەمراجانىم، ئەمدى پەرىشان بولما، — دەپ ھەمرانىڭ كۆزىگە دۇئا ئەيلەپ بىر سۆز ئېيتتى:

قادىر ئاللاھ، دەرگاھىڭغا سېغىندىم،
بارچە ئالەم، بارچە ئىنسان ھۆرمىتى.
قارا ئەيلە دۈشمەنلەرنىڭ يۈزىنى،
يەتتە قات يەر، يەتتە ئاسمان ھۆرمىتى.

قوبۇل ئەيلەپ ۋاپادارلار سۆزىنى،
پىرى ئاشىق يۇسۇپ ـ زىلەيخا يۈزىنى،
كەرەم قىلىپ ئاچقىل يارىنىڭ كۆزىنى،
سەككىز جەننەت ھۆرى غىلمان ھۆرمىتى.

ئەلقىسسە، ھۆرلىقانىڭ مۇناجاتى تۈگىمەي تۇرۇپ، ھەمرانىڭ كۆزى ئېچىلدى، ھەر تەرەپكە نۇرلار چېچىلدى. ھەمراجان ئاتا ـ ئانىسى، ئەل ـ جامائىتى بىلەن كۆرۈشتى. ھۆرلىقانى باغرىغا باستى. شۇندا ئەھلى جامائەتكە قاراپ بىر سۆز ئېيتتى:

ئىشق قەدرىنى بىلگەنلەر،
كېلىڭ، جانلار كۆرۈشەيلى.

ماڭا ھەمدەم يۈرگەنلەر،
كېلىڭ، جانلار كۆرۈشەيلى.

ئەل ـ يۇرتىنى سۆيگەنلەر،
پەرۋانە بوپ كۆيگەنلەر،
ياماندىن قول ئۈزگەنلەر،
كېلىڭ، جانلار كۆرۈشەيلى.

بۇلبۇل چەكسە ئازارى،
گۈلدىن بۆلەك يوق يارى،
پۈتتى ئەمدى دىل زارى،
كەل، ھۆرلىقا، كۆرۈشەيلى.

لەنەتلەنگەن باشلىرىڭ،
راۋاج تاپماس ئىشلىرىڭ،
باغرىڭدىمۇ تاشلىرىڭ،
كەلگىن، ئاكا، كۆرۈشەيلى.

ئەلقىسسە، شۇنىڭدىن سوڭ ئۇلار شەھەرگە داخىل بولدى. ھۆرلىقا دېۋىلەرگە:

— ھەمرانىڭ ئىككى ئاكىسىنى يەتتە قات كۆك قەرىدىن يەرگە تاشلاپ ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. ھەمراجان:

— بۇلار قىلغان يامانلىقنى مەن قىلماي، نامەردكە نامەردلىك قىلغىلى بولماس، مەن بۇ نۆۋەت گۇناھدىن كەچتىم، — دېدى. شۇنىڭدىن سوڭ ھۆرلىقا بىلەن ھەمراجان پۈتۈن ئەھلى جامائەتكە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ نەچچە زاماندىن كېيىن پادىشاھ خىسراۋ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەل ـ يۇرت پادىشاھ ئورنىغا ھەمرانى شاھ قىلدى. ھەمرا بىلەن ھۆرلىقا بىر ئۆمۈر بىرگە ياشاپ، ئەلگە ئاسايىش بەردى. خالايىق شادخۇرام بولۇپ، ھۆرلىقانىڭ يۇرتى بىلەن ھەمرانىڭ يۇرتى ئارىسىغا دوستلۇق گۈلى تېرىدى.

ساداقەتكە نىشان بولۇپ شۇندىن بېرى،
ھۆرلىقا ـ ھەمراجاننىڭ نامى قالدى.
شۇم نىيەت، خىيانەتكار، پەيلى ھارام،
ئەسقەرشاھ، نۇردۇنشاھتىن ساۋاق قالدى.



# قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسپاھان شەھىرىدە شاھھۇسەن ئىسىملىك نامدار بىر پادىشاھ بار ئىدى، ئۇنىڭدا بىھېساب ئالتۇن - كۈمۈش، خەزىنە - دەپىنىلەر بار ئىدى، ئەمما شۇنچە سەلتەنەتلىك بۇ پادىشاھنىڭ بىرمۇ پەرزەنتى بولمىغاچقا، كۆڭلى سەدپارە ئىدى. پادىشاھ خۇدايىتائالادىن بىر پەرزەنت تەلەپ قىلىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز ئىبادەت بىلەن يىغلىغاندى، ئاللاتائالا ئۆز بەندىسىنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، بىر ئوغۇل پەرزەنت پادىشاھنىڭ پۇشتى كەمەرىدىن زەئىپىنىڭ قورسىقىغا بەند بولدى. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتتىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. پادىشاھ بۇ ئوغۇلنىڭ ھۆسن - جامالىغا قاراپ، ئاسماندىكى ئايغا مەڭزىتىپ «قەمەرشاھ» دەپ ئات قويدى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى كۈھقاپ دىۋە - پەرىلىرىنىڭ پادىشاھى شاپەرقۇتتىن ئاڭلايلى: پادىشاھ شاپەرقۇتنىڭمۇ بۇ دۇنيادا ھېچبىر پەرزەنتى يوق ئىدى. ئۇ پادىشاھمۇ ئاللادىن بىر پەرزەنت تەلەپ قىلاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاپەرقۇتنىڭ تەلەپ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، خوتۇنى ھامىلىدار بولدى. ئاي - كۈن قەرەلى توشۇپ بىر قىز تۇغدى، پادىشاھنىڭ دىلى شادلىققا تولدى. بۇ قىزنىڭ رەڭگى - رۇخسارىغا قاراپ، ئاسماندىكى كۈنگە ئوخشىتىپ «شەمسى جانان» دەپ ئات قويدى.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھنىڭ ئاتىسى شاھھۇسەن يالغۇز ئوغلىنىڭ پاراغىتى ئۈچۈن ۋەزىرلىرىگە ئەمر قىلىپ، ھەشەمەتلىك بىر چارباغ بىنا قىلدۇردى. قەمەرشاھ چارباغنى كۆرمەك بولۇپ باغقا كىرىپ، تەختى - راۋاق ئۈستىدە ئولتۇردى، بىرئازدىن كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا ئەسىر بولدى. ئۇ شۇنداق بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە قىسمەت بىر ئىش كۆردى: بىرنەچچە ھۆر - پەرى قىز قەمەرشاھنى ئورىۋالغۇدەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈندىنمۇ نۇرلۇق ساھىبجامال بىر قىز قەمەرشاھنىڭ مۇبارەك قولىنى تۇتۇپ مۇھەببەت نەشتىرىنى يۈرىكىگە سانجىپ تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ئىشق چاقمىقى چۈشۈپ قەمەرشاھنىڭ جىسمىنى يارغۇدەك، ئۇلار ئۆزئارا تويماي بېقىشىپ بىر - بىرلىرىگە كۆڭلىنى بىلدۈرمەك بولۇپ بىر سۆز ئېيتىشقانلىرى:

قەمەرشاھ:
رۇخسارىڭنى كۆرۈپ ئاغدى خىيالىم،
ئەي دىلرەبا، قايدا بولۇر ماكانىڭ؟
پەرىمۇسەن، بەشەرمۇسەن، نىگارىم،
ئېيتقىن جانان قايدا سېنىڭ ماكانىڭ؟

شەمسى جانان:
مېنى سورىساڭ، شاپەرقۇتنىڭ قىزىمەن،
شەمسى بوستان ئېرۇر مېنىڭ ماكانىم.
ھالىم سورىساڭ، پەرىزاتنىڭ شاھىمەن،
يېقىن يەردە يوقتۇر مېنىڭ ماكانىم.



قەمەرشاھ:
سېنى كۆرسە ئاقىل يولدىن ئادىشار،
جۇملە ئالەم بەلكى سېنى تالىشار،
مەنزىلىڭگە نەچچە كۈندە يول توشار،
قايدا بولۇر جانان سېنىڭ ماكانىڭ؟
شەمسى جانان:
ئاشىق بولساڭ كۆيۈپ ـ يېنىپ ئۆچەرسەن،
سەۋر قىلساڭ سەئيى شەربەت ئىچەرسەن،
ئۈچ يۈز ئاتمىش مەنزىل يىلىم كېچەرسەن،
بىلەر بولساڭ شۇنچە جايدۇر ماكانىم.
قەمەرشاھ:
قەمەر شاھدۇر شاھ ھۇسەننىڭ ئوغلىمەن،
تائەبەدكە مۇشتاقىڭدا ئۆتەرمەن،
ۋەسلىڭ ئۈچۈن جاننى پىدا ئېتەرمەن،
نەزەرىڭدە يۈرسۇن ئۈشبۇ ئەقىدەم.
شەمسى جانان:
شەمسى جانان — پەرىلەرنىڭ بىرىمەن،
بىلىۋالغىل كۈھىقاپنىڭ پىرىمەن،
مەنمۇ سېنى كۆپتىن ئىزدەپ يۈرىمەن،
شەمسى بوستاندىدۇر، سېنىڭ جانانىڭ.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىدى، چۈشىدە خۇش سۆھبەت بولغان جانانى ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى. قەمەرشاھ شۇ كۈندىن باشلاپ ئىشق ۋەسۋەسىسىدە كېچە ـ كۈندۈز نادامەت چېكىپ زار ئەيلەپ كۆزلىرى تالدى، يېمەك ـ ئىچمەكتىن قالدى، ئاھۇنالىسى جاھاننى بىر ئالدى. قەمەرشاھنىڭ بۇ ھالىدىن خەۋەر تاپقان ئاتىسى شاھھۇسەن جىمىكى ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى يىغىپ ئېيتتىكى: «ئوغلۇم قەمەرشاھ نېمە دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولدى؟ تېزدىن بىلىپ كېلىڭلار». ۋەزىر ـ ۋۇزرالار قەمەرشاھنىڭ دەردىنى بىلمەك بولۇپ ئەھۋال سورىغاندا، قەمەرشاھنىڭ ئېيتقانلىرى:

ئەرزۇھالىم ئىشتىڭ، دانا ئەمىرلەر،
بىر پەرى ھالىمنى خاراب ئەيلىدى.
ئىشق ئىزھارىغا مۇشتاق ئۆمۈرلەر،
لۇتپى مەنزۇر باغرىمنى سىماب ئەيلىدى.

قاتارىدا باردۇر كېنىزەكلىرى،
مەشۇق دەر ئۆزىنى، شۇ ئىكەن سىرى،

يىراقتۇر، نىگارا، تۇرغان مەنزىلى،
ۋەدىسىگە قەسەمدىن جاۋاب ئەيلىدى.

سىلكىنىپ ئويغاندىم، بولدۇم گۇمانە،
بېشىمغا چۈشتىلەر ئىشقى پەرۋانە،
دەردىمگە ئۈشبۇ ئىش بولدى باھانە،
ئىشق ئوتى دىلىمنى كاۋاپ ئەيلىدى.

ئەلقىسسە، ئەمىرلەر قەمەرشاھدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھقا بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى. پادىشاھ غەمكىن بولۇپ، مەھرەملىرى بىلەن كېڭەش تۈزدى. قانچە چارە قىلسىمۇ قەمەرشاھقا دال بولمى-



دى. ئاخىر ئوغلىنىڭ تەلپىنى ماقۇل كۆ-
رۈپ، قەمەرشاھقا شۇ مەھبۇبنى ئىزدەپ تې-
پىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىپ بىر سۆز ئېيت-
تى:

كارامەتلىك قادىر خۇدا، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم،
شاپەئەتلىك روسۇلىللا، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم.
شەمسى باقا، ماھى تابا[105]، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم،
قۇدرەتلىكسەن خۇداۋەندە، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم.

قەمەرشاھقا بەردىم رۇخسەت، پىراقىدۇر جانغا كۈلپەت،
خاھىشىڭدۇر قىلساڭ ئۈلپەت، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم.
شاھى ھۆسەن نادامەتتە، قالدى باشىم مالامەتتە،
تەڭرىم، ئۆزۈڭ ئادالەتتە، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ ئاتىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. ئانىسى قېشىغا كىرىپ ئېيتتىكى: «ئى ئانا، دادام رۇخسەت قىلدى، سەنمۇ ئىجازەت بەرسەڭ» دەپ ئانىسىغا بىر سۆز ئېيتتى:

قىبلىگاھىم جانىم ئانا، دۇئايىڭغا دۇتار[106] بولدۇم،
ۋىسال ئىزدەپ يات يەرلەردىن ئۆزگە ۋەتەن تۇتار بولدۇم.
سەۋدايىمەن يول ئاداشتىم، مېنى توغرا يولغا سالغىن،
داۋاسى يوق دەردكە قالدىم، شىپاسى بار چۆلگە سالغىن.

مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ، يارنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ؟
يارنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم، بېھىش يۈزى كۆرەرمەنمۇ؟
قەمەرشاھ دەر، غەمكىن باشىم، زەھەر - زوقۇم بولدى ئاشىم،
يار ئىشقىدا ئاقار ياشىم، ئانا جانىم، دۇئا قىلغىن.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئانىسى زار - زار يىغلاپ ئېيتتىكى:
— ئەي بالام، خەتەرلىك يولغا ئاتلىنىپسەن، قايتقىن يولۇڭدىن. قەمەرشاھ:
— ئىرادەمدىن يانمايمەن، ۋەدەمدىن قايتمايمەن، مەندىن رازى بولۇڭ، — دېدى. نائىلاج ئانىسىنىڭ بىر سۆز ئېيتقىنى:

بارغىن بالام، يولدا قالما، ئۆچمەس ئوتتا كۆيۈپ يانما،
مەدەت قىلسۇن پەرۋەردىگار، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.
يولۇڭ - مەنزىل باش ئالغۇنچە، ئۈچ يۈز ئاتمىش ياش ئالغۇنچە،
دىلدارىڭغا قاۋۇشقۇنچە، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.

پەرىلەرنىڭ چىن ۋاپاسى، يالغىنى يوق، جان جاپاسى،
سۆزلىرىنىڭ بار باقاسى، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.
خۇدا ساڭا بولسۇن دەركار، نېسىپ ئەتسۇن ۋەسلى دىدار،
ئاناڭغا يوق ئۇيقۇ، بىدار، بارغىن ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ ئانىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ، شەمسى جانانىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش نىيىتىدە ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن شەھىرى ئىسپاھانىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىسپاھان خەلقى چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال ھەممىسى سانجاق - سانجاق بولۇپ يولنىڭ ئىككى

قاسىنقىدا سەپ تارتىپ تۇرغۇدەك. شۇندا قەمەرشاھنىڭ قوۋم ـ قېرىنداش، ئەھلى جامائەت بىلەن خوش ـ لىشىپ بىر سۆز ئېيتقىنى:

كېتەر بولدۇم يارۇجاننى ئىزدەپ،
مېھرىبانىم ئاتا ـ ئانام، خوش ئەمدى.
ئۈچ يۈز ئاتمىش يىل مەنزىلنى كۆزلەپ،
كېتەر بولدۇم، جامائىتىم، خوش ئەمدى.

كوتا ئۆمرۈم يۈز يىل ۋاپا قىلارمۇ؟
يول ئازابى جانغا جاپا قىلارمۇ؟
ئارمىنىمغا تەلەي تېگى ئاتارمۇ؟
گۈل جامالىم، سىڭلىم ساڭا خوش ئەمدى.

مەن كېتەرمەن «تەۋەككۈل»گە بەل باغلاپ،
يار ـ يار دەپ سىنەلىرىمنى داغلاپ،
ھىجران ئوقى يۈرەك ـ باغرىمنى تىغلاپ،
كېتەر بولدۇم، ئانا يۇرتۇم، خوش ئەمدى.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ يۇرتداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرسىمۇ ھېچبىر مەنزىل كۆرۈنمىدى. چۆل ـ جەزىرە ئىچىدە گاڭگىراپ يۈرۈپ بىر سۆز ئېيتتى:

قادىر ئاللا، سالدىڭ ۋىسال دەردىگە،
مەن نەيلەيىن، ياردىن نىشان بولمىسا.
يار ـ يار دەپ كەزدىم ھىجران دەشتىدە،
مەن نەيلەيىن، ياتار ماكان بولمىسا.

شەمسى جانان، ئەي نىگارا، قايدىسەن؟
ۋىسالىڭغا ئەمدى قاچان يېتەرمەن؟
قاي تامانغا باشىم ئېلىپ يۈرەرمەن؟
مەن نەيلەيىن ياردىن ئەپغان بولمىسا؟

مەن بارارمەن، دىلدا ئۈمىد كۈتۈلگەن،
پايانى يوق يولۇمەنزىل ئۆتۈلگەن،
پېشانەمگە نېمە قىسمەت پۈتۈلگەن؟
مەن نەيلەيىن ياردىن ئېھسان بولمىسا.



ئەلقىسسە، قەمەرشاھ شۇ يۇرگىنىچە ئۈچ يىل توختىماي ماڭدى. ئاخىر پۇتلىرى يېغىر بولۇپ، بەل- لىرى تالدى. ھېچقانداق ئادەمزات ئۇچرىمىدى. ئىشقى ـ پىراقى ئېشىپ بىر غەزەل ئېيتتى:

بارچە دەرلەر: ئىشق يولى ۋاپاسىنى،
لوقمان دەرمىش، دەردى ھىجران داۋاسىنى.
نالە ئەيلەپ، دەشتى گەريان ئاختۇراي،
ئەجەب ئىرمەس، ئۇچراپ قالسا باقاسىنى.

گەر يولۇقسا بىرەر پەرى يولۇمدا،
ئۆمرۈم قالماس تەركىدىدار ساناسىز.
يۇرەك پارە، ئاتەشى[107] ھىجران بىلەن،

لەيلى ـ مەجنۇن ۋەسلى بارمۇ گاداسىز؟

مەن پەرىشان تاغۇدەشتلەر كېزەرمەن،
قايدا دىدار، جانانغا جان پىداسىز؟
تەۋەككۇلدىن بەخت ـ تەلەي تاپمىسام،
خىزىر ئۇنى بەلكىم بەرمەس خۇداسىز.
شەمسى جانان رۇخسارىغا يەتمىسەم،
مەھشەر كۇنى[108] قەمەرشاھنى سورارسىز.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى بىلەلمەي ئاللادىن پاناھ تىلەپ بېشىنى سەجدىگە قويدى، شۇ ھامان بىر شەپە بولدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا، يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا بىر ئاق نۇرانە كىشى كېلىۋاتقۇدەك. قەمەرشاھ غايىب كىشىگە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سالام قىلدى. ئۇ كىشىدىن: «ئى ئوغلۇم، يولۇڭدىن قالما، ئاللا تەلىپىڭنى قوبۇل كۆرۈپ، ساڭا ھەردەم مەدەتكار بولغاي، يەنە ئۈچ يىل يۇرسەڭ بىر بوۋاي يولۇققاي، ئۇ يولۇڭنى كۆرسەتكەي، مۇرادىڭغا يەتكەيسەن» دېگەن دۇئايى نىدا كەلدى.

قەمەرشاھقا قايتىدىن جان كىردى. يەنە توقسان توققۇز كۈن يۇرگەندىن كېيىن پايانسىز دەشت- كە يەتتى، قۇملۇق ئىچىدە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يۇرگەندىن كېيىن تەشنالىقتىن يىقىلدى، قەمەرشاھ كۆزىنى ياشلىدى. «ئەمدى ئۆلەر بولدۇم» دەپ نەزم باشلىدى:



نېچۇك جاننى قۇتقۇزاي بۇ چۆلىستان ئىچىدە،
نېتەي شۇنچە ئازغاشتىم، قالدىم ئارمان ئىچىدە،
ھەسرەت تولغان بۇ بېشىم قايغۇ ـ پىغان ئىچىدە،
بويۇم ئوتتا ئۆرتىنۇر، يۈرىكىم قان ئىچىدە.

ئاشتىم جاپا تېغىدىن سەرسانىمەن يولۇڭدا،
رازى ئىدىم جان بەرسەم، جانان سېنىڭ قولۇڭدا،
پەرۋانىدەك نە بولغاي چۆرگىلىسەم ئوڭ ـ سولۇڭدا،
شەمسى جانان بىلۇرمۇ، قالدىم گۇلخان ئىچىدە؟

ئىشق ئوتىدا كۆيگەننىڭ بولۇرمىكىن داۋاسى،
دەرلەر: ئاشىق دېگەننىڭ مەھشەردىمىش غىزاسى،
ئاشىقلارغا ئالەمنىڭ شۇنچىمىكىن جازاسى،
پەرھاد كەبى زارىمەن، بۇ چۆلىستان ئىچىدە.

ھىجران دەشتىدە يىغلاپ ئاقتى كۆزۈم قاراقى،
كەتمەس دەردلىك بېشىمدىن شەمسى جانان پىراقى،
ئارامى جان بولارمۇ، ئاشىققا يول يىراقى؟
قەمەرشاھدۇر نادامەت، نالە ئەپغان ئىچىدە.

ئەلقىسسە، قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپ، قەمەرشاھ كۆزىنى ئاچالماي قالدى. ئەييۇھەنناس ! قەمەرشاھنىڭ جىسمى بارغانسېرى قۇم تېگىدە قېلىشقا باشلىدى. شۇندا نادامەت نالىسى بىرلە «شەمسى جانان قايدىسەن؟» دەپ بىر سۆز ئېيتتى:

مەن بالاغا مۇپتالامەن، شەمسى جانان، قايدىسەن؟
ۋەسلى دىدار يول ئاچار، جانىمغا دەرمان قايدىسەن؟
بۇ جۇدالىق دەشتىدە بىچارە بولدۇم خەستىدەك،
كۆزلىرىمنىڭ گۆھىرى، نۇرى غىلمان قايدىسەن؟
ئۆرتىنەر قەلبىم زىلەيخادەك پىراقىڭ ئىشقىدا،
تەركىدىدار ئۆتسە جانىم، قالدى ئارمان قايدىسەن؟

ئاھ ئەجەب... يەتمەي ۋىسالغا بولدىما قۇملارغا يەم،
بولدى ئالەم بىر دوزاخ، ئەي ماھى تابان، قايدىسەن؟
سەندىن ئۆزگە يار تۇتار بولسام، يۈزۈم بولغاي قارا،
ئەي يۈزۈڭ مىسلى بەدەخشان[109] ، لەئلۇمارجان قايدىسەن؟
نەيلەيىن ئۇشبۇ كۆڭۈل غەم تېغىدىن سەدپارىدۇر،
چۈن قەمەرشاھ يارى بولغاي، ئاپتى جان، قايدىسەن؟

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ شۇندىن سوڭ: «مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈلپەتتىن شەمسى جاناننىڭ خەۋىرى بارمىدۇ؟» دەپ ئۆز ھالىنى ئىزھار قىلىپ بىر مۇناجات ئوقۇدى:

غەملەر تېغى چۈشۈپتۇر بۇ بېشىمغا، جانانىم،
نەچچە يىللاپ زارلىسام يەتمەس ساڭا ئەپغانىم.
كۆيۈپ ھىجران ئوتىدا، ئۇچۇر ئۇقماي كۈل بولدۇم،
قايدىن تاپاي ئاختۇرۇپ سېنى، شاھى خۇبانىم[110] .
پەلەك جۇدا ئەيلەپتۇ جەبىر بىرلە سېنىڭدىن،

تۈمەن مىڭ دەرد ـ بالاغا سەن ئىدىڭ نەزەرگاھىم.
دىدار ئىزدەپ كۈنۈتۈن يېتەلمىدىم مەقسەتكە،
شەمسى جانان ئامانەت، بىر ئۆزۈڭگە ئىلاھىم.
بەختى قارا قەمەرشاھ، سېغىنار پەرۋەردىگار،
كەچۈرگەيسەن ئالدىڭدا، قانچە بولسا، گۇناھىم.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ نالە ـ ئەپغان ئىچىدە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، بېشىدا بىر كومزەك سۇ بىلەن توققۇز نان تۇرغۇدەك، قەمەرشاھ نان بىلەن سۇنى تويغۇچە يەپ ـ ئىچىپ قايتىدىن مادارىغا كەلدى. بىر يۈلقۈنۈپ قۇم ئىچىدىن چىقتى، يەنە يولغا راۋان بولدى. شۇ يۈرگىنىچە ئون تۆت كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ، ئاقىۋەتتە تاشلىرى تونۇر تەپتىدەك قىزىغان غىلتاڭ سايغا كېلىپ قالدى. ئاچ ـ زارلىق، تەشنا ـ تەقەززالىق ئاپتىدىن مىدىرلىغۇدەك ھالى قالمىدى. ھايات كويىدا سەۋەب ئىزدەپ يەرنى كولاپ سۇ تاپماق بولدى. يەرنى بىرئاز كولىۋىدى، بىر ئادەمنىڭ جەستى چىقتى. قەمەرشاھ بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. «بۇمۇ مەندەك بىر دەردمەن ئوخشايدۇ» دەپ بېلىمدىن بەلۋىغىنى يېشىپ ئېڭىكىنى تاڭدى، يۈز ـ كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ، بەدىنىنى كۆمدى. شۇ ئەسنادا بىر سالقىن شامال قەمەرشاھنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتتى. قەمەرشاھ خۇشال بولۇپ شامالغا قاراپ بىر سۆز ئېيتتى:



سابا[111] يەتكۈز، سالامىمنى ئۇ ئاي يۈزلۈك قەلەم قاشقا،
كى مەندىن دىل ئۈزۈپ جانان، كۆڭۈلنى قىلمىسۇن باشقا،
شىكەستە خاكىنى ئەيلەپ، زەھەرلەر سالمىسۇن ئاشقا،
مېنىڭ ئىشقۇئەقىدەم ئېيت، گۆھەرنى كىم ئۇرار تاشقا؟

بۇ چۆللەر دەشتىدە قالدىم، قىيانى زارۇ زار يىغلاپ،
كۆرەرمەن ئاقىۋەت بىر دەپ، كەمەر ھىممەتنى چىڭ باغلاپ،
هامان هىجران پىراقىدا يۈرەر بولدۇم يۈرەك داغلاپ،
كۆرەلمەي يار جامالىنى، كۆزۈم تولدى خۇناب ياشقا.

بۇ هىجران پىراقىدا ھەمىشە بىر گادادۇرمەن،
كۈنىگە مىڭ ئەلەم بىرلە تېغى مىڭ بىر يانادۇرمەن،
كۆرەر بولسام جامالىنى، ۋىسالىغا قانادۇرمەن،
قىچقىرسام ئۈنۈم يەتمەس، يوقتۇر ھېچ ئامال باشقا.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ يەنە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز يول يۈردى. ھېچقانداق جانىۋاردىن دېرەك بولمىدى. بىر باياۋان ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرۈپ، ھاۋادا قانات قېقىپ سايراپ تۇرغان بىر تورغاينى كۆردى. قەمەرشاھ ئېيتتىكى: «بۇ جانىۋارمۇ ئۆز توپىدىن ئايرىلغان مەندەك بىر مۇساپىر ئوخشايدۇ، شۇ تورغايغا ئەرز ـ ھالىمنى بايان قىلسام يارىمغا يەتكۈزسە ئەجەب ئەمەس» دەپ بىر سۆز ئېيتتى:

ھاۋادىكى بوز تورغاي،
سايرىمساڭ نىم بولغاي؟
بۇ چۆللەردە جېنىمنى،
قىينىمىساڭ نىم بولغاي؟

باشىم ئۈزرە تۇرارسەن،
شۇنچە جەۋلان قىلارسەن،
خۇشخۇي زۇۋان سۇرەرسەن،
خەۋەر بەرسەڭ نىم بولغاي؟

سۆزلىگىلى تىلىڭ يوق،
قەمەرشاھقا دىلىڭ يوق.
ئۇچۇپ بېرىپ يارىمغا،
خەۋەر بەرسەڭ نىم بولغاي؟

مېنى سورىساڭ، بىمارمەن،
بۇ دەشت ئىچرە بارارمەن،
غەم لېيىغا پاتارمەن،
خەۋەر بەرسەڭ نىم بولغاي؟

ئەجەب بولدى زامانە،
جان بولارمۇ بىگانە،
يار ئۈچۈن مەن پەرۋانە،
خەۋەر بەرسەڭ نېمە بولغاي؟

يۈرەي دېسەم دەرمان يوق،
تۇراي دېسەم پەرمان يوق،
ياكى شەمسى جانان يوق،
خەۋەر بەرسەڭ نېمە بولغاي؟

قەمەرشاھنىڭ سالامى،
يوقتۇر كۆڭۈل ئارامى،
چىن ئىشقىنىڭ داۋامى،
خەۋەر بەرسەڭ نېمە بولغاي؟

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ تورغاي ئۇچقان تامانغا ئەگىشىپ يەنە ئۈچ يىل يول يۈردى. ھېچقانداق ئا-دەمزات كۆرمىدى. ئۇ ئۆزىگە پاناھ تىلەپ بىر سۆز ئېيتتى:

قۇدرەت بىلەن قابا پەلەك مېنى دەردلىك كويغا سالدىڭ،
جاپا ئەيلەپ، ئىبراھىمدەك كۆيۈۋاتقان ئوتقا سالدىڭ.
سەھەر تۇرۇپ ئاللا دېدىم، ئۆزگە ئىشنى ھېچ بىلمىدىم،
يارنى ئىزدەپ تاپالمىدىم، مېنى غەيرىي يولغا سالدىڭ.

كەلدىم يارىمنى سوراقلاپ، يار قاچتى مەندىن يىراقلاپ،
ھىجران ئوتىدا سىنەم[112] داغلاپ، مېنى ناگاھ چۆلگە سالدىڭ.
كۆرگەنلىرىم پىراق بولدى، يېقىنلىرىم يىراق بولدى،
شەمسى جانان چىراغ بولدى، پەرۋانەڭنى ئوتقا سالدىڭ.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ قارىغۇدەك بولسا، بېھىشتىن نىشان بېرىدىغان بىر چارباغ ئىچىدە ئۆزىنى كۆردى. بىر يېشىللىق ئارىسىدىن ئايئاق ساقال نۇرانە چىراي كىشى چىقىپ كېلىپ: «ئەي ئوغلۇم، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزگىلى كەلدىم، ئازدىن كېيىن چۈشۈڭدە كۆرگەن جانانىڭ بىلەن ئۇچراشقان ئۆس-تەڭ بويىغا بارسەن، يار ۋەسلىگە قانىسەن» دەپ كۆزدىن غايىب بولدى. قەمەرشاھ: «خىزىرغا يولۇققان ئوخشايمەن» دەپ، ئۇنىڭ يولىغا قاراپ بىر سۆز ئېيتتى:



شەمسى جانان، سېنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۈنۈم يامان بولدى،
زىلەيخادەك يۈسۈپ ئۈچۈن مەنزىلگاھىم زىندان بولدى.
مەن سارغىيىپ گۈلدەك سولۇپ، چىرايلىرىم سامان بولدى،
غەم پىراقى ئىچرە ئۆتكەن ئۆمرۈم ماڭا زىيان بولدى.
قالدىم ئەجەب ئېغىر كۈندە، ئىشقىڭ قىلدى مېنى بەندە،
زار ئەيلىدىم ھەربىر دەمدە، تەنھالىقىم يامان بولدى.
ئايرىلىپ مەن بىرنەچچە كۈن، يۈردۈم گويا ھالىم زەبۇن[113]،
كۆز ياشىمدا تولدى ھامۇن[114]، چەككەنلىرىم پىغان بولدى.
قەمەرشاھدۇر مىسكىن بېشىم، تىنماي ئاقۇر كۆزدىن يېشىم،
چۆل ئىچىدە شۇل يولداشىم، خىزىر، ئىلياس ئايان بولدى.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرغانىدى، بىر جۇۋان ئىككى قاپاقنى كۆتۈرۈپ سۇغا چىقىپ قالدى. ئۇ جۇۋان ئۆستەڭ بويىدىكى ناتونۇش ئادەمگە شۇنداق بىر قارىۋىدى، ئۇنىڭدىن بىر ئوت چىقىپ جۇۋاننىڭ سىنەسىنى خاراب قىلدى، جىگىرىنى كاۋاپ قىلدى. جۇۋان: «بۇ يىگىت نېمىدېگەن ئوتلۇق، ئالدى بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ، سىر - ئەسرارلىشىپ باقاي» دەپ، قەمەرشاھقا تەلمۈرۈپ بىر سۆز ئېيتتى:

خۇدايا، ئەي يىگىت، ئېيتقىن خىزىرمۇسەن يا ئەزرائىل،
قەيەرلەردىن كېلىپ قالدىڭ بۇ يەرلەرگە، جاۋاب بەرگىل؟
كۆرۈندۈڭ كۆزگە بىگانە، ئۆزۈڭ مىسكىنكى غەمخانە،
پېئىل، قامەتتە يېگانە، قەيەرلىكسەن، جاۋاب ئەتكىل؟
بۇ يەرلەرگە مۇساپىرمۇ ۋەيا تەركى مۇجاۋىرمۇ[115]،
ئىگەڭدىن يا بىزار قۇلمۇ، قەيەرلىكسەن، جاۋاب ئەتكىل؟
نېچۈك سەرسانە - سەرگەردان، نەپەس ئالساڭ چىقار ئەپغان،
ۋەيا سەنمۇ بىرەر قاچقان، سۈپاتىڭدىن جاۋاب ئەتكىل؟
مېنى بىلسەڭ شېرىن نادىر، دىلىم بولدى ساڭا مايىل،
نېلەر سورىساڭ جېنىم قادىر، قەيەرلىكسەن، جاۋاب ئەتكىل؟

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ جاۋاب قىلدىكى:
— ئاتا بىزار ئەمەسمەن، ئانا بىزار ئەمەسمەن، بۇ شەھەردە كىم ياخشى، كىملەر يامان بىلمەسمەن، شەمسى جانان يارىمنى تاپمىغۇچە كۈلمەسمەن. جۇۋان ئېيتتىكى:
— ئەي يىگىت، مەن ئۆمرۈمدە سېنىڭدەك ئوتى ئاتەشنى كۆرگىنىم يوق، يۈرىكىمگە قادالدىڭ سەن بولۇپ گويا بىر ئوق. مەن ئۆمۈربات ساڭا ياخشىلىق ئىزدەيمەن.
قەمەرشاھنىڭ دىلشادلىكىدىن بىر سۆز ئېيتقىنى:

كەچ كىرىپتۇر ياقا يۇرتتا، مەن غېرىب باراي قايان،
كەلسە شۇتاپ جان نىگارىم دىل سىرىم ئەتكۈم بايان؟
سىرى ئاشكار ئەتمىدىم، ھەركىمگە سىرداش ئۆزگىدۇر،
شەمسى جانانسىز ماڭا ئۆتكەن ئۆمۈر بىر كۈزگىدۇر.
ئالما بويلۇق ئەۋرىشىم، ئېيتقىل گېپىڭنى سىردىشىم،
ئۆز نىگارىم تاپمىغۇنچە ھېچ ئارام ئالماس بېشىم.
شەمسى جانان دەردىدە ھالىم خارابتۇر ھەرقاچان،
كېچە - كۈندۈز تولغىنىپ، ھەسرەت يۇتۇپ ئۆرتەندى جان.
ئالتە يىل چۆللەر كېزىپ، كۆپلەپ قېتىم يولدىن ئېزىپ،
يارى تۇرسا، ھېچ بولارمۇ، ئۆزگىگە دىلنى بېرىپ؟
كىملىكىم ئەتسەم ئايانىم، شاھ قەمەردۇر ئۆز ئېتىم،
يارنى ئىزدەپ، باش ئېلىپ چىققان يېگانە بىر يېتىم.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ بۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن، جۇۋان زوقى زىيادە بولۇپ ئېيتتىكى:
— ئەي يىگىت، ئىشقىڭغا ساداقەتمەن ئىكەنسەن، ئەقىدەڭ ئىبارى ئۈچۈن ساڭا چۈشكەن ئىشقىمنى قۇربان قىلىشقا رازىمەن، سېنىڭ يارىڭ تولىمۇ خەتەرلىك جايدا ئىكەن، شەمسى جاناننىڭ دادىسى شاپەرقۇت ئىنسۇجىن، دىۋە - پەرىلەرنىڭ پادشاھى. ئۇلار ئادەمزاتقا ئۆچ، كۆڭلۈڭ ئۈچۈن مەن سېنى شەمسى جانان ئولتۇرىدىغان چارباغنىڭ چاكىرى سالماس بوۋىنىڭ ئىشىكىگە يەتكۈزۈپ قوياي، ئۇنىڭ ساڭا ياردىمى بولار، — جۇۋان بۇلاقتەك كۆزىدىن مونچاقتەك ياش تۆكۈپ ئارقىسىغا ياندى. قەمەرشاھ بۇ مۆمىن جۇۋاننىڭ ساداقىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپ بىر سۆز ئېيتتى:

ئالىمى ئىچرە خورامىسىز، مۇڭ بىلەن تولغان بېشىم، هەر زامان سانسىز بالاغا مۇپتىلا بولغان بېشىم.
تاغۇدەشتتە كۇنۇتۇن، كۇلپەت قۇشى قونغان بېشىم. مەنمۇ سەندەك يىغلىغان، بىردەم پاراغەت قىلمىغان،
قايدا بارسام چەرخ ئۇرادۇر، شۇم پەلەكنىڭ گەردىشى، هىجرىدىن باغرى كاۋاپقا ئاشىنا بولغان بېشىم.

شۇنداق قىلىپ جۇۋان ئۇزۇن يول يۇرۇپ قەمەرشاھقا سالماس بوۋىنىڭ تۇرىدىغان جايىنى كۆرسىتىپ قويدى.

ئەلقىسسە، سالماس بوۋىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى، ئىسمىنى ئايخان دەر ئىدى، قىز تالاغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا بىر يىگىت ئىشىككە تەلمۇرۇپ قاراپ تۇرغۇدەك، يىگىتلىكتە هېچ ئەيىب - نۇقسان يوق بۇ ناتونۇش كىشىگە بىر قاراپلا ئايخاننىڭ يۇرىكى شامدەك ئېرىپ كېتىپ بىر سۆز ئېيتتى:

ئىشىك ئالدىدا بىر يىگىت ئەيمىنىدۇر كىرگىلى، ئول يىگىتنىڭ هۆسنىدىن چۆرگەلگۇسى يەر - جاهان،
بېلى مەهكەم باغلاقلىق، تەلمۇرىدۇ كۆزلىرى. ئالدىغا چىق، ئەي ئاتا، ئاز قالدىغۇ تەندە جان.
بىزارلىق هالىدىن بەلگە بېرەر يۈزلىرى، ئەي ئاتا، چىق تالاغا، ئۆيگە باشلاپ كىرگىلى،
قىلماي تولا ئىنتىزار، ئېيتسا ئىكەن سۆزلىرى. غەمگۇزاردىن هال ئۇقۇپ، مۇڭ - زارىنى بىلگىلى.

ئەلقىسسە، سالماس بوۋا ئىشىكتىن چىقىپ ئارسلاندەك قامەتلىك بۇ ناتونۇش يىگىتتىن:

— نەدىن كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى. قەمەرشاھ ئېيتتىكى:

— مەنزىلگاھىمنى بىلمەسمەن، شەمسى جانان يارىم بار، تاپمىغۇنچە كۇلمەسمەن.

— ماڭا ئوغۇل بولساڭ قانداق؟ — دېدى سالماس بوۋا، قەمەرشاھ ماقۇل بولدى. ئۆيگە ئېلىپ كىردى. كۇنلەر ئۆتتى، ئاي ئۆتتى... شۇنداق قىلىپ سالماس بوۋىنىڭ غېرىب كۇلبىسىدە، شەمسى جانانىڭ پەنتىدە يۇرگىنىگە يەنە ئۇچ يىل بولدى. ئىسپاھان شەهرىدىن چىققانغا توققۇز يىل توشتى. سالماس بوۋا قەمەرشاھنىڭ هالىنى بىلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېرىش ئۇچۇن ئېيتتىكى:

— يۇر، ئوغلۇم، ماڭا دورا - دەرمەك يىغىشىپ بەر.

— ئەي بوۋا، هەر كۇنلۇكى تۇرلۇك - تۇمەن گۇل - گىياھ تېرىسىز، ئۇنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى قەمەرشاھ. سالماس بوۋا ئېيتتىكى:



— بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى توققۇز يىلدىن بېرى ئىشق سەۋداسىغا گىرىپتار بولۇپ ھېچقانداق دورا شىپا قىلمىدى. شۇ پەرىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق ئۈچۈن ھەرقىسما مېھرىگىياھلارنى تېرىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزىمىز، شۇ ئەجرىمىز ھېسابىغا كۈن ئۆتكۈزىمىز.

قەمەرشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سالماس بوۋىغا يالۋۇرۇپ:

— ئەي ئاتا، مەنمۇ بىر دەستە مېھرىگىياھ تېرىپ بېرەي، شۇ جانان ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز، — دېدى. سالماس بوۋا ماقۇل بولدى. قەمەرشاھ كۆڭۈل تارلىرىدىن يىپ ئېشىپ، ئىشق بېغىدىن گۈل تىزىپ، دەستە ئىچىگە ئۆزىنىڭ بارلىق دەرد - ئەلەملىرىنى يېزىپ چىقتى.

ئەلقىسسە، سالماس بوۋا بۈگۈن يەنە بىر تۇتام مېھرىگىياھنى شەمسى جانانىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندى. توققۇز يىلدىن بېرى قەمەرشاھنىڭ دەردىدە سارغىيىپ يېتىپ، تارتىشىپ قالغان پەيلىرى قويۇپ بېرىۋاتقان شەمسى جانان بۈگۈنكى مېھرىگىياھنى پۇرىغاندىن كېيىن پۈتۈن ئەزايىغا ئىشق تىترىكى ئولاشتى:

— ئاجايىپ خۇشبۇي ئىپار ھىدى پۇرايدىغۇ؟ — دەپ مېھرىگىياھنى كۆكرىكىگە باستى، — بۇنىڭدا نېمە خاسىيەت باردۇر؟ — دەپ قېتىنى ئېچىپ قارىغانىدى، ئارىسىدىن بىر پارچە نامە چىقتى:

ئىشق باغىدىن بارار بۇ نامە ئېرسالىم[116] ساڭا،
گەر ۋىسال ئەتسەڭ نېسىپ، بولسۇن پىدا جانىم ساڭا.
شۇ بىلەن بولغاي ئايانكىم نامۇئەمالىم ساڭا.
ھەق ئەزىز ئەيلەپ سېنى، چۆل كەزدۇرۇپ ھەردەم مېنى،
سەن ئۈچۈن چەكتىم پىغان، سىنەلىرىم بولدى يارا،
جور قىپتۇ بۇ شاھزادىنى، ئەي شەۋقى دىلدارىم ساڭا.
مەلۇم ئولغاي زەپىراندەك رەڭگى - رۇخسارىم ساڭا.
رەھىم قىلساڭ، لاچىنىڭ بولغۇم بۇ بوستانلار ئارا،
مۇنچە جەبرىڭ ئەتكۈچە، مەيلى ئىدى قىلساڭ ھالاك،
جان تەسەددۇق تا ئۇمۇربات، شەمسى جانانىم ساڭا.

ئەلقىسسە، شەمسى جانان بۇ ئېرسالنامىنى ئوقۇپ ھوشىدىن كەتتى، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سالماس بوۋىنى دەرھال چاقىرتىپ كەلدى ۋە:

— ئەي دورا - دەرمەكچى بوۋا، بۇ مېھرىگىياھنى ئەۋەتكەن ئوغلىڭىز ھازىر قەيەردە؟ — دېدى. سالماس بوۋا ئەھۋالنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، دەرھال دادىسى شاپەرقۇتنىڭ ئالدىغا كىرىپ چارباغقا سەيلە ئېتىشكە ئىجازەت سورىدى. پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل ئەيلەپ، قىرىق كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا شەمسى جانانىنى چارباغقا ئۇزاتتى. ئەھۋالدىن خەۋەردار قەمەرشاھ شۇ ھالەتتە يارىنىڭ ئالدىغا چىقىشتىن ئويلىنىپ، گۈللەر ئارىسىغا كىرىپ جۇل - جۇل كىيىملىك بەدىنىنى پىنھان تۇتتى. شەمسى جانان چۈشىدە كۆرگەن يارىنى تەقەززالىق بىلەن ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماي مەيۇسلەندى. ئازدىن كېيىن ئالدىدىكى گۈللۈكتىن ئاجايىپ خۇش پۇراق ئۇرغۇپ شەمسى جانانىنى مەپتۇن قىلدى. «نېمە ھېكمەت بۇ؟ !» دەپ گۈللەرنىڭ شېخىنى شۇنداق قايرىغانىدى، ئۇ يەردە توققۇز يىلدىن بېرى تەقەززا قىلغان يارىنىڭ نەق ئۆزىنى كۆردى ۋە شۇ ھامان بىھوش بولۇپ گۈللەر ئارىسىغا يىقىلدى. قەمەرشاھ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ شەمسى جانانىنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلاندى، شۇندا چىن دىلىدىن يارىغا نىداتلىق تىلەپ بىر مۇناجات ئوقۇدى:

كارامەتلىك، ئەي قادىر خۇدا،
رەھىم ئەيلىگەيسەن شەمسى جانانغا.
زار قىلما مېنى، پەرۋەردىگارا،
رەھىم ئەيلىگەيسەن شەمسى جانانغا.

ئۆزىدە يوقتۇر ئەس بىلەن ھوشى،
سەندىن ئۆزگە يوق مەدەتكار كىشى،
نە قىلاي، يارىنىڭ ئېغىر دۇر ئىشى،
رەھىم ئەيلىگەيسەن شەمسى جانانغا.

خارابتۇر ھالى، يوقتۇر دەرمانى،
ياكى تولغانمۇ ئەجەل پەيمانى،
ماڭا بەر ئۇنىڭغا كەلگەن قازانى،
رەھىم ئەيلىگەيسەن شەمسى جانانغا.

قەمەرشاھ تىلەر يارغا ئىسەنلىك،
كەچۈر، مېنىڭدە بولسا سەۋەنلىك،
يار ئۈچۈن تېنىم بولسۇن كېپەنلىك،
رەھىم ئەيلىگەيسەن شەمسى جانانغا.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھنىڭ كۆز يېشى شەمسى جانانىنىڭ يۇزىگە يامغۇردەك تامدى، شەمسى جانان چۆچۈپ ھوشىغا كەلدى. ئەيۇھەنناس! بۇ ئاشىق - مەشۇقلار شۇنچە تويماي قاراشتى، ھەشقەپېچەكتەك بىر - بىرىگە چىرماشتى، شەمسى جانان قەمەرشاھنى ئالتۇن تەخت ئۈستىگە تەكلىپ قىلىپ بىر سۆز ئېيتتى:

ئەمدى ئارام ئالغايسەن، ئەزىز مېھمانىم،
ئىشەنگىن، ئەي قەمەرشاھ، غېمىڭ تۈگەيدۇ.
ساڭا بولسۇن تەسەددۇق بۇ شېرىن جانىم،
ئىشەنگىن سەن، قەمەر شاھ، دەردىڭ تۈگەيدۇ.

پىدا قىلغان مەن يولۇڭغا ئەزىز جانىمنى،
نېچۈك ئۇنتاي تارتقان ئاھۇزارىڭنى،
قۇربان قىلغۇم بار ساڭا يوقۇبارىمنى،
ئىشەنگىن سەن، قەمەرشاھ، دەردىڭ تۈگەيدۇ.

چىن ئاشىقسەن، تۇتقىل ئۇتلۇق قولۇمدىن،
باغۋەن بولۇپ، ئۈزگىل تازا گۈلۈمدىن،
نەپەس ئالغىن خۇش ئەتىرلىك بويۇمدىن،
ئىشەنگىن سەن، قەمەرشاھ، دەردىڭ تۈگەيدۇ.

ئەمدى بىلدىم پانىي دۇنيا پەنتىنى،
تېتىپ كۆرۈپ ۋەسلى دىدار قەنتىنى،
چىن ئاشىقلار چاقار قەپەس بەنتىنى،
ئىشەنگىن، ئەي قەمەرشاھ، دەردىڭ تۈگەيدۇ.



ئەلقىسسە، ئۇلار قىرىق كېچە ـ كۈندۈز چارباغدا بىرلىكتە سەيلە ـ تاماشا قىلدى. بىر كۈنى سەـ ھەر ۋاقتىدا شەمسى جانان:

— ئەي ئاي مەسەللىك دىلدارىم، دادامنىڭ بەرگەن ۋاقىت ـ سۈرۈكى توشۇپتۇ. مەن ئەمدى ئالدىغا بېرىپ يەنە رۇخسەت ئېلىپ كېلەي، بولمىسا ئاشكارىلىنىپ قالساق ھەر ئىككىمىزگە ياخشىلىق بولـ ماس، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قەمەرشاھنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

قۇربانىڭ بولاي، شېرىن سۆز جانان، ھىجران ئوقى پاتقان بېشىمغا،
مەن قانداق چىداي بېرىپ كەلگۈنچە. رەھىم ئەيلىگەيسەن، ئاققان يېشىمغا،
جېنىمنى بېرەي، ئەي نۇرى جاھان، بارساڭ كەلگەيسەن پاتراق قېشىمغا،
مەن قانداق چىداي قايتىپ كەلگۈنچە. قانداق قىلاي مەن قايتىپ كەلگۈنچە؟

ئەلقىسسە، شەمسى جانان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تەزىم قىلىپ، يەنە قىرىق كۈنلۈك رۇخسەت سورىدى. شاپەرقۇت:

— بارغىن قىزىم، چارباغنىڭ ھاۋاسى ساڭا يارىشىپتۇ. كېسىلىڭ شىپا تېپىپتۇ، — دەپ رازىلىق بەردى. ئىشىك ئالدىدا كۆز ئۈزمەي كۈتۈپ تۇرغان قەمەرشاھ شەمسى جانانىنىڭ خۇش كەيپىنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىپ سەكرەپ كەتتى. ئۇلار يەنە مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شەمسى جانان:

— ئەي قەمەرشاھ، بىزنىڭ بۇ خۇشال كەيپىمىز ئۇزۇنغا بارماس. بۇ قەپەس ئىچىدە خۇپىيانە يۈرۈپ كۆڭلىمىز قانماس. سالماس بوۋىنى ئاتا ئورنىدا دادامغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ كۆرسەڭ! — دېدى. قەـ مەرشاھ بۇ تەكلىپنى جان دەپ قوبۇل كۆردى. بېرىپ سالماس بوۋىغا تەلىپىنى ئېيتتى. سالماس بوۋا:

— ئوغلۇم، بۇ بەك خەتەرلىك يول، پادىشاھ قانداقمۇ گادايلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرسۇن! بۇ تەـ لەپ ئورنىغا شۇئان مېنىڭ بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلارمىكىن، — دېدى. قەمەرشاھ:

— ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دېگەن گەپ بار. ناۋادا مۇشۇ تەلىپىمىز بىلەن سىزگە ئۆلۈم كېلەر بولسا، مەن جېنىمنى بېرىشكە رازى، جېنىم ئاتا، ماڭا رەھىم قىلىڭ، — دەپ يىغلاپ يالۋۇردى. سالماس بوۋا:

— خەير، پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمەن، ھامان بىر كۈنى ئۆلەرمەن! — دەپ ئالتۇن سازىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇدۇل پادىشاھ ئوردىسىغا يول ئالدى. شاپەرقۇتنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ بىر سۆز ئېيتتى:

پاناھىم پادىشاھىمسەن، بارارغا دادخاھىمسەن، ئارزۇغا ئەيىب يوقتۇر، ئەلچىگە ئۆلۈم يوقتۇر،
كۆڭۈلگە چىن ئارامىمسەن، جېنىمغا جان ـ مادارىمسەن. كەچۈرسەڭ بىر قوشۇق قاننى، سائادەتلىك ساڭا جىقتۇر.
كېلىپمەن بۇ ھۇزۇرۇڭغا، مۇقەددەس تەختۇنۇرۇڭغا، كېلىپتۇ شەمسى جانانغا، بولۇپ چىن ئاشىقى ئوغلان،
ساداقەت مەندە يولۇڭغا، قۇلاق سالغايسەن قۇلۇڭغا. تەلەپنى تەرك ئېتەر بولساڭ، بوسۇغاڭدا بولۇر قۇربان....

ئەلقىسسە، شاپەرقۇت سالماس بوۋىنىڭ سۆزىنى يەنە ئاڭلاۋېرىشكە تاقەت قىلالماي، دەرغەزەپ بولۇپ «جاللات!» دەپ جار سالدى. شۇ ھامان ئون سەككىز جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ھازىر بولدى. پاـ دىشاھ شۇنداق پەرمان بەردىكى:

— شاھنىڭ شانۇشەۋكىتىگە بىھۆرمەتلىك قىلىپ تىل تەگكۈزگەن قېرىنى دەرھال قەتل قىلىڭلار! — دېدى. جاللاتلار سالماس بوۋىنىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىپ ئۆلۈمگە ئېلىپ ماڭدى.

شاپەرقۇتنىڭ بىر ئاقىلانە ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ جاللاتلارغا ئۇچراپ:

— بۇ ئادەم نېمە گۇناھ قىلغان؟ — دەپ سورىدى. جاللاتلار ئەھۋالنى ئىزھار ئەتتى. ۋەزىر:

— مەن قايتىپ چىققۇچە ئورنۇڭلاردىن مىدىرلىمايسىلەر، — دەپ بۇيرۇدى ۋە شاھ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي پادىشاھئالەم، قىزى باركىشىنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرىش ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى، شەرىئەتتە ھېچقاچان ئەلچىگە ئۆلۈم جايىز ئەمەستۇر، ناھەق تۆكۈلگەن قان ئۈچۈن ئاخىرەتتە جاۋاب بەرمەك بەرھەقتۇر، — دېدى. پادىشاھ نائىلاج بولدى. ۋەزىر ئېيتتىكى:

— ئەگەر قوبۇل كۆرمىسىڭىز، بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى پۈتمەس دېگەندەك، ئېغىر تەلەپ قويسىڭىز يولىغا راۋان بولۇر.

ئەلقىسسە، شاپەرقۇت ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە سالماس بوۋىنى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلدى. سالماس بوۋا كۈلۈمسىگە قايتىپ، تەقەززالىق بىلەن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان قەمەرشاھقا پادىشاھنىڭ «تويلۇق» تەلىپىنى يەتكۈزدى. بۇ ئېغىر تويلۇق قەمەرشاھنى ھوشىدىن كەتكۈزدى. شەمسى جانان ئېيتتىكى:

— بۇ تەلەپنى قانداقمۇ بەجا كەلتۈرگىلى بولسۇن؟ بىرلا چارە، ئىككىمىز ئىسپاھان شەھىرىگە قاچايلى، بەختكە ئۆزىمىز يول ئاچايلى.

— يەرۇئاسماندىكى جىمى دىۋە - پەرىلەر شاپەرقۇتنىڭ قول ئاستىدا تۇرسا، بىز قانداقمۇ قېچىپ قۇتۇلالايمىز؟ ئەڭ ياخشىسى ماڭا قىرىق كۈنلۈك ئىجازەت بېرىڭ، غەربتىكى قۇم ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن خاسىيەتلىك دەريا بويىغا بېرىپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ كۆرەي، بەندىسىنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى قەمەرشاھ. شەمسى جانان:

— سەندىن قىرىق كۈن ئايرىلىشقا تاقىتىم يوق، نېمە بولساق بىللە كۆرەيلى، — دەپ يولدىن توستى. قەمەرشاھ:

— ئەي جانانىم، مېنى يولۇمدىن توسماڭ، ئۈمىد بولسا، ئۆلۈم ۋەھىمىسى بولمايدۇ، — دەپ بىر سۆز ئېيتتى:



شەمسى جانان، توسما مېنى، سەن ئاتاڭغا خىزمەتتە بول، مەن خۇداغا زار يىغلىسام، تويلۇقلارنى تەلەپ قىلسام،
كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت قىل، سەھەر قوپۇپ تەلەپتە بول. بەلكىم تەڭرىم بەندىسىنىڭ تەلىپىنى قىلغاي قوبۇل.
مەن بارۇرمەن دەريا بويى، كۆڭلۈم سەندىن كەتمەس نېرى، سەنمۇ يارىم سەھەرلەردە، تەلەپلەر قىل ئىبادەتتە،
ئۇندىن باشقا ئىلاجىم يوق، بەندىدۇرمەن ئاللاغا قۇل. قەمەرشاھقا رەھىم ئەيلە، تىلىگەيسەن ماڭا ئاقىول.

ئەلقىسسە، شەمسى جانان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— بۇ قىرىق كۈن ماڭا قىرىق يىلچە بىلىنەر، ئۇنىڭغىچە ھالىم نە بولۇر؟ — دەپ بىر سۆز ئېيتتى:

قۇربانىڭ بولاي، شېرىن سۆز يارىم،
مەن قانداق چىدارمەن قىرىق كۈن بولغۇچە؟
جانىمنى بېرەي، ئەزىز دىلدارىم،
ئوتۇڭدا كۆيەرمەن قىرىق كۈن تولغۇچە.

تاشلاپ كېتىپ، زامىن بولما جېنىمغا،
رەھىم ئەيلە كۆزنىڭ يېشى، قېنىمغا،

كەتسەڭ، قايتىپ پات كەلگەيسەن يېنىمغا،
تاقىتىم تاق، ۋىسال كۈنى بولغۇچە.
بۆلەك چارە كەلمىگەچكە قولۇمدىن،
ئاجىزەڭمەن قالدۇرۇشقا يولۇڭدىن،

ئۆلۈم ئەۋزەل سەنسىز ئۆتكەن كۈنۈمدىن،
پات قايتارسەن، ئۆزگە سۆزلەر بولغۇچە.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ شەمسى جانان بىلەن ۋىدالىشىپ يولىغا راۋان بولدى. دەريادا بويىنى سۇغا سىلىپ، تويلۇق ئۈچۈن خۇداغا مۇناجات ئوقۇپ بىر سۆز ئېيتتى:

ئالەمنى ياراتقان ئەي پەرۋەردىگار،
بىر يارغا بەدەلنى سەندىن تىلەرمەن.
خەۋەر ئال بەندەڭدىن، ئەيلىمىگىن خار،
بىر يارغا بەدەلنى سەندىن تىلەرمەن.

توققۇز يىللاپ ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ،
يار ۋەسلىچۈن زەپىراندەك سارغىيىپ،
مۇناجاتلار ئېيتتىم ساڭا يالۋۇرۇپ،
بىر يارغا بەدەلنى سەندىن تىلەرمەن.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز تائەت ـ ئىبادەت بىرلە خۇداغا نالە قىلدى. سايغا سۇ باشلاپ، چارباغ تەييارلاش كويىدا دەريا لېۋىنى تىرناقلىرى بىلەن تىلدى. جاپا چەكمەي ھالاۋەت، ئامال قىلماي سائادەت يوقلۇقىنى بىلدى.... سوڭرە شۇنداق بىر ھەرەمباغ بىنا بولۇپتۇركى، ئەيىۋۇھەنناس! قەمەرشاھ شەمسى جانانغا خەۋەر بېرىپ، باغى ئېرەمنى سەيلە قىلدۇرماقچى بولدى. شەمسى جانان ئىنتايىن خۇش كەيپ بولۇپ:

— ئەي جېنىمنىڭ جانانىسى، خۇدا تىلىكىمىزنى ئىجابەت قىپتۇ. يۈرۈڭ ئەمدى سەيلە ـ تاماشا قىلايلى، — دەپ بىر سۆز ئېيتتى:

قەلەم قاشلىق، شېرىن سۆزلۈك قەمەرشاھ،
ئەجرىڭ بىلەن تويلۇق تەييار بولۇپتۇ.
ئوتى يامان تولۇن ئايدەك قەمەرشاھ،
غەيرىتىڭدىن باغقا تويلۇق تولۇپتۇ.
قەمەرشاھ:
يارىم، ساڭا ئېيتسام يۈرەك سىرىمنى،
پەرزەنتىمىز ئۇشبۇ باغنى كۆرەرمۇ؟

مۇساپىرمەن، ئەلچىلىككە كىشىم يوق،
ئاتاڭ سېنى مەن غېرىبقا بېرەرمۇ؟
شەمسى جانان:
كۆرگەنىمدىڭ شاھلار سۆزىدە تۇرغانىنى،
قىلىچلىرى قەتل، قانغا تويغانىنى،
ئاجرىتالماس ۋەدىسى چىڭ بولغانىنى،
غەم يېمىگىل، تويلۇق تەييار بولۇپتۇ.

قەمەرشاھ:
بىر ئۆزۈڭدە ھاسىل مېنىڭ مۇرادىم،
ئىلكىڭدىدۇر، ئەسىر تەقدىر ـ ئىرادەم،
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر مېنىڭ پاناھىم،
شاپائەتلىك ئاتاڭ سېنى بېرەرمۇ؟

شەمسى جانان:
ئەي ۋاپادار، كۆڭلۈڭ مالال قىلمىغىل،
غەم تىغىدا يۈرىكىمنى تىلمىغىل،
ھەسرەت بىلەن يۈرىكىمنى شىلمىغىل،
ۋىسال ۋاقتى بۈگۈن بىزگە بولۇپتۇر.

ئەلقىسسە، شەمسى جانان:
— ئەي قەمەرشاھ، ئەمدى ھەممە نەرسە تەييار بوپتۇ، تېزدىن ئاتامغا كىشى ئەۋەتىپ مەلۇم قىلايلى، رازىلىقىنى ئېلىپ دەرھال نىكاھلىنايلى! — دېدى.

ئەمدى سۆزنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى: شاپەرقۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋەزىر ـ ئەمىرلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر قۇسۇر تاپماق نىيىتىدە قەمەرشاھ تەييارلىغان ئېرەم باغنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى.

ئەييۇھەنناس! خىيالىي جەننەتتىنمۇ يۈز ھەسسىلەپ ئارتۇق زىننەتلەنگەن بۇ ھەرەمباغنى كۆرۈپ، پادىشاھ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپ قالدى، چوڭقۇر غەمگە پېتىپ قالدى. «بەرمەي» دېسە، ئۆز لەۋزىدىن ئارتۇق تەييارلىق پۈتكەن؛ «بېرەي» دېسە، ئاتا ـ ئانىسى مەلۇم بولمىغان بىر ئادەمزاتقا رايى بارمىدى. ئاخىر قىزنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرماق كويىدا بولدى.

شەمسى جانان ئاتىسى ئالدىدا ھۆرمەتتە تۇرۇپ قەمەرشاھنى تەرىپلەپ بىر سۆز ئېيتتى:



قەمەرشاھدىن رىۋايەت بايان ئەيلىسەم،
يۈرەكتىكى سۆزلىرىم تەرىپكە يەتمەس.
سىياقىنى قاچانكىم بىقارار كۆرسەم،
كۆزلىرىمنىڭ خۇنلىرى زايىگە كەتمەس.

قەمەرشاھ دەپ ئېتىنى بىلىپ قويغاندۇر،
ئارسلاندەك ئۇنداق ئەرنى كىممۇ تۇغقاندۇر؟
يۈزى گويا تاڭدىكى پارلاق چولپاندۇر،
تەرىپىنى قانچە قىلسام شۇنچىلا پۈتمەس.

بويلىرىنىڭ تۈزلۈكى چىنارغا ئوخشايدۇر،
رۇخسارىنىڭ ئۈزلۈكى بىر تولۇن ئايدۇر،
كۆزلىرىنىڭ نۇرلۇقى قۇدرەتكە بايدۇر،
بىر قاراشىنىڭ شولىسى بىر ئۆمۈر پۈتمەس.

كىم كۆرگەندۇر، بۇ سۈپەت قابىل يىگىتنى،
ئىشقى ئاتەش، قەھرى ئوت، قىران بۈركۈتنى،
سەل چاغلىما، بۇ كۆزلەردىن چاقنىغان ئوتنى،
ھەزەر ئەيلە، قىلىچ، خەنجەر بارچىسى ئۆتمەس.

بىرنەچچە يىل باغدا يۈردۇم قايغۇ ـ ھەسرەتتە،
قەمەرشاھنىڭ پىراقىدا دەردىم ئەلۋەتتە،
قۇرۇمىدى كۆزۈمدىن ياش شۇنچە غۇربەتتە،
راستىم، ئاتا، ئۇسىز قىزىڭ مۇرادقا يەتمەس.

ئەلقىسسە، پادشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزىپى تاشتى. خاتۇنى بۇۋى ھەنىپىنى چاقىرىپ:

— ئەي خوتۇن، سېنىڭ بۇ قىزىڭدا ھايا ـ نومۇس يوقمۇ؟ مېنىڭ يۈزۈمدىن ـ يۈزۈمگە شۇنداق بىئەدەپلىك قىلامدۇ؟ ئەمدى بىزگە ئۆلۈم ھەق بولۇپتۇر، — دەپ بىر سۆز ئېيتتى:

قىرىق يىل بولۇپتۇ، ئۆي تۇتقىلى بىز،
پەقەت شۇ ئىدى باققان بالىمىز.
ئالدى ـ كەينىدە يوق ئىدى ھېچ ئىز،
ئالەمدە ئىدى يېگانە بىر قىز.
كېرەك ئەمەسمۇ بىزگە ئاتاق ـ يۈز؟

مۇقەددەس بىزگە ئابرۇي ـ ئاتاق،
قىزدىن چىقامدۇ ئاشۇنداق چاتاق،
دۇنيانى ئەمدى قىلاي مەن تالاق،
شۇنداق ھاياسىز بولغاچ بالىڭىز.

كەچتىم ئەبەدكە بىئەدەپ قىزدىن،
كۆزدىن يوقاتقىل ئاپەتنى تېزدىن،
سۆزۈۋچەكلەر قالمىسۇن بىزدىن،
گۇم بولسۇن شۇملۇق تولغان ئۆيىڭىز.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بۇۋى ھەنىپىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

— ئەي پادشاھىئالەم، خۇدا گۇۋاھكى، قىزىڭىزنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىزمەن، ئۆزىڭىز يەتتە ئىقلىمدىكى ئىنس ـ جىنلارنىڭ پادشاھى تۇرۇقلۇق چارە تاپالمىغان يەردە، مەن قانداق قىلۇرمەن؟ تېخىمۇ ئاجىزمەن، ئۇلارغا خۇدا سالغان ئىشق سەۋداسى ئىكەن، بىزدە نېمە ئامال بولسۇن؟ — دېدى.

شاپەرقۇت دەرغەزەپ بولۇپ، غايىبتىن پەيدا بولغان قەمەرشاھنى كۆزدىن يوقاتماق بولدى. جاللاتلىرىغا باش بولۇپ ئارغىماقلىرىنى ئۈيىنتىپ يولغا راۋان بولدى. يېرىم يولغا بارماي تۇرۇپ، شاھنىڭ ئېتى قاتتىق مۆدۈرۈپ كېتىپ شاپەرقۇت يەرگە يىقىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كۆزى كۆرمەس، تىلى سۆزگە كەلمەس بولۇپ قالدى. شەھەرمۇ شەھەرگە جاكارچى ئەۋەتىپ ھەكىم ـ لوقمانلارنى چاقىرتىپ كەلدى. ھېچقايسىسى ئامال قىلالمىدى. بىر يىل ئۆتتى، شاپەرقۇتنىڭ ھالى كۈنسېرى يامانلاشتى. بۇۋى ھەنىپە:

— كىمدەكىم شاپەرقۇتنىڭ كېسىلىگە شىپالىق تاپسا، شاھلىق تاجۇتەختى پۈتۈن ۋەجى بىلەن قوشۇپ ئىنئام قىلىپ بېرىلىدۇ. شىپالىق تېپىپ بېرەلمىسە بېشى ئېلىنىدۇ! — دەپ يارلىق چىقاردى. يەتتە ئىقلىمدىن ھەكىم ـ ھۆكۈمالار، قۇرئەندازلار كەلگەن بولسىمۇ، پادشاھقا شىپالىق تاپالماي بېشى تېنىدىن جۇدا بولدى. قەمەرشاھ بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، شەمسى جانانغا بىر سۆز ئېيتتى:

ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر،
يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر.
ئىجازەت بەر بېرىشقا، شاھقا شىپالىق تېپىشقا،

بەسىر بولغان كۆزىگە نۇرى گۆھەر سېلىشقا.
تەشۋىشلەرنى تۈگەتكىن، سالماس بوۋا يول تاپار،
ئۈمىد، ئىشەنچ بولغاندا، يولغا ئەنداز گۈل ياپار.

قەمەرشاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شەمسى جانان چۆچۈپ كەتتى. ئۇنى توسماق بولۇپ، شەمسى جانانىنىڭ بىر سۆز ئېيتقىنى:

تەۋەككۈل دەرياسىغا سالمىغىل كېمە،
تاش يۈرەك ئاتامدىن ئۈمىدلەر كۈتمە.
ئەجدىھا ئالدىغا بارمىغىن دېمە،
بارساڭ، ھايات قالمىغىن دېمە.

يا شەۋقىڭ بارمىدى شاھلىق تەختىگە،
ئىشەنچىڭ يوقمىدى ئىشقىڭ بەختىگە،

كاشاللار كەلتۈرۈپ پۇرسەت ۋەختىگە،
جېنىمغا جاپالار سالمىغىن دېمە.

نى - نى سەرخىل لوقمانلار ئۆلدى،
شاھ ئوردىسى شېھىتكە تولدى،
شۆھرەت، ئاتاق ئەجەل - ئوق بولدى،
سەنمۇ ئۇنى ئالمىغىن دېمە.

قەمەرشاھ نىگارى شەمسى جاناندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دىلى بىئارام بولدى ۋە:

— ئەي شەمسى جانانىم، مېنىڭ شاھلىقتىن تەمەيىم يوق، پادىشاھنى سىناپ كۆرەيلى. ۋەدىسىدە تۇرمىسا باشقا كەلگەننى كۆرەيلى، ياخشىدىن ئات، ياماندىن داد قالار. ئىشەنچىم كامىلكى، سەن ئۈمىدسىزلەنمەي ماڭا يول بەر، بۇگۈنلا يەتكۈزەرمەن ساڭا خۇش خەۋەر، — دېدى.

شەمسى جانان ئىلاجسىز قەمەرشاھقا سۆز بەردى:

— خەير، مەردلىكىڭگە قايىلمەن، ساڭا ياردىمىم شۇ بولسۇن، — دېدى - دە، قولتۇقىغا ئىسىۋالغان سىرلىق تۇمارنى يېشىپ قەمەرشاھقا ئۇزاتتى.

— بۇنى نېمە قىلىمەن؟ — دېدى تەئەججۇپ بىلەن قەمەرشاھ.

— مەن تۇغۇلغاندا بۇ خاسىيەتلىك تۇمارنى چىشلەپ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئىكەنمەن، پىر ئۇستازنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تۇمار ئىچىدە ھاياتلىق دورىسى بار ئىمىش. دورىگەر سالماس بوۋا بۇنىڭ سىرىنى بىلسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى. ئۇ ئۆمۈرلۈك ئىشق نەپسى بىلەن ئاقىۋل تىلەپ قەمەرشاھنى ئۆزىتىپ قويدى.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ دەرھال سالماس بوۋىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار ئۇزۇنغىچە شاپەرقۇتقا كەلگەن تۇيۇقسىز ھادىسىنى بىرلىكتە تەھلىل قىلدى. جاھان قۇرئەلىرىنى ئېچىپ چارە يازدى. ئەقىل كانلىرىدىن دۇردانىلەر قازدى. سالماس بوۋا ئالەمگە ئايان قىلىمىغان سىرلىق دورا تۇگۇچىنى يەشتى. تىرىك يىلاننىڭ قورسىقىدىكى تۇخۇمغا مېھرىگىياھنىڭ ئۇرۇقىنى قوشۇپ شەمسى جانان بەرگەن تۇمار ئىچىدىكى يەتمىش ئىككى مىلڭ خىل مۇشكى ئەنبەر جەۋھىرى بىلەن مەلھەم قىلىپ داۋائىل ھايات جەۋھىرى تەييارلاپ بەردى.

— ئەي ئوغلۇم قەمەرشاھ، بۇ دورىنى ئۈچ قېتىم كۆزىگە سۈرتسەڭ كۆزى ئېچىلىدۇ، نۇقۇتتەك يېگۈزسەڭ تىلى زۇۋانغا كېلىدۇ. ئوردا ئەكابىرلىرى ئالدىدا پادىشاھتىن تىلخەت ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ھۈنىرىڭنى كۆرسەتكەيسەن، — دەپ سالماس بوۋا دۇئا بىلەن قەمەر شاھنى يولغا سالدى.

قەمەرشاھ ئوردا ئىچىگە كىرگەندە، ئوردا ئاكابىرلىرى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى.

— ئەي يىگىت، سېنىڭمۇ ئۆلگۈڭ كەپتۇ - دە، ئالدى بىلەن ئارقا قورۇنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ ئاندىن قىلىچ ئاستىغا كەلگەيسەن، — دەپ ئەمر قىلدى. قارىغۇدەك بولسا، ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ كاللىسى تاغدەك

دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. قەمەرشاھنىڭ يۈرىكى سىلكىنىپ كەتتى.

— يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن. بېشىمدىن قورقۇپ ئارقامغا يانسام، ماڭا ئازابلىق ئۆلۈم شۇ بولماسمۇ؟ ئىرادەمدىن قايتالمايمەن، — دەپ قەمەرشاھ جاللاتلارنىڭ قولىدىكى قان تېمىپ تۇرغان قىلىچلارغا پىسەنت قىلماي، شاپەرقۇت ياتقان چۆشەك يېنىغا كەلدى. سالماس بوۋىنىڭ ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈردى. شاھنىڭ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بوۋى ھەنىپە ئايىم تىلخەت يېزىپ، باش مىرزىنىڭ مۆھرىنى باستى. شۇنىڭدىن كېيىن قەمەرشاھ ھۈنىرىنى كۆرسەتتى. ھەممىسى سالماس بوۋا ئېيتقاندەك بولۇپ چىقتى. شاپەرقۇت شۇ ھامان كۆزىنى ئاچتى، زەبان سۈردى. قەمەرشاھنى تەبرىكلىدى، ئوردا ئىچى زىلزىلىگە كەلدى. قەمەرشاھ ئېيتتىكى:

— مېنىڭ شاھلىقتىن تەمەيىم يوق، مەن ئىسپاھانلىق ئادەم، بۇ يۇرتۇڭلارغا پادىشاھ بولۇش قولۇمدىن كەلمىگەي، شاھلىق بەدىلىگە شەمسى جانان بىلەن نىكاھلىنىشىمغا ئىجازەت بەرسىڭىز كۇپايە، — دېدى.

پادىشاھ شاپەرقۇت خەلقى ئالەم ئالدىدا تىلخېتىنى ئېسىگە ئېلىپ ئامالسىز قالدى. قىزىنى قەمەرشاھقا ئەقدى نىكاھلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ھەرەمباغدا قىرىق كېچە-كۈندۈز توي دەبدەبىسى كۆتۈرۈلدى. قەمەرشاھ بىلەن شەمسى جانانىنىڭ كۆڭلى شادلىققا تولدى.

شۇنىڭدىن ئالتە يىل كېيىن قەمەرشاھ ئىككى ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنتكە ئاتا بولدى.



ئەمدى سۆزنى ئىسپاھان شەھىرىنىڭ پادشاھى شاھ ھۇسەندىن ئاڭلايلى:

پادشاھ ھۇسەن ئوغلى قەمەرشاھتىن ئايرىلىپ ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن يالغۇز ئوغلىنىڭ پىراقىدا تولا يىغلاپ كۆزلىرى نابىنا[117] بولدى. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز ئاللادىن ئوغلى قەمەرشاھنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى تىلەپ مۇناجات ئەيلىدى:

قۇدرىتىڭدىن ئالەمنى ياراتقان جاببار،
قەمەرشاھ ئوغلۇمنى سەندىن تىلەيمەن.
دەردىم تولا، سەن ئۆزۈڭ بولغىل مەدەتكار،
قەمەرشاھ ئوغلۇمنى سەندىن تىلەيمەن.

بېھىشنىڭ باللىرى ھەسەنۇھۇسەين[118]
كەربالا[119] شەھىدى يەتمىش ئىككى تەن،
نابىنا كۆزلىرىمنى ئەيلىگىن روشەن،
قەمەرشاھ ئوغلۇمنى سەندىن تىلەيمەن.

شاھ ھۇسەننى بۇ ئازابتىن قىل نىجات،
دەرگاھىڭغا ئېيتار بولدۇم مۇناجات،
تىلەكىمدۇر شۇ ئوغلۇمنى كەلتۈر پات،
قەمەرشاھ ئوغلۇمنى سەندىن تىلەيمەن.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەمەرشاھنىڭ چۈشىگە ئاتا ـ ئانىسى كىرىپ، ئۇنىڭغا يېڭى بىر پىراق ئوتى تۇتاشتى. شەمسى جانانغا: «ئەي مېھرىبان ۋاپادارىم، مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى. ئانا يۇرتۇمنى، ئاتا ـ ئانامنى كۆپ سېغىندىم، بېرىپ كەلسەم نېمە دەيسەن؟» دېدى. شەمسى جانان: «ئەي جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ سەدپارىسى، سەندىن بىر كۈن ئايرىلىپ بۇ دۇنيادا تىرىك يۈرگىنىمدىن ئۆلگىنىم خوپراق. قەيەرگە بارساڭ بىرگە بولىمەن. ئەگەر تەقدىر ئۆلۈمگە بۇيرۇسا بىرگە ئۆلىمەن، دۇنيانىڭ شادلىقى ۋە خاپىلىقىنى سەن بىلەن بىرگە كۆرىمەن» دېدى.

قەمەرشاھ: «ئۇنداق بولسا، پادشاھدىن جاۋاب سورايلى، رۇخسەت قىلسا بىرگە ماڭايلى» دەپ پادشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ بىر سۆز ئېيتتى:

ئاتالىقلار، ئانالىقلار دەستە ـ دەستە گۈل ئىكەن،
ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار ھەر جايغا بارسا خار ئىكەن.
مەككىگە باراي دېسەم، يۇرتۇم ئۇنىڭدىن ئەتىۋار،
ئول مەككىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئاتا بىلەن ئانا ئىكەن.
بۇ كېچە بىر چۈش كۆرۈپ، چۈشتى تېنىمگە ئىشتىياق،
ئانا يۇرتنى كۆرمىسەم، تەركىھايات بەك ئار ئىكەن.
ئول خۇدا بەرسە مەدەت، ئاتامنى مەن ئىزدەپ تاپاي،
يۇرتى بارلارغا ھامان رەنا سۈپەتلەر يار ئىكەن.
ئىسپاھان شەھرىم ئارا، رۇخسەت قىلىڭ قايتاي بۈگۈن،
ئەل سۆيەر ئوغلانغا يات يۇرت، جەننىتى ھەم تار ئىكەن.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ بۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن، پادشاھ: «ئەي بالام، تەقدىرنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەمزات ئىز باسمايدىغان دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ شەھىرىگە كەلدىڭىز، ئەمدى قايتىپ كېتىشىڭىز مەھالدۇر[120]» دېدى. قەمەر شاھ: «ئاتا ـ ئانام ۋە يۇرتۇم ئۈچۈن بەش قەدەم بېسىپ ئۆلسەم شېھىت ئۆلەرمەن، پۇشايمانىم يوق شاد كۆلەرمەن، مېنى بۇ يولدىن توسماڭىز» دەپ ئىلتىجا قىلدى. پادشاھ شۇندا قىزىغا: «ئەي قىزىم شەمسى جانان! ئادەمزات ۋاپاسىزدۇر، سىز بارماڭ» دەپ ئېردى، شەمسى جانان نېمە دەپتۇ دەڭ:

لەيلى بىلەن مەجنۇن ئۆتتى دۇنيادىن،
ئۇلار قاچان ئۆز ئىشقىدىن ئايرىلغان.
جانان ئۈچۈن جاندىن كەچمەك ئەۋزەلدۇر،
شېرىن بەرگەن پەرھاد ئۈچۈن ئەزىزجان.

قەمەرشاھقا ئىشقىم چۈشكەچ زىيادە،
ئۈچ يۈز ئاتمىش يىلنى كەزدى پىيادە.
ياردا بولغاچ ۋاپادارلىق ئىرادە،
چىدام بىرلە ئاخىر تاپتى مۇرادە.

مېنى ئەمدى يولدىن توسماق بىھاجەت،
رۇخسەت ئەيلەڭ قىلىپ بىزگە شاپائەت.
مەنكى ياردىن ئايرىلىشقا بىتاقەت،
ھەققىڭىزدە ھەققە قىلغۇم ئىبادەت.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پادشاھ قىزىنىڭ جۇدالىقىغا كۆپ يىغلىدى. ئاخىر نائىلاج رۇخسەت قىلىپ بىر سۆز ئېيتتى:

مۇندىن كېتەر بولساڭ ئوغلۇم قەمەرشاھ،
شەمسى جانان قىزىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.
نېتەي، ئىكەن قارا بەختىم،
ئاجىزە قىزىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ئاللا سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
يېگانە قىزىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.
مەن نەيلەيىن مۇرادىمغا يەتمىدىم،
شاھ تۇرۇقلۇق غەمنى خالاس ئەتمىدىم.

شاپەرقۇت دەر تاجۇتەختىم،
يېقىنلاپتۇ ئۆلەر ۋاقتىم.
نېچۇن پاتراق ئۇ ئالەمگە كەتمىدىم،
شەمسى جانان قىزىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، شاپەرقۇت ئەل ـ جامائىتى يىغا ـ زار ئىچىدە قەمەرشاھ بىلەن شەمسى جاناننى يولغا سالدى، ئۇلار ئەر ـ خوتۇن ئۈچ پەرزەنت بىلەن توقۇملۇق ئارغىماقلارغا سەپەر جابدۇقلىرىنى ئارتىپ ئىسپاھان شەھىرىگە قاراپ راۋان بولدى. شۇنداق قىلىپ شاپەرقۇتنىڭ دىۋە ـ پەرىلىرى ئۈچ يۈز ئاتمىش يىللىق يولنى قىرىق كۈندە، يەنە بىر رىۋايەتتە قىرىق سائەتتە بېسىپ ئۇلارنى ئىسپاھان شەھىرىگە ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ قويۇپ ياندى. قەمەرشاھ ئۆز شەھىرىنى تونۇيالماي تەمتىرەپ قالدى. شۇ ئارىدا بىر توپ قىز ـ جۇۋانلار يۈگۈرۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. قەمەرشاھ ئۇلاردىن ئاتا ـ ئانىسىنى سوراپ بىر سۆز ئېيتتى:





تولۇن ئايدەك ھۆسنى جانان جۇۋانلار،
شاھ ھۇسەن دەپ ئاتام مۇندا بارمىدۇر؟
پەرزەنت ئۈچۈن باغرى زەرداب بولغانلار،
ئاتا - ئانام مۇندا ئامان بارمىدۇر؟
ھېچبىر بەندە مەندەك كۈننى كۆرمىسۇن،
يۈرەك - باغرى ئىشق ئوتىدا كۆيمىسۇن،
قانچە يىللاپ چۆل - دەشتلەرنى كەزمىسۇن،
ئىسپاھاندا ئاتام ھۇسەن بارمىدۇر؟

بايان قىلسام جانانلارغا زارىمنى،
ئېلىپ كەلدىم يارۇپەرزەنت بارىمنى،
ئەل - يۇرتۇمنىڭ ئىشقى ئۆرتەر جانىمنى،
بىللە ئۆسكەن دوستلار ئامان بارمىدۇر؟

خەۋەر ئەيلەڭ يۇرتقا قەمەر كەلگىنىن،
شەمسى جانان يارى ھەمدەم بولغىنىن،
ئىككى ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت كۆرگىنىن،
گۈلجامال مەلىكە سىڭلىم بارمىدۇر؟

ئەلقىسسە، ھەمسۆھبەت قىز - جۇۋانلار ئارىسىدا مەلىكە گۈلجامالمۇ بار ئىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گۈلجامال قەمەرشاھقا ئۆزىنى ئاتتى: «ئاھ! سەن ئاكام» دەپ زار - زار يىغلاپ بىر سۆز ئېيتتى:

ئۈچ يۈز ئاتمىش يىل يولىغا بەل باغلاپ كەتكەن،
شاھ ھۇسەننىڭ ئوغلىمۇسەن؟ بىر - بىر بايان ئەت.
شۇنچە يىلدىن يات ياۋاندا جاپالار چەككەن،
ئاكاممۇسەن، يا ئەمەسمۇ؟ بىر - بىر بايان ئەت.

ئاتام تولا يىغلاپ كۆزى غۇبارە[121] بولدى،
مىسكىن ئانام سىنەسىگە زەخمەتلەر تولدى،
گۈلجامال سىڭلىڭ كۆپ غەمگۇزار بولدى،
ئاكاممۇسەن، يائەمەسمۇ؟ راستىن بايان ئەت.

سىڭلىڭ گۈلجامالغا يەتتى كۆپ پىغان،
سەن بولمىغاچ دەرد - ئەلەمگە چۆكتى ئىسپاھان،
سېنى ئىزدەپ يارۇدوستۇڭ كەتتى ھەرقايان،
ئاكام بولساڭ، كەچمىشىڭنى بىر - بىر بايان ئەت.

ئەلقىسسە، بۇ سۆز بىلەن ئاكا - سىڭىل زار - زار يىغلاپ گىرەلىشىپ كۆرۈشتى. شۇ ھامان گۈلجامال شاھ ھۇسەنگە خەۋەر يەتكۈزدى. ئون بەش يىلدىن بېرى قەمەرشاھ ئىشقىدا سەۋدايى بولۇپ يېتىپ قالغان ئانىسى بۇ ئۇشتۇمتۇت خەۋەرنى ئاڭلاپ يىقىلىپ - قوپۇپ قەمەرشاھنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ ئوغلىنى كۆرۈپلا بىھوش بولۇپ، شۇ ياتقانچە ھوشىغا كەلمەي ئۇ ئالەمگە رىھلەت قىلدى. قەمەرشاھ ئانىسىنىڭ جەسىتىنى ئۈچ كۈن تۇرغۇزۇپ چوڭ ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆز قولىدا يەرلىككە قويدى. ئاتىسى شاھ ھۇسەننىڭ مۇبارەك تىزىغا باش قويدى. ئاندىن كۆھقاپتىن ئېلىپ كەلگەن تىلسىملىق ئابىھاياتنى شاھ ھۇسەننىڭ كۆزىگە سۈرتكەندى. شۇ ھامان كۆزى روشەن بولدى. ئوغلى قەمەرشاھنى قايتىدىن باغرىغا باستى. شۇنىڭدىن كېيىن پادشاھ ھۇسەن يەنە ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتتى. شاھ ھۇسەننىڭ ئورنىغا خالايىق بىر ئېغىزدىن قەمەرشاھنى ئىسپاھاننىڭ پادشاھى قىلدى. قەمەرشاھ ئەلگە ئاسايىشلىق كەلتۈردى. ئانا يۇرتنى گۈل - پۇراققا تولدۇردى.

# سەنۇبەر

ھەممىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ رىۋايىتى ۋە نەقىل كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇرۇنقى زاماندا چىن مەملىكىتىدە خۇرشىد ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. خۇرشىد شاھ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولۇپ، پەرزەنتكە زار ئىكەن. ھەمىشە خۇدايىتائالادىن پەرزەنت تەلەپ قىلىدىكەن. كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە خۇدايىتائالا خۇرشىد شاھنىڭ تەلىپىنى راۋا قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىپتۇ. خۇرشىد شاھ ۋەزىر ۋە ئەمىرلەرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بۇ پەرزەنتكە «شاھسەنۇبەر» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. شاھ سەنۇبەر تۆت ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. شاھسەنۇبەر يەتتە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلىمنىڭ بارىنى ئۆگىنىپ بولۇپ، سىپاھگەرلىك (ھەربىي ئىلىم)نى ئۆگىنىشكە تۇتۇش قىلىپ، ئون ياشقىچە ئارىلىقتا سىپاھگەرلىك ئىلمىدە كامىل بوپتۇ.

خۇرشىد شاھ سەنۇبەرگە قىرىق نەپەر مەھرەم بەرگەنىكەن. بۇ مەھرەملەر سەنۇبەردىن كېچە - كۈندۈز ئايرىلماي بىللە بولىدىكەن. بىر كۈنى سەنۇبەر بۇ مەھرەملەرنىڭ ھەمراھلىقىدا تاماشا قىلىش ئۈچۈن چارباغقا بېرىپتۇ. ئۇلار سەيلە - تاماشا قىلا - قىلا بىر جايغا كەلگەندە، مەھرەملىرىگە:

— سىلەر ھەر تەرەپلەردە تاماشا قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن بىردەم يالغۇز ئارام ئېلىۋالاي، — دەپتۇ ۋە باغ ئوتتۇرىسىدىكى تەختكە چىقىپ، يانپاشلاپ يېتىپتۇ - دە، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە شەھرى شەبىستان پادىشاھى شاھ پەررۇخنىڭ قىزى گۈلپەرىزات كۆز ئالدىدا نامايان بوپتۇ. گۈلپەرىزات ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدىكەن، سەنۇبەر ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شاھ سەنۇبەر گۈلپەرىزاتنىڭ ئەسلىنى بىلمەك بولۇپ:

— ئەي رەنا! قايسى باغنىڭ گۈلىسىز؟ قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسىز ۋە كىمنىڭ ئەزىزى بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. گۈلپەرىزات بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرمەستىن جىلۋە قىلىپ، ناز بىلەن تولغىنىپ كۈلۈپ تۇرار ئىمىش. سەنۇبەر ھوشىدىن كېتىپ، يەنە ھوشىغا كېلىپ:

— ئەي جېنىمنىڭ پەيۋەندى، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى! سىز كىمنىڭ پەرزەنتى ۋە قەيەردىن بولىسىز؟، — دەپ سوراپتۇ. گۈلپەرىزات بۇ سوئاللارغا: « ئەي يىگىت! مېنى سورىساڭ شەھرى شەبىستان پادىشاھنىڭ قىزى بولىمەن. ئىسمىم گۈلپەرىزات، مېنىڭ مۇقىم تايىن قىلىنغان ماكانىم يوق. نەدە خۇش ھاۋا باغلار بولسا، مەن شۇ يەردە يۈرىمەن » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سەنۇبەر گۈلپەرىزاتتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىر ئاھ ئۇرغانىكەن، بۇ ئاھ ئوقى گۈلپەرىزاتنىڭ كۆڭۈل ساندۇقىغا تېگىپ، تېشىپ ئۆتۈپتۇ. گۈلپەرىزات سەنۇبەرگە بىر گۈل تۇتۇپ بېرىپ: « بۇ گۈلنى ھەدىلىغىن » دەپتۇ. سەنۇبەر گۈلنى پۇراپ مۇنداق دەپتۇ:

بىر لاچىن بار قۇشلىغىن جەبرائىل پەرى،
تازا نەۋجۇۋانىم، قايدىن بولۇرسەن؟
شەمسۇقەمەر يۈزلۈك، ماھى ئەنۋەرلىك،
كۆزلىرى مەستانىم، قايدىن بولۇرسەن؟
گۈلپەرىزات:
مېنى سورىساڭ پەرىلەرنىڭ شاھىمەن،
ئەسلىم شەھرى شەبىستاندىن بولۇرمەن.
پەھم ئەيلىسەڭ، چىن ئەھلىنىڭ ئەي ماھى!
خازانى يوق گۈلىستاندىن بولۇرمەن.
شاھ سەنۇبەر:
باشىڭغا كىيىپسەن مۇرەسسە تاجى،
كۆرگەن ئادەم بولۇر ھۆسنۈڭ موھتاجى،
جىسمىمنىڭ چىراغى، باشىمنىڭ تاجى،
غەمزىلىك پەيكانىم، قايدىن بولۇرسەن؟
گۈلپەرىزات:
ئاشىقلارنىڭ مۇرادى مالامەت تاشى،
دەرىيادەك ئاققۇزما كۆزۈڭنىڭ ياشى،
ماكانىم گۈلشەندۇر چەشمىنىڭ پاشى،
مېنى سورىساڭ، ئول ماكاندىن بولۇرمەن.
سەنۇبەر:
ئەۋرىشىم قوللىرىڭغا بوياپسەن خىنە،
زەر ئەپشان زۈلپۈڭغا ئۇراپسەن شانە،
يۇسۇپ كەبى مېنى سالدىڭ زىندانە،
زىلەيخا نىشانىم، قايدىن بولۇرسەن؟
گۈلپەرىزات:
ياقۇپتەك كەنئاندىن كەلدىم سوراقلاپ
ھەسرىتىڭدە يۈرەرمەن باغرىمنى داغلاپ.
كەلمىشىم بۇ ئىشقىنىڭ ماتاسىن باغلاپ،
بىر تۇتى شەكەرلىك كاندىن بولۇرمەن.
سەنۇبەر:
خەنجەر چېكىپ باغرىم قانغا تولدۇرۇپ،
قىزىل يۈزۈم زەپىراندەك سولدۇرما،
غەمزە بىرلە نازۇك دىلبەر ئۆلتۈرمە،
كەرەملىك سۇلتانىم قايدىن بولۇرسەن؟

گۈلپەرىزات:
ئۈزرانىڭ ھەمدىمى دەريادا ماھى،
ئالەمنى كۆيدۈردى ۋامۇقنىڭ ئاھى،
ئەسلىمنى سورىساڭ پەرىلەر شاھى،
ياقۇت گۆھەر تولغان كاندىن بولۇرمەن.
سەنۇبەر:
كۆزلىرىڭ نەرگىستۇر، قامىتىڭ توبى،
نازىنىن دىلبەرسەن جاھان مەھبۇبى،
نەچچە يىللىق يولدۇر ماكانىڭ خۇبى،
راستىنى دېگىل، قايسى جايدىن بولۇرسەن؟
گۈلپەرىزات:
پەرىزاتمەن ئەسلىم، يوقتۇر نىشانىم،
ئەگەر ئىزھار قىلسام سىررى نىھانىم،
ئۈچ يۈز يىللىق يولدۇر مېنىڭ ماكانىم،
بىلسەم شەھرى شەبىستاندىن بولۇرمەن.
سەنۇبەر:
شاھ خۇرشىدنىڭ ئوغلى، ئېتىم سەنۇبەر،
ھەسرىتىڭدە ھالىم كۈندىن ـ كۈن بەتتەر،



مالائىك سۈرەتلىك، گۈل يۈزلۈك دىلبەر،
سۆزلە، جانىم، سۆزلە، قايدىن بولۇرسەن؟
گۈلپەرىزات:
شاھپەررۇخنىڭ قىزى، بىر ئىسمىم گۈلدۇر،

غېمىمدىن پەرىلەر شەيدا بولۇدۇر،
تا ئۆلگۈچە ساڭا ئىقرارىم شۇلدۇر،
پەھىم ئەيلىسەڭ، ئۇل ماكاندىن بولۇرمەن.

بۇ سوئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن گۈلپەرىزات شاھسەنۇبەرگە بىر گۈل تۇتۇپ بېرىپتۇ ۋە:

— بۇ گۈلنى پۇرىغىن، مېنى ئىزدىسەڭ، ئۈچ يۈز يىلدا تاپىسەن، — دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شاھسەنۇبەر چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، قارىسا، بۇ كۆرگەنلىرىنىڭ بارى چۈش ئىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىگە غەم، ئىچىگە تۈگىمەس ئەلەم چۈشۈپتۇ. ئىشقىنىڭ قولى ئۇنى ئاسماندىن ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. ئۇ زار ھەيران ۋە بىھەد پەرىشان بولۇپ، چۈشىدە كۆرگەن پەرىزاتنى يادلاپ:

غەمدە قويۇپ ،جاننى ئالغان پەرىزات،
يۈزۈڭنى بىر كۆرەي، قايتىپ كەل ئەمدى.
ئېلىپتەك قامەتلىك، گۈل يۈزلۈك دىلبەر،
سەيلانە ـ سەيلانە يەنە كەل ئەمدى.

رەھىم ئەيلىگىن ھالىمغا، ئەي شاھى خۇبان،
ئەرەق بولۇپ دانە ـ دانە، كەل ئەمدى.

بىلقىسنىڭ ھىجرىدە كۆيدى سۇلايمان،
يۇسۇپ ئۈچۈن ياقۇپنىڭ دىدەسى گىريان،
بىچارە ئاشىقمەن، بولۇپمەن ھەيران،
سەيلانە ـ سەيلانە يەنە كەل ئەمدى.

سەيپۇلمۇلۇك يۈردى نەچچە يىل يىغلاپ،
بەدىئۇلنىڭ يادىدا باغرىنى داغلاپ،
چىرايلىق بوينىغا شادىلار باغلاپ،
قوللىرىڭنى بوياپ قانە كەل ئەمدى.

شېرىن ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتى پەرھاد،
بۇ دۇنيادىن ئۆتتى ئۇ كۆڭلى ناشاد،
مەستانە كۆزلۈكۈم قامىتى شەمشاد،
رەھىم ئەيلىگىن ناتاۋانە، كەل ئەمدى.

مەھمۇدنى كۆيدۈردى مەھۋەش غۇلامى،
ھەمدەمنىڭ ھەمراھى مەۋلۇۋى جامى،
كۆزۈمنىڭ روشنى،كۆڭلۈم ئارامى،
سەيلانە ـ سەيلانە يەنە كەل ئەمدى.

مەجنۇن ئاشىق بولۇپ كەزدى بىياۋان،
بىر لەيلىنىڭ ئىشقىدا يىغلىدى چەندان،

سەنۇبەر ھەمدەمى ۋاپالىق يارى،
ساڭا بولسۇن پىدا بۇ جان نىگارى،
كېلىپ بۇندا سورىغىن كۆڭلۈم ئەھۋالى،
رەھىم ئەيلەپ يانە ـ يانە كەل ئەمدى.

دەپ بۇلارنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، بىتاقەت بولۇپ كۆكسىنى يەرگە يېقىپ يېتىپتۇ. نەچچە سائەتتىن كېيىن شاھسەنۇبەرنىڭ مەھرەملىرى ھازىر بولۇپ ئۇنىڭ بېشىغا يىغىلىپتۇ. نېمە بولغانلىقى ۋە نېمە ھادىسىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئۈستىدە گەپ سوراپ ھېچبىر جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، ئىزتىراپقا چۈچۈپ ياقىلىرىنى يىرتىپ خۇرشىد شاھنىڭ ھوزۇرىغا كېلىشىپتۇ ۋە: « ئەي پادىشاھىئالەم، خۇدايتائالادىن تەلەپ قىلىپ تاپقان پەرزەنتىڭ باغ سەيلىسىگە بېرىپ، سەيلە ـ تاماشا قىلغاندىن كېيىن بىزلەرگە رۇخسەت بېرىپ ئۆزى بىر جايدا ئۇخلاپ قالدى. بىزلەر ھەرقايسىمىز ھەر تەرەپلەرگە كەتكەندۇق. بىر زاماندىن سوڭرە كەلسەك شاھزادە سەنۇبەر باغرىنى ھۆل يەرگە يېقىپ يېتىپتۇ. گەپ سورىساق ھېچبىر جاۋاب بەرمەيدۇ. نېمە ھادىسە بولغانلىقىنى بىلمىدۇق» دېيىشىپتۇ. خۇرشىد شاھ مەھرەملىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىپ يەنە ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ سەنۇبەر ياتقان جايغا بېرىپ قارىسا، سەنۇبەر يا ئۆلۈك

ئەمەس، يا تىرىك ئەمەس بىر ھالەتتە ياتقانىكەن. شاھنىڭ يۈرەك - باغرى ئېزىلىپتۇ ۋە:

— ئەي ئوغلۇم، ساڭا نېمە بولدى؟ ھالىڭ نېچۈك؟ ساڭا ئىنساندىن ئازار يەتتىمۇ ياكى ئىنس - جىن، دۆپەرىلەردىن زىيان - زەخمەت يەتتىمۇ؟ ماڭا ئەرز - ھالىڭنى ئېيتقىن، — دەپ يىلىنىپتۇ، لېكىن سەنۇبەر سۆز قىلارغا ھالى يوق بىھوش يېتىۋېرىپتۇ. پادىشاھ:

— كىمكى مېنىڭ ئوغلۇمنى سۆزلەتسە ۋە ھالىنى ماڭا بىلدۈرسە، مەن ئۇ كىشىنى بەگلەرنىڭ بېگى قىلىمەن ۋە تۆگە - تۆگە ئالتۇن مۇكاپات بېرىمەن، — دەپ جاكار قىلدۇرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرزادىسى بولۇپ، ئىسمى زىۋەر يىگىت ئىكەن. ئۇ ناھايىتى ئاقىل ۋە زېرەك يىگىت ئىكەن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ باغقا بېرىپ سەنۇبەرنى باغرىنى ھۆل يەرگە يېقىپ ياتقان ھالدا كۆرۈپتۇ - دە، سەنۇبەرگە قاراپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپتۇ:

سۇلايمان دۆلەتلىك، ئىززەتلىك شاھىم،
سۆزلە، ھالى پەرىشانىڭ، نە بولدى؟
ئىسكەندەر سۇپەتلىك،ئىززەتلىك شاھىم،
سۆزلە، ھالى پەرىشانىڭ، نە بولدى؟

ئېلىپتەك قامىتىڭ يادەك ئېگىلمىش،
جامالىڭ سەھىپەسى كۈندەك تۇغۇلمىش،
غۇنچىدەك ئاغزىڭدىن دۇرلەر تۆكۈلمىش،
راستىڭ دېگىل، بۇ ئەپئالىڭ، نە بولدى؟

يۇسۇپ كەنئانىنىڭ ئاتىسى ياقۇپ،
يىغلىمىدى سەنچە، ئەي تازە مەھبۇب،
پىراقىڭدا يىغلار خوب بىلەن ناخوب،
سۆزلە، ھالى پەرىشانىڭ، نە بولدى؟

قوينۇڭنى سەن قانلىق ياشقا تولدۇرما،
گۈل يۈزۈڭنى زەپىراندەك سولدۇرما،
تۇر ئورنۇڭدىن، بار ئاتاڭنىڭ ئالدىغا،
سۆزلە، ھالى پەرىشانىڭ، نە بولدى؟

تولۇپتۇ، گۈلشىنىڭ خازان بادىغا،
بىر سۆزۈم بار، ئاڭلا، كۆڭۈل شادىغا،
قۇلاق سالغىن، زىۋەر، قۇلنىڭ دادىغا،
سۆزلە، چاكى گىرىبانىڭ، نە بولدى؟

سەنۇبەر زىۋەر يىگىتنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەي، ئاۋۋالقىدىن زىيادىرەك نالە قىلىشقا باشلاپتۇ. ۋەزىر پادىشاھقا:

— شاھزادە سەنۇبەرگە دىۋە ياكى پەرىنىڭ ئەسىرى يەتكەن ئوخشايدۇ، — دەپ خەۋەر بېرىپتۇ. پادىشاھ مۇنەججىم ۋە قۇرئەندازلارنى يىغىپ قۇرئە سالدۇرۇپتۇ. قۇرئەندازلار قۇرئە سې-



لىپ كۆرگەندىن كېيىن:

— شاھزادىگە پەرىزاتلاردىن ئەسىر تېگىپتۇ، شاھزادىنىڭ بىر پەرىزاتقا ئاشىق بولغانلىقى مەلۇم، ئۇل پەرىزاتنىڭ ماكانى بۇ يەردىن ئۈچ يۈز يىللىق يولدۇر، ئۇل پەرىزات پەرىلەر شاھىنىڭ قىزىدۇر، — دېيىشىپتۇ. پادىشاھ بىر كېنىزەكنى ئوغلىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ كېنىزەك شاھزادە سەنۇبەرنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي شاھزادە، سىزنىڭ مۇنداق باغرىڭىزنى ھۆل يەرگە يېقىپ يىغلىغىنىڭىزنىڭ پايدىسى يوق. سىز ئاتىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى بايان قىلىڭ، — دەپتۇ. شاھزادە كېنىزەكنىڭ سۆزىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئاتىسىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرغان پازىل ئۆلىما ۋە بەگلەر ھۇزۇرىدا بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

بىر سۆزۈم بار، ئۆلىمالار، ئەي بەگلەر،
چۈشۈمدە كۆرۈندى بىر شەمسۇقەمەر.
ئېلىپتەك قامەتلىك، گۈل يۈزلۈك دىلبەر،
ئۇنىڭ ئىشقى قىلدى مېنى ئەسەر.

بىر پەرى كۆرۈندى شېرىن شەمايىل،
كۆرگەن ھامان ئەقلىمنى قىلدى زايىل،
روھىم پەرۋاز ئېتىپ چىقتى تېنىمدىن،
زۇلپى زەر ئەفشان ئىدى، كاكۇلى زەرلىك.

دىلبەر قىلدى بىر گۈل بېرىپ مەستانە،
مەستانە كۆزلۈكۈمدۇر دۇررى يېگانە،
ئۈچ يۈز يىللىق يول دەپ بەردى نىشانە،
زۇلپى زەرئەفشانلىق، كاكۇلى زەرلىك.

بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى قىلدى ئىمارەت،
مېنى جەننەت ئىچرە قىلدى ئىشارەت،
كۆزلىرى جان ئالادۇر، غەمزىسى ئاپەت،
يۈزى گۈلدۇر، لېۋى شەھدۇ شېكەرلىك.

سەنۇبەر دەپ كەلدى كۆكسىنى ئېچىپ،
يۈزلەندى ئالدىمدا نىقابىنى ئېچىپ،
شېكەردەك سۆزلىرى گۈلدەك ئېچىلىپ،
مۇرەسسە كەمەرلىك زۇلپى چىن تەرلىك.

خۇرشىد شاھ شاھزادە سەنۇبەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ۋەزىرلىرىگە قاراپ، «بۇ ئىشقا چارە تېپىڭلار» دەپتۇ. ۋەزىرلەر:

— ئەي شاھ! ئۇ پەرىزاتنىڭ ماكانى ئۈچ يۈز يىللىق يول ئىكەن، ئۇ يەرگە قانداق بارغىلى بولىدۇ؟ ياخشىسى دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە ئادەم ئەۋەتىپ، قەيەردە ساھىبجامال قىز بولسا شۇنى ئېلىپ بېرەيلى، بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق، — دېيىشىپتۇ. خۇرشىد شاھ ۋەزىرلەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، شاھزادە سەنۇبەرگە قاراپ:

— ئەي پەرزەنت! كىشىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن نەرسىسىگە مۇيەسسەر بولمىقى مۇمكىن ئەمەس، ۋەزىرلەر ئېيتقاندەك بارچە ئىقلىمغا ئادەم ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، قەيەردە ساھىبجامال قىز بولسا، مەيلى ئۇ شاھزادە بولسۇن ياكى ۋەزىرزادە بولسۇن، ساڭا ئېلىپ بېرەي، چۈشۈڭدە كۆرگەن پەرىزاتتىن ۋاز كەچكىن! — دەپتۇ. شاھزادە سەنۇبەر پادىشاھقا:

— ئەي ئاتا! كىشى رىيازەت چەكمەي راھەت كۆرمەيدۇ. ماڭا ئادەم قوشۇپ بېرىڭ، مەن ئاخىرقى نەپەسىمگىچە گۈلپەرىزاتنى ئىزدەيمەن، — دەپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپتۇ:

بىر رۇخسەت ئەيلەڭىز ئادالەت شاھى،
دىل - جان بىلەن سۆيۈرسىز قادىر ئىلاھى،
قايتا بۇزۇلمىسۇن يۈز پارە كۆڭلۈم.
تەلپۈنەر قۇش كەبى ھەر زامان كۆڭلۈم.

كۆز ئالدىمدىن كەتمەس ئاشۇ بىر دىلبەر،
جان ئاپىتى، ھەر غەمزىسى بىر گۆھەر،
ئۇ گۇلدۇركى بۇلبۇل دىلىم تەلپۈنەر،
تەلپۈنەر قۇش كەبى ھەر زامان كۆڭلۈم.

مەنئى قىلماڭ مېنى ھەرگىز بۇ يولدىن،
يانماق ئۇمىد قىلماڭ مەندەك ئوغۇلدىن،
ۋىسالىنى تىلەپ قادىر خۇدادىن،
تەلپۈنەر قۇش كەبى ھەر زامان كۆڭلۈم.

يارسىز ماڭا زىندان ئېرۇر جاھانىم،
ھەسرىتىدە كۆيەر بۇ خەستە جانىم،
بىر تەرەننۇم قىلارمۇ ئول جانانىم،
تەلپۈنەر قۇش كەبى ھەر زامان كۆڭلۈم.

ھەركىمگە چۈشسە ئىشقىنىڭ دەۋاسى،
سۇلتانلار بولغاي ئۇنىڭ گاداسى،
يوق ۋىسالدىن ئۆزگە ئۇنىڭ داۋاسى،
زار تەشنالىق ئىچرە يۈز پارە كۆڭلۈم.

بۇ سۆزدىن كېيىن خۇرشىد شاھ نائىلاج بولۇپ، شاھزادە سەنۇبەرگە رۇخسەت بېرىپتۇ ۋە جۇدالىق دەردىگە چىداشقا مەجبۇر بوپتۇ. شاھزادە سەنۇبەر ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زىۋەر باشلىق بەش يۈز نەپەر يىگىت ھەمراھ بولۇپ مېڭىپتۇ. شاھزادە سەنۇبەر بۇ يىگىتلەرگە قاراپ:



— ئەي يىگىتلەر، خۇدايىتائالا ماڭا شۇنداق بىر ئىشقنى سايتۇكى، يەنە ھېچبىر بەندىگە سالمىسۇن، سىلەرنىڭ بۇ ھەمراھلىقىڭلار ماڭا يەتتى، مەن سىلەردىن رازى بولدۇم. ئەمدى قايتىپ كېتىڭلار، مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇڭلار، — دېگەندەكەن، بۇ يىگىتلەر شاھزادە سەنۇبەرنىڭ سۆزىگە جاۋابەن:

— ئەي شاھزادە، بىز سىزنى دەپ، ئاتا - ئانا، يارۇدىيارىمىزدىن كەچكەندۇرمىز. بىزنىڭ سىزدىن ئايرىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەستۇر. سىز قەيەرگە بارسىڭىز بىز بىللە بارۇرمىز، — دېيىشىپتۇ. سەنۇبەر بۇ يىگىتلەرنىڭ ئىخلاسىغا قاراپ مۇنۇلارنى ئېيتىپتۇ:

لەختە ـ لەختە باغرىم قاندۇر،
كەلگەن جانلار، خۇش قال ئەمدى.
چىن شەھرىنىڭ يارەنلىرى،
نەۋجۇۋانلار، خۇش قال ئەمدى.

مېنىڭ بىرلە ھەمدەم بولغان،
جىگەر ـ باغرى بىر يان بولغان،
كېچە ـ كۈندۈز مەھرەم بولغان،
ئەي يارەنلەر، خۇش قال ئەمدى.

ئاتام بىلەن ئانام قالدى،
رەڭگىرويى سامان بولدى،
تۇتقان دۇنيا ـ جاھان قالدى،
قەدىردانلار، خۇش قال ئەمدى.

مەيدان ئىچرە قولدا سازى،
نالىسى ــ بۇلبۇل ئاۋازى،
جەڭگاھتا ئاتلىق پەرۋازى،
نەۋجۇۋانلار، خۇش قال ئەمدى.

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەر،
چىمدىم تۇپاڭ مەن ئۈچۈن زەر،
تۇزۇڭ ئۇرسۇن ئۇنتۇسام گەر،
جانىجانلار، خۇش قال ئەمدى.

خۇش قال ئەمدى، يېشىل تاغلار،
گۈلگە تولغان چىمەن باغلار،
كېلەر بىر كۈن خۇشال چاغلار،
گۈلىستانلار، خۇش قال ئەمدى.

سەنۇبەردەك ۋاپادارىم،
ئاشتى كۆكتىن ئاھۇزارىم،
جۇملە تۇرغان دوست ۋە يارىم،
مېھرىبانلار، خۇش قال ئەمدى.

يىگىتلەر شاھزادىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىخلاسى ئېشىپتۇ ۋە:
ــ ئەي شاھزادە، بىز يۇرت ۋە ئاتا ـ ئانىمىزدىن ئايرىلىپ سېنى دەپ كەلدۇق. سېنى ھەرگىز يالغۇز قويمايمىز، ــ دېيىشىپتۇ. سەنۇبەر يىگىتلەرنىڭ بۇ ئىخلاس ـ ئېتىقادىغا قاراپ، ئۇلارغا دۇئا قىپتۇ ۋە:
ــ يۇرۇڭلار، نىمە بولسا تەڭ كۆرەيلى، ــ دەپ ئۇلارنى باشلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. خۇرشىد شاھمۇ دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئالىملار بىلەن بىرلىكتە شاھزادە سەنۇبەرنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. خۇرشىد شاھ ئوغلىنى ئۇزاتقاندا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، زار ـ زار يىغلاپ مۇنۇ بېيىتلارنى ئوقۇپتۇ:

نەيلەيىن جانىم بالام، جاندىن ئەزىز كۆردۈم سېنى،
جانىم ئىچرە جان ئىدىڭ، كۆڭلۈمگە جاھ قىلدىم سېنى.
ناز بىرلە پەرۋىش ئەيلەپ، قورقماس قىران قىلدىم سېنى،
بارغىن، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

گۈلشىنى ئۆمرۈمدە گۈل بەرگى، باھارىم سەن ئىدىڭ،
دۇررى تابانىم، شېكەر ـ قەنتىم، نىگارىم سەن ئىدىڭ،
ئەقلۇھوشۇم، راھىتى جانىم، قارارىم سەن ئىدىڭ،
بارغىن، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

مەن نېچۇك تاقەت قىلاي ھىجرىڭدە ئەي جانىم ئوغۇل،
يىغلابان قىلغان مۇناجاتنى خۇدا قىلغاي قوبۇل،
دائىما بولسۇن مەدەتكارىڭ خۇدا بىرلە روسۇل،
بارغىن، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

سەن كېتەرسەن باش ئېلىپ، ئەيلەپ مېنى خەستە خاراب،
ھەسرىتىڭدە قان يۇتۇپ، قالدىم مانا تارتىپ ئازاب،
زارۇ زار يىغلاپ پىراقىڭدا يۈرەك ـ باغرىم كاۋاپ،
بارغىن، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

مەنكى خۇرشىد، ني ئەجەب، يۈز ئاھۇئەپغان ئەيلىسەم،
پايدا بەرمەس، نەيلەيىن، يۈزمىڭ پۇشايمان ئەيلىسەم،
ھېچ نەسىھەت ئالمىدىڭ، باغرىمنى مەن قان ئەيلىسەم،
بارغىن، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

خۇرشىد شاھ يۇقىرىدىكى بېيىتلارنى ئوقۇپ، شاھزادە سەنۇبەرنى ئۇزىتىپ قويۇپ يېنىپتۇ.
ئەلقىسسە، شاھزادە سەنۇبەر ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، يىگىتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا راۋان

بوپتۇ. بىرنەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ دەريا دەريايى ئۇممان دەپ ئاتىلىدىكەن. شاھزادە سەنۇبەر ھەمراھلىرى بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ، دەرياغا كىرىپ سۇ يۈزىدە بىرنەچچە كۈن مېڭىپتۇ. تۇيۇقسىز كېمە بىر گىردابقا كىرىپ قاپتۇ ۋە چىقالماي ئۈچ ئايغىچە گىردابتا توختاپ قاپتۇ. ھالاكەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلگەن شاھزادە سەنۇبەر بىر كۈنى سەھەر ۋاقتىدا خۇدايىتائالاغا يىغلاپ، دەرياغا قاراپ مۇنۇلارنى ئوقۇپتۇ:

قايناپ جۇش ئۇرغان ئۇممان دەرياسى،
بىر مۇرۇۋۋەت ئەيلە مىسكىن گاداغا.
چۈشۈپتۇر باشىمغا ئىشقىنىڭ ھاۋاسى،
قويما مېنى مۇنچە ھەسرەت - جاپاغا.

پەيغەمبەرگە يەتكۈزگەن ۋەھيى جەبرائىل،
قىيامەتتە تارتار سۇرىنى ئىسراپىل،
قەبزە ئەتمە جانىمنى ئۇلۇغ ئەزرائىل،
قويما مېنى مۇنچە ھەسرەت - جاپاغا.

بىر غېرىبمەن خانىماندىن ئاۋارە،
بۇ پانىي جاھاندا قالدىم سەۋداغا،
يارىمنىڭ ھىجرىدە يۈرىكىم پارە،
رەھىم ئەيلەپ، كۆپ قويما جەبىر - جاپاغا.

شاھسەنۇبەر يىغلار ئەيلەپ مۇناجات،
باشىمدا تىترەيدۇ ئەرزۇساماۋات،
ھەممىنى ياراتقان قازىيەلھاجات،
يەتكۈز مېنى تېزرەك پەرىزاتىمغا.

شاھزادە تېخى مۇناجاتنى تۈگەتمەستە بىر تەتۈر شامال چىقىپ كېمىلەرنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ. بەش يۈز نەپەر يىگىتنىڭ ھەممىسى دەرياغا غەرق بولۇپ كېتىپ، سەنۇبەر بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدە ساق قاپتۇ. زىۋەر يىگىت يەنە بىر شالىنىڭ ئۈستىدە ساق قاپتۇ. شاھزادە سەنۇبەر يىگىتلىرىدىن ۋە ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغىنىغا كۆڭلى كۆيۈپ زار - زار يىغلاپ، بۇ بېيىتلەرنى ئوقۇپتۇ:

مەن كىمگە ئېيتاي ئەرزۇھالىمنى،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

ياراتقان بىرۇ بار، ئاڭلا دادىمنى،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇر.



جانىمغا قەست قىلمىش دەريايى ئاپەت،
مۇندىن قۇتۇلمىقىم يوقتۇر سالامەت،
بۈگۈن چۈشتى ماڭا ۋەھمى قىيامەت،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

ياقامنى چاك ئېتىپ ئەيلەيىن پەرياد،
يىقىلسۇن، بۇزۇلسۇن بۇ چەرخى ناشاد،
ئىسىت، ئۇ يىگىتلەر قامىتى شەمشاد،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

سەنۇبەرنى ياراتقان قۇدرەتلىك رەھمان،
مېنى سەن بۇ غەمدە قويما سەرگەردان،
ئاۋۋالدا ئامان بەر، ئاخىردا ئىمان،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇر.

سەنۇبەر بۇ بېيىتلەرنى ئوقۇپ تۇرغاندا بىر بوران چىقىپ، خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ بوران سەنۇبەر بىلەن زىۋەر يىگىتنى ئۇچۇرۇپ دەريانىڭ ساھىلىغا چىقىرىپ قويۇپتۇ. سەنۇبەر زىۋەر يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپ، دەريادىن سالامەت چىققانلىقىغا خۇدايىتائالاغا شۈكۈر ـ سانالار ئېيتىپ يولغا چۈشۈپتۇ. بۇلار بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر كۈنى زىۋەر يىگىت كېسەل بولۇپ قاپتۇ، ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. سەنۇبەر زىۋەر يىگىتنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ، يۈزىگە تەلمۈرۈپ زارۇزار يىغلاپ، كۆزلىرىدىن باھار بۇلۇتى يامغۇر تۆككەندەك ياش تۆكۈپ زىۋەر يىگىتكە قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

سەنۇبەر:
سۆيۈملۈك ھەمدىمىم، ئەي ۋاپادارىم،
تازا نەۋجۇۋانىم ھالىڭ نە بولدى؟
رەپىقىم، مۇنىسىم، ئەيشىم، مادارىم،
كۆز نۇرۇم، جان دوستۇم، ھالىڭ نە بولدى؟
زىۋەر:
ئەرزىمنى ئىشىتكىل، ئەزىز شاھزادە،
مەن سۆزلەيىن، قۇلاقىڭنى سال ئەمدى.
بىر دەردكە يولۇقتۇم، يوقتۇر ھېچ داۋا،
مەن ئۆلۈرمەن، دۇنيادا سەن قال ئەمدى.
سەنۇبەر:
يۈزۈڭدۇر ئوت كەبى، كۆزلىرىڭ بىمار،
ۋۇجۇدۇڭ سىمابتەك بوپتۇ بىقارار،
ئەي يارى ۋاپادار، ئەيلىگىن ئىزھار،
كۆزلىرى مەستانىم، ھالىڭ نە بولدى؟
زىۋەر:
بولماقتا ئەھۋالىم بارغانچە بەتتەر،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ كۈنلىرىم ئۆتەر،
ئۆلۈم بىر ئەجدىھا، بارچىنى يۇتار،
غەنىيمەتتۇر بۇ دەۋرانلار، بىر كەل ئەمدى.
سەنۇبەر:
ساڭا بولسۇن پىدا بۇ شېرىن جانىم،
بىر زامان كۆرمىسەم چىقار ئەپغانىم،
بېشىمدا تاجىمسەن، روھى راۋانىم،
يارى مېھرىبانىم، ھالىڭ نە بولدى؟
زىۋەر:
ئاۋۋالدا مەن ئىدىم غەمدىن ئازادە،
غېرىبلىق كويىدا قالدىم پىيادە،
ھەردەم بولۇر يىغلاپ دەردىم زىيادە،
رومال ئېلىپ، كۆز يېشىمنى سال ئەمدى.
سەنۇبەر:
ئاۋۋالدا ئاتامدىن بولمىغان بولسام،
غېرىبلىق كويىدا قالمىغان بولسام،
سېنى بۇ ھەسرەتتە كۆرمىگەن بولسام،
خەتەرلىك كارۋانىم، ھالىڭ نە بولدى؟

شاھسەنۇبەر دەرلەر: باغرىم ئېزىلدى،
ساڭا ھەقتىن مۇنداق قىسمەت يېزىلدى،
ۋاقتىم يېتىپ جان تەندىن ئۈزۈلدى،
يۈسۈپى كەنئانىم، ھالىڭ نە بولدى؟
زىۋەر:
زىۋەر ئېيتۇر: تازا جىسمىم كۆيەدۇر،
پەلەك زەپەر بىرلە تېنىم بويادۇر،



پەلەك ئەجەل شەربىتىنى سۇنادۇر، ئالار بولساڭ بۇ زىنداندىن ئال ئەمدى.

دەپ زىۋەر يىگىت جانابى ھەققە جان تەسلىم قىپتۇ. شاھسەنۇبەر زىۋەر يىگىتنىڭ بۇ غېرىبلىق باسقان دىياردا ئۆلگىنىنى كۆرۈپ، زارۇزار يىغلاپ بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپتۇ:

غېرىبلىق كويىدا غېرىبلار كەبى،
مېنىڭ ئۈچۈن غېرىب ئۆلگەن زىۋەرىم.
گۈلدەك يۈزى زەپىراندەك سارغىيىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن غېرىب ئۆلگەن زىۋەرىم.

گۈل كەبى چىرايىڭ بىردەم ئېچىلماي،
غۇنچىدەك لېۋىڭدىن دۇرلار چېچىلماي،
ئەجەلنىڭ دەپئىگە چارە تېپىلماي،
مېنىڭ ئۈچۈن غېرىب ئۆلگەن زىۋەرىم.

مېنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانادىن كېچىپ،
كۆكرىكىنى قازا ئوقىغا ئېچىپ،
ئاخىر ئەجەلنىڭ شارابىن ئىچىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن غېرىب ئۆلگەن زىۋەرىم.

شېرىن سۆزلەر بىلەن كۆڭلۈمنى ئېلىپ،
ئۆرتەنگەن جېنىمغا يېڭى ئوت سېلىپ،
سەنۇبەر دىلىنى قان - زەرداب قىلىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن غېرىب ئۆلگەن زىۋەرىم.

بۇ سۆز ئادا بولغاندىن كېيىن، زىۋەر يىگىتنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ - تاراپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىپتۇ ۋە باغرى ئېزىلىپ يەنە مۇنۇ بېيىتلەرنى ئوقۇپتۇ:

ئاشىق بولماس، شېرىن جاندىن كەچمىگەن،
ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ، يېنىپ ئۆچمىگەن،
پىراق ھىجران شارابىنى ئىچمىگەن،
پەرۋانىدەك شەمئى سوزان ئىزدەيىن.

ئەمدى كېتەي بۇنداق خەتەرلىك جايدىن،
سوراغلايىن ياخشى بىلەن ياماندىن،
ئاچچىق - چۈچۈك ساۋاق ئالاي زاماندىن،
ئاختۇرۇپ دۇنيادىن نىشان ئىزدەيىن.

شاھ سەنۇبەر دەرلەر مېنىڭ ئاتمىنى،
ئىزدەرمەن ئاللادىن كۆڭۈل شادمىنى،
ھەق مۇيەسسەر ئەتكەي شۇ مۇرادمىنى،
يارنى دەپ كولپەتلىك ھىجران ئىزدەيىن.

شۇنىڭدىن كېيىن سەنۇبەر بېلىگە غەيرەت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ ئۆزى يالغۇز يولغا چۈشۈپتۇ ۋە قانچە - قانچە تاغلاردىن ئېشىپ، قانچىلىغان دەريالارنى كېچىپ بىر مەنزىلگە يەتكەندە ئالدىغا بىر باغۇ-بوستانلىق ماكان ئۇچراپتۇ. بۇ باغ شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەر پىشىپ مەي باغلاپ كەتكەن، تۈتى قۇشلار سايراۋاتقان، بۇلبۇللار نەغمە - ناۋا قىلىۋاتقان، خىلمۇخىل گۈللەر ئېچىلغان، خۇش پۇراقلار چېچىلغان بىر باغ ئىكەن. گۈلپەرىزاتنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن سەنۇبەر بۇلبۇللارغا قاراپ مۇنداق بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

گۈلىستاندا يۈرگەن قۇشلار،
خەۋەر بېرىڭ، يارىم بارمۇ؟
گۈل - چېچەكلەر، ئەي سۇمبۇللار،
خەۋەر بېرىڭ، يارىم بارمۇ؟

ئەسلىي ئۇ پەرى زاتى،
گۈلپەرىزات ئۇنىڭ ئاتى،
ماڭا بەك چىڭ ئېتىقادى،
خەۋەر بېرىڭ، يارىم بارمۇ؟

يارىم بارمۇ بۇ بوستاندا،
چىمەنلىك بۇ گۈلىستاندا،
مەن سەنۇبەر پەرىشانغا،
خەۋەر بېرىڭ، يارىم بارمۇ؟

گۈل - گىياھ ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ زۇۋانى بولمىغاچقا جاۋاب بېرەلمەپتۇ. ھېرىپ - چارچىغان سەنۇبەر باغدا قونۇپ قاپتۇ. كۆزى ئۇيقۇغا بېرىش ئالدىدا باغدىكى يوغان بىر چىنارغا كۆزى چۈشۈپتۇ. چىنار تۈۋىدە بىر دەريا ئېقىۋاتقانىكەن. قاراڭغۇ چۈشكەندە دەريا ئىچىدىن بىر سۇ كالىسى بىر گۆھەرنى چىشلىگەن ھالدا چىقىپ كەپتۇ. سەنۇبەر قورقۇپ كېتىپ، چىنارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. سۇ كالىسىنىڭ ئاغزىدىكى گۆھەر ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇر چېچىپ باغنىڭ ئىچىنى يوپيورۇق قىلىۋېتىپتۇ. سۇ كالىسى گۆھەرنى چىنارنىڭ تۈۋىدە قويۇپ قويۇپ ئۆزى باغدا ئوتلاشقا باشلاپتۇ. ئۇنى كۆرگەن سەنۇبەر:

غەۋۋاسلاردەك جاندىن كېچىپ دوستلىرىم،
يۈزمىڭ شۈكۈر بۇ ماكانغا يېتىشتىم.
ئىچتىم ساقىي تۇتقان تاتلىق شارابنى،
قايتىۋاشتىن چىققان جانغا يېتىشتىم.

ھاياتىمنىڭ گۈل غۇنچىسى ئېچىلدى،
ئىشەنچىمگە يەنە ئىشەنچ قېتىلدى،
كۆز ئالدىمغا گۆھەردىن نۇر چېچىلدى،
شۈكۈر، بۈگۈن نۇرىستانغا يېتىشتىم.

بىر يار ئۈچۈن باياۋاندا يول كېزىپ،
جاپا چېكىپ زەپەر كەبى سارغىيىپ،
جاندىن ئەزىز دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ،
شۈكۈر، بۈگۈن گۈلىستانغا يېتىشتىم.

ئەي سەنۇبەر، سۈرگىن بۇ يەردە دەۋران،
ساڭا پىنھان جايدۇر ئۇشبۇ گۈلىستان،
مۇرادىڭنى بەرسۇن خۇدا ھەرقاچان،
شۈكۈر، لەئەل - گۆھەر كانغا ئېرىشتىم.

دەپ چىناردىن بىر تال يوپۇرماقنى ئۈزۈپ گۆھەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىغانىكەن، باغنىڭ ئىچى يەنە قاپ-قاراڭغۇ بولۇپ قاپتۇ. باغدا ئوتلاۋاتقان سۇ كالىسى ھۆركىرىگىنىچە دەرياغا كىرىپ كېتىپتۇ. سەنۇبەر خۇداغا شۈكۈر - سانالار ئېيتىپ، چىناردىن چۈشۈپ سۇ كالىسىغا قارىتىپ مۇنداق بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

كۆردۈم سۇ كالىسىنى ئۇنىڭ ئاغزىدا بىر گۆھەر،
ھەيۋىتى ئەجەب سۈرلۈك كۆرگەن ھامان جان تىترەر.
تىلىنى سوزۇپ ئوتنى سىلىپ ئاغزىغا يالمايدۇر،
ئاياغى ئاستىدا ۋەيران بولۇر نازۇك بەدەن گۈللەر.

ئۆزى بەك چوڭ، كۆزى ئۆتكۈر، تۇكى بەئەينى قۇندۇزدەك،
ئېلىپ چىقتى چىشلەپ گۆھەر، كېچىلەر بولدى كۈندۇزدەك،
ئېگىز - پەسنى پەرق ئەتمەي، ھاپىلداپ - ھۆركىرەپ كەلسە،
سېمىزلىكتىن لىغىلدايدۇ بېلى گوياكى تۇپتۇزدەك.

گۆھەرگە بىر غازاڭ تاشلاپ، ئۇنى بىر ئىمتىھان قىلسام،
سىرىن بىلمەك نىيەت ئەيلەپ، ئۆزۈمنى ھەم نىھان قىلسام،
ئاشۇ پىنھانە دەرياغا ئۆزىنى ھۆركىرەپ ئاتتى،
دەرەخ ئۈستىدە مەن قورقۇپ، كېلىپ ھەلقۇمغا جان، تۇرسام.

بۇ سۆزدىن كېيىن سەنۇبەر «بۇ خەتەرلىك جاي ئىكەن، بۇ يەردە تۇرسام بولماس» دەپ ئويلاپ يەنە يولغا چۈشۈپتۇ ۋە چۆل - باياۋانلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان تۇرنىلارغا كۆزى چۈشۈپتۇ. سەنۇبەر تۇرنىلارغا قاراپ: «مۇبادا بۇ تۇرنىلار شەھرى شەبىستان تەرەپكە بېرىپ قالسا، گۈلپەرىزاتقا مېنىڭ سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويماسمۇ» دەپ ئويلاپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

غاقىلدىشىپ كۆكتە ئۇچقان تۇرنىلار،
گۈليارىمغا مەندىن سالام دېگەيسىز.
قۇربان بولدى يارىنىڭ قارا كۆزىگە،
مېنى سورىسا، يولدا راۋان دېگەيسىز.
پىستە ئېغىز، شېرىن - شېكەر سۆزىگە،
قەلەم قاشلىق نەرگىس كەبى كۆزىگە،
ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك يۈزىگە،
مەن دائىما ئاھۇزاردا، دېگەيسىز.

قۇربان بولاي يارىنىڭ قەددى - بويىغا،
غېرىب بولۇپ قالدىم مەن بۇ چۆللەردە،
نەزەر قىلسۇن مەندەك غېرىب قۇلىغا،
سالامىمنى ئول جانانىغا دېگەيسىز.

مەن سەنۇبەر قالدىم ياردىن ئايرىلىپ،
قاناتلىرىم سۇندى چۆلدە قايرىلىپ،
مەن يۈرەرمەن بىر يار ئۈچۈن زارلىنىپ،
كېچە - كۈندۈز كارى پىغان دېگەيسىز.



دەپ شاھسەنۇبەر يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. لېكىن تۇرنىلارنىڭ زۇۋانى بولمىغاچقا، غاقىلدىشىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەھەر ۋاقتىدا سۇبھى شامىلى كېلىپ سەنۇبەرنىڭ يۈزىگە تېگىپتۇ. سەنۇبەرنىڭ يادىغا گۈلپەرىزات چۈشۈپ، ساباغا سوئال قويۇپ مۇنۇلارنى ئېيتىپتۇ:

ئەي بادى سابا، يەتكۈز ئۇل يارغا سالامىمنى،
مەستانە قارا كۆزلۈك، خۇنغارغا سالامىمنى.
چېھرىسى گويا ئاپتاپ، قامىتى گويا شەمشاد،
مەستانە بېرىپ ئېيتقىل، ئۇل يارغا سالامىمنى.

بىر زەررە ۋاپا كۆرمەي، غەملەرگە بولاشىپمەن،
كۆكسۈمنى تىلىپ ھەر دەم، قانىمغا ئۇلاشىپمەن،
ھىجرىدە سەمەندەردەك ئوتلەرگە تۇتاشىپمەن،
ئەي بادى سابا، ئېيتقىل، ئۇل يارغا سالامىمنى.

ئۇل سەرۋى خىرامانكىم بىر شوخى شىمايىلدۇر،
رەھىم ئەتمىسە ئۇل دىلبەر، ھالا ماڭا مۇشكۇلدۇر،
باشىمغا بالا ھەردەم ھىجرانىدا نازىلدۇر،
مەستانە بېرىپ ئېيتقىل، ئۇل يارغا سالامىمنى.

ئىشق ئوتى ئىچىم بىرلە تاشىمغا تۇتاشقاندۇر،
كۆڭلۈمنى بولۇپ يۇلتۇز، يارتامانغا كۆچكەندۇر،
كۆزلىرىم يېنىپ شامدەك، ئەمدى نۇرى ئۆچكەندۇر،
ئەي بادى سابا، ئېيتقىل، ئۇل يارغا سالامىمنى.

ھىجرانىدا ھەردەم مەن ئورتەندىم، ئادا بولدۇم،
غەم دەشتىدە مەجنۇندەك ئىشقىدا گادا بولدۇم،
بىر تازا نىھال ئەردىم، غەم بىرلە ئادا بولدۇم،
ئەي بادى سابا، يەتكۈز، ئۇل يارغا سالامىمنى.

جانىمغا جاپا قىلغان ئۇل غەمزەلىك دىلبەردۇر،
مەستانە قارا كۆزى جان ئالغۇچى كاپىردۇر،
ئەرزىمنى بايان ئەتكىل، بىچارە سەنۇبەردۇر،
بىر مەررە بېرىپ ئېيتقىل، ئۇل يارغا سالامىمنى.

سەنۇبەر بۇلارنى ئېيتىپ يىغلىغىنىچە دەشت ـ باياۋانغا كىرىپتۇ. باياۋاندا مۇشەققەتلەر تارتىپ يۈرگىنىدە، كۆزىگە بىر چارباغ كۆرۈنۈپتۇ. بۇ باغنى «گۇلپەرىزاتنىڭ ماكانىمكىن» دەپ ئويلىغان سەنۇبەر مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

كۆزلىرىمگە جىلۋە قىلۇر باغلىرى،
شۈكۈر ئەمدى، يار ماكانى كۆرۈندى.
بۇلبۇللىرى قونۇپ، ئۇچار زاغلىرى،
شۈكۈر، ئەمدى يار ماكانى كۆرۈندى.

چىن شەھرىدىن كەلدىم ئىزدەپ بىر ھەمدەم،
كۆز يېشىم بولۇپتۇر لالىدەك شەبنەم،
سەنۇبەر يىغلىما، داد ئېيتىپ شۇل دەم،
شۈكۈر، ئەمدى يار ماكانى كۆرۈندى.

مەن مۇندا كەلمىشمەن سېنى سوراقلاپ،
يىراقلىق دەردىدىن باغرىمنى داغلاپ،
ئەمدى غەم باشىمدا، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ،
شۈكۈر، ئەمدى يار ماكانى كۆرۈندى.

مۇندا بۇگۈن ئەرز ئەتكەيمەن ھالىمنى،
ئاختۇرۇپ تاپقايمەن كۆڭۈل شادىمنى،
مۇيەسسەر ئەيلىگەي ھەق مۇرادىمنى،
شۈكۈر، ئەمدى يار ماكانى كۆرۈندى.

سەنۇبەر بۇلارنى ئوقۇپ چارباغقا يېتىپ كەپتۇ ۋە باغ ئىچىگە قەدەم قويۇپتۇ. قارىسا، باغ ئىچىدە ئادەم يوق ئىكەن. لېكىن، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تامامەن تىللادىن ياسالغان بىر گۈمبەز بار ئىكەن. سەنۇبەر قۇلاق سالسا، گۈمبەزنىڭ ئىچىدىن: «ئەي ئادەمزات، نېمە ئادەممسەن؟ ئادەم كەلسە پۇتى كۆيىدىغان، قۇش كەلسە قاناتلىرى كۆيىدىغان بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭ؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. لېكىن ئۇ ئاۋاز ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىكەن. سەنۇبەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ: «ئەي ئانا، پەلەكنىڭ گەردىشى مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ بىر جادۇگەر موماي ئىكەن، ئۇ موماي بىر سىقىم توپىغا ئىسمىئەزەم ئوقۇپ سەنۇبەرگە چاچقانىكەن، سەنۇبەر شۇ زامان بىر كېيىككە ئايلىنىپ قاپتۇ. سەنۇبەر دەرغەزەپ بولۇپ، «ئەي نابكار، مېنى نېمە گۇناھ قىلغىنىمغا مۇنداق قىلدىڭ؟ ! » دېگەنىكەن، جادۇگەر: «تېخى سۆزلەيدىكەنسەنغۇ» دەپ يەنە بىر سىقىم توپىغا ئىسمىئەزەم ئوقۇپ چېچىپتۇ. سەنۇبەر

شۇ ھامان سۆزلىيەلمەس ھالغا كېلىپ قاپتۇ. سەنۇبەر كېيىك سۈرىتىگە كىرگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ يە-نە گۈلپەرىزاتنى ئىزدەپ باياۋانغا چېپىپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر جايغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئاللاتائالاغا يىغلاپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ:

قادىر ئاللا، سەنسەن مېنىڭ پاناھىم،
ھېچ كىشىنى مەندەك ھەيران ئەيلىمە.
بىر ئاسىي قۇلۇڭمەن، كۆپدۇر گۇناھىم،
ھېچ كىشىنى مەندەك ھەيران ئەيلىمە.

مەن كېلۇرمەن دەريا كېچىپ، تاغ ئېشىپ،
ئەيلەپ تولا نالە ـ زار، ياقام يىرتىپ،
كېچە ـ كۈندۈز رەھنەمانى ياد ئېتىپ،
غۇنچە كەبى رەڭگىم سامان ئەيلىمە.

كۈندىن ـ كۈنگە دەردىم بولدى زىيادە،
غېرىبلىقتا قالدىم يەنە پىيادە،
ھېچ كىشىنى ئۇشبۇ پانىي دۇنيادە،
يار كويىدا مەندەك نالان ئەيلىمە.

مەن مۇندا كېلىپمەن نەسىبەم تارتىپ،
پىراقلىق خەنجىرى باغرىمنى يىرتىپ،
ھېچكىمنىڭ بېشىغا مۇنداق كۈن سېلىپ،
سەنۇبەردەك ھالىنى يامان ئەيلىمە.

سەنۇبەر كېيىك سۈرىتىدە بۇ يەردىن چىقىپ نەچچە كۈن يول يۈرۈپ يەنە بىر چارباغقا يېتىپ بې-رىپتۇ. ئۇ بۇ باغقا قەدەم قويۇپ قارىسا، ئىلگىرىكى باغدەك بۇ باغمۇ ئادەمزاتتىن خالىي ئىكەن، لېكىن بۇ باغ ئاۋۋالقى باغدىن ھەر جەھەتتىن ياخشى ئىكەن. بۇ باغدىمۇ بىر گۈمبەز كۆرۈنۈپتۇ، خۇددى ئىل-گىرى كۆرگەن باغدىكى گۈمبەزدەك بۇ گۈمبەزمۇ تىللادىن ياسالغان گۈمبەز ئىكەن. سەنۇبەر باغنىڭ ئىچىنى سەيلە قىلىپ يۈرۈپ بىر جايغا كەلگەندە، تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ-تۇ. بۇ قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىدىن ئۇنى گويا تولغان ئاي دېسە بولىدىكەن. بۇ قىز سەنۇبەرنى كېيىك پەملەپ، ئالدىغا سۈت قويۇپ بېرىپتۇ. سەنۇبەر ئۇنىڭغا قارىمغاندىن كېيىن، «ئەي جانىۋار، ئەھۋالىڭنى سۆزلە !» دەپتۇ. سەنۇبەر تىلى يوقلۇقىنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇرۇپتۇ. ئۇ قىز بىر ئىسمىئەزەم ئوقۇپ كېيىكنىڭ تىلىغا دەم سالغانىكەن، كېيىك سۆزلىيەلەيدىغان بوپتۇ ۋە ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپتۇ:

قەمەر يۈزلۈك، قەلەم قاشلىق نىگارىم،
ياقام چاكتۇر، مېنىڭ غېرىب يەرلەردە.
نازۇك بەدەن، شېكەر سۆزلۈك پەرىزات،
ھالىم پەرىشاندۇر، غېرىب يەرلەردە.

پەلەك سالدى مېنى خەتەرلىك يولغا،
چىرماشتۇردى مېنى سانسىز بالاغا،
مۇناجات ئەيلەبان قادىر خۇداغا،
ئادا قىلدىم ئۆمرۈم غېرىب يەرلەردە.

ھېچكىم مەندەك ياردىن جۇدا بولمىسۇن،
يار كويىدا يىغلاپ ئادا بولمىسۇن،
ھىجران بىلەن قەددى دۇتار بولمىسۇن،
يۈرەكلىرى خۇن بولدى، غېرىب يەرلەردە.

سەنۇبەر دەر، خۇرشىد شاھنىڭ ئوغلىمەن،
بىر جادۇنىڭ قول ئىلكىدە بەندىمەن،
بىر يار ئۈچۈن كۆكسۈمنى مەن داغلارمەن،
سەرگەشتە ئىنسانمەن، غېرىب يەرلەردە.

سەنۇبەر ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان بۇ قىز مېھرى ئەنگىز دېگەن جادۇگەر قىز بولۇپ، بۇ باغ شۇ قىزنىڭ ماكانى ئىكەن. مېھرى ئەنگىز ئەھۋالنى بىلىپ، بىر سىقىم توپىراققا ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ھۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چاچقانىكەن، سەنۇبەر شۇ زامان كېيىك سۈرىتىدىن ئادەم شەكلىگە كەپتۇ. مېھرى ئەنگىز سەنۇبەردىن بۇ جايلارغا قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىنى سورىغانىكەن، سەنۇبەر تۆۋەندىكى مەزمۇندا جاۋاب بېرىپتۇ:

ئەۋۋالا چىن شەھرىدىن چىقتىم بۇ سەۋدالار بىلەن،
ئانچە يارۇھەمدەمۇ رۇخسارى زىيبالار بىلەن.
غەرق بولدۇق ھەممىمىز دەريايى ئۇممان ئىچىدە،
ئايرىلىپ ھەمدەملىرىمدىن نەچچە غوۋغالار بىلەن.

بىر ئۆزۈم قالدىم بالا دەشتىدە ھېچ يوق ھەمدىمىم،
ھەر زامان بۇ دەردى مېھنەتلەر بولۇپتۇر مەھرىمىم،
كۆيدى ھىجران ئاتەشىدە بۇ ۋۇجۇد خاكىستەرىم،
غەم قولىدا كەسبى كارىم ۋالە شەيدالار بىلەن.

ئەي قەمەر يۈزلۈك، شېكەر سۆزلۈك پەرىلەر سەرۋەرى،
بولدۇم مەن ھەيران، جامالىڭغا قاراپ ئەي مۇشتەرى،
دۇنيا سەنسەن سەنۇبەرنىڭ ۋاپالىق دىلبىرى،
مەن پىراقىڭدا ئەسىر روھى تاماشالار بىلەن.

مېھرى ئەنگىز سەنۇبەرنىڭ تىلىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن بىرلىكتە بېرىپ ئاۋۋالقى جادۇگەرنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. مېھرى ئەنگىزنىڭ سەنۇبەرگە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ، ھېچ تاقىتى قالماپتۇ. مېھرى ئەنگىز سەنۇبەرگە كاتتا مېھماندارچىلىق ئورنى تەييارلاپ، كۆڭلىنى ئىزھار قىپتۇ. سەنۇبەر بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسلەپ، دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن شىكايەت قىلىپ مۇنۇلارنى ئوقۇپتۇ:

ئەي كۆڭلۈم، سۆيۈنمە ئۇشبۇ دۇنياغا،
بۇ دۇنيا كىملەرگە ۋاپا ئەيلىدى؟
بىراۋغا كىيدۇرسە تاجى خۇسراۋنى،
بىراۋنى ئەل ئىچرە گادا ئەيلىدى.

ھەرگىز قوۋانمىغىن دۇنيا مالىغا،
ئېتىماد ئەتمىگىن مالنىڭ سانىغا،
بىراۋنى يەتكۈزۈپ يار ۋىسالىغا،
بىراۋغا مىڭ تۈرلى جاپا ئەيلىدى.

دۇنيادا ھەركىمكى مەنمەنلىك ئېتەر،
پەلەك ئاخىر ئۇنىڭ باشىغا يېتەر،
بىر نەچچە ئاشىقلار مۇرادىغا يېتەر،
نەچچىنى ياردىن جۇدا ئەيلىدى.



بۇ دۇنيادىن ئۆتتى نەچچە دەۋرانلار،
غازاڭدىن قۇتۇلماس بۇ گۈلىستانلار،
ئەجەلنىڭ قولىدا بەگلەر، خاقانلار،
ئاقىۋەت ھەسرەتتە قازا ئەيلىدى.

ئاشىقلار نەيلەسۇن يارسىز بۇ جاننى،
گۈل بولغاچ بۇلبۇللار ماختار چىمەننى،
سەنۇبەر دەر يارنىڭ غېمى ھىجراننى،
ئېلىپتەك قەددىمنى دۇتار ئەيلىدى.

بەس، مېھرى ئەنگىز بىلەن شاھزادە سەنۇبەر جادۇگەرنى ئۆلتۈرۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئەيش ـ ئىشرەت قىلىشقا باشلاپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئەيش ـ ئىشرەت جامىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ۋاقىت ئۆتكۈزۈشۈپتۇ. بىر كۈنى سەنۇبەر چۈشىدە گۈلپەرىزاتنى كۆرۈپ ئاھ تارتىپ ئويغىنىپتۇ. مېھرى ئەنگىز بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي يىگىت، سىزنىڭ مەندىن بۆلەك يارىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، سەنۇبەر جاۋاب بېرىپ:

— ئەي رەنا، مەن بۇنىڭدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئىلگىرى چۈشۈمدە شاھ پەررۇخنىڭ قىزى گۈلپەرىزاتنى كۆرۈپ ئاشىق بولغانمەن. ئەمدى سىز بىلەن جۇدا بولىدىغان ۋاقىت يەتتى، ماڭا رۇخسەت بېرىڭ. ئۇ پەرىنىڭ ماكانى بۇ يەردىن ئۈچ يۈز يىللىق يولدۇر، ئۇنى ئىزدەپ بارمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ. مېھرى ئەنگىز سەنۇبەردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، زار ـ زار يىغلاشقا باشلاپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

مۇندىن كېتەر بولساڭ يارىم،
پات كەل، مېنى گىريان ئەيلىمە.
بىر ئۆزگىگە مېھرىڭ سېلىپ،
ئاڭا ئەھدۇپەيمان ئەيلىمە.

دىلىنىڭ ۋاپالىق دىلبىرى،
كۆزدە ياشىمنى قان ئەيلىمە.

مۇندىن كەتسەڭ كېلۇرسەنمۇ،
ماڭا ۋاپا قىلۇرسەنمۇ؟
نەدە بولساڭ نەزەرىڭدىن،
مەن يارىڭنى پىنھان ئەيلىمە.

سەنسەن كۆزۈمنىڭ روشنى،
گۈل يۈزۈڭ جەننەت گۈلشنى،
يادىڭدىن چىقىرىپ مېنى،
ھالىمنى پەرىشان ئەيلىمە.

سەن جېنىمنىڭ سەرۋىرى،
كۆڭلۈم ئىشقىڭنىڭ ئەسىرى،

سەنسەن جېنىمنىڭ مەتلۇبى،
قويما مېنى ھىجران شەبى،
پەرۋاز ئېتىپ بۇلبۇل كەبى،
گۈلشنىمنى غازاڭ ئەيلىمە.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھزادە سەنۇبەر مېھرى ئەنگىزگە تەسەللى بېرىپ بۇ سۆزنى ئېيتىپتۇ:

سۇمبۇل چاچلىق، نازۇك نىھال، قەلەم قاش،
ئاھۇ كۆزلۈك، ئەي دىلدارىم، خوش ئەمدى.
مېھرىڭ مېنىڭ يۈرىكىمگە داۋادۇر،
شېرىن سۆزلۈك غەمگۇزارىم، خوش ئەمدى.

نە سەۋەبتىن قارا كۆزۈڭ سۈزۈلدى؟
رەڭگىرويۈڭ زەپىراندەك نە بولدى؟
يىغلىما، دىلبىرىم، كۆڭلۈم بۇزۇلدى،
خۇش قىلىقلىق ۋاپادارىم، خوش ئەمدى.

مېنى كەتتى دىبان بولما پەرىشان،
سەھەردە تارتمىغىن ئاھ بىلەن پىغان،
بولسۇن بۇ خەستە جان يولۇڭدا قۇربان،
قارا كۆزلۈك سۆيەر يارىم، خوش ئەمدى.

سەنۇبەر دەر: سەنسەن ۋاپادار يارىم،
ساڭا پىدا بولسۇن بۇ شېرىن جانىم،
بىر زامان كۆرمىسەم ئۆرلەر پىغانىم،
غۇنچە بويلۇق ئالمىزارىم، خوش ئەمدى.

شاھزادە سەنۇبەر مېھرى ئەنگىز بىلەن خوشلىشىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن
بىر جايغا يېتىپ بېرىپتۇ، لېكىن ئۇ جايدا قونغۇدەك بىر جاي تاپالماپتۇ. ئاخىر نائىلاج بىر گۆرىستاذ-
غا بېرىپ يېتىپ ئۇخلاپتۇ، ئۇ ئۇخلاۋاتسا، چۈشىدە بىر كىشى ئۇنىڭغا: «بۇ يەردە ياتمىغىن» دەپ بېشا-
رەت بېرىپتۇ. سەنۇبەر دەرھال ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا، كۆز ئالدىدا بىر چارباغ تۇرغۇدەك، باغ ئى-
چىدىكى كۆلنىڭ بېشىدا قىرىق نەپەر قەلەندەر شاراب ئىچىپ ئولتۇرغۇدەك. سەنۇبەر ئاستا - ئاستا قە-
دەم بېسىپ قەلەندەرلەرنىڭ ئالدىغا بارغانىكەن، قەلەندەرلەر ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىر قاچا
مەي تۇتۇپتۇ. سەنۇبەر ئۇ مەينى ئىچىشى بىلەنلا ئاسمانغا قاراپ ئەرشنى ۋە يەرگە قاراپ يەرنى كۆتۈرۈپ
تۇرغان بېلىقنى كۆرگۈدەك قۇربەت ھاسىل بوپتۇ. قەلەندەرلەر سەنۇبەردىن مەي ئىچكەندىن كېيىن
كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىكەن، سەنۇبەر تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپتۇ:

ئەرزىمنى ئاڭلاڭلار، ئەزىز ئىشانلار،
ئاۋۋالدا چىلتەنلەر جايىنى كۆردۈم.
يېنىدا پىيالە، قولىدا شاراب،
شۇندا قىرىق قەلەندەر غارىنى كۆردۈم.

بىر نەچچە مالائىك تەسبىھىن ئېيتىپ،
چىقىرار قۇياشنىڭ تانابىن تارتىپ،
بىر نەچچىسى تائەت - ئىبادەت قىلىپ،
ئاندا مالائىكلەر زارىنى كۆردۈم.

بىر قاچا مەي تۇتۇپ بەردى راۋانە،
ئۇنى ئىچكەن زامان بولدۇم دىۋانە،
نەززارە ئەيلىدىم بېقىپ ئاسمانە،
يەتتە قات ئاسماننىڭ بارىنى كۆردۈم.

بۇ دۇنيانى كۆردۈم، يوقتۇر ۋاپاسى،
غەنىيمەتتۇر بىلىڭ، زەۋقۇ ساپاسى،
ھەزرىتى مۇسانىڭ قولىدا ھاساسى،
مۇناجات قىلغان تۇر تاغىنى كۆردۈم.

بارچىنىڭ ئىچىدە تولا پەرىشتە،
كۆرگەنلەرنىڭ بولۇر ئەقلى سەرىشتە،
تۇبى دەرەخنى كۆردۈم بېھىشتە،
ئاندا بۇلبۇللارنىڭ زارىنى كۆردۈم.

مەي ئىچىپ ھالىمغا بولدى دىگەر گۈن،
كۆتۈرۈلدى پەردە ئالدىمدىن شۇ كۈن،
ئىبراھىم خەلىلنى كۆيدۈرمەك ئۈچۈن،
نەمرۇتنىڭ ياندۇرغان نارىنى كۆردۈم.

كۆردۈم روسۇلىللا ئۇممەت غېمىدە،
ساھابىلەر يانىدا، كەۋسەر لېۋىدە،
ھەرقايسى يانىدا، كاسە قولىدا،
روسۇلىللانىڭ تۆت يارىنى كۆردۈم.

كارامەتى ھەقتۇر بارچە نەبىنىڭ،
بىر ئاللاغا ئاشىق بولغان قۇلىنىڭ،
خانىقا ئىچىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ،
ئون سەككىز ئوغلىنىڭ بارىنى كۆردۈم.

تۆتىنچى ئاسماندا ھەزرىتى ئەيسا،
ئالتىنچى ئاسماندا مەسچىتى ئەقسا،
ئول مەقامدا تۇرغان جۇملە ئەنبىيا،
ياندا جەبرائىل پىرىمنى كۆردۈم.

سەنۇبەر دەر: يىغلاپ پىغان ئەيلىسەم،
ياقام يىرتىپ داد ھامان ئەيلىسەم،
كۆرگىنىمنى بىر - بىر بايان ئەيلىسەم،
ئاللا دەرگاھىدا بارىنى كۆردۈم.

شاھزادە سەنۇبەر بۇ سۆزلەرنى تامامغا يەتكۈزۈپ، چىلتەنلەردىن ئىجازەت ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.
بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر كۆلنىڭ بويىغا كەپتۇ ۋە بۇ يەردە ئارام ئالماقچى بوپتۇ. لې-
كىن بۇ يەر زەڭگىلەر پادىشاھىنىڭ قىزى ئورۇنلاشقان ماكان بولۇپ، كېنىزەكلىرى بىلەن شاراب ئى-



چىپ ئولتۇرغانىكەن. قىزلار سەنۇبەرنى تۇتۇپ كۆلنىڭ لېۋىگە ئەكەپتۇ. سەنۇبەر ئۇلارنى كۆرۈپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ:

ئىشق ئوتىدا يېنىپ ـ يېنىپ،
گۇل يۈزۈم سولدى، نەيلەيىن.
ھىجران ئوتىدا ئۆرتىنىپ،
پەيمانەم تولدى، نەيلەيىن.

قالدىم يىراقلىق دەردىدە،
يۈردۈم غېرىبلىق كويىدا،
ئىككى كۆزۈم يار يولىدا،
تەلمۈرۈپ قالدى، نەيلەيىن.

قولۇمدىن كەتتى دەۋرانىم،
غازاڭ بولدى گۇلىستانىم،
يىغلىشىپ ھەممە يارانىم،
رەقىبلەر كۈلدى، نەيلەيىن.

چۈشۈمدە كۆردۈم بىر پەرى،
باشىمغا چۈشتى مەھشەرى،
تېگىپ ئىشقىنىڭ خەنجەرى،
باغرىمنى تىلدى، نەيلەيىن.

تىكەن باستىم كېزىپ چۆلنى،
تۈگەتمەسمەن ئۇزۇن يولنى،
پەلەك ئۈشبۇ قارا كۈننى،
باشىمە سالدى، نەيلەيىن.

سەنۇبەر يىغلار بۇ پۇرسەت،
پىرىدىن تاپتى مەرھەمەت،
بىزگە بۇ يار بىلەن قىسمەت،
ئاللادىن بولدى، نەيلەيىن.

سەنۇبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان زەڭگى شاھنىڭ قىزى سەنۇبەرگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە:
— ئەي ئادەمزات، مېنىڭ ھۆسن - جامالىم ۋە قەددى كامالىمنى تەرىپ قىلىپ بىر سۆز ئېيتقىن، — دېگەنىكەن، سەنۇبەر زەڭگىنىڭ قىزىغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

تەئرىپىڭ ئېيتايىن زەڭگىنىڭ قىزى،
قازاندىن قارادۇر يۈزلىرىڭ سېنىڭ.
قاشلىرىڭ قىلىچتۇر، قۇلىقىڭ قالقان،
ئاياققا ئوخشايدۇ كۆزلىرىڭ سېنىڭ.

چاچبېغىڭ يىلاندۇر، قەددىڭ مۇنارە،
قول - پۇتۇڭ ئوخشايدۇ شاخى چىنارغا.
ماڭا بېقىپ، كۆپ سۆزلىمە بىھۇدە،
زەھەردىن ئاچچىقتۇر سۆزلىرىڭ سېنىڭ.

ئۇستۇڭگە كىيىپسەن قارا لىباسى،
بىلمەيمەن، كىملەرنىڭ تۇتۇپ قاراسى.
ئۇزاتما قولۇڭنى كۆپدۇر ئىزاسى،
تاياقتىن قاتتىقتۇر نازلىرىڭ سېنىڭ.

تۇرۇپتۇ بىرنەچچە قىرقىن[122] قېشىڭدا،
بېشىڭغا كىيىپسەن ئەسكى قۇلاقچا.
بېلىڭگە باغلاپسەن ئالا ئارغامچا،
ئەرۋاھقا ئوخشايدۇ قىزلىرىڭ سېنىڭ.

سەنۇبەرنى ئۆرتەپ كۆيدۇردى زارىڭ،
ئەجەب بەدنەمادۇر باشتىن - ئاياغىڭ.
كەربالا دەشتىدەك چاھارى باغىڭ،
زىمىستانغا ئوخشايدۇ يازلىرىڭ سېنىڭ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قىزنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ ۋە:
— بۇ ئادەمنى پۇت - قولىنى باغلاپ دەرھال ئۆلتۈرۈڭلار ! — دەپ بۇيرۇپتۇ. سەنۇبەر:
— گۈلپەرىزاتنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، — دەپ زار - زار يىغلاپ شۇنداق دەپتۇ:

مەن نەيلەيىن، نازۇك قولۇم باغلىدى،
يار جامالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.
زەڭگى مېنى ئۆلتۈرمەككە چاغلىدى،
يار جامالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

زالىم پەلەك ئوغا قوشتى ئېشىمغا،
تۈگىمەس سەۋدالار سالدى بېشىمغا،
ھېچكىم رەھم ئەيلىمەس قانلىق يېشىمغا،
يار جامالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

ئەمدى بىلدىم، جان بۇ تەندىن ئۈزۈلدى،
پىراقلىق دەردىدە باغرىم ئېزىلدى،
پېشانەمگە بۇ شۇم قىسمەت يېزىلدى،
يار جامالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

ھېچ بىلمەسمەن نېچۈن بەختىم قارادۇر،
جۇدالىق دەردىدىن باغرىم يارادۇر؟
ھەسرەت بىلەن ئۆمرۈم ئۆتۈپ بارادۇر،
يار جامالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

سەنۇبەرنىڭ پىرى، يا شاھىمەردان،
زەڭگىلەر قولىدا قالمىشىم ھەيران،
رەھم ئەيلە، قولۇمنى تۇت، قويما سەرگەردان،
يار جامالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

سەنۇبەر ئۆلتۈرۈلىدىغان چاغدا ئۇنى قىزنىڭ ئىنىكئانىسى تىلىۋاپتۇ ۋە سەنۇبەرنى قەپەسكە سېلىپ دەرەخكە ئېسىپ قويۇپتۇ. سەنۇبەر بىرنەچچە كۈنگىچە قەپەسكە سولىنىپ تۇرۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە زەڭگىلەر شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىشقانىكەن، سەنۇبەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەپەسنى چېقىپ قېچىپتۇ ۋە شۇ قاچقانچە توختىماي بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر ئورمانلىققا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە ھەر تۈرلۈك قۇشلار بولۇپ، گۈزەل ئاھاڭلار بىلەن سايراپ تۇرغانىكەن. سەنۇبەر بۇ قۇشلارغا قاراپ ئۇلاردىن گۈلپەرىزاتنىڭ خەۋىرىنى سورىماقچى بولۇپ، قۇشلارغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

كۆكنى كەزگەن تورغاي قۇشى،
يارنى كۆردۇڭمۇ، كۆردۇڭمۇ؟
نە ئۇچۇن قىلدىڭ نالىشى،
يارنى كۆردۇڭمۇ، كۆردۇڭمۇ؟

مۇنداق بوستانلىق باغلار،
ئېچىلغان گۇلىستانلار،
تۇتى، قۇمرى غەزەلخانلار،
يارنى كۆردۇڭمۇ، كۆردۇڭمۇ؟

بۇلبۇل دائىم چېكىپ زارى،
ئىستەر مۇدام ۋاپادارى،
ئورماننىڭ لاچىن، شۇڭقارى،
يارنى كۆردۇڭمۇ، كۆردۇڭمۇ؟

كۆككە بېقىپ كۆردۈم ئاينى،
يورۇق قىلۇر ھەممە جاينى،
سەنۇبەرنىڭ چىقار ئاھى،
يارنى كۆردۇڭمۇ، كۆردۇڭمۇ؟

سەنۇبەر شۇ سۆزلەر بىلەن ئورماننى سەيلە قىلىپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىزدىن دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرغان بىرنەچچە ئادەمگە كۆزى چۈشۈپتۇ. سەنۇبەر ئاستا ـ ئاستا قەدەم تاشلاپ ئۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇلار سەنۇبەرنى كۆرۈپ زارلىنىپ:

— ئەي يىگىت، بىزنى كۆتۈرۈپ دەرەخكە چىقىرىپ قويۇڭ، سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن بىزمۇ بۇ



مېڭىلەردىن بەھرىمەن بولايلى، ـــ دېيىشىپتۇ. سەنۇبەرنىڭ بۇ ئادەملەرگە ئىچى ئاغرىپ بۇلاردىن بىرىنى كۆتۈرگەنىكەن، بۇ ئادەم دەرھال سەنۇبەرنىڭ بويىنىغا چىرمىشىۋاپتۇ. سەنۇبەر قانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ ئۇنى بويىندىن ئاجرىتالماپتۇ. ئۇلار رودۇپاي بولۇپ، ئۇ ئورمانلىق رودۇپايلارنىڭ ماكانى ئىكەن. سەنۇبەر رودۇپايغا ئەسىر بولۇپ قالغىنىغا قايغۇرۇپ زار - زار يىغلاپ شۇنداق دەپتۇ:

بىر بالادىن قۇتۇلۇپ، يۈزمىڭ بالاغا ئۇچرىدىم،
بىر زامان شاد بولمىدىم، يۈز ماجىراغا ئۇچرىدىم.
قان يۇتۇپ ھەرلەھزى، دەردى بىداۋاغا ئۇچرىدىم،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رودۇپايغا ئۇچرىدىم.

بىر غېرىبمۇ بىكەسمۇ[123] بىچارىمەن ھالىم خاراب،
غۇسسەۋۇ دەردۇئەلەمدىن ئۆرتىنىپ باغرىم كاۋاپ،
ئاھۇنالە بىئەدەد، ھەر دەم يىغانىم بىھېساب،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رودۇپايغا ئۇچرىدىم.

كۆرسە گەر ھالىمنى ھەربىر مۇپتىلا يىغلار ماڭا،
رەھىم ئېيتىپ ھالىمغا، ھەربىر بىناۋا يىغلار ماڭا،
ئاھۇ نالەمنى كۆرۈپ شاھۇ گادا يىغلار ماڭا،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رودۇپايغا ئۇچرىدىم.

نەۋباھار بولدى، مېنىڭ ھەرگىز باھارىم بولمىدى،
چەرخى كەچرەپتاردىن ھاسىل مۇرادىم بولمىدى،
ياغدى باشىمغا بالا، ئاندىن ئامانىم بولمىدى،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رودۇپايغا ئۇچرىدىم.

ھېچ كىشى، ئەي دوستلار، مەندەك پەرىشان بولمىسۇن،
ئۆرتىنىپ ھىجرى ئوتى بىرلە باغرى بىريان بولمىسۇن،
داغى پۇرقەتلەر بىلەن چاكى گىرىبان بولمىسۇن،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رودۇپايغا ئۇچرىدىم.

ئەي خۇدايا، قىل سەنۇبەرنى بۇ غەملەردىن جۇدا،
ھېچ مۇسۇلمان بولمىسۇن بۇ دەردكە مەندەك مۇپتىلا.
لۇتىپ ئېيتىپ، يا خىزىر پەيغەمبەر، مەدەت ئەيلە ماڭا،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رودۇپايغا ئۇچرىدىم.

شاھزادە سەنۇبەر يىغلاپ يۈرسە، ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇچراپ:

ـــ ئى سەنۇبەر، پالانى جايدا بىر ئاچا چىنار دەرىخى بار، بېرىپ بۇ بەتبەختىنىڭ بېشىنى چىنارنىڭ ئاچىمىقىغا كىرگۈزۈپ بېشىنى ئۈزگىن، ـــ دەپ تەلىم بېرىپتۇ. سەنۇبەر ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمى بىلەن ئۇ رودۇپايدىن قۇتۇلۇپتۇ ۋە قولىغا بىر تاياق ئېلىپ رودۇپايلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، رودۇپايلارغا قاراپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپتۇ:

يىغلاشقىن، ئەي رودۇپايلار،
بولدى ئاخىر زامان ساڭا.
پايدىسىزدۇر ئاھ، ۋاۋەيلا،
بۇگۈن چۇشەر قىران ساڭا.

بېشىڭنى كېسەرمەن بۇ سائەت،
جېنىڭغا سالۇرمەن قىيامەت،
يالۋۇرمىقىڭغا نە ھاجەت؟
ئەمدى يوقتۇر ئامان ساڭا.

شېرىن جېنىڭنى ئالۇرمەن،
ھەممەڭنىڭ بېشىنى كېسەرمەن،

قېنىڭنى سۇدەك ئىچەرمەن،
غەنىيمەتتۇر، بۇ جان ساڭا.

بارىڭنى دارغا ئاسارمەن،
يۈزۈڭگە قارا سۈرتەرمەن،
بېشىڭنى مۇنار قىلۇرمەن،
كۆرستەرمەن نىشان ساڭا.

قاراڭغۇ بولسۇن ساڭا جاھان،
يەر بىلەن بول ئەمدى يەكسان.
يەر قاتتىقتۇر، يىراق ئاسمان،
جەھەننەمدۇر ماكان ساڭا.

سەنۇبەرنىڭ دوستى قالسۇن،
دۈشمەنلىرى ھېچ قالمىسۇن،
بىر خۇدايىم ئۆزى بىلسۇن،
دوزاخ ئوتى ئايان ساڭا.

شاھزادە سەنۇبەر بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ بولۇپ، قولىدىكى تاياق بىلەن ئۇرۇپ بۇ ماكاندىكى رودۇپايلار ـ نى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، «ئەمدى بۇ يەردىن تېزرەك كەتمىسەم بولمايدۇ» دەپ مۇنداق دەپتۇ:

ئايا كۆڭلۈم، تۇرۇپ بولماس بۇ جايدا،
ئەمدى بىر مەسلىھەت ئەتمىسەم بولماس.
ئۆمرۈم زايە بولدى ئۇشبۇ يىللاردا،
قايغۇ ـ ھەسرەت بىرلە ئۆتمىسەم بولماس.

خەستەلەردەك تۆت تەرەپكە تەلمۈرۈپ،
زار يىغلاپ مۇندىن ئۆتمىسەم بولماس.

مەجنۇن بولۇپ بۇ جايلاردا باش ئۇرۇپ،
كۆزلىرىمگە يەنە قانلار تولدۇرۇپ،

سەنۇبەر دەر: پەلەك بۇزدى شانىمنى،
ئوتلار ياقتى گۆھەر ئىلە كانىمنى،
يار قولىغا بېرىپ شېرىن جانىمنى،
بىۋاپا دۇنيادىن ئۆتمىسەم بولماس.

شۇنىڭدىن كېيىن سەنۇبەر بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ دەريايى ئۇممانىنىڭ بويىغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە سال باغلاپ دەرياغا چۈشۈپتۇ. بىرنەچچە كۈن دەريادا يۈرۈپ، ياسىغان سال بوشاپ كەتكەن بولسىمۇ، سە ـ نۇبەرگە دەريادىن چىقىشقا مۇمكىنچىلىك بولماپتۇ. ئۇ بىر كۈنى دەرياغا قاراپ يىغلاپ شۇنداق دەپتۇ:

ناگاھان چۈشتۈم ساڭا، ئۇممان دەريا، ئامان ـ ئامان، ئول مۇستاپا ھەققى ئۈچۈن، ئۇممان دەريا، ئامان ـ ئامان.
ئەرزىمنى ئېيتتىم مەن ساڭا، ئۇممان دەريا، ئامان ـ ئامان.
كەچمىسەم بەختى جاھاندىن، شېرىن جېنىم چىقتى تەندىن،
ئاقتىم شۇ دەم سۈيۈك بىلەن، ھەددىدىن ئاشتى دەردۇستەم،
مۇرۇۋۋەت ئىزدەيمەن سەندىن، ئۇممان دەريا، ئامان ـ ئامان.
پەلەك سالدى بېشىمغا غەم، ئۇممان دەريا، ئامان ـ ئامان.
ھەددىسىز چەكتىم ئاھۇزارى، قىزىدى غەمنىڭ بازارى،
بەتتەر بولدى دەردىم بۈگۈن، كۆزدە ياشىم بولدى گۈلگۈن، سەنۇبەر ئىزدىدى يارنى، ئۇممان دەريا، ئامان ـ ئامان.

شاھزادە سەنۇبەر دەريانىڭ ئىچىدە ئېقىپ كېتىپ بېرىپ سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بىر تۈپ چىنارغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ چىنارنىڭ شېخىنى تۇتۇپلا بىر ئىرغىپ چىنارنىڭ ئۇستىگە چىقىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پەلەكنىڭ قۇدرىتىگە ھەيرانلىقى ئېشىپ، پىغانى ئۆرلەپ شۇنداق دەپتۇ:

زۇلمىڭ بىلەن كۆزۈم ياشىن قان ئەتتىڭ،
پەلەك سەندىن شاد بولمىدىم ھېچقاچان.
كۈندە يۈزمىڭ ھىجران بىلەن ئۆلتۈردۈڭ،
پەلەك سەندىن شاد بولمىدىم ھېچقاچان.

ھەسرەت بىلەن ئۆتتۇم پانىي دۇنيادىن،
پەلەك سەندىن شاد بولمىدىم ھېچقاچان.

ھەرگىز قۇتۇلمىدىم جەبىر ـ جاپادىن،
مەگەر قىسمەت شۇنداقمىكىن خۇدادىن،

سەنۇبەر دەر: كىمگە ئېيتاي دەردىمنى،
يەرگە ئۇردى بۇ شۇم پەلەك قەددىمنى،
كىم ئاڭلىغاي مېنىڭ ئەمدى ئەرزىمنى،
پەلەك سەندىن شاد بولمىدىم ھېچقاچان.

ئۇ شۇ سۆز بىلەن خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ ئولتۇرغانىكەن، تۇيۇقسىز ئاسماندىن بىر چوڭ سۇمۇرغ ئۇچۇپ كېلىپ چىنارغا قونۇپتۇ. سەنۇبەر ئاستا كېلىپ قۇشنىڭ پۇتىنى مەھكەم تۇتۇپتۇ. قۇش سەنۇبەرنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئۇچۇپتۇ. قۇش شۇ دەرىجىدە ئۇچۇپتۇكى، سەنۇبەرنىڭ قۇلىقىغا ئاسماندىكى مالائىكىلەرنىڭ ئېيتقان تەسبىھىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. سەنۇبەر قورقۇپ خۇدايىتائالاغا مۇناجات قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

سۇنئۇڭدىن ئالەمنى ياراتقان، رەھمان،
رەھىم ئەيلە، قولۇم تۇت، ھەيران ئەيلىمە.
قۇدرىتىڭدىن مېنى قىلدىڭ پەرىشان،
ھېچ بەندەڭنى بەختى قارا ئەيلىمە.

ئىبراھىم خەلىلغا ئەيلىدىڭ خىتاب،
قۇربان ئەتتى ئوغلىنى ئول ماھتاب،
ئىسمائىل دەردىدە سىنەسى كاۋاپ،
ھېچكىمنى مەندەك باغرى بىريان ئەيلىمە.

يۇسۇپ كەنئاندىن ياقۇپ ئايرىلدى،
باغرى ئېرىپ سۇدەك بولدى، ئېزىلدى،
يىغلىماقتىن كۆزگە يېشىم قان بولدى،
ھېچكىمنى مەندەك دىيدە گىريان ئەيلىمە.

لەيلى بىلەن مەجنۇن ئاشىقى نالان،
بىۋاپا دۇنيادىن ئۆتتىلەر گىريان،
ھېچ ئادەم ئوغلىنى قۇدرەتلىك، رەھمان،
سەنۇبەردەك زارۇگىريان ئەيلىمە.

قۇش شاھزادە سەنۇبەرنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ بىر جايغا كېلىپ قونۇپتۇ. سەنۇبەرنىڭ بۇ يەرگە نېمە سەۋەب بىلەن كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. سەنۇبەر بۇ قۇشقا كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىپ شۇنداق دەپتۇ.

يېتىپ ئەردىم تەخت ئۈستىدە بىر كېچە،
چۈشۈمدە بىر گۈزەل جانان كۆرۈندى.
تەئرىپىنى ئەيلەي ئۇنىڭ بىرنەچچە،
ھۆسنى ئۇنىڭ ماھتابان كۆرۈندى.

قاشلىرى ھىلالدۇر، كۆزلىرى مەستان،
كۆرگەن ئادەم بولۇر ھۆسنىگە ھەيران،
ئۇ سالدى بېشىمغا تۈگىمەس ھىجران،
ماڭا بىر دۆلىتى سۇلتان كۆرۈندى.



330



بىر پەرىدۇر كىيگەن تونى قىرمىزى،
ئېتى گۇلدۇر شاھ پەررۇخنىڭ قىزى،
بىر شېرىن دىلبەردۇر شېكەر لەۋلىرى،
شۇنداق كەرەشمىلىك جانان كۆرۈندى.

سەنۇبەرمەن، مېنىڭ هالى ـ ئەھۋالىم،
كېچە ـ كۈندۈز شۇندا پىكرۇخىيالىم،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ شۇ نىگارىم،
شۇندىن بېرى هالىم يامان كۆرۈندى.

سۇمۇرغ سەنۇبەرنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ: « ئەي ئادەمزات، مەن ساڭا بىر ياخشىلىق قىلاي » دەپ سەنۇبەرنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ پەرۋاز قىپتۇ. سەنۇبەر سۇمۇرغنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

سۇلايمان سۇمۇرغى، ئەي شاهى خوبان،
دۆلىتىڭ ھەمىشە بەرقارار بولسۇن،
شاد بولۇپ، كۆپ يىللار سۈرگەيسەن دەۋران،
مەنزىلىڭ گۈلىستان، گۈل ـ گۈزار بولسۇن.

مەنزىلگاھىڭ بولسۇن مەسچىتى ئەقسا،
تۆتىنچى ئاسماندا ھەزرىتى ئەيسا،
ئاشىقلار سەردارى يۈسۈپ ـ زىلەيخا،
ئۇلار ساڭا ھەر زامان مەدەتكار بولسۇن.



خىزىر بىلەن ئىلياس، ئىدرىس پەيغەمبەر،
ساڭا قولداش بولسۇن ھەر شامۇسەھەر،
ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ھەيدەر،
مەدەتكارىڭ سېنىڭ چاھاريار بولسۇن.

تەڭرىنىڭ مەھبۇبى ئەھمەدى مۇختار،
ئاندىن تاپتى شاپائەت، ھەممەئى بىمار،
نىگاھدارىڭ بولسۇن قۇدرەتلىك جاببار،
دۈشمەنلىرىڭ سېنىڭ خارۇزار بولسۇن.

سەنۇبەر دەر: مەن بىر پەقىر دىل خەستە،
غەم قولىدا ئەسىر، كۆڭلى شىكەستە،
ئايرىلماسمەن ساڭا كۆڭلۈم پەيۋەستە،
ئۇشبۇ سۆزۈم ساڭا ئېتىبار بولسۇن.

بۇ سۆزدىن كېيىن سۇمۇرغ شاھزادە سەنۇبەرنى ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگىنىچە بىرنەچچە كۈن ئۇچۇپ شەھرى شەبىستانى زەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنى بىر دەريانىڭ بويىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، سەنۇبەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي سەنۇبەر، شەھەرگە كىرگىنىڭدىن كېيىن كۆزۈڭگە بىر چارباغ كۆرۈنىدۇ. باغقا بارغىنىڭدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىدا تۇرغان دېۋىلەرنى كۆرسەن، لېكىن قورقمىغىن. ئىچكىرىگە كىرسەڭ كۆرۈسەنكى، مەلىكە گۈلپەرىزات تەخت ئۈستىدە ياتقاندۇر. تەختنىڭ ئۈستىدە قەپەس ئېسىقلىق بولۇپ، بۇ قەپەستە بىر قۇشنىڭ تۇرغىنىنى كۆرسەن. ئۇ «زەررىن بال» دېگەن قۇش بولۇپ، سېنى كۆرگەندە قاتتىق ئاۋاز بىلەن پەرياد قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزسەڭ، شۇ ھامان ۋارقىراشتىن توختايدۇ. ئاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرسەڭ بولىدۇ.

سۇمۇرغ سەنۇبەر بىلەن ۋىدالىشىپ قايتماقچى بولغىنىدا، سەنۇبەر سۇمۇرغقا بۇ سۆزنى ئېيتىپتۇ:

كەتكىن ئەمدى سۇمۇرغ قۇشى،
شۇل ماكانغا يەنە يۇزلەن.
بىلمەي قالسۇن ھېچبىر كىشى،
قاققىن قانات، جەۋلانە يۇزلەن.

سەن بارىسەن يوللار ئېشىپ،
كۆك باغرىنى تىغدەك تېشىپ،
كۆپ خەتەرناك تاغدىن ئېشىپ،
چۆلدىن چۆلىستانە يۇزلەن.

كۆپ ياخشىلىق كۆردۈم سەندىن،
ئەمدى رازى بولغىن مەندىن،
پەرۋاز ئېتىپ ئول ۋەتەندىن،
كەلگەن ئاشيانە يۇزلەن.

سەنۇبەر قالدى تەلمۈرۈپ،
قارا كۆزى ياشقا تولۇپ،
يەتتى پەلەككە چەرخ ئۇرۇپ،
ئاشۇ خانىمانە يۇزلەن.

شۇ سۆز بىلەن سەنۇبەر سۇمۇرغ بىلەن ۋىدالىشىپتۇ. ئاندىن يەنە بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، قىرىق گەز ئېگىزلىكتە تىللادىن ياسالغان پەلەمپىيى بار بىر چارباغقا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇشبۇ پەلەمپەي بىلەن مېڭىپ باغقا كىرىپتۇ. باغنىڭ دەرۋازىسىنى ھەربىرىنىڭ بېشى بىر گۇمبەزدەك كېلىدىغان بىر توپ دېۋىلەر بېقىپ ياتقانىكەن. سەنۇبەر ئۇلاردىن قورقماي، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئۆتۈپ بىر جايغا بېرىپ قارىسا، پەرىزاتلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاۋاتقانىكەن. سەنۇبەر ھەيران بولۇپ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ:

مەجنۇن بولۇپ چۆلىستاندا يۈرگەنتىم،
بەختىم كۈلۈپ ئابادانغا يېتىشتىم.
قانچە زامان ھەسرەت بىلەن قان يىغلاپ،
تىكەن ئاشتىم، گۈلىستانغا يېتىشتىم.

ئەقلىمنى لال ئەتتى، ئاغزى خۇنابى،
شېكەردىن ھەم شېرىن ئېرۇر كامالى،
ئول پەرىنىڭ ھۆسنى ھۆرنىڭ مىسالى،
ئاھۇ كۆزلۈك شېكەر كانغا يېتىشتىم.





تەخت ئۈستىدە ياتار كۆڭۈلدەك بىر دىلبەر،
جاھاندا يوق زۇلپىغە تەڭ بىر گۆھەر،
شاھ خورشىدنىڭ ئوغلى، ئېتىم سەنۇبەر،
جېنىمغا جان قوشقان جانانغا يېتىشتىم.

بۇ سۆزدىن كېيىن شاھزادە سەنۇبەر باغ ئىچىدە يەنە يۇرۇشكە باشلاپتۇ. بىر جايغا بارغاندا كۆزنىگە لەئەل ـ جاۋاھىراتلاردىن ياسالغان بىر تەخت كۆرۈنۈپتۇ. سەنۇبەر بۇ تەختكە يېقىن بېرىپ قاراپ چۈشىدە كۆرگەن جانانىنى تونۇپتۇ، سەنۇبەر تەختكە ئېڭىشىپ ئۇخلاۋاتقان گۈلپەرىزاتنىڭ لەۋلىرىدىن سۆيۈشكە باشلاپتۇ ۋە گۈلپەرىزاتقا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

بىر پەرىنى كۆردۈم مۇندا،
ئوخشايدۇ ماھتابانغا.
چىشى ئۈنچە، قەلەم قاشلىق،
كۆزى مەستانە ـ مەستانغا.

باشىدادۇر تاجى زەررىن،
تەگدىشى يوق ھۆسنى ئۈنىڭ.
سۆزلىرىدۇر جاندىن شېرىن،
سۆزى ئوخشار خۇش ئەلھانغا.

يۈزىدە باردۇر خاللىرى،
شېرىن ـ شېكەردۇر لەۋلىرى،
قەنت ـ ناۋاتقا ئوخشار سۆزى،
لېۋى لەئەل بەدەخشانغا.

خەستە كۆڭلۈم بولدى تازا،
قاش ـ كۆزلىرى شۇ مەستانغا،
ئارزۇ قىلسام جانىنى قۇربان،
ئاشۇ تۇتى خۇش ئىلھانغا.

غەمزە بىرلە يۈزى ـ كۆزىن،
يۈزىگە تارتمىش پەردىدىن،
مەن ئوخشاتتىم يارنىڭ يۈزىن،
قىشتا ئېچىلغان گۈلىستانغا.





گۈلدىن قىزىلدۇر قوللىرى،
ئىپەككە ئوخشار بەللىرى،
يازلىق باغىنىڭ ئالمىلىرى،
ئوخشار ئاندا زەنەخدانغا.

كىيىپتۇ گۈلگۈن لىباسى،
ئۆرتەر قېشىنىڭ قاراسى،
يارىمىنىڭ قەددى رەناسى،
ئوخشار سەرۋى خىرامانغا.

ھۆسنى جىسمىمنىڭ چىراغى،
مېنى ئۆرتىگەن پىراقى،
ئوخشايدۇ يارىنىڭ چارباغى،
بىر سۇمبۇلى زەرەپشانغا.

شۇ ئەسنادا زەررىن بال سەنۇبەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ «ھەيھات، ھەيھات، ئادەمزات كەلدى !» دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ دىۋىلەر ئويغىنىپتۇ. سەنۇبەر دەرھال كېلىپ تەختنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋاپتۇ. دىۋىلەر ۋە پەرىزاتلار «ئادەمنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ» دەپ ھەر تەرەپنى ئاختۇرغىلى تۇرۇپتۇ. پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپتۇ. سەنۇبەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇشقا باشلاپتۇ ۋە «قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ، ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ:

غەمدىن قۇتۇلالمىدىڭ، مېھنەتلىك باشىم،
قايتىدىن ھىجرانلىق بولدى، نەيلەيىن.
قارارى يوق شۇم پەلەكنىڭ گەردىشى،
تۇگىمەس سەۋداغا سالدى، نەيلەيىن.

يارىنىڭ شېكەر لەۋلىرىنى شۇمۇردۇم،
قول ئۇزىتىپ ئالمىلىرىنى ئۈزمىدىم،
كۆزۈم قانغۇچە يۈزىنى كۆرمىدىم،
كۆڭلۈمدە كۆپ ئارمان قالدى، نەيلەيىن.

شاھ سەنۇبەر دەرلەر: مېنىڭ ئاتىمنى،
شۇم، كاج پەلەك بۇزدى كۆڭۈل شادىمنى،
يوقاتماقچى يار خىيالى يادىمنى،
قىسمىتىم ھىجرانلىق بولدى، نەيلەيىن.

شۇ چاغدا زەررىن بال سەنۇبەرنىڭ تەخت ئاستىدا ئىكەنلىكىدىن گۈلپەرىزاتقا خەۋەر بېرىپتۇ. گۈلپەرىزات بۇ خەۋەردىن خۇشال بولۇپ، سەنۇبەرنى تەخت ئاستىدىن تەخت ئۈستىگە ئاچىقىپ، نەچچە كۈنگىچە ناھايىتى ياخشى كۈتۈپتۇ. شاھانە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. ئاندىن سەنۇبەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق دەپتۇ:

خۇش كېلىپسەن سۆيەر يارىم، قۇتلۇق بولسۇن ماكان ساڭا،
چۈشتە كۆرگەن پەرىزاتىڭ سەدىقە قىلۇر بۇ جان ساڭا.
سەنسەن دەردىمنىڭ دەرمانى، كەتتى كۆڭلۈم ئارامى،
يولۇڭغا بۇ شېرىن جاننى، مەن ئەيلەرمەن قۇربان ساڭا.

ھىجرىڭدە يىللار يىغلىدىم، دەردىڭدە باغرىم داغلىدىم،
كەزدىم نىشانلار ئىزدىدىم، بېرەلمىدىم نىشان ساڭا.
مەن گۈلپەرىمەن دەستىڭدە، كور بولسۇن رەقىبلەر قەستىڭدە،
تا ئۆلگۈنچە مەن ئىلكىڭدە، بولسۇن ياخشى جاھان ساڭا.

شۇ سۆزلەر بىلەن گۈلپەرىزات سەنۇبەرنىڭ ئالدىغا شاراب ئەكەپتۇ. بىرنەچچە پىيالە شاراب ئىچىلگەندىن كېيىن، سەنۇبەر مەست بولۇپ، گۈلپەرىزاتنى تەرىپلەپ شۇنداق دەپتۇ:

كۈلۈمسىرەپ كەلدى مېنىڭ قېشىمغا،
مېنىڭ سەرۋى خىرامانە، نىگارىم.
ئاق يۈزىدە قوش ــ قوشلىغان خالى بار،
ھەربىر خالى دانە ــ دانە، نىگارىم.

بولدۇم بۈگۈن گۈلپەرىنىڭ ھەمدەمى،
لەۋلىرىدىن ئاقار شېرىن زەمزەمى،
خىزمىتىگە قىلدى مېنى مەھرەمى،
مېنى قىلماس ھېچ گىريانە، نىگارىم.

بىر ئۈزىدە مىڭ كىشىنىڭ ئەقلى بار،
سۆيۈپ كۆردۈم لەۋلىرىنىڭ بالى بار،
پىداسىدۇر تاكى بۇ جان تەندە بار،
ۋىسالىغا مەن مېھمانە، نىگارىم.

سەنۇبەرنىڭ دىلبەر يارى گۈلپەرى،
ساڭا پىدا بولسۇن جانلار بىر يولى،
بولمىغايمەن ئەمدى دىلبەردىن نېرى،
بويالماستىن قىزىل قانە، نىگارىم.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن بۇ ئىككى ئاشىق ــ مەشۇق شاراب ئىچكىلى ۋە ئەيش ــ ئىشرەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا سەنۇبەرنىڭ كۆڭلىگە بىر سۆز كېلىپ، دىلدارىدىن بىر سۆيۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

گۈلۈم سېنىڭ قارا زۇلپىڭ،
گەردۈن ئۈزرە كەمەند بولسۇن.
بەرسۇن ئاشىق مۇرادىنى،
ئۆزى ئايلانسۇن بەند بولسۇن.

يىغلاپ قۇياش بىلەن ئايلار،
لاچىن كۆزلۈك زىلەيخالار،
خىزمىتىڭگە كېلىپ شاھلار،
چەرخى پەلەك شەيدا بولسۇن.

سۇرمىدۇر قەلەم قاشلىرىڭ،
تىزىلغان ئۈنچە چىشلىرىڭ،
تۈتىدىن شېرىن سۆزلىرىڭ،
شېكەرلىرىڭ قەنت بولسۇن.

مەن بولمىسام ساڭا ھەمدەم،
كۆڭلۈم ئىچرە تولار يۈز غەم،
گۈل يۈزۈڭدىن ئاقار شەبنەم،
دانە ــ دانە پەسەند بولسۇن.

سەنۇبەردۇر سىنىڭ يارىڭ، قارا يۇزدۇر رەقىبلىرىڭ،
كىچە ـ كۈندۈز گىرىپتارىڭ، ئۆزى باغلانسۇن، بەند بولسۇن.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇلار ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بۇلار پاراغەت كۆرپىسىدە ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزمەكتە ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى سەنۇبەر ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ ئاھ ئۇرغانىكەن، گۈلپەرىزاتنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ ئاچچىقى كېلىپ، سەنۇبەرگە:

— ئەي بىۋاپا ئادەمزات، سېنىڭ مەندىن باشقا يارىڭ بارغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا نېمە سەۋەبتىن ئاھ چېكىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە سەنۇبەر گۈلپەرىزاتنىڭ گۇمانىنى كۆتۈرۈۋەتمەك ۋە كۆڭلىنى ئالماق بولۇپ شۇنداق دەپتۇ:

ناگاھ ياتقان ئىدىم مەستانە، نەچچە يىل ھىجرىڭدە يىغلاپ يۈردۈم.
چەشمى جادۇلىرىڭ يادىمغا چۈشتى. جامالىڭ شەمئىنى كۆرۈپ مەن كۆيدۈم،
گۈل ئېچىلىپ تاڭ شامالى ئەسكەندە، خالى ھىندۇلىرىڭ يادىمغا چۈشتى.
زەرئەفشان كاكۇللىرىڭ يادىمغا چۈشتى.
ناگاھ كىرىپ ئىدىم گۈل گۈلشىنىدە، خۇرشىد شاھنىڭ ئوغلى ئاتىم سەنۇبەر،
سەرۋى خىرامانىڭ يادىمغا چۈشتى. بىر يار ئۈچۈن بەسكى كۆڭلۈم مۇكەددەر.
خاتىرەمدىن چىقماس كۆرگەن ھەمدەملەر،
مەن ساڭا ئاشىقلىق لاپىنى ئۇردۇم، ھەمسۆھبەت يارەنلىرىم يادىمغا چۈشتى.

بۇ سۆزدىن كېيىن گۈلپەرىزات:

— ئەي سەنۇبەر، غەم يېمىگىن، ئەگەر سەن مۇندىن كېتەر بولساڭ، مەن بىللە كېتەرمەن، — دەپتۇ ۋە گۈلپەرىزات دىۋىلەرگە تەختىنى كۆتۈرۈشكە ئەمىر قىپتۇ. دىۋىلەر تەختنى كۆتۈرۈپ يولغا راۋان بولۇشۇپتۇ. بۇلار ھاۋادا بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، مېھرى ئەنگىزنىڭ جايىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ ۋە بىر بۇلاق سۈيىدە تاھارەت ئېلىپ شۈكرانە ناماز ئۆتەپتۇ. ئاندىن كېيىن سەنۇبەر بىلەن گۈلپەرىزات سەيلە ـ تاماشاغا چۈشۈپتۇ. بۇلار بىر ئېگىز تاغقا چىقىپ تاغ ئۈستىدىن قارىسا، يىراقتىن بىر گۈمبەز كۆزىگە كۆرۈنۈپتۇ. گۈلپەرىزات: «بۇ قانداق يەر؟» دەپ سورىغانىكەن، سەنۇبەر:

— بۇ گۈمبەز مېھرى ئەنگىزنىڭ تۇرىدىغان جايى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە مېھرى ئەنگىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ شۇنداق دەپتۇ:

نازۇك دىلبەر، بىر سۆزۈم بار ئېيتايىن، كىملەرگە ئىلاھىم بېرۇر دۆلەتنى،
پەلەك بىزگە گىننە جاپا ئەيلىدى. كىملەرگە يەتكۈزەر رەنجۇ مېھنەتنى؟
بىراۋغا بېرىپ تاجى خۇسراۋى، ساڭا دەرمەن باشىمغا كەلگەن كۈلپەتنى،
بىراۋنى ئەل ئىچرە گادا ئەيلىدى. كىملەرنىڭ بەختىنى قارا ئەيلىدى؟

بىكەسكە ئىلاھىم بېرۇر تەختۇ تاج، بىراۋغا ئىچۈردى لالە گۈن شاراب،
ئالىم ئەھلى بولۇر قولىغا موھتاج، بىراۋنىڭ باغرىنى ئەيلىدى كاۋاپ،
بىراۋنى قىلغۇسى مۇپلىس ۋە قەللاج، ئاخىردا بارىنى قىلۇر ئۇ خاراب،
كىملەرگە بۇ جاھان ۋاپا ئەيلىدى؟ ھەركىمگە قىسمەتنى خۇدا ئەيلىدى.

336

ۋاموق ـ ئۇزرا بىلەن شىرىن ۋە پەرھاد،
بۇ پانىي دۇنيادىن ئۆتتىلەر ناشاد،
پەلەكنىڭ قولىدىن داد ئىلە پەرياد،
ھەركىمگە مىڭ تۈرلۈك جاپا ئەيلىدى.

ھەزرىتى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان،
بىلقىس ئۈچۈن بولدى ئەجەب ـ سەرگەردان،
ياقۇپنىڭ ئوغلىچۈن كۆزلىرى گىريان،
يۈسۈپنى كەنئاندىن جۇدا ئەيلىدى.

كىملەرگە دەرد بەردى، كىملەرگە داۋا،
كىملەرنىڭ ھاجىتى ھېچ بولماس راۋا،
بىراۋنىڭ كۆزىنى ئەيلەپ نابىنا،
قولىغا بىر چۆپنى ھاسا ئەيلىدى.

بېرىپ بىرنەچچىگە رەنج ئىلە زەخمەت،
بىرنەچچىنى ئەيلىدى ۋاسلى دۆلەت،
بېرىپ بىرنەچچىگە ئەيش ئىلە ئىشرەت،
بىرنەچچىنى ياردىن جۇدا ئەيلىدى.

يۈردۈمەن ئىشقىڭدا بولۇپ دىۋانە،
غېمىڭدىن باش ئېلىپ چىقتىم بۇ يانە،
خۇداغا يالۋۇرۇپ يىغلاپ بىسيارە،
كۈندىن ـ كۈنگە ھالىمنى تابا ئەيلىدى.

بىر كۈنى جۇش ئۇرۇپ دەريايى ئۇممان،
بىرنەچچە دوستۇمنى ئەيلىدى پىنھان،
ھەمسەپەر، ھەمدەملەر ئول يارى ياران،
تەڭرىنىڭ ھۆكمىلە قازا ئەيلىدى.

دەريانىڭ ئىچىدىن چىقتىم سالامەت،
ياراتقان قادىرىم ئەيلەپ ئىنايەت،
ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ داۋامەت،
قايتىدىن بۇ جاننى ئاتا ئەيلىدى.

ناگاھ چۈشتۈم بىر جادۇنىڭ قولىغا،
ۋەھشەت بىلەن سالدى ھىجران قوينىغا،
مەن نەيلەيىن پېشانەمنىڭ شورىغا،
كۆز ياشىمنى قاندىن دەريا ئەيلىدى.

تەخت ئۈستىدە ماڭا قىلدى ئىشارەت،
بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى ئەيلەپ ئىمارەت،
بىرنەچچە كۈن يۈردۈم قىلىپ ئەيش ـ ئىشرەت،
مېنىڭ بىرلە زەۋقۇساپا ئەيلىدى.

مېھرى ئەنگىز ئىدى جادۇنىڭ قىزى،
كۆپ ياخشىلىق قىلدى ماڭا ئول ئۆزى،
ئەگەر پىنھان قىلسام قىلغان سۆزىنى،
مېنىڭ بىلەن ئەھدۇۋاپا ئەيلىدى.

ئاندىن ئۆتۈپ باردىم خەتەرلىك جايغا،
دەرەخلەر كۆپ ئىدى ئۈندىكى سايدا،
يولۇقتۇم ئۇ يەردە مەن رودۇپايغا،
بېشىمغا يۈز كۈلپەت ـ بالا ئەيلىدى.

ئاچماقچى قىستىم باشىنى ئۈزۈپ،
جاننى جەھەننەم ئارا يەتكۈزۈپ،
رودۇپاي نەسلىنىڭ ھەممىسىن قىرىپ،
ھەسرەت بىلەن ئۇلار قازا ئەيلىدى.

ئاندىن كېيىن مەھكەم بېلىمنى باغلاپ،
بىرنەچچە كۈن يۈردۈم سىنى سوراقلاپ،
ناگاھان، زەڭگىلەر قولۇمنى باغلاپ،
ھەربىرى مىڭ تۈرلۈك جاپا ئەيلىدى.

بېلىمنى باغلىدىم مەن قىلىپ ئىخلاس،
پىرىم شاھىمەردان ئەتتىلەر خالاس،
يەنە مەدەت ئەيلەپ خىزىر ۋە ئىلياس،
قايغۇدىن ھەم غەمدىن خالاس ئەيلىدى.

زەڭگىلەردىن قېچىپ چۈشتۈم دەرياغا،
قايتىۋاشتىن ئۆزنى سالدىم بالاغا،
مۇناجات ئەيلىبان قادىر خۇداغا،
كۆرۈڭ، مېھنەتلەرنى خۇدا ئەيلىدى.

بىرنەچچە كۈن يۈردۈم دەريادا ئېقىپ،
غەرق بولۇپ بېشىمغا دولقۇنلار چېچىپ،
جان ۋەھىمىسى ئىچرە شۇنچە قىينىلىپ،
يۈزمىڭ خىل جەبرىنى دەريا ئەيلىدى.

سەنۇبەرنىڭ يارى گۈلپەرى دىلبەر،
ساغا بولسۇن پىدا، سانسىز پەرىلەر،
ئىشقىڭدا بولمىشمەن مىسلى سەمەندەر،
گۈل يۈزۈڭدىن تولا نالان ئەيلىدى.

سەنۇبەر بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ بولۇپ، مېھرى ئەنگىزنى ئەكەپتۇ. گۈلپەرىزات مېھرى ئەنگىز بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپ ئىززەت ـ ئىكراملارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تەخت ئۈستىگە ئاچىقىپتۇ. سەنۇبەر بۇ ئىككى جانان ئارىسىدا ھەيرانلىقتا قېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

ئىككى دىلبەر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرار،
بەرگەن ئۇنى ئاللا مەندەك گاداغا.
مەن بولمىسام، ھەر ئىككىنىڭ موھتاجى،
تەبەسسۇمى سالۇر مېنى جاپاغا.

بىرى مەلەك، بىرى ئوخشاش رىزۋانغا،
بىرى كۈنگە، بىرى ماھتابانغا،

قامىتىدۇر بىرىنىڭ سەرۋى خىرامان،
بىرى ئوخشار ئېچىلغان گۈلى رەناغا.

بىرى كىيگەن ئۆز بېشىغا بېزەلگەن تاج،
بىرى ئالار ھۆسنى ئۈچۈن ئايدىن خىراج،
مەن گوياكى ئوتتۇرىدا بىر گۈلىستان،
ئۇ ئىككىسى ئوخشار، بۇلبۇلى شەيداغا.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن دىۋىلەر بۇلارنى تەخت بىلەن كۆتۈرۈپ دەريايى ئۇممانىنىڭ لېۋىگە ئاپىرىپتۇ. سەنۇبەر بۇ يەردە غەرق بولغان يىگىتلىرىنى ۋە زىۋەر يىگىتنى ياد قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:





ئەي يارەنلەر، زالىم پەلەك، بىزگە جەبىر ـ جاپا قىلدى،    بەختىمىزنى پەلەك بىزنىڭ، مۇنچە زەبۇن ـ قارا قىلدى.
ئۆتتى قانچە شاھلار ئاخىر، ھەممىسىنى جۇدا قىلدى.
سەنۇبەر دەر: ئول ماجىرا سالدى باشقا شۇنچە بالا،
بەزىلەرگە بېرىپ نېمەت، بەزىلەرگە بەردى كۆلپەت،    ئەي يارەنلەر، ئۇشبۇ دۇنيا زادى كىمگە ۋاپا قىلدى؟

شۇ سۆزدىن كېيىن سەنۇبەر: «مەن بۇ دەريا بويىغا كەلگىنىمدە بەش يۈز نەپەر يىگىتىمنىڭ ھەممىسى ساق ـ سالامەت بار ئىدى. ئۇلار مۇشۇ دەريادا غەرق بولۇپ كەتتى. ئەگەر مەن چىنى ماچىن شەھىرىگە بارسام، بۇ يىگىتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى مەندىن پەرزەنتلىرىنى سورىسا، مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟» دەپ ئويلاپ چىنى ماچىن شەھىرىگە قايتالماي تۇرۇپ قاپتۇ ۋە بىر خەت يېزىپ پەرىلەردىن ئاتىسى خۇرشىد شاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتمەكچى بولۇپ، خەت ئاپىرىدىغان پەرىلەرگە شۇنداق دەپتۇ:

بارساڭ ئەگەر خۇرشىد شاھنىڭ يېنىغا،    كۆپ جاپايۇ ئەلەم شارابىن ئىچىپ،
سىنىڭ مېھرىبانىڭ كەلدى دېگەيسەن.    چاكى گىرىبانىڭ كەلدى دېگەيسەن.
نەچچە مەھەل يىراقلىقنىڭ دەردىدە،
هالى پەرىشانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

نەچچە يىللار پىراق ئوتىدا يېنىپ،
ئاقىۋەت ئۆز يارى ۋەسلىگە قېنىپ،
ھەرگىز قۇتۇلمىدىم بالادىن قېچىپ،    ئەي شاھىم، سىزلەرنى تولا سېغىنىپ،
نەچچە يىللار كەزدىم جانىمدىن كېچىپ،    بىر ئەزىز مېھمانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

شۇنىڭدىن كېيىن سەنۇبەر ئاتىسىغا خەت يېزىپ پەرىلەردىن ئەۋەتىپتۇ. خۇرشىد شاھ خەت مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئوغلى شاھزادە سەنۇبەرنىڭ خەۋىرىنى ئالغانلىقىغا خۇدايىتائالاغا شۈكۈر ـ سانالارنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

شۈكۈر ھەقنىڭ دەرگاھىدا،    ۋىسال تاڭى ئاچتى يۈزنى.
مەقسەتلىرىم هاسىل بولدى.    چىقتى بەختىم يۇلتۇزلىرى،
ئۇچۇپ كەتكەن دۆلەت قۇشۇم،    مۇرادىمىز كامىل بولدى.
قايتىۋاشتىن نازىل بولدى.    ئېچىلدى باغى گۈلزارىم،
كۆتۈرۈلدى ھىجران تۈنى،    جامالىغا نازىر بولدى.

خۇرشىد شاھ ۋەزىر ۋە ئەمىرلىرىنى ئېلىپ شاھزادە سەنۇبەرنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىش ئۈچۈن راۋان بوپتۇ. ئەمدى بۇ سۆزنى مۇشۇ يەردە قويۇپ، ئىككى ئېغىز سۆزنى سەنۇبەردىن ئاڭلايلى:

سەنۇبەر دەريايى ئۇممان بويىدا «مەن ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىپ بارسام، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟» دەپ خىجالەت تارتىپ خۇدايىتائالاغا يىغلاۋاتسا، خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن دەريا تۇيۇقسىز مەۋج ئۇرۇپ، سۇدا غەرق بولغان بەش يۈز نەپەر يىگىتنى ئۆز قوينىدىن چىقىرىپ بېرىپتۇ. بۇلار تامامەن تىرىلگەن بولۇپ، قورال ـ ياراغلىرى بىلەن دەريادىن چىقىپ كەپتۇ. شاھزادە سەنۇبەر ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. شۇ ھامان زىۋەر يىگىتمۇ بىر تەرەپتىن چىقىپ كەپتۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭغىمۇ جان ئاتا قىلغانىكەن. سەنۇبەر زىۋەر يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. دوستلار كۆرۈشۈپ شادلىققا چۆمۈپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى سۆزلەشكەچ خۇرشىد شاھ

تەرەپكە راۋان بولۇشۇپتۇ ۋە بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئاتا ـ بالا ئۇچرىشىپتۇ. خۇرشىد شاھ پەرزەنتى سەنۇبەرنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ يۈگۈرگىنىچە بېرىپ شاھزادە سەنۇبەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. قايغۇ خۇشاللىققا، ھىجران ۋىسالغا ئالمىشىپتۇ. سەنۇبەر خۇشال بولغىنىدىن شۇنداق دەپتۇ:

چىنى ماچىن شەھىرىنىڭ، ئەي، چوڭ بەگلىرى،
خەۋەر بېرىڭ، بىزنىڭ يۇرتلار ئامان بارمۇ؟
كۈن چۈشمىگەن سايىلىك گۈلزار باغلار،
يۇرتنى سورىغان بەگلەر، خانلار ئامان بارمۇ؟

روشەن بولماي ئۆچكەنىدى شام چىراغىم،
بىگانىگە قالغانىدى چاھار باغىم،
قايدا قالدى تۇغقانلىرىم، كۆز قاراقىم،
باغۇبوستان گۈلىستانلار ئامان بارمۇ؟

ساقىيلارنىڭ قوللىرىدا شاراب ئىچكەن،
بىر كۈنى مەست بولۇپ بارۇيوقتىن كەچكەن،
مەيدان ئىچرە قىلىچىدىن قانلار چاچقان،
توسۇن ئاتلىق نەۋجۇۋانلار ئامان بارمۇ؟

سەنۇبەر دەر: بولدى مېنىڭ شۇ قىسمىتىم،
ھەربىر سائەت ئاشتى مېنىڭ دەرد ـ مېھنىتىم،
چىن شەھىرىدە تاجۇتەختىم ھەم دۆلىتىم،
دۇررۇ ياقۇت، گۆھەر جايلار ئامان بارمۇ؟



شۇ سۆزلەردىن كېيىن خۇرشىد شاھ ئۇلارغا ئۈچ كۈنگىچە شاھانە بەزمىلەرنى قىلىپ بېرىپتۇ. كېيىن شاھزادە سەنۇبەرنى ھەمراھلىرى بىلەن شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ ئەكىرىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ، گۈلپەرىزات بىلەن مېھرى ئەنگىزنى سەنۇبەرگە نىكاھ قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

خۇرشىد شاھ زىۋەر يىگىتكە شاھانە لىباسلارنى تەقدىم قىلىپ مۇكاپاتلارنى بېرىپتۇ. بەش يۈز نەپەر يىگىتنىمۇ دۇنيادىن بىھاجەت قىلىۋېتىپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، خۇرشىد شاھ شاھزادە سەنۇبەرنى ئۆز ئورنىدا پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. زىۋەر يىگىتنى مەملىكەتنىڭ ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. خۇرشىد شاھ باشلىق ھەممە دۆلەت ئەربابلىرى، ۋەزىرلەر، ئۆلىمالار ۋە پازىللارنىڭ ھەممىسى شاھزادە سەنۇبەرنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغىنىنى تەبرىكلىشىپتۇ. مەملىكەت خەلقىمۇ يېڭى پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپتۇ. خۇرشىد شاھ خۇدايىتائالانىڭ ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ.

شاھزادە سەنۇبەر گۈلپەرىزات بىلەن مېھرى ئەنگىزنىڭ سۆھبىتىنى غەنىيمەت بىلىپ ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بوپتۇ. مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئاقىلانىلىك بىلەن باشقۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.



# شاھزادە نىزامىدىن ۋە مەلىكە رەنا

بىرىن سۆزلۈك سۇخەندانلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شام شەھرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى مەخسۇت شاھ ئىدى. ئۇنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بولۇپ، ئىسمى مەلىكە رەنا ئىدى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ۋە ئەقىللىق قىز ئىدى. مەلىكە رەنا چوڭ بولۇپ يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى ئۇنى مەكتەپكە بەردى. مەلىكە كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ ئۆگىنىپ، نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولدى.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلىكە رەنا گۈلدەك ئېچىلىپ بويىغا يەتتى. شاھزادە، بەگزادىلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئەلچى ئەۋەتتى، لېكىن مەلىكە قوبۇل قىلمىدى. مەلىكە: «مېنى ئەمرىگە ئالماقچى بولغان كىشىنىڭ تۈرلۈك ئىلىملەردىن خەۋىرى بولۇشى كېرەك. مەن ئۆزۈمنى شۇنداق كىشىگە قوبۇل قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەردى.

بىر كۈنى مەلىكە رەنا كېنىزەكلىرى بىلەن چارباغقا كىرىپ سەيلە - تاماشا قىلدى. مەلىكە شېرىن خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇ مۇنداق بىر چۈش كۆردى:

مەلىكە چارباغدا ئويناپ يۈرگۈدەكمىش. كېنىزەكلەر قىزىرىپ پىشقان ئانارلارنى ئۈزۈپ، مەلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى توشقۇزۇپتىمىش. مەلىكە خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقۇدەك ئىمىش. بۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بار ئىمىش. مەلىكە كۆلگە قاراپ، ئانارلارنى ئويناپ ئولتۇرغانىمىش. بۇ چاغدا ئاسماندا بىر قارا قۇش پەيدا بولۇپ، مەلىكىگە قاراپ ئېتىلىپتۇدەك. مەلىكە بۇنىڭدىن قورقۇپ «ۋاي - داد!» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىكەن، ئېتىكىدىكى ئانارلار كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇدەك. مەلىكە ئانارلارنى سۈزۈۋالماقچى بولۇپ كۆلگە چۈشۈپ كەتكەن ئىمىش. كېنىزەكلەر مەلىكىنى كۆلدىن ئېلىپ چىقىپ، ئانارلارنى سۈزۈشۈپتۇدەك. دەل شۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى قامەتلىك بىر يىگىت پەيدا بوپتۇدەك. ئۇ يىگىت مەلىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىنى سۇنغانىكەن، مەلىكىمۇ يىگىتكە ئىككى قولىنى سۇنغان ئىمىش.

دەل شۇ چاغدا مەلىكە ئويغاندى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ، ئۇ يىگىتكە ئاشىقى بىقارار بولدى. مەلىكە چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنى تېپىش قارارىغا كەلدى. ئۇ باغۋەن ئانىنى چاقىرىپ، چۈشىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. نەزم:

بىر - بىر بايان ئەيلەي كۆرگەن چۈشۈمنى،
يىگىت كېلىپ ئالدىلەر ئەقلۇھوشۇمنى،
ئاللا ئۆزى ئوڭلىغاي مېنىڭ بېشىمنى،
ئەقلىم ئېزىپ بۇ باغدا ھەيران ئەيلىدى.

باغۋەن ئانا، مەن ئېيتاي سىزگە بىر بېيىت،
مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈمنى بىر - بىرلەپ ئىشىت،
تۇرار ئىدى قېشىمدا بىر خۇشخۇي يىگىت،
ئېلىپ مېنىڭ ئەقلىمنى ھەيران ئەيلىدى.

باغۋەن ئانا، چۇشۇمگە تەبىر بەرسىڭىز،
بىر ـ بىر ماڭا سۆز بېرىپ تەخىر قىلسىڭىز،
جاۋاب بېرىپ، سىز مېنى خۇرسەن قىلىڭىز،
بىر قارا قۇش قېشىمدا سەيلان ئەيلىدى.

تولغانىكەن ئۇ يىگىت ئەقلى ئىلىمغا،
سالار بولدى پاياندار ماڭغان يولۇمغا،
بىر گۆھەرنى بەردىلەر مېنىڭ قولۇمغا،
ئىشقۇھىجران جېنىمدا سەيلان ئەيلىدى.

مېنىڭ كۆرگەن يارىمنى ماڭا كۆرسەتكىن،
ئەمدى مېنىڭ جېنىمدىن ئۇمىد تۇتمىغىن،
مۇنداق ھىجران ئوتىدا مېنى قويمىغىن،
ئىشقۇھىجران باغرىمنى بىريان ئەيلىدى.

مېنىڭ كۆرگەن چۇشۇمدە يارىمنى كۆردۇم،
گۆھەر سىلىپ بېشىمغا ئۆزۈمنى قويدۇم،
ئالتۇن كەمەر بېلىدە يارىمنى كۆردۇم،
ئىشقۇھىجران جېنىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

مېنىڭ كۆرگەن چۇشۇمنى قىزلار بىلمىسۇن،
دەردى بولسا ئاشىقنىڭ ھەرگىز كۈلمىسۇن،
مەندىن ئۆزگە قىزلارغا ھىجران سالمىسۇن،
بۈگۈن مېنىڭ جېنىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

ئەلقىسسە، باغۋەن ئانا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكەم، سىز ئاجايىپ بىر چۇش كۆرۈپسىز. ئەتە خوجا نەسرىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ قېشىغا بېرىپ، كۆرگەن چۇشىڭىزنى ئۇنىڭغا دەيلى. ئۇ كىشى بىرەر تەبىر بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

مەلىكە باغۋەن ئانىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

تەتۇر پەلەكنىڭ دەردىدىن،
يۈرىكىمدە داغلار قالدى.
بۇلبۇل كەتتى بۇ بېغىمدىن،
چىمەنزارلىق باغلار قالدى.

مۇندا قالدى ۋەتەن جايىم،
غېرىب بولدى چاھار باغىم،
يارىم بىلەن ئۆتكەن جايىم،
قەدىم گۈزەل جايلار قالدى.

ئاسان قىلغىل بۇ مۇشكۈلنى،
يېقىن قىلغىل بۇ مەنزىلنى،
ئۇچۇردۇم مەن بۇلبۇللارنى،
بېغىم ئىچرە زاغلار قالدى.

باغۋەن ئانا، مېھرىبانىم،
بۇزدى مېنىڭ كۆڭۈل داغىم،
ئويناپ ئۆسكەن دوستۇيارىم،
يۈرىكىمدە داغلار قالدى.

مەندىن ئۆتتى بۇ دەۋرانىم،
ئىچىمدە كۆپ بۇ ئارمانىم،
يارىم بىلەن تۇرغان جايىم،
خۇش مەنزىللەر ئېسەن قالدى.

ناماز خۇپتەندىن كېيىن باغۋەن ئانا بىلەن مەلىكە مىڭ تىللا پۇل ئېلىپ، خوجا بۇزرۇكۋارنىڭ قېشىغا راۋان بولدى. ئۇ ئىككىسى خوجا بۇزرۇكۋارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مەلىكە يىغا ـ زار قىلغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى. نەزم:

ئەرزىمنى ئىشتىڭلار، ئەزىز ئىشانىم،
قايغۇ ـ مېھنەتكە چۆمدى مېنىڭ بۇ باشىم،
بىزگە تەبىر ئېيتسۇنلەر ئۇلۇغ ئىشانىم،
بىزگە شۇنداق قىسمەتلەر بولدى، نەيلەيىن.

قولۇمدىكى ئانارىم كۆلگە چۇشتىلەر،
كېنىزەكلەر كېلىبان كۆلگە چۇشتىلەر،
ئانار كېلىپ بۇ كۆلدە تىترەپ تۇردىلەر،
كۆكتىن كەلگەن قارا قۇش ئېلىپ كەتتىلەر.

مېنىڭ مۇندا قالمىدى ئەسلا مادارىم،
تېنىمدە قالمىدى سەۋر ـ قارارىم،
تەبىر ئېيتىڭ بىزلەرگە مۇندا، ئىشانىم،
بىزگە شۇنداق قىسمەتلەر بولدى، نەيلەيىن.

قىرىق كېنىزەك يانىمدا، باغۋەن ئانادۇر،
بۇگۇن ئۈچ كۈن بولدىلەر باغرىم يارادۇر،
بېشىم بىلەن يۈرىكىم ئېغىپ بارادۇر،
بىزگە مۇنداق قىسمەتلەر بولدى، نەيلەيىن.

خوجا بۇزرۇكۋار مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي بالام، ئانار دېگەن يۈرەكنىڭ دەرمانىدۇر. قارا قۇش دېگەن ئۇلۇغلاردىندۇر. غەم قىلماڭ. يەنە قىرىق كۈندىن كېيىن مۇرادىڭىز هاسىل بولىدۇ. سىزگە غايىبتىن نىكاھ كېلىدۇ. سەپەرگە چىقىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. سەدىقىلەرنى كۆپ بېرىڭ، خۇدا خالىسا مۇرادىڭىز هاسىل بولغۇسى، — دەپ، بۇ نەزمنى ئوقۇدى. نەزم:

ساڭا كەلگەن قارا قۇش رۇھۇل ـ ئەمىندۇر،
كۆلگە چۈشكەن ئانارىڭ ساڭا دەۋراندۇر،
پەرۋاز قىلغان قارا قۇش سېنىڭ زۇلمىڭدۇر،
بىر كۈن بولۇر نادامەت، خەۋەر ئەيلىسەم.

ئانار ئېلىپ كەلگەنلەر سېنىڭ يارىڭدۇر،
گۆھەر باشىڭ قويغانلار سېنىڭ تاجىڭدۇر.
سېنى بوسە قىلغانلار ساڭا هىجراندۇر،
بىر كۈن بولۇر نادامەت، خەۋەر ئەيلىسەم.



نالە قىلىپ چىقارسەن ئۆزۈڭ ئاھ ئۇرۇپ، پەرۋاز قىلغان قارا قۇش ئاسمانغا يېقىپ،
بىر كۈن بولۇر نادامەت، خەۋەر ئەيلىسەم. ساڭا كېلۇر دۈشمەنلەر، مۇندا كۆپ رەقىب،

— ئەي بالام، بېشىڭىزدا تۈرلۈك خەتەرلەر بار، يەتتە كۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلىڭ، — دېدى ئۇ.

مەلىكە بىلەن باغۋەن ئانا مىڭ تىللا پۇلنى خوجا بۇزرۇكۋارغا قالدۇرۇپ، ئوردىغا قايتىپ كەلدى. مەلىكە ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى خەزان شەھىرىدىن ئاڭلاڭ.

خەزان شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى بەھرام ئىدى. پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمىنى نىزامىدىن ئاخۇن دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ يەتتە ئاكىسى بار ئىدى.

بىر كۈنى قىرىق سودىگەر شام ۋىلايىتىگە سودىغا بارماقچى بولدى. سودىگەرلەردىن بىرى شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇنغا:

— ئەي شاھزادە، پادىشاھلىق دېگەن ۋاپا قىلمايدۇ. تاج - دۆلەت ئاتىڭىزنىڭ قولىدىكى چاغدا بىز بىلەن سودا قىلىپ، سودىگەرچىلىكنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بىز خىزمىتىڭىزدە بولايلى، — دېدى. شاھزادە نىزامىدىن بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆردى. شاھزادە ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەي ئاتا، شەھىرىمىزدىن قىرىق سودىگەر شام شەھىرىگە سودىغا بارىدىكەن. ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، ئۇلار بىلەن بىللە بېرىپ، سودا قىلىشنى ئۆگىنىپ كەلسەم، — دېدى.



پادشاھ ئوغلىنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولدى. ۋەزىر ۋە ئەمىرلىرىگە قىرىق تۆگە مال تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئەتىسى شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن يىگىرمە چاكارنىڭ ھەمراھلىقىدا سودىگەرلەر بىلەن يولغا راۋان بولدى. ئۇلار ئون بىر كۈن يول يۈرۈپ، شام شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتى. سودىگەرلەر شەھەرگە كىرىپ، بىر سارايغا چۈشكەندىن كېيىن سودىغا تۇتۇش قىلدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مەلىكىدىن ئىشىتىڭ.

مەلىكە بىر كۈنى باغۋەن ئانىغا:

— ئەي ئانا، بۈگۈن ھەممە ئادەم شەھەرگە يىغىلىدۇ. ماڭا بىر مەپە تەييارلاپ بېرىڭ. بازارنى ئايلىنىپ كەلسەم، ھىجران دەردىدىن ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپارمەن، — دېدى.

باغۋەن ئانا:

— ئاتىڭىز ئاڭلاپ قالسا، بېشىم كېتىدۇ، — دېدى.

مەلىكە:

— ھېچكىم ئۇقمىسۇن. تېز بولۇڭ، — دەپ، باغۋەن ئانىغا يۈز تىللا بەردى.

باغۋەن ئانا بىر مەپىكەشنى ئەكەلدى. مەلىكە ياسىنىپ، گۈلجامال ئىسىملىك كېنىزەكنى ئېلىپ، بازارغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار بازار سەيناسىغا كەلدى. مەلىكە مەپىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ قارىسا، ئالتۇن كەمەر باغلىغان بىر يىگىت سودا قىلىۋېتىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ چۈشىدە كۆرگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى. ئۇ مەپىكەشنى توختىتىپ، يىگىتكە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزم:

قايدىن كەلگەن ھەم بەندىسەن؟
ھۆسنۈڭگە تالىپ بەندىمەن،
ئېلىپ كەتسەڭ يارىڭدۇرمەن،
بىلمەسمە، جايىڭ قايىدىدۇر؟

قايسى باغنىڭ بۇلبۇلىسەن؟
مېنى ئوتقا ھەم سالىسەن،
قايسى ئەلنى كۆيدۈرىسەن؟
بىلمەسمە، جايىڭ قايىدىدۇر؟

سېنى كۆردۈم ھۆسنۈڭ تالىپ،
ماڭا بولدۇڭ سەن مۇناسىپ،
كەتسەڭ ئەمدى مېنى ئېلىپ،
بىلمەسمە، جايىڭ قايىدىدۇر؟

مېنى سورىساڭ ئېتىم رەنا،
سېنى كۆرۈپ بولدۇم شەيدا،
ماڭا سەندەك يارىم قايدا،
بىلمەسمە، جايىڭ قايىدىدۇر؟

ماڭا ئېيتقىن سەن سۆزۈڭنى،
ماڭا بەرگىن سەن خۇيۇڭنى،
ئەمدى قىلاي مەن تويۇمنى،
بىلمەسمە، جايىڭ قايىدىدۇر؟

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇنى ئاڭلاپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويدى. مەلىكە رەناخاننىڭ ئىشقى نىزامىدىن ئاخۇننىڭ يۈرىكىدىمۇ ئورۇن ئالدى. بۇ چاغدا مەپىكەش ماڭماقچى بولدى. مەلىكە:

— ئەي مەپىكەش، سەل تەخىر قىلغىن. ئۇ يىگىتتىن جاۋاب ئېلىپ، كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلاي، — دېدى. بۇ چاغدا نىزامىدىن ئاخۇن ھوشىغا كېلىپ، رەناخانغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزم:

مېنىڭ شەھىرىم خەزان شەھىرى،
سېنىڭ ئىشقىڭ ماڭا تەگدى.
ئەمدى قىلسام مۇندا نالە،
جامالىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

مېنى سورىساڭ شاھلار شاھى،
مەندىن كەتتى تەن ماجالى،
سېنى كۆرسەم ئاي جامالى،
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ؟

مېنى مۇندا ئوتتا قويدۇڭ،
بۇ جانىمغا ئۇۋال بولدۇڭ،
ھىجران ئوتىغا مېنى سالدىڭ،
مەقسىتىمگە يېتەرمەنمۇ؟

سېنىڭ جايىڭ قايسى جايدۇر؟
راستتىن سۆزنى بىزگە كەلتۇر،
بارغان يولنى ماڭا بىلدۇر،
تۇرغان جايىڭ تاپارمەنمۇ؟

كىشى بىلمەس بۇ سىرىمنى،
باشقا ئالدىم مەن ئۆلۈمنى،
قىرىق كۈن قىلاي مەن تويۇڭنى،
مەقسىتىمگە يېتەرمەنمۇ؟

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەلىكە رەناخان خۇشال بولۇپ يۈزىنى ئاچتى. مەلىكىنىڭ جامالىدىن ئالەم تېخىمۇ يورۇپ كەتتى. شاھزادە مەلىكىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەلىكىگە بولغان ئىشقى ئوتى مىڭ ھەسسە ئاشتى. مەلىكە بۇ نەزمنى ئوقۇدى. نەزم:

مېنىڭ مۇندا باغۇنىم بار،
ئوردا ئىچرە خۇش جايىم بار،
خىزمىتىمگە كېنىزەك بار،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

ئوردا ئىچرە چاھار باغىم،
ساڭا تۇردى بۇ ئانارىم،
مېنىڭ باردۇر تىللا سازىم،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

ماڭا سەندەك گۈللەر بولسا،
نەزەر سېلىپ قاراپ تۇرسا،
بۇلبۇل بولۇپ سۆزلەپ تۇرسا،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.





ماڭا ئېيتقىن سەن سۆزۈڭنى،
كۆرۈۋالاي گۈل يۈزۈڭنى،
ساڭا بېرەي گۈل بېغىمنى،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

مېنى قىلماڭ مۇندا دەرمان،
ئوردا ئىچرە سەرى سامان،
سېنى كۆرمەي قىلدىم نالان،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن:

— ئەي مەلىكە، مەن مۇساپىرمەن، ماڭا راست گېپىڭىزنى دەڭ. ئەتە قايتىمىز. مېنىڭ شەھىرىم بۇ شەھەرگە ئون سەككىز كۈنلۈك يول. جاۋابىڭىزنى ئېلىپ قايتاي، — دېدى. ئاندىن بۇ ئوتلۇق نەزمنى ئوقۇدى. نەزم:

ئاشىق بولدۇم گۈل يۈزۈڭگە،
پەردە تۇتما ئاي يۈزۈڭگە،
ئەمدى چۈشتۇم مەن كويۇڭغا،
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

كەلمەس ئىدىم بۇ شەھرىڭگە،
ئوتنى ياقتىڭ بۇ تېنىمگە،
ئاشىق بولدۇم سىز خېنىمگە،
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

سېنى كۆردۇم، بولدۇم شەيدا،
ئىشقۇھىجران قىلدىڭ پەيدا،

ماڭا سەندەك گۈللەر قايدا؟
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

قايدىن كەلدىڭ گۈل غۇنچىسى،
يارىڭ بارمۇ يا ئەلچىسى؟
ئىشق ئوتىنىڭ سەن پىلتىسى،
ئوتنى ياقار كۈندۈر بۈگۈن.

مېنى سالدىڭ ئىشق ئوتىغا،
يارىڭ بارمۇ مەندىن باشقا؟
يارىڭ بولسا كېتەي يۇرتقا،
ئاخىر جۇدا كۈندۈر بۈگۈن.

بۇ چاغدا مەپكەش مېڭىشقا ئالدىرىدى. مەلىكە بىرئاز توختاپ تۇرۇشنى ئېيتتى. مەپكەش:

— ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ سۆزى تۈگمەيدۇ. مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش، — دەپ ماڭماقچى بولدى.

مەلىكە رەناخان مەپكەشكە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

بۈگۈن تاپتىم مەن يارىمنى،
ساڭا ئېيتاي بۇ ھالىمنى،
كۆرۈۋالاي مەن يارىمنى،
جۇدا بولماق يامان كۈندۈر.

مېنى ئېلىپ كەتسەڭ باغقا،
يارىم قالۇر مۇندا يەككە،
بۇ جانىمنى سالۇر ئوتقا،
جۇدا بولماق يامان كۈندۈر.

ئاشىقلىقنىڭ يولى يامان،
گۈل بېشىمدا تۇرلۇك تۇمان،
جۇدا بولماق ئاندىن يامان،
جۇدا بولماق يامان كۈندۈر.

سائەت مۇندا توختاپ تۇرغىن،
مەن غېرىبنىڭ ھالىن كۆرگىن،
بۇ سۆزۈمنى دىلغا ئالغىن،
جۇدا بولماق يامان كۈندۈر.

مەپكەش ئاڭلاپ ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. مەلىكە رەناخان شاھزادىگە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى. نەزم:

مېنىڭ مۇندا سىزدىن باشقا يارىم يوق، ھەممەت بىرلە سىزنى كۆرمەككە چارىم يوق،
بىر خۇدادىن ئۆزگە، تەندە جانىم يوق، ماڭا ئۈلپەت بولغايسىز، بۈگۈن گۈلزارىم.

بۈگۈن مۇندا غەيرىنىنى ئارقا تاشلىدىم،
سېنىڭ بىرلە كەتمەككە ئۆزۈم راسلىدىم،
بېغىم بىرلە قىزلارنى مۇندا تاشلىدىم،
ماڭا ئۇلپەت بولغايسىز، بۈگۈن گۈلزارىم.

ساڭا ئاشىق بولغىلى ئۆزۈم غېمىڭدە،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلارمەن سۆيەي ـ تۈنۈڭدە،
سېنىڭ جايىڭ بىلمەسمەن، كۆزۈم يولۇڭدا،
ماڭا ئۇلپەت بولغايسىز، بۈگۈن گۈلزارىم.

ھېچ بەندىگە سالمىسۇن ھىجران پىراقىي،
بېشىمدىن كەتمىدى ھىجرانلار داغى،
يېرىم يولدا قالمىسۇن سۆزلىرىم باقىي،
ماڭا ئۇلپەت بولغايسىز، بۈگۈن گۈلزارىم.

مەلىكە رەناخان بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شاھزادە نىزامىددىن ئاخۇن:

— مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىر. مېنىڭ جېنىم سىز ئۈچۈن پىدا. سىزنى ئالماي، بۇ شەھەردىن كەتمەسمەن. مېنىڭ قىرىق تۆگىدە مېلىم بار. ئۇنىڭ ھەممىسىنى سىز ئۈچۈن سەرپ قىلىمەن. سىزنىڭ تۇرار جايىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ چارباغىمنى كۆرمەي كەتسىڭىز بولماس، — دېدى مەلىكە.

شاھزادە:

— ئەي قارا كۆزلۈكۈم، غەم قىلماڭ. ئەتە ئىزدەپ بارىمەن، — دەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

مۇندىن بارسام گۈل بېغىڭغا،
قاراپ تۇرغىن بارغان يولۇمغا،
مېنى قويما دۈشمەن قولىغا،
كىرىپ ئۆتەي چار بېغىڭغا.

مېنى قويغىن پىنھان جايدا،
دۈشمەن قالسۇن تاغۇسايدا،
غازى بولسۇن چاھار كۆلدە،
كىرىپ ئۆتەي چار بېغىڭغا.

بېغىڭ ئىچرە جايىڭ قايدا؟
ئاشىقلىقنى بىلگىن ئاندا،
يارىڭ قەدرىن بىلگىن مۇندا،
كىرىپ ئۆتەي چاربېغىڭغا.

سېنىڭ ھۆجراڭ باغىڭ بېشىدا،
كۆرۈشكەيمىز گۈللەر قېشىدا،
ئاشىق ـ مەشۇق بولساق شەيدا،
كىرىپ ئۆتەي چاربېغىڭغا.

مەلىكە شاھزادە نىزامىددىن ئاخۇندىن بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چارباغقا قايتتى.

ئەلقىسسە، شاھزادە نىزامىددىن ئاخۇن ئىشقىنىڭ دەردىدە بىھوش بولدى. چاكارلىرى ئۇنىڭغا:

— بۈگۈن سودا ياخشى بولىدىغان كۈن. بىز بىلەن سودا قىلىڭ، — دېدى.

شاھزادە:

— مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. مەن بىر كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم. ئەقىل ـ ھوشۇم جايىدا ئەمەس. سىلەر سودىنى قىلىۋېرىڭلار، — دەپ سارايغا قايتىپ كەلدى.

يېرىم كېچە بولغاندا شاھزادە ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. چاكارلىرى سارايۋەننى چاقىرىپ كىردى. سارايۋەن شاھزادىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، تېۋىپ چاقىرماقچى بولدى. شاھزادە سارايۋەنگە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى. نەزم:

مېنىڭ دەردىم تېۋىپ بىلمەس،
ياردىن ئۆزگە تېۋىپ بولماس،
يار بولمىسا كېسەل كەتمەس،
ئۆز بېشىمغا چۈشمىگۈنچە.

مېنى سورساڭ شاھلار ئوغلى،
كەلگەن جايىم خەزان شەھرى،
قىرىق تۆگە مال سودا ئۈستى،
بۇ شەھرىڭگە كەلمىگۈنچە.

ئاشىق مەندىن زەبۇن بولماس،
بۇ دەردىمنى ھېچكىم بىلمەس،
كۆزدە يېشىم مۇندا تۇرماس،
بۇ يېشىمغا كەلمىگۈنچە.

ئاشىق بولدۇم رەنا گۈلگە،
دەردىم بولدى ياردىن ئۆزگە،
ھالىم بىلمەس ھەقتىن ئۆزگە،
مۇرادىمغا يەتمىگۈنچە.

ھىجران ئوتتۇر مەن بىر غۇنچە،
مۇندا كۆڭلۈم دەردلىك شۇنچە،
ئەزىز جاندىن كېچەي، بۇنچە،
ھىجران ئوتتا مەن قالغۇنچە.

سارايۋەن شاھزادىگە قاراپ:

— ئەي نىزامىدىن ئاخۇن، غەم قىلماڭ، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى. سىز دېگەن شۇ گۈل بۇ شەھەرنىڭ پادشاھىنىڭ قىزىدۇر، ئۆزى ناھايىتى ئەقىللىق، بۇ شەھەردىكى قازى، ئۆلىمالار مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي، نىيەتلىرىدىن ياندى. سىز ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلەرسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— جاۋاب بېرىمەن، — دېدى شاھزادە.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى، — دېدى سارايۋەن، — ئىككى يۈز تىللا بىلەن بىر بوغچا زەرباپ تەييار قىلىڭ، مەن بىلەن بىللە چارباغقا بارسىز. بىر ئامال قىلىپ مەلىكىنى سىز بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن.

شاھزادە خۇشال بولۇپ، سارايۋەننىڭ دېگەنلىرىنى تەييار قىلدى. سارايۋەن شاھزادىنى چارباغقا باشلاپ باردى. ئۇلار بىرئاز ساقلىغاندىن كېيىن، چارباغدىن باغۋەن ئانا قەنت - گېزەكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى. سارايۋەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي ئانا، مەلىكىگە بىر ئەرزىم بار ئىدى. مەن چارباغقا كىرەلمەيمەن. سىز ئەرزىمنى مەلىكىگە يەتكۈزۈپ قويغان بولسىڭىز. مەن مەلىكىدىن ئىككى يۈز تىللا قەرز ئالغاندىم. ھازىر يۈز تىللانى ئېلىپ كەلدىم. قالغان يۈز تىللاغا ئاجىزلىق قىلىمەن، — دەپ يۈز تىللانى بەردى.

باغۋەن ئانا يۈز تىللانى مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئەي بالام، بىر سارايۋەن سىزگە قەرزدار ئىكەن. بۇ يۈز تىللانى ئەكەپتۇ. قالغان قىسمىغا ئاجىزلىق قىلىمەن دەيدۇ، — دېدى.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ، چارباغدىن سىرتقا چىقتى. قارىسا بىر سارايۋەن ئىكەن. سارايۋەننىڭ يېنىدا شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بار ئىكەن. مەلىكە سارايۋەنگە:

— بۈگۈن يامان چاغدا كەپسىزلەر. باغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر سۇغۇچ بار. يېرىم كېچە بولغاندا شۇ يەردىن باغقا كىرىپ، چاھاركۆل بويىدا ساقلاپ تۇرۇڭلار. كېنىزەكلەر ئۇخلاپ قالغاندا مەن قېشىڭلارغا كېلىمەن، — دەپ ئۇلارنى قايتۇردى.

يېرىم كېچە بولغاندا شاھزادە بىلەن سارايۋەن چارباغقا يېتىپ كەلدى. ئۇلار مەلىكە دېگەن سۇغۇچ ئارقىلىق چارباغقا كىرىپ، چاھاركۆل بېشىدا مەلىكىنى ساقلاپ تۇردى. بىر سائەتتىن كېيىن مەلىكە بىلەن باغۋەن ئانا پانۇس كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. مەلىكە شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇننىڭ قورقۇپ تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ نەزمنى ئوقۇدى. نەزم:

مېنى سورىساڭ قىزلار شاھى،
ئاشىقلارنىڭ تەندە جانى،
يالغان ئاشىق يوقتۇر سانى،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

ئاشىق مەن دەپ بېلىڭ باغلاپ،
قىزنى ئالغىن يەرنى ئىلغاپ،
قىرىق تۈگە مال تويغا راسلاپ،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

ماڭا لازىم ئاتمىش مىڭ قوي،
قىرىق كۈنگىچە قىلغايسەن توي،
مەسلىھەتنى قىلغايسەن ئوي،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمنى ئوقۇدى. نەزم:

يارىم ئۈچۈن جېنىم پىدا،
مەقسىتىمىز بولسۇن ئادا،
سېنى كۆرمەي مەن بىر گادا،
جاننى بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

ئاشىق بولدۇم مەن بويۇڭغا،
ئەمدى چۈشتۈم مەن كويۇڭغا،
ئاتمىش قوچقار مەن تويۇڭغا،
بېرىپ ئالۇر كۈندۈر بۈگۈن.

ئاشىق بولدۇم تال بويۇڭغا،
قىرىق تۈگەمنى ئال تويۇڭغا،
مىڭ تىللانى ئال قولۇڭغا،
سېنى ئالۇر كۈندۈر بۈگۈن.

مەلىكە رەناخان بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

ئاشىق بولساڭ ۋەدە قىلغىن،
ۋەدەڭگە ھەم ۋاپا قىلغىن،
قىرىق تۈگە مال تەييار قىلغىن،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

مېنىڭ مۇندا دۈشمىنىم بار،
ئۈچ يىلغىچە قارارىم بار،

ماڭا كەلدى ئاخۇن، قازىم،
سۆزلەر قىلدى باقماي نازىم،
ئاتا ـ ئانام سوقتى تازىم،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

ئاشىق بولساڭ بېلىڭ باغلا،
مېنى مۇندا ئۈتىتا قويما،
باشلىرىڭغا غەمنى سالما،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

ئاشىق بولساڭ يولنى قويغىن،
قىز يارىڭنى قولغا ئالغىن،
دۈشمەنلەردىن ھەزەر قىلغىن،
تىللا بىلەن زەرباپ لازىم.

ھىجران ئوتنى ماڭا سالدى،
تاجۇدۆلەت ساڭا بەردى،
يارىڭ مۇندا قان يىغلىدى،
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

مېنى سورىساڭ شاھلار شاھى،
مېنىڭ ئەرزىم ساڭا دادى،
خۇدا بولسۇن سەندىن رازى،
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

ھىجران ئوتىنەك بالا بولماس،
سەن بېشىڭغا ھىجران كەلمەس،
ئاشىقلارنىڭ قەدرىن بىلمەس،
قەدرىم بىلۇر كۈندۈر بۈگۈن.

سېنىڭ بىلەن كەتمىكىم بار،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

ئاتام بىلەن كېڭەش قىلاي،
كېنىزەكنى يولغا سالاي،
ئۈچ كۈن مۆھلەت ساڭا قىلاي،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

ماڭا لازىم كۆشەك ئەلا،
سېنى كۆرۈپ بولدۇم مەستا،
ئەسۋابىڭنى قىلغىن تەييا،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن مەلىكىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن خۇشال بولۇپ، قىرىق بوغچا زەرباپ بىلەن بەش يۈز تىللانى مەلىكە رەناخاننىڭ ئالدىغا قويدى.

مەلىكە رەناخان شاھزادىگە:

— مېنىڭ بىر سوئالىم بار. ئەگەر جاۋاب بەرسىڭىز، ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلدىم، — دېدى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى شاھزادە، — كۆڭلۈم بىئارام تۇردۇ. مەندىن سوئال سورىماي، ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشقا بۇيرۇسىڭىز مەيلى ئىدى.

— مەن ۋەدە قىلغانمەن، — دېدى مەلىكە، — ئەگەر ئاتام ئاڭلاپ قالسا، بېشىم كېسىلىدۇ. نۇرغۇن پادشاھ ۋە شاھزادىلەر ئەلچىلىككە كېلىپ، سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمەي ئارمان بىلەن كېتىپ قېلىشتى. سىز سوئالىمغا جاۋاب بەرسىڭىزلا قالغان ئىشلار ئاساندۇر.

— مەندىن قايسى سوئالنى سورايسىز؟

— «مەسنەۋى شېرىف»نىڭ شەرھىدىن.

— ئۇنداق بولسا سوراڭ، جاۋاب بېرەي، — دېدى شاھزادە.

مەلىكە تۆرلۈك ئىلىملەردىن سوئال سورىدى. شاھزادە مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا توغرا جاۋاب بەردى. مەلىكە شاھزادىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى. ئۇ:

— ئەي يىگىت، سىز مەندىن كۆپ نەرسىنى بىلىدىكەنسىز. ۋاقتىمۇ ئاز قالدى. مەن يەنە قىرىق سوئال سورايمەن، جاۋاب بەرگەيسىز، — دېدى.

— ئىنشائاللا، جاۋاب بېرەي، — دېدى شاھزادە.

مەلىكە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىش ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

ئادەم سەفى قىرىق يىل نېچۈك؟
تۇپراق كەبى قىرىق يىل نېچۈك؟
يامغۇر كەبى، قىرىق يىل نېچۈك؟
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

جەبرائىلغا پەرمان بولدى،
يەر يۈزىدىن تۇپراق ئالدى،
ئۇ تۇپراققا نەزەر سالدى،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

ئىسراپىلغا پەرمان بولدى،
بۇلۇت كەبى قانات يايدى،
قىرىق يىل ئۇدا يامغۇر ياغدى،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

مىكائىلغا پەرمان بولدى،
رىزقىڭ ئاندا نازىل بولدى،
ئاندىن سوئرە روھىم كەلدى،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

سەجدە قىلدى مالائىكىلەر،
ئاسمانۇ ھەم مۇقەررەر،
ئىبلىس بولدى مۇندا پاجەر،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن مەلىكە رەناخاننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

قۇدرەت بىلەن ئادەمگە پەرمان ئەيلەدى،
مەغرىب بىلەن مەشرىققە جەبرائىل كەلدى،
يەر يۈزىگە تۇپراقنى مۇندا كەلتۈردى،
ئاندىن سوئرە يامغۇرغا پەرمان ئەيلەدى.

قىرىق يىل يامغۇر سەيلانە ـ سەيلان ئەيلىدى،
يەنە قىرىق يىل تۇپراقنى يەردە تۇرغۇزدى،
ئۇ تۇپراقىقا جەببارىم نەزەرىن سالدى،
يەنە قىرىق يىل تۇپراقنى نەمدار ئەيلىدى.

قۇدرەت بىلەن تۇپراقنى سۈرەت كەلتۈردى،
پەرمان بولدى جەبرائىل يېتىبان كەلدى،
كېچە ـ كۈندۈز سۈرەتكە تەفسىر ئەيلىدى،
مالائىكىلەر سۈرەتكە سانا ئەيلىدى.

جانغا پەرمان بولدىلار يېتىبان كەلدى،
جېنىڭ كىلىپ سۈرەتكە تولا يىغلىدى،
جەببار ئىگەم جېنىڭغا پەرمان ئەيلىدى،
ئەزىز جېنىڭ بۇ تەندە دەۋران ئەيلىدى.

پەرمان بولدى ئەرشكە، مالائىكىلەر كەلدى،
مالائىكىلەر ئادەمگە سەجدە ئەيلىدى،
سەجدە قىلماي تۇرغاننى ئاسىي ئەيلىدى،
ئازازۇلدەك ئالىمنى شەيتان ئەيلىدى.

روھىڭ بىنا بولماستا رىزقىڭ كەلدىلەر،
ئۇ رىزقىڭغا مىكائىل مۇئەككەل بولدىلەر،
رىزقىڭ كەتمەي جېنىڭنى ئالماس بولدىلەر،
ئەزرائىلغا شۇ كۈندە پەرمان ئەيلىدى.

— ئەي يىگىت، — دېدى مەلىكە، — ئەقلىڭىزگە بارىكاللا. تەڭرى سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزسۈن. ئەمدى مەن سىزگە مەنسۇپ بولدۇم. يەنە بىر سوئالىم بار، جاۋاب بەرسىڭىز، بارلىق مۈلكۈم بىلەن ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلىمەن.



— قېنى سوئالىڭىزنى سوراڭ.
— ئۇستازىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى مەلىكە.
— مېنىڭ ئۇستازىم بۇخارادىكى شەمسىدىن تەبرىزى بۇزرۇكۋار بولىدۇ. مەن ئۇستازىمنىڭ خىزمىتىدە يەتتە يىل تەربىيىلەندىم، — دەپ جاۋاب بەردى شاھزادە.
— سىز ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەنسىز. ئەمدى سوئالىمغا جاۋاب بەرسىڭىز، قىلغان ۋەدەم ئادا بولغان بولىدۇ، — دېدى مەلىكە.
مەلىكە شاھزادىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

كۆكتە باردۇر بىر دەرەخ شاخلىرى نەچچە؟
ئىسمى تەندە تۇرادۇر ياپرىقى نەچچە؟
بەزى ياپراق چۈشىدۇ تۆپىدىن تۈزگە،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز، سوئالىم شۇدۇر.

بۇ دەرەخ ياپرىقى يەرگە قاراقلىق،
ئىنسۇجىن ئادەمنىڭ تېنىگە باغلاقلىق،
روھۇل مەلەك كېلىبان ئاڭا قاراقلىق،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز، سوئالىم شۇدۇر.

بۇ دەرەخنىڭ بېشىدا بۇلاق بار،
ئۇ بۇلاقنىڭ ئۈستىدە روھۇل مەلەك بار،
ئۇ كۈن سېنىڭ بېشىڭدا تۇرلۇك خەتەر بار،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز، سوئالىم شۇدۇر.

ئۇ بۇلاقنىڭ بېشىدا تۆتتىن مۇقەررەر،
چۈشكەن ياپراق تولىسى دوزاخقا كېتەر،
ئەزىز جانىڭ بۇ كۈندە قىلۇرلەر سەپەر،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز، سوئالىم شۇدۇر.

ئىككى ئېرىق بار تۇرۇر بۇلاق بېشىدا،
بىرى كېتەر دوزاخقا، بىرى جەننەتكە،
روھۇل مەلەك تۇردۇ بۇلاق بېشىدا،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز، سوئالىم شۇدۇر.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن رەناخانىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

قۇدرەت بىلەن ياراتتى ئەرشى ئەزەمنى،
سايىسىدە ياراتتى شەجەر دەرەخنى،
ياپرىقىدا توختاتتى ئادەم روھىنى،
مالائىكىلەر دەرەخكە تەپسىر ئېيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ شاخىدۇر ئاسماننى قۇچار،
يەتتە تەبەق ئاسمانمۇ ئاندىن سۇ ئىچەر،
ئەجەل پەيتى كەلگەندە ياپرىقى چۈشەر،
ئاندىن سوڭرە ئەزرائىل جانسىز ئېيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ بېشىدا بىردىن بۇلاق بار،
ئەجەل قىسمەت كەلسىلەر بۇلاققا چۈشەر،
ئاندىن سوڭرە روھلىرى تەن بىلەن كېتەر،
ئەزىز جانىڭ بۇ كۈندە سەپەر ئېيلىدى.

بۇلاق بېشى ئەسلىدە نۇردىن بۇلاق بار،
بەزى روھلار ئۇ يەردىن ئۇچماققا كېتەر،
بەزى روھلار قايتىبان جەھەننەم ئېتەر،
ئەزىز جانىڭ ئازابتا قىساس ئېيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە مىڭدىن پەرىشتە،
گۇۋاھ سايەت بولۇرلار سىرات ئۈستىدە،
دوزاخ كەتكەن روھلارنى قىلغاي سۈرۈشتە،
سىرات ئۈستى روھلاردىن سوئال ئېيلىدى.

ئۆتكەن پانىي دۇنيادا ياخشى ـ يامانە،
سىرات ئۈستى ئىمانىڭ ئاندا گۇمانە،
قالدى مۇندا ۋەتەنلەر، بولدى ۋەيرانە،
ئىمانىڭدىن ئۇ يەردە سوئال ئېيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ شاخىدۇر يەرگە قاراقلىق،
ئىنسۇجىن ئادەمنىڭ تېنىگە باغلىق،
جەھەننەمدە روھلارغا قارا شىددەتلىك،
شەجەر دەرەخ يىغلابان زارىن ئېيلىدى.

پانىي دۇنيا كەچكەنلەر جەننەت يولىدا،
هارام شۈبھە يېگەنلەر دوزاخ يولىدا،
ئۆتتىن زەنجىر سالدۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىغا،
تۇرلۇك ـ تۇرلۇك ئازابقا پەرمان ئېيلىدى.

— باركاللا ئۇستازىڭىزغا، — دېدى مەلىكە رەناخان، — ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلدىم.

— ئۇنداق بولسا، بۈگۈن نىكاھنى ئوقۇتايلى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، توي تەييارلىقى قىلايلى، — دېدى شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن.

رەناخان نىزامىدىن ئاخۇنغا قاراپ، دەرد بىلەن بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

نىكاھ قىلماق ئاساندۇر، تويلار بولمىسا،
قىزنى ئالماق ئاساندۇر، ئاتىسى بولمىسا،
قىرىقتىن سەكسەن تۆگە تەييار بولمىسا،
توي جابدۇقى كەلتۈرگىن، سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

مېنىڭ ئاتام شەھەردە شاهلار شاهىدۇر،
باغۋەن بىلەن قىزلاردىن ئاتام ئاڭلايدۇر،
ئاڭلاپ قالسا بىزلەرنى ئاتام باغلايدۇر،
توي جابدۇقى كەلتۈرگىن، سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

توي جابدۇققا كەلتۈرگىن ئۈچ يۈز ئاتمىش قوي،
قىرىق كۈن تامام بولغۇچە كۈندە قىلغىن توي،
مېنىڭ قىلغان سۆزۈمنى دىلغا ئالغىن، ئوي،
توي جابدۇقى كەلتۈرگىن، سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەلىكە رەناخانغا:

— سىز غەم قىلماڭ، قىرىق تۆگىدە مېلىم بار. يەنە سەكسەن تۆگە كەلتۈرەي. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، بېشىڭىزدىن مىڭ - مىڭلاپ تەڭگە - تىللانى چاچقۇ قىلاي، — دېدى.

— باركاللا، مۇرادىم ھاسىل بولدى، ئەمدى سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە بولسۇن، — دېدى مەلىكە خۇشال بولۇپ.

— سىز ماڭا تەۋە بولدىڭىز. ئەمدى ئۆزىڭىزنى ماڭا قوبۇل قىلغايسىز، — دېدى شاھزادە.

— ئاتام بۇ شەھەرنىڭ شاھىدۇر، قىرىق كۈن توي قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى مەلىكە.

— مېنىڭ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولسۇن، قىرىق كۈنلۈك توينى ماڭا قويۇڭ.

— ئۇنداق بولسا، باغۋەن ئانا بىلەن سارايۋەن گۇۋاھ بولسۇن. ئاتام ئىشىمىزنى بىلمىسۇن. قىرىق كۈندىن كېيىن ئاشكارىلايلى، — دېدى مەلىكە.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بىلەن مەلىكە رەناخان ئوتتۇرىسىدا نىكاھ ئوقۇلدى.

— ئەمدى مەن سىزنىڭ بولدۇم، سىز توي تەييارلىقىنى قىلىڭ، سىرىمىز قىرىق كۈنگىچە ئاشكارا بولمىسۇن، — دېدى مەلىكە.

شاھزادە سارايۋەن بىلەن سارايغا قايتىپ كەلدى. مەلىكىمۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئارام ئالدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چاكارلىرىدىن:

— سودا ئىشلىرى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى. چاكارلىرى:

— بۇ شەھەردىكى پادىشاھنىڭ ۋەزىرىگە يۈز مىڭ تىللالىق مال بەرگەندۇق. پۇلنى ئەتە بەرمەكچى بولدى. بىز بىلەن كەلگەن سودىگەرلەر ئەتە ياندىكەن. بىزمۇ بىللە قايتىپ كەتسەك، — دېيىشتى.

ئىككىنچى كۈنى شاھزادە چاكارلىرىغا:

— مەن بېرىپ ۋەزىردىن تىللانى ئېلىپ كېلەي، سىلەر يول تەييارلىقىنى قىلىپ تۇرۇڭلار، — دەپ ئوردىغا قاراپ يول ئالدى.

شاھزادە ۋەزىردىن پۇلنى ئېلىپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن: «مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈپ قايتاي» دەپ چارباغنىڭ ئالدىغا كەلدى. شاھزادە بىرئاز ساقلىغاندىن كېيىن، مەلىكە چارباغدىن چىقتى. شاھزادە مەلىكىگە:

— مەن قايتىدىغان بولدۇم، — دېدى.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

مەن يارىڭنى بۇ يەردە تاشلاپ كېتۈرسەن،
نەچچە كۈندە شەھىرىڭدىن يېتىپ كېلۈرسەن؟
رەناگۈلدەك يارىڭنى قولغا ئالۇرسەن،
راست سۆزۈمنى ئېيتايىن، سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

بۈگۈن بولدى يارىڭغا مۇندا قىيامەت،
كېنىزەكلەر قىلۇرلار بىزگە مالامەت،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى قىلسۇن سالامەت،
راست سۆزۈمنى ئېيتايىن، تەدبىر قىلايىن.

مېنى مۇندا قويۇپسەن داغۇھەسرەتتە،
يارىڭ كۆڭلىن ئالمىدىڭ مۇندا ئەلۋەتتە،
بېغىم ئىچرە تۇرمىدىڭ بىر كۈن سۆھبەتتە،
راست سۆزۈمنى ئېيتايىن، سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

بىر كۈن تۇرغىن بېغىمدا، كۆڭلۈك ئالايىن، سېنىڭ بارغان شەھىرىڭگە بىللە بارايىن،
سېنىڭ دەردى ئىشقىڭنى ئاندا ئەيلەيىن، راست سۆزۈمنى ئېيتايىن، سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

شاھزادە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەلىكىگە:

— مەن بىلەن بىللە كەلگەن قىرىق كارۋان، يىگىرمە چاكىرىم بار. مەن ئۇلار بىلەن قايتىپ، ئاتامدىن رۇخسەت ئېلىپ كەلمەكچى، ئون بەش كۈندە قايتىپ كېلىمەن، — دېدى.

مەلىكە يىغلىغان ھالدا نىزامىدىن ئاخۇنغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى سۆيدى. دەل شۇ چاغدا پادىشاھ ئوردىدىن چىقىپ، چارباغقا كەلگەنىدى. پادىشاھ قىزى رەناخانىنىڭ بىر يىگىتنى ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئوردىغا كىرىپ كەتتى.

— ئىش چاتاق بولدى، ئاتىڭىز بىزنى كۆرۈپ قالدى، مەن قايتاي، ئون بەش كۈندىن كېيىن كېلەمەن، — دەپ يولغا راۋان بولدى ۋە شاھزادە شەھەردىن چىقىپ ھەمراھلىرىغا يېتىشىۋالدى.

مەلىكە ناھايىتى غەمكىن ھالدا چارباغقا قايتىپ كىردى. بىر چاغدا بىر ۋەزىر كېلىپ:

— ئەي مەلىكەم، پادىشاھ سىزلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ئەتە سىزگە خەتەر يېتىدۇ. ئىبادەت بىلەن بولغايسىز، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

مەلىكە باغۋەن ئانىنى چاقىرىپ:

— ئوردىغا كىرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىڭ، — دەپ ئەۋەتتى. باغۋەن ئانا ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا سالام بەردى. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— مەلىكىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن، ئەتە شام دىگىستانىدا ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئىبرەت بولسۇن، — دېدى.



باغۋەن ئانا بۇ خەۋەرنى رەناخانغا يەتكۈزدى. مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ زار ـ زار يىغلىغان هالدا كېنىزەكلىرىگە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

بىزلەر بىلەن خىلۋەت تۇتقان،
كېچە ـ كۈندۈز هەمراھ بولغان،
رەناگۇل دەپ ئات كۆتۈرگەن،
گۈلنىھالىم، خۇش قال ئەمدى.

بىر كۈن قىلۇرمىز مەشھۇرى،
يارىم كەتكەن چاغدىن بېرى،
قىرىق كېنىزەك، ياشۇقېرى،
سەبزە گۈلۈم، خۇش قال ئەمدى.

هەممىڭلارنى ئوخشاش بىلگەن،
ئەل ـ خەلقنىڭ ئەرزىن سورىغان،
گۈل رەنا دەپ مەشھۇر بولغان،
كېنىزەكلەر، خۇش قال ئەمدى.

مېنىڭ يارغا يەتمەس هالىم،
قوزغىلىپتۇر ئاتەش داغىم،
مۇھەببەتلىك چارباغىم،
ۋەتەنلىرىم، خۇش قال ئەمدى.

توققۇز ئايۇ ئون كۈن تۇرغان،
بېقىپ مۇندا كامال تاپقان،
بار مېهنەتكە ئۆزىن ئۇرغان،
باغۋەن ئانا، خۇش قال ئەمدى.

جۇدا بولدۇق بۈگۈن سەندىن،
دەۋران كەتتى بۈگۈن مەندىن،
رازى بولغىن رەناگۈلدىن،
هەممە دوستلار، خۇش قال ئەمدى.

مەلىكە بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كېنىزەكلەر زار ـ زار يىغلاشتى. باغۋەن ئانا:

— ئەي قىزىم، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، سىز ئۈچۈن مېنىڭ بېشىم تەييار، — دېدى.

بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئانىسى كەلدى. ئانىسى قىزىنىڭ بېشىغا توپىلارنى چېچىپ، يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. مەلىكە ئانىسىنى كۆرۈپ زار ـ زار يىغلاپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

ئانا، مەندىن رازى بولغىن،
سەھەرلەردە دۇئا قىلغىن،
مەن غېرىبنى هەم ياد ئەتكىن،
بالاڭ تۇرغان شەھىرىم قالدى.

خۇدا سالدى بۇ كۈلپەتكە،
غېرىب بولدۇم ئۆز شەھىرىمدە،
ۋاپا قىلغان يار قەيەردە؟
هەمدەم بولغان دوستلار قالدى.

ماڭا كەلدى هىجران داغى،
پەرزەنتىمدىن ئاتا تاندى،
بارچە غۇربەت ماڭا كەلدى،
مېھرىبانىم ئانام قالدى.

ئاتام قىلدى بىزنى غېرىب،
بۇ شەھىرىڭدە مەن مۇزتەرىب،
غېرىب ئانام تەنها قېلىپ،
بۇ شەھىرىمدە نامىم قالدى.

— ئەي بالام، بۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچە ماڭا دېسىڭىز بولماسمىدى؟ مەن ئۇنىڭ ئامالىنى قىلمامتىم؟ ئەمدى ئاتىڭىز هۆكۈمنى قىلىپ بولدى، بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلىمىز؟ شۇنداق بولسىمۇ ئاكىڭىز مەخسۇتخانغا ئەھۋالىڭىزنى بايان قىلىڭ، بۈگۈن كېچە ۋەزىر ـ ئەمىرلەرگە ئەھۋالىمىزنى ئېيتايلى، سىزنى بالاغا قويغان ئۇ يىگىت زادى كىم؟ ماڭا راستىنى بايان قىلىڭ. بىز ئۆلۈمنى شۇ يىگىتكە ئارتايلى، — دېدى مەلىكىنىڭ ئانىسى. مەلىكە:

— مەن بىلمەيمەن، ئۇ يىگىت بۇ شەھەردىن ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۆزى شاھزادىگە ئوخشايدۇ، — دېدى.

مەلىكە ئاكىسى مەخسۇتخاننىڭ قېشىغا كەلدى. قارىسا، ئاكىسمۇ ناھايىتى پەرىشان ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە زار - زار يىغلىغان ھالدا ئاكىسىغا قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

ئەرزىم ئىشىتىڭ قېرىندىشىم،
ماڭا بولۇڭ سىز يولدىشىم،
سىزدىن باشقا يوق سىرداشىم،
مېنى ئۆتتىن جۇدا قىلغىن.

ئاتام بولدى ماڭا دۈشمەن،
يوللىرىمغا قويدىلار پەن،
دۈشمەنلەرگە بېرىڭ سىز ئەن،
مېنى ئۆتتىن جۇدا قىلغىن.

مەكتەپ يولىغا بىللە يۈرگەن،
كىتابىڭنى ماڭا بەرگەن،
غۇربەت يولىدا يېتىم بولغان،
مېنى ئۆتتىن جۇدا قىلغىن.

مېنىڭ سىزدىن ئۈمىدىم بار،
بۇ بېشىمغا پاناھىم بار،
سىزدىن باشقا ماڭا كىم بار؟!
مېنى ئۆتتىن جۇدا قىلغىن.

مەخسۇتخان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سىڭلىسى رەناگۈلگە:

— ئەي سىڭلىم، غەم قىلماڭ، بىز ئامالىنى قىلارمىز، — دېدى. بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئانىسى كىرىپ كەلدى. مەلىكە ئانىسىغا قاراپ، زار - زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

مېنىڭ ئاجىزلىقىم يەتتى،
ئەجەلنىڭ نۆۋىتى يەتتى.
غېرىبلارنىڭ بېشى قاتتى،
كېتەرمگە ئىلاجىم يوق.
باھار بولسا قىزىلگۈللار،
ئۇنىڭ ئىشقىدا بۇلبۇللار.
مۇراد تاپماي ئۆتۈپ كەتتى،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئىشەنمەڭلار بۇ دۇنياغا،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.

ماڭا مۇندا قازا يەتتى،
ئەجەلنىڭ شەربىتىن تۇتتى.
مېنىڭ ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
گۇناھىمنى ئاتام بىلدى،
ھەقىقەتنىڭ يېرى قالدى.
بۇ زۇلمەتلەر ماڭا كەلدى،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئىشەنمەڭلار بۇ دۇنياغا،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
ۋاپا كەلسە قېرىنداشتىن.
ئاتا قولىدىن ۋاپا كەلمەس،
كېتەرمەن باغۇبوستاندىن.
مېنىڭ دەردىم كىشى بىلمەس،
گۇناھىمنى ئاتام بىلمەس.
ۋىسالىمغا مېنى قويماس،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئىشەنمەڭلار بۇ دۇنياغا،
بۇ ئالەمنىڭ ۋاپاسى يوق.

قېنى يۈسۈپ، قېنى پەرھاد؟
ئۇنىڭ ئىشقى قىلىپ پەرياد.
ئۇنى قىلدى ياقاسىن چاك،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئۆزۈم نادان، گۈلۈم غۇنچە،
توزۇپ كەتتى بۇگۈن مۇندا.
ئېچىلماين غازاڭ بولدى،
كېتەرمگە ئىلاجىم يوق.
ئىشەنمەڭلار بۇ دۇنياغا،
بۇ ئالەمنىڭ ۋاپاسى يوق.

مەلىكە باغۋەن ئانىغا قاراپ:

— ئەي ئانا، كۈن كەچ بوپتۇ. بىللە بېرىپ نەسرىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ كېلەيلى، — دەپ، يۈز تىللانى ئېلىپ بۇزرۇكۋارنىڭ قېشىغا كەلدى. مەلىكە بۇزرۇكۋارغا سالام بەرگەندىن كېيىن، يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

دۇئا قىلىڭ بۇزرۇك ئاتا،
بۇ بېشىمغا كەلدى قازا،
مۇشكۇل ئىشلار بولسۇن ئادا،
دۇئا قىلىڭ، دۇئا گويۇم.

ئون تۆت ياشتا ئەجەل يەتتى،
تاجۇ دۆلەت باشتىن كەتتى،
بۇ جىسمىدىن قۇۋۋەت كەتتى،
دۇئا قىلىڭ، دۇئاگويۇم.

بىزدىن كەتتى دەۋران باقىي،
دىدارىمىز قالدى باقىي،
غېرىب كەلدى ساڭا دادى،
دۇئا قىلىڭ، دۇئاگويۇم.

ماڭا كەلدى ھىجران - پىراق،
دۇشمەن قويدى بىزگە تۇزاق،
مۇرادىمنى بەرسۇن رەززاق،
دۇئا قىلىڭ، دۇئاگويۇم.

يارىم بولدى مەندىن جۇدا،
يەتكۈزدىلەر سىزنى خۇدا،
مۇددىئايىم بولماي ئادا،
دۇئا قىلىڭ، دۇئاگويۇم.



نەسرىدىن بۇزرۇكۋار:

— ئەي مەلىكە، غەم قىلماڭ، قايتىپ بېرىپ قۇرئان ئوقۇڭ. خۇدا سىزنى بۇ بالا - قازادىن خالاس قىلسۇن، — دەپ مەلىكىنى ياندۇردى.

مەلىكە بۇزرۇكۋار بىلەن خوشلىشىپ، چارباغقا قايتىپ كەلدى - دە، تائەتكە مەشغۇل بولدى.

ئىككىنچى كۈنى مەخسۇتخان ئۈچ يۈز ئاتمىش ۋەزىرنى چاقىرتىپ:

— ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سىڭلىمنىڭ گۇناھىنى تىلەيلى، — دەپ، ئوردىغا كىردى. ئۇلار پادىشاھقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي پادىشاھىم، مەلىكىنىڭ گۇناھىدىن كەچسىڭىز، مەلىكە تېخى كىچىك ۋە ناداندۇر. ياخشى - يامانىنى بىلمەيدۇ، — دېيىشتى.

پادىشاھ ئۇلارغا:

— سىلەر مەلىكىنى كىچىك، نادان دەيسىلەر. ئەگەر سىلەر دېگەندىكىدەك بولسا، بىر يىگىتنىڭ قولىنى تۇتامدۇ؟ بۇنىڭ گۇناھى ماڭا ئەمەسمۇ؟ نامەھرەمگە قول سۇنغاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇش ۋاجىپتۇر. بۈگۈن مەلىكىنى دىگىستان بازىرىغا ئاپىرىپ دارغا ئاستۇرىمەن. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئىبرەت بولسۇن. مېنىڭ ئۇنداق پەرزەنتىم يوق. سىلەر يەنە مەلىكىنىڭ گۇناھىنى تىلىمەكچى بولساڭلار، سىلەرنىمۇ بىللە دارغا ئاستۇرىمەن، — دەپ پەرمان چۈشۈردى.

مەخسۇتخان ۋەزىرلىرى بىلەن ئۇمىدلىرىنى ئۈزۈشۈپ، ئوردىدىن قايتىپ چىقىشتى. مەخسۇتخان چارباغقا قايتىپ كەلدى. ئۇ مەلىكىگە قاراپ، پەرىشان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

مۆڭلۈق بولغان قېرىندىشىم،
ھەمدەم بولغان ھەم يولدىشىم،
رازى بولغىن ھەم سىردىشىم،
خەتەر يوللار كېلەر كۆندۇر.

قۇرئاننى تامام قىلغىن،
بۈگۈن مەندىن رازى بولغىن،
بۇزرۇكلەردىن دۇئا ئالغىن،
خەتەر يوللار كېلەر كۆندۇر.

يەتتە يىللار مەكتەپ بارغان،
مەكتەپ يولىنى ئاۋات قىلغان،
بۇگۈن مەندىن جۇدالاشقان،
خەتەر يوللار كېلەر كۆندۇر.

مېنى قويدۇڭ مۇندا يەككە،
ئەرزىڭ قىلغىن جاللات بەگكە،
سېنى سالدى كۆيەر ئوتقا،
خەتەر يوللار كېلەر كۆندۇر.

سېنى ئاسار مۇندا دارە،
ئۇستىخانلارىڭ بولۇر پارە،
قېرىنداشلار قىلۇر نالە،
خەتەر يوللار كېلەر كۆندۇر.

ئاكىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان رەناخان نالە - زار قىلىشقا چۈشتى.

— ئەي قېرىندىشىم، كۆڭلۈڭىزنى بۇزماڭ، — دېدى مەخسۇتخان تەسەللى بېرىپ.

مەلىكە ئاكىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، زار - زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولۇرمىدى باشىم.
قېرىنداشلار يولى كەتتى،
مېنىڭ مۇندا ئىلاجىم يوق.

كېتەي دەپ مىڭ خىيال قىلدىم،
ئاتامنىڭ قەھرىدىن قورقتۇم.
ئوقۇپ قۇرئان تەلەپ قىلدىم،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.

مېنى ئوتتىن جۇدا قىلغىن،
غېرىبلىقنى ماڭا قويغىن.
ئەزىز باشىم ئېسەن بولسا،
غېرىب بولماي ئىلاجىم يوق.

كىشىنىڭ يۇرتىغا بارسام،
تاموغ ئوتىدا مەن قالسام.
غېرىبلىق شەھرىدە يىغلاپ،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.

يورۇق دۇنيا ماڭا تۇندۇر،
بۇ جانىمنى تىلەر كۆندۇر.
ئەزىز جانىم ئېسەن بولسا،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.

ماڭا ئېيتىڭ كۆڭۈل ئەرزى،
بۇگۈن مەندىن ئاتام رازى.
ئەجەلنىڭ نۆۋىتى كەلسە،
قاچارىمغا ئىلاجىم يوق.

قېرىنداشلار ئىسەن قالدى،
غېرىبلىق يوللىرى كەلدى.
كېنىزەكلەر يېتىم قالدى،
جۇدا بولماي ئىلاجىم يوق.

مەلىكە بۇ نەزمىلەرنى ئوقۇپ مەخسۇتخان بىلەن خوشلاشماقچى بولدى.

— ئەي سىڭلىم، ئاتام گۇناھىڭىزدىن ئۆتمىدى. بۈگۈن سىزنى دىگىستان بازىرىغا ئاپىرىپ دارغا ئاستۇرماقچى بولدى، — دېدى مەخسۇتخان.

بۇ چاغدا تۆت جاللات كېلىپ، مەلىكىنى دىگىستان بازىرىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەخسۇتخان، ۋەزىرلەر، كېنىزەك ۋە باغۋەن ئانا يىغلىشىپ ماڭدى. مەلىكىنىڭ ئانىسى يۈزلىرى ساماندەك سارغايغان ھالدا يىغلاپ كەلدى. ئانىسى مەلىكىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

پەرزەنتىمنى بۇ كۈندە ساڭا تاپشۇردۇم،
قادىر سۈپەت ئىلمىڭنى پېشۋا تۇتتۇم.
يوق قىلغۇچە پەرزەنتنى مۇندا، ئىلاھىم،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

سەندىن ئۆزگە يوقتۇر دوستلۇق يوللىرى،
مۇھەببەتنىڭ ئۈمىدى ھىجران داغلىرى،
قىزىلگۈللەر بېشىغا قوندى زاغلىرى،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

پەرزەنتىم دەپ كەتتىلەر خاتىر جامالى،
پەرۋىش قىلىپ تاپمىدى مۇندا كامالى،
ئاخىر دەمدە يەتتىلەر غازاڭ باغلارى،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

پەرزەنتىمنى كۆرمەكىم بولدى گۇمانە،
پەرزەنت يولىدا بۇ بېشىم بولدى پەرۋانە،
تۇرغان جايىم بولدىلار ئەمدى ۋەيرانە،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

پەرزەنت بولۇپ دۇنيادا راھەت كۆرمىدى،
غېرىب پەرزەنت دەردىنى ئاتا سورىمىدى،
پەرزەنت داغى بىزلەردىن مۇندا كەتمىدى،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

مەلىكە ئانىسىغا قاراپ، زار - زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

ئانا مەندىن رازى بولغىن،
قۇرئانىمنى ئادا قىلغىن.
باقىنىڭغا رازى بولغىن،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

بۈگۈن بىزگە قازا يەتتى،
مېھرىبانىم ئانام قالدى.
ئويناپ ئۆسكەن بېغىم قالدى،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

مېنى بۈگۈن ئاسار دارە،
ئۈستىخانلىرىم بولۇر پارە.
ماڭا مۇندا قىلماڭ نالە،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

يەتتە يىللار مەكتەپ بارغان،
ئانام بىزگە پەرۋىش قىلغان.
ئەجەل ئوتىدا بىزنى قويغان،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

مەخسۇت شاھىم رازى بولۇڭ،
كىتابىمنى ئۆيدە قويۇڭ.
قۇرئانىمنى سىزلەر ئوقۇڭ،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.





مەلىكىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەممە خالايىق يىغلاشتى. كېنىزەكلەر ئىچىدە گۈلجامال ئىسىملىك بىر كېنىزەك بار ئىدى. ئۇ مەلىكىنى قۇچاقلاپ، يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

كىچىكىمدىن ھەمراھ بولغان،
كېنىزەككە بەردار بولغان،
بىزنى مۇندا ئوتتا قويغان،
سەبزەگۈلۈم، خۇش قال ئەمدى.

ئاتاڭ ساڭا دۈشمەن بولدى،
رەناگۈل دەپ نامىڭ كەتتى،
بۈگۈن مۇندا قازا يەتتى،
سەبزەگۈلۈم، خۇش قال ئەمدى.

بىزنى تاشلاپ سىز كەتكۈچە،
خىزمەت قىلاي مەن ئۆلگۈچە،
ماتەم تۇتاي قىرىق كۈنگىچە،
سەبزەگۈلۈم، خۇش قال ئەمدى.

بىزنى قويدۇڭ بۇ شەھىرىڭدە،
يېتىم بولدۇق چارىبېغىڭدا،
خەتەر يەتتى سەپەر ئايدا،
سەبزەگۈلۈم، خۇش قال ئەمدى.

ئەلقىسسە، جاللاتلار مەلىكىنى جازا مەيدانىغا ئەكىلىشتى. جازا مەيدانى ئادەم بىلەن تولۇپ كەتتى. جاللاتلار مەلىكىنى دارغا ئاسماقچى بولغاندا، كېنىزەكلەر مەلىكىگە ئېسىلىۋالدى. جاللاتلار كېنىزەكلەرگە:

— ئەي كېنىزەكلەر، كەينىڭلەرگە يېنىڭلار. پادىشاھنىڭ ھۆكمى ۋاجىپتۇر. ئىجرا قىلمىساق بىزنىڭ كاللىمىز كېسىلىدۇ، — دېدى.

مەلىكىنىڭ ئاكىسى مەخسۇتخان جاللاتلارغا:

— بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىپ، سىڭلىمنىڭ گۇناھىنى تىلەي. ئاتامنىڭ ئاچچىقى يانغان بولسا ئەجەب ئەمەس. مەن كەلگەندىن كېيىن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلساڭلارمۇ كېچىك-

مەيسىلەر، — دەپ، ۋەزىر - ئەمرلەر بىلەن پادشاھنىڭ ئالدىغا كىردى. قارىسا، پادشاھ ناھايىتى غەمكىن ئولتۇرۇپتۇ. مەخسۇتخان ئاتىسىغا:

— ئەي پادشاھىئالەم، جاللاتلار مەلىكىنى دارغا ئاسقانىدى، ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتتى. مەلىكە ناھەق ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئوخشايدۇ، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

شاھان بولۇپ ئاتمىش يىللار،
پەرزەنت تىلەپ ئۆتتى تۈنلەر،
قۇدرەت بىلەن كەلدۇق بىزلەر،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

قىرىق كېنىزەك ماتەم بولدى،
شەھەر خەلقى نالە قىلدى،
زامان بىزگە ئاخىر بولدى،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

پەرزەنت بولسا پەرۋىش قىلغان،
چارباغدا مەشھۇر بولغان،
كېنىزەكلەر ھەمراھ بولغان،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

پەرزەنت بولسا ئۆزى نادان،
بىزنى قىلماڭ مۇندا دەرمان،
شەھرىڭ ئىچرە ئاخىر زامان،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

ئانام بېشى مۇندا تۇمان،
دار ئالدىدا ئاخىر زامان،
گۈلى رەنا قىلدى نالە،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

پادشاھ ئوغلى مەخسۇتخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— مەن يەتتە شەھەرگە پادشاھدۇرمەن، بۇ شەھەرلەردىكى شاھزادە، قازى، ئۆلىمالار نۇرغۇن پۇل بىلەن ئەلچىلىككە كەلسە، مېنى خىجىل قىلىپ ئۇلارنى قايتۇردى. مەن ئۇنى چارباغ ئالدىدا بىر قالماق سوپەت يىگىتنىڭ قولىقىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. مەن شۇ يەردىلا مەلىكىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى ئەھدە قىلغانىمەن. ئەگەر مەلىكىنى دارغا ئاسمايلى دېسەڭلار، ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان بىر مۇنار بار، شۇ مۇناردىن تاشلاڭلار. ئەگەر مەلىكىنى ناھەق ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بولسام سالامەت قالار، مەن توغرا ھۆكۈم قىلغان بولسام جان تەسلىم قىلار. شۇنداق بولغاندا مېنىڭمۇ ئەھدىم ئادا بولغان بولىدۇ، مەلىكىگىمۇ ناھەق بولغان بولمايدۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ مەلىكىنى مۇناردىن تاشلاشقا پەرمان چۈشۈرۈلدى. مەخسۇتخان بىلەن ۋەزىرلەر دىگىستان بازىرىغا كېلىپ، جاللاتلارغا:

— پادشاھ مەلىكىنى مۇناردىن تاشلاشقا پەرمان قىلدى، — دېدى.

جاللاتلار مەلىكىنى مۇنارنىڭ ئالدىغا ئەكېلىشتى. خالايىق قارىسا، مۇنار ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغۇدەك. مۇنارغا بىر يۈز ئون بىر پەلەمپەي ئارقىلىق چىققىلى بولىدىكەن. مەلىكە بۇنى كۆرۈپ زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

مۇندا بىزگە ئاخىر زامان بولۇپتۇر،
يىغلا، ئانا، شۇڭقارىڭدىن ئايرىلدىڭ.
بۇ بېشىمغا بۈگۈن خەتەر يېتىپتۇر،
يىغلا، ئانا، بۇلبۇلۇڭدىن ئايرىلدىڭ.

مېنىڭ مۇندا قېلىپتۇر تۇغقان، يارەنىم،
بۇ جېنىمغا بۇ يەردە بولدى گۇمانىم،
ئۆلۈپ كەتسەم شەھرىڭدە قالماس نىشانىم،
يىغلا، ئانا، گۈللەردىن مۇندا ئايرىلدىڭ.

بالام دىبان بىزلەرنى پەرۋىشلەر قىلغان،
غېرىب بولۇپ باغلاردا نەچچە يىل ياتقان،
ئانام دىبان قاشىڭدا بىر كۈن تۇرمىغان،
رازى بولغىن، ئانجان، مەندىن ئايرىلدىڭ.

مېنى باققان ئانامسەن، ھالىمنى بىلگىن،
مېنىڭ تۇتقان جايىمنى باغۋەنگە بەرگىن،
مېنىڭ تۇتقان سازىمنى قىزلارغا بەرگىن،
يىغلا، ئانا، گۇللەردىن مۇندا ئايرىلدىڭ.

ئاتام بولسۇن بىزلەردىن مىڭدىن ـ مىڭ رىزا،
ماڭا يەتتى بۇ يەردە تۈرلۈك مىڭ قازا،
شەھەر خەلقىم بىزلەردىن بولسۇنلار رىزا،
يىغلا، ئانا، گۇللەردىن مۇندا ئايرىلدىڭ.

مەلىكە بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنى قۇچاقلاپ زار ـ زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

بالام دىبان كۆڭلۈڭنى مۇندا سولدۇرما،
غېرىب ئاناڭ بېشىغا غەمنى سالدۇرما؛
دۈشمەنلەرگە سىرىڭنى مۇندا ئالدۇرما،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن.

تەڭرى ئىگەم سالغاندۇر سىزگە زۇلمەتنى،
غېرىب ئاناڭ يۇتقاندۇر مۇندا ھەسرەتنى،
شاھان ئاتاڭ تارتقايلار ئاندا كۈلپەتنى،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن.

ساڭا كەلگەن ئىشلارنىڭ كامالى باردۇر،
تېزرەك كەلگەن زۇلمەتنىڭ زاۋالى باردۇر،
سەبرى قىلغان ئىشلارنىڭ ۋىسالى باردۇر،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن.

مېنى مۇندا تاپشۇرغىن قادىر خۇداغا،
سېنىڭ ھالىڭ كۆرۈبان قالدىم بالاغا،
سېنى مۇندا قويۇپتۇر دۈشمەن ياراغا،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن.



مەلىكىنىڭ ئاكىسى مەخسۇتخانمۇ زار ـ زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

مېنىڭ بىلەن ھەمراھ بولغان،
مەكتەپلەرگە بىللە بارغان،
ئۇستازىمدىن دۇئا ئالغان،
رازى بولغىن، قېرىندىشىم.

مېنى مۇندا ئوتتا قويدۇڭ،
قىزلىرىڭنى دەردتە قويدۇڭ،
مېنى مۇندا غېرىب قىلدىڭ،
رازى بولغىن، قېرىندىشىم.

سېنى دىبان شاھان بولدۇم،
چارباغقا قاراپ يۈردۇم،
سىڭلىم بار دەپ كۆپ ئىشەندىم،
رازى بولغىن، قېرىندىشىم.

ساڭا قىسمەت مۇنداق بولماس،
مۇنداق ئىشنى ھېچكىم بىلمەس،
ئەجەل توشماي ھېچكىم ئۆلمەس،
رازى بولغىن، قېرىندىشىم.

سۆزگە كىرمەس ئاتام بەچچە،
سۆزلەر ئىدۇق بىزلەر نەچچە،
تەدبىر قىلدۇق بىزلەر ئانچە،
رازى بولغىن، قېرىندىشىم.

مەخسۇتخان بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندا كېنىزەكلەر مۇنار تۆۋىدە نالە ـ زار قىلىپ يىغلاپ تۇراتتى. مەلىكە كېنىزەكلەرگە قاراپ:

— ئەي قىزلار، بىز بىر ـ بىرىمىزگە يەتتە يىل ھەمراھ بولغانىدۇق. بۇگۈن مەندىن رازى بولۇڭلار. ئەمدى بىز ئۇ ئالەمدە كۆرۈشەيلى، — دېدى ـ دە، شەھەر خەلقىدىن رازىلىق تىلەپ، خۇن ـ جىگەردىن يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

بىزگە كەلگەن، ئەي يارەنلەر،
بىزلەر ئۈچۈن غەم يېگەنلەر،
تەلەپ بىلەن ئامىن دېگۈلەر،
بار تاپشۇردۇم خۇدايىمغا.

بىزگە كەلدى قازا مۇندا،
بىزگە ئەمدى راھەت قايدا؟
جەسەتلىرىم قالدى سايدا،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

مەندىن مۇندا رازى بولغىن،
ھەممە بارى دۇئا قىلغىن،
تەلەپ بىلەن قاراپ تۇرغىن،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

مېنى تاشلار بۇ مۇنارە،
ئۇستىخانلىرىم بولۇر پارە،
مېنىڭ مۇندا نەدۇر چارە،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

جەسەتلىرىم غېرىب بولدى،
ئانام مۇندا يالغۇز قالدى،
چاھار بېغىم ۋەيران بولدى،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

مەلىكە بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شەھەر خەلقى زار ـ زار يىغلاشتى. ئۇلارنىڭ ئالدى ئىككى يۈز تىللا، كەينى يۈز تىللانى مەلىكە ئۈچۈن ئاتاپ دۇئا قىلدى. ئاجىز مەزلۇملار ھەر خىل نەرسىلەرنى ئەكېلىپ دۇئا قىلىشتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە يەتمىش مىڭ تىللا يىغىلدى.

مەلىكە ئانىسىغا:

— بۇ تىللالارنى سىز ساقلاپ قويۇڭ. مېنىڭ ھەققىمدە نەزىر قىلارسىز، — دېدى.

رەناخاننىڭ ئانىسى قىزىغا بىر ئالتۇن ھالقىنى بېرىپ:

— ئەي بالام، بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە بۇ ئالتۇن ھالقىنى بۇخارادىكى ئەۋلىيا نەقشبەندىگە ئاتىغايسىز. سىزنى شۇ ئەۋلىيا بالا - قازادىن ساقلايدۇ، — دېدى.

مەلىكە ئانىسى بەرگەن ئالتۇن ھالقىنى قۇلاقلىرىغا سالدى. جاللاتلار خالايىققا:

— پادىشاھنىڭ ھۆكمى ۋاجىپتۇر. سىلەر بىزگە دەخلى قىلماڭلار، — دەپ، مەلىكىنى مۇنارغا ئەچىقتى. بۇ چاغدا جۈمە نامازغا ئەزان ئېيتىۋاتاتتى. مەلىكە ئۇلۇغ تەڭرىنى سېغىنىپ نالە - زار قىلدى.

مەلىكىنىڭ نالە - زارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جاللاتلارنىڭ كۆڭلى سىمابتەك ئېرىپ كەتتى. جاللاتلار ئۆزئارا: «ھازىر جۈمە ناماز ۋاقتى، بۇ چاغدا ئادەم ئۆلتۈرۈش دۇرۇس ئەمەس. سەل تەخىر قىلايلى. جۈمە نامىزى تۈگىگەندە مۇناردىن تاشلىساقمۇ كېچىكمەيمىز.» دېيىشىپ، جۈمە نامىزىنىڭ تۈگىشىنى ساقلاپ تۇردى. مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ، چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتتى. جاللاتلاردىن بىرى مەلىكىگە:

— سىز ئاتىڭىزنىڭ غەزىپى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمگە كېتىۋاتىسىز، بىزگە ئاستا گەپ قىلىڭ، ئۆزىڭىز ياش، ئېچىلمىغان غۇنچە ئىكەنسىز. سىزنى ناھەق مۇناردىن تاشلىساق ئۇستىخانلىرىڭىز لەختە - لەختە بولۇپ كېتىدۇ. بىزمۇ گۇناھكار بولىمىز، — دېدى.

— مەن چارباغدا ئىدىم، — دېدى مەلىكە، — بىر كۈنى بەلخ شەھىرىنىڭ پادىشاھى ماڭا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. مەن ئاتامغا: «مەن بىلەن توي قىلماقچى بولغان كىشى سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك» دېدىم. ئۇ پادىشاھ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمەي قايتىپ كەتتى. يەنە بىر كۈنى شام شەھىرىنىڭ قازىسى قىرىق شاگىرتى بىلەن كەلدى. ئۇلارمۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمەي قايتىپ كەتتى. خەزان شەھىرىنىڭ شاھزادىسى قىرىق تۆگىدە مال ئېلىپ، بۇ شەھەرگە كەلگەنىكەن، ئۇ يىگىت ماڭا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچى كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن سوئال سورىدىم. ناھايىتى توغرا جاۋاب بەردى. مەن قىلغان ۋەدەم بويىچە ئۇ يىگىتكە رازى بولدۇم. بىز نىكاھلىقمۇ بولدۇق. بۇنىڭغا سارايۋەن، باغۋەن ئانا ۋە كېنىزەك گۈلجاماللار گۇۋاھ. ئىككىنچى كۈنى ئۇ يىگىت ئۆز شەھىرىگە قايتماقچى بولۇپ، مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. بىز ئەسلىدە توي تەييارلىقى پۈتكۈچە بۇ ئىشنى سىر تۇتۇشقا ۋەدە قىلىشقان. مەن يىگىتنىڭ شەھىرىگە قايتسا پات ئارىدا قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى سۆيۈپ قويغانىدىم. ئاتام دەل شۇ چاغدا بىزنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. مەن ھازىرغا قەدەر بۇ سىرىمنى ھېچكىمگە دېمىگەنىدىم.

— ئۇ سارايۋەننىڭ ئىسمى كىم؟ — دەپ سورىدى جاللات.

— سارايۋەننىڭ ئىسمى پازىل، سارىيى دىگىستان بازىرىنىڭ كەينىدە، — دەپ جاۋاب بەردى مەلىكە.

ئىككى جاللات مۇناردىن چۈشۈپ، باغۋەن ئانىدىن سورىدى. مەلىكىنىڭ دېگىنىدەك چىقتى. جاللاتلار سارايۋەننى تېپىپ، مەلىكىنىڭ دېگەنلىرىنى سورىدى. سارايۋەن «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. جاللاتلار سارايۋەننى باغلاپ، مۇنارنىڭ قېشىغا ئەكەلدى. ئۇلار سارايۋەننى مەلىكىنىڭ قېشىغا ئەچىقماقچى بولدى. سارايۋەن:

— مېنىڭ بېشىم قايىدۇ. مەلىكىنى بۇ يەرگە ئېلىپ چۈشسەڭلار، — دېدى. جاللاتلار:

— مەلىكە ھۆكۈم بىلەن مۇنارنىڭ تۆپىسىگە چىققان، ھۆكۈم بولمىسا چۈشمەيدۇ، — دەپ، سارايۋەننى مۇنارنىڭ تۆپىسىگە ئېلىپ چىقتى. مەلىكە ئۇنىڭدىن:

— ئۇ يىگىت ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي مەلىكە، مەن سىزنى بۇرۇن كۆرمىگەن، كىمنى سوراۋاتىسىز؟ — دېدى سارايۋەن.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلىغان ھالدا سارايۋەنگە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:



ئەي سارايۋەن، ئەرزىم ئاڭلا،
يالغان سۆزنى مۇندا قىلما.
يۈزلىرىڭنى قارا قىلما،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

چارباغدا نىكاھ قىلدىڭ،
نىكاھ ھەققى تىللا ئالدىڭ،
يىگىتلەرگە كېپىل بولدۇڭ،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

راستتىن سۆزنى مۇندا قىلغىن،
مېنى ئوتقا سەن سالمىغىن،
بۈگۈن جانغا ھازىر بولغىن،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

بىزگە مۇندا قازا يەتتى،
ئەجەل مۇندا مۇنار ئۈستى،
مەن غېرىبنىڭ يوقتۇر دوستى،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

مەلىكە بۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن، جاللاتلار سارايۋەننىڭ ئىككى قولىنى باغلىدى. كۆزنى تېڭىپ مۇناردىن تاشلىماقچى بولغاندا، مەلىكە قورقۇپ كەتتى. جاللاتلار: «ئىككىسىنى تەڭ تاشلايلى، بولمىسا مەلىكە قورقۇپ كېتىدۇ» دېيىشىپ، مەلىكىنىڭمۇ كۆزنى تېڭىپ، قولىنى باغلىدى. مەلىكە جاللاتلارغا:

— بىر ئاز تەخىر قىلىڭلار، ئادەم ئۆلسە قايتا تىرىلمەيدۇ. بۇ ئالەمگە بىر نەزەر سېلىۋالاي، — دېدى.

جاللاتلار مەلىكىنىڭ كۆزنى باغلىغان لاتىنى يېشىۋەتتى. مەلىكە ئاسمانغا قاراپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە يېلىنىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى، نەزم:

تەقدىر ئاللاھ، سەنسەن مېنىڭ پاناھىم،
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر مېنىڭ ئىلاھىم.
مەن غېرىبنى بۇ غەملەردىن قۇتقۇزغىن،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

ئەرش كۈرسى لەۋھۇقەلەم ياراتتىڭ،
ئاسمانۇزېمىننى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ،
توقسان توققۇز ئىسمىڭنى مۇندا ياراتتىڭ،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

ئاجىز دۇرمەن، خالاس قىلغىن زالىمدىن،
قۇدرەت بىلەن قۇتۇلدۇرغىن مۇشكۈلدىن،
مەن غېرىبنى مەيۇس قىلما جاھاندىن،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

ئادەم ئاتا نەبىگە مۇندا سېغىندىم،
قۇدرەت كەرەم يولۇڭنى پېشۋا تۇتتۇم،
روسۇلىللا ھەزرەتتىن شاپائەت كۈتتۇم،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مۇسا نەبى نۇر تېغىدا يىغلىدى،
دۇئاسىنى ھەق ئىجابەت ئەيلىدى،
قۇدرەت بىلەن نۇرنى ئاندا كەلتۈردى،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

يەر يۈزىدە تۆرىلەر خىزىر پەيغەمبەر،
خەلىلۇللا مەككىنى بىنا ئەتتىلەر،
يەردە مۇسا، كۆكتە ئىيسا تۇردىلەر،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

داۋۇت ئوغلى ئىقلىم شاھى سۇلايمان،
قەستىن قىلدى زالىم بىشەك ـ بىگۇمان،
تېۋىپلارنىڭ پىرىدۇر ھەزرىتى لوقمان،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

ئەنبىيالار سەرۋەرى روسۇل خۇدا،
بىزگە مەدەت بەرگەي جۈملە ئەنبىيا،
يەر يۈزىدە ياتقان شېھىت، ئەۋلىيا،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپ بولۇشىغا، ئاسماندا بىر قارا قۇش پەيدا بولدى. ئۇ قۇش مۇنارنىڭ ئۈس-تىنى بىر قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، جاللاتلارغا چاڭگال سالدى. جاللاتلار قورقۇپ ئالدى بىلەن سارايۋەننى مۇناردىن تاشلىماقچى بولدى. سارايۋەن قورقۇپ يىغلىغان ھالدا جاللاتلارغا قاراپ:

— توختاڭلار! مەن راست گەپنى قىلاي، — دەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

ئەرزىم ئىشىت، جاللات بەگلەر،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.
بۇ جېنىمنى ئوتقا سالما،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

نىكاھ قىلدىم چارباغدا،
مېنى قويما بۈگۈن داغدا،
جەسەتلىرىم قالۇر سايدا،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

بۇ سۆزۈمنى قىلماس ئىدىم،
مېنى ئوتقا سالماس، دېدىم،
مۇنداق ئىشنى قىلماس، دېدىم،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

بۇ جېنىمغا ئۇۋال بولما،
بۇ قىساسنى مۇندا قىلما،
يالغان سۆزگە قۇلاق سالما،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

مېنى تاشلار بۇ مۇنارە،
ئۇستىخانلىرىم بولۇر پارە،
ئەھلى پەرزەنتىم قىلۇر نالە،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

— ئەي سارايۋەن، راست سۆزۈڭنى بۇرۇنلا دېگەن بولساڭ، مۇنچە جاپامۇ تارتمىغان بولاتتىڭ. سۆ-زۈڭ تۈگىدىمۇ؟ — دېدى جاللاتلار.

— ئەي بەگلىرىم، راست گەپنى قىلاي دېسەم، قىلغان ۋەدەمدىن قورقتۇم، — دېدى سارايۋەن.

جاللاتلار سارايۋەننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. پادىشاھ جاللاتلاردىن:

— مەلىكىنى مۇناردىن تاشلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، — دېدى جاللاتلار، — مەلىكىنى مۇنار تۆپىسىگە ئەچىققانىدۇق. بىر قارا قۇش پەيدا بولۇپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. بىز بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىپ، مەلىكىدىن نىمە گۇناھ قىلغان-لىقىنى سورىدۇق. مەلىكە سارايۋەننىڭ چارباغدا نىكاھ ئوقۇغانلىقىنى دېدى. بىز سارايۋەننى ئالدىلىرىغا ئەكەلدۇق.

— ئەي سارايۋەن، — دېدى پادىشاھ، — مەن پادىشاھ تۇرسام، مەلىكە تېخى كىچىك بالا تۇرسا، سەن مەندىن رۇخسەتسىز نىكاھ ئوقۇغىنىڭ نېمىسى؟ نىكاھ قىلغان يىگىت قېنى؟

— پادىشاھ ئالىيلىرى، خەزان شەھىرىدىن قىرىق سودىگەر كېلىپ، مېنىڭ سارىيىمغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر شاھزادە بار ئىكەن. ئۇ يىگىت مېنى چارباغقا باشلاپ بېرىپ، مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. مەلىكە ئۆزىنى ئۇ يىگىتكە قوبۇل قىلدى. بىز بۇ ئىشنى قىرىق كۈنگىچە سىر تۇتماقچى بولۇپ ئەھدە قىلىشتۇق. ئىككىنچى كۈنى ئۇ شاھزادە ھەمراھلىرى بىلەن ئۆز شەھىرىگە كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى سارايۋەن.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى - دە، جاللاتلارغا:

— بۇ سارايۋەننى زىندانغا تاشلاڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. جاللاتلار سارايۋەننى سەكسەن كالتەك ئۇرۇپ، زىندانغا تاشلىدى. پادىشاھ جاللاتلارغا ھۆكۈم قىلىپ:

— مەن يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ تۇرسام، شۇنچە پادىشاھ، قازىلار ئەلچى ئەۋەتسە، مەلىكە رەت قىلدى. گېپىمنى ئاڭلىمىدى. ئەمدى مەندىن رۇخسەتسىز بىر مۇساپىر يىگىتكە ئۆزىنى قوبۇل قىپتۇ. بۇنداق مەلىكىنى پەرزەنتىم دېسەم، شەھەر خەلقى ماڭا ئاھانەت ياغدۇرىدۇ. شەھەر خەلقىگە مەندىن ئىبرەت قالسۇن. مەلىكىنى مۇناردىن تاشلاڭلار ! — دېدى.

جاللاتلار مۇنارنىڭ قېشىغا كەلسە، پۈتۈن شەھەر خەلقى يىغىلىپتۇ. ئۇلار مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقتى، مەلىكىنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي مەلىكە، بىزدىن رازى بولۇڭ. ئاتىڭىز سىزنى مۇناردىن تاشلاشقا يەنە بۇيرۇق قىلدى. بىزگە ئىلاج يوق، — دېدى.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ، ئانىسى بەرگەن ئالتۇن ھالقىنى بۇخارا ئەۋلىيا يولىدا نەزىر ئاتاپ، يەرگە تاشلىماقچى بولدى. جاللاتلار مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكە، ئۇ ئالتۇننى يوق ئەۋلىياغا ئاتاپ نەزىر بەرگۈچە بىزگە بېرىڭ، بىز سىزنىڭ قولىڭىزنى باغلىماي مۇناردىن تاشلايلى، — دېدى.

— ئانام ماڭا: «بېشىڭىزغا بالا - قازا كەلگەندە بۇ ئالتۇن ھالقىنى بۇخارا ئەۋلىياغا ئاتاپ سەرپ قىلىڭ» دېگەنىدى. سىلەرگە قانداقمۇ بەرگىلى بولسۇن؟ — دېدى مەلىكە.

جاللاتلار دەرغەزەپ بولۇپ، مەلىكىنىڭ قوللىرىنى باغلىدى. مەلىكە جاللاتلارغا:

— بىرئاز تەخىر قىلىڭلار. مەن بۇخارا ئەۋلىيا يولىدا بىر نەزىرنى بېشىمدىن ئۆرۈپ سەدىقە قىلاي، ئاندىن تاشلىساڭلارمۇ كېچىكمەيسىلەر ! — دېدى.

جاللاتلار مەلىكىگە:

— ئۇ ئالتۇننى بىزگە بەرمەي، يوق ئەۋلىياغا ئاتاپسەن. قېنى سېنىڭ ئۇ ئەۋلىياغا نەزىر قىلغىنىڭنى كۆرەيلى، — دەپ مەلىكىنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاشقا تۇردى. مەلىكە:

— ئەي پىرىم، سىزگە سېغىندىم، — دەپ، ئالتۇن ھالقىنى يەرگە تاشلىدى. جاللاتلار مەلىكىگە تۈرلۈك ئازابلارنى قىلىپ، تىرناقلىرىغا مىخ ئۇردى. مەلىكە زار - زار يىغلاپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى، نەزم:

ئالەمنى ياراتقان قۇدرەت ئىلاھىم،
ماڭا يوقتۇر سەندىن ئۆزگە پاناھىم،
ئۆزۈڭ ساقلا بالانى مۇندا ئىلاھىم،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مېنىڭ تۇتقان پىرىمدۇر تاجى ئەۋلىيا،
ماڭا كەلگەن بالاغا ئۆزى رەھنەما،
مەن غېرىبىنىڭ بېشىغا كەلدىيۇ سەۋدا،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مېنى تاشلار مۇناردىن ئۆزۈڭ ھازىرسەن،
مېنىڭ ئەزىز جېنىمغا ئۆزۈڭ گۇۋاھسەن،
ياخشى ـ يامان ئىشىمنى ئۆزۈڭ بىلۇرسەن،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

قۇدرەت بىلەن كەبىنى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ،
يەر يۈزىدە ئاجىزنى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ،
ئەجەل ـ قىسمەت بۇ كۈندە ماڭا يەتكۈزدۈڭ،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مېنىڭ تۇتقان پىرىمدۇر بۇخارى ئەۋلىيا،
ئەزىز جېنىم بۇ تەندىن بولمىسۇن جۇدا،
ئەرش كۇرسى لەۋھۇقەلەم بولسۇنلار گۇۋاھ،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مېنى تاشلار جاللاتلار مۇندىن مۇناره،
بولۇر بۇ جان ئۇستىخان مۇندا مىڭ پاره،
مېنى ئازاد قىلماققا قىلدىم مىڭ ناله،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ ئۆتكەن پەيغەمبەر،
بارچىسى ئۆتتىلەر دۇنيادىن سەپەر،
مەغرىبتىن مەشرىققە ياتقان شېھىتلەر،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

قۇدرەت بىلەن پىرىم مۇندا يەتكۈزگىن،
مەن غېرىبنى بۇ كۈندە ئوتتىن ئالدۇرغىن،
قىلغان نالەم بۇ كۈندە پىرغا يەتكۈزگىن،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئالەم لەرزىگە كەلدى. مۇنار ئۇستىدە ناله ـ زار بولۇپ، قىيا-مەت قايىم بولدى. بىر جاللات مەلىكىنى مۇناردىن تاشلىماقچى بولدى. مەلىكە ئۇنىڭغا:

— بىر ئاز توختىغىن. ئادەم دۇنياغا بىر قېتىم كېلىدۇ. مېنىڭ بۇخارادا بىر ئەۋلىيا پىرىم بار. مەن پىرىم ئۈچۈن دۇئا قىلىۋالاي. ئاندىن قانداق قىلساڭ قىل، — دېدى.

— ئەي ئەخمەق مەلىكە، بۇخارا بۇ يەردىن ئون كۈنلۈك يول تۇرسا. سېنىڭ ئاۋازىڭ ئۇ يەرگە قانداق يې-تىدۇ؟ سەن ھىيلە بىلەن قۇتۇلۇشنى ئويلاۋاتىسەن، — دېدى. مەلىكە جاللاتقا:

— ئەۋلىيا دېگەن ئۇلۇغ كىشىدۇر، — دەپ، بۇخارا تەرەپكە قاراپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى. نەزم:

بالا گەردان ئاتلىرىڭ،
ئەرش ئۇستىدە زاتلىرىڭ،
بۇخارادا جايلىرىڭ،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

بىر كۈن چۈشتى بېشىمغا،
رەھىم ئەيلەگىن ھالىمغا،
سەدىقە بەردىم يولۇڭغا،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

بىز يوق ئىدۇق بار قىلغان،
ئالما بېرىپ قول قىلغان،
دۇنيانى يەتتە ئايلانغان،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

مۇنار ئۇستى ئاجىزمەن،
دۇئا بىلەن كەلسە مەن،
مەدەت سىزدىن تىلەرمەن،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

مۇرت بېشىغا كۈن چۈشتى،
ھاجەت ساڭا يېتىشتى،
تۆھمەت ئەجەل كېلىشتى،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

ئەۋۋەلمىدىن يوق ئىدىم،
ئالما بېرىپ قول قىلدىڭ،
بۇگۈن سېنى ياد قىلدىم،
ھازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

بۇ خارادا پىرىمدۇر،
ئاجىز مۇندا قۇلۇمدۇر،
كېتەر يولۇم قازاندۇر،
هازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

مېنى تاشلار مۇنارە،
ئۈستىخان بولۇر مىڭ پارە،
جانىم كېتەر نە چارە،
هازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

ئاتا ـ ئانا مەندە يوق،
بىر خۇدادىن ئۆزگە يوق،
سەندىن مەدەت مۇندا يوق،
هازىر بولۇڭ، ئەۋلىيا.

مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جاللاتلار ئۇنى مۇناردىن تاشلىدى. مەلىكە: «يا پىرىم، ماڭا مەدەت قىلغايسەن» دەپ مۇناردىن چۈشۈپ كەتتى، مۇنار ئۈستىدە غوۋغا چىقىپ، قىيامەت قايىم بولدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى بۇخارادىكى بالا گەردان ئەۋلىيادىن ئىشىتىڭ.

بۇخارادىكى بالا گەردان ئەۋلىيا ئوتتۇز ئۈچ مىڭ شاگىرتلىرى بىلەن تەكرىگە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەۋلىيانىڭ قۇلىقىغا: «يا پىرىم، ماڭا مەدەت قىلغايسەن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، «ئاللاھۇ!» دەپ مۇنارنىڭ تۈپىسىدە پەيدا بولدى. تاجى ئەۋلىيا قارىسا، مەلىكە مۇناردىن پەسكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپتۇ. ئەۋلىيا قولىنى كۆتۈرۈپ، تەكرىگە دۇئا قىلدى ۋە بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:



مۇرتىمغا بالا كەلسە،
ئۆزۈڭ ساقلا ئۇنى، يا رەب.
بېشىغا مىڭ جاپا كەلسە،
ئۇنى ياندۇر ئۆزۈڭ، يا رەب.

غېرىب ـ مىسكىن جېنى كەتتى،
تېنى مۇندا غېرىب بولدى،
جېنىدىن هەم ئۈمىد ئۈزدى،
ئۇنى ساقلا ئۆزۈڭ، يا رەب.

مۇنارىدىن غېرىب چۈشتى،
جېنى تەندىن جۇدا بولدى،
پىرىم ئاللا دەبان كەتتى،
ئۆزۈڭ ساقلا ئۇنى، يا رەب.

تامامۇئىيۇ يۇلتۇزلار،
مۇرتىمدا ئېگەر باشلار،
يولۇڭدا هەم تۆكەر ياشلار،
ئۆزۈڭ ساقلا ئۇنى، يا رەب.

تاجى ئەۋلىيا بۇ مۇناجاتنى ئوقۇغاندىن كې-

يىن، تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن مەلىكە نەزىر قىلغان ھالقا ئەۋلىيانىڭ ئوڭ قولىغا چۈشتى. ئەۋلىيا قارىسا، مەلىكە رەناخان يەرگە چۈشۈپ كېتىشكە نىيەزە بويى ئارىلىق قاپتۇ. ئەۋلىيا دەرھال مەلىكىنى تۇتۇپ ئاستا يەرگە قويدى. شەھەر خەلقى تاجى ئەۋلىيانىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇشتى. مەلىكىنىڭ ئانىسى بىلەن كېنىزەكلەر مەلىكىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئانىسى مەلىكىنى قۇچاقلاپ، يۈزىنى سىلىدى. مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ ئانىسىنى تونۇدى. ئانىسى زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزم:

بالانىڭ كاتىغا بارغان،
ئانىسىنى يېتىم قىلغان،
چارباغنى ۋەيران قىلغان،
ئاناڭ كەلدى، تونۇدۇڭمۇ؟

بېشىڭدا مىڭ بالا بولسا،
ئاناڭ كەلدى، تونۇدۇڭمۇ؟
خۇدانىڭ قۇدرىتى كەڭدۇر،
بالالارنى پىرىڭ ياندۇر،

سېنى تاشلاپ مۇنار ئۈستى،
تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى كەتتى،
زامان ئاخىر ساڭا يەتتى،
زامان كەلدى، تونۇدۇڭمۇ؟

دۇئا بىلەن نىياز كەلتۈر،
ئاناڭ كەلدى، تونۇدۇڭمۇ؟
ئاناڭ مۇندا تولا يىغلاپ،
قىيامەت دەشتىگە يىغلاپ،

قېرىنداشلار ئېسەن بولسا،
سېنىڭ تۇتقان پىرىڭ بولسا،

كېنىزەكلەر قانلار يىغلاپ،
ھەممە كەلدى، تونۇدۇڭمۇ؟

مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاجى ئەۋلىيانىڭ ئالدىدا مىڭ تىللا نەزىرە قويدى. ئانىسى ۋە ئاكىسىمۇ ئەۋلىياغا ئاتاپ مىڭ تىللادىن نەزىرە قويدى. جاللاتلار مۇناردىن چۈشۈپ، تاجى ئەۋلىيانىڭ ئايىغىغا باش قويدى. تاجى ئەۋلىيا شەھەر خەلقىگە قاراپ:

— ئەي پەرزەنتلىرىم، مالال بولماڭلار. مۇرىتلىرىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە مېنى يادىغا ئالسا، مەن ئەلۋەتتە بىر ئىلاج قىلىپ ياردەم قىلىمەن، — دېدى.

جاللاتلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. پادشاھ تاجى ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئايىغىغا باش قويدى. پادشاھ خەزىنىلىرىنى ئاچقۇزۇپ، ئەۋلىيا ھەققىدە شەھەردىكى دەرۋىش - مىسكىنلەرگە سەدىقە بەردى. تاجى ئەۋلىيا مەلىكىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ ئۇنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەلقىسسە، پادشاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ:

— قىزىمنىڭ گۇناھىدىن كەچتىم. چارباغقا كىرىپ، كېنىزەكلەر بىلەن سەيلە - تاماشا قىلسۇن. قىزىمنى يولدىن چىقارغان شاھزادىنى تۇتۇپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

كېنىزەكلەر مەلىكە رەناخانى چارباغقا ئېلىپ ماڭماقچى بولدى، مەلىكە كۆپ ئازابلار چەككەچكە يول يۈرەلمەي قالدى. ئانىسى قىزىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزم:

خۇدا سالدى بۇ كۈلپەتنى،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.
ئەزىز باشىڭغا زۇلۇم ئەيلەپ،
بۇ زۇلمەتلەر ئەزەلدىندۇر.

قىزىلگۈللەر سولۇپ كەتتى،
قازانىڭ ئوقىغا يەتتى،
پىرىڭ مۇندا كېلىپ تۇتتى،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.

كېنىزەكلەر بىر مەيىنى تېپىپ كېلىپ، مەلىكىنى ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار چارباغقا كەلگەندە باغۋەن ئانا چىقىپ، زار ـ زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

قازانىڭ يولىغا بارغان،
ئانىسىدىن ئۈمىد ئۈزگەن،
مۇنار ئۈستى قاراپ تۇرغان،
كېلىڭ جانلار، كۆرۈشەيلى.

بۇگۈن سەندىن ئۈمىد ئۈزدۈم،
خۇدادىن كۆپ تەلەپ قىلدىم،
سېنىڭ ھالىڭ زەبۇن كۆردۈم،
كېلىڭ جانلار، كۆرۈشەيلى.

خۇدا ساقلاپ بالالاردىن،
خالاس قىلدى قازالاردىن،
بولۇپ مۇندا ۋىسالاردىن،
كېلىڭ جانلار، كۆرۈشەيلى.

بالام دەبان كۆزدە يېشىم،
بۇ غەملەردە بولۇپ بېشىم،
زەھەر بولدى يېگەن ئېشىم،
كېلىڭ جانلار، كۆرۈشەيلى.

ئۇلار يىغلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئاكىسى مەخسۇتخان كېلىپ:

— مەلىكىنى چارباغقا ئورۇنلاشتۇرايلى. ئوتتۇز كۈنگىچە سىرتقا چىقمىسۇن. ئۇ يىگىتنى تۇتقاندىن كېيىن، مەلىكە ئەركىن ھەرىكەت قىلسا بولىدۇ، — دەپ باغۋەن ئانىنى مەلىكىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويدى. جالالاتلار شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇننى تۇتۇشقا تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىشقان بولسىمۇ، ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇندىن ئىشىتىڭ.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن ئۆز شەھرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتىسىغا:

— شام شەھرىدە سودىمىز ناھايىتى ياخشى بولدى. مىڭ تىللا بىلەن نۇرغۇن ماللار شام پادىشاھىدا ئامانەت قالدى. شام پادىشاھىغا ئون كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن، دەپ ۋەدە قىلدىم. ماڭا سەكسەن تۆگە مال تەييارلاپ بەرسىڭىز، — دېدى.

بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سەكسەن تۆگە مال تەييار قىلىندى. شاھزادە چاكارلىرى بىلەن يول تەييارلىقىغا كىرىشتى.

پادىشاھنىڭ قىرىق كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باسىدىغان بىر تۆگىسى بار ئىدى. شاھزادە ئاتىسىغا:

— ماڭا تېز يۈرەر تۆگىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز. مەن چاكارلارنىڭ ئالدىدا بېرىپ، ئامانەت قالغان پۇللارنى ئېلىپ تۇرسام، — دېدى. پادىشاھ شاھزادىگە تېز يۈرەر تۆگىسىنى بەردى.

شاھزادە يىگىرمە چاكار بىلەن سەكسەن تۆگە مالنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلار يىرىم كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، شاھزادە تېز يۈرەر تۆگىنى مىنىپ ئالدىدا يۈرۈپ كەتتى. نىزامىدىن ئاخۇن ئون بەش كۈنلۈك يولنى ئاش ۋاقتىغىچە بېسىپ، شام شەھرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ تۆگىسىنى پىنھان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قەلەندەر سۈرىتىدە ياسىنىپ شەھەرگە كىردى.

شاھزادە سارايۋەننىڭ ئۆيىگە كەلدى. سارايۋەننىڭ خوتۇنى ئۇنىڭدىن:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئىلگىرى سىزلەرنىڭ سارايغا چۈشكەن سودىگەر بولىمەن، — دېدى شاھزادە.

سارايۋەننىڭ خوتۇنى شاھزادىنى تونۇپ، ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— سىز ناھايىتى خەتەرلىك چاغدا كەپسىز. ئېرىمنى زىندانغا تاشلىدى. سىزنى تۇتۇشقا شەھەر ـ

شەھەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى. مەلىكە ھازىر باغدا. ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ، ــ دېدى سارايئەننىڭ خوتۇنى.

شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ، زار ـ زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ئۆمرۈم،
ئۆتكەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ؟
پانىي دۇنيا مېھنەت تارتىپ،
ئۆتكەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ؟

ئۆمرۈم ئۆتتى ھەسرەت بىلەن،
ئىشق يولىدا مېھنەت بىلەن،
يارىم قالدى زۇلمەت بىلەن،
يارنى كۆرمەي ئۆتكەن بارمۇ؟

جۇدالىق دەردىدىن سولدۇم،
يار كويىدا ئادا بولدۇم،
پانىي دۇنيا مۇندا كەچتىم،
مۇرادىغا يەتكەن بارمۇ؟

ئەزەل كۈندە يېزىلىپتۇر،
پېشانەمگە پۈتۈلۈپتۇر.
قىسمەت بىزگە ئاتەش داغى،
مەقسىتىمگە يەتكەن بارمۇ؟

قابا پەلەك ئادەم ئوغلى،
سۇلايماندۇر داۋۇت ئوغلى،
ھىجران دەشتى ياقۇپ ئوغلى،
كەنئانىدەك ئۆتكەن بارمۇ؟

جۇدالىقنىڭ دەردى يامان،
ھىجران ئوتلار قىلدى سامان،
ئاشىقلارنى قىلدى ۋەيران،
مەقسىتىمگە يەتكەن بارمۇ؟

پانىي دۇنيا كۆڭۈل بەرمە،
ھىجران ئوتىغا ئۆزۈڭ ئۇرما،
كەلمەس يارنىڭ يولىن يورمە،
كەلمەس يارنى تاپقان بارمۇ؟

نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمىنى ئوقۇپ توگەتكەندىن كېيىن:

ــ مەن مەلىكە بىلەن ۋەدە قىلىشقان. ماڭا ئەجەل يەتكەن بولسا، ئىلاجىم يوق. مەلىكە بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈشۈم كېرەك، ــ دەپ ئىككى يۈز تىللانى سارايئەننىڭ خوتۇنىغا بەردى.

شاھزادە قولىغا بىر خەنجەرنى ئېلىپ، شاھانە لىباسنى تاشلاپ، يېرىم كېچە بولغاندا چارباغقا قاراپ راۋان بولدى.

نىزامىدىن ئاخۇن چارباغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى سۆگۈچ ئارقىلىق باغقا كىردى. ئۇ مەلىكەنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كېلىپ قارىسا، مەلىكە ئۇخلاپ قاپتۇ. شاھزادە ھۇجرىغا كىرىپ، مەلىكىنىڭ ئاغزىنى تۇتتى. مەلىكە چۆچۈپ ئويغاندى. نىزامىدىن ئاخۇن رەناخاننى ئېلىپ سىرتقا چىقتى.

ــ ئەي گۈل يارىم، ــ دېدى مەلىكە، ــ مېنى ئوتتا قويۇپ، ئەمدى كەلدىڭىزمۇ؟ مېنىڭ ھالىم ناھايىتى خاراب، مەن ئەجەل دەرياسىدىن ياندىم. بۈگۈن سىزنى تۇتۇۋالسا، ئىككىمىزگىلا خەتەر يېتىدۇ. سۆزىڭىز بولسا تېز دەڭ.

ــ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ــ دېدى شاھزادە.

ــ بىر جاي تېپىڭ، ئۇ يەرگە ئادەم قەدىمى يەتمىگەن بولسۇن. ئۇ ئورۇننى تەييار قىلغاندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە كېلىڭ. بىز بۇ شەھەردىن كېتەيلى. بولمىسا ئاتام ئىككىمىزنى ئامان قويمايدۇ، ــ دېدى مەلىكە.

شاھزادە مەلىكىگە بەش يۈز تىللانى بېرىپ دېدىكى:

ــ يەنە ئون كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن. سىز نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى تەييار قىلىپ تۇرۇڭ.

شاھزادە مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ شەھەردىن چىقتى. شاھزادە تۆگىسىگە مىنىپ، ئۆز شەھىرىگە راۋان بولدى، چۈش ۋاقتىدا ئۇممان دەرياسى بويىغا كېلىپ ئارام ئالدى. شاھزادە ئۇممان دەرياسىغا قارىسا، بىرمۇنچە غازلار ئۆز جۈپتلىرى بىلەن قوغلىشىپ يۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرۈپ نىزامىدىن ئاخۇننىڭ كۆڭلى بىئارام بولدى. ئۇ: «يېنىمدا يارىم بولغان بولسا، مەنمۇ بۇ غازلارغا ئوخشاش خۇشال يۈرگەن بولاتتىم» دەپ، بۇ نەزمنى ئوقۇدى. نەزم:



ئاشىق بولۇپ بۇ يەردە قالدىم ھەسرەتتە،
تىلىسىز ئاشىق ئويناپدۇ سۇنىڭ ئۈستىدە.
مۇرادىمنى تاپمايىن ياندىم ھەسرەتتە،
ئىشق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

ئاشىق بولسا مەشۇقنى كۆرۈپ سۆزلىسۇن،
ئىچىدىكى سىرىنى بايان ئەيلىسۇن،
دۈشمەن بولسا قېشىدا ئەسلا بىلمىسۇن،
ئىشق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

تەڭرىم بەردى جانىۋارغا جۈپتى ـ يارىنى،
قانات بەردى ئۇلارغا، يوقتۇر سانىنى،
غېرىب ئاشىق تاپقاندىمۇ مۇندا يارىنى،
ئىشق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

ماڭا كەلدى يارىمنىڭ ھىجران پىراقى،
بۇ بېشىمدىن كەتمىدى يولىنىڭ يىراقى،
بۇ جېنىمنى كۆيدۈردى يارنىڭ پىراقى،
ئىشق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

بۇ دەريانى كۆرۈبان كۆڭلۈم شېشىلدى،
غازى مەشۇق ئويناشىپ سۇلار چىچىلدى،
ئاشىق ـ مەشۇق كەلگەندە كۆڭلۈم ئېچىلدى،
ھىجران ئىشق باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

شاھزادە يولىنى داۋام قىلدى. كەچ بولغاندا دامان شەھىرىگە كەلدى. ئۇ بىر سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، ئۆزىنىڭ تۆگىلىرى تۇرۇپتۇ. شاھزادە چاكارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن:
ــ شام شەھىرىگە بېرىپ كەلدىم. سودىگەرلەر كۆپ ئىكەن. سىلەر بۇ شەھەردە سودا قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن ئاتامدىن ماللارنىڭ باھاسىنى توختىتىشىپ كېلەي، ــ دېدى.
شاھزادە چاكارلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە خەزان شەھىرىگە

يېتىپ كەلدى. نىزامىددىن ئاخۇن ئوردىغا كىرىپ، ئاتىسىغا سالام قىلغاندىن كېيىن:

— شام شەھىرىگە ناھايىتى نۇرغۇن سودىگەرلەر كەپتۇ. بىزنىڭ سودىمىزغا خېرىدار ئازدەك قىلد-
دۇ. چاكارلار دامان شەھىرىدە قالدى. سىزگە بىر ئەرزىم بار. شۇنى يەتكۈزگىلى كەلدىم، — دېدى.

— قانداق ئەرزىڭ بار؟ — دېدى پادىشاھ.

— ئەي ئاتا، شام پادىشاھى ئۈچ يۈز ئاتمىش ۋەزىرى بىلەن بۇ شەھەرگە شىكارغا كەلمەكچى بولدى.
ئەگەر شام پادىشاھىنى شەھەرگە باشلىساق، بىزگە خەتەر يېتىدۇ. بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان بىر
لەڭگەر بار. ئۇ جايىنى ياسىتىپ قويساق، شام پادىشاھى كەلسە شۇ جايغا چۈشسە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا
بىزگىمۇ خەتەر يەتمەيدۇ، — دېدى شاھزادە.

پادىشاھ شاھزادىنىڭ پىكرىگە ماقۇل بولدى.

ئىككىنچى كۈنى شاھزادە بەش يۈز ئادەمنى باشلاپ بېرىپ، لەڭگەرنى ياساشقا كىرىشتى. يەتتە كۈن
ئىچىدە ئىككى مېھمانخانا، چوڭ بىر قورۇ ياسالدى. سەككىزىنچى كۈنى بەش يۈز ئادەمنى قايتۇرۇپ كەلدى.

شاھزادە ئىككى ھۇجرىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييار قىلدى. خوجا قاسىم دېگەن چاكارنى ئىككى
ئادەم بىلەن ئۇ يەردىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتتى. شاھزادە پادشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، دامان
شەھىرىگە يول ئالدى.

نىزامىددىن ئاخۇن بىر كۈن يول يۈرۈپ، دامان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ چاكارلىرىدىن سودى-
نىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. چاكارلار مالنىڭ يېرىمىنى سېتىپ بوپتۇ. شاھزادە چاكارلىرىغا:

— مەن شام شەھىرىگە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلەي. ئەگەر سودىگەرلەر يانغان بولسا، قالغان
سودىنى شۇ يەرگە ئاپىرايلى، — دەپ، تۆگىسىگە مىنىپ شامغا يول ئالدى.

شاھزادە شام شەھىرىگە كېلىپ، سارايۋەننىڭ ئۆيىگە چۈشتى. سارايۋەننىڭ خوتۇنى شاھزادىگە:

— سىزنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئېرىم تېخى زىنداندىن چىقمىدى. سىز
بىر ئامال قىلىپ ئېرىمنى زىنداندىن ئازاد قىلسىڭىز، — دېدى.

نىزامىددىن ئاخۇن:

— ئەنسىرىمەڭ، ئېرىڭىزنى زىنداندىن ئۆزۈم ئازاد قىلىمەن، — دەپ، سارايۋەننىڭ خوتۇنىغا ئىك-
كى يۈز تىللا بەردى.

يېرىم كېچە بولغاندا شاھزادە چارباغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى سۆگۈچ بىلەن باغقا كىردى.
شاھزادە مەلىكىنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلدى. ئىشىككە مىخ قېقىۋېتىپتۇ. شاھزادە: «ئىشىم چاتاق بول-
دى» دەپ ئەتراپىغا قارىدى. ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىدىن سۇس چۈشكەن يورۇقنى كۆردى. شاھزادە پەنجى-
رىدىن قارىدى. مەلىكە پەنجىرە ئالدىدا ياتقانىكەن. شاھزادە بەلۋېغىنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ ئۈستىگە تاش-
لىدى. مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ شاھزادىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى - دە، سىرتقا چىقتى.

مەلىكە شاھزادىنى كۆرۈپ:

— ئىشلار قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشلارنى دېگىنىڭىزدەك قىلدىم. بۈگۈن كەچ بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتەيلى.

— باغۋەن ئانا بىلەن گۈلجامالنى ئېلىۋالايلى.

— ئۇلارنى چاقىرساق، بىز خەتەرگە قالامدۇق؟

— مەن كەتسەم، باغۋەن ئانا بىلەن گۈلجامالنى ئۆلتۈرىدۇ. بىز بىلەن بىللە كەتسۇن، — دېدى رە-



ناخان.

ــ ئۇنداق بولسا سارايۋەننىمۇ ئېلىۋالايلى، تېز تەييار بولۇڭ. مەن ئۇنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ كېلەي، ــ دېدى شاھزادە.

نىزامىدىن ئاخۇن شۇنىڭدىن كېيىن زىندانغا باردى. قارىسا، زىندان بېگى خورەك تارتىپ ئۇخلاۋېـ تىپتۇ. نىزامىدىن ئاخۇن بىر خەنجەر ئۇرۇش بىلەنلا زىندان بېگىنى ئۆلۈم ئۇيقۇسىغا غەرق قىلدى، ئاندىن زىنداننىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ، سارايۋەننى قۇتقۇزدى.

بىر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندە، مەلىكە باغۋەن ئانا بىلەن گۈلجامالنى باشلاپ كەلدى. نىزامىدىن ئاخۇن مۇشۇ ۋاقىتتا سارايۋەننى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار چارباغدىن چىقىپ، سارايۋەننىڭ خوتۇن ـ بالىـ

لىرىنى ئالدى ـ دە، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. دەرۋازىۋەنلەر:

— كىم سىلەر؟ نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— مەن مەلىكە بولىمەن. بۇلار مېنىڭ خىزمەتچىلىرىم. بۇزرۇكۋارنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن. بىر سائەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز، — دېدى مەلىكە.

دەرۋازىۋەن ئۇلارنى شەھەردىن چىقىرىۋەتتى. شاھزادە تۆگىسىنى قويغان سارايغا كېلىپ، سارايۋەنگە:

— بۇ يەردە مەپىكەشلەر بارمۇ؟ — دېدى.

— مېنىڭ بىر مەپەم بار.

— ئون كۈنلۈك ھەققى قانچە؟

— بەش يۈز تىللا.

— ئون كۈنلۈك يولنى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە باسىدىغان مەپە بولسا، مىڭ تىللا بېرەتتىم، — دېدى شاھزادە.

شاھزادە سارايۋەندىن ئىككى مەپىنى ئېلىپ، يولغا راۋان بولدى.

ئۇلار شام ۋىلايىتىدىن چىقىپ بولغۇچە، شاھزادە سەل ئەندىشە قىلدى. مەلىكە شاھزادىگە قاراپ:

— ئەي شاھزادە، ناھايىتى غەمكىن كۆرۈنىسىزغۇ؟ نېمىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

نىزامىدىن ئاخۇن رەناخانغا قاراپ، دەرد بىلەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

بۇ پانىي ئالەم ـ دۇنيادا،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.
غەم بىلەن غەمخور بولۇپ،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.

يارىم كەلدى مېنىڭ بىلەن،
چارباغى يوللار بىلەن،
بىزلەر كەلدۇق ئارمان بىلەن،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.

كېچە ـ كۈندۈز نالە قىلىپ،
بۇ بېشىمنى غەمگە سېلىپ،
يارىم كەلدى سازىن ئېلىپ،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.

يارىم كەلدى يوللار بىلەن،
كېلىشمەككە باغۋەن بىلەن،
دۇشمەن قالدى ئارمان بىلەن،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.

يارىم كەلدى يەنە ـ يەنە،
قىزلىرى بار دانە ـ دانە،
ئوردا ئىچىدە بولدى زارە،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.

گۈللەر باشى ھەم تۇماندۇر،
يارىم كۆڭلى ھەم ئاماندۇر،
جۇدا بولماق ھەم ياماندۇر،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۈن.

نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، رەناخان خۇشال بولۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

سېنى دەپ بۇ كۈندە مەن شەھىرىمدىن ئايرىلدىم،
مېھرىبان ئاتا ـ ئانامدىن، باغۇگۈلدىن ئايرىلدىم،
كۆڭۈل دەردى ئىشقىدا مۇساپىر بولدۇم،
مېنىڭ يۈرگەن جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

رازى بولماي ئاتامدىن كۆڭلۇم ئارماندا،
قىزلار قالدى بېغىمدا، ھەسرەت، دەرماندا،
دوستلۇق يولى كەلتۈرگەن ياتتى زىنداندا،
مېنىڭ بارغان جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

ئاشىق يولىدا يۈرگەنلەر مەندەك بولمىسۇن،
ئاشىق بولسا شەھىرىدىن مەندەك تانمىسۇن،
ئاشىقلارنىڭ ۋەدىسى يالغان بولمىسۇن،
مېنىڭ يۈرگەن جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

مېنى مۇندا ئەپكەلدىڭ، جايىڭ بىلمەسمەن،
ئاشىق يولىنى كۆرۈبان ئوتتىن يانماسمەن،
زۇلۇم يەتسە بېشىمغا ھەرگىز يانماسمەن،
مېنىڭ بارغان جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

نىزامىدىن ئاخۇن رەناخانغا قاراپ دەرد بىلەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

سېنىڭ بارار جايىڭدا ئالتۇن ھۇجرام بار،
ئالتۇن تىللا تاملىرى، قىرىقتىن پەنجىر بار،
كىمخاب ـ ئەتلەس قۇراقتىن تورلۇك تۆشەك بار،
ئېلىم، خەلقىم، شەھىرىمنى خەبەر ئەيلىسەم.

سېنىڭ تۇرغان جايىڭدۇر ئالتۇن پەنجىرىلىك،
ئىشىكلىرى تىللادىن پولات زەنجىرلىك،
تۆت تەرەپتە تاشلىرى ئەينەك ـ گۆھەرلىك،
ئېلىم، خەلقىم ھۇجرامنى خەبەر ئەيلىسەم.

سېنىڭ ياتقان جايىڭدۇر ئون تۆت قەۋەتلىك،
سېنىڭ يېگەن غىزايىڭ شېرىن، لەززەتلىك،
سېنىڭ ھۇجراڭ تاملارى لەئەل ـ ياقۇتلۇق،
ئېلىم، خەلقىم شەھىرىمنى خەبەر ئەيلىسەم.

قىرىقتىن ئاپتۇۋا ھۇجرامدا تورلۇك ئېسىقلىق،
قىرىقتىن ئالتۇن پەتنۇسلار تەختتە قويۇقلۇق،
قىرىقتىن پانۇس ھۇجرامدا شاملار ئېسىقلىق،
ئېلىم، خەلقىم ھۇجرامنى خەبەر ئەيلىسەم.

قىرىقتىن سەكسەن بىساتىم ھۇجرامدا ئېسىقلىق،
قىرىقتىن سەكسەن تۆشەكتە تەكىيە قويۇقلۇق،
قەنت ـ گېزەكتە چايلىرىم ئوتتا قويۇقلۇق،
ئېلىم، خەلقىم ھۇجرامنى خەبەر ئەيلىسەم.



نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەلىكە خۇشال بولدى. رەناخان ئۆز مەملىكىتى-نىڭ چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كەينىگە قاراپ «ئۆز شەھىرىمدىن ئايرىلدىم» دەپ قايغۇردى. شاھزادە:

— سىز مەن بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمايدىغان ئوخشايسىز، — دەپ خاپا بولدى.

مەلىكە رەناخان:

— كىشى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلسا قايغۇرمامدۇ؟ ئۆز يۇرتىنى سېغىنمىغان ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ سىز مېنى شەھىرىمدىن ئەچىقىپلا تاشلىۋەتمەكچىمۇ؟ — دەپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

ئەھلىم ماڭا دۈشمەن بولدى،
ئاتا ـ ئانام نالان قىلدى،
قىزلار ئاندا غەمدە قالدى،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆڭلەر.

سېنى دەبان كەچتىم جاندىن،
باغۋەن بىلەن كەلدىم ئاندىن،
مېھىر ـ ۋاپا كۆرمەي سەندىن،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆڭلەر.

باشتا قىلغان سۆزۈڭ قالدى،
بۇگۇن يارىم مەندىن تاندى،
بارغان جايغا بېشى قايدى،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆڭلەر.

ئۆزۈڭ چاغلاپ مېنى ئالساڭ،
ئۆز شەھىرىڭگە يالغۇز بارساڭ،
مېنى مۇندا يالغۇز قويساڭ،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆڭلەر.





مەلىكە بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شاھزادە ئەپۇ سورىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن يۈرگەندىن كېيىن، ئۇممان دەرياسىغا يېتىپ كەلدى. شاھزادە مەپىكەشلەرنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇدى.

نىزامىدىن ئاخۇن بىلەن رەناخان دەريا بويىدا مۆگدىشىپ ئولتۇراتتى، بىر چاغدا دەريادىن بىر ساندۇق ئېقىپ كەلدى. ئۇلار بۇ ئىشقا ھەيران بولۇشتى. شاھزادە ساندۇقنى دەريادىن سۇزۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، يېقىن بارالمىدى. مەلىكە شاھزادىگە:

— نىزامىدىن ئاخۇن، بىز ھەربىرىمىز ساندۇققا ئارغامچا تاشلاپ باقايلى. ئۇ ساندۇقنى قايسىمىز تۇتالىساق، شۇنىڭ بولسۇن، — دېدى. مەلىكە بىلەن شاھزادە شۇنچە ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ، ساندۇقنى تۇتالمىدى. مەلىكە دەرياغا قاراپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى، نەزم:

دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ ئۇممان دەرياسى،
بۇ ساندۇقنى يەتكۈزگىن قادىر خۇدايى،
يېتىملارنىڭ يېشىدۇر مۇندا گۇۋاھى،
قۇدرىتىڭدىن جىمى شەيئى مەۋجۇتتۇر.

ئۈمىد بىلەن كېلىپمەن، ئۆزۈڭ نىجات بەر،
ئاققان دەريا ئۈستىدىن مۇندا نىجات بەر،
بۇ چۆرۈلگەن ساندۇققا ئۆزۈڭ بول رەھبەر،
قۇدرىتىڭدىن شەيئى مۇندا مەۋجۇتتۇر.

غېرىب بولۇپ يۇرتۇمدىن مۇندا ئايرىلدىم،
سېنىڭ قۇدرەت ئىلمىڭنى دەريادا كۆردۈم،
قۇدرەت سۈپەت يولۇڭدا ئىنتىزار تۇردۇم،
قۇدرىتىڭدىن جىمى شەيئى مەۋجۇتتۇر.

مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن شامال پەيدا بولدى. شامال ساندۇقنى دەريانىڭ قىرغىقىغا چىقاردى. شاھزادە ساندۇقنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئۇلار قارىسا، بۇ

غەلىتە ساندۇق ئىكەن. ساندۇقنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋىنىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن بولمىدى. شاھزادە مەلىكىگە:

— يولدىن قالمايلى. ئاتىڭىزنىڭ ئادەملىرى بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ساندۇق ئىچىدىن بايلىق چىقىسىغۇ مەيلى، ئەگەر بىرەر گۇناھكارنى ئۆلتۈرۈپ ساندۇققا سېلىپ قويغان بولسا، بىزگە خەتەر يېتىشى مۇمكىن. بىز يولىمىزغا ماڭايلى، — دېدى.

— بۇ ساندۇقنى ماڭا بەرسەڭلار، مەن شەھىرىمگە ئەكېتىپ يادىكار تۇتسام، — دېدى مەيكەش.

— ساڭا بەردۇق. بىز سەپەر ئۈستىدىكى ئادەم، ئۇنى قانداقمۇ ئەكېتىمىز؟ — دېدى شاھزادە.

مەيكەش خۇشال بولۇپ ساندۇقنى كۆتۈرمەكچى بولدى، بۇ چاغدا ساندۇقتىن ئاۋاز چىقتى. نەزم:

مېنى قايتۇرما شەھىرىڭگە،
قازا يەتتى بۇ بېشىمغا،
غەمنى سالما ئۆز بېشىڭغا،
بارغان جايغا مېنى قويغىن.

ساندۇق ئىچىدە كۆڭلۈم خەستە،
مېنىڭ كۆڭلۈم مۇندا غەمدە،
مەن تۇرارمەن ساندۇق ئىچىدە،
بارغان جايغا مېنى قويغىن.

تەپسەڭ ساندۇق ھەم ئاچىلۇر،
گۈل بېشىمغا ھەم سانجىلۇر،
دۈشمەن بولسا ئوتقا سالۇر،
بارغان جايغا مېنى قويغىن.

بىزلەر كەلدۇق قەبرىستاندىن،
سېنىڭ جايىڭ قاي شەھەردىن؟

مېنى قويما كېتەر يولدىن،
كەتكەن جايغا مېنى قويغىن.

دوستلار بولساڭ ساندۇق ئاچقىن،
دۈشمەن بولساڭ مېنى قويغىن،
ئۆۋالىمغا سەن قالمىغىن،
بارغان جايغا مېنى قويغىن.

ئاتام كەلسە مېنى تۇتار،
گۈل بېشىمغا ئوتنى ياقار،
ئەزىز جېنىم تەندىن چىقار،
بارغان يولغا مېنى قويغىن.

ئەزىز جېنىم ھايات بولسا،
بارغان جايدا غېرىب بولسا،
ئاخىر بىر كۈن يارنى كۆرسە،
كېتەر يولغا مېنى قويغىن.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ مەيكەشنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى.

— ئەي مەلىكەم، مەن سىزلەرنى يىگىرمە كۈنلۈك يەرگە ئەكەلدىم. بۇ خىزمىتىم ئۈچۈن ساندۇقنى ماڭا بەرسىڭىز، — دېدى مەيكەش رەناخانغا.

مەلىكە ساندۇقنى مەيكەشكە بەرمەكچى بولدى. ساندۇق ئىچىدىن يەنە ئاۋاز چىقتى. نەزم:

مېنىڭ كۆڭلۈم مۇندا خەستى،
بىر قىز باردۇر ساندۇق ئاستى،
قولاق سالغىن سۆزۈم راستى،
بۇ جېنىمغا ئۆۋال قىلما.

قىزلار كەلدى ساندۇق بىلەن،
دەريا ئىچىدە دەرمان بىلەن،

كېتەر ئۆمرۈم ئارمان بىلەن،
قىزلىرىڭنى ئوتتا قويما.

مېنى قويغىن دەريا بىلەن،
ئۆزۈڭ يانغىن يارىڭ بىلەن،
جۇدا بولدۇم يارىم بىلەن،
قىزلىرىڭنى ئۇندا قويما.

ھېچكىم مەندەك دەرمان بولماس،
غېرىبلارنىڭ ھالىنى بىلمەس،
قىزنىڭ قەدرىنى نادان بىلمەس،
قىزلىرىڭنى ئۇتتا قويما.

ساندۇق ئىچىدە ئۆزۈم ھەيران،
شەھىرىم قالدى يوقتۇر دەرمان،
كەلگەن جايىم دەريا ئۇمان،
قىزلىرىڭنى ئۇتتا قويما.

مېنى قويما دۈشمەن يولىغا،
ئەمدى كېتەي مۇندىن سايغا،
قارار تولدى كەلگەن ئايغا،
قىزلىرىڭنى ئۇتقا سالما.

مەلىكە رەنا بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇنغا:
— ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىڭ، — دېدى.
شاھزادە شۇنچە ھەپىلەشسىمۇ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچالمىدى. ساندۇقتىن يەنە ئاۋاز كەلدى. نەزم:

ھىممەت بولسا كۆڭلۈڭدە ساندۇق ئېچىلۇر،
دۇررى گۆھەر تىللادىن ئۇنچە چېچىلۇر،
مېنى كۆرگەن شۇ يارنىڭ كۆڭلى ئېچىلۇر،
ئىشق يولىنى بىزلەرگە بايان ئەيلىگىن.

كۆپ بالالار يېتىپتۇر ئون تۆت يېشىمدا،
تۇرلۇك سەۋدا كېلىپتۇر مېنىڭ بېشىمغا،
بىر خۇدادىن ئۆزگەسى يوقتۇر قېشىمدا،
پىنھان سۆزنى بىزلەرگە بايان ئەيلىگىن.

مېنىڭ مۇندا كەلمەكىم تۇرلۇك مۇشەققەت،
يارىم ئۇچۇن تارتايىن رەنجىيۇ مېھنەت،
يارىم بولسا ھەر جايدا بولسۇن سالامەت،
ئىشق ـ ھىجران يوللاردىن خەۋەر ئەيلىگىن.

مېنىڭ كەلگەن يوللىرىم ئۇمان دەرياسى،
تۇپراق چېچىپ يىغلىدى ئەزىز ئانىسى،
مېنى سىزگە يەتكۈزدى قۇدرەتلىك تەڭرى،
مېنىڭ كۆرگەن دەردىمنى بايان ئەيلەيىن.

قىرىق كۈن بولدى دەريادا يىغلاپ كېلۇرمەن،
ساندۇق ئىچىدە دەردىمنى ھەققە تۆكەرمەن،
ئۇمان دەريا تاشلارغا ھالىم ئېيتارمەن،
مېنىڭ كۆرگەن دەردىمنى بايان ئەيلەيىن.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
— ئۇ قىزدىن ئەسلىي نەسەبىنى سوراپ، ئاندىن ساندۇقنى ئاچايلى، — دەپ، بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

سېنىڭ نەسلىڭ بىزلەرگە بايان ئەيلىگىن،
سېنىڭ كەلگەن جايىڭنى ئايان ئەيلىگىن،
ئىچ سىرىڭنى بىزلەرگە ئىزھار ئەيلىگىن،
سېنىڭ كەلگەن شەھىرىڭنى بايان ئەيلىگىن.

نەچچە كۈنلۈك يول تۇرۇر سېنىڭ ماكانىڭ؟
نە سەۋەبتىن بەندتە مۇندا كەلگەنىڭ؟
قانداق گۇناھ ئۆتكەندۇر سېنىڭ بېشىڭدىن؟
بىزگە خەۋەر بەرگەيسەن، بىزلەر ئاڭلايىن.

سېنىڭ ئاندا ماكانىڭ قايسى شەھەردۇر؟
ئاتا ـ ئاناڭ نەسلىنى بىزلەرگە بىلدۇر،
ئۆتكەن ئىشنى بېشىڭدىن سەن مۇندا بىلدۇر،
سېنىڭ كەلگەن جايىڭنى بايان ئەيلىگىن.

سېنى كۆرمەي بۇ تەندە قالمىدى تاقەت،
غەنىيمەتتۇر، بىزلەرگە بولغايسەن ئۇلپەت،
گۈل بېغىڭغا كېلىپتۇر مۇنداق بىر زۇلمەت،
راستتىن سۆزنى ئېيتايىن، قەدرىڭ بىلەيىن.

نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ساندۇقتىن يەنە ئاۋاز چىقتى. نەزم:

مېنى سورىساڭ جاماس ھاكىم شاھلىرى،
ئۈچ يۈز ئاتمىش بەگ بىلەن تۆت يۈز چاكارلىرى،
باغۋەن بىلەن ئوينارلار قىرىقتىن قىزلىرى،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۇرمەن.

مېنىڭ بىلەن ئوينايدۇر قىرىقتىن كېنىزەك،
قىرىقتىن بىسات ئۈستىدە تۇرلۇك ئالامەت،
ھالۋا بىلەن قەنتلەرنى چاي بىلەن سۈتلەپ،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۇرمەن.

ماڭا بولدى بۇ قىسمەت ھاۋايى ـ ھەۋەستىن،
بۇلبۇل سايراپ چىقتىلەر ئالتۇن قەپەستىن،
ماڭا ھىجران تەگدىلەر تۇرلۇك نەپەستىن،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۇرمەن.

ھىجران ئىشقى بىزلەرنى بۇ يولغا سالدى،
ئاتام مېنى بەند قىلىپ ساندۇققا سالدى،
مۇنداق زۇلمەت باشىمغا شۇ كۈندە كەلدى،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۇرمەن.

ساندۇق بىلەن تاشلىدى دەريا ئۈممانغا،
يىغلاپ دەردىم ئەيلىدىم باغۋەن ئانامغا،
بىزدىن سالام ئېيتىڭلار، ئەزىز ئانامغا،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۇرمەن.

شاھزادە بىلەن مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ:
ــ بۇ بىچارە بىزگە ئوخشاش ئىشق دەردىدە بۇ بالاغا قاپتۇ. ئاشىقنىڭ دەردىنى ئاشىق، ئالتۇن قەپەسنىڭ قەدرىنى بۇلبۇل بىلىدۇ، ــ دەپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.
شاھزادە بىلەن مەلىكە ساندۇق ئىچىدە بىر ئاي يۈزلۈك مەلىكىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ھەيران بولۇپ:
ــ ئەي مەلىكە، قانداق قىلىپ ساندۇق ئىچىگە بەند قىلىندىڭىز؟ ئىسمىڭىز كىم؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ ماڭا بىر پىيالە سۇ بېرىڭلار، ئاندىن كەچۈرمىشلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلاي، ــ دېدى مەلىكە.



شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بىر پىيالە سۇ ئېلىپ كەلدى. مەلىكە سۇنى ئىچكەندىن كېيىن، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزم:

مېنى سورىساڭ جاماس شاھنىڭ قىزىمەن،
بىر جوھۇتنىڭ ئوغلىغا ئاشىق بولۇپمەن،
تۆت يىل مۇددەت بولغاندا كېلىپمەن،
قىسمەت بىزگە شۇ كۈنده ئىزھار ئەيلىدى.

مېنىڭ يۈرگەن شەھىرىمدە قىرىقتىن قىز بار،
كېچىلىرى يۈرمەككە قەمەر يارىم بار،
مېنىڭ تۇرغان بېغىمدا تۇرلۇك ئانار بار،
بىزگە شۇنداق قىسمەتلەر ئىزھار ئەيلىدى.

ئوتتۇز كېچە، ئوتتۇز كۈن دەريادا يۈردۇم،
ساندۇق ئىچىدە ئۆزۈمنى ئۆلەر چاغلىدىم،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپان ھەققە سېغىندىم،
مۇنداق قىسمەت بىزلەرگە تەقدىر ئەيلىدى.

مېنىڭ يېشىم يەتكەندۇر تېخى ئون تۆتكە،
مېنىڭ ياتقان جايلىرىم تەخت ئۈستىدە،
چەندان يىگىت يىغلايدۇر مېنىڭ قەستىمدە،
كۆرمەي ئانار بېغىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

رەھىم ئەتمىدى بىزلەرگە ئاتا ـ ئانىمىز،
ھىجران ئىشقى دەردىدە يىغلاپ ـ كۆلەرمىز،
ياشلىق دەۋران كېتىپتۇر، قايدا بارۇرمىز؟
تەقدىر ـ قىسمەت بىزلەرنى مۇندا ئەيلىدى.

سورىساڭ، مېنىڭ ئېتىمنى گۈلى پىراقدۇر،
مېنى كۆرگەن ئاشىقلار ھىجران داغىدۇر،
مېنىڭ تۇتقان گۈل يارىم چەندان زاردۇر،
ئىشق ھىجران بىزلەرنى مۇندا ئەيلىدى.

مەلىكە رەنا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ بىزمۇ سىزگە ئوخشاش ئىشق دەردىدە مۇساپىردۇرمىز. سىزمۇ بىز بىلەن بىللە مېڭىڭ. ئۆلسەك تەڭ ئۆلىمىز، تىرىلسەك تەڭ تىرىلىمىز. ئۇلۇغ تەڭرىم بىزنى ئىشق يولىدا مۇساپىر قىلغان بولسا، بىزگە ئامال يوق، ــ دەپ، مەلىكە گۈلپىراقنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، شاھزادە ياساتقان لەڭگەرنىڭ قارىسىنى كۆردى. ئۇلار لەڭگەرگە يېقىن كەلگەندە خوجا قاسىم ئالدىغا چىقىپ، ھۇجرىغا باشلاپ كىردى. شاھزادە ئىككى مەلىكىنى ئىككى ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇردى. سارايۋەننى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بىر قەسىرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مەجلىس قىلغاندىن كېيىن، شاھزادە يولغا چىقماقچى بولدى. مەلىكە رەنا:

ــ نەگە بارىسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ مەن سودامنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاچ، شام شەھىرىگە بېرىپ كېلەي، ــ دېدى شاھزادە.

مەلىكە رەنا ماقۇل بولدى. شاھزادە باغۋەن ئاتا، گۈلجامال ۋە خوجا قاسىمنى ئىككى مەلىكىنىڭ خىزمىتىدە قويۇپ شامغا يۈرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا مەلىكە گۈلپىراق شاھزادىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزم:

مېنىڭ مۇندا كەلگەنىمنى ھېچكىم بىلمىسۇن،
ئۇممان دەريا باشىغە خەلقىم كەلمىسۇن،
مېنى ئىزدەپ دوست ـ يارىم ھەيران بولمىسۇن،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇممانغا.

مېنى سالغان ساندۇقنى ئېقىپ كەتتى، دەڭ،
دەريا ئىچىدە چۆرۈلۈپ يىغلاپ ئۆتتى، دەڭ،
ئۇممان دەريا مەنزىلى جايغا يەتتى، دەڭ،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇممانغا.

مېنىڭ خەلقىم سىزدىن مېنى سورارلەر،
كۆرگەن بولسا دەريانىڭ يولىن ئىزدەرلەر،
ئەزىز ئانام يىغلابان ياشىن تۆكەرلەر،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇممانغا.

دەريا بىلەن كەتكەندۇر تاغلار ئارىسى،
بۇ دەريادىن يىتكەندۇر قىزلار قارىسى،
مېھىر - شەپقەت قىلمىدى قىزنىڭ ئاتىسى،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇممانغا.

مېنىڭ تۇرغان شەھىرىمدە گۇلپەر ئانام بار،
كېچە - كۇندۇز ياد ئەتكەن قەمەر يارىم بار،
مېنى بەندكە سالدۇرغان جاماس ئاتام بار،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇممانغا.

مېنىڭ تۇرغان شەھىرىمنى دۇشمەن بىلمىسۇن،
مېنى ئىزدەپ بۇ يەردە ئوتقا سالمىسۇن،
غېرىبلىقنىڭ شەھىرىدە مېنى قويمىسۇن،
مېنى كەتتى دېگەيسىز، دەريا ئۇممانغا.

مەلىكە گۇلپىراق بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شاھزادە ئۇنىڭغا:
— ئەي مەلىكە، سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ھېچكىمگە تىنمايمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى.
مەلىكە رەنا ھۇجرىدىن چىقىپ نىزامىدىن ئاخۇنغا:
— مېنى ئاتا - ئانامدىن ئايرىپ، مۇساپىر قىلدىڭىز. ئۆز شەھىرىمگە بارغاندا مېھرىبان ئانامغا، مەخسۇتخان ئاكامغا مەندىن سالام ئېيتىڭ، — دەپ زار - زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

مۇندىن بارساڭ ئۆز شەھرىمگە،
مېنى قويدۇڭ داۋانچىڭدا.
غېرىب بولدۇم بۇ شەھرىڭدە،
سالام ئېيتىڭ گۇللىرىمگە.

كۆڭۈل بىزنى ۋەيران قىلدى،
ئانىسىدىن جۇدا قىلدى،
بىزنى مۇندا غېرىب قىلدى،
سالام ئېيتىڭ يارەنىمغا.

ئاتام بىرىگە پەرۋىش قىلغان،
ئانام غەمدە ئوتتا قالغان،
كېنىزەكلەر غېرىب بولغان،
سالام ئېيتىڭ قىزلىرىمغا.

بىزلەر تۇرغان چارباغىم،
ھۇجرام بېشى كۆپ ئانارىم،
ئوتتا كۆيەر بار ئەزايىم،
سالام ئېيتىڭ گۇللىرىمگە.

ئاتام بىزدىن كۆڭۈل ئۈزسۇن،
ئانام مەندىن رازى بولسۇن،
بىز غېرىبنى ھەم ياد ئەتسۇن،
سالام ئېيتىڭ گۇل ئانامغا.

مەخسۇتخاندىن ئېيتتىم سۆزنى،
ياخشى بىلدىم مۇندا سىزنى،
خۇدا سالدى ئىككىمىزنى،
سالام ئېيتىڭ گۇلنارىمغا.

مەلىكە رەناخان يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شاھزادە مەلىكىگە:
— بەك قايغۇرۇپ كەتمەڭ، مەن تۆت - بەش كۇندە قايتىپ كېلىمەن، — دەپ، دەرد بىلەن بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزم:

مېنى مۇندا كەتتى دەپ كۆڭلۈڭ سۇندۇرما،
دۇشمەنلەرگە سىرىڭنى ھەرگىز بىلدۈرمە،
غېرىبلىقنىڭ دەردىنى كىشىگە بىلدۈرمە،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، نازۇك گۇل يارىم.

بۈگۈن مۇندا كېتەرمەن سېنىڭ ھىجرىڭدا،
كېچە - كۇندۇز يىغلايمەن قارا تۈنۈڭدە،
ئىسار قىلدىم باشىمنى يارىم يولىدا،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۇل يارىم.

سىنى دەپ كەچتىم مەن ئاتا ـ ئانامدىن،
ھىجران ئىشقى يولىدا كەچتىم ئەھلىمدىن،

سەكسەن تۆگە سەرپ ئەتتىم يارىم دەشتىڭدىن،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۇل يارىم.
بىزلەر قايتىپ كەلگۈچە ھۇجرامدا تۇرغىن،
كىلەر مۇددەت قاراردا يولۇمغا باققىن،
بىر خۇدادىن ئۆزگىنى ئارقا تاشلىغىن،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۇل يارىم.

مۇددەت قارار توشماستا قايتىپ كېلۇرمەن،
گۇل بېشىمدىن جېنىمنى نىسار قىلۇرمەن،
سىنى كۆرۈپ ھالىمنى ساڭا تۆكەرمەن،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۇل يارىم.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن مەلىكە رەناخان بىلەن زار ـ زار يىغلاشقان ھالدا خوشلىشىپ، شامغا قاراپ راۋان بولدى.



# بوز يىگىت

ھەممىدىن خەۋەردار كىشىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىشۇرلەركى، تەڭرىتېغى ئېتەكلىرىدىكى ئىككى ئىقلىمنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇللاخان ئىدى. ئۇنىڭ تەختى - تاجى، ھېسابسىز مال - مۈلۈك ۋە دۇنياسى بار، بىراق ئىزىنى باسقۇدەك پەرزەنتى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن تولىمۇ زارلىناتتى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شاھنىڭ ئاھ - زارى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، ئاي - كۈنى توشۇپ بىر ئوغۇل تەۋەللۇت قىلدى. خان يۇرتقا ئات چېپىي بېرىپ، بالىسىنىڭ ئىسمىنى بوزيىگىت قويدى.

ئابدۇللاخاننىڭ تابىل ئىسىملىك بىر ھۆرمەتلىك ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ھەم ئابدۇللاخاننىڭ خوتۇنى بىلەن بىر كۈندە، بىر ۋاقىتتا بىر ئوغۇل تۇغدى. ۋەزىر بالىسىنىڭ ئىسمىنى كىمەن قويدى.

بوزيىگىت بىلەن كىمەن كىچىكىدىن تارتىپلا ئىجىل - ئىناق، ھەر ئىشنى، ھەرنېمىنى تەڭ كۆرىدىغان دوستلاردىن بولۇپ ئۆستى. ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى بوزيىگىت شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، بىر كۆرگەن كىشى ھەيران قېلىپ «يەنە بىر قېتىم كۆرسەم» دەيتتى، ئارمان قىلاتتى. بوزيىگىت بىلەن كىمەن كىچىكىدىن ئەقىل - ئىدراك، پەم - پاراسەت، باتۇرلۇقتا تەڭداشسىز ۋە بىر - بىرىگە چىن مېھرىبان ئىدى.

بوزيىگىت ئون يەتتە ياشقا تولدى. شۇ يىلىنىڭ بىر كۈنى كېچىدە ئۇ تازا شېرىن ئۇيقۇدا يېتىپ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر خۇش قەدەم، خۇش سۇرەت قىزنى كۆردى. بوزيىگىت كۆز تىكىپ قارىسا، بۇ بىر توپ قىزلارنىڭ قوللىرىدا بۇلبۇل، تۇتىقۇشلار خەندان ئۇرۇپ سايرىشاتتى. بۇ قىزلار بولسا بىر خۇش رەپتار پەرى قىزنى ئارىغا ئېلىپ يۇرەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن بوزيىگىت ھەيران بولدى. شۇئان ھېلىقى پەرى قىز بوزيىگىتنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇلبۇلدەك خۇش ئاۋازى بىلەن بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

كۈندە يىغلاپ، كۈندە زار،
مەن يۈزۈڭگە ئىنتىزار.
نەدە ئۆزۈڭ، سۆيگەن يار،
مېنى شۇنداق قىلما زار.

غايىبمۇسەن، جان يىگىت،
يىگىت مۇنداق باتۇرمۇ؟
كېيىك كۆرسە ئوۋلاشقا،
ئوقياسىنى ئاتۇرمۇ؟

بىر يىل بولدى يانارمەن،
ئۆتكەن كۈننى سانارمەن.
ئەس - ھوشۇمدىن ئايرىلدىم،
ساڭا قاچان قانارمەن؟

شەھرى بوستان بۇلبۇلى،
گۈلىستاننىڭ بىر گۈلى.
دەريا كېچىپ، تاغ ئېشىپ،
بىزنى ئىزدەك بىر يولى.

بوز يىگىتنىڭ قايتۇرۇپ بەرگەن جاۋابى:

نالىمىغىن، جېنىم يار،
تەڭرىدىن رەھمەت ياغار،
مۇراد بىر كۈن يۈز ئاچار،
سەۋر قىلساڭ بولاتتى.

ئاشىقلار زارلاپ ئۆتەر،
تەڭرىدىن رەھمەت كۈتەر،
مۇرادقا بىر كۈن يېتەر،
سەۋر قىلساڭ بولاتتى.

سەۋر قىلماي ئىش پۈتمەس،
مەزگىلسىز ئەرزىڭ يەتمەس،
كۆرەرسەن مەزگىل بولسا،
سەۋر قىلساڭ بولاتتى.

بۇرۇن ئۆتكەن جۈپلەردەك،
ئەقىل تاپساڭ بولاتتى.
دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
يىغلىمىساڭ بولاتتى.



ئەلقىسسە، بوزيىگىت ئويغاندى. قارىسا، چۈشىدە كۆرگەن خۇش سۈرەت پەرى قىز يېنىدا يوق. ئۇ بىر يىلغىچە زەپىرانەدەك سارغايدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭدىن كۆپ سورىدى. بىراق ئۇ زادىلا ئېيتمىدى. ئىككىنچى يىلى بوزيىگىت ئون سەككىز ياشقا تولدى. ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە ھېلىقى پەرى قىز زاھىر بولدى. قىز خۇددى بۇرۇنقىدەكلا زارلىنىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆپتىن بېرى ساقلايمەن،
كېلەرمۇ دەپ ئويلايمەن.
خەۋىرىڭ يوق، ئۆزۈڭ يوق،
سالامنامە ـ سۆزۈڭ يوق.

غاپىل بولما يىگىتىم،
يىگىت شۇنداق باتۇرمۇ؟
جۈرئەت قىلماي كۈنۈتۈن،
سۈكۈت قىلغان باتۇرمۇ؟

مەن يولۇڭغا ئىنتىزار،
مەيلىڭ بولسا ئىزدىۋال.
مەن بىر شاھنىڭ يالغۇزى،
ئىزدەپ مېنى تېپىۋال.

كېلۇرمۇ دەپ قارايمەن،
ئۈچ يىل شەرتنى ساقلايمەن.

يۈزۈڭنى بىر كۆرمىسەم،
قانداق چىداپ تۇرارمەن.

شەرتنى راستتىن ساقلايمەن،
كېلىدۇ دەپ يوقلايمەن.
خەۋىرىڭ يوق، ئۆزۈڭ يوق،
قاراپ ھېچ تاپالمايمەن.

ئاتا بىلەن ئانىسى،
رۇخسەت بەرمەس بولارمۇ؟
چۈشىدە كۆرگەن يارىنى،
كېلىپ كۆرمەس بولارمۇ؟

سېغىنىشتا بولدۇم زار،
گۈل يۈزۈڭگە ئىنتىزار.
مەن يالغۇزنى يىغلىتىپ،
نەدە ئۆزۈڭ ئاشىق يار؟

بوزيىگىتنىڭ جاۋابى:

بىر خۇش سۈرەت نازىنىنسەن،
چۈشلىرىمدە ھازىرسەن.
بىر مۇقەددەس جانانسەن،
دىل بېغىمدا باھارسەن.

سەن بىر گۈزەل يارىمسەن،
بۇلبۇلۇم سەن، تارىمسەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمسەن،
زىمىستاندا يارىمسەن.

بۇلتۇر كەلدىڭ قىشىمغا،
سايلار تولدى يېشىمغا.

قايغۇ بىلەن ئوت سالدىڭ،
مېنىڭ جىمجىت بېشىمغا.

قەيەرلىك سەن، يېرىڭ ئېيت،
ئەل ـ يۇرتۇڭنى بىلمەيمەن.
ئىسمىڭنى ئېيت، ئەي پەرى،
چوقۇم سېنى ئىزدەيمەن.

بۇلتۇر غايىب بولدۇڭ سەن،
يەنە غايىب بولامسەن؟
......
......

بوزيىگىت سورىغان سوئالغا قىز نەزم بىلەن شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

ئاتقا مىنىپ چىققىن سەن،
ئېيتقان سۆزنى ئۇققىن سەن.
مېنى قوبۇل كۆرسەڭ سەن،
ئىزدەپ يولغا چىققىن سەن!

چۈشتە قوشقان خۇدايىم، جېنىڭ جانغا قوشۇلسا،
كۆندۈز بىزنى قوشماسمۇ؟! سەن ھەقىقىي يار بولساڭ.
تۈن ـ كېچىدە ئاي ـ يۇلتۇز، مېنىڭ ئۈچۈن زار بولساڭ،
بىزگە يورۇق چاچماسمۇ؟ رۇم شەھرىدىن تاپارسەن.

ئەلقىسسە، بوزيىگىت ئويغاندى. قارىسا، چۈشىدە كۆرگەن خۇش سۈرەت يېنىدا يوق. شۇنىڭدىن بۇيان بوزيىگىت تاقەت قىلالمىدى. ئاش يېمىدى، سۇ ئىچمىدى، تېگى يوق ئوي ـ خىياللارغا چۆكتى. ئۇ پەقەت دوستى كىمەنگە كېڭەش سالدى. ئۇنىڭغا بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

بىر خۇش سۈرەت كۆردۈممەن، بۇ قايغۇدا قالغانمەن.
ھەيران بولۇپ تۇردۇممەن. سەندىن بۆلەك دوستۇم يوق،
مەسلىھەت بەر، جان دوستۇم، دىلغا سېنى يازغانمەن.
ئەقىل ئىزدەپ يۈردۈممەن. ھەمراھىم يوق كېتەرگە،
قايغۇ چەكتىم ھەر كۈنى، دەرمانىم يوق يېتەرگە.
يول تاپالماي زار بولدۇم. يېقىن دوستۇم سەن ئىدىڭ،
ماقۇل كۆرسەڭ، جان دوستۇم. يول كۆرسەتكىن سەپەرگە.
قىزنى ئىزدەشتۇر ئويۇم. يولدىشىم يوق ئېيتقىلى،
قايغۇ قوندى بېشىمغا، دەرمانىم يوق كەتكىلى.
يول تاپالماي بولدۇم زار. جان يولدىشىم سەن ئىدىڭ،
ماقۇل كۆرسەڭ، جان دوستۇم، پېتىنمىدىم ئېيتقىلى.
سەپەر قىلار ئويۇم بار. بۇ بالاغا يولۇقتۇم،
كەتمەس قايغۇ چۈشكەندۇر، دەرمانىم يوق، جان دوستۇم.
چارە تاپقىن، جان دوستۇم. ئۇنى ئىزدەپ ئۆلسەم گەر،
بىر يىل بولدى يانغانمەن، ئارمانىم يوق، جان دوستۇم!

كىمەن بوزيىگىتنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ، دوستى ئۈچۈن كۆيۈپ يىغلىدى. ئاندىن مۇنداق نەزم ئوقۇدى:

ماقۇل دوستۇم بارغايمىز، تەقدىر بولسا ئۆلەرمىز،
ھەق سالغاننى كۆرگەيمىز. ھېچبىر چارە بولمىسا،
جان يولۇڭدا تەسەددۇق، ھەق يازغاننى كۆرەرمىز.
خىزمىتىڭدە يۈرگەيمىز. سەن بىلەن تەڭ بارغايمەن،
ئاللا يازغان تەقدىرگە، بىر كىمگە بار، دېمەيمەن.
نە چارە بار بەندىدە؟ مەن يولۇڭدا قۇربانمەن،
دوستى كېچەر جېنىدىن، يالغانچى دوست بولمايمەن.
دوستىغا قايغۇ كەلگەندە.

ئەلقىسسە، بوزيىگىت دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى. ئىككىسى ئىككى خىزمەتكار ئېلىپ، ئىككى تۆگىگە ئالتۇن ـ كۆمۈش، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئارتتى. ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، ئاللاتائالادىن مەدەت تىلەپ، كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. بىر مەزگىل يول يۈردى، ئاندىن خۇدايىتائالاغا

يىغلاپ مۇنۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

باشنى بەرگەن ئاللاھىم،
رىزقى بەرسە كېرەكتى؟
تەن ياراتقان ئاللاھىم،
ساقلىق بەرسە كېرەكتى؟
ئەقىل بەرگەن خۇدايىم،
سەۋەب قىلسا بولاتتى.
جان ـ نان بەرگەن ئاللاھىم،
ئۆمۈر بەرسە بولاتتى.
جان ياراتقان ئاللاھىم،
ئۆزى ساقلاش كېرەكتى.
قايىسى يەردە بولسىمۇ،
مەدەت بەرسە بولاتتى.
پۇتنى بەرگەن ئاللاھىم،
قۇۋۋەت بەرسە كېرەكتى.
ئەقىل بەرگەن ئاللاھىم،
مەدەتلىرى كېرەكتى.
بىز يوق ئىدۇق، بار قىلغان،
تەن ياراتقان، جان بەرگەن.
ئىشەنچ قىلدۇق بىز سىزگە،
يولباشچىمىز ئۆزىڭىز.
ھەر بىر تۈرلۈك بالادىن،
ساقلىغۇچى ئۆزىڭىز!

ئەلقىسسە، بوزيىگىت بىلەن كىمەن قانچە ـ قانچە مەنزىللەرنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، تاغۇ ـ داۋانلارنى ئېشىپ، مايمۇنلار شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. شۇ ھامان ئۇلارنى مايمۇنلار تۇتۇۋالدى. نۆۋەتمۇ ـ نۆۋەت يالۋۇرۇپ ـ يېلىنىپ رۇخسەت سورىسا قويۇپ بەرمىدى. ئۇلار مايمۇنلارغا ئۈچ يىل تۇتقۇن بولدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى بارلىق نەرسە ـ كېرەك، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى تاشلاپ، كېمە ياسىتىپ كېمىگە چۈشۈپ قاچماقچى بولۇپ بالھۇن شەھىرىگە كەلدى. بۇ يەردە كېمە ياسىتىپ دەريا بىلەن قاچتى. ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى مايمۇن شاھىنىڭ كىشىلىرى قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى مايمۇن شەھىرىگە ئەكەتتى. نەچچە ـ نەچچە رۇخسەت سورىسا بەرمىدى. مايمۇنلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆز



ئېلىگە ئادەمزاتتىن پادشاھ قوياتتى. شۇ سەۋەبلىك بۇ مايمۇنلار شەھىرىنىڭ شاھى ــ بوزيىگىتتەك ئادەمزات شاھزادە ئىدى. ئېنىقكى، مايمۇنلار شاھنى ئۆز جىنسىدىن قويسا ئوقتى بەرىكەت تاپمايتتى. شۇڭا، شاھنى ئادەمزاتتىن قوياتتى. ئۇلارنىڭ بوزيىگىتنى زىندانغا سېلىشقا كۆزى قىيمىدى. قېچىپ كەتمىسۇن دەپ كۆزەتچىلەرنى قويدى. بۇ ھالدا قالغاندا بوزيىگىت پۇشايمان قىلىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئېگىز تاغقا يولۇقتۇق،
ئۆتمەك بىزگە قايدىدۇر؟
تۆمۈر تورغا سولاندۇق،
چىقماق بىزگە قايدىدۇر؟
قىيىن يولغا يولۇقتۇق،
قۇتۇلماققا چارە يوق.
قانداق خەققە يولۇقتۇق،
يۈزىن ئادەم كۆرگۈسىز.
يولغا كۆزلەر قارالغان،
قەدەم بېسىپ يۈرگۈسىز.
چۈشتى زەنجىر بوينۇمغا،
ئاياغ بىلەن يۈرگۈسىز.
مەخلۇقلارغا يولۇقتۇق،
ۋەھشىيلەرگە يولۇقتۇق.

مېھىر ـ شەپقەت بىلمەستەك،
كۆيگەن ئوتقا چۈشۈپتۇق،
سۇ قۇيغانغا ئۆچمەستەك
يېلىنغانغا بولمىدى،
رەھىمسىزگە يولۇقتۇق،
يىغلىغانغا بولمىدى.
بۇ بالادىن قۇتۇلۇپ،
يول يۈرەر كۈن بولارمۇ؟
ئاتا بىلەن ئانىنى،
بىر كۆرەر كۈن بولارمۇ؟
بۇ نە ھەسرەت يارەنلەر،
بۇ نە قىسمەت يارەنلەر.
خان بېشىمىز قۇل بولدى،
نېچۈك ئامال، يارەنلەر؟



ئەلقىسسە، بوزيىگىت بىلەن كېمەن مايمۇنلار ئېلىدە يەنە ئۈچ يىل تۇتقۇن بولدى. ئاندىن سوڭرە قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇلار كېمىگە چۈشۈپ راۋان بولدى. بوز يىگىت كېتىۋېتىپ خۇداغا سېغىنىپ بىر مۇناجات ئوقۇدى:

ھەققە بويۇن سۇنغانمەن،
زار سەرگەردان بولغانمەن.
مەندەك ئاجىز قۇلۇڭنى،
ئۆزۈڭ ساقلا، ئەي ئاللا!
سەنسىز بىزگە دەرمان يوق،
ئەي ئالەمگە رەھنەما،
مۇشۇ قانلىق دەريادا،
ئۆزۈڭ ساقلا، ئەي ئاللا!

تەۋەككۇل ئالەم پەيلىدىن،
يانماي ئىشقى يولىدىن،
كەچسەم قانلىق دەريانى،
ئۆزۈڭ ساقلا، ئەي ئاللا!
ئارقىمىزدا دۈشمەن بار،
ئالدىمىزدا گۈلشەن بار.
غېرىبلارنىڭ پاناھى،
ئۆزۈڭ ساقلا، ئەي ئاللا!

بوزيىگىت بىلەن كېمەنگە قارشى بىر كېمە كەلدى. بۇ ئىككى غېرىب: «بىز بىچارىلەرنى يەنە بىر ـ نېمىگە گىرىپتار قىلىمىغاي» دەپ قورقتى. شۇ ئەسنادا ئىككى كېمە يېقىنلاشتى. قارىغۇدەك بولسا، كېمىدىكىلەر باغداد شەھىرىنىڭ سودىگەرلىرى ئىكەن. بوز يىگىت بىلەن كېمەن ئۇلارنى توسۇپ كۆرۈشتى. سودىگەرلەر بوز يىگىتكە كۆپتىن ـ كۆپ نەسىھەت قىلىشتى. ئاخىر:

ــ چۈشۈڭدە كۆرگەن سۈرەتكە ئاۋارە بولماي يۇرتقا قايتىڭلار، ــ دېدى. بىراق بوزيىگىت تىڭشى-

مىدى. كارۋانلار ئۇلارغا كىيىم، تاماق، ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ رازى قىلدى. بوزيىگىت كارۋانلار بىلەن خوشلىشىپ ئايرىلىش ۋاقتىدا، ئۇلار ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىسىغا سالام ئېيتىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

خۇش يۇردىڭىز، كارۋانلار،
ساق ـ سالامەت يەتكەيسىز.
يۇرت دىدارى، ئەل يۈزىن،
بېرىپ خۇشال كۆرگەيسىز.
بىزدىن سالام ئېيتىپ بېرىپ،
ئاتا ـ ئانامغا دېگەيسىز.
يۇرمەي كۆڭلۈم تىنمايدۇ،
كۆرمەي يۇرەك قانمايدۇ.
مېھرى مەھبۇب شەھرىنى،
كۆرمەي كۆڭلۈم تىنمايدۇ.
كۆپ مۇشەققەت كۆرسەممۇ،
رازى، يىغلاپ يۇرسەممۇ،
يار ۋەسلىنى قۇچماستىن،
دىل ئويۇمدىن يانمايدۇ.
قايغۇ يۇتۇپ قانمىدىم،
بۇ يولدىن يانالمىدىم،
ئىلگىرىكىدەك بولمىدىم،
يۇرمەي كۆڭلۈم قانمايدۇ.
كۆپ ھەسرەتلەر كۆرىمىز،
زار سەرگەردان يۇرىمىز.
قايغۇ يۇتسام رازىمەن،
بۇ يولدىن ھېچ قالغۇم يوق.

كۆپ جاپالار چەكسەممۇ،
ھېچ كەينىمگە يانغۇم يوق.
ئەمر قىلسا ئاللامىز،
تىرىك قالساق قايتارمىز.
تىرىك بولسام قايتارمەن،
ئۆلسەم سالام ئېيتارمەن.
كۆپ ئەيىبنى كەچۈرۈپ،
رازى بولسۇن ئاتىمىز.
بۇ يولۇمدىن قايتمايمەن،
ئاڭلاپ قالسۇن ئانىمىز.
بۇ يولدىن مەن ئۆتىمەن،
ھەق يازغاننى كۆرىمەن.
مۇرادىمغا يېتىمەن،
ئاندىن ئۆيگە قايتىمەن.
بۇ يولدا مەن كېلەرمەن،
كەلمىسەم مەن ئۆلەرمەن.
ئۆلسەم شۇنداق ئۆلەرمەن،
جېنىم ئاتا ـ ئانامغا
سالام دەڭلار، دوستلىرىم.
ئامان بولۇڭ، دوستلىرىم،
ئېسەن بولۇڭ، دوستلىرىم!

كارۋانلار ئۆز يولىغا راۋان بولدى. بوزيىگىت بىلەن كىمەن قىرىق كۈن زار سەرگەردان بولۇپ مۇلاتىيە شەھىرىگە كەلدى. شەھەرنىڭ چېتىدە يالغۇز يىگىتنىڭ ھۇجرىسى بار ئىدى. ئۇلار بۇ يىگىتنىڭ ئۆيىگە سالام بېرىپ كىردى. بۇ ئىككى مۇساپىر كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلدى. يالغۇز يىگىت ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىككى مۇساپىرنى ئاياپ ـ ئاسرىدى.

بوز يىگىت بىلەن كىمەن مۇلاتىيە شەھىرىدە بىر ئاي ھەيران بولۇپ يۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىدى.

ئەمدى گەپنى بوزيىگىت چۈشىدە كۆرگەن خۇش سۇرەت قىزدىن ئاڭلايلى. بۇ قىز مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدى. بىر كۈنى كېنىزەكلەردىن بىرى: «مەن شەھەردە بىر خۇش سۇرەتلىك يىگىت كۆردۇم» دەپ، ساھىبجامالغا بايان قىلدى. قىز بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، قېشىدىكى قىرىق قىزغا قاراپ بىر نەزم ئوقۇدى:



يورغا ئاتتەك يۈرۈشلۈك،
خانزادىدەك تۇرۇشلۇق.
كۆرگەن چۈشنىڭ توغرىسى،
بۈگۈن كەلگەن بولمىسۇن؟
ئارقىدىن تېز بېرىڭلار،
بىزدىن خەۋەر بېرىڭلار.
مېھرىبانىم بوپ قالسا،
كۆڭۈلگە تېز ئېلىنسۇن.
قالقىنى بار بېشىدا،
يولدىشى بار قېشىدا.
قىزىلگۈلنىڭ بۇلبۇلى،
ھازىر كەلگەن بولمىسۇن؟
گۈللۈك دوپپا بېشىدا،
ھەمراھى بار قېشىدا.
قايغۇ ئاقار يېشىدا،
يار ئىزدىگەن بولمىسۇن؟
كۈنچىقىشتىن كەلگەندۇ،
يورغا ئاتقا مىنگەندۇ؟

ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ،
بىزنى ئىزدەپ يۈرمىسۇن؟
پىدا قىلغان جېنىنى،
قۇربان قىلغان مېلىنى.
گۈزەللىكنىڭ سۇلتانى،
بوز يىگىتىم بولمىسۇن؟
بېرىپ يۈزىن كۆرۈڭلار،
قەيەرلىك دەپ سوراڭلار.
ئەدەپ بىلەن تۇرۇڭلار،
بىزدىن خەۋەر سورىسا،
بىللە ئېلىپ كېلىڭلار.
ئۇندىن خەۋەر بەرگەنگە،
سۆيۈنچە دەپ كەلگەنگە،
ئالتۇن ئۈزۈك، گۆھەر تاش،
سۆيۈنچىگە بېرەيمەن.
قىرىق قىزنىڭ ئىچىدە،
ئۇنى ياخشى كۆرەرمەن.
خەۋەر ئېلىڭ، دوستلىرىم!

قىرىق قىز شەھەرگە چىقىپ بوز يىگىتنى قىرىق كۈن ئىزدىدى. ھېچ دېرىكىنى قىلالمىدى....

ئەلقىسسە، بوزيىگىت بىر كۈنى سەھەردە تۇرۇپ، ھەقتائالاغا مۇناجات قىلىپ يىغلىدى، قاقشىدى. كۈن كەچ بولۇپ ئۇيقۇسى كېلىپ يېتىپ قالدى. چۈشىدە بىر ئاپئاق ساقاللىق كىشىنى كۆردى. ئۇ كىشى:

— ئەي بىچارە ئاشىق، بۇ شەھەردىن چىقما! سۆيگىنىڭنى تاپارسەن، — دېدى. بوزيىگىت ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، كېچىسى كۆرگەن چۈشىنى دوستى كىمەنگە بايان قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بۈگۈن بىر چۈش كۆردۈممەن،
يار يۈزىنى كۆردۈممەن.
قانات كېرىپ ئۇچۇپمەن،
ئېگىز تاغقا قوندۇممەن.
بۈگۈن كۆرگەن چۈشۈمدە،
بولدى ماڭا بېشارەت.
كوچىلاردىن ئىزدەيلى،
مېھرىبانىنى داۋامەت.
ئۇچۇم بولۇپ ئۇچايلى،
كۆك يۈزىنى قوچايلى.
تۇرۇپ يەنە بۇ شەھەردە،
بىرقۇر ئىزدەپ كۆرەيلى.
ئىزدىسەكلا بولىدۇ،
شۇ يارىمنى تاپقىلى.

دەپ چۈشىنى كىمەنگە ئېيتىپ، ئىككىسى ئەتىدىن تاكى كەچ كىرگۈچە شەھەر ئىچىدە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. بۇ كۈنى ساھىبجامال قىرىق قىز بىلەن بىللە شەھەر ئىچىدىن بوز يىگىتنى ئىزدەپ يۈرەتتى. تاكى كۆز باغلانغۇچە تاپالماي، ھەسرەت بىلەن سارىيىغا قايتتى. بۇ چاغدا بوزيىگىت بىلەن كىمەن ساراي ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. بىراق ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغان قىزلار كۆرمەستىن سارايغا كىرىپ كەتتى. بوز يىگىت سارايىنىڭ سىرتىدا قالدى. ساھىبجامال سارايغا كىرىپ زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يەتتە يىلدەك بولدۇم زار،
مەن يولۇڭغا ئىنتىزار،
جېنىڭ جانغا قوشۇلۇپ،
بىر يۈرەر كۈن بولارمۇ؟
يارىم بىلەن يولۇقۇپ،
تەڭ يۈرەر كۈن بولارمۇ؟
يۈرەكتىكى ئەلەمدىن،
ئۈزۈلەر كۈن بولارمۇ؟
كۆڭۈلدىكى قايغۇدىن،
قۇتۇلار كۈن بولارمۇ؟
باراي دېگەن ۋەدەڭ بار،
ۋەدەڭ راستمۇ، يالغانمۇ؟
شۇنچە ساقلاپ كەلمىدىڭ،
يا باشقا يار ئالدىڭمۇ؟
ئاللا قوشقان يار ئىدىڭ،
ماڭا ۋاپا قىلمىدىڭ.
يەتتە يىلدىن بېرى ھېچ،
مىدىر - سىدىر قىلمىدىڭ!

ئەلقىسسە، بوزيىگىت سارايىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلىدى. ساھىبجامال بۇنى بىلمىدى. بوز يىگىت ئورنىدا تۇرۇپ بىر خۇش ئاۋاز بىلەن بىر نەزم ئوقۇدى:

سېنى بۇندا ياراتتى،
مېنى ئۇندا ياراتتى.
سېنى ماڭا قاراتتى،
مېنى ساڭا قاراتتى.
زار يىغلاپ يۈرسۇن دەپ،
ئاراغا دەريا تاراتتى.
مېھرىبانىم قايدىسەن؟!
ئارىدا باردۇر دەريا.
تۆت يىل يۈردۈم چۆل ئارا،
چاڭقاپ قەترە سۇ تاپماي،
ھەيران بولۇپ يۈردۈم مەن.
كۆپ ھەسرەتنى چەكتىم مەن،

تاپان كەتتى ئويۇلۇپ،
قول تېرىسى سويۇلۇپ.
زار ـ سەرگەردان يۈردۈمەن،
نە ئاتامنى كۆرمىدىم،
نە ئانامنى كۆرمىدىم.
ھېچكىم بىلەن يۈرمىدىم،
سېنى ئىزدەپ يۈردۈمەن،
سېنى كۆرەر كۈن بولسا،
جېنىم قۇربان قىلارمەن.
نېمە بولسام بولارمەن،
مەن بىر مېھمان كېلۇرمەن.
چۈشتە يۈزۈڭ كۆرگەنمەن،
ھەيران بولۇپ يۈرگەنمەن.
زەپىراندەك سولغانمەن،
ئۈچ يىل تۇتقۇن بولغانمەن.
نېمە بولسام بولغانمەن،
رەھىم قىلساڭ بولاتتى.
تاغۇ تاشتىن ئۆتۈپمەن،
بۇ شەھەرگە كەلدىمەن.
يۈزۈڭ كۆرەر كۈن بولسا،
بارلىقىمدىن كېچەرمەن.
سېنى ئىزدەپ چىققانمەن،
قانات ياساپ ئۇچقانمەن.
جاننى قۇربان قىلغانمەن،
رەھىم قىلساڭ بولاتتى.
ئېتىم مېنىڭ بوز يىگىت،
قېشىمدىدۇر دوست يىگىت.
چىن ـ ھەقىقىي يار بولساڭ،
ئۆيگە كىرسەم كىرەتتى.
جېنىم سۆيگەن جېنىمنىڭ،
يۈزىن كۆرسەم بولاتتى.

ئۆي ئىچىدىكى قىزلار بوز يىگىتنىڭ بۇ خۇش نەزمىسىنى ئىشتكەندىن كېيىن، سارايدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈردى، ئاندىن تەكلىپ قىلىپ سارايغا ئەكىردى. بوزيىگىت سا-ھىبجامال بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قىزلار: «بۇ ئىككىسىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولدى» دەپ ئۈنچە ـ مارجانلار چاچتى. خەير ـ سەدىقە بەردى. قىزلار يەنە تالاغا چىقىپ، كىمەننى «بوزيىگىتنىڭ



دوستى» دەپ ھۆرمەت قىلىپ، تەكلىپ بىلەن سارايغا ئەكىردى. قىرىق قىز چۇرقىرىشىپ:

— بۈگۈنكى كۈن راھەت كۈندۇر، ئىككىڭلار ئىجازەت بەرسەڭلار، يار ـ يار ئېيتساق، — دېيىشتى. ساھىبجامال بىلەن بوزيىگىت:

— خوپ، بولغاي، — دېدى. قىزلار يار ـ يار ئېيتىشتى:

ئەلھەمدۇ سۈرە قۇرئاننىڭ باشىدادۇر، يار ـ يار،
پەيغەمبەرلەر ئاللانىڭ قاشىدادۇر، يار ـ يار.
بىرىڭ كۈندۇر، بىرىڭ ئاي قوشۇلساڭلار، يار ـ يار،
زامان ئاخىر بولماغۇنچە ئايرىلماڭلار، يار ـ يار.

بىرىڭ مەرۋايىت، بىرىڭ ئۈنچە تىزىلىپسىز، يار ـ يار،
بىرىڭ گۆھەر، بىرىڭ ياقۇت قوشۇلۇپسىز، يار ـ يار.
بىرىڭ ھۆردۇر، بىرىڭ نۇردۇر بىر تۇرساڭلار، يار ـ يار،
زامان ئاخىر بولماغۇنچە ئايرىلماڭلار، يار ـ يار.

بىرىڭ خاندۇر، بىرىڭ خانىش قوشۇلۇپسىز، يار ـ يار،
بىرىڭ بۇلبۇل، بىرىڭ تۇتى يار بولۇپسىز، يار ـ يار.
سىز شاھزادە، بىز خىزمەتكار ماشائىللا، يار ـ يار،
بىرىڭ ھەدە، بىرىڭ ئاكا ئىنشائىللا، يار ـ يار.

بىرىڭ ئالتۇن، بىرىڭ كۈمۈش قوش بولۇپسىز، يار ـ يار،
بىرىڭ مۇشك، بىرىڭ ئەنبەر خۇش بولۇپسىز، يار ـ يار.
تىرىككە دۇنيا يارىشۇر كۆپ مال بىلەن، يار ـ يار،
يارى يوقنىڭ جانى يوق ئۆيى بىلەن، يار ـ يار.

ئەلقىسسە: قىزلارنىڭ ئىچىدە سارايغا قارايدىغان بىر كېنىزەك قىز بار ئىدى. ئۇ كېنىزەك قىز تۆھمەتچى ئىدى. ئۇ كۆرگەنلىرىنى شۇ بويىچە ئەمەس، بىرگە توققۇزنى قېتىپ ئون قىلىپ خانغا خەۋەر بەردى. ئۇلارنى كۆپتۈرۈپ چاقتى.

خان قالتىس غەزەپلەندى. خان: «تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەن سەرگەردان بىلەنمۇ يار بولغان بارمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق!» دەپ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە لاۋۇ لەشكەرلىرىنى يىغدى. خان ئۇلارنى باشلاپ بېرىپ، ساھىبجامال تۇرغان سارايىنى سىرتتىن ئورىۋالدى. خان ساھىبجامالغا:

— بەك ئۇيات ئىش قىلدىڭ، يېڭىلىپ ئېزىپ يۈرگەن كىشى بىلەن يولداش بولماق بولۇپ خالايىق ئىچىدە مېنى بەتنامغا قويۇپ، رەسۋا قىلدىڭ، بۇ شەھەر ئۇلۇغدۇر، بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەردە نى ـ نى شاھزادە ئوغلانلار بار ئىدىغۇ؟! — دېدى. ئاندىن جاللاتلارغا ساھىبجامال تۇرغان سارايغا بىرۇخسەت كىرگەن يىگىتنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە پەرمان بەردى. خان ساھىبجامال قىزىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇ باشقا گەپ قىلمىدى.

ئەمما، بوزيىگىت ئۇچىسىدىكى ساۋۇتنى يەشمىگەنىدى، ئۇنىڭ قىلدىن توقۇلغان بىر چۇمپەردىسى بار ئىدى. بۇ چۇمپەردىنى تارتىۋالسا، بوز يىگىتنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەيتتى. بوزيىگىت بۇ چۇمپەردىنى تارتىۋالغانىدى. خاننىڭ پەرماندىن كېيىن سەككىز جاللات قىلىچ كۆتۈرۈپ، ساراي ئىچىگە يوپۇرۇلۇپ بېسىپ كىردى. كىمەن سارايدىن چىقىپ قاچتى. بوزيىگىت سارايغا كىرگەن جاللاتلارنى ئۆلتۈردى. كۆپچىلىكنىڭ ھىمايىسىدە سارايىنىڭ ئارقىسىغا چىقتى. ئالدىنى توسقانلارنى بىردىن ـ بىردىن ئۇجۇقتۇردى. ئاندىن ئېتىغا مىنىپ يولغا راۋان بولدى. ئارقىدىن بىر يۈز يىگىرمە سەككىز لەشكەر قوغلاپ چىقتى. بوزيىگىت ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ قۇتۇلدى. شۇنىڭدىن بۇيان بوزيىگىت كۈندۈزى سەھرادا يۈردى، كېچىسى ئاشىقى بىلەن تېپىشىپ تۇردى. كېيىن بوزيىگىتنىڭ كېچىدە سارايغا كېلىپ يۈرگىنى بىلىنىپ قالدى. ئاندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ئاشىقى بىلەن كۆرۈشەلمىدى. كىمەن كۈندە شە-

ھەرگە كىرىپ ساھىبجامال بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇردى. چۈنكى ئۇنى ھېچكىم تونۇمايتتى.

ئەلقىسسە، ساھىبجامالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئېيتتى:

— ئەي قىزىم، نە ھال بولدى؟ سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى قەدىرسىز قىلىپ، بىزنى بۇنداق ئۇياتلىق ئىشقا دۇچار قىلىسەن؟ ساڭا نەچچە شاھزادىلەر ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، بىز سېنى شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىگە بەرسەك ! سەن بىر ئېزىپ يۈرگەننى دەپ ئازمىغىن. بۇنداق قىلساڭ ئۇيات ئۈستىگە ئۇيات بولىدۇ.

قىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا بىر نەزم ئوقۇدى:

پاڭ بولۇپتۇ قۇلاقىم،
ئېيتقان سۆزۈڭ ئۇقماسمەن.
دۇنيا خەلقىن كەلتۈرسەڭ،
ھېچ بىرىگە باقماسمەن.

ئەقلىم باشتىن كەتكەنكەن،
سىزدىن ئەقىل ئالماسمەن.
مەندىن باشقا قىز تېپىپ،
دېگىنىڭچە قىلدۇرسەن.

يۈرتتىن كىشى يىغدۇرۇپ،
سۆيگۈنىگە بېرۇرسەن.
بوز يىگىتىم بولمىسا،
ھېچكىم يۈزىنى كۆرمەسمەن.

ئەگەر يۈزىنى كۆرمىسەم،
تىرىكلىكتە يۈرمەسمەن.

ئەلقىسسە، ساھىبجامالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى:

— جادۇگەر يىگىت قىزىمىزنى ئازدۇرغان ئوخشايدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، — دەپ ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى يىغىپ كېڭەشتى. باتۇرلارنى يىغىپ، ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. شۇ چاغدا يىغىلغان باتۇرلار:



— يالغۇز ئۆزى بىر يۈز يىگىرمە سەككىز كىشىنى ئۆلتۈردى. زىيادە كۈچلۈك يىگىت ئىكەن، — دېيىشتى. بۇ مەسلىھەت بىلەن پادشاھ يالغۇز يىگىتكە قارشى ئون بەش مىڭ لەشكەر يىغدى.

ئەلقىسسە، بوزيىگىت سەھرادا يۈرەتتى. خاننىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى بىلىپ، بىر نامە پۈتۈپ جان دوستى كېمەننى تاماشاخانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى:

پۈتۈكنامە

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھجاھان، سۇلتانى ئەزىم، سالامەت تۇرغايسىز. ئىلتىماسىم شۇدۇركى، مەن پېقىر سىزنىڭ قىزىڭىزغا ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن با ئەمر ئاشىق بولۇپتۇرمەن. مەدەت سىزدىن ھەم بىزدىن، بۇ دۇنيادا پايدا يوقتۇر، خۇدانىڭ تەقدىرىنى پەرمان ۋە سەلتەنىتىڭىزدىن مۇقەددەس بىلىپ، ئەرزىمنى رەت قىلماي، قوبۇل ئەتسىڭىز.

— كەمىنە بوزيىگىت ئابدۇللاخان ئوغلى.

كېمەن شەھەرگە كىرىپ، بۇ نامەنى تاماشاخانغا تەزىم بىلەن سۇندى. تاماشاخان نامەنى ئوقۇپ كۆرۈپ:

— بۇ بىر ئۇچۇن ئەڭ قاتتىق خورلۇق ! — دەپ خەتنى تىتما - تىتما قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى، ئاندىن كېمەننى، — ئۆلتۈرۈڭلار، بۇ بىر زالىم ئىكەن ! — دەپ بۇيرۇدى.

خاننىڭ يېنىدا بىر ھۆرمەتلىك ۋەزىر بار ئىدى. ۋەزىر خانغا قاراپ:

— ئەي جانابىي شاھىم، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، ئۇنى ئۆلتۈرمىسەك، ئەمما بىئەدەپ بوزيىگىتنى شەھەرگە كىرگۈزمىسەك، — دېۋىدى، تاماشاخان ۋەزىرنىڭ سۆزىنى خوپ كۆردى. شەھەرنىڭ ئەتراپىغا قاراۋۇللارنى قويدى.

ئەلقىسسە، بوزيىگىت تاماشاخاننى مېنىڭ ئەسلىي زاتىمنى سىلىپ ئەۋەتكەن نامەمنى قوبۇل قىلۇر دەپ ئىشىنىپ، ئېتىغا مىنىپ، كېمەن قاچان چىقار دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. بوزيىگىت شەھەرنىڭ چېتىگە كەلگەندە، كۈن كەچ بولدى. كېمەن شەھەردىن چىقىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى قاراۋۇللار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش تۈن تاڭ بولغۇچە داۋاملاشتى. كېمەن يارىلاندى. ئۇلار بىر پىنھان جايغا كېلىۋالدى. بوزيىگىت بىلەن كېمەن ئىككى يۈز سەكسەن ئۈچ لەشكەرنى ئۆلتۈردى. خان بۇنىڭغا ھەيران بولدى.

ئەلقىسسە، كېمەن شەھەرگە كىرىپ، ساھىبجامال بىلەن ئارىلاپ ئۇچرىشىپ يۈرەتتى، بۇنى شەھەر خەلقى بىلەتتى.

خان ئەمر قىلدى:

— بوزيىگىت بەك باتۇر كۆرۈندۇ، بىزنىڭ قانچىلىغان باھادىرلىرىمىزنى ئۆلتۈردى. ئۇنى ئۇرۇش - سوقۇش بىلەن ئۆلتۈرۈپ بولماس، ھىيلە بىلەن ئۆلتۈرەيلى، — دەپ شەھەر خەلقىگە توي قىلماقچى بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

جاكارچى شەھەر كوچىلىرىغا چىقىپ:

— بارچە ئۇلۇغ - ئۇششاقلار، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خان قىزىنى بوزيىگىتكە بېرىدىغان بولدى. ئەتە توي، تويغا تەييار تۇرۇڭلار، — دەپ جاكارلىدى. ئەتىسى داقا - دۇمباق، ناغرا، كاناي - سۇناي چېلىندى. بوزا - شاراب كەلتۈرۈلدى، خاس مەجلىسخانا ھازىرلاندى. تاماشاخان كېلىپ:

— بىز قىزىمىزنى بوزيىگىتكە قوبۇل كۆردۇق، كۈيئوغۇل ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس. ۋەدىمىز ۋە-

دە، ـــ دەپ، بوزيىگىتنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ توينى باشلاشقا ئىجازەت بەردى.

قىزنىڭ ئانىسى قىز تۇرغان سارايغا بېرىپ:

ـــ ئەي قىزىم، ئەمدى سېنى سۆيگۈنىڭگە بېرىمىز، بىزگە ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۈيئوغۇل تېپىلماس، ـــ دېدى. ساھىبجامال ئانىسىنىڭ سۆزىدىن ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. «ئەمدى مۇرادىم ھاسىل بولىدىغان بولدى» دەپ خۇرسەن بولۇپ، چېچىنى تىزىق ـ تىزىق ئۈنچە ـ مارجان بىلەن ئۆرۈپ تارىدى. بوزيىگىتنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى.

بوزيىگىت يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا شۇئان ئۇزۇلدۇرمەي بوزا ۋە شاراب ئىچۈردى. ئانچە ئۆتمەي بوزيىگىت مەست بولۇپ قالدى. ئەمما، بوزيىگىتنىڭ جان دوستى كىمەن خۇشاللىقىدا خاس مەجلىسخانىنىڭ سىرتىدا يۈرەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كۆردىكى، بوزيىگىت مەست بولۇپ قالغان، دۈشمەنلەر قىلىچ ـ خەنجەرلىرىنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان. كىمەن بۇ توينىڭ توي ئەمەس، بوزيىگىتنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان قەست ئىكەنلىكىنى بىلدى. كىمەن ئالدىراپ چىقىپ خان قىزى ساھىبجامالنىڭ قېشىغا كىردى. بۇ چاغدا ساھىبجامال خۇشاللىقىدىن چېچىنى تاراپ، قىرىق قىز بىلەن شادىمان ئوينىۋاتاتتى، كىمەن ساھىبجامالنىڭ يېنىغا كىرىپ مۇنۇ نەزمنى ئوقۇدى:

خان توينى كۆردۈمەن،
خان ئوينى بىلدىمەن.
خاننىڭ يۈزى سوغۇقتۇر،
خىياللىرى بۇزۇقتۇر.

قىلىچ، خەنجەر قولىدا،
قىلىچلىرى قىنىدا.
قوراللىرى ئالدىدا،
خۇشال بولۇپ مارشىپ،



دۈشمەن يۈرەر دالىدا.
ئاللا مەدەت قىلمىسا،
ئۆيگە دۈشمەن تولغاندۇر.
كۆپ ئىچىدە يالغۇزغا،
دۈشمەن ماراپ تۇرغاندۇر.
بولۇپ ئاغا ئارا جان،
ئارا جان ھەم قادىر جان.
غېرىبنى ئەسكە ئالمىساڭ،
بۇ ئۆيۈڭدە چىقار جان.
بىكاردىنلا ئاقار قان،
سەن ۋەدەڭنى ئويلىساڭ،
بوزىيگىتكە يار بولساڭ.
بوزىيگىتكە كەڭ قۇچاق،
دۈشمەنلەرگە تار بولساڭ.
يارىڭ ئۈچۈن بارىڭنى،
تەندە تاتلىق جانىڭنى،
قۇربان قىلساڭ كېرەكتى.
كۆپ دۈشمەنىنىڭ ئىچىدە،
ئايرىپ ئالار يارى يوق.
سۆيمەن دەپ تەلپۈنسە،
قايرىپ ئالار يارى يوق.
چىن يارىم دەپ سىز ئۈچۈن،
ئۆز بېشىنى بېرەر ئۇ.
يار ۋىسالى يولىدا،
نېمە قىلسا تەييار ئۇ.
غېرىب بېشى كېسىلسە،
سىز ئۈچۈنلا كېسىلەر.
يالغۇز جېنى ئۈزۈلسە،
سىز ئۈچۈنلا ئۈزۈلەر،
ھال ـ ئەھۋالى بۇ ئىدى،
شاھنىڭ يالغۇز ئوغلىدى.
مىڭلاپ ـ مىڭلاپ ئەسكەرلەر،
بوزىيگىتنىڭ قۇلىدى.
دۇنيا ـ مۈلكى بار ئىدى،
پەقەت سىزگە زار ئىدى.
خۇدا سىزگە بۇيرۇغان،
قوش مېغىزدەك يار ئىدى.
يالغۇز يۈرگەن غېرىبنىڭ،
ھېچكىم ھالىن سورىماس.
نە ئىلاج قىلالىسۇن،
دامىغا چۈشكەن ئاشۇ ياش.
ھالال سۆيگەن يار بولساڭ،
قىلىچ باشنى كەسمەي بار.
ئۆتكۈر دۈشمەن نەيزىسى،
كۆكرىكىنى تېشەر بار.
قولىدا قىلىچ، تىغى يوق،
مىنىپ قاچار ئېتى يوق.
بىلىپ يېتەر كىشى يوق،
بۇنى بىلمەك كېرەكتى.
كۆپ دۈشمەنىنىڭ ئىچىدە،
بويۇن سۇنۇپ ياتقاندۇر.
بويۇن سۇنغان يىگىتنىڭ،
بولار كۈنى بولغاندۇر.
سەۋەب سەندىن بولمىسا،
ئۆلەر كۈنى بولغاندۇر.

ساھىبجامال كىمەندىن بۇ سۆزلەرنى ئىشتكەندىن كېيىن تونىنىڭ بىر يېڭىنى سېپىپ، يەنە بىر يېڭىنى سېپىشقا ئۈلگۈرمەي مەجلىسكە يېتىپ كەلدى. كۆردىكىم، بوزىيگىتنىڭ ھالى خاراب، كۆزىنى ئاچارغا دەرمان يوق ئىدى، جامائەت ئورنىدىن تۇرۇپ ساھىبجامالغا ئورۇن بەردى، ساھىبجامال زار ـ زار يىغلاپ، ئاتىسى ۋە جامائەتكە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

سالام بەردۇق، ئاتىلار،
قۇتلۇق بولسۇن تويىڭىز.
كۆپ خەلقنى يىغىپسىز،
دۇرۇس بولسۇن ئويىڭىز.
ئاللا ئۈچۈن توي بولسا،
قوي ـ قوزىنى سويۇڭلار.

يەپ تويۇڭلار، غېرىبنى
ئازاد قىلىپ قويۇڭلار.
ئادىل پادىشاھ توي قىلسا،
ئاللا ئۇچۇن ئوي قىلسا.
ئاشىق ـ مەشۇق يارەنلەرنى،
خۇشال قىلىپ قويۇڭلار.
بۇزۇق بولسا ئويۇڭلار،
يالغان بولسا تويۇڭلار.
ئازاد قىلىپ تۇتقۇننى،
مېنى ئاۋۋال سويۇڭلار.
ئۆلۈم كېرەك دېسىڭىز،
ئادەم گۆشى يېسىڭىز.
ئۇ دەردمەننى قۇتقۇزۇپ،
مېنى سويغىن ئاتىمىز.
مەن يىغلايمەن، تىلەيمەن،
ئاتام بىلەن ئانامدىن.
خان يېنىدا ئولتۇرغان،
قازى بىلەن ئاكامدىن.
ئېنىق سۆزۈم كۈتسەڭلار،





سورىغاننى بەرسەڭلار.
مەسلىھەتىم، جان ئاتا،
ماڭا دىلدىن كۆيسەڭلار.
بۇ مۇساپىر يىگىتنى،
ئازاد قىل دەپ تىلەيمەن.
تەقدىم قىلىپ جېنىمنى
ھۆرمىتىڭدە بولارمەن.
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان،
قاناتىدىن قايرىلغان.
مەست بوپ تۇرغان يىگىتنى،
ئازاد قىلىش كېرەكتى.
قۇتۇلۇشقا زارلارنى،
ئازاد قىلىڭ، ياخشىلار.
سوقۇم كېرەك بوپ قالسا،
ئادەم سويۇپ يۇرمەڭلار.
تۇتقۇنلارنى قۇتقۇزۇپ،
مال سويۇڭ، ياخشىلار.
بۇنداق ياخشى كۈنلەردە،
كىشى سويۇپ توي قىلماڭ!
كۆرۈپ، ئاڭلاپ باقمىغان،
مۇنداق يامان ئوي قىلماڭ.
كۆپ ئىچىدە بىر ئۆزى،
قەست ئۈستىدە بۇ غېرىب.
ئۆز تويىدىن ئايرىلغان،
يالغۇز غازدەك بۇ غېرىب.
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلغان،
كۆزى قانلىق بۇ غېرىب.
ئېلىپ كەلگەن يولدىشى،
قېشىدا يوق، بۇ غېرىب.
ئىچ سىرىنى ئېيتىشقا،
سىردىشى يوق بۇ غېرىب.
ھەقتائالا ئەمرىدە
كىملەر يارلىق بولمىدى؟
توپ ئىچىدىن ئايرىلسا،
كىملەر زارلاپ قالمىدى؟

مەن يىغلايمەن، تىلەيمەن،
ئاتا بىلەن ئانىدىن.
خان قېشىدا ئولتۇرغان،
ئىنى بىلەن ئاكىدىن.
ئېيتقان سۆزگە كۆنسىڭىز،
سورىغىنىم بەرسىڭىز،
كېڭەش قىلىڭ ياخشىلار،
سۆزۈم قوبۇل كۆرسىڭىز.
سوراپ كۆرەي، ئەي ئاتا،
جان قەدرىنى بىلەمسەن؟
مېھمان بولۇپ بىر كەلگەن،
خان قەدرىنى بىلەمسەن؟
بۇ ئېلىڭنى يۇرت قىلسا،
سېنى تەختتىن ئايرىماس.
يۇرتىمىزنىڭ بەگلىرى،
بۇلبۇلنى باغدىن ئايرىماس.
سەرگەردان بىر غېرىبنى،
ھالىنى بىلمەي بولامدۇ؟
كۆپ ياشىغان ئاتىلار،
ئىنى بىلەن ئاكىلار،
كېڭەش قىلىپ چاپسانراق،
تېپىڭ ياخشى ئامالنى!

ئەلقىسسە، يىغلىغان جامائەت خاننىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تىك تۇردى. خان ئېغىز ئېچىپ قويمىدى. ساھىبجامال يىغلىسىمۇ قوبۇل كۆرمىدى. ساھىبجامال بىتاقەت بولۇپ، جامائەتكە بىر ـ ئىككى لەۋزە نەزم ئوقۇدى:

شەپقەتى يوق خانلارنىڭ،
گالۋاڭ بولغان كۈنىكەن.
شۇل ئەقىلسىز خانلارنىڭ،
سوقۇر بولغان كۈنىكەن.
ئەقىلسىزغا سۆز قىلساڭ،
كۆكرىكىگە قونمايدۇ.
رەھىمسىزگە سۆز قىلساڭ،
نە قىلساڭمۇ بولمايدۇ.
كۈنۈڭ مۈشكۈلۈق بولغاندا،
رەھىمسىزگە يولۇقۇپ،
دۈشمەن قامال قىلغاندا،
يۈلەكسىز قال بوغۇلۇپ.

ساھىبجامال بۇ نەزمنى ئوقۇپ يەنە زار ـ زار يىغلىدى، ئەمما ھېچقايسىسى ئېچ ئاغرىتىپ جاۋاب بەرمىدى. بۇ چاغدا بوزيىگىتنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا دەرمان قالماي، يىقىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنى كۆرگەن ساھىبجامال، تۇرالماستىن بوز يىگىتكە يېقىن كېلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

شاھ تويىنى بوپتۇ دەپ،
خۇشال بولماڭ ئۆيۈڭغا.
شەيتان كىرىپ قوينۇڭغا،
قىلىچ تېگەر بوينۇڭغا.
ئەي بوزيىگىت، مەست يىگىت،
كۆپ ئىچىدە ئاز يىگىت،
جان چىقارغا ئاز قالدى،
ئەقلىڭنى يىغ، مەست يىگىت.
ئاتام ئىكەن تاش يۈرەك،
ماڭا نەزەر سالمىدى.
تاپالمىدىم ھېچ ئىلاج،
تەندە دەرمان قالمىدى.
ئەي مەست يىگىت، كۆزۈڭ ئاچ،
سەكرەپ تۇرۇپ ئىشىك ئاچ.
ئاللا قوشقان يار ئىدىڭ،
قىلىچ چاپماي، ئۇرۇپ قاچ.

ئەلقىسسە، قىلىچ يوشۇرۇپ يۈرگەن جاللاتلار بوزيىگىتنى شۇ يەردە يىغلىپ ئولتۇرغان جامائەت ۋە ساھىبجامالنىڭ كۆزىچە ئۆلتۈرەلمەيتتى. ساھىبجامال چىقىپ كەتمىدى. شۇ چاغدا بوزيىگىتنىڭ جان

دوستى كىمەن مەجلىسنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ خان قىزى ساھىبجامالنىڭ سۆزىنى قوبۇل ئەتمىگەنلىكىنى ئۇقتى. ئاندىن مەجلىسكە كىرىپ كۆردىكىم، بوز يىگىتنىڭ ھالى بەك خاراب. كىمەن چىدىيالماي قالدى، ئۇنىڭ ئىچىدە قايغۇ ياندى. ئۇ خانغا ۋە جامائەتكە بىر نەزم ئوقۇدى:

مېلىڭىزنى ئالمىدى،
كۆڭلىڭىز ھېچ قالمىدى.
بالىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ،
خاتۇنىڭىز ئالمىدى.
ئاتىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ،
ئانىڭىزنى ئالمىدى.
نەيزە، پىچاق ھەم پالتا،
بىر كىمگە ھەم سالمىدى.
ئاتىڭىزنى ئۆلتۈرگەن،
دۈشمىنىڭىز بۇ ئەمەس.

كىمەن ئاندىن بوز يىگىتنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

زامان ئاخىر بولغۇچە،
ئېچىلماسمۇ كۆزىڭىز.
ياۋ ـ دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا،
دېيىلمەسمۇ سۆزىڭىز.
خەۋىرى يوق خانلارنىڭ،
قارىغۇ بولغان كۈن ئىكەن.
ئەقلى پۈتۈن بۇ خاننىڭ،
ساراڭ بولغان كۈن ئىكەن.
زامان ئاخىر بولغۇچە،
ئېچىلماسمۇ كۆزىڭىز.
ياۋ ـ دۈشمىنىڭ كەلگەندە،
ئېيتىلماسمۇ سۆزىڭىز.
كۈنلەر مۇنداق بولغاندا،
رەھىمسىزگە دۈچ كەلدۇق.
ساڭا ھەمراھ كەلگەنمەن،
ئاتا ـ ئاناڭ كۆرگەنمەن.
سەن ئەلدىكى ۋاقتىدا،
دائىم بىرگە يۈرگەنمەن.
سەن ئېلىڭدە خان ئىدىڭ،
ھەربىر ئىشقا ماس ئىدىڭ.
يولۋاس ئىدىڭ، ۋاي ئىست،
قۇتۇلمىقىڭ گۇماندۇر.
يانغان ئوتقا چۈشتۈڭسەن،
ئۆچۈرمىكىڭ قاچاندۇر؟
سەن ئۆيۈڭدە خان ئىدىڭ،
ئەقلى تولغان جان ئىدىڭ.
يېتىم ـ يېسىر، غېرىبقا،
چەكسىز مېھرىبان ئىدىڭ.
باشقۇراتتىڭ ئېلىڭنى،
چىقماس تورغا چۈشۈپسەن.
تىلەپ بولماس دۈشمەندىن،
بىر خورلۇققا قېلىپسەن.
بۇلبۇل ئىدىڭ يېرىڭدە،
بولماس يەرگە قونۇپسەن.
قارچىغىدەك بەك يالغۇز،
قېلىن تورغا چۈشۈپسەن.
ئۇ ئەمرىڭدە بولمىغاچ،
بەك خورلۇققا كىرىپسەن.
قوشكېزەكتەك ھەر جايدا،
بىللە يۈرگەن بىز ئىدۇق.
بىر سائەتمۇ ئايرىلماس،
بىللە يۈرگەن بىز ئىدۇق.
ئامان بولغىن جان دوستۇم،
ئەمدى نەدىن كۆرگەيمەن؟
بۇرۇن بىزلەر بىر ئىدۇق،
ئەمدى قانداق يۈرگەيمەن؟

ئەلقىسە، كىمەن چىدىيالماي زار ـ زار يىغلاپ تالاغا چىقتى. ئۇ: «نە بولسام بولاي» دەپ، سىرتتا



باغلاق تۇرغان ئاتلارنىڭ بېشىدىن نوختا -يۈگەنلىرىنى
ئالدى، ئېگەرنىڭ مىنەر تەرىپىدىكى ئۈزەڭگىسىنى قىيىپ
تاشلىدى، ئىككى ياخشى ئاتنى ئېگەر - توقۇم بىلەن
تاللاپ خالىيراق بىر جايغا باغلاپ قويدى. ساھىبجامال
مەجلىستىن چىقماي، بوز يىگىتكە قاراپ تۇردى. خان
قىزنى زىيادە ياخشى كۆرەتتى، ئەمما قىزنىڭ سۆزىنى
قوبۇل كۆرمىدى. خاننىڭ قەستى — بوزيىگىتنى مەست
ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈش ئىدى، بىراق جامائەت ھەم قىزنىڭ
كۆزىچە ئۆلتۈرۈشكە پېتىنالمىدى. بىر چاغدا بوزيىگىت
ھوشىغا كەلدى. بىر كاسە سوغۇق سۇ ئىچىپ كۆزىنى
ئاچتى. شۇ ئەسنادا ساھىبجامال بوزيىگىتكە ئىشىكنى
ئىما قىلىپ: «ئەي بوزيىگىت، قاچ !» دېدى. بوزيىگىت
سەكرەپ تۇرۇپ ئىشىكتىن چىقتى، جان دوستى كىمەن
ئېگەرلىك ئاتنى تەخلەپ تۇرغانىكەن، ئاتنى مىنىپ راۋان
بولدى.

خان ئالاقزادە بولۇپ: «بوزيىگىتنى قوغلاپ تۇتۇڭلار !» دەپ يارلىق چۈشۈردى. خاننىڭ لەشكەرلىرى
ئاتلىرىنى مىنمەككە سىرتقا يۈگۈرۈشتى، بىراق ئاتلارنىڭ يۈگەنلىرى ئېلىنغان، ئۈزەڭگە باغلىرى قد-
يىلغاندى. شۇڭا، ئاتقا مىنەلمەي يىقد-



لىپ، بىرنەچچىسى ھالاك بولدى. ئاخىر
بەش يۈز كىشى ئاتقا مىنىپ بوز يىگىت-
نى قوغلاپ يەتتى. ئۇرۇش - سوقۇش
بولدى. بوزيىگىت ئۈچ يۈز كىشىنى
جېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۆزى ئېغىر يا-
رىلاندى. كىمەن شەھەرگە قېچىپ كىر-

دى. قالغان ئىككى يۈز لەشكەر ئارقىسىغا قاراپ قۇيرۇقىنى تىكىۋەتتى.
ئەمدى گەپنى خانزادىدىن ئاڭلايلى:
خان ساھىبجامالنى بېرىمەن دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ، ۋەدىلىشىپ يۈرگەن بىر خانزادە بار ئىدى. ئۇ-
نىڭ ئىسمى زەيتۇن ئىدى. زەيتۇن ئىككى يۈز كىشىنى باشلاپ، بوزيىگىتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىق-
تى. زەيتۇن باتۇر ھەم خوپ دانا يىگىت ئىدى.
بوزيىگىت قېچىپ كېتىۋېتىپ، بىر چوڭ تاشقا قارىتىپ ئوقيا ئاتتى. ئۇنىڭ ئوقى تاشقا يېرىمىد-
غىچە پاتتى. بۇنى كۆرگەن زەيتۇنمۇ ھەم شۇ تاشقا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئۇنىڭ ئوقىمۇ تاشقا يېرىمىغد-
چە پاتتى. بۇنى كۆرگەن زەيتۇن ئويلىدىكى، بوزيىگىت مەندىن ئېشىپ چۈشمەيدىكەن، مەن بىلەن بارا-
ۋەر ئىكەن، مەن بوزيىگىتنى چوقۇم پالاكەتكە گىرىپتار قىلىمەن، دەپ توختىماستىن قوغلاۋەردى. بوز
يىگىت يەنە بىر تاشقا ئوق ئاتتى. ئوق تاشقا تولۇق پاتتى. زەيتۇن ھەم بىر ئوق ئاتتى. ئوق ئاۋۋالقىدەك
تاشقا يېرىمىغىچە پاتتى. زەيتۇن خىيال قىلدى: «بوزيىگىت مەندىن كۈچلۈك ئىكەن، ئۇ مېنى ھەم مې-
نىڭ ئىككى يۈز لەشكىرىمنى ئېلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ، مەن رەسۋا بولۇپ شەھەرگە نېچۈك كىرگەي-
مەن؟» دەپ مۇلاتىيە شەھىرىگە قايتتى. زەيتۇننىڭ قورقۇپ قايتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى پادشاھ بىلىپ
قالدى. ئۇ: «زەيتۇن ئىككىنچىلەپ مۇشۇنداق قىلسا، ھېچ رەھىم قىلماي ئۆلتۈرىمەن» دېدى.
ئەلقىسسە، بوزيىگىت ئىككى كۈن تۈردى. ئاندىن دەرمانى ئۈزۈلۈپ يەرگە يىقىلدى. تېنىدە يەتمىش
ئىككى يەردە يارا بار ئىدى. يارا ئىنتايىن قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. بوزيىگىت يىقىلغان يەر بىر كاتتا باغ
ئىدى. بىراق ئادەم بالىسى ئاياغ باسمىغانىكەن. يولدا يىلان ـ چايانلار كۆپ ئىكەن. بوزيىگىت جېنىدىن
نائۈمىد بولۇپ قاراپ تۇرسا، بىر قارلىغاچ بالىسىغا دان ئەكېلىپ بەردى. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىچىدى-
كى غەم ـ غۇسسىلەر قوزغىلىپ، ئاتا ـ ئانىسى، يۇرتى، جان دوستى كىمەن ۋە ساھىبجامالغا ئاشىق بو-
لۇپ قالغانلىقى ئېسىگە كېلىشكە باشلىدى. ئاندىن ئۇ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قارلىغاچ قارلىغاچقا يەم بېرىدۇ،
قېرىنداش قېرىنداشقا دەم بېرىدۇ.
يالغۇزلۇق ئەسىر قىلدى، مۇڭلۇق بېشىم،
بۇ ھالدا يۈرگىنىمنى كىم بىلىدۇ؟
قىينالغىنىم بىلەرمىكىن مېنىڭ ئاتام،
زارلانسامۇ ئىشتمەيدۇ جېنىم ئانام.
غېرىبلىققا گىرىپتاردۇر يالغۇز بېشىم،
ئەھۋالىمنى سورارغا يوقتۇر ھېچ كىشىم.
كۈنلىرىم نە قىسمەتتە ئۆتۈپ تۇرار،
ھېچ كىشىم يوق، زارلانسامۇ ھالىم سورار.
ئۆز جېنىدەك ئاسرىغان ئاتام ـ ئانام،
سىزلەرنى بىر كۆرەرگە بارمۇ ئىمكان؟
ياغاچنىڭ بېشىنى كەسسە، تۈۋى قالار،
ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆلسە، بىرى قالار.
يالغۇزنىڭ ئۆزى ئۆلسە نېمە قالار؟

بارى يوق شۇ دۇنيارىمنى قاراقچى ئالار.
ئېيتاي دېسەم بۇ ئەلدە سۆزۈم ئۆتمەس،
كەتتى ھالىم، يۈرەي دېسەم دەرمان يەتمەس.
قۇتۇلالماس بىر زېمىنگە چۈشتى بېشىم،
يوق بولدىغۇ بۇ يېنىمدا جان يولدىشىم.
ئەسكە چۈشتى تۇغۇلغان يەر، ئاتا ـ ئانام،
تۆكۈلمەكتە قان ئارىلاش كۆزدىن يېشىم.

* * *

تورزان باستى تېنىمنى،
تۇپراق باستى يولۇمنى.
قايغۇ باستى كۆڭلۈمنى،
ئېچىلار كۈن بولارمۇ؟
بېشىمغا كۈن چۈشكەندە،
مېنىڭ دوستۇم كېلەرمۇ؟

ئەسكە ئېلىپ يادلىسام،
ھالىمنى ئۇ بىلەرمۇ؟
نۇر چاقنىغان كۆزۈڭنى،
بىر كۆرەر كۈن بولارمۇ؟
بۇرۇنقىدەك بىرلىشىپ،
خۇش كۈلەر كۈن بولارمۇ؟
ئارقامدىكى دۈشمەندىن،
قۇتۇلار كۈن بولارمۇ؟
بۇ قايغۇلۇق كۈنلەرنى،
ئۇنۇتار كۈن بولارمۇ؟
ئىز دەي دېسەم دەرمان يوق،
سېنى نەدىن تاپارمەن؟
بىللە ئۆلسەم ئارمان يوق،
ئاھ، قەيەردىن تاپارمەن؟
يالغۇز غېرىب بولدۇم مەن،
دوست كۆرەر كۈن بولارمۇ؟
ساھىبجامال يارىمغا،
قوشۇلار كۈن بولارمۇ؟
غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇپ،
شاد يۈرەر كۈن بولارمۇ؟
غەلىبەمدىن دۈشمەنلەر،
مات بولار كۈن بولارمۇ؟
بۇ ھەسرەتلىك كۈنلەرنى،
ئۇنتۇلار كۈن بولارمۇ؟
بۇرۇنقىدەك قوشۇلۇپ،
بىر بولار كۈن بولارمۇ؟

شۇنىڭدىن سوڭرە، بوزيىگىت ئاللاتائالاغا سېغىنىپ مۇنداق مۇناجات ئوقۇدى:

مەن ئويلايمەن: جېنىم مۇنداق قالارمۇ دەپ،
مۇڭلۇق بېشىم مۇشۇ يەردە ياتارمۇ دەپ.
تۇغۇلغان كىم ئۆلمەيدۇ، كىم قالىدۇ؟
غېمىم شۇكى، تەن كېپەنسىز قالارمۇ دەپ.
ئەي خۇدايا، تەقدىرىڭدىن ئامالىم يوق،
يار دېمىسەم، ھېچ قايانغا بارارىم يوق.
كۆڭلۈم ئايان مۇشۇ يەرلەر مۇڭ بولىدۇ،
كېپەن ئوراپ گۆر ئىچىگە قويارىم يوق.
ئون سەككىز مىڭ ئالەمگىنى يارىتىپسەن،
ھەممىگىلا ماكان بېرىپ تارىتىپسەن.
كۆكرىكى قان، كۆزى ياشلىق بۇ خەلقىڭنى،
نېچۈك غېرىب، زار سەرگەردان يارىتىپسەن.
ئەي خۇدايا، ئەمرىڭدىن ھېچ قالغانىم يوق،
بويۇن تولغاپ قاچارغا ھېچ مادارىم يوق.
ئەي خۇدايا، تەقدىرىڭگە ھېچ تەدبىرىم يوق،
ماڭا بېقىپ كەلسە ئۆلۈم ئامالىم يوق.
تاش ئىچىدە قۇرتلارغا يەم بېرىسەن،
بۇ يەردىكى دەردمەنلەرگە ئەم بېرىسەن.
ئەي خۇدايا، مەن تىلەيمەن سېنىڭدىن،
نېچۈك ھاجىتىمنى كەم بېرىسەن؟
سەندىن ئۆزگە بىر كىمگە يىغلارىم يوق،
ھالىم نېچۈك بولارىمنى بىلەرىم يوق.
ماڭا رەھىم ئەيلىگىن سەن، قادىر ئاللا،
سەندىن ئۆزگە ھېچكىمىڭدىن تىلەرىم يوق.

ئەلقىسسە، خۇدايىتائالا بوز يىگىتنىڭ مۇناجىتىنى قوبۇل قىلدى. بوزيىگىت بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋىدى، يەنە بىر باغ كۆرۈندى. بوزيىگىت شۇئان ئول باغقا باردى. كۆردىكىم، باغ ئىچىدە تۈرلۈك تۈمەن قۇشلار سايراپ تۇرۇپتۇ. خىلمۇخىل گۈللەر ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ. مېۋىلەر پىشىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بوز يىگىت ھەر خىل مېۋىلەرنى يەپ تويدى. باغدا ئارام ئالدى.

بوزيىگىت بىر توشقان تۇتتى. ئۇ توشقاننى يارىلاپ قۇيرۇقىغا يىپ باغلىدى. يىپنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قويۇپ بەردى. يارىلانغان توشقان ئۇدۇل بېرىپ بىر خىل گىياھنى يېدى. توشقاننىڭ يارىسى شۇ زامانلا سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن بوزيىگىت ئويلىدىكىم: بۇ توشقان خۇدا-

يىتائالا ياراتقان مەخلۇق، بىز ھەم مەخلۇق. توشقانغا خۇدايىتائالا شىپالىق بەردى. مەن ھەم شۇ گىياھنى يەپ باقاي، دەپ توشقان يېگەن گىياھنى يېدى. بوز يىگىتنىڭ يارىلىرى ھەم سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى.

بوزيىگىت بۇ باغدا مېۋە - چېۋىلەرنى يەپ ئون بەش كۈن تۇردى، قۇۋۋەتكە تولدى، ئاندىن خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ، يەنە مۇلاتىيە شەھىرىگە كىردى. بوزيىگىتنىڭ كىمەن بىلەن ئۇچرىشىدىغان بىر جايى بار ئىدى. ئۇلار دائىم مۇشۇ جايدا كۆرۈشەتتى. بۇ قېتىم ئىككى جان دوست يەنە مۇشۇ جايدا كۆرۈشتى. بىر - بىرىنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇرسەن بولۇشتى. كىمەن بوزيىگىتكە ئېيتتى:

— مەن ساھىبجامال بىلەن دىدارلىشىپ تۇردۇم، ئۇ مەرگەن بوزيىگىت بۇ شەھەرگە كەلسە، ئۇنى شەھەرنىڭ خالىيراق جايىدىكى بىر بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭ، دېگەنىدى. مەن سېنى شۇ بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويسام قانداق دەيسەن؟

بوزيىگىت ماقۇل بولدى. ئىككى دوست بوۋاينىڭ ئۆيىگە باردى. بوۋاي بوزيىگىتنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ بەك خۇرسەن بولدى. بوۋاي يوشۇرۇن كېلىپ ساھىبجامالغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن خۇش خەۋەرلىك سورىدى. ساھىبجامال ئۇنىڭغا بىر ئالتۇن ياقىلىق تون سوۋغا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساھىبجامال يوشۇرۇن كېلىپ، بوزيىگىت بىلەن دىدارلاشتى. قاچماقچى بولۇپ ۋەدىلەشتى. بوۋاي بوزيىگىتنى كۈندۈزى چوڭ ساندۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ يۈردى. ساھىبجامالنىڭ بۇ بوۋاينىڭ ئۆيىگە كېلىپ - كېتىپ يۈرگەنلىكىنى پايلاپ يۈرگەن دۈشمەنلەر خانغا مەلۇم قىلدى. خان شۇئان بوۋاينى چاقىرىپ:

— مېنىڭ قىزىم سېنىڭ ئۆيۈڭگە نېمە ئۈچۈن بارىدۇ؟ يوشۇرماي ئېيت! — دېدى. بوۋاي ئېيتمىدى. خان يەنە:



— ئەگەرچەندە بوز يىگىتنى ماڭا تۇتۇپ بەرسەڭ، ساڭا كاتتا ئابرۇي - ئاتاق بېرىپ، بۇ شەھەردىكى قېرى - چۈرىلەرگە باش قىلىپ قويىمەن. ھەر يىلى مىنەرىڭگە ئات، خەرجىڭگە ئالتۇن - كۈمۈش، دۇنيا بېرىمەن. سېنى ھەر نەرسىدىن، موھتاجلىقتىن نېرى قىلىمەن، — دېدى. بوۋاي خاننىڭ سۆزىگە ئىشەندى، خۇرسەن بولدى. خاندىن ئىجازەت ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

ئەلقىسسە، بوۋاي ئۆيىگە كېلىپ، بوزيىگىتكە تۇيدۇرماي ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى بېرىپ ئۇنى بىھوش قىلىپ قويدى. ئاندىن ئالدىراش بېرىپ خانغا مەلۇم قىلدى. دۈشمەنلەر كېلىپ، بىھوش ياتقان بوز يىگىتنىڭ پۇت - قولىغا تۆمۈر زەنجىر سېلىپ ئاپىرىپ زىندانغا بەند قىلدى. بۇنىڭدىن ساھىبجامال بىخەۋەر ئىدى. ساھىبجامال كېلىپ بوۋايدىن بوزيىگىتنى سورىدى. بوۋاي:

— بوزيىگىتنىڭ دۈشمەنلىرى ئىزدەپ كەلگەنىكەن قېچىپ كەتتى، قايان كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، — دېدى. ساھىبجامال تولىمۇ غەمكىن بولدى. بوۋايغا:

— يىگىت كەلسە، سۆزۈڭ راست بولمىسا، ئۇ چاغدا مەن سېنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا گىرىپتار قىلىمەن، — دەپ ئەسكەرتىپ، ئۇنى زىندانغا تاشلىدى.

ئەلقىسسە: بوزيىگىتنى تۇتۇپ زىندانغا بەند قىلغانلار خانغا خەۋەر بەردى. خان ئەمر قىلدى:

— ئەتە بازارغا ئەچىقىپ، دارغا ئېسىپ قەتل قىلىڭلار! دۈشمىنىمىزدىن قۇتۇلغانلىق شەرىپىگە چوڭ توي قىلىڭلار! قىزىمىزنى بېرىدىغانغا ۋەدىلىشىپ قويغان يىگىت بار. ئۇنىڭ ھەم تويى بولسۇن، ئىككى تويىنى بىرگە ئۆتكۈزۈڭلار!

ئەلقىسسە، بوزيىگىت ھوشىغا كەلدى. قارىسا قاراڭغۇ زىندان ئىچىدە ياتقۇدەك. كۆردىكىم، پۇت - قولى تۆمۈر زەنجىردە مەھكەم باغلانغان. بوزيىگىت نېرى - بېرى مىدىرلاپ باقتى، بولمىدى. بۇنىڭغا بىرلا ئاللانىڭ ئۆزى مەدەت بەرمىسە، بەندىلەرنىڭ چارىسى يوق ئىدى. بوزيىگىتنىڭ بۇ ھالىدىن خەۋەرسىز قالغان كىمەن شەھەر كوچىلىرىنى كېزىپ ئۇنى ئىزدەپ يۈرەتتى. ئايلىنىپ بازار ئىچىگە كەلدى. ئۇ كۆردىكى، جان دوستى بوزيىگىتنىڭ پۇت - قولى تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلانغان. بوزيىگىتنىڭ ئالدىدا ئۆلۈم تۇراتتى. كىمەن زار - زار يىغلاپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى. شاھزادىلەرنى ئۆلتۈرۈش شۇ ۋەزىرگە يۈكلەنگەنىمىش. ئۇ كەلمىگۈچە ئۆلتۈرۈلمەيدىكەن. بۇ پۇرسەتتە بوزيىگىت زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ، دوستى كىمەنگە بىر نەزم ئوقۇدى:

ئەي جان دوستۇم، يېقىن كەل،
سۆزۈم ساڭا ئېيتايىن.
ئەجەل كەلدى باشىمغا،
ئاللا ئەمرى نېتەيىن.
سەندىن باشقا دوستۇم يوق،
سىرىم كىمگە ئېيتايىن؟
قارچىغىنىڭ قانىتى،
سۇندى بىزلەر بىلمەيىن.
ھالۇئەھۋال سورىشىپ،
ئايرىلار كۈن بولۇپتۇر.
ئەي جان دوستۇم، سىردىشىم،
ئەجەل ماڭا يېتىپتۇر.
قارچىغىنىڭ قاناتى،
قايرىلار كۈن بولۇپتۇ.
چىراغىدىن پەرۋانە،
ئايرىلار كۈن بولۇپتۇ.
ماڭا بىردەم بېقىپ تۇر،
ئەمدى سېنى كۆرمەك يوق.

ئەمدى بىللە ھەر جايدا
ئويناپ، بىللە كۈلمەك يوق.
بۇرۇنقىدەك دوست بولۇپ،
خۇشال ـ خۇرام يۈرمەك يوق.
مۇڭلۇق بولغان ئاتامغا،
زار ـ زار بولغان ئانامغا،
يالغۇز ئوغلۇڭ سالام دەپ،
يەتكۈز جانىجانىمغا.
دىدارىمغا تويمىغان،
يالغۇزۇم دەپ قويمىغان.
مۇڭلۇق قالغان ئانامغا،
سالامىمنى قىل بايان.
ئانا پاك تۇغماق بار،
ئاللا ئەمرىنى بىلمەك بار.
ئەجەل يەتسە بەندىگە،
بۇ دۇنيادىن كەتمەك بار.
قاناتىدىن قايرىلغان،
يالغۇزىدىن ئايرىلغان،
قايغۇسى كۆپ ئاتامغا،
سەۋر قىل دەپ ئېيتقايسەن.
كىمنى بالام دېگەي ئۇل،
مەن ئېسىگە كەلگەندە؟
يانغان ئوتتەك كۆيگەي ئۇل!
كۆيگىنىنى كۆرگەندە،
سەۋر قىلغىل دېگەيسەن.
بېشىمدىكى دوپپامنى،
شۇ ئاتامغا ئېلىپ بار.
قولۇمدىكى ئۈزۈكنى،



ئانامغا قىل يادىكار.
ئۆز قولۇڭدا بەرگەيسەن،
كۆڭلىنى ئېلىپ يۈرگەيسەن.
كىيسە دوپپام يىرتىمىسۇن،
يالغۇز ئوغلۇم كېلەر دەپ،
ئاتام مېنى كۈتمىسۇن!
دوستۇم مېنى ئۇنتۇماي،
دائىم ئەسكە ئالغايسەن.
مۇڭلۇق ئاتام كۆرگەندە،
ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالغايسەن.
يالغۇزۇم دەپ يىغلىسا،
كۆڭلىنى ئېلىپ يۈرگەيسەن.
مەگەر ئىشقا بۇيرۇسا،
سەنمۇ مەندەك قىلغايسەن.
ئەي جان دوستۇم، جان دوستۇم،
مېنىڭ ئۈچۈن يۈرۈپسەن،
كۆپ رەنجىمنى كۆرۈپسەن،
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ.
مېنى دەپلا يۈردۈڭسەن،
ياش ۋاقتىڭدا بىر بولۇپ،
بۈگۈن جۇدا بولدۇڭسەن.
يالغۇزمۇ ئۆتەر دۇنيادىن،
يامانمۇ ئۆتەر دۇنيادىن،
خارمۇ ئۆتەر دۇنيادىن،
زارمۇ ئۆتەر دۇنيادىن.
بۇ ئالەم بىر ئۆتەڭدۇر،
شاھمۇ ئۆتەر دۇنيادىن.
شاھ ئاتىدىن تەخت قالار،
دۆلەتمەندىن بەخت قالار.
يالغۇز پانىي دۇنيادا،
پاك مۇھەببەت ساقلىنار.
سەن يۇرتۇڭغا بارغاندا،
ئاتا ـ ئاناڭ كۆرگەيسەن.
بارساڭ كىشى كۆرگەيلەر،
قاشىڭ كېلىپ تۇرغايلەر.
يىغىلغان كۆپ جامائەت،
بىزدىن خەۋەر بىلگەيلەر.
كۆزى كۆرگەن يۇرتداشلار،
بىللە تۇرغان سەپداشلار،
بىللە يۈرگەن مۇڭداشلار،
بىزنى ئەسكە ئالغايلەر.
بىزدىن مەھرۇم بولغانلار،
بىزنى دادلاپ سورىسا،
بىزدىن سالام دېگەيسەن.
بىزدىن رەنجىش ئالغانلار،
بىزدىن كۆڭلى قالغانلار،
بىزدىن جەبىر كۆرگەنلەر،
كۆپ ئىچىدە بار بولسا،
رازى قىلىپ قويغايسەن.
بىزنىڭ ئۆيگە بارغايسەن،
ئاتا ـ ئانام كۆرگەيسەن.
جۇدالىقنى بىلىپمەن،
قىلچە قورقماي يۈرگەنمەن.
ساھىبجامال يار ئۈچۈن،
بويۇن سۇنۇپ يۈرگەنمەن.
ئەلپىراقۇ ئەلپىراق،
مېھرىبانىم، ئەلپىراق،
ئاخىرەت كۈن بولغۇچە،
ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرمەك يوق،
بۇ دۇنيادا تۇرماق يوق.

ئەلقىسسە، كىمەن بوزيىگىتنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ «ئاھ ـ ئۇھ» دەپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بوزيىگىتكە قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەي بوزيىگىت، بوزيىگىت،
كىچىكلىكتىن دوست يىگىت.
ئايرىلۇر كۈن بولۇپتۇ،
نە چارە بار، دوست يىگىت.

ئەمدى ئۆلەر كۈن بولدى،
نە چارە بار، خۇش يىگىت.
ئەممىسەكمۇ بىر ئەمچەك
قوشكېزەكتەك ئۆسكەن بىز.
زامان ئاخىر بولسىمۇ،
ئايرىلمايمىز دېگەن بىز.
خەتەر كۈنگە يولۇقساق،
جان بېرەرمىز، دېگەن بىز.
ئۆلۈپ قالساق، بىز گۆردە
بىر ياتارمىز، دېگەن بىز.
خان ئاتاڭدىن ئايرىلغاچ،
پەرمان بېرەر يولمۇ يوق.
پەرمانبەردار بولۇشقا،
كۆپلەپ لەشكەر قولدا يوق.
بۇ ئاللانىڭ ئەمرىدۇر،
ئەمدى بىزدە چارە يوق.
يېتەلمىدۇق ئارمانغا،
جۇپ يۈرەككە تەگدى ئوق.
دۈشمەن رۇخسەت قىلمىدى،
ئىچىمگە دەرد سىغمىدى.
قىلىچ چۈشەر بېشىڭغا،
خەيرخاھلىق بولمىدى.
مەن ئۆيۈمگە يانغاندا،
نە تىل بىلەن سۆزلەرمەن؟
نە كۆز بىلەن كۆرەرمەن؟
نە دەپ جاۋاب بېرەرمەن؟
ئاتا بىلەن ئانىدىن،
كىمنى ئايرىماس بۇ ئۆلۈم؟
ئىنى بىلەن ئاغادىن،
كىمنى ئايرىماس بۇ ئۆلۈم؟
يارى بىلەن مالىدىن،
كىمنى ئايرىماس بۇ ئۆلۈم؟
ئەي جان دوستۇم، جان دوستۇم،
جانىم قۇربان قىلسامىمۇ،
كۆپ دۈشمەننىڭ ئىچىدە،
قۇتۇلماس كۈن بولۇپتۇ.
كىمنى دوستۇم دېگەيمەن؟
كىملەر بىلەن يۈرگەيمەن؟
جانىم قۇربان جان دوستۇم،
قىيامەت كۈن بولغاندا،
سېنى شۇندا كۆرگەيمەن.

كىمەن نەزمىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يەنە هوشدىن كەتتى... بەگلەر ۋە ۋەزىر – ۋۇزرالار يېتىپ كەلدى. خان بوزيىگىتنى چېپىشقا بۇيرۇدى. جاللات چاپتى. لېكىن، قىلىچ ئۆتمىدى. بوزيىگىتنىڭ جېنى ئار-تۇقچە قىينالدى. ئۇ جاللاتقا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي بىرەھىم نائەھلىلەر، ئۆلتۈرسەڭلەر جانىنى قىينىماي ئۆلتۈرۈڭلار! تاپىنىمدا ئالتە پۈك-لەنگەن ئالماس قىلىچىم بار، ئاشۇ قىلىچنى ئېلىپ چېپىڭلار! — دېدى. جاللات شۇئان بوزيىگىتنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى ئالتە پۈكلەنگەن ئالماس قىلىچنى ئالدى. بوزيىگىتنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقان زېيتۇن:

— رەھىم قىلماي بوزيىگىتنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە مىڭ دىنار ئالتۇن ھەدىيە قىلىمەن، — دېدى. بىر جاللات ئالماس قىلىچ بىلەن بوزيىگىتنى چاپقانىدى، بېشى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى.

ئەلقىسسە، بىر چاغدا كىمەن «ئۇھ» دەپ هوشغا كەلدى. ئۇ دوستى بوزيىگىتنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەسرەت ئىچىدە كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

هەي – هەي دۇنيا، شۇم دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن؟
ئىسكەندەردەك بىر شاھنى،
ئۆز قوينۇڭغا ئالدىڭ سەن.

هەي ـ هەي دۇنيا، شۇم دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن؟
ئىسكەندەردەك شاھلاردىن،
ياش ئۆمۈرنى يۇلدۇڭ سەن.
پەخرى ئالەم مۇھەممەدنى،
قارا گۆرگە سالدىڭسەن.
ئېلىپ ـ ئېلىپ تويمىدىڭ،
بىزنى ئالماي قويمىدىڭ.
كېچە يۈرگەن جان دوستنى،
مەندىن ئايرىپ قالدىڭسەن.
رەھىم ـ شەپقەت سەندە يوق،
شۇنداق ئۇلۇغ زاتلارنى،
ئۆز قوينۇڭغا ئالدىڭسەن.



بوزيگىتنىڭ بېشى ۋە يۈزىدە قىلدىن ياسالغان پەردىسى بار ئىدى، بۇنى جان دوستى كىمەنلا بىلەتتى، ئۇ نەزمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ بوزيگىتنىڭ بېشىدىن قىل پەردىنى ئاستا ئالدى. پەردە ئېچىلىش بىلەن بىر نۇرانە چىراي پەيدا بولدى، بوز يىگىتنىڭ ھۆسنى ئېسىل ئۈنچە - مارجان، ئالتۇن ھەلدەك يالتىراپ تۇراتتى. رۇخسارىنى كۆرگەن جامائەت ھەيران قالدى، بوزيگىتنى ئۆلتۈرگەن جاللات پۇشايمان ئىچىدە ئۆكۈندى. زەيتۇن جاللاتلارغا:

— خەير، بولار ئىش بولدى. ئەمدى بۇنىڭغا غەم يېمەڭلار، دەرھال دارغا ئېسىڭلار، بۇنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەممىگە ئايان بولسۇن، خاننىڭ ئەمرى مانا شۇنداق، — دېدى.

بوزيگىتنىڭ جەسىتى باغلىنىپ دارغا ئېسىلدى.

يىغلىغان ئۇلۇغ - ئۇششاق جامائەت ۋە بوزيگىتنى ئۆلتۈرگەن جاللات بوزيگىتنىڭ ئايدىن زىيادە، كۈندىن نۇرلۇق جامالىنى كۆرۈپ: «ئۇنداق بولارىنى بىلگەن بولساق، بوزيگىتنى ئازاد قىلىپ ئۆزىمىزنى قۇربان قىلار ئىدۇق. ۋاي ئىست، ۋاي ئىست. خەيرىيەت، تەقدىرگە تەن بەرمەي نېمە ئىلاج؟» دەپ پۇشايمان قىلىشتى.

ئول كېچە خان ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن داقا - دۇمباق، كاناي - سۇناي چالدۇرۇپ، تۇرلۇك - تۈمەن ئويۇن بىلەن توي قىلدى.

ئەلقىسسە، بوزيگىتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ساھىبجامال ھۇنۇز غاپىل ئىدى. ئۇ شەھەردە كوچمۇكوچا قاراپ بوزيگىتنى ئىزدەپ يۈرەتتى. ھېچ يەردىن ئىزدەپ تاپالماي، توي بولغان مەجلىسكە كەلدى. ساھىبجامال قىرىق قىز بىلەن بوزيگىتنى جامائەتتىن سوراپ، بىر نەزم ئوقۇدى:

تۆگە كېلىپ بوزلايدۇ،
ئۇنىڭ بوتىسى بارمىكىن؟
بوتا كۆزلۈك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا بارمىكىن؟
يىلقا كېلىپ كىشنىدى،
قۇلۇنچىقى بارمىكىن؟
قۇلۇن كۆزلۈك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا بارمىكىن؟
قويلار كېلىپ مەرەيدۇ،
قوي قوزىسى بارمىكىن؟
قوزا كۆزلۈك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا بارمىكىن؟
ئىنەك كېلىپ مۆرەيدۇ،
ئۇنىڭ موزىيى بارمىكىن؟
موزاي كۆزلۈك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا بارمىكىن؟
قارلىغاچ كېلىپ سايرىدى،
جۈپتى ئۇنىڭ بارمىكىن؟
ئۇۋىسىغا بارمايدۇ،
كۆڭلى غېرىب، زارمىكىن؟
بۇلبۇل قۇشلار سايرىدى،
قىزىلگۈللەر بارمىكىن؟
چېھرى گۈلدەك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا بارمىكىن؟

ئەلقىسسە، بۇ توي مەجلىسىدە بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ شاھنىڭ بوزيگىتنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكىنى ماقۇل كۆرمەيتتى. بوزيگىتكە ئىچى ئاغرىپ يىغلايتتى. ئۇ يىگىت ساھىبجامالنى تونۇپ بىر نەزمنى ئوقۇدى:

تۆگە كېلىپ بوز بولسا،
ئۇنىڭ بوتىسى يوق ئىكەن.
بوتا كۆزلۈك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا يوق ئىكەن.
يىلقا كېلىپ كىشنىسە،
قۇلۇنچىقى يوق ئىكەن.

قولۇن كۆزلۈك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا يوق ئىكەن.
ئىنەك كېلىپ مۆرىسە،
موزىيى ھەم يوق ئىكەن.
موزاي كۆزلۈك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا يوق ئىكەن.
قويلار كېلىپ مەرىسە،
قوزىسى ھەم يوق ئىكەن.
قوزا كۆزلۈك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا يوق ئىكەن.
بۇلبۇل قۇشلار سايرىسا،
قىزىلگۈلى يوق ئىكەن.

قىزىلگۈلدەك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا يوق ئىكەن.
قارا ئورمان، قارىغايلىق،
كەلمەس يەرگە كەتكەن ئۇ.
ئۆمۈر بويى قوغلاپمۇ،
يەتمەس يەرگە كەتكەن ئۇ.
بوزلىغان تۆگە بوتىسىن،
بۆرە ئالغان ئوخشايدۇ.
بوز يىگىتنىڭ دۇنياسىن،
خەير ئالغان ئوخشايدۇ.
كەڭ دۇنيانىڭ دۆلىتى،
تۇل قالغانغا ئوخشايدۇ.

ساھىبجامال بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن بوزيگىتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدى، ئاندىن پەرياد بىلەن ئاتىسى تاماساخاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئۆز باغرىڭنى رەنجىتىپ،
دۈشمىنىڭگە يېقىپسەن.
ئاتقا مىنىپ چىقىپسەن،
دۈشمىنىڭنى يىغىپسەن.
ساڭا دۇنيا قالدى كەڭ،
ئۆلمەس خەۋەر ئۇقۇپسەن.
ئاتا، بىر كۈن يىغلارسەن،
كۆپ پۇشايمان قىلارسەن.
ئىش ئۆتكەندە پايدا يوق،
يوپۇرماقتەك سۇنارسەن.
ئويلىغىنىڭ بىلدىم مەن،
ئويۇڭ سېنىڭ شۇ ئىكەن:
بوزيگىتنى ئۆلتۈرۈپ،
ئالتۇن تەختكە ئولتۇرۇپ،
مەيدان ئىچى تولدۇرۇپ،
زەيتۇنىڭنى كەلتۈرۈپ،
يۇرت ئىچىدە بويۇڭ بار،

سېنىڭ شۇنداق ئويۇڭ بار.
تۆمۈر ئالتۇن بولمايدۇ،
چۆيۈن كۈمۈش بولمايدۇ،
سېنىڭ سۆيگەن زەيتۇنىڭ،
بوزيگىتتەك بولمايدۇ.
بىر يامانىنى بوياپسەن،
ئىتنى ئۆيگە سولاپسەن.
سەن تاللىغان زەيتۇن،
ساڭا ئوغۇل بولمايدۇ.
بوزيگىتنىڭ سۆڭىكىن،
مىڭ زەيتۇنغا بەرمەسمەن.
بوزيگىتنىڭ قەبرىسىن،
ئالتۇن ئۆيگە بەرمەسمەن.
مىڭ زەيتۇننى كەلتۈرسەڭ،
بىرنى قوبۇل كۆرمەسمەن.
بوز يىگىتىم يوق بوپتۇ،
قىزىڭ بولۇپ يۈرمەسمەن.

ئەلقىسسە، تاماساخان قىزىنىڭ جان ـ جىگىرىدىن تۆككەن زارىنى ئىشىتتى. قىزىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:



يىغلىما، بالام، يىغلىما،
ئەل ئىچىدە ياخشى كۆپ.
كۆز يېشىڭنى ئاققۇزۇپ،
پەشلىرىڭنى قىلما چۆپ.
ئەل ئىچىنى ئارىلاپ،
تاللىۋالغىن بىرنى خوپ.
نەدە ياخشى كۆرۈنسە،
سېنى ئاڭا بېرۇرمەن.
ئەلدىن ـ ئەلگە يۈرۈرمەن،
سەن سۆيگەننى تاپارمەن.
ئاستىمدىكى تەختىمنى،
قىزىم ساڭا بېرۇرمەن.
ئالتۇن ساراي ياسىتىپ،
خىزمەتكارلار قويۇرمەن.

بېشىمدىكى تاجىمنى،
قىزىم ساڭا بېرۇرمەن.
ئارغىماققا مىندۈرۈپ،
مىڭ كېنىزەك بېرۇرمەن.
مىڭ تۆگىگە يۈك ئارتىپ،
مىڭ كېنىزەك بېرۇرمەن.
دۇنيا ئىچى كەڭ، بالام،
كۆپتىن ياخشى تېپىلۇر.
شۇ تېپىلغان ياخشىغا،
ئاتاڭ تويۇڭنى قىلۇر.
مال ياخشىسى سېنىڭدۇر،
تون ياخشىسى سېنىڭدۇر.
ئەل ئىچىدە ياخشى كۆپ،
سۆيگۈنۈڭگە بېرۇرمەن.

دۇنيا يۈزى كەڭ، بالام،
ئىشەن ماڭا، جان بالام.
تېپىپ كېلىپ ياخشىنى،
سېنى ئاڭا بېرۇرمەن.
ياخشى مالنى ئالۇرسەن،
سۆيگۈنىڭگە بارۇرسەن.
بېرىم قىلما كۆڭلۈڭنى،
ئۆز بەختىڭنى تاپارسەن.
بۇزما، بالام، كۆڭلۈڭنى،
كۆپ خانلاردىن خەت كەلدى.
تۇتقۇشتەك يىگىتلەر،
قىزىم سېنى دەپ كەلدى.
چاقىر ئۇيېلىپ تۇرغۇزۇپ،
يۈزىن ساڭا كۆرستىپ.
سېنى خۇش ھال كۇلدۇرۇپ،
سۆيگۈنىڭگە بېرۇرمەن.

ساھىبجامال ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، جاۋابەن مۇنداق نەزم ئوقۇدى:

قىزنىڭ كۆڭلى قالغاندۇر،
ئالدىساڭمۇ بولمايدۇ.
يىگىتلەرنى چاقىرساڭ،
قىزنىڭ قوبۇل كۆرمەيدۇ.
سۆڭەكلىرىم سۇندىغۇ،
سىلىغانىغا بولمايدۇ.
يۈرىكىم كۆيۈپ پۈتتى،
سۇغا سېلىپ بولمايدۇ.
كۆڭۈل قۇشۇم ئۇچقاندا،
قون دېسەڭمۇ قونمايدۇ.
بېشىم يەرگە چۈشكەندە،
يېنىپ ئالارغا بولمايدۇ.
ئىچىم مۇزغا بىر توشۇپ،
يۈرىكىم تاش بولغاندۇر.
مىڭ خىزمەتكار نە قىلاي؟
ئۇنداق كۈنلەر پۈتكەندۇر.
مىڭ تۆگە يۈك نە قىلاي؟
كېنىزەك كۈنى ئۆتكەندۇر.
بېغىڭدىكى تاجىنى،
بېشىم كىيىپ نە قىلاي؟
ئالتۇن تەختىڭ نە قىلاي؟
تەختتە تۇرار كىشىم يوق.
تۇلپارىڭنى نە قىلاي؟
سۆلەت بىلەن ئىشىم يوق.
مال ياخشىسى نە قىلاي؟
ئېلىپ كىيەر كىشىم يوق،
تون ياخشىسى نە قىلاي؟
ئەلدىن ـ ئەلگە ئايرىلاپ،
تاپقان ياخشىڭ نە قىلاي؟
تاپقىنىمنى ئۆلتۇردۇڭ،
زەيتۇنىڭنى نە قىلاي؟
ئالتۇن ساراي سالغۇچە،
يەردىن گەمە ياستاي.
سۆيگۈنۈم ـ يارىم بىلەن،
تا ئەبەد بىرگە ياتاي.
جان نىگارىم كەتكەچكە،
يانغان ئوتۇم ئۆچكەچكە.
تىرىك تۇرۇپ مىڭ ئۆلۈپ،
سەۋرىم تامام پۈتكەچكە.
ئۆزگە جانىنى نە قىلاي؟
بۇ جاھاننى نە قىلاي؟
ئەمدى تاپقان قىزىڭنى،
يۇرت ـ شەھەرنى ئايرىلاپ،
ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەنگە،
ئۆزىتارسەن ئارزۇلاپ.

ئەلقىسسە، ساھىبجامال بۇ سۆزلەرنى ئاتىسىغا ئېيتتى، ئاندىن بىتاقەت بولۇپ يىغلاپ، ئاتىسىنىڭ سۆزىنى كۆتمەي دار ئالدىغا كەلدى. داردا تۇرغان بوزيىگىت ساھىبجامالنىڭ يۈزىگە پارقىراپ كۆرۈندى.

قىز شۇئان بىھوش بولۇپ يىقىلدى. قىرىق كېنىزەك بوزىيگىتنى داردىن چۈشۈردى. ساھىبجامال ئەقلىنى جەم قىلىپ ھوشىغا كەلدى. ئۇ بوزىيگىتنىڭ بېشىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ «ھۇ» تارتىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەزىز بېشىڭ، خان بېشىڭ،
كېسىلگەنگە ئوخشايدۇ.
ئالتۇن بېشىڭ گەۋدەڭدىن،
ئۈزۈلگەنگە ئوخشايدۇ.
باھاسى يوق تېنىڭدىن،
جان كەتكەنگە ئوخشايدۇ.
تېنىڭ ياتۇر بۇلغىنىپ،
ئاپئاق قولۇڭ باغلىنىپ،
كېپىنىڭ يوق، گۆرۈڭ يوق،
يەردە ياتار ئەرمىدىڭ؟
گۆھەر بېشىڭ، گۈل بېشىڭ،
نۇرلۇق يۈزۈڭ بۇلغىنىپ،
يۈرەكلىرىڭ داغلىنىپ،
قۇربان بولۇر ئەرمىدىڭ؟
يۇرتۇڭدا سەن خان ئىدىڭ،
ئەقلى توشقان جان ئىدىڭ.
دۈشمەنلىرىڭ ئالدىدا،
مۇنداق بولار ئەرمىدىڭ؟
نۇر چاقنىغان كۆزۈڭدىن،
قىزىلگۈلدەك يۈزۈڭدىن،
بالدىن تاتلىق سۆزۈڭدىن،
ئۈچۈپ قالار ئەرمىدىڭ؟
قانغا مىلەپ بېشىڭنى،
قۇمغا مىلەپ چېچىڭنى،

كۆزدىن ئاققان يېشىڭنى،
يەرگە چۈشۈرەر ئەرمىدىڭ؟
گۆھەر بېشىڭ دومىلاپ،
ئالتۇن تېنىڭ يۇمىلاپ،
جاللاتلارغا خار بولۇپ،
دارغا ئېسىلار ئەرمىدىڭ؟
قاپقارادۇر كۆزلىرىڭ،
قىزىلگۈلدەك يۈزلىرىڭ،
شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىڭ،
بىر كۆرەرگە زار بولدۇم.
ئېيتسام سۆزۈم پۈتمەيدۇ،
قايغۇ ئەستىن كەتمەيدۇ.
ئۈزاق يەرگە كېتىپسەن،
چىللىساممۇ كەلمەيسەن.
ئۈز يولۇڭغا چۈشۈپسەن،
زارلىساممۇ بىلمەيسەن.
سەن دۇنيادىن ئۆتۈپسەن
ھەم ئالدىمدا كېتىپسەن.
كېتەرمەن ھەم ئارقاڭدىن،
بۇ دۇنيانى نە قىلاي؟
كۈن ـ تۈن يىغلاپ يۈرگۈچە،
بۇ ھەسرەتنى كۆرگۈچە،
قايغۇڭ كەتمەس ئۆلگۈچە،
سېنى قوغلاپ يېتەرمەن.

ئەلقىسسە، ساھىبجامال مۇسىبەت قىلىپ ئالتۇن سارايغا كەلدى. بوزىيگىتكە بىھوش دورىسى بېرىپ خانغا تۇتۇپ بەرگەن قېرى زىنداندا ئىدى. ئۇنى شۇئان زىنداندىن ئالدۇرۇپ كېلىپ:

— ئەي يەر يۈزىنى قۇرۇتقان شۇم قېرى، مەن ساڭا كۆپ ياخشىلىق قىلغاندىم. سەن مېنىڭ بوزىيگىتكە ئاشىقلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، بوزىيگىتنى بەند قىلىپ خانغا خەۋەر بەرگۈچە، ماڭا خەۋەر بەرسەڭ بولمامدۇ؟ ھازىر سېنى قىيىن ـ قىستاقتا ئۆلتۈرۈپ، تېرەڭنى تاسمىدەك تىلىپ جازالايمەن، — دېدى. شۇ چاغدا قېرى قورقۇپ غالىلداپ تىترىدى. رەڭگى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتتى. ئۇ:

— مەندىن بىر خاتا ئىش ئۆتۈپتۇ. ھەرنېمە قىلسىڭىز رازىمەن. جازالىسىڭىزمۇ ياكى ئەپۇ قىلسىڭىزمۇ مەيلى، — دەپ يىغلاپ تۇردى.

ئاندىن ساھىبجامال:

— خەيرىيەت، مەگەر مەن تىرىك بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئەيش - ئىشرەت بىلەن يۈرەر بولسام سېنى ئۆلتۈرەر ئىدىم. بەس، يارىمىنىڭ ئارقىسىدىن كېتۈرمەن. شۇ ھالدا سېنىڭدەك بىر شۇمنى ئۆلتۈرۈپ پاك قولۇمنى بۇلغاپ گۇناھكار بولۇپ يۈرمەي، — دېدى. شۇم قېرى نەگىدۇر يوقالدى.

ئەلقىسسە، ساھىبجامال خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ، بوزيىگىتنىڭ قەبرىسىنى قازدۇردى. تۈرلۈك - تۈمەن نەقىشلەر بىلەن قەبرىنىڭ ئىچىنى بېزىدى. قەبرىنىڭ سىرتىغا قۇببە - گۈمبەز سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشىك ياساتتى. ئىچىگە شامدانلارنى قويدۇردى. ساھىبجامالنىڭ ئاتىسى تاماساخان بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، مۇلاتىيە شەھىرىدىكى ئەڭ كاتتا بىر يۈز قىرىق سەككىز ئۇستىنى چاقىردى. خان ئۇستىلارغا:

— قىزىم ھەرنېمە بۇيرۇسا قىلىڭلار، مېنىڭ خەزىنەمدىن پۇل كېرەك بولسا پۇل، ئالتۇن - كۈمۈش لازىم بولسا، ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىڭلار. نە ھاجەت بولسا شۇنى ئېلىڭلار، قىزىمنىڭ كۆڭلى تىنسۇن، قىزىم ئۆلمىسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى.

ئۇستىكارلار جەم بولۇپ قۇببىگاھقا باردى. بىنانىڭ ھەر يەرلىرىگە ئالتۇندىن تۇۋرۇك قويۇلۇپ، ئۇستى ئالتۇن بىلەن يېپىلىپ، سىرتىدىن شولا چېچىلىپ، گۈل - گىياھلار يەلپۈنۈپ، بۇلبۇل ۋە تۇتىقۇشلار سايرىشىپ تۇراتتى. مۇلاتىيە شەھىرىدە مۇنداق بېزەلگەن بىنا يوق ئىدى. سىرتىدىن ھەر يېقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون ئۈن يېتىمى ئىدى. ساھىبجامال نەھايەت سۈرلۈك يۈردى. قۇببە پۈتكۈچە ھېچكىمگە نەزەر سالمىدى. ھېچكىمدىن خەج - خىراج تىلىمىدى. ئۆزىنىڭ خىراجىتى بىلەن تۇرغۇزدى. مەزكۇر ئۇستىكارلار بۇ قۇببىنى بىر يۈز قىرىق يەتتە كۈندە (يەنە بىر رىۋايەتتە ئون بەش كۈندە) پۈتتۈردى. بۇ قۇببىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىچىدىن ئېتىۋالسا، ھېچكىم كىرەلمەس دەرىجىدە بەكمۇ مەھكەم بولدى. قۇببىنى كۆرگەن كىشى گۈزەللىكىدىن ھەيران بولدى. بەزىلەر سۇمباتلىق بوز يىگىتنى ئويلاپ يىغلىدى. قۇببە پۈتكەندىن سوڭرە ساھىبجامال بىرمۇنچە ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل، مال - دۇنيالىرىنى



خىزمەتكارلار، ئۇستىكارلارغا ئۇلەشتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى رازى ۋە خۇرسەن قىلدى.

ئەلقىسسە، ساھىبجامال يەنە زار ـ زار يىغلاپ ئۆز سارىيىغا كەلدى. كىمەن بۇ يەردە دىۋانە قىياپەتتە بېشىنى سىيلىپ يىغلاپ يۈرەتتى. ئۇ: «ئاھ دەرىخ، ئاتام ـ ئانام كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆردۈم.» دەپ ياقىسىنى پارە ـ پارە قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى. ساھىبجامال قىرىق قىزنى چاقىرىپ، ئۇلارغا قاراپ بىر نەزم ئوقۇدى:

يار ـ يار ئېيتقان يارلىرىم،
ئامان بولۇڭ، خوشلىرىم.
بىزگە كېتەر كۈن بولدى،
خوش، قەدىردان دوستلىرىم.
سىزدىن كېتەر كۈن بولدى،
ياخشى قېلىڭ، دوستلىرىم.
بۇزۇق دۇنيا، كۈن بولدى،
ئىچىم قارا خۇن بولدى.
ماڭا ئۆلەر كۈن بولدى،
خوش قېلىڭلار، دوستلىرىم.
ئەمدى بىزنى كۆرمەك يوق،
بىللە بولۇپ يۈرمەك يوق.
باقىي دۇنيا شۇ ئىكەن،
ئۆلگەنگە تىرىلمەك يوق.
بىزگە بارار كۈن بولدى،
سىزگە قالار كۈن بولدى.
يامان ـ ياخشى بىلمەسمەن،
رازى بولۇڭ، دوستلىرىم.
بىزدىن كۆڭلى قالغانلار،
رازى بولۇڭ، دوستلىرىم،
پاتىھە ئوقۇپ يۈرگەيسىز،
تۇرغانغا يار تېپىلۇر.
غېمىڭىز يوق، دوستلىرىم،
ئاغرىققا ئەم تېپىلۇر.
بۇرۇنقىدەك بولۇرسىز،
سىزلەرگە كۈن تېپىلۇر.
ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەيسىز،
تىلىگەنگە يەتكەيسىز.
بىزدىن دۇنيا ئۆتتۈپتۇ،
ئاللا مەھرۇم قىلىپتۇ.
ئەمدى تىرىكلىك بولماستۇر،
ئەجەلدىن بىرى قالماستۇر.
مېنىڭ ئۈچۈن يىغلىماڭ،
مەندەك بىر قىز تېپىلۇر.
نە بولدۇ ئۆلگەنلەر،
تىرىككە يار تېپىلۇر.
نە قىلسامۇ بولمىدى،
دۈشمەن ئۈنى قويمىدى.
كۆرمىگەنلەر بىلمەيدۇ،
چىن ھەقىقەت بولمىدى.
سىزگە باغلار تۇرۇپتۇ،
ئوبناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەيسىز.
بۇلبۇل بىلەن گۈل كۆرۈپ،
بىزنى ئەسكە ئالغايسىز.
يېشىڭىز ياش، دوستلىرىم،
ئېسەن بولۇڭ، دوستلىرىم،
ئامان بولۇڭ، دوستلىرىم.

ساھىبجامالنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلىغان قىرىق قىز ئىچىدىن بىر قىز زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

جابىبار ئىگەم ئەۋۋەلى،
ئۆزىڭىزدىن تىلىدۇق.
ھاياتىمىز تايانچى،
مەلىكىدىن تىلىدۇق.
ئاۋۋال ھەقتىن تىلەيمەن،
ئاندىن ساڭا يىغلايمەن.
جانى ـ جانجان دوستۇم،
بىرئاز تىرىك يۈرگىنە!
كۆپ قىزلارنىڭ ئىچىگە،
قايتقىن جېنىم، قايتقىنە!
زارلاپ قېلىپ ئانىڭىز،
ھالىمىزغا يەتسىڭىز.

ئازراق ھايات تۇرسىڭىز،
بىللە ھايات تۇرسىڭىز.
يولداشلىرىڭ ئارقىڭدا،
ھەسرەت چېكىپ قالمىسۇن.
ئالتۇن بېزەك كەڭ ساراي،
يەردە قۇرۇق قالمىسۇن!
قىرىق قىزنىڭ قانىتى،
يەر يۈزىنىڭ سۆلىتى.
سولۇپ نابۇت بولمىسۇن،
بۇندىن ئۈمىد ئۈزمىگىن،
دۆكىنىڭنى بۇزمىغىن.
دۆكاندىكى بارلىقىڭ،
خانىۋەيران بولمىسۇن،
ئالتۇن ـ كۈمۈش، گۆھىرىڭ.
يات قولدا قالمىسۇن،
مەرۋايىت، مارجان، گۆھىرىڭ،
ھەركىمگە ئولجا بولمىسۇن،
قايتقىن، جېنىم، قايتقىنە،
يەر يۈزىدە قالغىنە!
بىزلەر خۇشتۇق پەزلىڭدىن،
قايتقىنە، دوست، پەيلىڭدىن.
يولداشلىرىڭ قەبرەڭنى،
قۇچاقلاپمۇ قالمىسۇن.

ساھىبجامال جاۋاب تەرىقىسىدە يەنە بىر نەزم ئوقۇدى:

كەلسە ئەجەل خەۋىرى،
نە قىلساڭمۇ ياتمايدۇ.
قانچە ياشقا كىرسىمۇ،
گۆر ئىچىگە بارار ئۇ.
بۇ دۇنيانىڭ دۆلىتى،
ئۆز ئىچىدە قالمايدۇ.
بۇ دۇنيانىڭ دۆلىتى،
يەر يۈزىدە قالىدۇ.



ئەلكىڭدىكى دۆلىتىڭ، ئۆلۈم ئولجا بولمايدۇ.
كىمگە ئولجا بولىدۇ؟! ئاتام كەچتى مېنىڭدىن،
ئاتا ـ ئاناڭ ئارقىڭدا، مەن ئاتامدىن كېچمەن.
زار ـ زار يىغلاپ قالىدۇ. ئانام كەچتى مېنىڭدىن،
ئاكا، ئىنى قېشىدا، مەن ئانامدىن كېچمەن.
يىغلىساڭمۇ بولمايدۇ. قاتتىق دەردكە يولۇقتۇم،
ئاتا ـ ئانا قېشىدا، تۇر دېسەڭمۇ كېتىمەن.
يىغلىساڭمۇ بولمايدۇ. يېتىم بوتا ئوخشايمەن،
بۇ دۇنيانىڭ دۆلىتى، لازىمى يوق يەم ـ چۆپنىڭ.
ئولجا بولسا بولمايدۇ. ئەمدى ئېيتار سۆزۈم يوق،
ئالتۇن بېزەك كەڭ ساراي، سۆزۈم قالار، ئۆزۈم يوق.
ئولجا بولسا بولمايدۇ. خوش قېلىڭلار، دوستلىرىم،
ئولجا بولار ھەرنېمە، ئېسەن بولۇڭ، دوستلىرىم!

ساھىبجامال ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىيىملىرىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ يەنە بىر نەزم ئوقۇدى:

ئالتۇن ياقا خوش تونلار، ئولجىلارنى ئېپ كۆردى.
سېنى كىيەر كىشىم يوق. ئايدىن ئوغۇل تۇغدۇرۇپ،
ئالتۇن كوكۇل بوز يورغا، كۈندىن بىر قىز تۇغدۇرۇپ.
سېنى مىنەر كىشىم يوق. خان زېيتۇنغا بەرسۇن ئول،
ئالتۇن بېزەك كەڭ ساراي، ئولجا ئالغان مېلىنى،
ساڭا كىرەر كىشىم يوق. ئاڭا بوغچا قىلسۇن ئول.
ئاتام بىزنى كۆپ كۆردى،

كىمەن دېۋانە قىياپەتتە يۈرەر ئىدى. ئۇ ساھىبجامالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىر نەزم ئوقۇدى:

شېھىت دوستۇم، ئەلۋىدا، پەرىلەرنىڭ قېشىدا،
ئايرىلارىڭ بىلمىدىم. بولسۇن خۇشال تويلىرىڭ،
شېھىت دوستۇم، ئەلۋىدا، قەدىردانىم ئەلۋىدا.
يەتتە كۈندەك زارلىدىم. تاغ بېشىدىن ئۇچقاندا،
باغلىنىپتۇ تىللىرىڭ، قونار يېرىڭ يوق ئىدى.
كۆپ تىلىكىڭ ھەل بولماي. بۇ دۇنيادا مېھمان بوپ،
ئۆتتى سېنىڭ كۈنلىرىڭ، يۈرەر يېرىڭ يوق ئىدى.
ئەلۋىدا، ئەي، ئەلۋىدا، كۆرگەن چۆشۈڭ ئالدىڭدا،
مېھرىبانىم ئەلۋىدا. دوستۇڭ قالدى ئارقىڭدا.
جېنىڭ جەننەت ئىچىدە، مېھرىبانىم ئەلۋىدا،
مېھرىبانىم ئەلۋىدا. جېنىڭ جەننەت ئىچىدە،
تولۇن ئاينىڭ قېشىدا؛ مېھرىبانىم ئەلۋىدا.

ئەلقىسسە، ساھىبجامال مۇلاتىيە شەھىرىدىكى جىمىكى پېقىر - بىچارىلەرنى، يېتىم - يېسىرلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - دۇنياسىنى خەير - ئېھسان قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ئاندىن ئەل - يۇرتقا قاراپ بىر نەزم ئوقۇدى:

ئەلپىراقەي - ئەلپىراق،
ئامان بولۇڭ، دوستلىرىم.
بىز دۇنيادىن كېتەرمىز،
دۇنيا سىزگە قالادۇر.
ئامان بولۇڭ، دوستلىرىم،
بىز يامانلار كېتەيلى؛
ئاخىرەتكە يېتەيلى.
سىز ياخشىلار قېلىڭلار،
مەقسەتلەرگە يېتىڭلار.
بىزلەر سەپەر قىلايلى،
كېيىن قالغان، دوستلىرىم.

ئاتامغا دەڭ سۆزۈمنى،
دۇنيا قالدى ئاتامغا،
ھەسرەت ئالدى ئۆزۈمنى!
يارىم كەتتى يار ئۈچۈن،
قۇربان قىلاي ئۆزۈمنى.
چىن يارىمدىن قالغۇم يوق،
ئۆزگىلەرگە بارغۇم يوق.
بۇ ئۆلۈمدىن قالغۇم يوق،
ھەممىڭىزگە خەير - خوش،
ئامان بولۇڭ، دوستلىرىم.

نەزم تۈگىدى. ساھىبجامال قۇببىنىڭ ئىشىكىنى بىر تارتىپ ئېچىپ ئىچىگە كىردى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي ئىككى ئالەملىك ئاشىقى بوزيىگىتنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ شېھىت بولدى.

جامائەت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ زار - زار يىغلىدى. «ئاھ دەرىخ، خاننىڭ ئىشى خارابتۇر، بۇ قىلغىنى خاتادۇر. ئەخمەق خان قىزىنىڭ سۆيگەن يارىنى ئۆلتۈرۈپ، غەيرىي كۈيئوغۇل تاپماق بولدى...» دېيىشتى. بۇ خەۋەر شۇئان تامماسخانغا يەتتى. خان خوتۇنى بىلەن «ئاھ - ۋاھ» دەپ كېلىپ يىغلاپ بىھوش بولدى. بۇ، ئۆلگەندىن كېيىن «ياسىن» ئوقۇغاندەك بىر ئىش بولدى. خان بۇ يەرگە كاتتا بىنا تىكلىدى. بىراق ھېچكىم نەزەرىنى سالمىدى....



رىۋايەت قىلغۇچى ئېيتىدۇركىم، ساھىبجامالنىڭ يېنىدىكى قىرىق قىز بوزيىگىت بىلەن ساھىبجامالنىڭ قايغۇسىدا دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ ھەم شۇلارنىڭ ئەتراپىدا يېتىپتۇ. بۇ ھالدىن خەۋەردار بولغان كىمەن: «مەن ھەم مۇشۇ ئىككى جان دوستۇمنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلەي» دەپ قۇببىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. شۇ چاغدا دوستى بوزيىگىتنىڭ دار ئالدىدا ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداش ۋە يۇرتىغا سالام ئېيتىپ ئامانەت قىلغان ۋەسىيىتى ئېسىگە چۈشۈپتۇ. كىمەن: «بۇ ئامانەتنى يەتكۈزمەي تۇرۇپ ئۆلسەم، دوستلۇقنى يەتكۈزمىگەن يالغانچى دوست بولۇپ قالىمەن» دەپ ئويلاپ ئۆز شەھىرىگە قايتماق بوپتۇ. كىمەن بوزيىگىتنىڭ قۇببىسىنى قۇچاقلاپ، ئىككى كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق نەزمنى ئوقۇپتۇ:

مەن قايتماقنى ئويلىدىم،
كىمنى دوستۇم دېگەيمەن؟
مېھرىبانىم ئەلۋىدا،
ئاھ، كىم بىلەن يۈرگەيمەن؟
سېنى ھەققە تاپشۇردۇم،
يارىڭ بىلەن قېشىڭدا.
يالغۇزلۇقتا يىغلايمەن،
غەم - قايغۇ كۆپ بېشىمدا.
سەن يادىمغا يەتكەندە،
كەتكۈم كەلمەس قېشىڭدىن.
يىغلىساممۇ پايدا يوق،
كۆزدىن ئاققان يېشىمدىن.
يۈزۈڭ قايدىن كۆرگەيمەن؟
مېھرىبانىم ئەلۋىدا.
قايغۇ بىلەن ئىچكەن ئاش،
قىزىل قانغا ئوخشايدۇ.
قايتاي دېسەم يۇرتۇمغا،
قايغان پۈتۈم چۈشەيدۇ.
ئۆز توپىدىن ئايرىلغان،
يالغۇز غازدەك بولدۇممەن.
ئانىسى ئۆلگەن بالىدەك،
يىغلاپ - يىغلاپ قالدىممەن.
جېنىم ھەققە تاپشۇردۇم،
يارىڭ بىلەن قېشىڭدا.
يېگانە بوپ قالدىممەن،
يولدىشىم يوق قېشىمدا.
باقىي دۇنيا ئىچىدە،
قوشۇلار كۈن بولارمۇ؟
گۆر ئىچىدە بىر بولۇپ،
بىر ياتار كۈن بولارمۇ؟

كىمەن نەزمىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بوزيىگىتنىڭ قۇۋىسىنى نەچچە ئايلىنىپتۇ. ئاخىر ئامانەتنى يەتكۈزمەك بولۇپ ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

## بوزيىگىت ھەققىدە قوشاقلار

شاھزادە بوزيىگىتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئانىسىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئوردا شائىرىنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

كۆپنى كۆرگەن قېرىمەن،
بىر ئاز سۆزلەپ بېرىمەن.
ئاسماندىكى تورغايدەك،
ئالدىڭىزدا سايرايمەن.

ئۆي ئىچىدە ئولتۇرغان،
قۇلاق سېلىڭ، ياخشىلار.
بۇ دۇنيادا پايدا يوق،
ئاڭلىۋېلىڭ، ياخشىلار!
مەن قېرىنىڭ سۆزىدىن،
ئىبرەت ئېلىڭ، ياخشىلار!

قېرىلاردىن كونا سۆز،
ئەسكە ئالماي يۇرمەڭلار!
ئالىملاردىن ئەقىل سۆز،
كۆڭۈل قويماي يۇرمەڭلار!

قېرىلاردىن خەيرلىك سۆز،
كونىلاردىن قالغان سۆز.
ئالىملاردىن ئەقىل سۆز،
پەيغەمبەردىن قالغان سۆز.

دەردىمىزگە دەرمان يوق،
قايغۇمىزغا ئارمان يوق.
دەردكە دەرمان بولمىسا،
ياراتقاندىن يامان يوق.

مىنگەن ئاتتىن ئەر قالار،
تاپقان ئەردىن مال قالار.

ئەر بېشىغا كۈن كەلسە،
سۆيگەن ئوغۇل يار قالار.

پادىشاھتىن تەخت قالار،
تۆمۈرچىدىن دات قالار.
ئەر بېشىغا دەرد كەلسە،
ياخشى ـ يامان ئات[124] قالار.

ئالىملاردىن خەت قالار،
ئۇستىلاردىن نام قالار.
ئويلاپ كۆرسەڭ، ياخشىلار،
بۇ دۇنيادا كىم قالار؟!

يۈرگەن يەردە يول قالار،
كۆرگەن يەردە ئەل قالار.
بايلىرىڭدىن پۇل قالار،
بەزى خوتۇن تۇل قالار.

تاپقان ئەردىن مال قالار،
ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل قالار.
ئىتتەك قاۋاپ، تالىشىپ،
كىم كۆرۈنسە شۇ قالار.

ئۆي ـ ئىمارەت بوش قالار،
ئويناپ ـ كۈلگەن دوست قالار.
تۇغۇلدۇم دەپ شادلانما،
ئۆلىدىغان كۈن بولار.

ئۆلگەن جاننىڭ بارىدىن،
سوراق سورار كۈن بولار.
مېلىم كۆپ دەپ شادلانما،
مېلىڭ قالماس كۈن بولار.

بىر ئۆزۈڭدىن باشقىنى،
كۆڭۈلگە ئالماس كۈن بولار.
قولۇڭدىكى قۇللىرىڭ،
كۆزگە ئىلماس كۈن بولار.

بالام بار دەپ شادلانما،
بالاڭ قالماس كۈن بولار.

ئالىم مەن دەپ شادلانما،
سوراق ئالار كۈن بولار.

قىزىل يۈزۈڭ، گۈل يۈزۈڭ،
سولۇپ قالار كۈن بولار.
قۇرت ـ قوڭغۇز يىغىلىپ،
سىنى چاقار كۈن بولار.

ئىسكەندەر، سۇلايماندەك،
شاھلار ئۆتكەن دۇنيادىن.
ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى،
ئادەم[125] كەتكەن دۇنيادىن.

مېلىم بار دەپ ئويلىساڭ،
قارۇن ئۆتكەن دۇنيادىن.
كۈچۈم بار دەپ ئويلىساڭ،
ھارۇن ئۆتكەن دۇنيادىن.

چىمەنمەن دەپ ئويلىما،
باردۇر تالاي چىمەنلەر.
سۆزگە ئۇستا سۆزمەنلەر،
قاقشاپ ئۆتكەن دۇنيادىن.

بەگزادە ۋە تۆرىلەر،
ئىچى زەھەر بۆرىلەر.
ھاتەم[126] بايدەك ياخشىلار،
يىغلاپ ئۆتكەن دۇنيادىن.

يارالدۇق بىز كېتەرمىز،
بۇ پانىيدىن ئۆتەرمىز.
ئەجەل يېتىپ كەلگەندە،
كەتمەي نېمە قىلارمىز؟

تەقدىر نېسىپ بولغاندا،
چارىسىز يول تارتىمىز.
ئەمر كەلسە ئاللادىن،
بويۇن سۇنۇپ ياتارمىز.

تەنمۇ چىرىپ كۈل بولۇپ،
تۇپراق بولۇپ ياتارمىز.

بىزدىن بۇرۇن تۇغۇلغان،
بەللىرى چىڭ بوغۇلغان،
ئاۋۋال كېلىپ تېز ئۆتكەن،
تەڭرى بىلەن سۆزلەشكەن.
ئادەم ئىدى ئاتىمىز،
ھاۋا ئىدى ئانىمىز.
ئۆلمەيدىغان بەندە يوق،
ئۇلارمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن.

توپان سۈيى تاشقاندا،
تاغۇتاشتىن ئاشقاندا.
جانىۋارلاردىن ئېلىپ ئۇ،
كېمىسىگە سېلىپ ئۇ.
ساق ـ سالامەت قېلىپ ئۇ،
نۇھمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن.

يەر يۈزىنى ئالغان ئۇ،
سۈرلۈك شەھەر سالغان ئۇ.
كۈنچىقىشقا بارغان ئۇ،
كۈنپېتىشنى كۆرگەن ئۇ.
ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان ئۇ،
يەرنىڭ يۈزى بۇزۇلۇپ،
«ئابىھايات» تاپالماي،
ئىسكەندەر ئۆتكەن دۇنيادىن.

داۋۇت ئوغلى سۇلايمان،
ئۆز ۋاقتىدا شاھ بولغان.
يەر يۈزىنى ئالغان ئۇ،
ئالتۇن تەختكە مىنگەن ئۇ.
ئاسماندىمۇ ئۇچقان ئۇ،
مىڭ ئايالنى قۇچقان ئۇ.

خۇدا ئاڭا يول بەرگەن،
بىر ئېسىل ئوغۇل بەرگەن،
ئايىغى يوق، قولى يوق،
پۈتمەس خەزىنە پۇل بەرگەن،
سۇلايمانمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن.

يەر يۈزىگە كەلگەنلەر،
مەغرۇرلىنىپ يۈرگەنلەر،
مىڭ ياش ئۆمۈر سۈرگەنلەر،
غەم ـ قايغۇسىز كۈلگەنلەر،
بارى ئۆتكەن دۇنيادىن؛
كىم ئۆتمىگەن دۇنيادىن.
خىسراۋمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن،
دارامۇ ئۆتكەن دۇنيادىن.
خارمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن،
زارمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن.
يامان ـ ياخشىنى ئايرىماي،
ھەممە ئۆتكەن دۇنيادىن.

ئاتاڭ سېنىڭ قارا يەر،
ئاناڭ سېنىڭ قارا يەر.
بارار يېرىڭ قارا يەر،
تۇرار يېرىڭ قارا يەر.
قۇرۇق سەۋەب كۆرسەتمەي،
ۋاقتىڭ بولسا كېتىۋەر!
......
يارالغانىنىڭ بارىدەك،
خان كەتكەنگە ئوخشايدۇ.
بىراقتىكى ئوغلىڭىز،
ئۇمۇ ئۆتكەن ئوخشايدۇ.
ئاندىن كېيىن بىزلەرگە،
نۆۋەت كېلەر ئوخشايدۇ.
بالاڭغا، شاھ، يىغلىما،
بىزدىن بۇرۇن ئۆتتى دەپ.
قايغۇرۇشنىڭ ئورنى يوق،
بۇ دۇنيادىن كەتتى دەپ.
ئۇمۇ يەتتى بوۋىغا،
بۇرۇن ئۆتكەن ئاتىغا.
سىزمۇ بىر كۈن يېتەرسىز،
بۇرۇن ئۆتكەن بالىغا.

ئەجەل يەتمەي ئۆلۈش يوق،
ئارتۇق ئۆمۈر كۆرۈش يوق.
ئەجەل كېلىپ ئۆلگەندە،
جەزمەن قايتىپ كېلىش يوق.
تەقدىر كەلسە قېلىش يوق،
بايدىن قەرز ئېلىش يوق،

ئۇرۇش ـ تالاش قىلىش يوق،
تەقدىرگە قارشى تۇرۇش يوق.
تۇغۇلغان بىر بەندىگە،
گۆردىن باشقا تۇرۇش يوق.
ئەجەل يەتسە ئامال يوق،
قۇتۇلماققا ئىمكان يوق.
يارلىق كەلسە ئاللادىن،
سەۋرسىزدىن يامان يوق.

ئاللا ئەمرى يەتكەندە،
بۇ پانىيدىن ئۆتكەندە،
ئۆمۈر غازاڭ تۆككەندە،
يىغلىساڭمۇ پايدا يوق.
ئويلاپ كۆرسەڭ شۇم ئۆلۈم!
ھەممىمىزگە بار ئۆلۈم!
بوران ـ چاپقۇن قۇيۇندىن،
كىمنى ئايرىماس بۇ ئۆلۈم؟!

ئاخىر بىر كۈن ئۆلەرسەن،
مال قايغۇسى يېمىگىن.
قانچە ياشقا كىرسەڭمۇ،
مالۇ دۇنيا يىغمىغىن.
بالا، مالدا پايدا يوق،
غاپىل قىلدىم دېمىگىن.



خوتۇن قالسا ئەر تاپار،
ئوغلۇڭ قالسا يەر تاپار.
قىزىڭ قالسا جاي تاپار،
ئوزى ياخشى، باي تاپار.
ئۆلۈمگە يۈز تۇتقاندا،
غېرىب بېشىڭ نە تاپار؟

بەش كۈنلۈك بۇ ئالەمدە،
ئويناپ ـ كۈلگەن دوست قالار.
قىلالمايسەن ھېچ ئىلاج،
مىنگەن ئېتىڭ بوش قالار.

ئېگەر، توقۇم، ئېتىڭنى،
مىنىشكە ئەر تېپىلار.



تاۋار ـ توقا كىيىمىڭنى،
كىيىشكە ئەر تېپىلار.
بۇگۈن ھايات چېغىڭىز،
ئەتە گۆردە ياتىسىز.
تويماس مۇشۇ قارا يەر،
كىمنى ئالماس دەپ بىلىسىز؟!
ئالدىڭىزدا گۆرىڭىز،
رىزقى پۈتسە كىرىسىز.

مەن ئويلىسام، خالايىق،
ئەجەل ـ ئۆلۈم نەدە يوق؟
ئاخىر بىر كۈن ئۆلىسىز،
بۇ پانىيدىن پايدا يوق.
......
نېمە ئېيتاي، ياخشىلار،
ئېيتقان سۆزنى ئاڭلاڭلار!
ياش تۆكۈشتىن پايدا يوق،
ياخشى دۇئا قىلىڭلار!
خانىش بۇنى ئاڭلاڭسىز،
ئامان ـ ئېسەن بولغايسىز.
خۇدانىڭ بۇ ئەمرىگە،
سەۋر، شۈكۈر قىلغايسىز!
......
......

خانىشنىڭ ئوغلىنى ئەسلەپ ئېيتقان قوشىقى:

ئىككى كۆزۈم قارىسى،
جېنىم سۆيگەن، جان بالام.
بويلىرىڭدىن ئايلىناي،
ئالتۇن بالام، خان بالام!

سېنى نەدە كۆرگەيمەن،
كىمنى بالام دېگەيمەن؟
سەن يادىمغا يەتكەندە،
قانداق چىداپ يۈرگەيمەن؟

يىراق يولغا كېتىپسەن،
ئېيتماي كەتتىڭ سىرىڭنى.
كۆرمەي قالدىم يۈزۈڭنى،
بۇ نېمە دەرد، جان بالام؟!

يىراق يولغا كېتىپسەن،
قايغۇڭ ئەستىن كەتمىدى.
جاندىن ئەزىز، جان بالام،
قايغۇڭ ئەستىن كەتمىدى.
سېنى نەدىن سورايمەن؟
كىمنى سەن دەپ يۈرايمەن؟!

سەندىن باشقا يالغۇزۇم،
ئىچ كۆيەرىم يوق ئىدى.

سەندىن باشقا ئالدىمدا،
ئەركىلەرىم يوق ئىدى.

يالغۇز ئىدىڭ ـ بىر ئىدىڭ،
مىڭ قايغۇغا سىر ئىدىڭ.
ئەمدى قانداق يۈرەرمەن،
سېنى نەدىن كۆرەرمەن؟

كىملەر بىلەن تۇرارمەن؟
كىملەر بىلەن يۈرەرمەن؟
سەن يادىمغا يەتكەندە،
قانداق ھايات قالارمەن؟

غېرىبلارغا ئاش بەرگەن،
يارى ئۈچۈن باش بەرگەن.
چوڭ ـ كىچىكنى تەڭ كۆرگەن،
بالام نەدىن تاپارمەن؟

ھەسرەت چەككەن ئاتاڭنىڭ،
زار يىغلىغان ئاناڭنىڭ،
يېرىم بولغان كۆڭلىنى،
كىممۇ ئالار، چىرىغىم؟

تاغلاردىكى مېلىڭنى،
ئۆيۈڭدىكى قۇللارنى،



ئالتۇن ـ كۈمۈش خەزنەڭنى،
كىم ساقلايدۇ، چىرىغىم؟

قارا ئۇچقۇر تۇلپارنى،
لاچىن بىلەن شۇڭقارنى،
قارچىغا، قۇرغۇيۇڭنى،
كىم تۇتىدۇ، چىرىغىم؟

مىلىڭ كېلىپ مەرىسە،
ئەل ـ يۇرت سېنى كۆرمىسە،
ئاتا ـ ئاناڭ كۆرمىسە،
قانداق چىدار، چىرىغىم؟

تۆگە قالدى بوتىسىز،
يۇرتۇڭ قالدى ئىگىسىز،
ئاتا ـ ئاناڭ بالىسىز،
قانداق قىلار، چىرىغىم؟

دەسلەپ كەتكەن چېغىڭدا،
بىزگە ھېچ سىر ئېيتمىدىڭ،
يولدا كارۋان كۆرگەندە،
قايت دېسىمۇ قايتمىدىڭ.

ئىزدىگىنىڭ ئالدىڭدا،
يۇرگەنمىدىڭ، يالغۇزۇم؟
تىلىگىنىڭ قولۇڭدا،
بىلدۈرمىدىڭ، يالغۇزۇم،
پەرزەنت ئۈچۈن خۇداغا،
يىغلىغانتىم، يالغۇزۇم.
ھاياتىڭنى ئاللادىن،
سورىغانتىم، يالغۇزۇم.

بەرگەن ئىدى تىلەكنى،
مۇڭلۇق قۇلۇم كۆرسۇن دەپ،
ئېلىپ كەتتى مەزگىلسىز،
دەرد ـ ھەسرەتنى كۆرسۇن دەپ،
مېنىڭ بىلەن ئاتاڭنى،
زارلاپ ئەمدى ئۆلسۇن دەپ.

قېرىلىقتا ئاتاڭنىڭ،
قاقشار كۈنى باشلاندى.

يالغۇز قېلىپ ئاناڭنىڭ،
يىغلار كۈنى باشلاندى.

خۇدا نېسىپ قىلمىدى،
بىزدىن ئەۋلاد قالمىدى.
قېرىغاندا خار بولدۇق،
دەردكە دەرمان بولمىدى.

ئەمدى قانداق يۈرەرمەن؟
سېنى نەدە كۆرەرمەن؟
بىر ئوغۇلدىن ئايرىلىپ،
قانداق ئۆمۈر سۈرەرمەن؟!

كۆز ئالدىمدا بار بولساڭ،
كۆرمەسمىدىم جان بالام،
ئۆلگەن يەردە بار بولسام،
ئۆلمەسمىدىم، خان بالام؟!

يات كىشىلەرنىڭ ئىچىدە،
قانداق يۈردۈڭ جان بالام؟

دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا،
قانداق تۇردۇڭ جان بالام؟

ئەلنى ئالماي قېشىڭغا،
بالا كەلدى بېشىڭغا،
جاننى قۇربان قىلاتتىم،
كۆزدىن ئاققان يېشىڭغا.

چىرىغىمنى ئۆچۈردۈڭ،
دۈشمىنىڭنى كۈلدۈردۈڭ.
ئاناڭنى زار قاقشاتماي،
ياتقۇزساڭچۇ قېشىڭدا.

بۇ نە ھەسرەت، يارەنلەر،
بۇ نە كۈلپەت، يارەنلەر.

يۇرەكتىكى يانغان ئوت
بارغانسېرى يالقۇنلار.

كۆڭلۈم ئەمدى تىنمايدۇ،
ئۆچكەن چىراغ يانمايدۇ.
يالغۇزۇمنىڭ خەۋىرى،
يۇرىكمگە سىغمايدۇ.

ئاتلىنىڭلار، يارەنلەر،
چەۋەندازلار، ئوغلانلار!
يالغۇز قالغان ئوغلۇمنىڭ،
قەبرىسىنى تاپايلى.
كۆرسەم كۆڭلۈم تىنارمۇ؟
يېنىدا ئاز كۈن تۇرايلى.
......

بوزيىگىتنىڭ قەبرىسى ئالدىغا بېرىپ خانشىنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئىسىت بالام، جان بالام!
كىمنى بالام دېگەيمەن؟
كىم بىلەن بىر يۈرگەيمەن،
سېنى قاچان كۆرگەيمەن؟!

ئۇقسام ئىدىم سۆزۈڭنى،
كۆرسەم ئىدىم يۈزۈڭنى.
يىغلاپ ئاناڭ كەلگەندە،
كۆرۈنمەيسەن، جان بالام!

بوتىسى ئۆلگەن تۆگىدەك،
بوزلاپ كەلدىم، جان بالام؟
قىرىق كۈنلۈك يىراقتىن،
ئىزدەپ كەلدىم، جان بالام!

تەقدىر قوشقان جۈپتۈڭنىڭ
ئېتى نىمە؟ جان بالام؟!
قىيامەتلىك يار بوپسەن،
ئىمان بەرسۇن خۇدايىم.

ئاللا ئۆزى بەرگەنتى،
ئەجەل يېتىپ ئالغانتى.

ئاناڭ يىغلاپ قالغانتى،
تەقدىر باشقا سالغانتى.

ئاناڭ مىسكىن يىغلىدى،
كۆزىدە ياش پارلىدى.

بارمۇ مەندەك بىر دەردمەن،
قانداق بۇزاي پەرمانىنى؟!
كېتەرمەنمۇ ئارماندا،
تاشلاپ پانىي جاھاننى؟

زارلىساقمۇ چارە يوق،
خۇدا باشقا سالغاننى.
كۇتۇشكە، كۆنۈشكە،
يىغلاپ رىزا بولغانتى.

ئاخىرەتكە بارارمىز،
ئۆچىرىشارمىز، كۆرەرمىز.
بىر كۆرەرمەن، جان بالام!
ئالتۇن بالام، بال بالام!
......
......

# قىزىلگۈل

ئاسمانىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى، تارىم مۇڭلىنىپ كۆزىنى ياشلىدى... ئۈچ ئەۋلادىدىن تارتىپ لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا بايلارنىڭ پادىسىنى باققان تىلەك ئائىلىسىنىڭ كەنجى يىگىتى بۇلبۇل ئايدىن يورۇق، كۈندىن نۇرلۇق، سەدەپتىن سۈزۈك، دىلى بەك نازۇك سۆيگەن ۋاپادارى قىزىلگۈلدىن ئايرىلدى، قاناتلىرى قايرىلدى. قارا باتۇر سۈپەتلىك چىلبۆرىلەر ناپاك قولىنى ئۇزىتىپ، شەيداسى بۇلبۇلنى قان يىغلىتىپ قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ قاچتى. ياۋايى تەبىئەتلىك چىلبۆرىلەرگە لەنەت ياغدۇرۇپ بۇلبۇل قەھر ـ غەزەپ بىلەن نەزم ئوقۇدى:

لوپنۇر كۆلىدىن ئۆتتۇم،
كونا بىر تۇلۇم بىلەن.
مەن گۈلۈمدىن ئايرىلدىم،
ئازابلىق زۇلۇم بىلەن.
چۆل ـ باياۋان ئىچىدە،
يۈرەرمەن كىمىم بىلەن؟

ئىشىكنى ئېچىپ قويسام،
شامال كىردى بۇلۇڭغا.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
قاچىلايمۇ تۇلۇمغا.
كۆزلىرىم بەسىر بولدى،
قاراۋېرىپ يولۇڭغا.

قورغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
سۇۋادان تېرەكلەرگە.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
دەز كەتتى يۈرەكلەرگە.
ئۆلسەممۇ قارالماسمەن،
سېنىڭدىن بۆلەكلەرگە.

قورسىقىمنىڭ ئىچىغا،
خام كۆمەچنى يەپتىمەن.
ئامرىقىم كۆرۈنمىسە،
سوغا كەتتى دەپتىمەن.
چىلبۆرىنىڭ قەستىنى،
قىلچىمۇ بىلمەپتىمەن.

چولپان بىلەن تەڭ تۇرۇپ،
بەلنى مەھكەم باغلايمەن.
مەن گۈلۈمنى كۆرەلمەي،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلايمەن.
گۈلۈم سېنىڭ ئىشقىڭدا،
يۈرىكىمنى تىغلايمەن.

كېچىسى خىيال قىلىپ،
تاغلار چوققىسى بېشىمغا.
ئىچىم تولغان دەردلىرىم،
چىقمايدىكەن تېشىمغا.
غېرىب بولدۇم، زار بولدۇم،
گۈلۈم كەلگىن قېشىمغا.



ھاۋادىن ئۇچۇپ چۇشكەن،
ئۆردەكمىكىن، غازمىكىن؟
قىزىلگۈلۈم، ئوتتۇڭدا،
تارتقان دەردىم ئازمىكىن؟!
باغرىمنى يېرىپ باققىن
يارىمىكىن، سازمىكىن!؟

ئوتلار كۆيەر ئىچىمدە،
دەردىن ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.
ئامان بولسام ئەبەدكە،
گۈلۈم سېنى كۈتەرمەن.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
تارىم ياقىسى توڭلاپ.

پۇتلىرىم يېغىر بولدى،
لوپنۇر كۆلىنى بويلاپ.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
يار سېنى تولا ئويلاپ.

ئۇكە يوللىدىم يارىم،
قادىۋالغىن بېشىڭغا.
پەلەك رەھمى كەلمىدى،
كۆزدىن ئاققان يېشىمغا.
ئۇچار قانىتىم بولسا،
بارار ئىدىم قېشىڭغا.

قىزىلگۈل، قەلەمقاشىم،
دەريادەك ئاقار ياشىم.
چاڭقىسام لېۋى بىرلەن،
سۇ ئىچۈرگەن ئاداشىم.
شۇم پەلەكنىڭ چەرخىدەك،
چۆرگىلەر غېرىب باشىم.

ماڭدۇرغىلى قويمايدۇ،
كۆزلىرىمگە ياش تولۇپ.
ھەمراھىمدىن ئايرىدى،
ئەيسا[127] دېگەن باش بولۇپ.
قالدىم ھەسرەت ئىچىدە،
يۈرىكىمگە قان تولۇپ.

ئەسكەر تۈتتى لوپنۇردىن،
بۇ ئەيسانىڭ يارلىقى.
جاندىن ئۆتتى جاھالەت،
يوللىرىنىڭ تارلىقى.
شامال كەلسە پىرقىراپ،
قىزىلگۈلۈم ياغلىقى.

ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا،
جاڭغىرايدۇ قوڭغۇراق.
ئىچىم تولۇپ ئارمانغا،
باغرىم بولدى مىڭ قۇراق.

گۇناھىمنى بىلمەيمەن،
مېنى قىلار كۆپ سوراق.

قىزىلگۈلۈم، شۇ تاپتا،
چۆلقۇدۇققا[128] يەتكەندۇ.
ئەيسا دېگەن باغرى تاش،
دۆڭقوتانغا[129] كەتكەندۇ.
سەلدەك غەزەپ ـ قەھرىمىز،
يۇرىكىگە تەگكەندۇ.

سالجىلاردەك شورايدۇ،
لايسۇلۇقنىڭ[130] قىيىنىنى.
ئەيسا دېگەن ئالۋاستى،
ماشيەنجاڭنىڭ[131] يېقىنى.
گۈلۈم ياتقا كۆرسەتمە،
چىشلىرىڭنىڭ ئېقىنى.

تىكەنلىكنىڭ[132] بېشىدا،
قىلارىم شۇ قويچىلىق.
ھەمراھىمغا ئېيتىڭلار،
يامان ئىكەن بويچىلىق[133].
پۇلۇم بولسا قولۇمدا،
قىلارمىدىم قۇلچىلىق.

ئىلدامشىدى ئەجەبمۇ،
بۇ قويلارنىڭ تۇياقى.
قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
مەلىلەرنىڭ يىراقى.
باشنى تەشتى يارىلاپ،
ئەيسا بەگنىڭ تاياقى.

نەزمە سالدىم نامىڭغا،
دەردنى كۆپلەپ تارتقانغا.
مىسكىن ئاتام تەڭلىكتە،
بايغا مېنى ساتقانغا.
ئېسىپ قويدى ئاسقىغا،
بەگكە قوشاق قاتقانغا.

كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەرمەن،
كىيگىنىم ياماق چورۇق.
قوينى بىزلەر سەمرىتسەك،
ئەيسا يەر يوغان قۇيرۇق.
دەيدۇ تېخى تەپ تارتماي،
«شۇدۇر تەڭرىدىن بۇيرۇق».

جەبرىگە گىرىپتاردۇر،
پادىچىنىڭ جانلىرى.
خىللاپ يەيدۇ قويلارنى،
ئاچ كۆز زامان بايلىرى.
كېپەك بىلەن لويلىكەن،
يوقسۇللارنىڭ نانلىرى.

تۆمۈر قەپەس بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى بوغالمىدى، ئۇ تېخىمۇ مۇڭلۇق، خۇشخۇي نەپىسى بىلەن قىزىلگۈلنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا جاھانىنى لەرزىگە سالدى، چىن مۇھەببەت تۇلپارىنى بەيگىگە سالدى. بۇلبۇل سۆيگەن ۋاپادارىغا ئەبەدىي سادىق قالدى. شۇنى بايان ئەيلەپ ماۋۇ بېيىتنى ئاغزىغا ئالدى:

نەقىش ئويدۇم يۇرەككە،
قىزىلگۈلۈم، سۆزۈڭدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدىن.
ئۆلۈپ كەتسەم ئوتۇڭدا،
رازى بولغىن تۇزۇڭدىن.

قار لەيلىسى ئېچىلار،
قورقمىغاچقا جۇدۇندىن.
ئىشق ئەھلى خار ئىكەن،
بۇ ئالەمدە بۇرۇندىن.
زۇلمەت سىقىپ ۋەدەمنى،
چىقىرالماس كۆڭلۈمدىن.

قارا چاچنى تالقىتاي،
سايە بولسۇن يولۇڭغا.
يۈرىكىمنى تۇتقۇزاي،
چىراغ بولسۇن يولۇڭغا.
كۆل بويىغا كەپ تۇرغىن،
كىرىۋالماي كۇلۇڭغا.

ئويناق كۆزۈڭ ئوخشايدۇ،
ئۇرغۇپ تۇرغان بۇلاققا.
ۋەدىلەشكەن گۇناھمۇ؟
قالدۇق ئەجەب سوراققا.
قىزىلگۈلۈم، چۈشتۇقمۇ،
ئۆلمەي تۇرۇپ دوزاخقا.



ئېگىز تاغدىن چۈشكەن سۇ،
توختاپ قالدى ئېقىندا.
سەھەر تۇرۇپ ئاڭلىسام،
ئۈنۈڭ چىقتى يېقىندا.
قانداق چىدار يۈرىكىم،
تۇرساڭ تارىم بېقىندا.

كەپقاپتىمىز ئەجەبمۇ،
باش ئاياغنى (134) كۆرگىلى.
يارىم، نېسىپ بولارمۇ،
يۈرەك قېنىپ سۆيگىلى؟
مەن شۇنداق تۆرەلگەنمۇ،
پىراقىڭدا كۆيگىلى؟

مېنى ئاياپ دېمەپسەن،
ئاغزىڭدىكى يېلىڭنى.
باغرىم ئەسلا قانمايدۇ،
يەۋالسامۇ لېۋىڭنى.
ئالدانمىغىن ئۆزگىگە،
ئۇنتۇپ مەندەك خىلىڭنى.

كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش،
قوشۇلۇپتۇ تارىمغا.
كۆكتە پەرۋاز قىلالتىم،
يېتىۋالسام يارىمغا.
جېنىم كەتسە رازىمەن،
سەندەك ۋاپادارىمغا.

قېشىڭنىڭ قاراسىنى،
نەمگە تېرىپ ئۈندۈرەي.
تۇرساڭ بىردەم قېشىمدا،
مەن كۆزۈمگە سىڭدۈرەي.
هۇۋلاپ تۇرسا هۇۋقۇشلار،
سېنى قانداق كۈلدۈرەي؟

غېرىب بولۇپ يۈرگەندە،
كىم سورايدۇ هالىمنى.

قىزىلگۈلۈم، سەن ئۈچۈن،
پىلاپ[135] قويدۇم جانىمنى.
ئۆلسەممۇ ئۇنتۇماسمەن،
قارا كۆز مۇلايىمنى.

ئۆلسە كىرەر بېھىشكە.
قاچانمۇ تاڭ ئاتاركىن،
يارغا قولنى بېرىشكە؟

ئۈنچە ـ مارجان چېچىلدى،
قولۇم يەتمەس تېرىشكە.
ھەمراھىمغا قوشقانلار،

كېچە ـ كۈندۈز تىلەيمەن،
يارىم بولسۇن سالامەت.
مەلۇملۇقتۇر تەڭرىگە،
ئالەمدىكى ئالامەت.

قىزىلگۈلنىڭ شەيداسى بۇلبۇل چىلبۆرىلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا زادى تىز پۈكمىدى، قېلىن مۇزدىن كاچكۇل ئېچىپ تارىم دەرياسىغا شۇڭغۇپ يار ۋەسلىنى ئىزدىدى. ناھاتكى، بۇلبۇل تەلەيسىزمىكىن، يار ۋەسلىگە يېتەلمىدى. ھىجران ئوتىدا كۆيگەن بۇلبۇل قىزىلگۈلگە نىجاتلىق تىلەپ مۇنداق نەزم ئوقۇدى:

مۇز ئاستىدا كۈن پاتتى،
كەلدىم ساڭا ئۇخلىماي.
تىلغا ئېلىپ نامىڭنى،
يادلار ئىدىم توختىماي.
يار كۆزى خۇمار ئىدى.

مىس تەخسە چىنەڭ بىلەن،
بارارمەن ئىزىڭ بىلەن.
ئىنتىزار بوپ لەيلىدەك،
يولغا باق كۆزۈڭ بىلەن



يار كۆزۈڭ خۇمار ئىدى،
كۆكسۈڭدە تۇمار ئىدى.
بۇلتۇر بۇ چاغ ئابدالدا[136]،
ئامەت بىزگە يار ئىدى.

ئامەت شۇنداق يار بولسۇن،
بۇلبۇلۇڭغا چېچىلسۇن.
ھىجران تۈگۈچ يېشىلسۇن،
مىسكىن كۆڭلى يېتىلسۇن.
دوستلار خىلىغا قېتىلسۇن.

دوستلار قاتسۇن خىلىغا،
دۆڭلەر ئېرۇر يىغامغا.
نەمگە باسقان ئىزىڭلار،
ئاغاچىدەك سىنىڭلار[137].
مىس تەخسىدە چىنىڭلار.

يۇرەرمەن سېنىڭ بىلەن.
يۇرەرمەن سېنىڭ بىلەن،
مەن مۇرۇللۇغ [138] سەن بىلەن.
مۇز ئاستىدىن يول تېپىپ،
ئەپكەلسەم تەختىڭ بىلەن.
ئورتاق ئىدىم بەختىڭ بىلەن.
......
ئالتىنچى ئايدا دولقۇنلىنىپ ئاقار تارىم،
ئۇ قېتىدا مۇڭ چېكىدۇ مېنىڭ يارىم.
شۇل يارىمغا سالىمىمنى يەتكۈزۈڭلار،
كۆيۈپ ـ كۆيۈپ ھېچ قالمىدى مادارىم.

مېڭىپ ـ مېڭىپ يېتەلمىدىم تارىمغا،
قانداق چىداي زىبا، لەۋەن يارىمغا.
كېچىلىرى ئۇيقۇ هارام بىدارمەن،
شۇل ئامرىقىم يەتكىنىدە يادىمغا.
كېتەرمەن قىزىلگۈلۈم قاشىغا،
ئاپتاپ چىقسا سايە بولاي باشىغا.
ئارزۇيۇم شۇ، بولسام يارىنىڭ ياغلىقى،
دەرد ـ پىراقتا كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

سۇغا سالسام ئېرىمەيدۇ قەنت ـ ناۋات،
يەتتە ئاشىق بىرى ئېرۇر ئول پەرھاد.
قىزىلگۈلۈم، بىلسەڭ ھىجران دەشتىدە،
ئىشقىڭ بىلەن ھەردەم چېكەرمەن پەرياد.

سىياقىمنى ئەسكە ئالساڭ ئويلىنىپ،
كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ئۇرارمەن تولغىنىپ.
بۇ ئالەمدە يېتەر جان يوق ھالىمغا،
تۈگەشتىمغۇ ھىلىلىدەك قورۇلۇپ.

ئايلار ئوتتى، يىل ئوتتى.... بۇلبۇل يارىنى كۈتتى. ھىجران ئازابى بۇلبۇلغا تۈگىمەس دەرد، پۈتمەس غەزەپ، چەكسىز كۈچ بېغىشلىدى.... بۇلبۇلنىڭ جىسمى گۈلخان بولۇپ يېنىپ، قىزىلگۈلنى غازاڭ قىلماقچى بولغان قارا باتۇرنىڭ تەختى ـ بەختىنى كۈل قىلىشقا تەييارلاندى، قىزىلگۈلنىڭ شېخىغا يات ھۆۋقۇشلارنى قوندۇرماسلىققا قەسەمياد قىلدى، ئىنتىزارلىق بىلەن تاڭنى كۈتۈپ، بەخت ئىستىكىدە مۇنداق نەزم ئوقۇدى:

كۆزۈم چۈشتى باغراشتىكى [139] ئۆردەكلەرگە،
ياز بولۇپتۇ پەردە تارتىڭ روجەكلەرگە.
ئۆلتۈرسىمۇ سالماسمەن نەزەرىمنى،
قىزىلگۈلۈم، بىر سېنىڭدىن بۆلەكلەرگە.

تولا مېڭىپ قاپاردىغۇ پۇتلىرىم،
ئەسكە چۈشتى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلىرىم.
ئىشقىڭ بىلەن قانات قاققان لاچىنمەن،
يالقۇنجايدۇ يۈرىكىمدە ئوتلىرىڭ.

شامال چىقسا ئىرغاڭلايدۇ كامپاشى [140]،
جانانىمنىڭ ئويناپ تۇرار جۇپ قاشى.
قىزىلگۈلۈم، بىلسەڭ شۇ تاپ جايىمنى،
ياتقان يېرىم دۆڭلۈكتە، تېرەك باشى.

چىشىڭنىڭ ئاقلىقى دۇررى ـ دارادۇر،
لېۋىڭنىڭ تاتلىقى تىلنى يارادۇر.
قاشلىرىڭ قازى بولۇپ يۇرتنى سورادۇر،
كىرپىكىڭ جادۇ بولۇپ جاننى ئالادۇر.

قارا ساچىڭ نەم يەرلەرنىڭ قىياقى،
باراي دېسەم بۇ يوللارنىڭ يىراقى.
چولپان بولۇپ قاراڭغۇنى يورۇتقان،
قىزىلگۈلۈم باياۋاننىڭ چىراغى.

ئاينى توسۇپ بۇلۇت ئېلىپ قاچقاندەك،
خامان تېپىپ ھوسۇلنى چاچقاندەك.
قىزىلگۈلۈم، نەدە تۇزۇپ يۈرۈيسەن،
كۈزدە ئۇجۇل [141] قاسىرىقنى ئاچقاندەك.

ئۇكەر چىقىپ، ئاي نېمىشقا پاتمايدۇ،
چولپان تۇغۇپ، تاڭ نېمىشقا ئاتمايدۇ؟
قىزىلگۈلۈم، بىلسەڭ بەختىم قارىكەن،
ئەمما يېشىم ھەرگىز بىكار ئاقمايدۇ.

قىزىلگۈلۈم قارىچۇقىنىڭ بالاسى،
قانداق قىلاي!... ئەي كۆزۈمنىڭ قاراسى.
قانات ياساپ ئۇچۇپ بارسام قاشىڭغا،
ساقىيالدى يۈرىكىمنىڭ ياراسى.

غارغالتىغا[142] كەلدىم ساڭا بېرىشقا،
بېلىق تۇتۇپ سوۋغا ـ سالام قىلىشقا.
قىزىلگۈلۈم، كۆيەك ئوتۇڭ تەپتىدە،
ئازلا قالدىم گۈلخان بولۇپ يېنىشقا.

قىزىلگۈلۈم، ھېسابلىسام كۆيگىلى،
ئۆزۈن بوپتۇ، شېرىن لېۋىڭ سۆيگىلى.
بىلسەڭ ماڭا ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر،
سەن جاناندىن بۇ كۆڭۈلنى بۆلگىلى.

سېغىندىم مەن بېغىڭنىڭ ئانارىنى،
خارلىماسمەن ياشلىقىم باھارىنى.

قىزىلگۈلۈم، سۇبھى ساڭا يەتكۈزگەي،
ئەتىلىككە بۇندا تاڭ ئاتارىنى.

قىزىلگۈلۈم، ئۆچمەس ھەرگىز نامىڭىز،
كىمگە يېتەر بىزنىڭ پەرياد، نالىمىز.
سىز ئۇياقتا، مەن بۇياقتا ئىنتىزار،
غېرىب باشقا قاچان چۈشەر سايىڭىز.

مەن يۈرىمەن تىكەشاڭلىق[143] دۆڭلۈكتە،
نەلەردىسەن كۆڭلۈم سۆيگەن مەلىكە؟
چاقماق كەبى ئوتۇڭ چۈشكەچ سىنەمگە[144]،
بۇلبۇلۇڭ بوپ سايراپ چىقتىم ئىشىككە.

ئوتلۇق كۆزۈم پەقەت كىرپىك قاقمايدۇ،
خوراز چىللاپ تاڭ نېمىشقا ئاتمايدۇ؟
نېمە شۇنچە پەلەك بىزگە بەت گوپا[145]،
ئەي پەرىشتەم نېچۈن بىزنى قاتمايدۇ؟



غوجىلارنىڭ مىنگەنلىرى يوغان ئات،
نىگارىمنىڭ كۆڭلىدە مەن ئەمەس، يات.
گۆھىرىمنى بىلىڭ دېمەت دوستلىرىم،
تاشقا ئۇرۇپ ئەسلا قىلماسمەن بەربات.

قىزىلگۈلۈم، ئاياپ تۇرما سۆزۈڭنى،
ئىمكان بولسا ئۇندۇرەردىم ئۆزۈڭنى.
كۆيۈپ باغرىم ھېچ ماجالى قالمىدى،
دەرمان قىلاي ئويلاپ ئايدەك يۈزۈڭنى.

قۇملار توسۇپ كۆرۈنمەيدىكەن مەلە،
پىراقىڭدا تولا قىلىمەن نالە.
ھولتەن[146] كۆيۈپ يۈرىكىم بولدى پارە،
گۈل مەشۇقۇم، بۇ دەردلەرگە نېمە چارە؟

چىدىمايدۇ بېلىق سۇدىن ئايرىلسا،
گۈلمۇ سولغاي ئۆز شاخىدىن قايرىلسا،
ئاھۇزارىم ئاسمىنىنى ئۆرتىسە،
ئاڭلارمىكىن ئاھۇزارىمنى خۇدا!

چىرايىڭنى ياغ قۇيۇپ ياغلىغاندەك،
قاش ـ كۆزلىرىڭ پەيغەمبەر سىلىغاندەك.
بۇ ئالەمگە شۇنداق سۆزۈك تۇغۇلدۇڭ،
بەدىنىڭنى ئالتۇندا سىرلىغاندەك.

ھامان بىر كۈن سېنى ئېلىپ كېتەرمەن،
چېھرىڭ ئۈچۈن ئەزىز جاندىن كېچەرمەن.
خۇشۋاخ بولۇپ ئوغۇل تۇغساڭ، ئاپپىقىم،
قوڭغۇراقلىق ئالتۇن بۆشۈك ئېتەرمەن.

تاڭ تۇمارى گۈزەل چولپان پارقىراپ،
كۆزلىرىمدە ياش قىيانى قانسىراپ.
تەركى دىدار تاھىر ـ زۆھرە ئۆتۈپتۇر،
بىزدەك ھىجران دەرياسىدا ھالسىراپ.

قارا باتۇر[147] بولسا، كەلسۇن قېشىمغا،
ھەر بالانى ئېلىپ قويدۇم بېشىمغا.
تىرىك بولسام قۇزغۇنلارنى ھېچقاچان،
قوندۇرماسمەن، قىزىلگۈلۈم، شېخىڭغا.



ئۈمىد ئۆلۈمدىن يېڭىش تاپتى. بۇلبۇل تارىم دەرياسىنى كېسىپ ئۇ قاتقا ئۆتتى، تەقەززالىق بىلەن قىزىلگۈلنى كۈتتى. چىلبۆرىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىنى پاچاقلاپ، شۇم تىكەنلەرنىڭ قورشاۋىدىن ئامان چىققان قىزىلگۈل تارىم بويىدا سۆيگەن يارى بۇلبۇل بىلەن ۋىسال دەرگاھىدا قارار تاپتى. مۇھەببەت گۈلزارىدا ئارامى خۇشلانغان بۇلبۇل ۋاپادارى قىزىلگۈل شەنىگە شوخ لاتاپەت بىلەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مۇراد تاپتى تىلىكىم،
خۇمارلىقىم، قول ئۈزات.
گۈلباھارىم، چېچەكىم،
تۇمارلىقىم، قول ئۈزات.

تولۇن ئايدەك ئاپپىقىم،
زىبالىقىم، قول ئۈزات.
شېرىن سۆزلۈك، خۇمار كۆز،
نۇر چىراغىم، قول ئۈزات.

ھىجران دەردىنى چەككەن،
ۋاپادارىم، قول ئۈزات.

داڭقى داستان، روھلىتەن!؟
مەدەتكارىم، قول ئۈزات.

پەرلەردىن خۇلق ئالغان،
بال ـ شېكەرىم، قول ئۈزات.
يۈرىكىمنىڭ پارچىسى،
جان ـ جىگەرىم، قول ئۈزات.

بۇلبۇلىغا گۈلىستان،
شاپائەتچىم، قول ئۈزات.
قۇچىقى چىمەن، بوستان،
پاراغىتىم قول ئۈزات.

ئەقىدىسى ئۆمۈرلۈك،
ئىشقى لەۋزى سۆيۈملۈك،
جانى جانغا كۆيۈملۈك،
گۈلئۈزارىم، قول ئۈزات.

باغرى قانماي ئايرىلغان،
قاناتلىرى قايرىلغان.
زۇلمەت ئوتى قان قىلغان،
جۇدالىقىم، قول ئۈزات.

مىژگانىنى [148] ئوق قىلغان،
باتۇرلۇقنى زوق قىلغان،
ھۆۋقۇشلارنى يوق قىلغان،
جان نىگارىم، قول ئۈزات.

پەرۋا قىلماي كۈلپەتنى،
جور قىپ غەيرەت، ئۈلپەتنى،
كۆرسەتكەن زور جۈرئەتنى،
جۈپتىگارىم [149]، قول ئۈزات.

چۆللەر كەزدى پەرھادىڭ،
مەدەتكار بوپ ئەجدادىڭ،
تىلەكداشتۇر ئەۋلادىڭ،
شېرىن جانىم، قول ئۈزات.

تاشا [150] يۇرتتىن كېتەيلى،
مەڭگۈ ئىناق ئۆتەيلى،
يۇرتنى ئاۋات ئېتەيلى،
قىزىلگۈلۈم، قول ئۈزات.



# بوزكۆرپەش ۋە قاراساچ ئايىم

ئەلقىسسە، لوپنۇر كۆلى بويىدىكى «ئابدال» دېگەن يۇرتتا سۇياغىل ئاتلىق بىر كىشى ياشايت-تى. ئۇ بايمۇ ئەمەس، كەمبەغەلمۇ ئەمەس ئىدى، ھېچكىمگە بېقىنماي ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ بوزكۆرپەش ئاتلىق تىكەندەك يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىدى. ئۇ قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر پالۋان يىگىت ئىدى. چېلىشىش، ئوقيا ئېتىش ۋە قىلىچۋازلىقتا ئەرلەرنىڭ پىرى، يىگىتلەرنىڭ شىرى ئىدى. ئۇنىڭ ھەم گەپ ئۇقىدىغان، ھەم سۆز قىلالايدىغان بىر ئېتى بىلەن يەنە بىر تورغىيى بار ئىدى. بۇلار بوزكۆرپەشكە بەكمۇ ۋاپادار ئىدى. شۇڭا ئۇلار «ۋاپادار ئات»، «ۋاپادار تورغاي» دەپ نام ئالغانىدى. بوزكۆرپەش ئۇلاردىن پەقەت ئايرىلالمايتتى. يىلدىن - يىل ئۆتۈپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوزكۆرپەشنىڭ ئاتا - ئانىسى كېسەل بولۇپ، كەينى - كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ بۇ يۇرتتا ئەل - ئاغىنىلىرىدىن باشقا بىرەر يېقىن تۇغقىنىمۇ قالمىغانىدى. شۇڭا بوزكۆرپەشنىڭ كۆڭلىدە ياقا يۇرتلارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىش ھەۋىسى تۇغۇلدى. ئۇ، دوست - ئاغىنىلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي، تۇغۇلغان يۇرتى ۋە دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلاندى. سەپەردە يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئادەم ئايىغى باسمىغان چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، قۇم دۆڭلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، «يېڭىسۇ»[151] دېگەن يۇرتقا كەلدى.

ئەلقىسسە، يېڭىسۇ دېگەن يۇرتتا سۇلۇباي ئاتلىق بىر باي كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئات - كالىسى، قوي - ئۆچكىسى، مال - دۇنياسى ھېسابسىز كۆپ ئىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى قەرزگە بوغۇپ، قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە چاكار قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ يەنە خۇي - پەيلى قاۋان توڭگۇزدىنمۇ يامان، تۈلكىدىنمۇ ھىيلىگەر باياغىل ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە، ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق يامانلىق كېلەتتى، خۇلقى - مىجەزى، ھىيلىگەرلىكى دەل ئاتىسىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ يەنە قاراساچ ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، ئۇ ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل قىز ئىدى. بۇ يۇرتتىكى كىچىك - چوڭ، پېشىشىق - توڭ ھەممىسى ئۇنى قەدىرلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ «قاراساچ ئايىم» دەپ ئاتايتتى. بۇ قىزنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدا ئەل ئاغزىدا مۇنداق سوتۇق[152] قوشاق تارقالغانىدى:

ئالتۇن ئوخشاش گۈل مەڭزىنىڭ سىياقى، تولۇن ئايدەك تۈن كېچىنى يورۇتقان،
قاش - كىرپىكى نەم يەرلەرنىڭ قىياقى. قاراساچ ئايىم بۇ ئالەمنىڭ چىراغى.

بۇ يۇرتتىكى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭغا كۆز سالاتتى، ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىناتتى، ئۇنىڭ ئىشقىدا يۈرەكلىرى گۈلخاندەك ياناتتى، كېچىلىرى تولغىنىپ ياتالمايتتى. لېكىن قىز بۇ

كەمگچە هېچكىمگە كۆڭۈل بەرمىگەنىدى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بوزكۆرپەش سۇلۇباينىڭ ئىشكى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. بۇ چاغدا باي ئىشىك ئالدىدا يارەنلىرى بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇراتتى، بوزكۆرپەش ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلارغا ئېگىلىپ سالام بەردى. باي ۋە ئۇنىڭ يارەنلىرى سالامنى ئىلىك ئالدى، لېكىن سۇلۇباي بۇ يىگىتنىڭ بۇ يۇرتلۇق ئە-مەسلىكىنى بىر قاراشتىلا بىلىۋالدى. ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولۇپ، بېيىت تاشلىدى:

هوي يىگىت، كەلدىڭ قەيەردىن،
ئازغان تۇرنىدەك يەككە؟
ئۆز يۇرتۇڭدىن ئايرىلغۇدەك،
قالدىڭ سەن نېمە دەردكە؟

بوز كۆرپەشمۇ بېيىت بىلەن جاۋاب بەردى:

كەلدىم ئابدالدىن بۇ يەرگە،
يۇرت ئارىلاپ كۆرەي دەپ.
ئۆز خىلىمدا دوست تاپسام،
ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرەي دەپ.

دەرد دېگەننى بىلمەيمەن،
كىشىگە دەرد سالمايمەن.
دەرد سالماقچى بولغاننى،
كۆرسەم تىرىك قويمايمەن.

سۇلۇباي:
ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ سېنىڭ،
ئەسلىي زاتىڭ كىم بولۇر؟
نېمە ئوقەت قىلىسەن،
سېنى ئېنىق كىم بىلۇر؟
بوز كۆرپەش:
ئاتا ـ ئانام يوق مېنىڭ،
قاناتسىز يېتىم قۇشمەن.
يامان ئىشتىن نېرىمەن،
ئىشلەپ چىشلىسەم خۇشمەن.



— ئوبدان بالىدەك قىلىسەن، — دېدى خۇشال هالدا سۇلۇباي، — مەن ساڭا ئاتا بولۇپ بېشىڭنى سىلاي، بۇ يەرگە كۆنۈپ قالساڭ، قېشىمدا تۇرۇپ قالارسەن، كۆنمەي كەتكۈڭ كەلسە، ئىززەت - هۆرمەتىڭنى قىلىپ يولغا سالارمەن.

جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگەندەك، سۇلۇباينىڭ غەرىزى بوزكۆرپەشنى ئالداپ - سىلاپ ئۆزىگە چاكار قىلىۋېلىش ئىدى. باينىڭ يارەنلىرىمۇ سۆز قىستۇرۇپ:

— باي ئاكام دېگەندەك بولسۇن، شۇنداق قىلىڭ! — دەپ سالا قىلىشتى. بوزكۆرپەش ئويلىنىپ قالدى. بىرقانچە زامان تۇرۇپ باقامدىمەن، دېگەن خىيال بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا رازى بولدى. باي ئۇنىڭغا چاكارلار قورۇسىدىن بىر هۇجرا ئاجرىتىپ بەردى.

بوزكۆرپەش ئۆزىنىڭ ئىشچانلىقى، زېرەك ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن بۇ يۇرت خەلقىغە ياراپ قالدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان تەڭ دېمەتلىك ياشلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئەچىدە كاتتا يۈز - ئابرۇي تېپىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن باياغىلىنىڭ ئىچى تارلىقى كېلىپ، ئوغىسى قاينايتتى. بوزكۆرپەشنى ئېزىقىغا بېسىپ، چايناپ پۇركۇۋەتكۈسى كېلەتتى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى بوز كۆرپەش ۋاپادار تورغىيىنى ئويناپ، ۋاپادار ئېتىنى سۇغارغىلى ئۆگەن دەرياسىنىڭ بويىغا كەلدى. ئۇ ئېتىنى سۇغارغاچ، تۇرۇل - تۇرۇل دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قاراپ ئۆز يۇرتىنى، دوست - ئاغىنىلىرىنى سېغىنىپ تۇرغىنىدا، ئارقا تەرىپىدىن بىر توپ قىزلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بوزكۆرپەش ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغانىدى، قاراساچ ئايىم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ.

هايال ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەن قاراساچ ئايىم تارتىنمايلا گەپ باشلىدى:

— بوزكۆرپەش ئاكا، نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— ئات سۇغىرىپ...

— هە... هە...، — قىز يەنە بىرنەرسە دېمەكچى ئىدى، لېكىن تارتىنىپ قالدى. بۇنى سەزگەن بوزكۆرپەش:

— ماڭا نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟ ئېيتىۋېرىڭ! — دېدى.

— مېنى كېمىگە سېلىپ ئوينىتىپ قويامسىز؟

— ماقۇل.

قاراساچ ئايىم خۇش بولۇپ، قىزلاردىن بىرىنى بوزكۆرپەشنىڭ ئېتىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۆزى دەريا ياقىسىدا باغلاقلىق تۇرغان كېمىگە چۈشتى. بوزكۆرپەش كېمىنى يېشىپ ئىتتىرىۋېتىپ، ئارقىدىن ئۆزى بىر سەكرەپلا چىقىۋالدى، كېمە قورقۇنچلۇق هالدا ئىرغاڭلاپ كەتتى، قىز قورققىنىدىن چىرقىراپ تاشلىدى. بوزكۆرپەش قىزغا تەسەللى بېرىپ:

— قورقماڭ! — دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزنىڭ جەرەننىڭكىدەك چىرايلىق، تۇم قارا كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككى كۆز ئارىسىدا چاقماق چاقنىغاندەك نۇر چاقنىدى. بوز كۆرپەشنىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر «جىغ» قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىسسىق بىر هارارەت قاپلىغاندەك بولدى، نەپىسى قىسىلىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلدى. ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئىچىمدىن يالقۇن چەقىۋاتامدۇ، نېمە، دەپ ئويلىدى. ئۇ چېچىلغان خىياللىرىنى يىغىپ، قاراساچ ئايىمنى كېمە بىلەن بولدى



دىگوٗچە ئوينىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ قاراساچ ئايىممۇ كېچە ـ كۈندۈز بوزكۆرپەشنى ئويلايدىغان، سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بوزكۆرپەشكە چۈشۈپ قالغانىدى. بوزكۆرپەش قاراساچ ئايىمنى سېغىنسا مۇنداق دەپ قوشاق ئېيتاتتى:

قاراساچ ئايىم، ئاھۇكۆزۈڭدە قاراپ، ئاناڭ سېنى پەرىزاتتەك تۇغۇپتۇ،
شۇ كۈنلەردە ھالىمنى قىلدىڭ خاراب. تەقدىر ئاللا مېنى ساڭا بۇيرۇپتۇ.
ئوت بولۇپ ئىشقىڭدا مەن كۆيمەكتىمەن، ئىككى ئېغىز گېپىم بار، ئېيتىۋالاي،
كۆرۈپ باق، يۈرەك ـ باغرىم بولدى كاۋاپ. خالىيغا چىق، يارىڭ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

بوزكۆرپەش ئوت ـ كۆيۈككە چىدىيالمىدى، كېچىلىرى ئاھ ئۇرۇپ، تولغىنىپ ياتالمىدى. ئاخىر بولماي ئەقلى ـ ھوشىنى يىغىپ، قاراساچ ئايىمغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ نامە يازدى ۋە ئۇنى ۋاپادار تورغىيىدىن ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە، شۇ كۈنلەردە قاراساچ ئايىمغىمۇ بوزكۆرپەشنىڭ ئوت ـ كۆيۈكى چۈشكەنىدى. بىچارە قىز بوزكۆرپەشنىڭ دەردىدە قىينىلاتتى، كۈننى تۈنگە، تۈننى كۈنگە ئۇلاپ، بىدار ئۆتەتتى، گېلىدىن تاماق تۇرماق سۇمۇ ئۆتمەي، ئورۇقلاپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆز دەردىنى ئاغالاپ[153] ئېيتقان قوشاقلىرى:

ئۆگەن دەريا بويىنى ئەمدى مەن قانداق ئېتەي؟
گۈل تېرىپ گۈلشەن ئېتەي. كېلىپ ھالىمنى سورا،
تەنگە چۈشتى ئوت ـ كۆيۈك، كەلگەن پۈتلىرىڭ كېتەي[154].

سەن يادىمغا يەتكەندە،
ماڭغان يولۇمدىن ئازىپ.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
ئەۋەتەي خەتكە يازىپ.
شۇنچە كەڭرى ئالەمدە،
يۇرمە باغرىمنى ئەزىپ.

ئېگىز تاغدا سايرايدۇ،
چىل بىلەن كەكلىك، ئۇلا.
شۇ كۇنلەردە ئىچىمدە،
دەردلىرىم ساچتىن تولا.
ئاق كۆڭۈل سۆيگەن يارىم،
دەردىمگە بولغىل دورا.

قاراساچ ئايىم قوشاق ئېيتىپ ئىچىنى بىرئاز بوشاتتى، ھارغىنلىق يېتىپ، تۇڭلۇككە قاراپ ياتتى. توساتتىن تۇڭلۇك بېشىدا بىر بوز تورغاي پەيدا بولۇپ قالدى. قاراساچ ئايىم بوز تورغايغا بېيىت تاشلىدى:

نەدىن كەلدىڭ، بوز تورغاي،
سايرىساڭچۇ مەن تىڭشاي.
يارىمنىڭ خەۋىرىنى،
يەتكۈزگىل، يۇرەك تىنغاي.

بوز تورغاي چۇ ـ چۇلاپ سوزۇپ بىر قېتىم سايرىدى. كەينىدىنلا زۇۋانغا كېلىپ، قاراساچ ئايىمغا قاراپ دېدى:

تۇڭلۇككە يېقىن كېلىڭ،
نامە ئەكەلدىم سىزگە.
ئىگەمنىڭ كۆڭلى تىنسۇن،
تېز ئۇچۇر بېرىڭ بىزگە.

قاراساچ ئايىم خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، تۇڭلۇكنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى. بوز تورغاي ئۇنىڭغا تۇمارچىلاپ قاتلانغان بىر پارچە نامەنى تاشلاپ بەردى. قاراساچ ئايىم نامەنى قولىغا ئېلىپ ئېچىپ قاراپ، ئۇنىڭ بوزكۆرپەشتىن كەلگەنلىكىنى بىلدى. كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، نامەنى لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ، باغرىغا تاڭدى، ئۇنىڭ جېنىغا جان قوشۇلغاندەك، كۆڭلىگە راھەت ـ پاراغەت قويۇلغاندەك بولدى. «ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەردىن چىققىنىنى!» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە. ئۆزىنى شۇنچە بەختلىك ھېس قىلىپ، قولىغا قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ، جاۋاب نامە يېزىشقا كىرىشتى. نامەنى تۇمارچىلاپ قاتلاپ، بوز تورغايغا بەردى. تورغاي نامەنى ئېلىپ پەرۋاز ئەيلەپ، بوزكۆرپەش تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئەلقىسسە، بوزكۆرپەش قاراساچ ئايىمدىن كەلگەن نامەنى ئوقۇپ، خۇشاللىقىنى باسالماي تۇرغاندا، سۇلۇۋباينىڭ چاكارلىرىدىن بىرى كىرىپ كەلدى ۋە باياغىلىنىڭ چاقىرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بوزكۆرپەش نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، باياغىلىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۆيدە باياغىل كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭ پاتما ئاتلىق خوتۇنى يالغۇز ئىدى. بۇ خوتۇن خىرقىراپ سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ ئېتىنى ئاتىماي «خىرقىراق خوتۇن» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ خوتۇن ھەققىدە يۇرت ئىچىدە مۇنداق بىر سوتۇق تارقىلىپ يۇرەتتى:

يۇزى قارا، بۇرنى ئىلمەك، پاخماق ساچ،
سار ـ مادادەك ئولتۇرىدۇ كۆزى ئاچ.
گەپ قىلىدۇ گويا ئىتتەك خىرقىراپ،
يالغۇز ئۇچراپ قالسا ئۇندىن يىراق قاچ.

بۇ ئايال بوزكۆرپەشنى كۆرۈش بىلەن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، پۇتى يەرگە تەگمەي قالدى. دەرھال داستىخاننى نازۇنېمەتلەرگە تولدۇرۇپ، ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرستىشكە باشلىدى. بوزكۆرپەش بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلەلمەي ھەيران ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە، بۇ خوتۇن قاراساچ ئايىم بىلەن بولغان مۇھەببىتى-





مىزنى ئۇققان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىلتىپاتلىرىنىڭ تېگىدە قانداق ھىيلە - نەيرەڭ بار-
لىقىنى كىم بىلسۇن؟ خىرقىراق خوتۇن بوزكۆرپەشكە يېقىنلىشىپ، ھېچبىر ئۇيالماستىن بەتقىلىقلارنى
قىلغىلى تۇردى. ئۆزىنىڭ بۇ يىگىتكە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. بوزكۆرپەش ئۇنىڭ
بۇ ھاياسىزلىقىدىن شۈنچىلىك يىرگىنىپ، تەنلىرى شۈركۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرماي:

— سىز مېنىڭ كەلگۈسى يەڭگەم بولىسىز، مېنىڭ قاراساچ ئايىم بىلەن ئېلىپ - تېگىشمەكچى
بولۇپ يۈرگەنلىكىمدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ سىز خاپا بولماي، بۇ پەيلىڭىزدىن يېنىڭ ! — دەپ نەسىھەت
قىلدى ۋە ئۇچقاندەك تېزلىكتە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بوزكۆرپەشنىڭ بۇ قىلىقىغا خىرقىراق خوتۇننىڭ ئۆلگۈدەك ئاچچىقى كەلدى، كۆڭلى تاشقا ئۇرۇل-
غان ئەينەكتەك چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. خەپ... بوزكۆرپەش، ساڭا كۆرسىتىدىغاننى كۆرسەتمىسەم،
ئادەم بولماي كېتەي ! دەپ قەسەم ئىچىپ، يېڭى ھىيلە - مىكىرلەرنى ئويلاشقا باشلىدى.

ئەلقىسسە، خىرقىراق خوتۇن قېيناتىسى سۇلۇبايىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاقنى قارا قىلىپ چېقىشقا باشلىدى:

— دادا، قىزىڭىز بىلەن بوزكۆرپەش ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۇقامسىز؟ — دەپ سورىدى.

بۇنىڭدىن ھاڭ - تاڭ قالغان سۇلۇباي سۇرۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— ھە، نېمە ئىش بوپتۇ؟

— تېخىچە ئۇقمىدىڭىزما؟ ئۇلار ئاشىق - مەشۇق ئىكەن، بوزكۆرپەش سۇلۇبايغا ئەلچى كىرگۈزد-
مەن، قىزىمنى بەرمەيمەن دېسە، ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئالىمەن، دەپ يۈرگۈدەك ئىمىش، — دېدى.

بۇ گەپلەر سۇلۇبايغا بېشىغا توقماق ئۇرغاندەك بىلىندى، غەزىپى ئۆرلەپ، تىترەپ كەتتى.

خىرقىراق خوتۇن بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ئاخشىمى بايىغىل بىلەن بىر ئورۇندا يېتىۋې-
تىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— سەن بولساڭ مېنىڭ كەتخۇدا ئىنىم، سېنىڭدىن بىرنەرسىنى يوشۇرسام خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ، كۆڭلۈممۇ ئۇنىمايدۇ. بۈگۈن چۈشتە ھېلىقى پالاندى گاداي بوزكۆرپەش سېنىڭ يوقلۇقۇڭنى بىلىپ، يامان نىيەت بىلەن ئۆيىمىزگە كەلگەنىكەن. دەككىسىنى تازا بېرىپ ھەيدەپ چىقاردىم. سەن ئەرغۇ؟ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، نوخۇلىسىنى ئېلىپ قويمىساڭ، مەن رازى ئەمەس....

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ باياغىل غەزىپىنى باسالماي، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. دەرھال بېرىپ بوزكۆرپەش بىلەن ئېلىشماقچى بولدى.

— ئەخمەق ئىكەنسەن، — دېدى خىرقىراق خوتۇن، — كۈن بۈگۈنلىمىدى؟ ھاردۇقۇڭنى ئېلىپ، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە، بىر ئىشقا باھانە قىلىپ ئوبدان جايلىمامسەن!

باياغىل خىرقىراق خوتۇننىڭ گەپلىرىگە كۆنمىدى، خىرقىراق خوتۇنمۇ بوش كەلمەي، نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى باستى. لېكىن، كۆڭلىدە ئوتنى بۇنچىلىك تېز ياققانلىقىغا خۇش بولۇپ، كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى.

ئەلقىسسە، ئەتىسى ئەتىگەنلىكى سۇلۇباي باياغىلنى يېنىغا چاقىرتتى. ئىككىسى يالغۇز ئولتۇرۇشۇپ، بوزكۆرپەش ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى بىر-بىرىگە يەتكۈزۈشتى، ھەر ئىككىسىنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك بولدى، يارىدار قاۋاندەك كۆزلىرىگە قان تولدى. بوزكۆرپەشنى قانداق جازالاش ھەققىدە كېڭەشتى، سۇلۇباي مۇنداق دېدى:

— باياغىل، سەن ئالدى بىلەن يىگىتلىرىڭنى يىغىپ چېلىشىش ئۆتكۈز. بىر ئامال قىلىپ بوزكۆرپەشنى مەيدانغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭ يەكمۇيەك تۇتۇشۇپ، ئۇنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى چاغلاپ باق، كۈچۈڭ يەتكۈدەك بولسا، شۇ مەيداندىلا جايلىۋېتەرسەن؛ كۈچۈڭ يەتمىگۈدەك بولسا، يوشۇرۇنۇپ ئۆلىدىغان جايىغا ئېتىپلا جەھەننەمگە ئۇزىتارسەن.

باياغىل ئاتىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە شۇ كۈنى بىر چاكىرى ئارقىلىق خەۋەر قىلدۇرۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئىشەنچلىك يىگىتلىرىنى مەھەللە سىرتىدىكى ئاق قۇملۇق باغرىغا يىغدى. بوزكۆرپەشنىمۇ چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ھوي بوزكۆرپەش! بەكمۇ زېرىكىپ كەتتىم، شۇڭا بۈگۈن يىگىتلەرنى چېلىشىش مەيدانىغا يىغدىم. ئاڭلىسام يۇرتۇڭدا داڭلىق پالۋان ئىكەنسەن، سەنمۇ بۈگۈن مەيدانغا چۈشۈپ كارامىتىڭنى كۆرسەتسەڭ!

بوزكۆرپەش بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. باياغىل ئۇنى زاڭلىق قىلىشقا باشلىدى:

— بوزكۆرپەش، سەن ئوغۇل بالىغۇ، پالۋان نامىڭ يالغان ئىكەندە، بولمىسا توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ كۆمسەم پىشارمۇ، ياقسام پىشارمۇ، دەپ تۇرۇپ قالماس ئىدىڭ.

بۇ گەپتىن بوزكۆرپەشنىڭ راسا ئاچچىقى كەلدى. ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، زەردە بىلەن مۇنداق دېدى:

— باياغىل، مەن مەيدانغا چۈشسەم سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئېمىن تاپامدۇ؟

باياغىل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياسالمىلىق بىلەن كۈلدى.

چېلىش باشلاندى. بوزكۆرپەش مەيدانغا چۈشتى. لېكىن، باياغىل شۇنچە تاللاپ چۈشۈرگەن بولسىمۇ، يىگىتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بوزكۆرپەشكە تەڭ كېلەلمىدى. بۇنىڭدىن باياغىلنىڭ ئوغىسى قايناپ، يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. بوزكۆرپەشنىڭ دېۋىدەك كۈچى بولسىمۇ، شۇنچە كۆپ كىشى بىلەن چېلىشقاندىن كېيىن ئەمدى ھارغاندۇ. ئۆزۈم مەيدانغا چۈشۈپ، بېشىمدىن ھالقىتىپ يەرگە شۇنداق ئۇرايكى، ئۇستىخانلىرى كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتسۇن، ئەل - جامائەت مېنى تونۇپ قويسۇن! دەپ ئويلىدى -

دە، ئۆزى مەيدانغا سەكرەپ چۈشتى. شۇ چاغدا بوزكۆرپەش قاراساچ ئايىمنى ئەسلەپ كۆڭلىدە سۆيۈندى. پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇدرەتكە تولدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئالدىدا ئاكىسى بىلەن بەل تۇتۇشۇشنى ھاياسىزلىق بىلىپ، باياغىلغا قاراپ بىر سۆز دېدى: بوز كۆرپەش:

هوي باياغىل، باياغىل،
ئاداشتىڭمۇ ئەقلىڭدىن؟
سەن مېنىڭ ئاكامدۇرسەن،
يانغىل شەيتان پەيلىڭدىن.

كۆڭلۈڭمۇ ئېچىلغاندۇر،
يىغىشتۇرغىل مەيداننى.
بۈندىن بۆلەك ئىشقا سال،
تەسەددۇق قىلاي جاننى.

باياغىل ئۇنىڭغا قاراپ دېدى: باياغىل:

هوي، تېگى پەس، بوزكۆرپەش،
ئادىشىپسەن ئەقلىڭدىن.
جۆيلۈمەگىل ساراڭدەك،
ئاكا تاپ ئۆز خىلىڭدىن.

كۆڭلۈم تاغى ئاچىلمادى،
يىغمايمەن بۇ مەيداننى.
سەن بىلەن بىر ئېلىشىپ،
شۇندا تاپاي ئارامنى!

بوزكۆرپەش باياغىلنىڭ «ئاكا تاپ ئۆز خىلىڭدىن» دېگەن سۆزىدىن بەك خورلۇق ھېس قىلدى. بۇ خورلۇقنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېلىشىپ، ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. باياغىل بوزكۆرپەشنىڭ ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئالچاڭشىپ، يەمگە ئېتىلغان يىرتقۇچتەك ئېتىلدى. بوزكۆرپەش ئۆزىنىڭ بېلىنى باياغىلنىڭ تۇتۇۋېلىشىغا يول قويدى. باياغىل بارلىق كۈچىنى، پەنتىنى ئىشقا سالسىمۇ، بوزكۆرپەشنى ئورنىدىن مىدىرلىتالمىدى، ئۇ گويا قۇملۇقتا ئۆسكەن باراقسان توغراقتەك مەزمۇت تۇراتتى. ئالدىنقى مەيداندا بوزكۆرپەشتىن يېڭىلىپ قاتاردىن چىققان يۈندىخور يىگىتلەر باياغىلنى كۈش-كۈشلەپ: «باياغىل، ماۋۇ يەرگە تۈكۈرۈپ قويدۇم، كاللاڭدىن ھالقىتىپ شۇ يەرگە ئات!» دەپ چۇقان سېلىشاتتى. باياغىل شۇنداق قىلماقچى بولۇپ تىركاشتىدى، لېكىن بوزكۆرپەشنى جايىدىن مىدىرلىتالمىدى. ئەم-



دى ھۇجۇم قىلىش نۆۋىتى بوزكۆرپەشكە كەلگەنىدى، بوزكۆرپەش يۇندىخورلارنىڭ دېگىنى بويىچە باياغلىنى شۇلار كۆرسەتكەن يەرگە ئاستاغىنا ئاتتى. بۇ ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولغان باياغىل تېخىمۇ جىلە بولۇپ، كەيپى تۇتۇندەك تارقاپ، «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، «بۇ ھېساب ئەمەس، پۇتلىشىپ كەتتىم» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ بوزكۆرپەشنىڭ بەخىرامان تۇرغان پۇرستىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا غالجىر ئىتتەك ئۆزىنى ئۇرغانىدى، بوزكۆرپەش چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى يانغا ئېلىۋالدى، باياغىل دۈغىنى يادۇرالماي، يەرگە دۈم چۈشتى، ئاغزى ـ بۇرنىغا قۇم تىقىلدى، رەسۋاچىلىق ئۈستىگە رەسۋاچىلىق بولدى. ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي، ئاغزىنى بۇزۇپ تىل ـ ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى:

— گۈي، خۇمسا! ئوغۇل بالا بولساڭ، ئۆزۈڭنى نېمىشقا ئەپقاچىسەن؟ نوچى بولساڭ كەلمەمسەن، قېنى!

كۆزلىرىگە قان تولغان باياغىل تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ دېۋەيلەپ كەلدى. بوزكۆرپەش «نېمە قىلاركىن قېنى» دەپ جىم تۇردى. ئايىغانىنى بىلمىگەن باياغىل بوزكۆرپەشكە يەنە ئېتىلدى. بوزكۆرپەش ئەتراپتىكىلەرگە ئاڭلىتىپ:

— باياتىن ئاتقىنىم ھېساب بولمىسا، ئەمدى ئاتقىنىمنى كۆر! — دېدى ـ دە، باياغىلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كىچىك بالىنى پىرقىراتقاندەك پىرقىرىتىپ، بېشىدىن ھالقىتىپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، باياغىل «غىق...» قىلىپ، قۇلىقىغىچە قۇمغا پېتىپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر بۇنى كۆرۈپ قورققىنىدىن، بۆكلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي بەدەر قېچىپ كېتىشتى. بوزكۆرپەش غالىبانە ھالدا:

— سېنىڭدىن باشقا ئادەم بولسا، رەھىم قىلمايتتىم، خەير، سىڭلىڭ قاراساچ ئايىمىنىڭ يۈزى ئۈچۈن سېنى تارتىپ قوياي! — دەپ ئۇنى قۇملۇق تويىدىن تارتىۋالدى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قېقىشتۇرۇپ تازىلاپ قويدى. باياغىل بوزكۆرپەشنىڭ كۆچىگە تەن بېرىپ، نائىلاج تۆلكىلىك بىلەن ھىجىيىپ، خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى:

— مەن ئۇقماپتىمەن، كە... چۈرسىلە، يۇرسىلە... مەن سىلىنى...

بوزكۆرپەش باياغىلنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۆز يولىغا راۋان بولۇپ، ھۇجرىسىغا قايتتى.

ئەلقىسسە، ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتتى، باياغىل دادىسى بىلەن باش قاتۇرۇپ يېڭى ھىيلە ئويلاپ تاپتى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى باياغىل بوزكۆرپەشنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ياۋاش، مۇلايىم قىياپەتتە كۆچۈكلىنىپ:

— ئۆتكەندە سىلىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا... سىلىنى بىر ئىشقا تەكلىپ قىلىپ كېلىۋىدىم، — دېدى.

— ئېيتسىلا، نېمە ئىش ئىدى؟ — دەپ سورىدى بوزكۆرپەش.

— ئاتام يېڭى ئوۋ گۆشى سېغىنىپ قاپتۇ. بىللە ئوۋ ئوۋلاپ كەلسەكمىكىن دېۋىدىم، — دېدى باياغىل.

بوزكۆرپەشمۇ ئوۋغا بېرىشنى سېغىنىپ يۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ: «بولىدۇ، بارايلى!» دەپ جاۋاب بەردى.

بوزكۆرپەش بىلەن باياغىل ئوزۇق ـ تالقان راسلاپ، قىلىچ، ئوقيالىرىنى ئېلىشىپ، سەپەرگە ئاتلاندى. ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىغانىدى. ئۇلار ئورمانلىققا كىرگەندە باياغىل بوزكۆرپەشكە مۇنداق دېدى:

— سەن مېڭىپ تۇر، مەن تەرەت سۇندۇرۇۋېلىپ، ئارقاڭدىن يېتىپ باراي!

بوزكۆرپەش ۋاپادار ئېتىنى يورغىلىتىپ، ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ خېلى كۆپ يول باسقاندىن كېيىن ئارقىسىغا قاراپ باقتى، لېكىن باياغىلنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بوزكۆرپەش ئويلىنىپ قالدى: «باياغىلغا نېمە بولغاندۇ؟ نېمىشقا شۇ چاققىچە يېتىپ كەلمەيدىغاندۇ، مۇشۇ يەردە بىردەم ساقلاپ تۇراي.» ئۇ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى غىشا قومۇشلۇققا قويۇۋەتتى، ئۆزى بىر

تۇپ قېرى توغراقنىڭ سايىسىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قاراساچ ئايىمنىڭ مېھىر-
شەپقەت يېغىپ تۇرىدىغان ئانار يۈزلىرى، بۇلاقتەك ئويناپ تۇرغان خۇمار كۆزلىرى كېلىشكە باشلىدى،
قەلبىنى سېغىنىش ھېسسىياتى چۇلغىدى، ئۇنى ئەسلەپ قوشاق ئېيتىشقا باشلىدى:

خۇدايىم قانات بەرسە، چۆلدىمۇ زېرىكمەيمەن،
ھاۋانى يېرىپ ئۇچسام. ئامرىقىم سېنى ئويلاپ.
يار قاشىغە تېز بارىپ، بۇ قوشاقنى توقۇدۇم،
تىنچ-ئامانلىق سوراشسام. ئۆگەن دەرياني بويلاپ.
ئۆگەن دەريا سۈيىدە، ئالۇرمەن سېنى قاچان،
كېمىگە سەپ ئويناتسام. ئەلنىڭ ئالدىدا تويلاپ؟

قوڭغۇراق ئاسىپ قويدۇم، بۇغدايىنىڭ ئاراسىغا،
ئاق سەركەنىڭ بويىنىغا. ئارپا ئارىلىشىپ كەتكەن.
قاراپ-قاراپ تويمايمەن، ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى،
يارىم تۇرغان ھويلىغا. سىرلاپ يۇغۇرۇپ كەتكەن.
ئۆزۈمنى ئاتقۇم كېلۇر، سېنىڭ بىلەن مېنىڭدەك،
ئاق مامۇقتەك قويىنىغا. كىم مۇرادىغا يەتكەن؟

بوزكۆرپەش باياغىلىنى خېلى ئۇزاق ساقلىدى، لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر يېتىپ كېلەلمىدى. «بىرەر
پالاكەتكە يولۇقتىمۇ، نېمە؟» دېگەن خىياللار بوزكۆرپەشنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا ئۇ ئارقىسى-
غا قايتىپ ئىزدەپ ماڭدى. خېلى يول يۈرۈپ، يولنىڭ بويىدا بوك - باراقسان ئۆسۈپ تۇرغان يۇلغۇنلۇق-
نىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. يۇلغۇنلۇق ئىچىدىن بىر دانە ئوقيا ئوقى ئۇچۇپ چىقىپ بوزكۆرپەش-
نىڭ يوتىسىغا كېلىپ سانجىلدى. بوزكۆرپەش قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ۋاپادار ئېتىنى دېۋىتىپ، يۇلغۇن-
لۇق ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. بۇ يەردە قورقىنىدىن چىرايىدا قان قالمىغان، غال - غال تىترەپ
تۇرغان باياغىلىنى كۆردى.

— خەپ، نامەرد! — دېدى بوزكۆرپەش ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، — سېنىڭدىن باشقا ئادەم بول-
سا، مالۇنپۇتنىڭ[155] قىيمىسىدەك چانىۋېتەتتىم، خەير، سىڭلىڭ قاراساچنىڭ يۈزى ئۈچۈن ساڭا چې-
قىلماي، ئىت جېنىڭ ئامان قالسۇن!

بوزكۆرپەش ئوقنى يوتىسىدىن تىكەننى تارتىپ چىقارغاندەك يۇلۇپ ئېلىپ، باياغىلىنىڭ ئالدىغا پىرقى-
رىتىپ ئاتتى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. ۋاپادار ئات تىلغا كىرىپ، بوزكۆرپەشكە مۇنداق دېدى:

— بوزكۆرپەش، ساڭا تەگكەن ئوق زەھەرگە چىلانغان. يەرگە چۈش، ئوق تەگكەن يېرىڭنى شوراپ
زەھىرىنى چىقىرىۋېتەي!

— باياغىلدەك ئۇششۇك چىۋىننىڭ ئوقى قانچىلىك نېمىتى؟ — دېدى بوزكۆرپەش مەنسىتمەي، —
غەم يېمە، ھېچقىسى يوق.

ۋاپادار ئات يالۋۇردى، بوزكۆرپەش پىسەنت قىلمىدى. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتە - ئۆت-
مەيلا، ئوق تەگكەن جايىنىڭ ئەتلىرى سېسىپ، جاراھەت ئورنى چىنىنىڭ ئاغزىدەك يوغىنىدى. بوزكۆر-
پەش ۋاپادار ئېتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. بويى قىزىپ، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ،

زەھەرنىڭ تەسىرىدىن پۈتۈن بەدىنى چايان چاققاندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ، ھالسىزلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئاران ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مېنى ۋتېرەككە ئېلىپ بار!

«ۋتېرەك» دەپ ئاتالغان بۇ دەرەخ ئابدال بىلەن يېڭىسۇ ئارىلىقىدا بولۇپ، بۇ يەردىن ئىككى تەرەپ-كە تەڭ نەزەر سالغىلى بولاتتى. ۋاپادار ئات ئۇنى خۇددى شىرغىغا(156) سالغاندەك تەۋرەتمەي سىلىق ئې-لىپ مېڭىپ ۋتېرەككە يەتكۈزدى. بوزكۆرپەش ۋتېرەككە قاراپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھاي... ۋتېرەك، ۋتېرەك، مەن ياتىپ ئارام ئالاي،
ياپراغىڭدىن سال تۆشەك. بولغىل ھەمدەم، يار - يۆلەك.

ۋتېرەك ئۆزلۈكىدىن تەۋرىنىپ جۇلغىغاندەك يەرگە غازاڭ تاشلىدى. غازاڭلار بىر يەرگە ئۈستى-ئۈستىگە توپلىنىپ، بىرئادەم ياتقۇدەك تۆشەك تەييار بولدى. ۋاپادار ئات ئاستا يەرگە ياتتى، بوزكۆرپەش ئاتنىڭ يالىنى تۇتۇپ، ئۆزىنى «تۆشەك» ئۈستىگە تاشلىدى.

ۋاپادار ئات مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ تىزگىنىمنى قايرىپ قوي. بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يولدا زەھەر قايتۇرۇپ، جاراھەتنى سا-قايتىدىغان دورا بار، مەن ئۈچ كۈندە ئېلىپ كېلەي.

— ماقۇل، تېز بارغىن! — دېدى بوزكۆرپەش.

ۋاپادار ئات ئۇچقاندەك چېپىپ يولغا راۋان بولدى، بوزكۆپەشنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ۋاپادار تورغىيىلا قالغانىدى. بوزكۆرپەش تۆشەكتە يېتىپ، مېھرىبانى قاراساچ ئايىمنى ئەسلىدى. ئۆزد-نىڭ ھالىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلغۇسى كەلدى. ئۇ ئاغرىققا چىداشلىق بېرىپ، ئۆز يارىغا نامە يېزىشقا باشلىدى:



مەن ھالىمنى بايان ئەيلەپ،
نامە يازدىم ساڭا، يارىم.
نامەم بارىپ تەگكەن ھامان،
ياشلارىڭ بولماسۇن تارىم.

ھالىم مېنىڭ شۇنچە زەبۇن،
سېنى قايتا كۆرەرمەنمۇ؟
ئۈچ پاختىدەك قوللارىڭنى،
يۇزلەرىمگە سۈرەرمەنمۇ؟

ئاكاڭ ئوۋغا چىقايلى دەپ،
كەلسە، ئاڭا «ھە» دەيتىمەن.
يۈرىكىمگە يوشۇرۇنغان،
شۇم نىيەتنى بىلمەيتىمەن.

ئۆگەن دەريا بويلارىدا،
بىرگە ئويناپ يۈرەرمەنمۇ؟
يۈرەك ـ باغرىم قانغۇدەك بىر،
چىڭ قۇچاقلاپ سۆيەرمەنمۇ؟

ئارا يولدا قەستلەپ قاتىل،
ئاتتى ماڭا زەھەرلىك ئوق.
سەن كۆرگەندەك تاشىپ تۇرغان،
كۈچ ـ مادارىم تەنىمدە يوق.

كۆرۈشمىسەك بۇ ئالەمدە،
قالما يارىم، ئاخىر دەردتە.
كۆرۈشەرمىز ئاخىر بىر كۈن،
ئۇ ئالەمدە، قىيامەتتە.

بوزكۆرپەش نامىنى تۇمارچىلاپ قاتلاپ، ۋاپادار تورغىيىدىن قاراساچ ئايىمغا ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە، باياغىل بولغان ۋەقەنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە دادىسى سۇلۇبايغا ئېيتىپ بەردى. سۇلۇباي: «نېمە ئۈچۈن بىر يولىلا ئۆلتۈرۈۋەتمىدىڭ ؟ » دەپ كايىدى. كېيىن زەھەرلىك ئوقنىڭ كارامىتىنى ئويلاپ، بەرىبىر ئۆلىدۇ، دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈردى ـ دە، خاتىرجەم بولدى.

كۈن كەچ كىردى. باياغىل بوزكۆرپەش تورغىيى ئارقىلىق سىڭلىمغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ، قاراساچ ئايىمنى ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ بىللە يېتىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا خىرقىراق خوتۇننى ياتقۇزۇپ قويدى.

قاراساچ ئايىم ئەھۋالنى ئۇقمىغاچقا، بوزكۆرپەشنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەيتتى، كۆڭلىنى بىر يامان ئەنسىزلىك چۇلغىۋالغانىدى.

قاپقاراڭغۇ كېچە. ھەممە كىشى ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى. پەقەت قاراساچ ئايىم بىلەن خىرقىراق خوتۇنلا ئۇيقۇسىز ئىدى. خىرقىراق خوتۇن ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغان تۈڭلۈككە پات ـ پات قارايتتى. تۈن نىسپى بولاي دېگەندە تۈڭلۈكتە «چۇ... چۇ... چۇ...» دېگەن تورغاي ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىن تورغاي ئۆي ئىچىگە قاراپ مۇنۇ بېيىتنى ئېيتتى:

قاراساچ ئايىم، ئۇيقۇڭنى ئاچ،
ئۇخلايدىغان ۋاخ ئەمەس.
نامە ئالىپ كەلدىم ساڭا،
تۇر ئورنۇڭدىن، تۇرغىن دەس.

نامەنى تېز ئاچىپ كۆرگىل،
سۆيۈپ ئۇنى، كۆزگە سۈرگىل.
يارىڭ قالدى قىيىن ھالدا،
مېنىڭ بىلەن تېز يۈرگىل.

خىرقىراق خوتۇن پەم بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تورغاينى تۇتۇۋالدى، خۇشاللىقىدىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى. تورغاينى ئېلىپ ئۆز ھۇجرىسىغا باردى ـ دە، باياغىلنى ئويغىتىپ خەتنى بەردى. ئۇلار خەتنى ئېچىپ ئوقۇغاندىن كېيىن، غەزەپلىرى تاشتى. تورغايدىن بوزكۆرپەشنىڭ نەدىلىكىنى سو-

رىغاندى، تورغاي ئېيتىپ بەرمىدى. «ئېيتىپ بەرسەڭ، سېنى ئازاد قىلىمىز» دەپ ئالداپ باقتى. تورغاي ئالدانمىدى. ئاخىر تورغاينى مۇجۇپ باقتى، پەيلىرىنى يۇلۇشتى، لېكىن بىر ئېغىزمۇ جاۋاب ئالالمىدى. خىرقىراق خوتۇن ئېرىگە، ئوتقا قاقلاپ باقايلى، شۇندا ئېيتىپ بېرەر، دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. باياغىل ماقۇل بولۇپ گۈلخان يېقىپ، تورغاينى ئوتقا قاقلاپ قىيىندى. تورغاي پۇچۇلىنىپ كاۋاپ بولۇپ، جېنى ھەلقۇمىغا كەلگەندە ئۆز ئىگىسىنى ئەسلەپ: «بوزكۆرپەش... تېرەك» دەپ سالدى - دە، چىرقىراپ جان ئۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ ئەر - خوتۇن ئىككىسى «بوزكۆرپەش تېرەك دېگەن جايدا ئوخشايدۇ» دەپ پەرەز قىلىپ، تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ بۇ خەۋەرنى ئاتىسىغا يەتكۈزدى.

— ئاتا، ئاتا! — دېدى ئۇ ھاسىراپ، — بوزكۆرپەش تېرەك دېگەن جايدا بىزگە قارشى ئادەم توپىلاۋېتىپتۇ. پات يېقىندا باستۇرۇپ كېلىپ، كۆلىمىزنى كۆككە سورىماقچىكەن.

ئۇنىڭ توقۇپ چىققان بۇ سۆزىدىن سۇلۇباي چۆچۈپ كەتتى.

— ئۇ كېلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟... — دېدى ئۇ ئەندىشە ئىچىدە.

— ئۇ قوزغىلىپ كېلىپ بولغۇچە، بىز بېرىپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەك بولمامدۇ؟ — دېدى باياغىل ئاتىسىغا.

بۇ مەسلىھەت سۇلۇبايغا ياقتى ۋە ئوغلىغا دەرھال ئادەم يىغىشنى تاپشۇردى.

باياغىل يالاقچىلىرىنى يىغدى. ئاتا - بالا ئۇلارغا باش بولۇپ سەپەرگە ئاتلاندى. بۇ سەپەرنىڭ سىرىنى ئاتا - بالىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئەلقىسسە، قاراساچ ئايىمنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، ئانىسىدىن سورىدى:

— ئانا، ئاتاملار نەگە ماڭدى؟

— ۋاي تاڭەي قىزىم؟ مەنمۇ بىلەلمىدىم، — دېدى ئانىسى.

— بۇلارنىڭ سەپىرىدە بىر شۇملۇق بارمىكىن دەيمەن.

— بالام، ئاتىغىمۇ يامان ئويدا بولغۇلۇقمۇ؟ — دېدى ئانىسى، — مۇندىن كېيىن ئۇنداق ئويدا بولما، يامان بولىدۇ.

قاراساچ ئايىم ئانىسىغا قايتا گەپ قىلمىدى. كۆڭلى دەككە - دۈككىدە بولۇپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ھۇجرىسىغا قايتتى. ئۇ تەكىيىگە يۆلىنىپ، تۈڭلۈككە قاراپ ئولتۇردى. ۋاپادار تورغاي ھازىرلا ئۇنىڭغا بىرەر خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، قوشاق ئېيتىشقا باشلىدى:

قاقىلداشقان قاغىلار،
يارىم سالام دېدىمۇ؟
چوڭ يولنى چالىپ[157] باقاي،
ئوۋدىن يېنىپ كەلدىمۇ؟
تاشلىۋەتتى يوقلىماي،
يا كۆڭلىنى بۆلدىمۇ؟

راست بۆلمىسە كۆڭلىنى،
بۇ كەمگىچە كېلەردى.
ئامان - ئېسەن بولسا ئۇ،
ماڭا ئۇچۇر بېرەردى.
بېرىپ ئېيتاي كىمگە مەن،
ئىچىمدىكى بۇ دەردنى؟

قاراساچ ئايىم يەنە بىئارام بولۇپ تالاغا چىقتى. ھويلىدا خىرقىراق خوتۇن پاتما تازنىڭ ئىنىسىغا ئۇچرىشىپ قالدى.

— ھوي تاز، — دېدى قاراساچ ئايىم، — سەندىن بىرنەرسىنى سورايمەن، راستىنى ئېيتىپ بەر-

سەڭ، ساڭا سۆيۈنچە بېرىمەن.
ــ سورىسىلا، خانقىز، ــ دېدى تاز سۆيۈنچىنى ئاڭلاپ، ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ.
ــ ئاتاملار نەگە كەتتى، بىلەمسەن ؟
تاز بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن مۇنداق دېدى:
ــ ۋەتېرەككە بارىدىكەن دەپ ئاڭلىغاندەك قىلدىم.
ــ نېمىشقا بارىدىكەن، ئۇقتۇڭمۇ ؟
ــ پاتماخان ئاچام سوقۇشقا بارىدۇ، دېگەندەك قىلدى.
ــ كىم بىلەن سوقۇشىدىكەن؟
ــ بوزكۆرپەش بىلەن، ــ دېدى تاز ئىككى يېنىغا قاراپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاراساچ ئايىمنىڭ يۈرىكى-
گە خەنجەر ئۇرۇلغاندەك بولدى، لېكىن، ھېچ نەرسە بولمىغاندەك، چاندۇرماي:
ــ مانا سۆيۈنچەڭنى ئال ! ــ دەپ ئۇنىڭغا بىر تىللا تاشلاپ بەردى. تازنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ،
ئۇنىڭغا نەچچە پۇكۇلۇپ تەزىم قىلدى.
قاراساچ ئايىم ئىشنىڭ يامانغا تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى، كاللىسىدا ھەر خىل خىياللار
چۆرگىلەشكە باشلىدى. «بوزكۆرپەش بۇلارغا بوزەك بولىدىغان ئەر ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ھىيلىگەرلەر-
نى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، قانداق قىلىش كېرەك ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.



بۇ مەھەللىدە كىچىكىدىن تارتىپ
سۇلۇۋايىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ قېرىپ
مۇكچەيگەن، قاراساچ ئايىمنى كۆتۈرۈپ
يۈرۈپ چوڭ قىلغان بىر مۇنەججىم، ئاق
كۆڭۈل قۇتقا[158] بار ئىدى. قاراساچ ئا-
يىم ئۇنىڭ ئۆيىگە يول ئالدى.
قۇتقا قاراساچ ئايىمنى بەكمۇ ياخ-
شى كۆرەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ تۇيۇقسىز
كېلىپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولدى.
ــ ئەسسالام، قۇتقا !
ــ كەل، غوزام[159] !
قاراساچ ئايىم ئۇنىڭ قېشىغا كې-
لىپ ئولتۇردى. قۇتقا ئۇنىڭ قوللىرىنى
تۇتۇپ سۆيدى. لېكىن ئۇنىڭ جىددىي-
لەشكەن چىرايىغا قاراپ:
ــ بۈگۈن تۇيۇقسىز كېلىپ قاپ-
سەنغۇ، قىزىم؟ ــ دېدى.
ــ قۇتقا، سېنىڭدىن بىر نەرسىنى
سورىغىلى كەلدىم.
ــ ئاغا[160]، سورا، سورا ! ــ دېدى

قوۇتقا.

ـــ ياغىسنى [161] يېڭەلمىگەن ئادەم قانداق كېلىدۇ؟

ـــ ياغىسنى يېڭەلمىگەن ئادەم ئاتلىرىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ، باشلىرى چۈشكەن هالدا كېلىدۇ، ـــ دەپ جاۋاب بەردى قوۇتقا.

ـــ ياغىسنى يەڭگەن ئادەمچۇ؟ ـــ دەپ سورىدى قاراساچ ئايىم يەنە.

ـــ ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، قىقاس-چۇقان سېلىپ كېلىدۇ.

ـــ رەهمەت قوۇتقا، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن ! ـــ دېدى قاراساچ ئايىم ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ.

قاراساچ ئايىم ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، هېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۆگزىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. يىراق بىر جايدىن چاڭ ـ توزاننىڭ قارىسى كۆرۈندى. قاراساچ ئايىم كۆزىنى ئۈزمەستىن شۇ تەرەپكە قاراپ تۇردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن بىر توپ ئاتلىقلار كۆرۈندى. بۇلار سۇلۇۋباي، باياغىل ۋە ئۇلارنىڭ چاپارمەنلىرى ئىدى. قاراساچ ئايىم ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، چۇقان ـ سۈرەن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىرەر يامانلىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى جەزم قىلدى. ئېمىلا بولمىسۇن بۇلار بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقاي، دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە، ئۆگزىدىن چۈشۈپ يول ئۈستىگە بېرىپ ساقلاپ تۇردى. توپنىڭ ئالدىدا سۇلۇۋباي بىلەن باياغىل ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. قاراساچ ئايىم ئاتىسى سۇلۇۋباي مىنگەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلىپ توختاتتى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

ئاغزى ـ بۇرنۇڭ قاناپتۇ،
بۇغا باسىپ يېدىڭمۇ؟
بۇغا گۆشى تاتلىق گۆش،
ماڭا ئالىپ كەلدىڭمۇ؟

ئالىپ كەلسەڭ بەرسىنا،
قىز دەك تۆشەك [162] سالسىنا.
ياتقا زايادۇر دېسەڭ،
ئۆزۈڭ ئالساڭ، ئالسىنا.

ـــ قىزىم، مەن هېچ ئىش قىلغىنىم يوق، خۇدا هەققى ئېتىمنى قويۇپ بەر ! ـــ دېدى سۇلۇۋباي يالۋۇرۇپ.

قاراساچ ئايىم ئاتىسىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇپ بېرىپ، باياغىلنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلدى ۋە يۇقىرىدىكى قوشاقنى تەكرارلاپ سورىدى. باياغىل جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

سورمالىمنى يىغدۇرۇپ،
ساڭا خىلنى تاپايمۇ؟
رومالىمنى يىغدۇرۇپ،

سەرخىلىنى ياپايمۇ؟
ئۆز كۆرپىچە بولمىسا،
ئات كۆرپىچە تاپايمۇ؟

قارا ساچ ئايىم مۇنداق دېدى:

سورمالىڭنى يىغدۇرساڭ،
بۇرالقى دەر ئەل سىنى.
رومالىڭنى يىغدۇرساڭ،
قەلەندەر دەر ئەل سىنى.

ئالتۇن پىچاق بىر يىگىت،
ئۆزى بىلەن يۈز يىگىت.
ئۆز بولمىسا كۆرپىچە،
ئات كۆرپىسىدۇر نىمچە.

454

باياغىل سىڭلىسىدىن داۋىسىنى ئىشىتىپ، قايتا گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. قاراساچ ئايىممۇ ئۇلار بىلەن يەنە گەپلىشىشنى خالىمىدى، شۇڭا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇۋەتتى.

ئەلقىسسە، قاراساچ ئايىم ۋىتېرەككە بېرىپ، بوزكۆرپەشنى ئىزدەش قارارىغا كەلدى. سۇلۇباي، باياغىللارنىڭ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ بىر ئاتنى يېشىپ مىندى ـ دە، سەپەرگە ئاتلاندى. بۇ ئاتلارنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ، ئاداشمايلا ۋىتېرەككە يېتىپ كەلدى. تېرەكنىڭ شاخلىرىغا ئېسىپ قويۇلغان گۆشلەرنى كۆردى. «بوزكۆرپەش بۇغا ئوۋلاپ، گۆشلىرىنى شاخقا ئېسىپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ، سىنچىلاپ ئوبدان بىر قارىۋىدى، ئېگىز بىر شاخقا ئېسىپ قويۇلغان بوزكۆرپەشنىڭ كاللىسىنى كۆردى. بۇ ياۋۇزلۇقتىن بەدىنى جوغۇلداپ، تەنلىرى شۈركۈندى. ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ، شۇنداق پەرياد ئۇرۇپ يىغلىدىكى، ياشلىرى سەل بولۇپ ئېقىپ ئۆگەن دەرياسىغا قوشۇلدى، ئۇنىڭ نالىسىدىن يەر ـ جاھان لەرزىگە كەلدى.

ئەسلى ئىش مۇنداق بولغانىدى: سۇلۇباي بىلەن باياغىل چاپارمەنلىرىنى ئېلىپ ۋىتېرەككە يېتىپ كەلگەندە، نىمجان بولغان بوزكۆرپەش بىھوش ياتاتتى، ئۇنىڭ بۇ زەبۇن ھالى ئۇلارنى خۇش قىلدى. سۇلۇباي باياغىلغا «كاللىسىنى ئال !» دەپ بۇيرۇق قىلدى. باياغىل قورقۇپ، غال ـ غال تىترەپ يېقىن بارالمىدى.

ــ ھوي توخۇ يۈرەك ! ــ دېدى غەزەپلەنگەن سۇلۇباي باياغىلغا كۆز ئالايتىپ، ــ ئۆلۈك يىلاندىنمۇ قورقامسەن؟ سەن قورقساڭ، ماڭا قاراپ تۇر !...

سۇلۇباي قاتىللىق قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، بوزكۆرپەشنىڭ بوينىغا چاپتى. بۇ چاغدا ھاۋا تۇتۇلۇپ، چاقماق چېقىپ، ئاسمان كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. سۇلۇباي بوزكۆرپەشنىڭ كاللىسىنى ئېلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەي قالماي، ئۇنىڭ تەنلىرىنى قىلچىتا ماشادى[163]. يالاقچىلىرىغا بۇيرۇپ، بوزكۆرپەشنىڭ پارچىلانغان تەنلىرىنى تېرەك شاخلىرىغا ئاستۇردى. بۇ ھالەتنى كۆزەتكەن قاراساچ ئايىم بۇقۇلداپ يىغلاپ، بىر سۆز دېدى:

شاختا تۇرغان گۆشلەرنى،
بۇغا گۆشى دەپتىمەن.
بوزكۆرپەش ماڭا ئاتاپ،
ساقلىغاندۇر دەپتىمەن.
قاراسام، كۆرۈنمىسەڭ،
ئوۋدا يۈرەر دەپتىمەن.
دۆڭگە چىقىپ قىچقىرسام،
قايتىپ كېلەر دەپتىمەن.

مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
مۇڭلار چۇشتى باشىمغا؟
سېنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن،
غەرق بولسۇن ياشىمغا.
يېتىم قالغان بوتىلاقتەك،
بوزلايمەن ئۈن قويۇپ،
كىممۇ سىلار باشىمنى،
بۇ چۆلدە ھەمراھ بولۇپ؟

مېنى قالدۇرۇپ يالغۇز،
كېتىپسەن ئۇ ئالەمگە.
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم،
كەلمىسۇن ھېچ ئادەمگە.
مارجان بولۇپ كۆز ياشىم،
توشتى بۇگۈن تارىمغا.
ئاھ ـ دادلىرىم، پەريادىم،
يەتسە ئىدى يارىمغا.

خۇدا يەتسە ھالىمغا،
سېنى تىرىك قويارىدى.
ئاتام بىلەن ئاكامنى،
شۇ تېرەككە ئاسارىدى.
ئاھلىرىم، پەريادلىرىم،
گۈلدۈرلەپ چاقىن چاقسۇن.
قاتىللارنىڭ تەختىگە،
ياغ چاچىپ، ئوتلار ياقسۇن !

قاراساچ ئايىم يىغلاپ تۇرۇپ، تېرەكنىڭ شاخلىرىدىكى بوزكۆرپەشنىڭ تەن پارچىلىرىنى بىر - بىرلەپ يەرگە چۈشۈرۈپ ئاپئاق، پاكىز قۇم ئۈستىگە تىزدى، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، خۇداغا مۇناجات قىلدى: «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، يارىمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەيسەن!» ئۇ شۇ سۆزنى دەپ بوزكۆزپەشنى بىر ئايلىنىۋىدى، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇنىڭ پارچىلانغان تەنلىرى ئۆز جايىغا كەلدى. ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر ئايلىنىۋىدى، بوز كۆرپەش ئۇخلاپ ياتقاندەك بىر ھالەتكە كەلدى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە بىر ئايلانغان بولسا، بوزكۆرپەشكە جان كىرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، لېكىن قاراساچ ئايىم ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ بوزكۆرپەشنىڭ جەسىتىگە قاراپ زار - زار يىغلاپ مۇنداق دېدى:

— ئەي مېنىڭ بوزكۆرپەش ئامرىقىم، كۆزۈمنىڭ نۇرى، دىلىمنىڭ ھۇزۇرى، سېنىڭ تىرىلىشىڭنى بەكمۇ خالايتتىم، سېنىڭ بىلەن بىللە ھايات كەچۈرسەم، شۇنچە بەختلىك بولغان بولاتتىم، لېكىن سەن تىرىلسەڭ، يەنە ئاتام بىلەن ئاكام ساڭا زۇلۇم سالىدۇ، ئىككىمىزنىڭ قوشۇلۇشىغا ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ. مەن سېنىڭ يەنە ئازاب چېكىشىڭنى خالىمايمەن، سەن تىنچ ئارام ئال، سېنىڭ يېنىڭغا مەنلا باراي، بۇ دۇنيادا تىرىك تۇرۇپ قوشۇلالمىغان بولساق، ئۇ دۇنيادا روھىمىز قوشۇلسۇن!

قاراساچ ئايىم ۋىتېرەكنىڭ تۈۋىگە قولى بىلەن ئىككى ئادەم پاتقۇدەك گۆر كولىدى. ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىچىگە بوزكۆرپەشنى قويدى، ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ زار - زار يىغلاپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ۋىتېرەكنىڭ تۈۋىگە،
قولۇمدا يەرلىك ئويۇپ.
قانداقمۇ چىدالايمەن،
سېنى مەن يالغۇز قويۇپ.
يانىڭدا ياتاي دەيمەن،
مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇپ.

مەيلىمگە قويۇشمىدى،
كەتتىم بۇ دۇنيادىن تويۇپ.
خەنجەرگە سانجىلىمەن،
مەنمۇ زۆھرەدەك[164] بولۇپ.
ئۇ ئالەمدە خۇدايىم،
قويار بىزلەرنى قوشۇپ.

قاراساچ ئايىم گۆرنىڭ ئاغزىدىن قايتىپ چىقىپ يىگىسۇ تەرەپكە قارىدى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى، يارۇدوستلىرى يادىغا چۈشۈپ، مۇنۇ بېيتنى ئوقۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى:



سەندىن مەڭگۇ ئايرىلدىم،
ئانا يۇرتۇم، ياخشى قال.
بىز كۆرگەن دەردنى كۆرمە،
يارۇ دوستۇم، ياخشى قال.

بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن،
ئەھلى قوۋملار، ياخشى قال.
بىللە يىغلاپ، بىللە كۈلگەن،
ئاچا - سىڭىللار، ياخشى قال.

شۇ چاغدا ۋاپادار ئات زەھەر قايتۇرىدىغان دورىنى چىشلەپ، ئۇچقاندەك چېپىپ كەلدى. ئۇ بوزكۆرپەشنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ چىرقىراپ كىشنىدى، ئاسمانغا قاراپ چاپچىپ، تۇياقلىرىدا يەرنى ئويۇۋەتتى.

— ئەي ۋاپادار ئات، — دېدى قاراساچ ئايىم ئاتنىڭ يالىنى سىلاپ، — بىزگە كېلىدىغان كەلگۈلۈك شۇ ئىكەن، قانداق قىلىمىز، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما!

شۇنىڭدىن كېيىن قاراساچ ئايىم ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقىنى ئالدى ۋە يۈگەننى بوشىتىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ دۇنيادا سەن بولساڭمۇ ئەركىن - ئازادە ياشا، خەير - خوش!

قاراساچ ئايىم بوزكۆرپەشنىڭ خەنجىرىنى ئېلىپ گۆرگە كىردى. خەنجەرنىڭ سېپىنى بوزكۆرپەشكە، تىغىنى ئۆزىگە قارىتىپ توغرىلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن بوزكۆرپەشنى چىڭ قۇچاقلىدى، خەنجەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئاستا - ئاستا سانجىلىپ جان ئۈزدى....

ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ روھى ئۇ ئالەمدە تېپىشىپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتتى، ۋاپادار ئات تۇپراق بېشىدا ياش تۆكۈپ قالدى.

ئەلقىسسە، سۇلۇباي بىلەن باياغىل قاراساچ ئايىمنى ئىزدەپ ۋەتىرەككە كەلدى. ئۇلار ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ گۆر ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆردى. قاراساچ ئايىمنىڭ ئۆلۈمى سۇلۇبايغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. مىڭ تەستە ھوش - كاللىسىنى يىغىپ، قاراساچ ئايىمنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغالغانىدى، مېڭىسىگە بىرى توقماق بىلەن ئۇرغاندەك كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئۆزىنى تۇتالماي ئالدىغا دۈم چۈشتى. باياغىل ئاتىسىنىڭ بېشىنى يۆلەپ قۇچىقىغا ئالدى. قارىسا، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا سۇلۇباينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئوڭ تەرەپكە قىڭغىر كېتىپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ئادەمنى يىرگەندۈرۈپ، جاۋغايلىرىدىن يېلىمسىمان شۆلگەي ئاقاتتى. باياغىل ئاتىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ۋەھىمە ئىچىدە: «ئاتا! ئاتا!» دەپ چاقىردى. بايىدىن زۇۋان چىقمايتتى، چالا بوغۇزلانغان كالىدەك خىرقىرايتتى، پۇتلىرى بېشىغا تاياق تەگكەن يىلاننىڭ قۇيرۇقىدەك پۇلاڭشىپ تۇراتتى. باياغىلنى تېخىمۇ قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى، گېلىنى غايىبتىن بىر قول كېلىپ سىققاندەك دېمى سىقىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يەر - جاھان چۆرگىلەشكە باشلىدى. ئۇ بۇ دەھشەتلىك ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قاراساچ ئايىم پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالايدى، ئارقىدىنلا قىلىچ تۇتقان بوزكۆرپەش ئۇنىڭغا قاراپ دېۋەيلەپ كەلدى. باياغىل قورققىنىدىن «ۋايجان!» دەپ تولغىنىدى - دە، دادىسىنى تاشلاپ جاڭگالغا قاراپ قاچتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلۇباي شۇ يىقىلغىنىچە ئورنىدىن تۇرالماي ئۆلگەنىكەن. كېيىن يۇرت خەلقى ۋەتىرەككە يىغىلىپ، بوزكۆرپەش بىلەن قاراساچ ئايىمنى دەرەخ تۈۋىدىكى ھېلىقى گۆرگە دەپنە قىلىشىپتۇ، سۇلۇباينىڭ ئۆلۈكىنى جاڭگالغا تاشلىۋەتكەنىكەن، ئۇ قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپتۇ. باياغىل بولسا، ئەقلىدىن ئېزىپ، بىردەم كۈلىدىغان، بىردەم سۆزلەيدىغان، كىيىملىرىنى يىرتىپ جۇل - جۇل قىلىۋېتىدىغان ساراڭغا ئايلىنىپ، ئالەمدىن ئۆتكەنىمىش. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ھەر كۈنى كېچىسى ئاي‌پاق ئايدىڭدا، بوزكۆرپەش بىلەن قاراساچ ئايىمنىڭ روھى ۋەتىرەكنىڭ سايىسى ئاستىغا جەم بولۇپ، تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدىكەن. بوزكۆرپەش كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ راۋابىنى جاراڭلاتسا، قاراساچ ئايىم ئاپئاق يىپەك رومالغا ئورىلىپ، كېپىنەكتەك ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتار ئىمىش.

# كاككۇك بىلەن زەينەپ

امانى ئاۋۋالدىن ھازىرغىچە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا رىۋايەت يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئىلھام قۇشلىرى تەپەككۇر ئاسمىنىدا جەۋلان قىلدى. ئۇلار ئارىسىدا شۇنداق بىر جانىۋارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ شەنىگە بۇ داستاننى ئوقۇدى:

ئاسمان بىلەن زېمىننى[165]،
يارىتىپسەن، خالىقا.
ئايىنى كۈننىڭ نۇرىغا،
قارىتىپسەن، خالىقا.

غېرىب بىلەن سەنەمنى
شەيدا قىلغان، خالىقا.
گۈللەر ئارا تىكەننى
پەيدا قىلدىڭ، خالىقا.

بېھىش بىلەن دوزاخنى
جۈپ ياراتتىڭ، خالىقا.
ھەرقايسىغا لايىقى،
ئەل قاراتتىڭ، خالىقا.

شېرىن ئۈچۈن پەرھادنى
تاغ چاپتۇردۇڭ، خالىقا.
مۇھەببەتنىڭ كۆلىدىن
سۇ ئاقتۇرغان، خالىقا.

پەزلىڭ بىلەن يۈسۈپنى
ئاشىق قىلدىڭ، خالىقا.
زىلەيخانى يۈسۈپكە
مەشۇق قىلدىڭ، خالىقا.

ئايرىدە قىلىپسەن
بىر جۈپ قۇشنى، خالىقا.
بىر ـ بىرىگە چىن ئاشىق،
مەست ـ بىھوشنى، خالىقا.

ھەسەن بىلەن ھۈسەننى
تەڭ ياراتتىڭ، خالىقا.
شۆھرىتىنى ئالەمگە
كەڭ تاراتتىڭ، خالىقا.

كاككۇك بىلەن زەينەپنى
بىر جۈپ ئەتتىڭ، خالىقا.
ۋىسال مېيى ئىچكۈزمەي،
ئايرىۋەتتىڭ، خالىقا.

خالىقول[166] ۋۇجۇد ياراتقان ھەرقانداق نەرسە مەيلى تىللىق، تىلسىز بولسۇن جۈپتىسىز يارىتىلغان ئەمەستۇر، شۇل قاتاردا ئۆزئارا ھەمنىشىنلىق قىلىش ئۈچۈن شۇنداق بىر جۈپ قۇش يارىتىپتۇركى، ئۇلار روزى مىساقتىن ـ دەۋرى قىيامەتكىچە بىر ـ بىرىنىڭ ۋەسلى ۋە دىدارىغا مۇيەسسەر بولالماي ھا.



لى خاراب، باغرى كاۋاپ ھالەتتە ئۆتەرئىمىش، بۇ
قۇشلار بولسىمۇ جۈملە ماكان، ئەھلى جاھانغا ئاش-
كارا بولغان كاككۇك بىلەن زەينەپتۇر.

ئەلقىسسە، كاككۇك بىلەن زەينەپ يارالغاندىن
كېيىن بىر ـ بىرىگە ئاشىقى بىقارار بولۇشتى، كې-
يىن ئۇلار بىرەر ماكانغا ئىگە بولۇپ، مەتلۇبى ھاسى-
لى ئۈچۈن ئانچىنان جىددىي جەھەت بىلەن ھەرىكەت
قىلىشتى. ئەمما، ئەكسىچە ۋەقەلەر روي بېرىپ،
بۇ ئىككىسى بىر يەردە بولالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن
كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ خىيال شاخلىرىغا يېڭى
بىر ئارزۇ ـ تىلەكنىڭ ئوتلىرى تۇتاشتى. يىراق
جاڭگالغا كېتىپ، بۇك ـ باراقسان ئورمانلار ئارى-
سىدا كەڭ ـ كۇشادە يايراپ ئۇۋا سېلىش غەرىزىگە
كەلدى.

ئۇلارنىڭ مەنزىلگاھىدا بىر دەريايى ئەزىم بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈش بىنىھايەت قىيىن ئىدى، ناھا-
يىتى كۆپ قۇشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەي سۇغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى. كاككۇك بىلەن زەينەپ دەريا بويىغا
كېلىپ قورساقلىرىنى توقلاپ، ئارامبەخش دەم ئېلىپ، قاڭقىغان پېتى دەريايى ئەزىمدىن ئۆتۈپ، خاس
جاڭگالغا كەتمەكچى بولدى، شۇ مەقسەتتە دانلاپ يۈرۈپ ئىككىسى ئادىشىپ قالدى.

زەينەپنىڭ ئالدىغا رەڭمۇرەڭ زەرباپ تون سەرپايى كىيگەن بىر مەخلۇق ــ پاقا ئۇچراپ، زەينەپنىڭ
كۆڭلى شۇ ئاندا كاككۇكتىن ئايىنىپ پاقىغا مايىل بولۇپ قالدى، زەينەپنىڭ خۇشرۇي ھالىتىنى كۆرگەن
پاقا قەددى ـ قامىتىنى تۈزەپ كۇركىرىغانىدى، بۇ ھەيۋەتلىك سادادىن كۆڭلى سۆيۈنگەن زەينەپ بىھوش
بولۇپ يىقىلدى.

بۇ ۋەقەدىن بىخەۋەر كاككۇك «ئەمدى ۋاقىت يەتتى، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋالايلى» دېگەن ئوي
بىلەن پەرۋاز ئەيلىدى ۋە دەريادىن ئۆتۈشكە ئاتلاندى. شۇنداق ئارقىسىغا قارىسا، زەينەپ يوق. «ئۇ قورساق
تويغۇزۇۋاتقان ئوخشايدۇ، ئارقامدىن يېتىپ كېلەر» دەپ ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. دەريانىڭ ئۈچتىن
ئىككى قىسمىنى تۈگىتىپ ئارقىسىغا قارىسا، تېخىچە زەينەپتىن ئەسەر يوق ئىدى. ياناي دېسە دەريايى
ئەزىمگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ، يانماي دېسە جۈپتى ۋە نىگارىنىڭ ھېلىغىچە كۆرۈنمەيۋاتقانلىقىدىن كۆڭ-
لى يېرىم بولدى. ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئەمەسلىكىنى بىلگەن كاككۇك: «خەير، قورساق
تويغۇزۇش، ئارام ئېلىش بىلەن بەند بولغان بولساڭ، يېتىپ كېلەرسەن، بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققان
بولساڭ مەندىن رازى بولغىن، مۇبادا، ناپىسەنت ئىشلارغا مەشغۇل بولۇپ قالغان بولساڭ، قىلغان ۋەدى-
مىز بويىچە دەۋايىمىز قىيامەتكە باقىي قالسۇن» دەپ يولىنى راۋان قىلدى. ھىممەت كەمىرىنى باغلىغان
كاككۇك كۈچكە كۈچ ئۇلاپ شۇنداق تېز ئۇچتىكى، ماغدۇرسىزلىنىپ ھوشىدىن كېتىشكە ئاز قالدى.
ئاران ـ ئاران دېگەندە دەريانىڭ ئۇ قېتىغا يېتىپ، قاش قارايغان چاغدا ساق ـ سالامەت ئۇچۇپ ئۆتۈپ
بىر جايغا قوندى. ئاللاغا شۈكۈر، بىنىھايەت بەجا كەلتۈردى. كاككۇكنىڭ بۇ چاغدىكى ھالىتى كىشىگە
بىر شائىر يازغان مۇنداق بىر مۇرەببەنى ئەسلىتىدۇ:



ئېتىلسا يانار تاغ ـ ۋولقانلار،
زېمىنگە زىلزىلە سالغاي.
ئېچىلسا تاغ ئارا لەيلى،
چىمەن ھەيرانە بوپ قالغاي.
سۇۋادان كۆككە بوي تارتسا،
چىڭگىلەك ئوراپ ئالغاي.
كى مەردلىكتىن نىشان كۆرسە،
پەرى خۇش سازىنى چالغاي.
ئۆزۈمنىڭ دەردىنى دەيمۇ،
سېنىڭ ھالىڭغا يىغلايمۇ؟
سېنىڭ دەردىڭ پىراقىڭدا،
يۈرەك ـ باغرىمنى تىلغايمۇ؟

ئەمدى سازلىق بويىدا بىھوش بولۇپ قالغان زەينەپنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ھوشىغا كېلىپ ئەتراپىغا قارىسا، كاككۇكتىن نامۇنىشان كۆرۈنمەيدۇ، پاقا تېخى يوق، خىيالەت دەشتىدە كېزىپ، خىيانەت شارابىنى ئىچىشكە ئىنتىلگەن زەينەپ كۆزلىرىنى شۇنداق ئاچقانىدى، كاككۇكنىڭ شاھانە قىياپىتى كۆزىگە كۆرۈنگەندەك قىلدى. «ئاھ !» دېدى ھەم بىھوش بولدى. زەينەپنىڭ بۇ ئەھۋالىغا قاراپ لەشنىڭ ئارىسىدا نەزەر سېلىپ تۇرغان پاقا سەزدىكى، بۇ جانىۋارنىڭ خىيالى بىر جايدا ئەمەس ئىكەن، بۇنداق ئۇجمە كۆكۈل «كۆرسە خۇمارى، كۆرمىسە بىزارى» ۋاپاسىزدىن نېمە پايدا تاپىمەن، ئۇنىڭ ئويلىغىنى نېمە بولسا شۇنى قىلسۇن، دەپ «كۇرر !...» قىلغىنىچە سېسىق سۇغا كىرىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن زەينەپ ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئالدىدا يا كاككۇك، ياكى پارقىراق تونلۇق پاقا يوق. قىيىن ئەھۋالدا قالغان زەينەپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن نېمە بولدۇم، نېمە ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمەن، مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان ھېلىقى پارقىراق تونلۇق شاھزادە (پاقا) قېنى؟ مېنى تاشلاپ قەيەرگە كەتتى؟ ھەي، ‹چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق› دېگەن شۇ ئىكەندە ! مەن ئەسلىي ۋاپادارىمنى تاپاي...» دېگىنىچە قانات قاقتى، ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ نەزەر سالدىكى، ھېچنەدە كاككۇك كۆرۈنمىدى. بارلىق چۆل ـ باياۋان، تاغۇدەشت، باغ ـ ۋارانلارنى ئىزدەپ كۆردى، كاككۇكنى زادى تاپالمىدى. بارغان يېرىدە «كاككۇك ! كاككۇك ! كاككۇك !» دەپ چاقىرىپ ھالىدىن كەتتى، يەنە دەرمان تېپىپ يەنە ئىزدىدى. زەينەپنىڭ بۇ ئەھۋالىغا بېقىپ رىۋايەت قىلغۇچى بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كاككۇك بىلەن زەينەپنى
بىر جۈپ قىلغان، خالىقا.
زەينەپ «مەن»لىك قىلغاچقا،
تەنھا قىلغان، خالىقا.

كۆكۈل بەرگەچ باشقىغا،
كۆركىرىماچ پاقىغا.

ئالا نىيەت بولغاچقا،
رەسۋا قىلغان، خالىقا.

ئۈمىد كۈتكەچ باشقىدىن،
زەي سۇدىكى پاقىدىن.
غورۇلايغا جۈپ قىلىپ،
ئەما قىلغان، خالىقا.

ئەلقىسسە، زەينەپ بىئاراملىق ھېس قىلىپ، تۆت بۇرجەك، سەككىز قىرغاق، يەتتە قىتئەنى ئايلىنىپ كاككۇكنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن، يەنە ھېلىقى سازلىققا كەلدى ۋە قاقاقلاپ كۈلدى. قارا پاتقاق ئىچىدىن پاقا چىقتى ـ دە، زەينەپكە تەنە ۋە نىزامەت نەزەرى بىلەن قاراپ زۇۋانغا كىردى:

پاقا:
ئۆزى گۈزەل، كۆڭلى پەس،
دانلار يېرى ئوتۇن ـ خەس،
كۈنۈڭ بوپتۇ ئەجەب تەس،
ئېيت، دەردىڭنى مەن ئاڭلاي.

زەينەپ:
ھۆرى ـ غىلمان پىرىمەن،
غەم ـ غۇسسىدىن نېرىمەن،
گۈزەللەرنىڭ بىرىمەن،
قاچتىڭ نېچۈن؟ ئېيت ئاڭلاي.

پاقا:
بىر كۆرۈپلا بەند بولدۇم،
ساڭا ئارزۇمەن بولدۇم،
سەنمۇ ئىككى خىيال بولدۇڭ،
راست ئەمەسمۇ؟ ئېيت ئاڭلاي.

زەينەپ:
بىر ناتىۋان قۇش ئىدىم،
شۇ چاغ راست بىھوش ئىدىم،
دەردىڭدە خامۇش ئىدىم،
ئىشەندىڭمۇ؟ ئېيت ئاڭلاي.

پاقا:
بىلدىم سۆزى يالغانسەن،
ئۆز يارىڭدىن تانغانسەن.
خىيانەتكە ماڭغانسەن،
كەچتىم سەندىن تاز ماڭلاي....



ئەلقىسسە، پاقا شۇ جاۋابنى بەردى ـ دە، «كۇرر...» قىلىپ يەنە سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. زەينەپكە بۇ ئىشتىن قاتتىق ئەلەم يەتتى، ئىچىدىن لەختە ـ لەختە خۇن كەتتى.

زەينەپ كاككۇككا قىلغان بىۋاپالىقىغا پۇشايمان قىلىپ، نائىلاج يەنە يولغا راۋان بولدى، دەريايى ئەزىم بويىغا بېرىپ ئۆتمەكچى بولدى. شەھۋانىي كۆڭۈل ئارقىسىغا كىرىپ تارتقان رىيازەتلىرى تۈپەيلى ئاجىزلاپ كەتكەن زەينەپنىڭ بۇ ئۇلۇغ سۇ ئۈستىدىن سالامەت ئۆتۈشكە كۆزى يەتمىدى. نائۈمىد بولۇپ تۇرغىنىدا، غورۇلاي كېلىپ قالدى. شۇ ھامان ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، غورۇلاينىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئىنتىلگەن زەينەپ يۈزمىڭ خىل نازۇكەرەشمىسىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن زەينەپ غورۇلاينىڭ جۈپتى[167] بولۇشقا مۇيەسسەر بولدى، تۇخۇم بېسىپ كۈن كەچۈردى.

موللىنى قايدىن بىلۇرسىز،
سەللىسىدە قەلىمى.
كونا يارنىڭ دەردى يامان،
يېڭىسىنىڭ ئەلىمى.

دېگەندەك، ئۇجمە كۆڭۈل، جىگدە راۋاب زەينەپ غورۇلاي ھۇزۇرىدا راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە بولسىمۇ، كاككۇكنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا يوشۇرۇن كۆيۈپ، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى. غورۇلاي ھەم: «زەينەپنىڭ باشقىچە خىيالى بار...» دەپ گۇمان بىلەن قاراپ، كۈن بويى بىدار تۇرۇشقا تىرىشاتتى. زەينەپ بولسا تۈرلۈك ـ تۈمەن جىلۋىلەر بىلەن بەزلەپ غورۇلاينى ئۇخلىتىپ قوياتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زەينەپنىڭ: «كاككۇك! كاككۇك! كاككۇك» دەپ توۋلىشى، بىرى، غورۇلاينى بەزلەپ ئۇخلىتىپ قويغان چېغىدا، يەنە بىرى، كۈندۈزلىرى غورۇلاي دانلاپ كەتكەن مەزگىلدە بولار ئىمىش. «كاككۇك!» دەپ چاقىرغاندا شۇنداق ئازاب تارتارمىشكى، ھەر قېتىم «كاككۇك!» دەپ چىللىغاندا ئاغزىدىن خۇن تۆكۈلەرئىمىش، جاۋاب ساداسى چىقمىغاندىن كېيىن بىھوش بولۇپ كېتەرئىمىش.

رىۋايەت قىلغۇچى زەينەپنىڭ ئەنە شۇنداق دىشۋارچىلىقتا ئۆتۈۋاتقان ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى تۆۋەندىكى قوشاقلار بىلەن قىسقارتقانىكەن:

كاككۇك ئىشقىدا، زەينەپ،
سايرايسەن تاغۇتاشتا.
جۈپتۈڭدىن قۇرۇق قالدىڭ،
قىلماستىن تۇرۇپ ناشتا.

كاككۇك! كاككۇك! كاككۇك!... دەپ،
نالە قىلساڭ پىراقتا.
كۆرەلمەيسەن كاككۇكنى،
كۆزۈڭ يەتمەس يىراقتا.

ئۆزۈڭنى تولا داڭلاپ،
پاقىغا ئېزىپ قويدۇڭ.
ۋەدەڭگە ۋاپا قىلماي،
زور گۇناھ قىلىپ قويدۇڭ.

بىر ئۇۋا بولاي دېسەڭ،
كاككۇكنى تاپالمايسەن.
قان ـ زەرداب يۇتۇپ مەڭگۈ،
قويندا ياتالمايسەن.

نېمىلەر كۆرۈنگەندۇ،
پاقىلار قارا ساستا.
بۇ يەڭلىغ بولۇشۇڭنى،
ئويلىغانمىدىڭ باشتا.

كاككۇك!... دېسەڭ ئىچىڭدىن،
تارار سېسىق بۇس ھاۋا.
غورۇلايمۇ دەردىڭگە
بولالمىدى دال ـ داۋا.



ئەمدى، زەينەپ، سەن ئۈچۈن
ۋەسلى دىدار قىيامەت.
ساڭا كاككۇك قارامدۇ؟
قىلغان تۇرساڭ خىيانەت!

ئاشىق - مەشۇق دېگەننى،
ئايرىيالماس مۇشەققەت.
دەپى - دۇنيا، چىراي ھەم،
ئازدۇرالماس تا ئەبەت.

ۋاپاسىزلىق لېيىغا،
باشتىن - ئاياغ پېتىپسەن.
ئۆز - ئۆزۈڭگە مەڭگۈلۈك
بىداۋا دەرد تېپىپسەن.

مۇھەببەتتۇر نۇر چىراغ،
ۋاپا ئۇنىڭ يېغىدۇر.
بىۋاپالىق — كۆڭۈلنىڭ
ھەرگىز ئۆچمەس دېغىدۇر.

ۋاپاسىزلىق ئىنساننىڭ
خىسلىتىگە نالايىق.
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن
ئىبرەت ئېلىڭ، خالايىق.

بۇ ھەقتە ئەھلى ئىنسانلار مانا بۇ نەزمنى قاتقانىكەن:

باھارى باغۇبوستاندا،
ئەجەب بىر سايرىغان كاككۇك.
تاپالماي يارىنى ھەر كۈن،
سەھەردە زارلىغان كاككۇك.

زەينەپ ئىشقىدا يىغلاپ،
كېچە - كۈندۈز ئۇنۇڭ پۇتمەي.
بالا دەشتىدە مەجنۇندەك،
يۈرەك - باغرى قان كاككۇك.

سېنىڭ ئاۋازلىرىڭ ئاڭلاپ،
سەھەر چاغىدا ئويغاندىم.
زېدە باغرىمنى ئەزدىڭسەن،
ياتالماي قانچە تولغاندىم.

كىشى يارىنى كۆرگەيمۇ،
دېدىم، بەكمۇ ئويلاندىم.
تاپالماي يارىنى سەرسان،
بولۇپ قان يىغلىغان كاككۇك.



ۋاپاسىزلىق قىلسا شۇ زەينەپ،
نېمىشقا ئۇنى ئىزدەيسەن؟
كۆزۈڭدىن ئۇيقۇ قاچقانمۇ،
كېچە ـ كۈندۈز سايرايسەن.
بۇ يۇرتتا مۇساپىرمەن،
ئەجەب كۆڭلۈمنى تىلغايسەن.
ئۇچار قۇشلار ئارا ھەرگىز،
تىنىم تاپمايدىغان كاككۇك.

سېنىڭ ھالىڭ پەرىشانكەن،
ئەجەب قىلدىڭ پىغان ـ نالە.
ئۈنۈڭنى ئاڭلىسام ھەر چاغ،
يۈرەكىم بولدى مىڭ پارە.
ۋۇجۇدۇم كۆيدى، كۈل بولدى،
مېنىڭدە قالمىدى چارە.
خەۋەردار بولمىغاچ مەندىن،
تۇرارمەن يانمۇيان، كاككۇك.

كاككۇك دەپ چىمەن ئىچرە،
كۈن ـ تۈن نالىزار قىلدىڭ.
يار دەردىدە ئۆرتەنگەن،
ۋۇجۇدۇمنى خار قىلدىڭ.
ئەي كاككۇك، تولا سايراپ،
مېنى بەكمۇ خۇمار ئەتتىڭ.
ئۆز يارىنى ئىزدەشتە،
ئۇچۇپ تىنمايدىغان كاككۇك.

ئەگەر بولسا قاناتىم ھەم،
سېنىڭ بىلەن ئۇچۇپ يۈرسەم.
سېنىڭ مۇڭلۇق، غېرىب ـ مىسكىن،
چىرايىڭنى بېرىپ كۆرسەم.
جېنىم قۇربان نىگارىڭغا،
ئاياغىدا سەن بىلەن ئۆلسەم.
مەشۇق ھالىغا يەتمەي،
ھەممىشە دادلىغان كاككۇك.

دەردىڭ بار دېسەم سېنىڭ،
سېنىڭ دەردىڭ ماڭا يەتمەس.
كاككۇك دەپ يەنە كاككۇك،
قىچقىرساڭ ئۈنۈڭ يەتمەس.
مۇھەببەت بالادۇركىم،
بېشىمدىن ئايلىنىپ كەتمەس.
كىمەرسە ئىشقى يوق بولسا،
سېنى بىلمەس ھامان، كاككۇك.

قاناتىڭ بار قايان بارساڭ،
چىمەن ئىچرە ئۇچالايسەن.
قەيەرنى، قايسى بوستاننى،
نىشان قىلساڭ بارالايسەن.
ئۆرۈك، ئالما شېخىغا،
قونۇپ سەن سايرىيالايسەن.
ئۆزۈڭنىڭ يارىنى ئىزدەپ،
ئاشتىڭ تاغ ـ داۋان، كاككۇك.

سايرا، سايرىغىن، كاككۇك،
قىلىشما ئەمدى بۇلبۇلدىن.
ئايرىلمايدىكەن بۇلبۇل،
سەھەر چاغى قىزىلگۈلدىن.
مۇھەببەت ۋەسلىنى ئىزدەپ،
ئاداشتىم سەن كەبى يولدىن.
سالامىمنى ئېلىپ بارغىن،
مېنىڭ يارىمغا، جان كاككۇك.

ئىزاھلار:

1، ئىسكەندەر ئەينىكى — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر كۇھىقاپتىن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئەينەكنى ئاچقىقانىمىش.
2، پەرسەخ (پەرسەتە دەپمۇ ئېيتىلىدۇ) — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بىر پەرسەخ تەخمىنەن 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ.
3، ئەسەردە «پەرۋىز» «خۇسرەۋ» دېگەن ئىسىم بىلەن ئالمىشىپ كېلىدۇ، «خۇسرەۋ» ئەسلىدىكى «پەرۋىز»نى كۆرسىتىدۇ.
4، كاھىن — بۇتخانىنىڭ شەيخى.
5، ئەي ۋاھىدى كۇللى ھال — ھەممىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچى.
6، شەبخۇن — تۇيۇقسىز كېچىلىك قانلىق ھۇجۇم.
7، گەردۇن — ئاسمان گۈمبىزى.
8، ئەفزۇن — كۆپ، چەكسىز.
9، نۇش — ئىچىملىك، ئۇسسۇلۇق.
10، دۇش — يۈك؛ يۈك كۆتۈرمەك، كۆتۈرۈپ يۈرمەك؛ قىيىن، ئېغىر، مۇشكۇل.
11، سەييات — ئاڭ (كېيىك).
12، تىركەش — ئوقدان.
13، كامان — كامالەك.
14، تەۋەللۇت — كۆزى يورۇش، بوشىنىش.
15، بوسە — سۆيمەك، سۆيۈش.
16، چىلتەن — قىرىق نەپەر كىشى (دىنىي رىۋايەتتە ئۇلۇغ ئەۋلىيا ھېسابلانغان كىشىلەر)، چىلتەنلەر.
17، ئەقد — باغلاش.
18، بالىغ — بالاغەتكە يېتىش.
19، دەردى سىز — كۆيۈك دەردى
20، نار — ئوت، يالقۇن.
21، جەيھۇن — ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى.
22، پۇرئاب — كۆز يېشىغا تولغان.
23، سەرگەشتە — ئاۋارە، سەرگەردان، بېشى ئايلانغان.
24، سامان — بىچارە، پەرىشان.
25، باكەرەم — مەرد، سېخىي، كەڭ قورساق.
26، ئىشقى مەجازىي — يۈزەكى ئىشىق، دەسلەپكى سۆيگۈ.
27، ماھۇسال — ئاي ۋە يىل.
28، تەرس — تەتۈر.
29، خۇناب — قانلىق ياش، ئاچچىق يىغا.
30، تابىئى — قاراشلىق، قول ئاستىدىكى.
31، بەھرىمنى — كۆڭلۈم بېغى مەنىسىدە.
32، فارىغ — تىنچ، خاتىرجەم، ئازاد بولماق، قۇتۇلماق، بىمالال.
33، فىردەۋس — باغ، جەننەت بېغى.
34، سۇد — پايدا، نەپ.
35، ھۇۋەيدا — ئېنىق، روشەن، ئاشكارا بولماق، بەلگىلىك بولماق.
36، چەرخى ناشاد — جاپاكار پەلەك، قايغۇلۇق دۇنيا.
37، مۇتەغەييىر — ئۆزگىرىش، ئايلىنىش.
38، ئارەستە — زىننەتلەنگەن، بېزەپ ياسىتىلغان، تەرتىپلىك.
39، پەرسەڭ (پەرسەخ) — (2) ئىزاھقا قاراڭ.
40، قىرمىزى — قىزىل، توق قىزىل.

41) بىگانە — يات، ئۆزگە، غەيرىي، بۆلەك.
42) مەلۇل بولماق — خاپا بولماق، غەمگە چۆممەك.
43) سەييات — ئوۋچى، شىكار قىلغۇچى.
44) شېكەر فىشان — شېكەر چاچقۇچى.
45) غەمزە — جىلۋە، ناز قىلىق.
46) ھەقىر — بىچارە، مىسكىن، خارلانغان، قەدىرسىز.
47) مۇنتەزىر — ئۈمىد قىلغۇچى، كۈتكۈچى، ئىنتىزار بولغۇچى.
48) مۇستەجىپ — قوبۇل قىلىنغان، ئىجابەت بولغان.
49) بىريان — كۆيۈپ كاۋاپ بولماق.
50) قازارا — تاسادىپىي، تەقدىر بىلەن.
51) باد — شامال.
52) زىر - زەبەر — ئاستىن - ئۈستۈن.
53) شەررىدىن — يامانلىقتىن.
54) مەھاسىل — تۇتقۇچىلار، قولغا ئالغۇچىلار.
55) بىباك — ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان، ئەيمەنمەيدىغان.
56) تۇرپە — ئاجايىپ، ھەيران قالغۇدەك قىزىق، يېڭىچە.
57) خار — تىكەن.
58) مار — يىلان.
59) بارە — مەرتەم، قېتىم.
60) كەسرەت — نۇرغۇن، كۆپ، ئۇزۇن.
61) گۈزەرگاھ — بېسىپ ئۆتىدىغان يول.
62) سىپارىش — تاپشۇرۇش.
63) تىيرە دىلدۇز — يۈرەككە سانجىلىدىغان.
64) گۈزەر — ئۆتۈش.
65) جەھد — قەتئىي نىيەت، تىرىشىش.
66) نىسار — پىدا قىلماق، قۇربان قىلماق، چاچماق، چاچقۇ.
67) گۇلاب — گۇل سۈيى.
68) ئەندەك — ئازراق.
69) ھەنگامە — ۋەقە، ھادىسە، كۆڭۈللۈك سۆھبەت.
70) ئەقدى نىكاھ — نىكاھ توختىمى.
71) ئەۋساب — سۈپەتلەر.
72) يارجۇق — ئوقيانىڭ بىر خىلى، كىچىك باللار ئوينايدىغان ياچاق.
73) پەيدەر - پەي — ئارقىمۇئارقا.
74) دەربەدەر گادا — سەرگەردان گاداي.
75) گىزەلىمۇ گىزەلى — لوپنۇر شېۋىسىدە «كېزەيلى» يەنە كېزىش مەنىسىدە.
76) ئىزەلى — ئۈزۈش، ئۈزەيلى مەنىسىدە.
77) ھەلقى كەمەند — سالما باغلىغۇچ.
78) سەرۇسامان — باش.
79) كېپەكچە — كېپەك سۈيى.
80) كامدىل — يېقىنلىشىش، ۋىسال تېپىش.
81) سەيد — ئوۋ ئوۋلاش، ئولجا.
82) ھازار دەرىخ — ئىسسىت، ئىسسىت، مىڭلارچە پۇشايمان.
83) كاشانە — ئېگىز، زىننەتلەنگەن.
84) ئارەستە — بېزەش، زىننەتلەش.
85) زىنەپايە — بالداق، پەلەمپەي.

86، بىر پەرسەڭ — (2) ئىزاھقا قاراڭ.

87، تەكپىن ـ تەجھىز — كېپەنلەپ، زىننەتلىمەك.

88، رىيازەت — جاپا ـ مۇشەققەت.

89، بادى سابا — ئۇچقۇر شامال، تاڭ شامىلى.

90، پەيام — ئۇچۇر، خەۋەر.

91، خاكى پايىڭ — ئىزىڭ، قەدەم باسقان تۇپرىقىڭ.

92، دەرىڭ — ئىشىكىڭ، بوسۇغاڭ.

93، ئاپا — ئاچا مەنىسىدە.

94، چاھ — قۇدۇق.

95، سەراسى — سەرخىلى، ئېسىلى، سەركىسى.

96، پۇرجاپا — جاپالىق، جاپاغا تولغان؛ جاپاكەش.

97، نەرم — يۇمشاق، مۇلايىم.

98، گەرم — ئىسسىق، ئىللىق، مېھرىبان.

99، مارى گەژدۇم — يىلان، چايان ۋە باشقا زەھەرلىك قۇرتلار.

100، يۇسۇپ ـ ئەھمەد — شۇ ناملىق داستاندىكى ئاكا ـ ئۇكا باتۇرلار.

101، دابىل — ناغرا، جەڭ ناغرىسى.

102، قاراڭغۇتاغ — خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى تاغنىڭ ئىسمى.

103، بەستەدىل — دىلى باغلانغان.

104، گۇلى ئەھمەر — قىزىلگۈل.

105، شەمسى باقا، ماھى تابا — ئۆلمەس كۈن، تولۇن ئاي.

106، دۇتار — ئېگىلگۈچى، بۇ يەردە «موھتاج» مەنىسىدە.

107، ئاتەش — ئوت.

108، مەھشەر — قىيامەت كۈنى.

109، بەدەخشان — تۈرلۈك رەڭدىكى ئۈنچە ـ مارجان لەئەل ـ ياقۇت چىقىدىغان جاي.

110، شاھى خۇبانىم — گۈزەللەرنىڭ شاھى.

111، سابا — تاڭ شامىلى.

112، سىنە — كۆكرەك، يۈرەك.

113، زەبۇن — (1)ئاجىز، ۋەيران، ناچار، خامۇش (2) خېيىم ـ خەتەر، زىيان ـ زەخمەت، ئېغىرچىلىق، مۈشكۈللۈك.

114، هامۇن — چۆل، سەھرا، دەشت.

115، مۇجاۋىر — تۇراقلىق، ئولتۇراقلاشقان.

116، ئېرسالنامە — يارىغا خەت ئەۋەتىش، پۇتۇكنامە.

117، نابىنا — كۆزى كۆرمەيدىغان كىشى، كور.

118، ھەسەن ـ ھۈسەين — مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىلىرى.

119، كەربالا — ئىراقنىڭ كۇفە دېگەن يېرىدىكى فرات دەرياسى يېنىدىكى قۇملۇق چۆل.

120، مەھال — مۇمكىن ئەمەس، ئىمكانىيەتسىز.

121، غۇبار — (1)چاڭ ـ توزان. (2) كۆچمە: بىرەر كۆڭۈلسىز ھادىسىلەرنىڭ قالدۇق تەسىرى، داغ.

122، قىرقىن — قىز ـ جۇۋان دېگەن مەنىدە.

123، بىكەس — بىچارە، ئاجىز.

124، ئات — ئاتاق، ئىسىم، نام.

125، ئادەم — ئادەم ئاتا.

126، ھاتەم — سېخىيلىقى بىلەن داڭ چىقارغان يەمەنلىك بىر باي كىشى. ھاتەم تەي.

127، ئەيسا — لوپنۇردا ئۆتكەن ئەشەددىي زومىگەر.

128، چۆلقۇدۇق — يەر ئىسمى.

129، دۆڭقوتان — يەر ئىسمى.

130، لايسۇ — يەر ئىسمى.

(131) ماشيەنجاڭ ــ لوپنۇرنىڭ ئىلگىرىكى زاماندىكى زالىم ھۆكۈمرانى.
(132) تىكەنلىك ــ يەر ئىسمى.
(133) بويچىلىق ــ بويتاقلىق، بويتاقچىلىق.
(134) باش ئاياغ ــ يەر ئىسمى.
(135) پىلاپ ــ ئاتاپ قويۇش، تەقدىم قىلىش.
(136) ئابدال ــ جاي ئىسمى.
(137) سىن، سىنى ــ چىراي، چىرايى.
(138) مۇرۇللۇغ ــ ۋەدىلىشىش، ۋەدىلەشكەن.
(139) باغراش ــ باغراش كۆلىنى كۆرسىتىدۇ.
(140) كامپاشى ــ قومۇش پۆپۈكى.
(141) ئۇجۇل ــ يېكەن، توزغاق.
(142) غارغالتا ــ كېمە توختايدىغان جاي.
(143) تىكەشاڭ ــ جاي ئىسمى.
(144) سىنە ــ دىل، قەلب.
(145) بەت گوپا ــ بىۋاپا، ۋاپاسىز.
(146) ھولتەن ــ تىرىك جان.
(147) قاراباتۇر ــ «تاھىر ـ زۆھرە»نىڭ ئارىسىغا ئۇنگەن شۇم تىكەن.
(148) مىژگان ــ كىرپىك.
(149) جۇپتىگارىم ــ جۇپتۇم، ھەمراھىم،
(150) تاشا ــ ياقا، چەت.
(151) يېڭىسۇ ــ لوپنۇر بىلەن چارقىلىق ناھىيىسى چېگرىسىدىكى جاي ئىسمى.
(152) سوتۇق ــ لوپنۇر شېۋىسىدە شېئىرنىڭ كۇپلېتى «سوتۇق» دەپ ئاتىلىدۇ.
(153) ئاغالاپ ــ ئىزھار قىلىپ مەنىسىدە.
(154) كەلگەن پۇتلىرىڭ كېتەي ــ مېڭىپ كەلگەن پۇتۇڭنىڭ سادىغىسى بولۇپ كېتەي دىگەن مەنىدە.
(155) مالۇنپۇت ــ لوپنۇر شېۋىسىدە مانتا دېگەن سۆز.
(156) شىرغا ــ كېسەل توشۇيدىغان يەرلىك نوسۇلكا.
(157) يول چالىپ ــ يولدىن ئىز ئىزدەش.
(158) قۇتقا ــ لوپنۇر شېۋىسىدە موماي، قېرى ئايال دېگەن سۆز.
(159) غوزام ــ لوپنۇر شېۋىسىدە ياش ئوغۇل ـ قىزلارنى ئەركىلىتىپ ئاتاش.
(160) ئاغا ــ ھۆرمەت سۆزى.
(161) ياغى ــ دۈشمەن.
(162) تۆشەك ــ قىزنىڭ تويلۇقى.
(163) ماشاش ــ پارچىلاش.
(164) زۆھرە ــ «تاھىر ـ زۆھرە» داستانىدىكى زۆھرە.
(165) بۇ داستاننىڭ يەتتە ئۆزگىرىشلىك ئاھاڭى بولۇپ، راۋاپ تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىدۇ. شۇڭا رەتلەش جەريانىدا ئاھاڭ تەلپىگە ئېتىبار قىلىنىپ، بىر قىسىم مىسرا ــ كۇپلېتلاردىكى ئۆزگىرىش شەكلى ئەينەن ساقلاپ قېلىندى.
(166) خالىقول ــ خۇدانىڭ سۇپەت ئىسمى .
(167) زەينەپنى يەنە بىر رىۋايەتتە تۇرۇلغۇ بىلەن جۇپ بولغانلىقى سۆزلەنگەن. زەينەپ ئىشقى بالاسىدىن ئۇۋىسىدا تۇخۇمى بېسىپ ياتالمايمىش، ئۇنى غورۇلاي بېسىپ چىقىرار ئىمىش.

باش مۇھەررىر: ئابدۇراخمان ئەبەي

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئەخمەت ئىمىن، ياقۇپ مۇھەممەتروزى

مۇھەررىرلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):
ئازات ئالماس، ئەخمەت پاسار، ئەزىزى، پاتىگۇل مىجىت، قادىر ئارسلان، مەخسۇم ئېلاخۇن، مۇنارجان توختاخۇن، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، ئوبۇل ئىسلام

مەسئۇل كوررېكتورلار: ئاسىيە ئەخمەت، رىشىت ھاجى ۋاھىدى، ئايگۇل سابىت
كوررېكتورلار: (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى) ئابلىز ئابباس، ئابلىز ئەمەت، قېيۇم مۇھەممەت، ماھىنۇر كەنجى، ھەبىبۇللا ئېلى، ۋەلى زەيدىن، ياسىن زايىدوف

تېخرىداكتور: مۇھەممەتئېلى لېتىپ

گۇزەل سەنئەت مۇھەررىرى : مۇراددىل ئابىد

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى

(9 - توم)

نەشر قىلغۇچىلار: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى     مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتا نومۇرى: 830001     100013
نەشرىياتلارنىڭ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ قورۇ
بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى: 2005 ـ يىل 9 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم
بېسىلىشى: 2005 ـ يىل 9 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم
ئۆلچىمى: 787 x 1092 مىللىمېتىر 8 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 59     قىستۇرما ۋارىقى : 6
سانى: 0001 — 2000
كىتاب نومۇرى: ISBN 7—228—09487—5
باھاسى: 4800.00 يۈەن (جەمئىي 12 توم)

چۆچەكلەر

داستانلار

ئەپسانە-رىۋايەتلەر



ماقال-تەمسىللەر

لاپلار

ئويۇنلار

قوشاقلار

مەسەللەر

لەتىپە-چاقچاقلار



ئۆرپ-ئادەتلەر

تېپىشماقلار

توھپىكارلار

图书在版编目（CIP)数据

维吾尔民间文学大典．9 /《维吾尔民间文学大典》编委会编．—乌鲁木齐：新疆人民出版社；北京：民族出版社，2005．8

ISBN7—228—09487—5

Ⅰ．维．．．Ⅱ．维．．．Ⅲ．维吾尔族—民间文学—作品综合集—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）

Ⅳ．Ⅰ277

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2005）第 097059 号

## 维吾尔民间文学大典（第九卷）

主　　编：阿不都热合满．艾白
责任编辑：艾合买提．伊明，牙库甫．买买提肉孜，
编　　辑：阿扎提．阿里玛斯，艾合买提．帕萨尔，艾则孜，帕提古丽．米吉提，卡得尔．阿尔斯兰，麦合苏木．伊拉洪，穆纳尔江．托合塔洪，买买提吐尔迪．米扎．艾合买提，吾布力．伊斯拉木
责任校对：阿斯亚．艾合买提，热西提阿吉．瓦依迪，阿依古丽．沙比提
校　　对：阿布列孜．阿巴斯，艾比布拉．艾力，克由木．买买提，瓦力．再丁，玛依努尔．坎吉，牙生．扎依提夫
技术编辑：买买提艾力．里提甫
美术编辑：木拉丁．阿比提

出　　版：新疆人民出版社　　民族出版社
社　　址：乌鲁木齐市解放南路 348 号　　邮编：830001
　　　　　北京市和平里北街 14 号　　邮编：100032
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：各地新华书店
版　　次：2005 年 9 月第 1 版　　2005 年 9 月第 1 次印刷
开　　本：787 χ1092　毫米　　1/8
印　　张：59　　插页：6
印　　数：0001-2000 册
书　　号：ISBN7—228—09487—5
定　　价：4800．00 元（共 12 卷）

ISBN 7-228-09487-5
9 787228 094875 >

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى

9

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
مىللەتلەر نەشرىياتى